جالالدىن بەھرام

# ناتىۋانلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جالالدىن بەھرام
ناتىۋانلار
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت تۇنيەت

## جالالدىن بەھرام ئەسەرلىرى




ISBN 978-7-228-16874-3
9 787228 168743

www.uyghurkitap.com

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

## 21 - 50

## 维吾尔原创文学作品精选

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جالالىدىن بەھرام

# ناتىۋانلار

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

弱者 ：维吾尔文/加拉力丁·拜合拉木著；— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.8 （2015.5 重印）
ISBN 978-7-228-16874-3

Ⅰ.①弱… Ⅱ.②加… Ⅲ.① 长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第168125号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 阿孜古丽·克力木 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 17.5 |
| 版　　次 | 2013年11月第1版 |
| 印　　次 | 2015年5月第2次印刷 |
| 印　　数 | 3001 - 6000 |
| 定　　价 | 48.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم ئاداۋەت قۇربانلىرى ........................... 1
ئىككىنچى قىسىم كېچىككەن پۇشايمانلار .................. 213
ئۈچىنچى قىسىم مۇزلىغان يۈرەك ............................ 349
تۆتىنچى قىسىم كىچىك ناتىۋاننىڭ كەچمىشلىرى ......... 423
خاتىمە ........................................................ 551

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## بىرىنچى قىسىم

# ئاداۋەت قۇربانلىرى



www.uyghurkitap.com

# 1

تاڭ سەھەر سەپكىلىپ ئۆتكەن يامغۇرنىڭ سوغۇقى بولسا كېرەك، دولىنى قوروۋپ تۇراتتى، كىچىك قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ئوتتۇز بەش ياشلار ئەتراپىدىكى ئورۇقىنا قارىقۇمچاق بىر ئايال ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆك گۈللۈك چىت كۆڭلەك ئۈستىگە يېپىنچاقلىۋالغان مايسا رەڭ پوپايىكىسىنىڭ قوپاللىقىدىن ئۆزى كونا يۇڭ يىپلاردىن توقۇۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئايقۇتىنى دەسسەپ كېپىش قىلىۋالغان خورما رەڭلىك بەتىنكىسىنى شاقىلداتقىنىچە كېلىپ بىر تۇپ سېدە تۇۋىدىكى تاختايلىرى قاغجىراپ كەتكەن كونا دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شاراقلاتتى:

— ھوي گۈلسۈمخىنىدە، گۈلسۈمخان ھەدە، ئۆيدە ئادەم بارمۇي؟ بىرەر كىم مۆرەپمۇ قويمايدا، بولمىسا دەرۋازىلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق.

ئايال دەرۋازا ھالقىسىنى تېخىمۇ قاتتىقراق شاراقلاتتى.

— تۇۋا، قاق سەھەردىلا جىن ئەپقاچتىمۇ بۇ خەقنى، ئوھۇش....

ئايال ھويلىغا ئۇسۇپلا كىرمەكچى بولۇشىغا، ئۆيئىچىدىن «ھە، مانا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، قىرىق بەش ياشلار ئەتراپىدىكى، ئوتتۇرا بوي، قاڭشارلىق، بادام قاپاق بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يەڭلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، بىلەك مۇسكۇللىرىنىڭ تاش توقماقتەك چىڭ، پارقىراپ تۇرۇشى ئېغىر ئەمگەكتە پىششىقلانغانلىقىدىن دېرەك بەرسە، قارا پىنجىكىنىڭ قاتارىسىغا ئېتىلگەن تۈگمىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تارتىشىپ تۇرۇشى، تولغان بەدىنىنى نامايان

قىلىپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، پەزىلەتبۇۋىمۇسىز، — گۈلسۈمخان قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، — سىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، قارىمامدىغان.

— گېلىم يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىدىم، ھالقىنى شاراقلاتتىم. مۇشۇ كەمگىچە قانمايدىغان قانداق ئۇيقۇ ئۇ؟... ئەگەر ئېرىڭىز بولغان بولسا ئىش بارمۇ نېمە...

پەزىلەتبۇۋى ئۆزىنىڭ چاقچىقىدىن ئۆزى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟ ئەتىگەن كېلىپلا ياستۇققا ئارانلا ئۆلگۈردۈم دەڭا. قىزىم گۈلبانۇم ماشىنىچىخانىغا كەتتى. ئىككى ئوغلۇم قاچانلاردا چىقىپ كەتتى، بۇلارنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

— كوچا سۈپۈرگەنگىمۇ شۇنچىۋالا ھېرىپ كېتەمدۇ كىشى، يە قېلىپ كۆتۈرۈپ كېسەك تۆكمىسىڭىز. تاڭ ئاتقۇچە بىر كىمنى يۇدۇپقۇ يۈرمىگەنسىز، ھا ـ ھا ـ ھا...

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى بۆلۈپ بەردى. ئوتتۇرا كېچىدە چىقىپ سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى تۆككىلى تۇرسام، سەھەرگە يېقىن ۋەزىپەمنى ئارانلا تۈگىتىمەن. ھە، كېلىپ قاپسىز، يۈرۈڭ ئۆيگە كىرىلى.

— بولدى كىرمەي، — دېدى پەزىلەتبۇۋى، — مەھەللىمىزگە بىر ياغاچچى بالا كەپتىكەن، خەقلەر ئۆيمۇئۆي چاقىرىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «تۆت كونا» دەپ چېقىۋەتكەن ئىشىك ـ دېرىزە، ئورۇندۇق، كارىۋات، جوزا، ئۈستەلدەك نەرسىلەرنى ياسىتىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە سىزمۇ ياغاچچى تاپسام بولاتتى دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئوغلۇم بۇ ئۆيلەرنى سالدۇرغاندا ئۇستاملار ھۆل ياغاچنى ئىشلەتكەنمىدىكىن مانا ئەمدى قېيىپ ئىشىك ـ دېرىزىلەر ئېچىلماس ـ يېپىلماس بولۇۋالدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماق جوزامنىڭ پۇتلىرى، تاختايلىرى بوشىشىپ شالاقلاپ قالدى. ئىشەنچلىك ئولتۇرۇپ تاماق يېگىلى بولمايدۇ.

— ئۇ بالا ئىشنى شۇنچىلىك سىلىق - سىپتا قىلىدىكەنكەن، پوھۇي... قاراپ ئولتۇرغۇدەكلا، تېخى ئۇ ئاشپەزلىكنىمۇ بىلىدىكەن دېسە، باي كوچىسىدىكى سالاھىدىن مەخسۇمنىڭ ئوغلىنىڭ تويىنىڭ پولۇسىنى ئېتىپ بېرىپتىكەن، مېھمانلار تامىقىنى تەمشىپلا قاپتۇ. سالاھىدىن مەخسۇم خۇشلۇقىدا ئوتتۇز سوم بەرسە، ئالغىلى ئۇنىماي تەستە ئاپتۇ.

— خويمارا، خۇدايىم بەرگەنلا بالا ئىكەن ئەمىسە.

— «قانچە ھەق بېرىمەن» دېسە، «چاغلاپ بەرسىلە» دەپلا تۇرىدىكەن، — پەزىلەتبۇۋى ياغاچچىنى ماختىماقتا ئىدى، — بەرگىنىڭنى ئالىدىكەن، باھا تالاشمايدىكەن، ئۆزىمۇ كۆلۈپ، قورۇلۇپلا تۇرىدىغان يۈزى تۆۋەن بالا ئىكەن. مۇساپىر - يېتىمچىلار ئاشۇنداق مۆمىن - ياۋاش بولامدىكىنتاڭ.

— مۇساپىر - يېتىمچى؟ — گۈلسۇمخان دەرھاللا سورىدى، — نەلىك ئىكەن ئۇ بالا؟

— قەشقەرلىك ئىكەن.

— قاشقالىق؟! — گۈلسۇمخاننىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ، قاپاقلىرى مىژژىدە تۇرۇلدى، — ئوھۇش، بولدىلا قىلدۇرمايمەن.

— ۋييەي، قەشقەرلىك بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى پەزىلەتبۇۋى ئاچچىقىدا، — ناھايىتى چۈشلۈك تامىقى بىزدىن ھەم پۇل بېرىمىز، ئۇنى ئىلەللاغا ئىشلەتمىسەك.

— قاشقالىقتا ئىشەنمەيمەن، ئۇ خەقتىن خۇشۇم كەتكەن...

گۈلسۇمخان بايىقى «خويمارا»، «خۇدايىم بەرگەنلا بالا ئىكەن» دېگەندەك ماختاشلىرىنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە

ئۇنتۇپ، بۆرە جۇۋىسىنى تەتۈر كىيدى.
— ھە، ماقۇلە، «ئۆيۈمنى بۇزغان قەشقەرلىك خوتۇنلار» دەپ يىتنىڭ ئاچچىقىنى جۇۋىدىن ئېلىۋېتىپسىز ـ دە، ئۇ ياغاچچى بالىچۇ...
— بولدى ئۇ خەقنى ماڭا ماختاپ بەرمەڭ...
— ئەمىسە مەيلىڭىز، ئالدىڭىزغا كەلگەن ياخشى ھۈنەرۋەننى قاچۇرۇپ قويۇپ كېيىن ئارماندا قالماڭ، ئۇ بالا ئەتە كەچ باشقا مەھەللىگە يۆتكىلىپ كەتمەكچى.
گۈلسۈمخان پەزىلەتپۇۋىنىڭ ئارقىسىدىن نەشتەردەك تىكىلىپ بىر ھازا قاراپ تۇردى ـ دە، يەرگە شالاققىدە تۇكۇرۇپ، نىمىلەرنىدۇر غوتۇلدىغاچ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. بىراق، ئۇ بىر كۈن كەچكىچە خىيالدىن باش كۆتۈرەلمىدى. مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىككى دېرىزىسىنىڭ قاپقىقى بولمىغاچقا سوغۇق يۇقۇشماي كىرىپ، يۇقۇشماي چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى مىخلاپ بېكىتىۋالغان ئىشىكى قىش كۈنلىرى ھوردىشىپ ئېچىلمايدىغان، ياز كۈنلىرى قاغجىراپ يېپىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئاستىغا پارچە تاختايلارنى مىخلاپ ئىشلىتىۋاتقان ئۈستىلىمۇ مىدىرلاپ، تاماق يەپ بولغۇچە چىنىلەردىكى چاي، سۈيۇقئاشلار تۆكۈلۈپ بىزار قىلىۋەتتى. گۈلسۈمخان ئۇ نەرسىلەرنى ياسىتىش ئۈچۈن ياغاچچىلىق كارخانىسىغا بارغانىدى، ئۇستام ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. كوچا سۈپۈرۈپ تاپقان ئازغىنا مائاش بىلەن تۆت جاننى بېقىۋاتقان بىر تول ئايال ئۇششۇقچە چىقىمنى كۆتۈرەلمەيتتى. ھەتتا بەزى ئايلاردا بىر پۇلنىڭ كۆزىدىن مىڭ قېتىم ئۆتكۈدەك بولۇپ كېتەتتى. ئەمدى بەرگىنىنى ئالىدىغان بۇنداق ساخاۋەتچى ياغاچچىنى نەدىن تاپىدۇ؟ تېخى ئۆيگە كېلىپ ئىشلىسە «ئەسقاتار» دەپ يىغىپ قويغان كونا تاختاي، كۆتەكلەرنى تىلىپ ئىشلەتسە، ھۈنەر پۇلىنىلا ئالىدۇ. بىراق ، ئۇ بالا...

گۈلسۈمخاننىڭ ئەنە شۇ «بىراق» تىلىنى باغلاپ، پۇت - قولىنى چۈشەپ قويۇۋاتاتتى. «قاشقالىق» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ۋەيران بولغان قىسمەت - تەقدىرىنى ئېسىگە سېلىپ، يۈرەك جاراھەتلىرىنى قوزغايتتى، ئىچ - باغرىغا ئوغىدەك ئۆيۈپ كەتكەن كۆڭۈل ئاغرىقى، ھەسرەت - نادامەت، كۈنداشلىق زەھەر-زەقۇملىرى، خورلۇقلار خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەك ئۇنتۇلغىنى يوق. قىسقىسى، «قەشقەرلىك» دېگەن بۇ سۆز تىلغا ئېلىنمايدىغان بىرەر يىراق جايغا كەتسە، قۇلىقىمۇ ئاڭلىمىسا، كۆزىمۇ كۆرمىسە بەس.

لىڭگىرتاقتاق خىياللار ئىلكىدە ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالغان گۈلسۈمخان كەچ كىرىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ماشىنىچىلىق دۇكىنىدا كېسىمچىلىكنى ئۆگىنىۋاتقان قىزى گۈلبانۇمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ: «ئاپا، مەن كەلدىم» دېگىنىچە كىيىم يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلبانۇم ئون توققۇز ياشنى تۈگىتىپ يىگىرمىگە قاراپ ماڭغان، سىن - سىپاتى قاملاشقان، غۇنچە بوي، ئاپىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، نومۇسچان، خۇش پېئىل قىز ئىدى. ئۇنىڭ ھال رەڭ نېپىز لەۋلىرى، پارقىراپ تۇرغان ناچىدەك بۇرنى، بولۇپمۇ ئۇزۇن قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىن خۇمارلىشىپ كۆرۈنىدىغان چوڭ كۆزلىرى، قاپقارا تۇم قاشلىرى تۇخۇمسىمان ئاق يۈزىنى گۈلدەك ئېچىۋەتكەنىدى. سۇزۇك پېشانىسىدە پەيدا بولۇپ قالغان ئۇششاق قىزغۇچ «قىز چىچىكى» ئۇنىڭ كامالىغا يېتىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— ئاپا، ئەسقەر بىلەن ئەكبەر كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — ھاۋا رەڭ كوپتا، قارا گارمون ئېتەك يوپكا كىيگەن گۈلبانۇم بوسۇغىدا پەيدا بولدى، — ئۇلار تېخى كەلمىدىمۇ؟

— ئەسقەرنىڭ بۇ ئۆيدە بولغىنىدىن بولمىغىنى بىزگە ئارامىلىق، قىزىم، — گۈلسۈمخان ئۇھ تارتىپ قويدى، —

ھەممىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپلا يۈرگەن. ئەكبەر مەشچىلىك دۆكىنىدا داس ـ چېلەكلەرنى تۈۋلەپ ئولتۇرامدىكىن، بىچارە بالا.

ئەسقەر گۈلبانۇمنىڭ چوڭ ئىنىسى بولۇپ، بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلى دادىسىغا تارتقانمۇ نېمە، غورا قاپاق، تەتۈر ئۆستىغان، سەپرا مىجەز، قوماچتەك ئېتىلغىلى ئارانلا تۇرىدىغان قارىمۇتۇق، ئاغزى ئەسكى بالا ئىدى. ئەكبەر بولسا ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ تىلى چىققىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىلدەك بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھازىرغىچە مەقسىتىنى تولۇق ئۇقتۇرالماي چىڭقىلىپ، قىزىرىپ كېتىدۇ، گۈلسۇمخان ئۇنى ئون ئىككى يېشىدىلا مەشچىلىك دۆكىنىغا ھۈنەر ئۆگىنىشكە بېرىۋەتكەنىدى. ئەكبەر بىرەر قۇرتقىمۇ ئازار بەرمەيدىغان كۆيۈمچان، ياۋاش بالا. ئۇ تۆت يىلدىن بېرى ھۈنەرنى ياخشى ئۆگىنىپ ئۇستامنىڭ قول ـ قانىتى بولۇپ قالغاچقا، ئايدا خەجلە دەپ بەرگەن ئون ـ يىگىرمە سوم پۇلنىمۇ ئاپىسىغا بېرەتتى. ئەمما، كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇماي، كوچا چىڭداپ، خەقلەرنىڭ كەپتەر، توخۇلىرىنى ئوغرىلاپ، ئۇچۇرىغانىنى قاقشىتىپ يۈرگەن باغرى تاش ئەسقەر تىلسىز ئۆكىسى ئەكبەرنى داۋاملىق بوزەك قىلاتتى، گەپلىرىنى دوراپ تېرىكتۈرەتتى. ھەتتا ئۇ يېقىندىن بېرى ئەتىگەن چىقىپ كەتسە قاراڭغۇ چۈشكەندە، بەزىدە ئوتتۇرا كېچە بىلەن قايتىپ كىرىدىغان بولدى، ئىنامىغا پاتقاندەك ئۇشۇق ـ تۆشۈك گېپىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ يامان ئادەم، يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان گۈلسۇمخان بىر كۈنى ئۇنىڭدىن:

— مۇشۇ كۈنلەردە قاراڭغىنى كۆرسەتمەسلا بولۇپ كەتتىڭ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە ئىش قىلاتتىم، ئوغرىلىق قىلسام سولايدىكەن،

ئادەم ئۆلتۈرسەم ئاپىرىپ ئاتىدىكەن، شۇڭا ئىشلەۋاتىمەن، — دېدى ئەسقەر كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ئەمىسە؟ — ياندۇرۇپلا سورىدى گۈلسۈمخان.

— قۇرۇلۇشلارغا خىش توشۇۋاتقان تىراكتورچىلارغا ياردەملىشىپ، تىراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتىمەن شۇ.

— ئوبدان قىپسەن، بالام، ھالال ئىشلەپ يېگەننىڭ يۈزى يورۇق، گېپى يوللۇق بولىدۇ، مۇبادا...

— ۋاي بولدىلا، تولا ۋارۇھا ئوقۇپ سەپرايىمنى ئۆرلەتمىگىنە، كاپ - كاپ، نېمە تولا كاپ - كاپ بۇ... لاۋزا قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ دەپ، قۇمدەك سۆزلەيدىكەنسەن.

گېپىنى ئەمدىلا باشلىغان گۈلسۈمخان غىققىدە بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئەسقەرگە بىرنەچچە ئېغىز تەنبىھ بەرمەكچىمۇ بولدى، ئەمما ئۆزىنىڭ سەت تىل ئىشىتىپ قېلىشىدىن قورقتى. دېمىسىمۇ بۇ غالجىر ئىت ئالدىغا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى تالايتتى.

خىيال دېگەن شۇنداق ئۇچقۇر نېمىكەن، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆتكۈزگەن گۈلبانۇم كاڭدا كۆرپە يۆمەۋاتقان ئاپىسىغا قارىدى - دە، ئىچىدە بىر يېرى «پىژژىدە» ئېچىشقاندەك بولدى. چۈنكى، گۈلسۈمخاننىڭ چىرايىنى بىر خىل غەم تۇمانى قاپلىغانىدى.

— ئاپا، خامۇش كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دېدى گۈلبانۇم سۈپىدا ئولتۇرۇپ، — مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— بەك سەزگۈرغۇ مۇشۇ قىزىم، — گۈلسۈمخان گۈلبانۇمغا لاپپىدە قارىدى - دە، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇ قىزىغا قارىسىلا كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى، — ئەتىگەن پەزىلەتبۈۋى كىرىپتىكەن.

گۈلسۈمخان ياغاچچى توغرۇلۇق بولۇنغان گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن، ئۇ پەزىلەتبۈۋىنىڭ ھۈنەرۋەن بالىنى ماختىغانلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ دېمىدى. گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. «قەشقەرلىك» دەپ ئۇ بالىنى ئەكەلمىسە بۇنداق ئەپلىك پۇرسەت يەنە كەلمەيدۇ. ئەكېلەي دېسە ئۆزىنىڭمۇ كۆرەر كۆزى يوق. چۈنكى، ئۇمۇ كىچىك چاغلىرىدا قەشقەرلىك خوتۇنلارنىڭ خورلۇقىنى بولدى دېگۈچە تارتقانىدى.

— بولدىلا، ئاپا، بۇ ئىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ يۈرمىگىن، — گۈلبانۇم قول سىلكىدى، — ئۇنى ئەكېلىپ قويۇپ كونا يارىلىرىڭ قوزغىلىپ قالمىسۇن يەنە.

— مەنغۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق، — گۈلسۈمخاننىڭ بېشى مەيدىسىگە چۈشتى، — ياغاچچىلىق كارخانىسىدىكىلەر بىر پاتمان پۇلنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئوڭلىمىساق، قىش يەنە كېلەر.

— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا، مەشكە قانچە ئوت قالىغان بىلەنمۇ ئۆيلەر بىردەمدىلا سوۋۇپ كېتىدۇ، — دېدى گۈلبانۇم دېرىزىلەرگە قاراپ قويۇپ، — ئەمىسە ياغاچچى ئۇستام ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قاپتۇ، شاق - شۇقلا ياسىتىۋالامدۇق.

— شۇنداق قىلامدۇق؟

— ئەمىسە سەن بېرىپ سۆزلىشىپ كەلگىن.

— ياق، مەن بارماي، — گۈلسۈمخان كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — سەن ئەتە ئەتىگەن پەزىلەتبۈۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتقىن، ھۈنەرۋەن بالا بىلەنمۇ سۆزلەشكىن، ئۇ بالا ئەتە كەچتە باشقا مەھەللىگە يۆتكىلىپ كېتىدىكەن.

گۈلسۈمخان ئانىنىڭ «ھۈنەرۋەن بالا بىلەن سۆزلەشكىن» دېگەن ماقۇللۇقى «بوران» قاپقىنىنى ئېچىۋەتتى. بۇ بوراننىڭ كۈچ - قۇدرىتى شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك بولدىكى، ھاياتلىق دەپ ئاتالغان ئۈمۈر مەنزىلىدە ئەگرى - توقاي يوللارنى، قايناق

تۇرمۇش پاجىئەلىرىنى، نادانلىق ھەم قاششاقلىقلارنى پەيدا قىلدى. چۈنكى، بۇ «بوران» نادانلىق، تەپرىقىچىلىك، يۇرتۋازلىق، مەزھەپ، ھىرس، مۇناپىقلىقتەك بەتبۇي ھاۋا ئېقىملىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ قارا كۈچكە ئايلانغانىدى. قىسقىسى، ھەممە بەختسىزلىك ئۆز خۇي ـ پەيلىرىمىزدىن... بارلىق پالاكەت نادانلىقىمىزدىن ... قۇمدەك چېچىلىشىمىز تەپرىقىچىلىك ھەم دۆتلۈكىمىزدىن كېلىپ چىققان تىراگېدىيەدۇر.

## 2

ياش ئۇستام ئەنزەرنىڭ بۇ ھويلىدا ئىشلەۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. ئۇ ھويلىنىڭ چەت بۇلۇڭىدىكى ئوتۇن، كۆمۈر، كونا نەرسىلەرنى قويىدىغان لەمپە ئالدىنى توسۇپ، بىر ئەپلىك «دۇكان» قىلىۋالدى. كەلگەن كۈنىلا ياسايدىغان دېرىزە قاپقاق، ئىشىكلەرنى ئۆلچەپ قەغەزگە يازدى. ئاندىن كونا ـ يېڭى تاختاي، تىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان كېسىم كۆتەكلەرنى مۆلچەرلەپ چىقتى. ئۇ تەييارلىق ئىشلىرىنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆلچەم بويىچە تاختايلارنى تىلىشقا باشلىدى. تۈنۈگۈندىن بېرى تەييارلىغان ماتېرىياللىرىغا رەندە سېلىپ بىر چەتكە دۆۋىلەۋاتاتتى.

ئەنزەر ئۇلۇشكۈن ئەتىگەندە كېلىپلا دېرىزە قاپقاق، ئىشىك كېشەكلىرىنى ئۆلچەۋاتقاندا ئۆي ئوجايىنى گۈلسۈمخاننى تاسادىپىيلا كۆرۈپ قېلىپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇ خوتۇن ئۇنىڭغا شۇنداق سەت ئالايدىكى، گويا «ھېلىلا كۆزۈڭنى چوقۇيمەن» دېگەندەك قادىلىپ، نىملەرنىدۇر غوتۇلدىغاچ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەنزەر كۆڭلىدە: «سەل ئىسەرى بار ئايال ئوخشايدۇ، بولمىسا بوسۇغىسىغا دىۋانە كەلسىمۇ سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغۇ



www.uyghurkitap.com

كىشى» دەپ ئويلىدى. لېكىن، گۆلبانۇم ئاپسىدەك قىلمىغان بولسىمۇ چىراي ئاچمىدى. ئۇ ئۇلۇشكۇن چۈشتە پەتنۇستىكى بىر ئاپقۇر ئەتكەنچاي بىلەن ناننى تىلىنغان تاختايلار ئۈستىگە قويدى ـ دە: «چاي ئىچىڭ، ئىشتىن كېچىكىپ كەلگەچكە تاماق ئېتەلمىدىم» دەپلا كېتىپ قالدى. ئەنزەر كىيىنىش، تەلەپپۇز ئاھاڭلىرىدىن شىمال پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بۇ سۇمباتلىق قىزغا تىكىلىپ قارىيالماي، يەر باققىنىچە: «رەھمەت، خېنىم» دەپ قويدى. بىراق، تۈنۈگۈنكى چۈشلۈك تاماق «ۋەزىيىتى» بىرقەدەر ئىللىق بولدى. گۆلبانۇم چوڭ تەخسىدە لەڭمەن، يېرىم ئاپقۇر ئاش سۈيى كۆتۈرۈپ كېلىپ نەگە قويارىنى بىلمەي تۇراتتى، ئىشقا بېرىلىپ كەتكەن ئەنزەر دەرھال قايرىلىپ: «كەچۈرسىلە، خېنىم» دېدى ـ دە، تاختايلارنى رەتلەپ پەتنۇسنى قولىغا ئالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھۆنەردە پىشقان بارماقلىرى قىزنىڭ نازۇك، ئاپپاق، سۆزۈك بارماقلىرىغا تېگىپ كېتىپ خۇددى چوغقا يېقىۋالغاندەك قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. بۇ ھال گۆلبانۇمنىڭ كۆلكىسىنى قىستىدى. ئۇ لاپپىدە قارىدى ـ دە، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئەمما، يىگىتنىڭ چاسىغا مايىل قىزىل يۈزى، قاپقارا قويۇق قاشلىرى، قىزلاردىمۇ كەم تېپىلىدىغان روشەن چوڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىگە ئابىدە خېتىدەك ئويۇلۇپ قالدى.

— يالغۇز ئىشلەپ زېرىكمەمسىز؟ — گۆلبانۇم تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى. شۇ ئەسنادا ئۇ تامغا ئېسىپ قويۇلغان راۋابقا كۆز تاشلىدى، — بۇ نەرسىنى راۋاب دەيدىغۇ. بەك مۇڭلۇق چالىدىكەنسىز.

ئەنزەر ھەر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئارام ئالغاچ بىردەم ـ يېرىمدەم راۋاب چېلىپ قوياتتى. ئۇ تۈنۈگۈن تاماق سىڭدۈرگەچ ئازراق تىرىڭشىتىپ قويغانىدى.

— يالغۇزچىلىقتا بەزىدە ئىچىم پۇشۇپ چېلىپ

www.uyghurkitap.com

قويىمەن، — ئەنزەر كۈلۈپ قويدى، — باشقىلار زېرىكسە، ئىچى پۇشسا تاماكا چېكىدىكەن، هاراق ئىچىدىكەن. مەن بۇ كەيپلەرنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

— شاگىرتلىرىڭىز يوقمۇ؟

— بىر ئىنىم بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدۇ.

— ئۆيىڭىز نەدە؟

— قارادۆڭدە.

— هە، قەشقەرلىكلەر مەهەللىسىدىكەن ـ دە.

— خوش، خېنىم.

— قېنى تاماق يەڭ، لەڭمەننى ۋاقتىدا يېمىسە ئۆيۈپ قالىدۇ.

— رەهمەت، خېنىم.

گۈلبانۇم ئىپادىسىزلا جىلمىيىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. لېكىن، قىز تېنىنىڭ ئۆزگىچە ئىللىق هىدى يىگىتنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلدى. مۈشۈك ـ ئەنبەردەك شېرىن هىدنىڭ تۇنجى قېتىم سۆيۈپ ئۆتۈشى ئۇنى ناگىهان بىر هالەتتە قالدۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تەسۋىرلىگۈسىز جەننەت هۇزۇرى بېغىشلىدى. ئەنزەر ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چاچلىرىنى يوتىلىرىدا چايقاپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى. مانا بۈگۈن چۈشىمۇ بولاي دېدى. ئەنزەر قىزنىڭ يولىغا قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئانچە ئېچىپ كەتمىدى. بىراق، هېلىقى «جەننەت» هىدى يىگىرمە بەش ياشلىق يىگىتنىڭ ئىشتىهاسىنى غىدىقلاپ ئارامسىزلاندۇراتتى. شۇڭا، ئۇ پات ـ پات پېشايۋانلىق ئۆيگە قاراپ قوياتتى. مانا چوڭ سىرلىق لېگەن كۆتۈرگەن قىز پەلەمپەيدىن تاقىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. لېگەندە چەينەك بىلەن پىيالە چوقچىيىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە يىگىت كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ، يۈزلىرىنى سىيپاشتۇردى، ئاندىن بىرنەك قارا چاچلىرىنى بارماقلىرىدا ئارقىغا تاراپ قويدى.

— سىزگە بوگون گۈشنان پىشۇرغانىدىم، ئوخشىدىمە-كىنتاڭ، — گۈلبانۇم ئوچۇق چىراي ھالدا لېگەننى تاختاي ئۈستىگە قويدى، — قارىمامسىز، ئىسمىڭىزنىمۇ سورىماپتىمەن. پەزىلەتبۇۋى ھەدەم سىزنى «نەزەر» دېگەندەك قىلىۋىدى.

— ئەنزەر، — تۇزەتتى يىگىت قىزغا قارىيالماي، — قانداق، غەلىتىمىكەن؟

— ياق، قاملاشقان ئىسىم ئىكەن، — گۈلبانۇم قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— سىلىنىڭچۇ، خېنىم؟

— گۈلبانۇم.

— پاھ، ئەجەب يېقىملىق ئىسىمكىنە.

— قېنى سوۋۇپ قالمىسۇن، ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ، ئوخشىمىغان بولسىمۇ.

— تۇنۇگۈنكى لەڭمىنىڭىزغۇ بەك ئوخشاپتىكەن، تەخسىنىمۇ يەۋەتكۇدەك بولدۇم.

گۈلبانۇم چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۈلۈۋەتتى - يۇ، ئەمما شۇ ھامان ئويماقتەك كىچىك ئاغزىنى تۇتقىنىچە، بېشىدىكى ھىلھىلە ياغلىقىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— تاماقنى ئانىلىرى ئېتەمدۇ؟

— ياق، مەن ئېتىمەن، ئاپام ئۇخلاۋاتىدۇ.

— نېمە، ئۇخلاۋاتىدۇ؟

— چۈشكىچە ئۇخلايدىكەن، دەپ ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ — گۈلبانۇم يالىتىدە ئۆي تەرەپكە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — ئاپام كېچىسى ئىشلەپ، كۈندۈزى ئارام ئالىدۇ.

— نەدە ئىشلەيدۇ؟

— ئاپام، — گۈلبانۇمنىڭ ئاپىسىنى «كوچا سۈپۈرىدۇ» دېيىشكە تىلى بارمىدى، — زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

— ھە، كېچە ئىسمىڭىزدا ئىشلەيدىكەن ـ دە، سىلىچۇ، خېنىم؟

— مەن ماشىنىچىلىق دۆكىنىدا كېسىمچىلىكنى ئۆگىنىۋاتىمەن.

— ھۈنەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاكىزى ھەم ئۇلۇغى تىككۈچىلىك.

— رەھمەت ماختىغىنىڭىزغا، — گۈلبانۇم سائەتكە قارىدى، — مەن ماڭاي، ئىش ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ.

شۇ كۈنى گۈلبانۇمدا تىككۈچىلىك دۆكىنىغا بارغۇچە غەلىتە بىر ھالەت يۈز بەردى. ئۇ خۇددى يۈزىگە بىرەر قارا ـ قۇرا نېمە سۈۋۈشۈپ قالغاندەك، كىيىملىرىنىڭ قەيىرىدۇر يىرتىلىپ كەتكەندەك، ئادەملەرگە خۇدۇكسىنىپ قارايتتى. تۇرۇپلا: «ئەجەب يېقىملىق ئىسىمكىنە»، «خوش خېنىم» دېگەن شۇنچە يۇمشاق، تاتلىق سۆزلەر قۇلىقىدا قايتا تەكرارلانغاندەك بولاتتى. شۇنداقلا كۈلۈپ، تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرغان قىزىل يۈزلۈك مۇلايىم چىراي كۆز ئالدىدا ئەلەڭلەپ، زادىلا كەتمەيتتى. ئۇ دۇكاندا ئىشلەۋاتقاندا قايچا تۇتقان قوللىرىنىڭ سۇس تىترەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزدى. ئۇستام چېغىدا:

— بۈگۈن سىزگە زادى نېمە بولدى؟ قارىڭا ئاقىۋۈينى شۇنچىۋالا ئۇيۇۋەتكەن بارمۇ؟ — دەپ كايىپلا كەتتى.

گۈلبانۇم كېسىۋاتقان رەختكە قاراپ قورقۇپ كەتتى. ئۇستام يالاندى سوپۇندا سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن خېلىلا ئىچكىرى ئويۇپ كېسىۋېتىپتۇ. بۇ دېگەن قىممەت باھالىق سارجا تۇرسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

گۈلبانۇم دۇكاندا قويغان ـ يۈتكەننى بىلمەي كەچ بولۇپ كەتتى. ئۇ گۈگۈم بىلەن تەڭ ئۆيىگە خامۇش قايتتى. كۆڭلىدە بولسا يەنىلا قانداقتۇر زىددىيەتلىك خىياللار داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئادەم ئەپتىدىن بىلىنۇر دېگەندەك، قەشقەرلىك يىگىتنىڭ قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، يەر



www.uyghurkitap.com

بىقىپ تۇرۇشى، سىلىق، مۇلايىم تەلەپپۇزى، بەزى بىر ئەرلەردەك كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇۋالماسلىقى، غەرەزسىز مۇئامىلىسى ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ياخشى ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇ... گۈلبانۇم ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى... ھەم ئويلاشتىنمۇ قورقاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ: «نېمىشقىدۇر ئاشۇنداق پەزىلەتلىك بالىلار غۇلجىدىن كەم تېپىلىدىغاندۇ؟ مۇلايىم، ئەخلاقلىق بولۇشىغا نېمە كەملىك قىلىدىغاندۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇچراتمىدىممۇ؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى.

گۈلبانۇم مەھەللىسىدىكى تېشى پال ــ پال، ئىچى غال ــ غال، قاشاڭ، قېلىن يىگىتلەردىن بەكمۇ بىزار ئىدى. ئۇلار باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى چالا ــ بۇلا ئوقۇپلا: «باققاللىق قىلىمىز»، «تېرە سېتىپ جاللاپلىق قىلىمىز»، «ئوقەت ئېقىتۇاتىمىز» دېيىشىپ مەكتەپتىن چىقىۋالغان بولۇپ، بىرسىنى ئېغىر، بىرسىنى پاسكىنا، دەپ ئىش ياراتماي ئۆزىنى خار قىلىپ كوچا چىڭدايتتى. قىسقىسى، ھەرقانداق ئىشقا كۆتى چىدىماي، ئاتا ــ ئانىسىنى قىيناپ تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرۈشەتتى. بۇ ئالەكلەر كوچا دوقمۇشلىرىغا توپلىنىپ قارتا، قاتار ئوينىشاتتى. ئۆتكەن ــ كەچكەن قىز ــ چوكانلارغا قاش ئېتىپ، كۆز قىساتتى. ئەيمەنمەي ئارقىسىدىن ئۇشقىرتىپ خۇددى ئۆچكىدەك مەرىشىپ كۈلۈشەتتى. گەرچە ئۇلار يانچۇقىدا بىر پۇڭ يوق، قورسىقى ئېچىپ كاڭ ــ كاڭ ئەسنەپ تۇرسىمۇ قىزلارغا قانات سۆرەپ پوخورلۇق قىلاتتى.

— بېشىڭنى يەيدىغان ئەبگار سولتەكلەر، ئەجەبمۇ كۆڭلۈمنى ئىلەشتۈرىدىغۇ، — دەيتتى گۈلبانۇم تۈمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ، چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

گۈلبانۇم خىيال بىلەن ئۆيگە كېلىپ قالغىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئەمما، دەرۋازا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا بىر كىمنىڭ

ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى بىردىنلا سىيلىپ كەتتى. گۆگۈم پەردىسى ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنگەن بۇ سىيما ياغاچچى ئۇستام ئەنزەر ئىدى.

— تېخى قايتمىدىڭىزما؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى گۈلبانۇم.

— خېنىم، ئۆزلىرىنى ساقلاپ.

— مېنىما؟ نېمىشقا؟

— ھېلىقى چوڭ ياغاچنى تىلمىساق، شال يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىنى بىرەر قول ھارۋىسى تېپىپ بېرەمدىكىن دەپ، — ئەنزەر گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ئاستا غودۇڭشىپ قويدى، — ئانىلىرىغا دېيىشتىن قورقتۇم.

— شال دېگەن نېمە ئۇ؟

— تاختايچۇ.

— ئۆزىڭىز تىلالمامسىز؟

— جادىھەرە بىلەن تىلغىلى بولىدۇ، لېكىن ئىككى ئادەم كېتىدۇ.

— مەن ياردەملەشسەمچۇ.

— بولمايدۇ، قوللىرى قاپىرىپ، تېشىلىپ كېتىدۇ. قول ھارۋىسىنى تېپىپ بەرسىلە، كۆتەكنى ئەكەتسەم، خەنزۇ بازىرىدىكى توك ھەرىسىدە تىلدۇراتتىم.

— توختاڭ ئەمىسە، مەن ھازىرلا كېلىمەن.

— پەزىلەتبۇۋىنىڭ تاشقا ھارۋىسى ئېسىگە كەلگەن گۈلبانۇم دەرھاللا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئانچە ھايال بولمايلا ھارۋىنى سۆرەپ ئەكەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپ كۆتەكنى ھەرقانچە قىلىپ كۆتۈرەلمىدى.

— گۈلبانۇم، ئۆزلىرى ھارۋىنىڭ شوتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىغا ئىتتىرىپ تۇرسىلا، — دېدى ئەنزەر ھارۋىنىڭ ئارقىسىنى كۆتەككە توغرىلاپ، — مەن پىشاڭ بىلەن يۆمىلىتىپ چىقىراي.

ئۇلار خېلىلا تىرمىشىپ يۈرۈپ كۆتىكىنى ھارۋىغا چىقىرىۋالدى. پېشانىلىرى مونچاق ـ مونچاق تەرلەپ كەتكەن ئەنزەر كۆتەكنى قىمىرلىماس قىلىپ باغلىغاندىن كېيىن، ئىككىسى ھارۋىنى ئىتتىرىپ كوچىغا چىقتى. بۇ چاغدا گۈلسۇمخان پېشايۋاندا پەيدا بولۇپ قەھرى بىلەن قىزىغا ۋارقىرىدى:

— گۈلبانۇم، ئۆيگە كىر، تۆگمەيدىغان قانداق پاراڭ ئۇ؟

— ھە، مانا، — گۈلبانۇم ئەندىكىپكىنە ئارقىسىغا قارىدى، — ھازىر بۇ ياغاچنى نەگە ئەكېتىسىز؟

— قارادۆڭدىكى ئۆيگە.

— ۋاي خۇدايىم، قارادۆڭگە؟ مۇشۇ كېچىدىما؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەتە پەن زاۋۇتىدا تىلدۇرۇپ كەلمىسەم ئىشىم ئاقساپ قالىدۇ.

— ئەمىسە يوللاردا دىققەت قىلارسىز... جايا چېكىدىغان بولدىڭىز.

ئەنزەر ھارۋىنى ئىتتىرىپ، بارغانسىرى ئۇزاپ كەتتى. گۈلبانۇم ئۇنىڭ قارىسى قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كىردى. سۇپىدا بىغىررەڭ يوڭ ئىشتاننى سۆكۈپ، يىپىنى يۆگەپ ئولتۇرغان گۈلسۇمخان قىزىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ دىمىقىنى قاقتى:

— ھىھى، ئۇنىڭ بىلەن ئەجەب پاراڭلىشىپ كەتتىڭا، ئادەم تېپىلمىغاندەك؟ — دېدى گۈلسۇمخان زەردە بىلەن، — سۈيۈقئاش ئەتكەنىدىم، سوۋۇپمۇ كەتكەندۇ.

— ۋاي ئاپا، قەشقەرلىك بولغىنى بىلەن ئىشچان بالا ئىكەن. قارىغىنا مۇشۇ كېچىدە يوغان كۆتەكنى قارادۆڭگە ئەكەتتى.

— ئاشۇنداق ئىشلەيمەن، دەپ شە ئاتلاپ كەلگەندۇ؟ بولمىسا مۇساپىر خەق جېنىنى قانداق جان ئېتىدۇ؟

— ئۆز يۇرت، ئۆز ماكان تۇرۇقلۇق مەشەدتىكى تەييارتاپ باللار شۇنداق ئىشلەمدا؟ — گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ تۇتۇلۇۋاتقان چىرايىغا پەرۋا قىلمىدى، — ھەممە شەرت - شارائىتى تولۇق بولغاندىكىن ئىشلەپ يېسە بولىدىغۇ. ئائىلىسىگە يۆك بولۇۋالماي، تېخى ھېچقانداق ئىش ئورنى يوق لەقۋالارنىڭ «ئۆيلەپ قوي» دەپ ئاتا - ئانىسىغا بېسىم ئىشلىتىشلىرىچۇ.

— بولدى قىل، ئاۋۇ مۇساپىر ساڭا ئېزىتقۇ سۆيى ئىچۈرگەنمۇ نېمە؟

— جېنىم ئاپا، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ — ئاپىسىنىڭ تېخىمۇ چوڭىنى چىقىرىشىدىن ئەندىككەن گۈلبانۇم سۆزىنى دەرھاللا يۆتكىدى، — قارا، ئاپا، بۈگۈن ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۇكام ئەسقەرنى كۆردۈم. خىش باسقان تىراكتورنى بەخۇدۇك ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇ شۇم بېشى چوڭلۇق قىلىپ بىرەر پالاكەتكە يولۇقمىغىيدى.

— ئەنسىرىمە، ئاپا، ئۇستىسىمىكىن، يېنىدا بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى داۋاملاشقانمۇ بولاتتى، لېكىن گۈلبانۇمنىڭ كىچىك ئىنىسى ئەكبەر يۈزلىرى مەينەت ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ بويى ئۆسكىلەڭ، ئاق سېرىق، يۇمشاق سارغۇچ چاچلىرىنى خېلىلا ئېگىز ئالدۇرغاچقا، پوپۇكلۇك توخۇلاردەك چوققىسىدا بىر تۇتام چاچ دىڭگىيىپ تۇراتتى. ئەكبەر ئاپىسىنىڭ «ھېرىپ كەتكەنسەن، بالام» دېگەن سۆزىگە ھىجىيىپ قويۇپلا چۆگۈننى ئالدى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ يۈزىنى چالا يۇيۇپ كىرگەندە گۈلبانۇم ئىككى ئاپقۇر سۈيۇقئاش بىلەن ناننى ئۇستەلگە ئەكېلىپ قويغانىدى. ھەدە - ئىنى ئىككىسى ئاشكۆكى ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان سۈيۇقئاشنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىشتى.

— ئاپپا... بىر مو... مايىنىڭ... چې... چىلىكىنى... — ئەكبەر چىڭقىلىپ، قىزىرىپ تەستە سۆزلەشكە باشلىدى، — تۇۋ... تۇۋ... لەپ بەرسەم... بىر... بىر سوم بەرگەن، ئا... ئالىمىدىم.

— ساۋابلىق ئىش قىپسەن، بالام.

— مەن... مەن... جىق... پۇل... تېپىپ، — ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — ھە... ھەدەمگە ۋېيىت، ھە، ھە... ۋېيىت ئېلىپ بېرىمەن.

— رەھمەت، جېنىم ئوكام، — گۈلبانۇم گاچا ئىنىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، — سەن ماڭا ۋېلىسىپىت ئەمەس، ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەرگەندەك خۇش بولدۇم.

— ھى - ھى - ھى ... — ئەكبەر ساددىلىق بىلەن كۈلۈۋەتتى.

ئەكبەر ئۇخلاش ئۈچۈن ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلسۈمخان بىلەن گۈلبانۇم دالان ئۆيدىلا يېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ماشىنىچىخانا، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىدىكى ئۆز ئىشلىرى ھەققىدە بىردەم سۆزلىشىپ ياتقاندىن كېيىن جىمىپ قېلىشتى. گۈلسۈمخان تورۇسقا قاراپ يېتىپ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. چۈنكى، ئېرى مەرۇپ تۆمۈرچى ھەم ئۇنىڭ قېشىدا قالغان بالىلىرىنىڭ تەقدىرى ئېسىدىن كەچكەنىدى.

چوڭ ئوغۇل ئەنەيتۇللا بۇ يىل ئوتتۇز بىر ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئەڭ ئېغىر يىللاردىمۇ «قاراڭغۇ بازارچى»، «ھايانكەش»، «مەككار» دېگەن قالپاق، بېسىم، تەقىب قىلىنىشلاردىن قورقماي تىجارەتكە كىرىشىپ نۇرغۇن جاپالارنى تارتقانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ بازارلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىر يوللا يول تېپىپ كاتتا سودىگەر بولۇپ قالدى. ئەنەيتۇللا ھازىر ئىككى ئاغىنىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن مال ئەكېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا

شەھەرلىرىگە چىقىرىش ئارقىلىق خېلىلا بېيىپ قالغانىدى.

ئەنەيتۇللانىڭ كىچىكى تايغوجا بولسا ئاكىسىدىن كېيىن تىجارەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئىچكىرىدە ئەتكەسچىلەرگە باغلىنىپ، ئەتكەس ماللارنى يۆتكەش جەريانىدا تۇتۇلۇپ قالغاچقا، ھازىر گۋاڭجۇدىكى بىر تۈرمىدە مەھبۇس بولۇپ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. تايغوجىنىڭ سىڭلىسى گۈلزەبەر تۇققۇزتاراغا ياتلىق بولۇپ كەتكەنچە ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىممۇ كىرمەيدۇ. تۆتىنچى بالا مۇبارەك بولسا ئون ئالتە يېشىدا بىر يىگىت بىلەن قېچىپ كەتكەنچە تا ھازىرغىچە خەۋىرى بولمىدى. گۈلبانۇم ئاشۇ يەتتە بالىنىڭ بەشىنچىسى ئىدى. بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان بۇ بالىلار شەھۋانىي نەپسى بالاسىنىڭ قۇربانلىرى بولۇپ تالمەجنۇن پوتلىسىدەك توزۇپ كەتتى.

«ئۇھ... خۇدا، ئۇلارنى ھەرجايدا بولسا ئامان قىلغايسەن.»

گۈلسۇمخانىنىڭ پىچىرلاپ ئېيتقان سۆزىنى گۈلبانۇم ئېنىق ئاڭلىدى. چۈنكى، ئۇمۇ ئۇخلىمىغانىدى. ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە: قاراڭغۇ كېچىدە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن بىر يىگىتنىڭ جان - جەھلى بىلەن ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان سىيماسى ئايدىلەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. «ئەنزەر ھەقىقەتەن ياخشى بالا ئىكەن» ئىچىدە زىكرى قىلدى گۈلبانۇم. دەرۋەقە بۇنداق تىرىشچان، ئەخلاقلىق، نومۇسلۇق بالا بىلەن بىللە ئۆتكىنىڭگە جاپا - مۇشەققەت، يوقسۇزلۇق بىلىنمەيدۇ، ئەكسىچە كۈنلىرىڭ شادلىقتا ئۆتىدۇ، خار بولمايسەن! شۇنداق، گۈلبانۇمنىڭ پاك تۇيغۇلىرى ھازىرغىچە ئۇنى ئالداپ باققىنى يوق. ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار. چىرايىدىن چاقنىغان سەممىيلىك زەرلىرى، كۆزلىرىدىن پارلىغان ۋاپادارلىق چېقىنلىرى، پېشانىسىدىن چېچىلغان نۇرلار — پاكىز يۈرەكنى، ساپ ئېتىقادلىق قەلبنى، غۇبارسىز كۆڭۈلنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇرمامدۇ؟! ئاھ، خۇدا، شۇنداق

دىيانەتلىك بىر بالا نېمىشقىمۇ قەشقەرلىك بولۇپ قالغاندۇ؟ ئۇنىڭ زۇۋۇلىسىنى نېمە ئۈچۈن يۇرتىمىزدىن ئالمىغانسەن؟!

گۈلبانۇم خىيال چىگىشلىرىنىڭ تۈگۈچىنى يېشەلمەي ئۇيان ئۆرۈلە، بۇيان ئۆرۈلە قاچانلاردۇر ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەتىگەندە تۇرغاندا ئاپىسى بىلەن ئىنىسى ئەكىبەر ئاللىبۇرۇن ئىشقا كەتكەنىدى، گۈلبانۇم دېرىزىدىن قارىغانىدى، لەمپە ئاستى جىمجىت بولۇپ، بىراۋلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. شۇڭا، ئۇ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئانچە ئالدىراپ كەتمىدى. قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ تاختىبېشىغا تىزدى. ئۆيىگە ھۈنەرۋەن سالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇستام ئۇنىڭغا ئەتىگەن - چۈشلەردە ئېتىبار قىلاتتى. گۈلبانۇم كىيىملىرىگە دەزمال سىلىپ، ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە پەردازلاپ ھويلىغا چىقىشىغا ئەنزەر تاختاي بېسىلغان ھارۋىنى ئىتتىرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تەرلەپ كەتكەنلىكتىن تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— تازا جاپا تارتتىڭىز - ھە؟ — گۈلبانۇم ئەنزەرگە لاپپىدە قاراپ قويدى، — قىزىرىپ تەرلەپ كېتىپسىز...

— ئاشۇ بىر ئېغىز گەپلىرى بىلەن ھاردۇقۇم چىقىپلا قالدى.

ئەنزەرنىڭ مەنە بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزىدىن گۈلبانۇم ئۇنىڭدىن ئۆتە قىزىرىپ كەتتى - دە، ئالمان - تالمان گېپىنى يۆتكىدى:

— قانچە پۇلغا تىلىپ بەردى؟ ئاخشام پۇل بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن.

— ھېچقانچە پۇل كەتمەيدۇ.

— دەڭا، پۇلىڭىزنى بېرىۋېتەي.

— دېدىمغۇ ھېچقانچە دەپ، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، — ئەنزەرمۇ دەرھاللا گەپنى ئېلىپ قاچتى، — تېخى ئىشقا ماڭماپتىلىغۇ؟ كېچىكىپ قالسىلا گەپ ئىشىتىپ قالمىسىلا يەنە.

— ئەنزەركا، مېنى بۇنىڭدىن كېيىن «سىلى، ئۆزلىرى» دېمىسىڭىز قانداق؟ — گۈلبانۇم تۇمشۇقىنى دومسايتتى، — چوڭ خوتۇنلارنى شۇنداق دېسە قاملىشىدۇ. مېنىڭ ئۇياتقۇم كېلىدىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ بىزنىڭ يۇرتلاردا ھۆرمەتلىگەن ئادەملىرىمىزگە شۇنداق سىلىق مۇئامىلە قىلىمىز، ئەمىسە، كەچۈرۈڭ، مانا سىزلىدىم، خاتىرجەم بولغانلا.

— ئەنە، ئەنە.

— ۋاي يەنە دەپ سالدىم ـ ھە.

گۈلبانۇم ھارۋىنى ئىتتىرىشىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئەنزەر «قولىڭىزنى پاسكىنا قىلىۋالىسىز» دەپ، ئۆزى ئىتتىرىپ لەمپە ئاستىغا ئەكەلدى. شۇنداقتىمۇ، گۈلبانۇم تاختايلارنى بىللە چۈشۈرۈشۈپ بەردى. ئاندىن ھارۋىنى ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولدى.

— ئەنزەركا، مەن ھارۋىنى تاپشۇرۇۋېتىپ، ئاشەدىنلا ئىشقا كېتىمەن، — دېدى گۈلبانۇم قايرىلىپ قاراپ، — چۈشتە بالدۇرراق قايتىپ كېلىمەن.

گۈلبانۇم ئالدىغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى. چوڭ چىغ سۈپۈرگە كۆتۈرگەن گۈلسۈمخان ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى چىڭ يۇمۇلغانىدى. «ئاپا، ئىشتىن كەلدىڭىزما؟» دېگەن سۆزنىمۇ ئاڭلىمىغاندەك ھويلا ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تىكىلىپ تۇراتتى. ئاپىسىنىڭ ئەلپازىدىن تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەن گۈلبانۇم ئاستىلا ھارۋىنى ياندap سۆرەپ چىقىپ كەتتى.

گۈلبانۇم چۈشتە بالدۇرراق قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۆيدە ئاپىسى يوق ئىدى. ئۇ ئاخشاملا: «ئەتە ئىدارىدە چوڭ يىغىن بار» دېگەندەك قىلىۋىدى. «تەخسىنى يەۋەتكۈدەك بولدۇم» دېگەن سۆز ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەن گۈلبانۇم لەگمەننىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ قولى

ئىشتا بولسىمۇ، كالللىسىدا: «ئاپام كېلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ...» دېگەن ئەندىشە بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «باشلىقلار بۇ سۆزلەپ ئۈنىڭغا، ئۇ سۆزلەپ بۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچە بىر ۋاق بولىدۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدايتتى.

چۈشلۈك تاماقمۇ تەييار بولدى. گۈلبانۇم چوڭ بىر تەخسە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ لەمپە ئاستىغا كەلدى. رەندە سېلىنغان ياغاچلارنى ياپسا رەندىگە سېلىۋاتقان ئەنزەر ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ: «بەك تېزغۇ» دەپ كۈلۈپ قويدى.

— قېنى تېزرەك يەڭ، — دېدى گۈلبانۇممۇ پىسىڭىدە كۈلۈپ.

— سىز قاراپ تۇرسىڭىز...

— ۋيەي خۇدايىم، تاماق يېگەنگىمۇ ئىزا تارتامدۇ؟ ھە، بوپتۇ، مەن سىزگە ئاش سۈيى ئەكېلەي.

گۈلبانۇم ئېشىنى يەۋالسۇن دېدىمۇ، سەل ھايال بولۇپ بىر ئاپقۇردا يېرىمىراق ئاش سۈيى ئەكەلدى. ئەنزەر بىكارلانغان تەخسىگە ئازراق ئاش سۈيى قۇيۇپ، تەتۇر قارىغىنىچە ئىچىۋەتتى.

— دادام رەھمەتلىك «ئالدىڭدا بىر كىم تىكىلىپ تۇرسا، ئۇنى قارىتىپ قويۇپ، ماكاچىلىتىپ تاماق يېسەڭ ئەيىب بولىدۇ» دەيدىغان، — دېدى ئەنزەر تەخسىسىنى سۇنۇۋېتىپ، — ياھ، ياھ، لەڭمىنىڭىز زەپمۇ ئوخشاپتۇ. مەن تېخى ئۆزۈمنى خېلى ـ خېلى ئۇستىلارغا تەڭ قىلمايدىغان ئاشپەز دەپ يۈرسەم، ئەسلىدە ئۇستام بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ.

— تولا مازاق قىلماڭا، — گۈلبانۇم ھارۋىنى ئاپىرىپ بەرگىلى بارغاندا پەزىلەتبۇۋىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى، — ھە راست، سالاھىدىن مەخسۇمنىڭ ئوغلىنىڭ تويىدا پولۇنى سىز ئېتىپسىز ـ ھە؟

ئەنزەر سالاھىدىن مەخسۇمنىڭ ئوغلىنىڭ تويىدا بولغان

www.uyghurkitap.com

بىر ئىشنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ، پولۇغا باسىدىغان گۆشنى بىرنەچچە ئاياللار قىيما قىلىپ بەرسە، بىر ئوچاقتا چوڭ قاسقانلارنى ئېسىپ، يەنە بىر قازاندا پولۇنى دۇملەشنى ئېيتقانىدى. توي ھارپىسى يۇردەمگە كەلگەنلەر بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى. سالاھىدىن مەخسۇم قىزىقچى ئادەممۇ نېمە، ئەنزەرگە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— ھوي قاشقالىق، سېنىڭ قاشقىرىڭدا توي ئەھلىنى شۇنداق ئۇزىتامدۇ؟

— ئىككى ئادەمگە بىر لېگەن پولۇ، ئۇستىگە تۆت مانتا بېسىپ قويساق تۈز تامىدۇ، مەخسۇم دادا، — چۈشەندۈردى ئەنزەر، — مانا بۇنى ئاشمانتۇ دەيمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە جامائەت: «پولۇ، مانتا، ئىككى خىل تاماق قىپتۇ» دېسە، سىلىنىڭ ھۆرمەتلىرى دەرەخ بويى ئۆسىدۇ دېسىلە.

— پاھ، پاھ، قاراڭلار ماۋۇ قاشقالىقنىڭ تاپقان پەتىۋاسىنى — سالاھىدىن مەخسۇم ئۆچكە ساقىلىنى تۇتاملاپ كۈلۈپ كەتتى، — شۇنچە خەققە مانتا ئۇلگۈرتكىلى بولامدۇ - ھە!

— ئاستىدىكى قاسقاننى بىكارلاپ، تۈگۈلگەن مانتىلارنى تىزىمىز - دە، قاسقانلارنىڭ ئۇستىگە قوندۇرىمىز، — ئەنزەرنىڭ سۆزلىرى باشقىلارنى قايىل قىلماقتا ئىدى، — ئاڭغىچە ئاستىدىكى قاسقان تەييار بولىدۇ، ئۇنىڭغا مانتىلارنى تىزىپ ئۇستىگە ئالىمىز. بۇ خۇددى چاقپەلەكتەك چۆرگۈلەپلا تۇرىدۇ. پولۇنى دۇملىگەندە ئاش ئۇستىگە بىر قات مانتا تىزىمىز. ئۇنىڭدىمۇ نۇرغۇن مېھمانلارنى ئۇزىتىمىز دېسىلە. بۇنىڭدا گۆشمۇ تېجەپ قېلىنىدۇ. لېكىن، «پولۇغا گۆش بېسىپتۇ» دەپ ھېچكىم سىلىنىڭ ھۆرمەت - تۆسپىلىرىنى قىلمايدۇ. چۈنكى، پولۇغا گۆش بېسىش قەدىم - ئايەمدىن كېلىۋاتقان ئادەت.

سالاھىدىن مەخسۇم قايىل بولۇپ قالغانىدى.

— ھوي ئەقلىڭ بار قاشقالىقتەك قىلىسەن، — دېدى سالاھىدىن مەخسۇم ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ، — بۇمۇ بىر يېڭىلىق ئىكەن، قىلىپ باققۇلۇق، ناھايىتى تۆت - بەش خوتۇننىڭ ئىشى ئىكەن.

— سىلىمچۇ مەخسۇم دادا، ئۇمىچى يوق مازارغا شەيخ بولمايلا، «گۆش تېجىلىپ قالىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا بۇ كېچىككە كىردىلىغۇ دەيمەن.

ئەنزەرنىڭ بۇ چاقچىقى سەۋزە قەلەم قىلىۋاتقانلار، كالا، قوي سويۇپ، ئۇچاق كولاۋاتقانلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى.

— پاھ، پاھ، پاھ، ماۋۇ قاشقالىقنىڭ چاقچىقى ھىڭدىن سېسىق ئىكەن، — سالاھىدىن مەخسۇم قىزىرىپ كەتتى، — ياۋاشنىڭ چىشى قولتۇقىدا دەپ، تۇيۇقسىزلا يانپاشقا ئالدا بۇ پىپى تۇماق.

— مەخسۇمكا، ئاڭلىمىغانمۇ، — دېدى ئۇچاق كولاۋاتقانلاردىن بىرسى، — «قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە توۋۇر تېشەر» دېگەن گەپنى.

— شۇنى دەيمىنا، ماراپ چىشلەيدىكەن ئەمەسمۇ بۇ خۇمسى.

... ئەنزەرنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئىش قىلغاچ سۆزلەپ بەرگەنلىرى گۇلبانۇمنى كۈلدۈرۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىرىۋەتتى.

— ئەنزەركا، سىز غۇلجىغا كەلگەنگە نەچچە يىل بولدى؟

— يەتتە يىلدىن ئېشىپ قالدى. ئون سەككىز يېشىمدا ئانامنى، ئىنىمنى، سىڭلىمنى ئېلىپ كەلگەن.

— شۇڭا شېۋىڭىز ئۆزگىرىپ بىزدەك سۆزلەيدىكەنسىز - دە.

— ئەمما، ئانام ھېلىمۇ قەشقەر شېۋىسىنى ئۆزگەرتمىدى.

— دادىڭىز قاچان ئۆلۈپ كەتكەن؟

www.uyghurkitap.com

— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «بىرگە زەربە بېرىش، ئۆچكە قارشى تۆرۈش» باسقۇچىدا ئۆلتۈرۈۋېتكەن.

— باشلىقمىدى؟

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى.

— ئەمىسە سىز نېمە ئۈچۈن ئوقۇماي ھۈنەرۋەن بولۇپ قالغان؟

— مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى سىنىپ ئاتلاپ ئون بەش يېشىمدا پۈتكۈزگەن. لېكىن، ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ بالىسى بولغاچقا، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان. شۇڭا، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ياغاچچىلىقتا شاگىرت كىرىپ ئىشلىدىم. ئۇستام ئۆلۈپ كېتىپ، ئاشپەزلىككە ئىشتىياقىم چۈشۈپ قالدى. بۇ ھۈنەرنىمۇ بىر يېرىم يىلدەك ئۆگەندىم.

گۈلبانۇم ئەنزەرنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. قارىماققا ئۇنىڭ يۈرەك جاراھىتى خېلىلا ئېغىردەك قىلاتتى. شۇڭا، ئەپلىك بىر پۇرسەت تېپىپ «مۇڭدىشىش»نى كۆڭلىگە پۈكتى.

— مەن سىزنى قورۇق گەپلەرگە تۇتۇپ، ئىشقا كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، — ئەنزەر مەيۈس ھالدا قاراپ قويدى، — سىزمۇ كونا يارا ئىزلىرىنى تاتلاپ قويدىڭىز. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم.

— ھېچقانچە گەپ بولۇنمىدىغۇ؟

ئەنزەرنىڭ «كونا يارا ئىزلىرىنى تاتلاپ قويدىڭىز» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ئۇنىڭ مىسكىن چىرايى گۈلبانۇمنى مۇڭلاندۇرۇپ، يۈرىكى خۇددى ئوت ئۈستىدىكى مايدەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى چۈشلۈك تاماقنى ئەكەلگەنگە قەدەر باشقىچىلا بىر گۈلبانۇمغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر چىگىچ، ھەسرەتلىك ئويلار چىرمىۋالغان بولۇپ، بەكمۇ خىيالچان كۆرۈنەتتى.

— ئەنزەركا، بۈگۈن سەل كەچرەك كېلىشىم مۇمكىن، —

دېدى گۈلبانۇم يەر باققىنىچە، — ماشىنىچىخانىدىكى دوستلىرىم بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەكچىدۇق.
— ئوبدان بوپتۇ، — ئەنزەر قىزغا ئىختىيارسىز تىكىلىپ قالدى، — مەنمۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، باشقا يەرگە يۆتكىلىمەن.
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خامۇش ئىشلىگەن ئەنزەر پات - پات دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قوياتتى. كەچ كىرىش بىلەن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، ۋىلىسىپىتگە مىندى - دە، كېتىپ قالدى. ئەتىسى چۈشتە بىر كوزا سۈيۈقئاش بىلەن داستىخاندا نان كۆتۈرۈپ كەلگەن گۈلبانۇم گويا ئون يىل ئايرىلىپ كەتكەن سىردىشى بىلەن ئۇچراشقاندەك كۈلۈپ - يايراپ سۆزلەپلا كەتتى.
— ۋىيەي، ئەنزەركا، دەريا بويىنىڭ چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى سورىمايلا قويۇڭ، — گۈلبانۇمنىڭ كۆزلىرىمۇ كۈلمەكتە ئىدى، — سۇ ئۈستىگە ئاشخانا، چايخانا، راۋاقلار سېلىنىپ كېتىپتۇ، تېخى دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتىسىڭىز «كىچىك چۇقۇر»، «چوڭ چۇقۇر»لار بەجايىكى بىر جەننەت دەڭا. سەيلە - ساياھەت قىلغۇچىلارمۇ شۇنداق كۆپ ئىكەن. جۈپ - جۈپ ياشلار گارمون، گىتار چېلىشىپ، ناخشىلارنى ئېيتىشىپ شۇنداق قىزىتىۋېتىپتۇ. سىز كۆرۈپ باققانمۇ؟ ۋاي ئىسىت، كۆرسىڭىز كۆزلىرىڭىزگە ئىشەنمەيلا قالىسىز.
— ئۇنداق يەرلەرگە بېرىشقا نەدىكى ۋاقىت ماڭا؟ كۈنلىرىم ئىشلەش بىلەنلا ئۆتىدۇ، — ئەنزەر قىزنىڭ بىردىنلا سولتىيىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتى، — ئەمما مېنىڭمۇ بىر كۆرۈپ قانغۇدەك ئويناپ كەلگۈم بار.
— ھازىر دەريا بويىغا چوڭ ئاپتوبۇس، بولكىۋايمۇ قاتنايدىكەن، ئۆگۈنلۈككە مەن دەم ئالىمەن، — گۈلبانۇم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى...
— بولىدۇ، ئەمما ئاپتوبۇستا بارماي، مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

ۋېلىسىپىتىمدە ئەتراپنى كۆرگەچ بېرىپ ئوينىاپ كېلەيلى.

— ماقۇل، — گۇلبانۇمنىڭ تال چىۋىقتەك بەرنا سىيماسىنى ئىسسىق بىر هارارەت ئېقىم بولۇپ كېزىپ ئۆتتى، — مەنمۇ ئاپامغا ئەنەيتۇللا ئاكامنىڭكىگە بارىمەن دەپ قوياي. ئۇ ئەڭ چوڭ ئاكىمىز بولىدۇ.

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق.

— رەهمەت سىزگە، — گۇلبانۇم يۇگۇرگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ـ دە، دېرىزىدىن ئۆز ئۆۋىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

## 3

ئەنزەر بىلەن گۇلبانۇم ئىلى دەرياسىنىڭ هەيۋەتلىك كۆۋرۈكى ئالدىدا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈشتى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بۈك ئورمانلىق، توقايلىقلارغا شەكلى ئۆزگىچە رەڭدار قۇرۇلۇشلار سېلىنىماقتا ئىدى. قىزىل، يېشىل پاياندازلار تارتىلغان تىك پەلەمپەيلىك ئىككى قەۋەت ئاشخانا، چايخانىلار، ئادەتتىكى ناۋايخانا، سامسىخانا، كاۋاپخانىلار، خىلمۇخىل يېمەكلىكلەر بوتكىلىرى، سۇنئىي كۆللەر ۋە باللار، ياشلار قىزىقىدىغان ئويۇنخانىلار ئورمان ئارا كۆتۈرۈلگەن ۋە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. كىچىك ماشىنا، بولكىۋاي، خادىك هارۋىلاردا چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ كېلىشكەن ساياهەتچىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ دەريا بويى يېشىل قورغان ئارامگاهلىرىغا ئاقاتتى. يول بەندەرلىرى، دوقمۇشلارغا ئورۇنلاشقان سۈرەت تارتقۇچىلار: «ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ بېهىشتەك مەنزىرىلىرى ئۆمۈر خاتىرىڭىزنىڭ ئۇنتۇلماس يادنامىسى بولۇپ قالسۇن» دەپ خېرىدار چاقىرىشاتتى.

ئەنزەر سوغۇق ئىچىملىك هەم سامسا، ئارىسىغا گۇلە ـ

قاق مۇرابباسى ئېلىنغان بولكىلارنى ئېلىپ سومكىغا قاچىلىغاندىن كېيىن گۇلبانۇم ئىككىسى ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كۆۋرۈككە قەدەم ئالدى. ئۇلار كۆۋرۈك سالاسۇنغا يۆلىنىپ ئۆركەشلىنىپ ئېقىۋاتقان ھەيۋەتلىك سۇغا قارىدى. ئېيۇننىڭ باشلىرى بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ راسا كۆپىيىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. كۆز يەتكۈسىز ئىككى قىرغاققا لىغىشىپ ئېقىۋاتقان سۇ دەريا ئوتتۇرىلىرىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئاراللارنىمۇ كۆمۈۋەتكەنىدى. ھەر يىلى ئادەم يەپ دەندەپ قالغان دەريا، گويا لوقما تەلەپ قىلغاندەك سۈرلۈك ئېقىۋاتقان سۇدىن بىر خىل ۋۇشىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىرغاقلارغا ئۇرۇلغان دولقۇنلارنىڭ شاپىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەريانىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى بۈك چاتقال، كۆپكۆك ئورمان ئارىلىقلىرىدىن كۆرۈنگەن قىزىل، سېرىق، ئاق راۋاق، شىپاڭ، قۇببە شەكىللىك ئۆگزىلەر خۇددى چىمەن ئىچىدىكى ھەرخىل گۇللەرنى ئەسلىتەتتى.

— قاراڭ، ئەنزەركا، — گۇلبانۇم سۇدا دولقۇن يېرىپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان كاتېرنى كۆرسەتتى، — نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق - ھە؟

دېمىسىمۇ كاتېر ئوقتەك ئۇزۇپ كۆۋرۈك تېگىنى ئايلانغاندا شۇنداق يانتۇ بولاتتىكى، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سۇغا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ۋارقىرىشىپ - چىرقىرىشىپ كېتەتتى.

— يۈرۈڭ، ئىككىمىزمۇ چۈشۈپ كۆرەيلىمۇ؟ — دېدى ئەنزەر گۇلبانۇمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ.

— ياق، قورقىمەن، — قورقۇشتىن قىزىقىش ئۇستۇن كەلگەن گۇلبانۇم ئەنزەرگە قاراپ قويىدى.

— قارىڭا، قىزلار تۇرماق، كىچىك بالىلارمۇ چۈشۈپتىغۇ، يۈرۈڭ.

ئەنزەر گۇلبانۇمنىڭ يالاڭ بىلىكىدىن بوشراق ئۇچلاپ

تارتتى. ئۇلار ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ تىك يەلەمىيەلەر ئارقىلىق كاتېرلارنى رەتلىك باغلاپ قويغان كاتېر پىرىستانىغا چۈشتى. ئەنزەر ۋېلسىپىتكە قۇلۇپ سېلىپ چەتكە توختىتىپ قويغاندىن كېيىن، بوتكا تۆشۈكىدىن بېلەت سېتىۋالدى.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم كاتېرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا يېقىن ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر جۈپ ياش بار ئىدى. كاتېر ھەيدىگۈچى موتورنى ئوت ئالدۇرۇپ دەسلەپتە ئاستىراق ماڭدۇردى، كېيىن خۇددى مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوقتەك بىردىنلا تېزلىتىۋەتتى. گويا قىلىچتا كەسكەندەك دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان كاتېر سۇ ئۇنچىلىرىنى چاچرىتىپ، ھەيۋەت بىلەن قويۇندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. گۈلبانۇم قورقىنىدىن ئەنزەرنىڭ توم بىلەكلىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. بىراق، كاتېر كۆۋرۈك ئاستىدىن ئۆتۈپ ئارقىغا ئايلانغاندا شۇنداق يانتۇلۇق ھاسىل قىلدىكى، ھەتتە ئولتۇرغان گۈلبانۇمنىڭ بېشى بىلەن سۇ ئارىلىقى بىر غېرىچمۇ قالمىدى، دەھشەتلىك قورقۇشتىن چىرقىرىۋەتكەن گۈلبانۇم ئەنزەرنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىگە قويۇۋالدى. ئەنزەرمۇ ئۇنىڭ نازۇك بېلىنى قاماللىدى.

كاتېر پىرىستان سۇپىسىغا قايتىپ كەلدى. ئەنزەر گۈلبانۇمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قىرغاققا چىققاندا ئۇنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— بېشىڭنى يەيدىغان، چىقىدىغان بىرنېمە ئەمەس ئىكەن بۇ، — گۈلبانۇمنىڭ ھال رەڭ لەۋلىرى ھېلىھەم تىترەيتتى، — جېنىمنى ئېلىپ يېنىمدا قويدىغۇ.

ئەنزەر گۈلبانۇمنى باشلاپ دەريا بويىدا تاشتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن ئاپېلسىن شەربىتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى.

www.uyghurkitap.com

— قىنى مۇزدەككىنە ئىچىۋىلىڭ، كۆڭلىڭىز ئارامغا چۈشىدۇ.

بىرئازدىن كېيىن ئەسلىگە كەلگەن گۈلبانۇم ئەنزەرگە قايرىلىپ تاتلىقىنا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ: «ئەسكى، تېخى ھېجىيىۋاتىدۇ» دەپ ئەركىلىدى. قىزنىڭ بۇ ناز - ئىستىغنا بىلەن بېقىشى يىگىتنى ئوتقا تاشلىغاندىن بەتتەر پۈتۈن تېنىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن ئاتەشلىك بىر ھارارەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆينىتىۋەتتى. بولۇپمۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ئايال زاتىنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغان ئەنزەر ئۇچۇن سەرۋىدەك نازۇك بىر قىزنىڭ ئۇنى قۇچاقلاپ، كۆكرىكىگە باش قويۇشى جەننەت لەززىتىنى ئاتا قىلغانىدى. گۈلبانۇممۇ بايىقى ئىشىدىن ئۇيىلىپ ئاپپاق تورپىيىدىن كۆز ئۇزمەي يەر بېقىپ ئولتۇراتتى. ئەنزەرنىڭ سىلىق، يۇمران بەللەردىن قامالالاپ ئۆزىگە تارتقان چاغدىكى سىرلىق ھۇزۇر ئىبقىنى غۇبارسىز سىيمانى دەممۇدەم لەززەتكە سېلىپ ئەركىلىتەتتى.

— گۈلبانۇم، كەچۈرۈڭ...

— نېمىنى كەچۈرگۈدەكمەن؟

— بايا...

— بولدى قىلىڭا... مەنمۇ... — گۈلبانۇم ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇۋالدى.

ئۇلار ۋېلىسىپتنى مىنىپ دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن «كىچىك چۇقۇر»غا يېتىپ كېلىشتى. ئەنزەر بۇ يەرگە تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئاغىنىلىرى بىلەن كېلىپ ئويناپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئەمدىلا ئاخىرلاشقان بولۇپ، ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدىن بىر خىل شادلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ھازىرقى «كىچىك چۇقۇر» ئۇ چاغدىكىگە ئوخشىمايتتى. ئەنزەر تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتكەن چۇقۇرغا قاراپ ھەيرانلا قالدى. ئەتراپتىكى ئورمانلار تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، دەريانىڭ تارام -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرىسى



تارام بۆلۇنۇپ ئاققان تارماقلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك قىلاتتى. تارامىلارنىڭ قىرغاقلىرىنى يالپۇز، سۆسۈن رەڭ ئېچىلغان ياۋا بېدە، تۆتقۇلاق، قىرچىنتاللار قاپلىغان بولۇپ، سۇ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ قالغان كىچىك - كىچىك دۆمچەك ئارىلاردا ھەرخىل ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەچكە گوياكى گۈل سېۋىتىگە ئوخشايتتى. بۈككىدە ئورمانلىقنىڭ ياپيېشىل چىملىقلىرىغا كىگىز - گىلەم سېلىپ، ئۇسسۇل، تانسىغا چۈشۈپ كەتكەن ئەر - ئاياللار، ئۇششاق باللار ھەممىلا يەردە ئۇچرايتتى. كاۋاپدانلاردىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ، قازانلاردا قورداق قايناۋاتاتتى. ئۇنئالغۇ، گارمون، گىتار ئاۋازلىرى ئورماندىكى بۇلبۇللارغا تەڭكەش بولۇپ، ئومۇمىي سىمفونىيەگە ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ ساياھەتكە چىققان ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەجنۇنتاللارنىڭ پىنھان سايىلىرىدا بىر توپ ياشلار ھاراق ئىچىپ، ئىلىنىڭ چاتما ناخشىلىرىنى باشلاپ، ئورماننى چاڭ كەلتۇرۇپ كۈلۈشەتتى. دەرەخ دالدىلىرىدا، چاتقال تۈۋلىرىدە ئانچە - مۇنچە «ئاشىق - مەشۇق»لارمۇ ئۇچراپ قالاتتى.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ «غەيرىي كۆزلەر»دىن خالىي بىر چىملىققا كېلىپ ئەدىيالنى سالدى. گېزىتنى داستىخان قىلىپ، ئەكەلگەن نېمەتلەرنى ئۇستىگە تىزىشتى. ئۇلار سامسا، قاقلىق بولكىلارنى يېگەچ سوغۇق ئىچىملىكلەردىن ئوتلاپ ئولتۇرۇشتى. لېكىن، سۆھبەت راسا قوۋۇشۇپ كەتمىدى.

— ئۆزىڭىزگە پىۋىدىن ئېلىۋالماپسىزغۇ؟ — سورىدى گۈلبانۇم، — ئۆتكەندە ھاراق ئىچمەيمەن دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز.

— مەن ھەرقانداق ئىچىملىك، چېكىملىكتە يوق، — كۈلدى ئەنزەر، — بەزىلەر ھېچقانداق كەيپى يوق ئەرنى ئەر دېگىلى بولمايدۇ، دېيىشىدىكەن، ئەمما زادىلا ئۆگىنەلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ دېگەن هاراق - شارابقا بېرىلگەن پىنىيەنچۇكلەرنىڭ تاپقان پەتىۋاسى.

— توۋا دەيمەن، غۇلجىدىكى ياش باللارنىڭ كۆپىنچىسى مەستلا يۈرىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى نەشىمۇ چېكىدىكەن.

— نەق ئاشۇنداقلار ئىش - ئوقىتى، ھەتتا ھۇنىرىمۇ يوق بىكار تەلەپلەر، — دېدى گۈلبانۇم قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، — تېخى ئۇلارنىڭ سۆلىتىنى ئات تارتالمايدۇ.

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ئەنزەرنىڭ ئۆتكەندە «دادامنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆلتۈرۈۋەتكەن»، «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ بالىسى بولغاچقا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشقان گۈلبانۇم ئەنزەرنى تولۇقراق چۈشىنىشنى، ئۆتمۈشىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. مانا ئەمدى بۈگۈنكى ساياھەت ئەپلىك پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇراتتى.

— ئەنزەر، — گۈلبانۇم نېمە ئۈچۈندۇر «ئاكا» دېيىشنى خالىمىدى، — ئۆتكەندە «دادامنى ئىنقىلابتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن» دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز، زادى نېمە بولۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن؟

ئەنزەر قولىدىكى ئىچىملىك قۇتىسىنى گېزىتكە قويۇپ، دەرمەھەل بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، بەزى جەريانلارنى ئېنىقراق دېگەندە گۈلبانۇمنىڭ زېنىغا تېگىپ، رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئىنچىكە تەرەپلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىقلارنى ئىلاجى بار يېپىقراق ھالدا سۆزلەشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— بۇنى سوراپ قالدىڭىز، نېمە دېسەم بولار؟ — ئەنزەر گويا يىراقتىن مۇڭلۇق بىلەن ئاڭلىنىۋاتقان كاككۇك ئاۋازىنى تىڭشاۋاتقاندەك جىمىپ قالدى، — بوپتۇ، يادىمدا بارلىرىنى سۆزلەپ بېرەي...

*     *

... «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ زىيالىيلار تالاپەت تارتىۋاتقان يىللىرى ئەنزەر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. دادىسى مەخەت ئەپەندى بولسا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ، يۇقىرى يىللىق سىنىپلارغا خىمىيە دەرسى بېرەتتى ھەم خىمىيە تەجرىبىخانىسىنى باشقۇراتتى. مەخەت ئەپەندى ئىلىم نوپۇزلۇقى دېگەن سەۋەب بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەشكە تارتىلىۋاتقان بىر كۈنى ئەنزەرنىڭ ئاچىسى نۇرئامىنەم سوتقا چاقىرتىلدى. نۇرئامىنەمنىڭ يولدىشى تاشمەمەت جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىدە پەيجاڭ دەرىجىلىك كادىر ئىدى. ئۇ قېيىنئاتىسى مەخەت ئەپەندى تارتىپ چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ، خۇددى سۆيۈملۈك ئايالى نۇرئامىنەم، بىر ياشلىق ئوماق قىزى ساباھەت ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم ئېلىپ باقمىدى. مانا ئەمدىلىكتە قېيىنئاتىسىدىن چەك ـ چېگرانى ئايرىش ئۈچۈن سوتقا ئاجرىشىش ئەرزى سۇنغانىدى. نۇرئامىنەم: «بىر ياشلىق قىزىمىزنى ئويلاڭ، ئۇنى يېتىملىك كوچىسىغا تاشلىماڭ...» دەپ قانچە يېلىنغان بولسىمۇ، يۈرىكى تاشتىن يارالغان تاشمەمەت دېگىنىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

نۇرئامىنەم بىلەن تاشمەمەت ئاجرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەخەت ئەپەندى قويۇپ بېرىلدى. چۈنكى، بىر يىلدەك ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئاممىغا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچى لۇشيەنى» بولۇپ خۇلاسىلەندى...

ئەركىنلىككە چىققان مەخەت ئەپەندى قىزى نۇرئامىنەمنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا تاقەت قىلالماي

بىر كۈنى تاشمەمەتنى ئىزدەپ ئىدارىسىگە باردى. لېكىن، سۆيۈملۈك ئايالى، ئوماق قىزىدىن ئەمەل خۇمارى ئۈستۈن كەلگەن تاشمەمەت: «ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ئىكەنلىكى، گېنېرال بولۇشنى ئويلىمايدىغان ئەسكەرنىڭ ياخشى ئەسكەر ئەمەسلىكى، بۇ يولدا ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ قۇربان قىلىدىغانلىقى...» ھەققىدە بىر ھازا كاسىلدىدى.

— مەن بىر ھەربىي ئىكەنمەن، سىياسىي جەھەتتىن پاك، ساغلام بولۇشۇم كېرەك، — دېدى تاشمەمەت ئىشخانىسىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، — تارىخى ناپاك، سىنىپىي كۆرەش ئوبيېكتى بولغان ئائىلە بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقبال ـ ئارزۇلىرىمنى بوغۇپ قويۇشىنى خالىمايمەن.

ئەمەل يولىدا ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان پەسكەش تاشمەمەتكە غەزىپى تاشقان مەخەت ئەپەندى ئۇنى ئاياپ ئولتۇرمىدى:

— ۋۇي مۇناپىق كاززاپ، قىزىمنىڭ ئارقىسىغا يىللاپ كىرىۋېلىپ، كۆرمىنىڭ قەسەملەرنى ئىچىپ، كۆرسەتمەكچى بولغان ئەھدە ـ ۋاپالىرىڭ شۇمۇ؟ مانا مەنمۇ ئاقلىنىپ چىقتىمغۇ. سەن ئىبلىسنى خۇدا كەچۈرمەيدۇ. خارۇزار بولۇپ ئۆلۈكۈڭ كوچىدا قالىدۇ.

— ھەي قېرى، ئاقلاندىم دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە، — تاشمەمەتنىڭ سۇپ ـ سۇر تەلەتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى، — ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق.

ئۇزاق ئۆتمەيلا تەرەپباز تەشكىلاتلار قۇرۇلۇپ ئەلەم كۆرىشى باشلاندى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ھەرخىل قوراللار بىلەن قوراللىنىپ يەرلىك بومبا، گىرانات، پارتلاتقۇچ مىنا ياساشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر كۈنى بىلىكىگە قىزىل پەتتە باغلانغان بىر توپ تەلۋىلەر «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ مەخەت ئەپەندىنىڭ خىمىيە تەجرىبىخانىسىغا

باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ مەخەت ئەپەندىنى باغلاپ تۇتۇپ كېتىپ، ئۇنى: «بومبا، گىرانات ياساپ بېرىسەن...» دەپ قىستاشتى. مەخەت ئەپەندى: «بۇنداق نەرسىلەرنى ياساشنى بىلمەيمەن» دېگەن سۆزدە ئاخىرىغىچە چىڭ تۇردى.

— قەشقەر تەۋەسىدە سەندەك خىمىيەچى يوق. بىلمەيمەن دېگىنىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بىر كۆزى قارىغۇ ئىسيانچى.

— بىلمەيمەن دېدىم بىلمەيمەن.

تېررورچى دېگەن جىنايەت بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇش ئازابىدا تاياق زەربىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن مەخەت ئەپەندى يىگىرمە ئىككى كۈن بولغاندا قويۇپ بېرىلدى. ئۇ ئەلەڭ ـ سەلەڭ ماڭغىنىچە مەكتەپكە كەلدى. ئەمما، خىمىيە تەجرىبىخانىسىنى كۆرگەن مەخەت ئەپەندى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، تەجرىبىخانا خارابىلىككە ئايلانغان بولۇپ، تەجرىبە سايمانلىرى چېقىلىپ، چوڭ ئەينەك ۋارونكىلاردىكى تەجرىبىگە ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل دورىلار بۇلانغانىدى.

مەخەت ئەپەندى ئۈچ يىلدەك قان تۈكۈرۈپ ئۆيىدە دەم ئالدى. بۇ چاغلار ھەممىلا يەرنى ئەلەم كۈرىشى قاپلىغاچقا ئوقۇشمۇ توختىغانىدى. ئەمما، 1969 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئەلەم كۈرىشى ئاياغلىشىپ، قورallar يىغىۋېلىندى، ئارقىدىنلا تەرەپباز تەشكىلاتلار تارقىتىۋېتىلدى. لېكىن، ئىنقىلابنىڭ «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» باسقۇچى باشلىنىش بىلەن بارلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ ۋە ئالىي مەكتەپلەر، ئىدارە ـ جەمئىيەت، دوختۇرخانا ۋە زاۋۇت ـ كارخانىلارغا «كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى»، «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى»، «ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتى» قاتارلىق خىزمەت گۇرۇپپىلىرى

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتى. ئەنزەر ئوقۇۋاتقان مەكتەپكە «ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتى»دىكىلەر خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ باشلىقى مەخەت ئەپەندىنىڭ سابىق كۈيئوغلى تاشمەمەت ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ مەخەت ئەپەندى ئۈچىنچى قېتىم تۇتۇپ كېلىشتى. ئۇنى كۆرەش مەيدانىغا باغلاپ ئەكىرگەندە تاشمەمەت رەھبەرلىك سالاھىيىتى بىلەن ئەڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ سابىق قېيىنئاتىسىنىڭ بىر چاغلاردىكى: «ۋۇي كاززاپ مۇناپىق، سەن ئىبلىسنى خۇدا كەچۈرمەيدۇ... خارۇزار بولۇپ ئۆلۈكۈڭ كوچىدا قالىدۇ...» دېگەن ئاچچىق تىلىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەسلەنچۈكتەك بەترەڭ چىرايىدىن رەھىم ــ شەپقەتنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەتتا مەخەت ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە بىرنەچچە يىل «ئاتا» بولغانلىقىمۇ يۈز ــ خاتىرىسىنى قىلىدىغاندەك ئەلپازدا ئەمەس ئىدى. گەرچە مەخەت ئەپەندىنىڭ خىمىيە تەجرىبىخانىسىدىكى ھەرخىل دورىلارنىڭ كىملەر تەرىپىدىن بۇلانغانلىقى تاشمەمەتكە بەش قولدەك ئايان بولسىمۇ، ئۇ قەستەن «قايسى قوراللىق ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنى قانچىلىك پارتلاتقۇچ دورا بىلەن تەمىنلىدىڭ؟» دېگەن سوئالغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ مەخەت ئەپەندىنى ھەپتىدەك قىيىن ــ قىستاققا ئالدى. ئەزەلدىنلا قان تۆكۈرۈپ ئەلەڭ ــ سەلەڭ يۈرگەن بۇ ئادەم كۈنلەپ كۆرەشكە تارتىلىش، ئاچ ــ توق قېلىش، كېچىلىرى ئارام ئالماي مەسىلىسىنى يېزىش، تەن جازاسىغا ئۇچراش ئارقىلىق، توققۇزىنچى كۈنى كېچىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانچە قايتا ھوشىغا كېلەلمىدى... ئەمما تاشمەمەت قانداقتۇر بىر ماتېرىيالغا ئۇنىڭ بارمىقىنى باستۇرۇۋالدى. بۇ ئويدۇرۇلغان قورقۇنچلۇق جىنايى پاكىت مۇنداق مەزمۇندا ئىدى:

«ئاخۇنوف رەھبەرلىكىدىكى مىجىت سىلىڭنىڭ قورالىق

ئەكسىيەتچى تەشكىلاتىنى① خىمىيىلىك پارتلاتقۇچ دورا بىلەن تەمىنلىگەن...»

ئەتىسى سەھەردە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان كىچىككىنە جەسەتنى ئون ئالتە ياشلىق ئەنزەر ھاپاش قىلغىنىچە ئۆيىگە ئەكەتتى...

... كىچىك چۇقۇر ئورمانلىقىدا ئادەمزاتى يوقتەك جىمىپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئورماننى چاڭ كەلتۈرۈپ سايراۋاتقان بۇلبۇل، كاككۇك، ئىلى تورغايلىرىمۇ بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنى ئاڭلاپ كۆز - ياش تۆكۈۋاتقاندەك ئۈنى ئۆچكەنىدى. دەمئۇدەم ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان گۈلبانۇم ئەنزەرنىڭ نەلەرگىدۇر قادىلىپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياشلارنى كۆردى. پەقەت ئىلى دەرياسىلا غەزەپلىك نەرە تارتىپ شاۋقۇنلايتتى...

— دادامنى يەرلىكىگە قويۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، — دېدى ئەنزەر يۇزلىرىدىكى ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەي، — ئاچام نۇرئامىنەم ئۆزىنى تۇمەن دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

— نېمە؟! — گۈلبانۇم چۆچۈپ كەتتى، — نېمىشقا ئەمدى؟ ئاشۇ ۋاپاسىز تاشمەمەت ئۇچۇنمۇ؟

— ئۇ ئەل - مەھەللە، ئانام ئالدىدا نومۇسقا چىدىمىدى، چۈنكى ئاچام، ئاتا - ئانامنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي تەگكەن ئېرى تاشمەمەت دادامنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە كەلگۈلۈك بۇ؟... — گۈلبانۇمنىڭ ئەقلى لال بولدى، — ئارقا - ئارقىدىن ھە؟!

— دادام رەھمەتلىك بىر تال قىز دەپ ئاچامغا بەك ئامراق ئىدى، — ئەنزەرنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغانىدى، — ئۇنى يېنىغا ئەكەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قوشنا... قاراڭ ئۇچ - تۆت كۈن ئىچىدىلا ئائىلىمىزدىن ئىككى كىشى بىزنى

① بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات چەت ئەلگە قوراللىق قاچقاندا چېگرادا باستۇرۇلغان.

تاشلاپ كېتىشتى.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنىڭ يۈزلىرىدىن بىر- بىرىنى قوغلىشىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار ئېڭەكلىرىدىن سارقىپ ياقا- مەيدىلىرىگە تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئەنزەرنىڭ يۈرەك جاراھەتلىرىنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلمىغان باغرى يۇمشاق گۈلبانۇم قول ياغلىقى بىلەن يىگىتنىڭ يۈزلىرىنى سۈرتۈۋاتقاندا، ئەنزەرمۇ قىزنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىكى لىپمۇلىپ ياشلارنى سۈرتۈۋاتاتتى.

— ئاچىڭىز نۇرئامىنەمنىڭ قىزى ھازىر نەدە؟ ياكى دادىسى ئەكەتتىمۇ؟ — گۈلبانۇم يېتىم قىزنىڭ تەقدىرىگە قىزىقىپ قالغانىدى، — مېنىڭ ئۇنى بىر كۆرگۈم بار.

— ئۆتكەندە مەن سىزگە بىر سىڭلىم بار دېمىگەنمىدىم، ئۇ ئاچامنىڭ قىزى، ئىسمى ساباھەت، — ئەنزەر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — قولۇمدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ بولغاندا سىزنى ئاپىرىپ كۆرستىپ كېلەي، ئاچامنىڭ ئۆزىلا.

— ھېلىقى ۋاپاسىز تاشمەمەت دېگەنچۇ؟

— ئۇ... ئۇ ھازىر قەشقەردە بولسا كېرەك... — ئەنزەر بۇ ھەقتە سۆزلىشىشتىن قاچقانىدەك، دەرھاللا تېمىنى يۆتكىدى، — گۈلبانۇم، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام خاپا بولارسىزمۇ؟

— سوراڭ، سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمەن.

— پەزىلەتبۇۋى ئاچامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئاپىڭىز قەشقەرلىككە بەك ئۆچ ئوخشىمامدۇ؟

گۈلبانۇمنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى ئەنسىرىتىپ تۇرغىنىمۇ ھەم ئەندىشە ئىسكەنجىسىدە قىسىپ ئازابلاۋاتقىنىمۇ نەق مۇشۇ سوئال ئىدى. بۇ ئىشنى ئۆز يولى بىلەن سۆزلىسە، ئەنزەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا ئاپىرىپ تاشلايتتى. سۆزلىمىسە ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىتنى گۇمانغا سېلىپ قوياتتى،

شۇنداقتىمۇ ئېيتماي بولمايتتى.

— ئەنزەر، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن، — گۈلبانۇمنىڭ ئىختىيارسىز بېشى مەيدىسىگە ئېگىلدى، — مېنىڭ دادام ئاپامنى يەتتە بالا بىلەن قويۇۋەتكەن. بۇنىڭغا بىر قەشقەرلىك ئايال سەۋەب بولغان. ئۇ ئايال ئاپامنىڭ ئاھ-زارىغا، بالىلىرىدىن ئايرىلىشتەك نادامەتلىرىنىڭ ۋابالىغا قالماي دېگەنمۇ، دادامدىن ئاجرىشىپ قەشقەرگە كەتتى. بىراق، دادام شۇنىڭدىن كېيىن كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن، قەشقەرلىك بولۇپ يەنە بەش خوتۇن ئالدى. كونىلار كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرلىك دەپ قارىغاچقىمۇ، ئاپام ئالتە خوتۇنىنىڭ ھەممىسىنى قەشقەرلىك دەپ قاراپ، «ئۆيۈمنى بۇزغانمۇ، يەتتە بالامنى يېتىم قىلغانمۇ قەشقەرلىك»، «بېشىمغا قارا كۈنلەرنى سېلىپ مېنى كوچىغا تاشلىغانمۇ قەشقەرلىك» دەپ قارايدۇ. مەن ئون بەش يېشىمغىچە دادامنىڭ قېشىدا تۇرغاچقا ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي ئوتتۇرا مەكتەپنى ئارانلا تۈگەتكەن.

— مۇنداق دەڭ... — ئەنزەر سوغۇق ئىچىملىك قۇتىسىغا قارىغانچە خېلىغىچە گەپ قىلمىدى. كېيىن ئاڭلىنار-ئاڭلانماس بوش ئاۋازدا: «ئۇنداقتا...» دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى.

— گەپ ئىككىمىزگە باغلىق... — گۈلبانۇم بۇ بىر ئېغىز گەپنى قانداق دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ ھۇپپىدە قىزىرىپ تەتۈر قارىۋالدى.

— رەھمەت سىزگە، گۈلبانۇم، — ئەنزەر قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — سىز ماڭا ئىشەنچ، خۇشاللىق ئاتا قىلدىڭىز... — يىگىت قىزنى تولىمۇ يۇمشاق باغرىغا باستى.

— ئەنزەر، سىز ئۆچ-تۆت كۈندە ئىشىڭىزنى تۈگەتىسىڭىز راستىلا كېتەمسىز؟ — پىچىرلىدى گۈلبانۇم، — ئۇ چاغدا بىز...

www.uyghurkitap.com

— ھەرقانچە يىراقلارغا كەتسەڭمۇ سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن، ئۈنىڭسىزمۇ سىزگە شۇنچىلىك باغلىنىپ قالدىمكى، تاقەت قىلالمايمەن.

— راستما؟

— گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز، يۈرىكىمدىن سوراڭ...

گۈلبانۇم بېشىنى يىگىتنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ خېلىغىچە ئۈنچىقمىدى. بىر چاغدىلا ئۇ لاپپىدە قايرىلىپ قارىدى.

— ئەنزەر، ئاپام تاماق ئۈستىلىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى، — قىزنىڭ يىگىتتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتاتتى، — ياساپ بېرەلەمسىز؟

— تاماق ئۈستىلىگە ئەڭ ياخشى ماتېرىيال ئۈجمە ياغىچى. تەبىئىي گۈللۈك ھەم رەڭدار چىقىدۇ، — دېدى ئەنزەر بىرەر كۈن بولسىمۇ قىزدىن ئايرىلمايدىغانلىقىغا خۇش بولۇپ، — مېنىڭ ھويلامدا تىلىنغان ئۈجمە تاختىيى بار. ئۆتكەنكى ھارۋىنى ئاچىقسىڭىز بىللە ئەكەلمەمدۇق. شۇ باھانىدە ئانام سىزنى كۆرىدۇ. سىزمۇ ساباھەت بىلەن تونۇشۇۋالىسىز.

— قاچان؟

— ئىشىك - دېرىزە قاپقاقلىرىنى بېكىتىپ، سىرلاپ بولغاندىن كېيىن بارايلى، بولامدۇ؟ ناھايىتى ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك ئىش.

قۇياش ئۇرمانلار ئارقىسىغا قىڭغىيىپ، قەدىمىي دەرەخ غوللىرى ئارىلىقلىرىدىن چۈشكەن قىيپاش شولىلار قويۇق ئورمان ئىچىنى بىنەپشەرەڭ نۇر تۇمانى بىلەن بېزىدى، چاتقاللار روجەكلىرىدىن كۆرۈنگەن دەريا سۈيى خۇددى كۆكتىن تۆكۈلگەن ئۈنچە - مەرۋايىت ئۇۋاقلىرىدەك ۋىلىلداپ كۆزنى چاقاتتى. كەلگۈسى ئاقىۋەتلەر يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ تۇرغان قەشقەر يىگىتى بىلەن تاراتچى قىزى بۈگۈنكى

ساياھەتتىن كۆڭلى مەمنۇن بولۇپ چىرايلىرىدا بەخت كۇلكىسى يېيىلىنجاپ تۇرسىمۇ، قەلبىدە دېگىلى بولمايدىغان بىر خىل غۇۋالىق ھۆكۈمران ئىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چوك يولغا چىقتى، ئاندىن ۋېلىسىپىتكە مىنىپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 4

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
سىزنىڭ كۆيمىگەن بىلەن ھوي بالا،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.
گۈلبانۇم خېنىم كۆيدۈرۈۋەتتىڭ يۈرەكنى.

ئورنىتىلغان ئىشىك، دېرىزە قاپقاقلىرىنى ئوچۇق ھاۋارەڭ سىردا سىرلاپ بولۇپ، گۈلبانۇمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئەنزەر لەمپە ئاستىدا راۋابىنى تىرىڭلاتقاچ بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. تۇيدۇرماي كىرىپ كەلگەن گۈلبانۇممۇ شەپە چىقارماي توسۇق تاختاينىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇ ئاۋاز چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.

سەگىندەيدۇ يۈرەكلەر،
بولغاچ ھويلاڭ ھاۋالىق.
سۇمبۇل چاچلىق قارا كۆز ھوي بالا،
ماڭا كۆيەر ۋاپالىق.
گۈلبانۇم خېنىم بىللە كېتىلى ئەمدى.
......
ئۆچكە بالىسى ئوغلاق،
ئوتنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارانچىدىن تۇتقان يار ھوي بالا،
كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.
گۇلبانۇم خېنىم، كاۋاپ بولدىغۇ يۇرەك...

گۇلبانۇم تاقەت قىلالماي پۇسۇقىدە كۇلۇۋەتتى. ئەنزەر چۆچۈپ قايرىلدى ـ دە، راۋابىنى قويۇپ توسۇق ئارقىسىغا قارىدى.

— ھوي بالا، — گۇلبانۇم ناخشىنى دورىدى، — كاۋاپ بولغان يۇرىكىڭىزنىڭ پۇرىقى ھويلىنى بىر ئاپتۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا، سىزنىڭ ماراپ تۇرغانلىقىڭىزنى بىلمەي قالماشىمىغان غەزەلنى توۋلاۋېرىپتىمەن، — ئەنزەر قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — قارىسام ئانىڭىز ئىدارىگە بارامدىكىن، بايا كېيىنىپ چىقىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇنۇمنى قويۇپ بېرىپتىمەن.

— تەشنا يۇرەكلەرنى قاندۇرغۇدەك مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىكەنسىز، بۇ چاغقىچە نېمىشقا شۇنداق خەقلەر ئاڭلىغۇدەك ئېيتمايسىز؟

— ئانىڭىزنىڭ راۋابنى تونۇرغا تۇتۇرۇق قىلىپ، ئارقامغا تېپىپ ھويلىدىن قوغلاپ چىقىرىشىدىن قورقۇپ، زېرىكسەم ئىچىمدە غىڭشىپ يۈردۇم، — دېدى ئەنزەر ھەزىل بىلەن، — ھويلىدىن چىقسامالا خۇددى يۇرىكىم مۇشۇ لەمپە ئاستىدا قالىدىغاندەك ئازابلىنىپ كېتىمەن.

— بولدى قىلىڭ، ئەنزەر، — گۇلبانۇمنىڭ بايىقى شادلىقى يوقىلىپ، ئۇنىمۇ بىردىنلا پەسلەپ كەتتى، — مەنمۇ بەزى ئىشلارنى ئويلىسام يۇرىكىم سۇ.

— قېنى باشقا كەلگەندە كۆرمەيمىزمۇ، — ئەنزەرنىڭ قاشلىرى يىمىرىلدى، — ئەمىسە ماڭامدۇق؟

ئۇلار تۇنۇگۈن قارادۇڭدىكى ئۆيگە بېرىپ تاختاي ئەكېلىشنى دېيىشىپ قويغاچقا، ئاخشام گۇلبانۇم پەزىلەتبۇۋىنىڭ

ھارۋىسىنى ئاچىقىپ قويغانىدى. ئۇلار دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ يولغا چىقىشتى. مەھەللىدىن چىقىپ كەتكۈچە ئەنزەر ئالدىدا، گۈلبانۇم بىرنەچچە قەدەم ئارقىدا ماڭدى. لېكىن، بىدە بازىرىدىن ئۆتۈش بىلەنلا ئۇلار پاراڭلىشىپ بىللە مېڭىشتى. بۇ تۆت كۈندىن بېرى گۈلبانۇم لەمپە ئاستىغا كۆپ كەلمىدى، چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئاپىرىپ بېرىپلا، ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئىشارە قىلىپ ئارقىغا ياندىغان بولدى. چۈنكى، گۈلسۇمخان بىرەر شەپىنى سېزىپ قالدىمۇ ياكى قىزىنىڭ ياسىنىپ - تارىنىشلىرىدىن، گەپ - سۆزلىرىدىن گۇمانلاندىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى قاپىقى يامغۇر بۇلۇتىدەك تۈتۈلۈپ، قىرىچە - يېنىچە تېگىپ يۈرەتتى. ئۈلۈشكۈن ئاخشام بىر چاغقىچە كوتۇلداپ چىقتى:

— جۇۋاينىمەك كەتكۈر پەزىلەتىۋۇي «گۈلبانۇم ئەنزەرگە راسا ماس كەلگۈدەك» دەپ تىلىنى ئۇششۇتۇۋاتامدا، تىلىغا مەرەز چىققۇر، — گۈلسۇمخان ئاچچىقىدا ئىغىر پۇشۇلدىدى، — ئەمدى ئۆتەپ - تېشىپ قىزىمنى قاشقالىققا بېرىمەنمۇ؟ ئاغزىڭنى يېپىپ، تاماقنى ئاپىرىپ بېرىپلا ئوچۇق چىراي ئاچما. ئۇ قاشقالىق بىلەن قىلمىسا بولمايدىغان قانداق پاراڭ ئىكەن ئۇ - ھە؟! ياكى ھېلىقى دىۋانە نەغمىسى بىلەن تاڭگادەك سوزۇپ ئېيتىدىغان ناخشىسىغا ئاشىق بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— جېنىم ئاپا، بولدى قىلىغىنا، بۇنىڭدىن كېيىن پاراڭلاشمىسام بولمىدىمۇ.

— مېنىڭ جېنىم تويۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەنمۇ شۇ كۈنلەردە غەلىتىلا بولۇپ قالدىڭ، ئەگەر ئۇكاڭ ئەسقەر بىلىپ قالىدىغان بولسا خۇدا ساقلىسۇن، يوغان بالا تېرىيدۇ ئۇ شۇم، مېنىڭمۇ بۇ دۇنيادا تۇرۇشۇم ھارام بولىدۇ.

گەرچە گۈلسۇمخاننىڭ بېسىمى بولۇۋاتسىمۇ، تۆت كۈندىن بېرى ئۇلار ئىككى نۆۋەت كېچىسى ئۇچرىشىپ خېلى بىر

ۋاقلارغىچە مۇڭداشتى. بۇمۇ گۈلبانۇمنىڭ يالغان ئېيتىشىدىن كەلگەن ئەپلەك پۇرسەت ئىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم «بىر دوستۇمنىڭ مەسلىھەت چېيىغا بارىمەن» دېگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم «دوستۇم زەينەپنىڭ بىر كۆڭلىكى بار ئىكەن، پىچىپ بېرىپلا يېنىپ كېلىمەن» دېدى. ئۇلارنىڭ ئوغرىلىقچە ئۇچرىشىشلىرىمۇ پەقەت گۈلسۇمخان ئانىنى ئېرىتىشنىڭ پىلانلىرىنى مەسلىھەت قىلىش ئىدى. مانا ھازىر قارادۆڭگە كېلىۋېتىپمۇ يەنىلا شۇ ئادەمنى زەردىگۈش قىلىدىغان ئىشلارنى سۆزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار قارادۆڭنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان يولىدا ھارۋىنى ئېتتىرىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىكى تار كوچىغا قايرىلىشتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قارادۆڭدە قەشقەرلىكلەر ئورۇنلاشقان بىرنەچچە كوچا بولۇپ، نامراتچىلىق، ۋەيرانچىلىق، پاسكىنىچىلىق يېغىپ تۇراتتى. ھازىر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كوچىلار، سىلىنىپ كەتكەن بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك قورۇ ـ جايلار، ھەر خىل پاسوندىكى ئۆيلەر، تال بوستانلىق، پېشايۋانلىق گۈللۈك ھويلىلار ئادەمنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى. ئەنزەر گۈلبانۇمنى باشلاپ «ھېجىرچى» مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئالدىدا بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرغان، ئۆزگىچە نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق يېشىل دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ئۆتكەندە ئەنزەرنىڭ ئېغىر كۆتەكنى شۇنچە يىراققا سۆرەپ كېلىشى، قارادۆڭنىڭ داۋان يولىدىن قانداق تارتىپ چىققانلىقى گۈلبانۇمنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ خېلىلا ھېرىپ قالغانىدى.

ھويلا كىچىكرەك بولسىمۇ، ئۇدۇلدىكى پېشايۋانلىق ئۈچ ئېغىز ئۆي، ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە تىرەك قويۇپ ياماشتۇرۇلغان تال بوستان، كوچا تېمىغا يانداپلا سېلىنغان ئامبار، چايخانىلار ئاپپاق ئاقارتىلغان بولۇپ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، ئىشىك ـ دېرىزىلەر سۇس بېغىررەڭ سىرلانغانىدى. بولۇپمۇ تال بوستاندا ئېسىلىپ

تۇرغان قارا چاراس، ئاتباغرى، كۆك ئۈزۈملەر تېخى پىشىلمىگەن بولسىمۇ هويلىغا هۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

هويلىدىكى شەپىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئۆيدىن ئېگىز گىننە، بادام يۈزلۈك، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، قىرىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قارا ئەتلەس ئىچمىدىكى تولغان بەدىنى، سوزۇلۇق ئاق يۈزى، بولۇپمۇ كۆز - قاشلىرىنىڭ چاقناپ تۇرۇشى ياشلىقىدا نۇقسانسىز بەرنا قىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قوللىرىغا قويغان قىپقىزىل خىنە قارىداپ چېچەكلەشكە باشلىغانىدى. ئايالغا سوغدىشىپلا ئون تۆت - ئون بەش ياشلاردىكى بىر قىزمۇ چىقىپ گۈلبانۇمغا كۈلۈپ قاراپ قويدى. قىزنىڭ ئىنچىكە تۇز قاشلىرى، مەرمەردەك يارقىن مەسۇم چىرايى، جىنەستىدەك كىچىك هال رەڭ لەۋلىرى، غۇبارسىز كۆزلىرىنى كۆرگەن گۈلبانۇم ئەنزەرنىڭ: «ساباھەت ئاچام نۇرئامىنەمنىڭ ئۆزىلا» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى.

— گۈلبانۇم، — ئەنزەر پېشايۋاندا سۈرلۈك قاراپ تۇرغان ئايالغا قارىدى، — مېنىڭ ئانام مۇئەتتەرخان بولىدۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، چوڭ ئاپا، — گۈلبانۇم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مۇئەتتەرخاننىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى، — تىزلىقمۇ؟ تىز - ئامان تۇردىڭىزما؟ ئۆيئىچىڭىز تىزلىقتۇ؟

— ئانا، بۇ ياق، — ئەنزەر گۈلبانۇمغا قاراپ قويدى، — مەن ئىشىنى قىلىۋاتقان غوجاينىڭ قىزى بولىدۇ. ئىسمى گۈلبانۇم. ئۇلار تاماق ئۇستىلى ياساتماقچىكەن، ئۇجمە تاختىيىغا كەلگەن.

— ئوبدان بوپتۇ، بالام، قېنى مېھماننى باشلىماسەن.

ئايال ساهىبخانىنىڭ سۈرلۈك قارىشىدىن قورققان گۈلبانۇم «رەھمەت» دېمەكچى بولدى - يۇ، ئەنزەرنىڭ شەرەت قىلىشىدىن

قورۇنۇپقىنا ئوتتۇرىدىكى مېھمانخانىغا قەدەم ئالدى. مېھمانخانا كونا ئادەت بويىچە گىلەم بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، چوڭ گۈللۈك تاۋار، دەبىنزە كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. گۈلبانۇم تامدىكى چوڭ ئايىتىلغان رەسىم رامكىسىدىكى شالاڭ چاچلىرى چارلاشقان، كۆز ھەم قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشقان سالاپەتلىك ئادەمنىڭ سۈرىتىگە كۆز تاشلىدى ـ دە، ئەنزەرگە ئوغرىلىقچە قاراپ ئالدى. بۇ ئەسنادا ساباھەت كىچىك شىرەنى يۆملىتىپ ئەكىلىپ، پاكىز گۈللۈك داستىخاننى سالدى، ئاندىن تاتلىق ـ تۈرۈملارنى تىزىپ، پەتنۇستا چاي ئەكىردى. ئۇ نازۇك قوللىرى بىلەن گۈلبانۇمنىڭ چىنىسىگە بىر كاللەك ناۋات سېلىپ قويدى.

— مەزەلەرگە بېقىڭ، ئاچا، — دېدى ساباھەت قول قوۋۇشتۇرغان ھالدا، — بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، ئاكامنىڭ نەچچە كۈننىڭياغى ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم.

گۈلبانۇم بىلەن ئەنزەر تەڭلا كۈلۈۋەتتى.

— مۇشتەك تۇرۇپ يامانلىقىنى بۇنىڭ، — ئەنزەر باش چايقىدى.

— ۋاي جېنىم، ئون بەش ياشقا كىرگەن تۇرسام، ئۇنچىلىك ئىشلارنى سېزەلمەمدىم؟ گۈلبانۇم ئاچا، سىزنىڭ تېگىڭىز نەلىك؟

— غۇلجىلىق.

ساباھەت ئەنزەرگە يالتىدە قاراپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى ھەم ئانچە ھايال بولمايلا قايتىپ كىردى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىز ئاچمىدى. جىيەن سىڭىلىسىنىڭ گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرى ئەنزەرنى گۇمانغا سېلىپ قويدى.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم چايلىرىنى ئىچىپ، چىنىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، تاختايلارنى ھارۋىغا باسقۇچە مۇئەتتەرخان چىقمىدى. بىراق، ئۇلار ھارۋىنى سۆرەپ كوچىغا چىقىشى بىلەن ئاق سېرىق، قىزىلكوس يۈزى پارقىراپ تۇرغان يىگىرمە ئىككى ـ

يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى ئۆسكىلەڭ بىر بالا يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئاكا، كەلگەنمىدىڭ؟ — بالا گۈلبانۇمغا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى.

— ئۆتكەندە مەن سىزگە ئاشخانىدا ئىشلەيدۇ، دېگەن ئىنىم شۇ، — دېدى ئەنزەر گۈلبانۇمغا قاراپ، — ئىسمى ئابدۇسەمەت.

— ياخشىمۇ سىز؟ — گۈلبانۇم كۈلۈپ باش ئەگدى.

— ياخشىمۇ سىز.

— ھە، ھاسىراپ كېتىپسەنغۇ؟ — ئەنزەر، ئابدۇسەمەتنىڭ تەرلەپ كەتكەن پېشانىلىرىگە قاراپ قويدى.

— ئۆيدە بىر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن.

گۈلبانۇم ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىنىڭ، بادام يۈزىنىڭ ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئوچۇق دەرۋازىدىن ھويلا ئىچىگە كۆز تاشلىشىغا مۇئەتتەرخان دالان ئۆيدىن چىققانچە گۈلبانۇمغا ئالايغاندەك قىلىپ قاراپ غىپپىدە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئانىسىنى مېھمانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي مېھمانخانىغا قەدەم ئالمىغانلىقى، ھەتتا «خوش» دەپ ئۇزىتىپ قويمىغانلىقىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولغان ئەنزەر بۇ ھالدىن تېخىمۇ نومۇس ئوتىدا پۇچىلاندى. ئۇلار تار كوچىدىن چىقىپ، چوڭ يولغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە گۈلبانۇم ئارقىسىغا قارىغانىدى، دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارغا قاراپ تۇرغان مۇئەتتەرخان قايرىلىپلا ھويلىغا ئۆزىنى ئالدى. بۇ سىرلىق مۇئامىلىدىن كۆڭلى سۇنغان گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كەتتى.

گۈلبانۇمنىڭ ئەنسىرىگىنى ئورۇنلۇق ئىدى. مۇئەتتەرخان دالان ئۆيگە كىردى ـ دە، سۇپىدا ئولتۇرۇپ كىمنىدۇر ئاچچىق تىللىدى. بايا ئۇ گۈلبانۇمنى كۆرۈپلا، غۇلجا تارانچىلىرىنىڭ پۇشتى دەپ ھېس قىلدى بولغاي ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. شۇڭا، ساباھەتكە: «تېگى نەلىك، گەپكە سېلىپ باققىن، قىزىم» دەپ

بۇيرۇغانىدى، يېشىغا يېتىپ قالغان بۇ قىزمۇ چاندۇرماي گەپ ئېلىپ مومىسىغا يەتكۈزدى. شۇندىلا مۇئەتتەرخان مېھماننىڭ ئالدىغىمۇ چىقمىدى، ئۇزىتىپمۇ قويمىدى. ئەگەر ئوغلى ئەنزەر يالغۇز بولغىنىدا ئىدى، كېلىشتۈرۈپ كاچىتىغا سېلىشتىن يانمايتتى.

— ساباھەت ! — ۋارقىرىدى مۇئەتتەرخان، — قېنى سەن؟

مېھمانخانىدىكى ئۈستەل، چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ساباھەت مومىسىنىڭ چۈس مىجەزىنى بىلگەچكىمۇ «مانا مەن» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كىردى.

— ھېلىقى پاخپاق «تېگىم غولجىلىق» دېدىمۇ؟

— شۇنداق، ئانا، — ساباھەت كىچىكىدىن مومىسىنى ئانا دەپ چوڭ بولغانىدى.

— ئۇلاردىن گەپ ئېلىپ باقمىدىڭمۇ؟ راستىلا چىقىشىپ قالغاندەك تۇرامدا؟

— مەن ئۇ قىزغا: «بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، ئاكامنىڭ ئېچىلىپ - يايراپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم» دېسەم ئىككىلىسى كۈلۈپ كەتتى.

— ئاكاڭ بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— ئۇ، «مۇشتەك تۇرۇپ يامانلىقىنى بۇنىڭ» دېگەندەك قىلدى.

— ھە بىلدىم، ھەممىسى ئېنىق بولدى، خەپ، ئەنزەر، خەپ، ئەنزەر.

— ئانا، بىراق ئۇ قىز شۇنداق مۇلايىم، ئوچۇق - يورۇق، ئوبدان قىز ئىكەن.

— يوقال، قانجۇق! مۇلايىم، ئوچۇق - يورۇقلۇقى قۇرۇپ كەتسۇن، — قىز ئالمان - تالمان چىقىپ كەتتى، لېكىن مۇئەتتەرخان غايىبانىسىگە ۋارقىرىغىلى تۇردى، — ئۆز زامانىسىدا سېنىڭ داداڭ دېگەن غولجىلىق تارانچىمۇ شۇنداق مۇلايىم، ئوچۇق - يورۇق، تىلى تاتلىق، مۇئامىلىسى ئىللىق،

ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان شېرىن ـ سۇخەن كازراپ ئىدى. ئۇ ئاشۇ ھىيلىلىرى بىلەن قىزىم نۇرئامىنەم ھەم بوۋاقىنىڭ بېشىنى يېگەن.

مۇئەتتەرخان غەزەپ ئاچچىقىدا ۋارقىرىغانسېرى كونا جاراھەت ئېغىزى ئېچىلىپ، كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر ئۇنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتتى. قىزى نۇرئامىنەمنىڭ بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن نادامەت زەردابلىرى ئاققان شۇ كۈنلەر، مەخەت ئەپەندىنىڭ يەرلىك قاراڭغۇ تۈرمىدە تارتقان ئازابلىرى، تاياق، تاسما، ئارغامچا سىم دەستىدىن قان ئۇيۇپ كەتكەن تېنى! قارىداپ كەتكەن جەسەت! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تاش يۈرەك تاشمەمەتنىڭ شان ـ شۆھرەت، ئەمەل ئۈچۈن كەلتۈرگەن خورلۇق ـ نادامەتلىرى ئىدى. ئادەمنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ، ئۇ نېمانچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكەن ـ ھە؟!

«مەن... مەن نۇرئامىنەم بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپتى ھالالدىن بولۇشقا قەسەم قىلىمەن! كۆزىدىن بىر تامچە ياش ئاقتۇرسام ئىت بولاي! تۈزكور بولۇپ كېتەي، بېشىمغا دوزاخ ئوتى ياقسىمۇ، بالايىبەتتەرلەر گەجگەمدىن باسسىمۇ مەڭگۈ ۋاپا رىشتىمنى ئۈزمەيمەن! ئۇنى ئاسرايمەن، قوغدايمەن، ئەبەدىلئەبەد ھىماتى بولىمەن!...»

مانا بۇ، مەخەت ئەپەندى بىلەن مۇئەتتەرخان توييغا قوشۇلمىغاندىن كېيىن تاشمەمەتنىڭ پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ، ئۆيگە ئۇسۇپ كىرگەنچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى، ئەھدە ـ ۋاپالىرى ئىدى!

تاشمەمەت ئەنە شۇنداق شېرىن تىلى، ھىيلە بىلەن يۇغۇرۇلغان يۈرىكىدىن چىققان ۋەدىلەرنى كۈرمىڭ قېتىم قىلىپ، ساددا، ئاق كۆڭۈل نۇرئامىنەمنىمۇ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى.

بىر كۈنى مۇئەتتەرخان قىزى بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ ئانىلىق نەسىھەتنى قىلدى:

— قىزىم، سىز ئەمدىلا ئون ئالتە ياشنى تۈگەتتىڭىز، ئۇ بالا بولسا غۇلجىلىق ھەم ھەربىي ئىكەن. بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، يۇرتىغا قايتىدۇ. ئۇ چاغدا سىز مۇساپىرچىلىق تارتىپ قالىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىزگە قانداق چىدايمىز؟ بولۇپمۇ دادىڭىز سىزگە بۆلەكچىلا ئامراق.

— تاشمەمەت، — پىچىرلىدى نۇرئامىنەم، — يۇرتىغا كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ غۇلجىدا تارتىشقۇدەك ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرىمۇ يوق ئىكەن...

— سىز ئىشەندىڭىزما؟

— ئۇ... ئۇ... ھەرگىز يالغان ئېيتمايدۇ... ئۇنىڭغا ئۆزۈمدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىمەن.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە نۇرئامىنەمنىڭ بۇ پاك ئىشەنچىنى تاشمەمەتنىڭ سوتتا بەرگەن جاۋابى سۇندۇردى:

— مەن كەلگۈسى ئىقبالىم، شان - شۆھرىتىم ئۈچۈن ئەكسىلئىنقىلابچى ئائىلىدىن چەك - چېگرانى ئاجرىتىمەن. چۈنكى، گېنېرال بولۇشنى ئويلىمايدىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس.

— تاشمەمەت، بەرگەن قەسەملىرىڭىزنى، ئەھدە - ۋاپالىرىڭىزنى ئۇنتۇدىڭىزمۇ؟ ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلماڭ، بىر ياشلىق قىزىمىزنى ئويلاڭ، — دېدى نۇرئامىنەم يامغۇردەك ياش تۆكۈپ.

— تىل دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق، ئادەم بالىسىنىڭ مىزانى، بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولغاندا تىل دېگەننى ئېغىز ئىچىدە قانچىلىك ئويناتسا بولىۋېرىدۇ...

بىچارە ناتىۋان قىزنىڭ ئاق كۆڭلى، ساپ قەلبى، غۇبارسىز ئىشەنچى ئاخىر بېرىپ شامۇ سەھەرلەردە، پىنھان تۈنلەردە تۆككەن كۆز ياشلىرىغا، ياش ھاياتىغا زامىن بولدى.

... مۇئەتتەرخان بۇلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟ بالىنىڭ تىرنىقى كېسىلسە ئانىنىڭ يۈرىكى تىلىنىمامدۇ؟ شۇنداق، بۇ

مېھرىبان ئانىنىڭ يۈرىكى سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا ئايلاندى. مەخەت ئەپەندى، قىزى نۇرئامىنەم ئۇنىڭ قەلب قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلدى. ئەڭ دەھشەتلىكى ئۆمۈرلۈك ۋاپادارى مەخەت ئەپەندى راسا قىيناققا ئېلىنىۋاتقان چاغلار ئىدى، سەۋر - تاقىتى چېكىگە يەتكەن مۇئەتتەرخان بىر كۈنى «ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ باشلىقى تاشمەمەتنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىردى. ئۇ قاپىقى يامان قاراۋۇللار، ئېسىقلىق تۇرغان قوراللارنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ قالمىدى.

— سىز مەخەت ئەپەندىنى نېمە گۇناھى ئۈچۈن شۇنچە قىيناققا ئالىسىز؟ — مۇئەتتەرخانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — بىلىمەن، ئۇنىڭ قىزىنىڭ كۆز يېشىغا چىدىيالماي سىزگە دەپ سالغان بىرنەچچە ئېغىز تىلى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىۋاتىسىز.

— بىز غۇلجىلىقلار كەڭ قورساق، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك خەق، ئاداۋەت دېگەننى بىلمەيمىز، تۇغرا، مەخەت مېنى: «مۇناپىق، كاززاپ، ئىبلىس، خارۇزار بولۇپ ئۆلۈكۈڭ كوچىدا قالىدۇ» دەپ تىللىغانىدى، بىراق مەن بىر ئوبدان ياشاۋاتامدىم؟ — تاشمەمەت بىردىنلا ئەسەبىيلەشتى، — مەن ساڭا دەپ قوياي، كىمنىڭ خارۇزار بولۇپ ئۆلۈشىنى ئىنقىلاب بەلگىلەيدۇ.

— بۇ گېپىڭچە ئۇنى ئۆلتۈرمىگۈچە كۆڭلۈڭ ئەمىن تاپمايدىكەن - دە، — مۇئەتتەرخانىنىڭ چوڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدى، — غۇلجىلىق سەندەك قارا نىيەت، ۋىجدانسىز، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان بولسا، شۇ خەق بار كوچىغا قارايدىغان بولسام يۈزۈم قارا بولۇپ كەتسۇن!...

ئاچچىق يۇتۇۋالغان مۇئەتتەرخان جالاقلاپ تىترەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەپتىگىچە سۇدىن باشقا نەرسە ئىچمەي يېتىپ قالدى. تاشمەمەت دېگىنىنى قىلدى، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا مەخەت ئەپەندىنىڭ

ئۆلۈكىنى ئون ئالتە ياشلىق ئەنزەر يۇدۇپ ئەكەلدى. بۇ چاغدا ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. بولسىمۇ «ئەكسىلئىنقىلابچى»نىڭ پۇشتى بولغاچقا يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئىمكان بولمىدى. شۇڭا، ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا كىردى، ئۇستىسى قازا قىلغاندىن كېيىن بىر ئاشپەز ئۇستامغا يېلىنىپ هۈنەر ئۆگەندى.

مەخەت ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئاسايىشلىق بولمىدى. «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» چوڭقۇرلىشىپ ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش، قېزىپ چىقىرىش هەرىكىتى يېزا، كەنت، كىچىك ئەترەتلەرگىچە، شەهەرلەردە مەهەللە، ئاھالە كومىتېتلارغىچە كېڭىيىپ شىددەتلىك قۇيۇنغا ئايلاندى. تاشمەمەتنىڭ ئىچكى جەهەتتىن ئىس قويۇپ بېرىشى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى مۇئەتتەرخان بىلەن ئوغۇللىرى ئەنزەر، ئابدۇسەمەتلەر بىر قانچە قېتىم تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەشكە تارتىلدى، كوچىدا سازايى قىلىندى. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن، ئىشىكىگە: «ئەكسىلئىنقىلابچى، سىنىپىي دۈشمەن قارا ئۆيى» دەپ يېزىلغان تاختاي ئېسىلدى.

بىر كۈنى ئەنزەر ئانىسى ھەم ئون ئالتە ياشلىق ئىنىسى ئابدۇسەمەتكە مۇنداق دېدى:

— ئانا، بىز قەشقەردىن كېتەيلى، ئاشۇ لەنىتى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاق بار ئىكەن، بۇ يەردە بىزگە كۈن يوق، هەرگىز چىرىغىمىز ئۆرە كۆيمەيدۇ.

— نەگە كېتىمىز، بالام؟

— غۇلجىغا، ئۇ يەردە هۈنەرۋەن ئاز ئىكەن، مەن سىلىنى گۈلدەك بېقىپ كېتەلەيمەن.

— غۇلجىغا؟! — مۇئەتتەرخاننىڭ بىردىنلا چىرايى ئۆزگەردى، — يەنە شۇ غۇلجىغىما، ئاشۇ خەقنى كۆرەر كۆزۈم يوق، بالام.

— جېنىم ئانا، ھەممە يۇرتتا ئەسكىمۇ بار، ياخشىمۇ بار.

ئويلاپ كۆرسىلە، سىلىنىڭ يۈزلىرىگە قارا سۇۋاپ كۈرەش قىلغان، رەھىم - شەپقەت قىلماي ئۇرغان ئەر - خوتۇنلارمۇ قەشقەرلىكقۇ؟!

— راست، ئانا، ئاكام توغرا دەيدۇ، — كۈرەش مەيدانىدا كۆپ تاياق يەپ كەتكەن ئابدۇسەمەت دەرھاللا ئاكىسىنىڭ تەرىپىنى ئالدى، — ئىشىكىمىزگە ئىسىلغان ئاشۇ تاختاي بار ئىكەن، كۈرەش سەھنىسىدىن چۈشەلمەيمىز. ئۇلار تېخى سىزنى...

— ھە، ئۇلار مېنى يەنە نېمە قىلماقچىكەن؟ — كۈرەش، پېپەنىڭ ۋەھشىيىتىدىن قورقۇپ كەتكەن مۇئەتتەرخان چۆچۈپ سورىدى، — دېگىنە قېنى، ئادەمنى رەللە قىلماي.

— ئۇلار... ئۇلار... سىلىنى «قوتۇر ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، ئەسكى داسنى چالدۇرۇپ سازايى قىلساق بۇ خوتۇننىڭ ھەيۋىسى چۈشىدۇ» دەيدۇ.

— نېمە، نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئاكتىپلارنىڭ ئىشخانىسى ئىشىكى ئالدىدا.

— ئانا، ئارىسالدى بولمىسىلا، — دېدى ئەنزەر جىددىيلىشىپ.

— كېتىمىز دەپلا كەتكىلى بولامدۇ، بالىلىرىم، — قوتۇر ئېشەكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مۇئەتتەرخان يۇمشاپ قالدى، — يۇرتتىن يۇرتقا كېتىش ئاسان دەپ ئويلامسىلەر؟ ئاڭلىسام، غۇلجا دېگەن يەرگە ئۆتكۈزمەسىمىش.

— مەن بۇنىڭ يولىنى قىلىپ قويدۇم، — ئەنزەر پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى.

ئەنزەرنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇغان نۇرمۇھەممەت دەيدىغان جانجىگەر ئاغىنىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى ئىلاخۇن دوپپا - تۇماق بازىرىدا يازدا دوپپىچىلىق، قىشتا تۇماقچىلىق قىلاتتى. 1963 - يىلى غۇلجىلىق شەمشىدىن دەيدىغان شوپۇر بالا قەشقەرگە يۈك تارتىش جەريانىدا ئىلاخۇن تۇماقچىنىڭ قىزى مۇبارەكخان بىلەن

تونۇشۇپ قالغانىدى. كۈنلىرىنى غورىگىل ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىلاخۇن تۇماقچى «نىكاھ غايىب» دېگەن ئەقىدە بويىچە چىرايلىق تويى قىلىپ قىزىنى غۇلجىغا يولغا سېلىپ قويىدى. شۇنىڭدىن بېرى شەمشىدىن ھەر قېتىم كەلگىنىدە مۇبارەكنى ئەكېلىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنى يوقلاپ تۇراتتى.

— توۋا قىلدىم خۇدايىم، مۇنداقمۇ غۇلجىلىقلار بار ئىكەن - ھە؟ — مۇئەتتەرخان ياقىسىنى تۇتتى، — ئاۋۇ تاشمەمەت دېگەن شاۋۇچى نەدىن تۆرىلىپ قالغان بولغىيدى؟

— ئۇنداق گۇيلار، — دېدى ئابدۇسەمەت، — ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ، ئانا.

— ئۈلۈشكۈن ئاغىنەم نۇرمۇھەممەت بىلەن كۆرۈشكىلى ئۆيىگە بارغانىدىم، — ئەنزەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شەمشىدىن قەشقەرگە ئاق ئوغۇت يۆتكەش سەۋەبىدىن يالغۇز كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى ئاڭلاپ: «سىلەر سىياسەت ئايدىڭلاشقۇچە بىرنەچچە يىل قەشقەردىن ئايرىلىپ بىر يەرگە كەتمىسەڭلار، بۇ ئىنقىلاب سىلەرگە كۈن كۆرسەتمەيدۇ» دەپ ئېيتتى، شۇڭا ئىلاخۇنكام بىلەن نۇرمۇھەممەت ئۇنىڭغا غۇلجىغا ئەكېتىشنى ئېيتقانىدى. ئۇ: «چاتاق يوق، قېيىنئانامغا قىزىنى كۆرسەتكىلى ئەكېتىۋاتىمەن، بۇلار بولسا ئايالىمنىڭ ئىنىلىرى» دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈش ئورنىدا مېنىڭ ئاغىنىلىرىم بار، دەيدۇ.

— ئانا، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئابدۇسەمەت يىغلىنىپ، — بۇ يەردە دۈككىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتمايلى.

— شەمشىدىنكامنىڭ دېيىشىچە، غۇلجىدىكى قارادۆڭ، توپا - دەڭلەردە قەشقەرلىكلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، — دېدى ئەنزەر ئىشەنچ بىلەن.

— ئۇ شوپۇر قاچان ماڭىدىكەن؟ — مۇئەتتەرخان قايىل

بولۇپ قالغانىدى.

— قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان يۈك بار ئىكەن. شۇ ھەل بولغان ھامان ماڭىدىغان ئوخشايدۇ، — ئەنزەر ئىشىنى خېلىلا پۇختا قىلغانلىقىنى قىلاتتى، — بەلكىم ئىككى - ئۈچ كۈن كېتەر.

— بوپتۇ، بالام، — كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپراققا كۆزى قىيمىغان مۇئەتتەرخان يىغلىدى، — قارا كۈنلەر ئۆچۈن يىغىپ قويغان ئازراق پۇلمۇ بار، ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلىرىمنى ساتسام، ئۇ يەردە ئۆي - ماكانلىق بولۇپ قالارمىز، ھەممە يەر خۇدانىڭ زېمىنى.

... يۈرەك زېدىسى بولۇپ كەتكەن مۇئەتتەرخان ئانا قارا كۈنلەرنى ئەسلەپ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان مۇشۇ پەيتتە، ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم بەيتۇللا ئالدىدىكى بىر ئاشپۇزۇلدا پېتىرمانتىا يەپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۈچمە تاختىيى بېسىلغان تاشكا ھارۋىنى كۆرۈنگۈدەك يەرگە قويۇپ قويغانىدى.

— ئەنزەر، مەن تويۇپ قالدىم، بەك شورپىلىق ئىكەن، — دېدى گۈلبانۇم تەخسىسىنى نېرى ئىتتىرىپ.

— ئازلا قاپتۇغۇ، غەيرەت قىلىڭ، — ئەنزەر قىزنىڭ مايلىشىپ كەتكەن قوللىرىغا قارىدى، — بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ مانتىسىنىڭ داڭقى بار، مەن پات - پاتلا ئانامغا ئالغاچ كېتىمەن.

ئۇلار سۆزلىشىپ تۇرۇشىغا ئاشخانىغا بىر جۈلدۈر كىيىمەن دىۋانە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆڭۈپ رەڭگىنى يوقاتقان مايسا رەڭ چاپىنىنىڭ قولتۇق، يەڭلىرى يىرتىلغان بولۇپ ئىسلىشىپ قارىدىغان مازلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. چاپىنىنىڭ ئىككىلا پېشىدە ماۋۇ زېدۇڭنىڭ ھەرخىل ئىمزاكلىرى، قەلەي تۇگمە، قۇتا ئېغىزلىرى، سولىياۋ گۈللەر شالدىرلاپ ئېسىلىپ تۇراتتى، چىگىشلىشىپ كەتكەن قىزغۇچ بۇجغۇر ساقاللىرى كىر بويۇنلىرىنى، قوتۇر باسقان ئېگەك - يۈزلىرىنى بېسىۋالغان بولۇپ، سەرسان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ سەۋدايى ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

بىلىنىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ تاماق ئۇستەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى يولدا قېتىپ تۇردى ـ دە، ئۇلۇغ قولىنى شارتىلا كۆتۈردى:

ــ ئالدىغا بۇرال، ئالغا قاراپ ئاتاكا، ھۇررا!... ــ سارالڭ ئۇستەللەرنى قويۇندەك ئايلىنىپ يەنە ئورنىغا كېلىپ تۇردى، ــ گېنېرال بولۇشنى ئويلىمايدىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس!...

ــ چىقىپ كەت خۇمسى، بۇ سېنىڭ ئۇرۇش مەيدانىڭ ئەمەس، ــ ۋارقىرىدى ئاش توشۇپ، ئۇستەل سۈرتۈپ يۈرگەن بالا دەسمال بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىگە ئۇرۇپ، ــ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئۇرۇش ئاپام بىلەن دادامنىڭ بېشىنى يېگەن، ۋۇ شۇملۇقنى تىلەيدىغان نىجىس.

سەۋدايى سارالڭ يۈز ـ بويۇنلىرىغا شاپىلداپ تېگمۋاتقان دەسمالغا پەرۋا قىلماي يەنە قېتىپ تۇراتتى.

ــ قېنى ئۇرۇشتا ئوردېن ـ مېدالار بىلەن شان ـ شۆھرەت قازانغان گېنېرالغا سەدىقە ـ پېتىر ئاتا قىلىڭلار...

بايا سارالڭ كىرگەندىلا چىراي تاتىرىپ كەتكەن ئەنزەر گۈلبانۇمنىڭ ئالدىدىكى ئاشقان مانتا بىلەن ئۆزىنىڭ تەخسىسىدىكى بىرنەچچە مانتىنى قوشۇپ ئۇنىڭ سولياۋ خالتىسىغا تۆكۈپ بەردى.

ــ ياخشى، مانا بۇ ئەسكەرنى پەيجاڭلىقفا كۆتۈردۈم، ــ سارالڭ قاسماق قوللىرىنى ئەنزەرنىڭ مۈرىسىگە قويغانىدى، ئۇ ئاستا چۆچۈرۈۋەتتى، ئاڭغىچە ئاشپەز ئۇستام بىلەن بىرنەچچە مۇلازىملار سارالڭنى ئىتتىرىپ سىرتقا چىقىرىۋەتتى. بىراق، ئۇنىڭ:

ــ خەپ ئەكسىلئىنقىلابچىلار، قىزىم ساباھەت سەنلەرنىڭ ئەدىپىڭلارنى بېرىدۇ، ــ دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاشپەز، مۇلازىمەتچى، خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— يورۇق، كېتەيلى، — دېدى ئەنزەر روھسىز ھالدا.
— ۋۇي نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز بىر قىسىملا بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟ — سورىدى گۈلبانۇم.
ئەنزەر جاۋاب بەرمەيلا گۈلبانۇمنى باشلاپ چىقتى ـ دە، ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېتىشتى. ئۇنى بۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەن گۈلبانۇم ھەيرانلىق ئىچىدە جىمجىت ماڭدى. ئۇلار خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۈن ـ تىنسىز مېڭىپ بېدە بازىرىدىن ئۆتكەندىلا، ئەنزەر بېشىنى كۆتۈرۈپ گۈلبانۇمغا قارىدى:
— گۈلبانۇم، سىز ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قانداق ئويغا كېلىۋاتىسىز؟ — ئانىسىنىڭ بايىقى سىرلىق ھەرىكەتلىرىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ئەنزەر بەكمۇ روھسىز ئىدى.
— مەن بۈگۈن كېچە ئاپامغا ئېيتايمىكىن دەيمەن، — ئۈمىدنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى ئەلەمزەدە بولغان گۈلبانۇم ئېغىر خورسىندى، — بەرىبىر بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدىغان گەپ.
— ھازىرچە ئېغىز ئاچماڭ.
— نېمىشقا؟
— مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن، نېمىشقا دېسىڭىز، مەن بار چاغدا ھويلىڭىزدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تۇغۇلۇشىنى خالىمايمەن. كۆز ياشلىرىڭىزنى كۆرگۈم يوق.
— ماقۇل، ئەمىسە سىزچۇ؟
— كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۈگۈن ئانام سىز توغرۇلۇق گەپ ئاچىدۇ. مەنمۇ بېشىمغا كەلگىنىنى كۆردۈم.
— نېمە، ئاپىڭىز ئۇنىماسمۇ؟ گېپىڭىزنىڭ ئۇرانى شۇنداق چىقىۋاتىدىغۇ؟
— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ، لېكىن ئانامنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، قەشقەرلىك قىزلاردىن ئېلىپ بەرگۈسى بار.
— مۇنداق دەڭ.

www.uyghurkitap.com

نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغاندى، تاختاي يېسىلغان هارۋىنى لەمپە ئاستىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن ئەنزەر ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ ماڭدى. گۈلبانۇم ئۇنى ئۇزىتىپ چوڭ كوچىغا بىللە چىقتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ ئۇزاق قارىشىپ تۇرۇشتى.

ــ گۈلبانۇم، بېشىمغا بالا تىغى ياغسىمۇ، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن.

ــ ۋاپا ـ ئەهدىم يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىدا، ئۇنى هېچكىم چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. بۇ مېنىڭ قەسىمىم!

تالاغا قارىغان دېرىزىدىن گۈلسۇمخاننىڭ قەهر ـ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان دەهشەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ گۈلبانۇم!...

ئىككى دەردمەن چۆچۈپ كەتتى ـ يۇ، ئاندىن بىر هازا تېڭىرقاپ قېلىشتى...

## 5

مېهمانخانىنىڭ گىلەم سېلىنغان سۇپىسىدا ئانا ـ بالا روبىرو ئولتۇرۇشاتتى. مۇئەتتەرخاننىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، هاسىراشتىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيگەن، چىرايلىق قاشلىرى تۈرۈلگەن بولسا، ئەنزەر گىلەم گۈللىرىگە باققىنىچە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق تىركىشىۋاتقىنىغا ئىككى سائەتتەك بولدى. ئابدۇسەمەت بىلەن ساباهەت بەلكىم شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولسا كېرەك. مۇئەتتەرخاننىڭ دېمىگەن ـ ئەتمىگىنى قالمىدى. ئۇ: «تاشمەمەتنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ياش تۆككىنىچە قىلغان قەسەم، ئەهدە ـ ۋاپالىرىنى ئىككى يىل بولماي ئۇنتۇپ، سوتتا نۇرئامىنەمگە كەلتۈرگەن هاقارەتلىرى، قىزنىڭ ئازابىغا چىدىمىغان مەخەت ئەپەندىنىڭ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ

قويغىنىغا توۋت يىل ئاداۋەت ساقلاپ، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۇچكە قارشى تۇرۇش، ھەرىكىتىدە ئۆچ ئېلىپ جېنىغا زامىن بولغانلىقى...» قاتارلىقلارنى يۇم ـ يۇم ياش تۆككەن ھالدا سۆزلەپ ئۆتتى. ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىن تامچىۋاتقان قەترىلەرنى كۆرگەن مۇئەتتەرخان بىرئاز بوشىشىپ پەسكارىغا چۈشتى.

— داداڭ بىلەن ئاچاڭنىڭ قاتىلى تاشمەمەت ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن، يوق؟

— بىلىمەن.

— ھەببەللى، مانا ئاشۇ قاتىل غۇلجىلىق، يەنە كېلىپ ھەربىي دېگىنە. تەربىيە كۆرگەن ھەربىي شۇنداق شۇملۇقنى قىلغان يەردە، باشقىلىرىدىن گەپ ئاچقىلى بولامدا؟

— جېنىم ئانا، گۈلبانۇم ئوخشىمايدۇ.

— نېمىشقا ئوخشىمايدىكەن ـ ھە؟ — مۇئەتتەرخاننىڭ غەزىپى يەنە ئۆرلىدى، — ھەممىسى ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن، تۇزىنى يېگەن، ھاۋاسىدىن نەپەسلەنگەن، بۇ گەپچە گۈلبانۇم دېگەن ئالۋاستىدىن كېچەلمەيسەن، شۇنداقمۇ؟

— كېچەلمەيمەن، — ئەنزەر تولىمۇ ئاستا شىۋىرلىغان بولسىمۇ، مۇئەتتەرخان ئېنىق ئاڭلىدى.

— يوقال سۆيدۈك پۇراپ قالغان ئېشەك، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق!

ئەنزەر ئەتىسى ئىشقا كەتتى. ئۇ جىددىي تۇتۇش قىلىپ تاماق شىرەسىنىڭ يۇمىلاق يۈزگە رەندە سېلىپ سىلىقلاۋاتقاندا، گۈلبانۇم ئەتكەنچاي بىلەن نان كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئەنزەرنىڭ ئىششىپ قالغان قاپاقلىرىغا، قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىققانلىقىنى سەزدى.

— قانداقراق ئەھۋالىڭىز؟ — گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكى ئەينەك ئۇستىدىكى سىمابتەك تىترەپ تۇراتتى.

— ياخشى، — ئەنزەر سۇسلا جاۋاب بەردى، گۈلبانۇمنىڭ «قانداق ئەھۋالىڭىز» دېگىنى «ئىشلىرىڭىز قانداقراق بولدى» دەپ

سورىغىنى ئىدى. ئەنزەرنىڭ كۆڭلىدە بىرنەچچە كۈن تىركىشىپ چۈشەندۈرسەم، ئانام ئەھىياغا كېلىپ قالار دېگەن خام تەمە بولغاچقا، ئانىسى بىلەن بولغان ئاخشامقى سۆھبەتنى دېگۈسى كەلمىدى. قىسقىسى، گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكىگە يىغىنە سانجىپ، دىلىنى خىرە قىلىشنى خالىمىدى.

— ئاخشام ئۆيگە مېھمان كېلىپ قېلىپ سۆزلىشەلمىدىم.

— ئەمىسە كۆزلىرىڭىز چۇ؟

— سىزنى خىيال قىلىپ، زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

گۈلبانۇم ھۆپپىدە قىزاردى.

— مېنىڭ ئاپامۇ ماڭا ماي تارتىپ گەپ قىلماي يۈرىدۇ. ۋاي خۇدايىم، كونىلارنىڭ كاللىسى نېمانداق قاتمالدۇر؟!

— گۈلبانۇم، سەۋر قىلىڭ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى بۇ قاتماللىق ھاياتىدىكى پاجىئە ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ قالدۇرغان تامغىسى. ئاسان ئۆچۈپ كېتەلمەيدۇ، — ئەنزەر ئىشىنى داۋام ئەتكەچ سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئويلاپ كۆرۈڭ، سىزنىڭ ئاپىڭىزمۇ، مېنىڭ ئاناممۇ ئوخشاشلا ئوتتۇز تۆت ـ ئوتتۇز بەش يېشىدا تۇل قالغان. «ئايال كىشى دېگەن بىرەر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغىنىدا ئۇلارنىڭ يۈرىكى پۈتۈن، كۆڭلى توق بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمەن. شۇڭا، كونىلار تۇل خوتۇن ئوتى ئۆچكەن ئوچاق دەپ بىكار ئېيتمىغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۆزلىرىنى ئەنە شۇنداق بەختتىن مەھرۇم قىلغانلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ ھەم كەچۈرەلمەيدۇ.

ئەنزەر شۇ كۈنى كېچىدە ئانىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ يەنىلا كۆڭلى تىنغۇدەك جاۋاب ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ ئەتىگەندە ئىشقا كېتىپ تاماق شىرەسىنى پۈتكۈزدى ـ دە، قايتماقچى بولدى. گۈلبانۇم ھۈنەر ھەققى تەڭلىگەندى، ئۇ «يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، لازىم بولغاندا ئىشلىتەرمىز» دەپلا ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ چوڭ يولغا چىقتى.

— ئەنزەر، ئەمدى بىز قانداق كۆرۈشەرمىز؟ — دېدى قىز ئۈمىدسىز هالدا، — مېنى ئىزدەپ كەلسىڭىز يولنىڭ چېتىدىكى بوتكىنىڭ ئارقىسىدا ساقلاڭ، لېكىن ۋېلىسىپىتىڭىزنى بوتكىنىڭ ئالدىغا قويۇڭ، مەن ئۇنىڭدىن سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى بىلەلەيمەن.

— بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، مەن ماشىنىچىخانىغا باراي.

— بەك ياخشى بولدى.

ئەنزەر ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يۈرۈپ كەتتى. گۈلبانۇم بولسا بىر دىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئۈنسىز يىغلىۋەتتى. يولنىڭ يىراق ئىزناسىدا غايىب بولغان سىيماغا تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈلبانۇمنىڭ يۈزلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن قوغلىشىپ چۈشۈۋاتقان ياشلار ئېڭەكلىرىدىن تامچىلىماقتا ئىدى.

گۈلبانۇمنىڭ هەسرەتلىك مەسۇم چىرايى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىگەن ئەنزەر ۋېلىسىپىتىنىڭ پېدالىنى زەرب بىلەن ئايلاندۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىنى خۇددى پارقىراق قوڭغۇزدەك كىچىككىنە بىر نۇر يورۇتۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ بولسىمۇ ئوبلاستتىن ئۇيۇشتۇرغان ئاهالە كومىتېت مۇدىرلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن چۆچەككە كەتكەن نېغمەت ئاكا بولۇپ، ئۇ قارادۆڭ ئاهالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇ قىرىق سەككىز ياشلاردا بولۇپ، مۇئەتتەرخاندىن ئۈچ ياش ئەتراپىدا چوڭ بولسىمۇ، ئانىسى ئۇنى قەۋەتلا هۆرمەتلەيتتى. ئۇلار دەسلەپتە قەشقەردىن كېلىپ شەخسلەرنىڭ ئۆيىدە ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان چېغىدا نېغمەت ئاكا هازىرقى قورۇنى قەرزگە بوغۇلغان بىر قىمارۋازدىن ئەرزانلا ئېلىپ بەرگەنىدى. كېيىن، ئۆيلەرنى قايتىدىن سېلىش ئىشلىرىدا خۇمدانىدىكى ئاغىنىلىرى ئارقىلىق بىر تال خىشنى ئىككى - ئۈچ تىيىن ئەرزان ئېلىپ بېرىشتىن سىرت، ئۆرۈلگەن ئىمارەتلەرنىڭ خىشلىرىنى بىكارغا يىغىۋېلىشنى سۆزلىشىپ بەردى. ئەنزەر،

ئابدۇسەمەت، ساباھەتلەر بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا خىشلارنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ياغاچ ـ تاشلارغا يۆلىنى تىجەپ قالدى. ھەتتا مەھەللىدىكى بالىلارنى يىغىپ: «بۇ قېتىم ئەمگەك ئىدارىسىدىن سان كەلسە سىلەرنى ئىشقا تونۇشتۇرۇپ بېرىمەن» دېيىش ئارقىلىق، ئۆينىڭ تامچىلىق، سۇۋاقچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈردى. مۇئەتتەرخان ئۆلارغا پەقەت چۈشلۈك تامىقىنى ئوبدان قىلىپ بېرىپ، كەچتە ھاردۇق ئېشى ئېتىپ ئۈزىتاتتى. نېغمەت ئاكىنى ماختىمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ ھەممىگە يېتىشلىك بولۇپ، قىش ـ قىرووۋ، يامغۇر ـ يېشىنلىق كۈنلەردە ئاھالە كومىتېتىدىكى ئەر ـ ئايال كادىرلارنى باشلاپ قارىغۇچىسى يوق، ئاجىز، مېيىپ، نامرات ئائىلىلەرنى يوقلايتتى، كەم ـ كوتىلىرىنى قىلىپ بېرەتتى. يۇقىرىدىن ياردەم پۇلى چۈشكەن ھامان ئوتۇن، كۆمۈر، مەش، كىگىز ـ كېچەكلەر بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلاتتى. بىراق، بۇنداق ياخشى ئادەملەرنىڭ تەلىيى تەتۈر كېلەمدۇ نېمە، بۇلتۇر ئايالى «قىلتاماق» كېسىلى بىلەن قازا قىلدى. ئۇنىڭ چوڭ قىزى ئاقسۇغا، كىچىك قىزى «ھاجى بولۇس» مەھەللىسىگە ياتلىق بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ كېلەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ تەنھالىق دەردىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، كۈنلىرىنى خىزمەت بىلەنلا ئۆتكۈزەتتى. نېغمەت ئاكا ئېگىز، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا كاپكازچە قىسقا بۇرۇتى يارىشىپ، ئۇنى ئون ياش ياشارتىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇش چاقچاق، تۈز كۆڭۈل، مەردلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

— ھاي مۇئەتتەرخان، مۇنۇ سورتلۇق ئۈزۈملەرنىڭ كۆتىكى. بالىلار نەق مەشەگە يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولىسۇن. مەن ئۆزۈم كۆمۈپ بېرىمەن.

— ھاي مۇئەتتەرخان، ھۆسن تۈزەپ قىز بالىغىلا ئوخشاپ

قاپسىز. ھا ـ ھا ـ ھا... كونا دەڭدە يىگىرمە تال چەڭزە بار ئىدى، بالىلار بىرىپ ئەكىلىۋالسۇن، بىر سەھرالىقتىن ئەرزانلا ئېلىۋالدىم... باراڭسىز تال ئەرسىز چوكانغا ئوخشايدۇ جۇمۇڭ. ئۇنداق دېسەم سىزگە دەز كېتىپ يۈرمىسۇن يەنە.

«مۇشۇ كۈنلەردە نېغمەت ئاكام بولسىچۇ، كاشكى، — ئويلىدى ئەنزەر ئۆي ئالدىغا كەلگەندە، — ئانام ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى.»

كۆڭلىدە كىچىككىنە ئۈمىد چىرىغى يېنىپ تۇرغان ئەنزەر كەچلىك تاماقتىن كېيىن: «ئۆزلىرىگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى» دەپ ئانىسىنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى.

ئەنزەر گېپىنى نەدىن باشلاشنى، نېمە دېيىشنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى. ئۇ ھەرقانداق يۇرتتا ياخشى ـ يامانلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزىنى يىراقلاردىن ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى پۇل خەجلەتمەي قەشقەردىن يۆتكەپ كەلگەن شەمشىدىننىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى ماختىدى. ئاندىن ئۆز مەھەللىسىدىكى غۇلجىلىق قوشنىلىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، نېغمەت مۇدىرنىڭ ئىسمىنى چىقىرىش بىلەن مۇئەتتەرخاننىڭ يۈزى قەشقەر ئانىرىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— جېنىم ئانا، ئۆزلىرىمۇ «ئەگەر نېغمەت بولمىسا بۇنچىلىك روزغارغا، خاتىرجەملىك كۈنلەرگە ئېرىشەلمەيتتۇق» دەيتتىلىغۇ، بولۇپمۇ نوپۇس، ئاشلىق رەسمىيەتلىرىمىزنى ھەل قىلىشقا ئاشۇ ئادەم قانچىلىك جاپا تارتمىدى؟

— نېغمەت دېگەننىڭ ئەسلىي تېگى يەكەنلىك ئىكەن، — نېغمەتنىڭ گېپى چىقىش بىلەن گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان مۇئەتتەرخان قەستەن تەتۈرلۈك قىلدى.

— ئانا، ئۇ دېگەن غۇلجىلىق تارانچى ئەۋلادى تۇرسا.

— نېمە، سەن ئۇنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ئۆتكەن ئەتىيازدا ھويلىمىزغا بىر تۈپ گىلاس كۆچىتى تىكىپ بەرگەندە، سىلى: «تارانچى، تارانچى دېسە ئايدىن چۈشكەن ئادەممىكىن دېسەم، ناھايىتى شۇ ‹بۇغدايچى› دېگەن گەپ ئىكەنغۇ» دېۋىدىلە، ئۇ: «توغرا دەيسىز، تارانچى دېگەن ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرسى، غۇلجىنىڭ ئەسلىي يەرلىك تارانچىلىرى، يەنە بىرسى، چېلەك تارانچىلىرى، ئۈچىنچىسى بولسا، نوزۇگۇم ۋاقتىدا قەشقەر، يەكەنلەردىن يۆتكىگەن جەنۇبىي شىنجاڭ تارانچىلىرى. مانا مەن چېلەك تارانچىلىرىنىڭ پۇشتى بولىمەن» دېمىدىمۇ؟

— نېمىلا دېگەنبىلەن غۇلجىلىق ئەمەس - دە، — ئەنزەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇئەتتەرخان يەنە تەتۈرلۈك قىلدى، — ۋۇي، گەپ قىلمىسام تېنەپ قالغان ۋىتۇلداقتەك سايراپلا كەتتىڭا. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دەپ، ماڭا ئېزىپ ئىچۈرۈپ، يەنە شۇ گۈلبانۇم دېگەن شەپشەكنىڭ گېپىنى قىلماقچىمۇ سەن؟ خام خىيال قىلما، مەن ئاللىبۇرۇن «غۇلجىلىق بار كوچىغا قارىسام يۈزۈم قارا بولسۇن» دەپ قەسەم قىلغان.

— ئانا، گۈلبانۇم ئۇ...

— بولدى بەس، — مۇئەتتەرخان شاپىدە ئورنىدىن تۇردى، — ئەگەر ئاشۇ رەسۋانى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالساڭ، مانا مۇشۇ تۇرقىدا تەرىتىم بىلەن تۇرۇپتىمەن، بىر كېچە بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەس. مەن ئەتىدىن باشلاپ سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭلاشنىڭ كويىغا كىرمىسەم بولمىدى.

ئەنزەر: «بىر كېچە بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دېگەن ئېغىر بازغان ئاستىدا ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئىسلام ئەخلاقى مىزانىدا سەل قاراشقا تېگىشلىك ئادەتتىكى سۆز ئەمەس ئىدى. ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەممىگە ئايان! ئۇ پەرزەنتىنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تەۋەللۇت قىلىدۇ. شۇڭا، دانالار: «ئانىنىڭ سوغۇق

بۆشۇكنى قۇچاقلاپ بىر كېچە بەرگەن ئاق سۈتى ئۈچۈن، پەرزەنت ئۇنى هاياش قىلىپ مەككىگە يەتتە قېتىم ئاپارماق كېرەك» دەپ بىز ئەۋلادلارغا بېشارەت بەرگەن. ھەتتا رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: «ئانا ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە بىسوراق چىقىش جايىز ئەمەس، بۇ مۇقەررەركى ئانىنىڭ بېشىغا دەسسىگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر» دېيىلگەنىكەن.

ئەنزەر ئۈچ كۈندەك ھېچ يەرگە بارماي، پۇرسەت تاپسىلا ئانىسى بىلەن سۆزلەشتى. ئۇنىڭ گۈلبانۇمغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈمىدى بار ئىدى. بىراق، مۇئەتتەرخان تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ: «بىر كېچە بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دېگەن سۆزىدىن ھەرگىز يانمىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئانىنىڭ بۇ بىر ئېغىز سۆزى مۇسۇلمانلىق پاك ئېتىقادى بىلەن دىلىنى يورۇتۇپ، دىيانەت بىلەن كېلىۋاتقان ئەنزەر ئۈچۈن مىسلى پاتمان ئومۇتتەك زەربە بولدى. بىراق، ئۇ گۈلبانۇمدىن ھەرگىز كېچەلمەيتتى. قايسىدۇر بىر دانا: «ھەرقانداق ئادەمنىڭ روھىدا: ئاتا ـ ئانىغا، ئېتىقادقا، غايىگە، يېقىن دوستىغا ۋە مۇھەببەتكە بولغان ھېسسىيات تۈۋرۈكلىرى بولىدۇ...» دېگەنىكەن. ئەلۋەتتە، ئاتا ـ ئانىغا بولغان مۇھەببەت قانداشلىقتا تالىق مۇھەببەتتۇر. ئېتىقادقا بولغىنى ئاللاغا سىغىنىش مۇھەببىتىدۇر. غايىگە بولغىنى ئىقبال ـ ئارزۇلىرىغا يېتىش يولىدىكى مۇھەببەتلىكى مۇقەررەر. يېقىن دوستىغا بولغان مۇھەببىتى بولسا مېھىر ـ شەپقەت، سەمىمىي ـ سادىقلىقتا تالىق مۇھەببەتلىكى ئېنىق. ئەمدى مۇھەببەتكە تالىق ھېسسىيات بولسا يۈرەككە تالىق مۇھەببەتتۇر. شۇنىڭغا سەمىمىيلىك بىلەن ئىقراردۇرمىزكى، يۈرەك: گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار، شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلار، يۈكسەك سۆيگۈ شەربەتلىرى، ئۇلۇغ ئېتىقاد مىزانلىرى، روھىي مۇھەببەت ئازابلىرى بايلىقى ساقلانغان تەن قەسرىدىكى خەزىنىدۇر. بىرەر كىمگە ئىشق سەۋدايى چۈشكەنىكەن، بۇمۇ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدۇر. ئۇنداق ئىكەن، ئەنزەر يەنە نېمە ئۈچۈن

كۆڭلىگە نۇر ئاتا قىلغان سۆيگۈسىدىن كېچىدىكەن؟! ياق، بۇ ھەقتە ئۇ قانچىلىك تىل - ئاھانەت، دىشۋارچىلىقلارغا يولۇقسۇن، ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ئەنزەرنىڭ دىمىقى زىڭگىدە ئېچىشىپ، مۇلايىم كۆزلىرىگە ياش يۇگۈردى. تۇنجى قېتىم ئۆز يۈرىكىدە ئۆستۈرۈلگەن مۇھەببەت بىخىنى بىراۋلار يۇلۇۋېتىش ئالدىدا تۇرغاندا، نېمە ئۈچۈن تەندىن بىرنەچچە تامچە مۇھەببەت شىرنىسى چىقمىسۇن؟!

ئەنزەر كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ خامۇش ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ناشتىمۇ قىلماي سولغۇن ھالدا ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. خەنزۇ بازىرىدىن ئۆتۈپ توغراكۆۋرۈككە كەلدى. ئۇ يەردىن ئۇدۇللاپ ستالىن كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقى سۇۋادان تېرەكلىك يولدىن ئۇدۇللاپ، تاتار مەكتىپى قېشىدىكى ماشىنىچىخانا ئالدىدا ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى. چوڭ پەردىلىك دېرىزىدىن ئەنزەرنى كۆرگەن گۈلبانۇم بىرئاز ھايال بولغاندىن كېيىن، ھاۋا رەڭ ھىلھىلە ياغلىقىنى ئارتىپ چىقتى.

— ياخشىمۇسىز ئەنزەر؟ بىرنەچچە كۈندىن بېرى يوقىلىپلا كەتتىڭىز، — دېدى گۈلبانۇم يىغلامسىراپ، — يولىڭىزغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى.

ئۇلار ستالىن كوچىسىدىكى كىچىك ئاشخانىدا تاماق يەپ چىققۇچە چۈشمۇ بولۇپ قالغانىدى.

— يۈرۈڭ، ۋاڭ قادىر بېغىغا بارايلى، — گۈلبانۇم ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا قونۇشىغا، ئەنزەر پېدالنى تەپتى. باغ بۇ يەردىن كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇڭا، بىردەمدىلا يېتىپ باردى. ئۇلار ئاكاتسىيە ئورمانلىقى ئىچىگە ئورنىتىلغان يېشىل شادا ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. گۈلبانۇم يىگىتنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاشقا شۇنچە تەقەززا ئىدى. بىراق، ئەنزەرنىڭ ھەسرەت زەرلىرى ئۇچقۇنلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ نەلەرگىدۇر تىكىلىپ

ئۇزاقچە ئىغىز ئاچمىدى. تاقىتى تاق بولغان گۈلبانۇم تۇيۇقسىزلا ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى.

— تۇرقىڭىزدىن ئەھۋالنى چۈشەندىم، — دېدى گۈلبانۇم يېشىنى سۈرتۈپ، — شۇنداقتىمۇ نېمە بولغانلىقىنى دېسىڭىزچۇ يۈرىكىمنى سىقماي؟

— ئانام... — ئەنزەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈردى، — غۇلجىلىق ئىكەن دەپ زادى رازىلىق بەرمەي تۇرىدۇ.

— ئاھ، خۇدايىم، بىرسى «قەشقەرلىك» دەپ يەكلىسە، يەنە بىرسى «غۇلجىلىق»نى يامان كۆرسە، زادى نېمە ئىش بۇ؟! — گۈلبانۇمنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — دىنىمىز، مەككىمىز، قىبلىمىز بىر مۇسۇلمانلار، تىلىمىز، ئادىتىمىز، ئىسمىمىز ئوخشاش ئۇيغۇرلار دېيىشمەي، قاچانغىچە مۇشۇنداق چېچىلىپ ئۆتەرمىز؟

— راست دەيسىز، گۈلبانۇم، — ئەنزەرنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن قىسىلغانىدى، — دادام رەھمەتلىك سۆزلەپ بەرگەن مۇنۇ رىۋايەت زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر تاغدا قارا، ئاق، سېرىق ئۈچ كالا ياشايدىكەن. گەرچە تاغنىڭ ئوت - چۆپلىرى، سۇلىرى مول بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ زادىلا ئەپ ئۆتمەيدىكەن. بىر كۈنى تاغدىن قىيان كېلىپ سېرىق كالىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. سېرىق كالا: «مېنى قۇتقۇزۇڭلار، ھەممىمىز ئوخشاش كالىغۇ» دېگەنىكەن، قارا كالا: «سەن دېگەن سېرىق كالا، مەن دېگەن قارا كالا» دەپ ئۇنىماپتۇ. ئاق كالىغا يالۋۇرغانىكەن، ئۇمۇ قارا كالىغا ئوخشاشلا جاۋاب بېرىپتۇ... سېرىق كالا: «سىلەر مۇشۇ ئەقىدەڭلار بىلەن پۇشايمانغا قالىسىلەر» دەپتۇ - دە، قىيان سۇدا ئېقىپ ئۆلۈپتۇ. دېگەندەك، بورانلىق بىر كۈنى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر قارىغاي ئاق كالىنى بېسىۋاپتۇ. ئاق كالا يالۋۇرۇپ: «سادىغاڭ كېتەي قارا كالا، ئۈستۈمدىكى قارىغاينى مۈڭگۈزۈڭ بىلەن ئىتتىرىۋەت، بىز

ئوخشاش كالىغۇ...» دېگەنىكەن، قارا كالا: «سەن دېگەن ئاق تۇرساڭ، نەرىڭمۇ ماڭا ئوخشىسۇن» دەپتۇ ـ دە، كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئەمدىلا بىر تاغ قاپتىلىغا كىرگەنىكەن، نۇرغۇنلىغان ئاچ كۆز بۆرىلەر ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەپتۇ... قارا كالا: «ئاق كالا، سېرىق كالا، قېنى سىلەر، مېنى قۇتقۇزۇڭلار... ـــ دەپ قېچىپتۇ ھەم، ـــ سېرىق كالا بىلەن ئاق كالا توغرا دەپتىكەن. بىز بەربىر بىر كالا ئىكەنمىز...» دەپ قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ...

ـــ بۇ رىۋايەت، ـــ دېدى گۇلبانۇم ئېغىر خورسىنىپ، ـــ بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزنىڭ ئەينەن سۈرىتى ئىكەن.

ـــ تارىختا «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق» دېيىشىپ قانچىلىك رىيازەتلەرنى چەكمىدۇق، يەنىلا بۇرنىمىزغا سۇ كىرمەيدىغان خەق ئىكەنمىز.

ـــ ئەنزەر، دەپ بېقىڭا، ئانىڭىز غۇلجىلىقتا نېمانچىۋالا ئۆچ؟ ـــ گۇلبانۇمنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىقراق چىقتى، ـــ مېنىڭ زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ...

ـــ دەريا بويىدا مەن سىزدىن بىر ئىشنى يوشۇرغان.

ـــ نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟

ـــ دادام بىلەن ئاچامنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان تاشمەمەت ئەسلىدە غۇلجىلىق ئىدى.

ـــ مۇنداق دەڭ، ۋاپاسىز دۆيۈز.

ـــ ئۇ ھازىر غۇلجىدا.

ـــ نېمە؟ «قەشقەردە بولسا كېرەك» دەۋاتامتىڭىز؟

ـــ ئېسىڭىزدىمۇ، ئۆتكەندە ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا بىر ساراڭ كىردىغۇ، ئەنە شۇ تاشمەمەت.

ـــ ۋاي خۇدايىم، دۇنيادا ئەجەب ئىشلار بولىدىكەنە، ـــ گۇلبانۇم ياقىسىنى تۇتتى، ـــ دادىڭىزنىڭ قارغىشىغا كېتىپتۇ. قاراڭ، كوچىلاردا خارۇزار بولۇپ يۈرگىنىنى.

1972 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە

قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ئاخىرلىشىپ زىيالىيلار ئۇستىدىن توقۇلغان يالغان، قارا ئەنزىلەرنى ھەدەپ پەيدا قىلىپ بېكىتىۋاتقان ھالقىلىق بىر پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىشخانىسىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تارقىتىلغان ھۆججەت بۇ تېررورلۇق ھەرىكەتكە خاتىمە بەردى. ھۆججەتتە: «خاتالىقى بار، لېكىن تارتمۇېلىشقا بولىدىغانلىرىنى ئىلاجى بار قۇتقۇزۇۋېلىش، يالغان ھەم خاتا قىلىنغان ئەنزىلەرنى دەرھال كۆيدۇرۇپ، ئۇۋال قىلىنغۇچىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا كەچۈرۈم سوراش» قاتارلىق ماددىلار بار ئىدى. شۇڭا، جايلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەم تەشۋىقات ئەترىتى بولۇپ چۈشكەنلەرنىڭ كاتتىباشلىرى «چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» خاتالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تەكشۈردى، ئېغىرلىرى جازالاندى. شۇ قاتاردا تاشمەمەتمۇ ھەربىي ئىچىدە ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم تەكشۈردى. بىراق، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يوللىغان ئەرزنامە، پاش قىلىش ماتېرىياللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەتتا ئۆلگەن، مېيىپ بولغان، ئېغىر تالاپەت تارتقانلارنىڭ ئەنت ـ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى تەلەپ قىلىغانىدى. شۇڭا، ھەربىي ئىدارە قىلىش باش ئورگىنى ئۇنىڭ خاتالىقى ئېغىر بولسىمۇ كەڭچىلىك قىلىپ، ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى. شان ـ شۆھرەت، نام ـ ئەمەل كويىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى يوقاتقان تاشمەمەت يۇرتىغا كېلىپ بىرەر يىل بولار ـ بولمايلا ئېلىشىپ سۆزلەپ قالدى. ئۇ كوچىدا ئۇچرىغانلىكى ئايالنى كۆرسە «نۇرئامىنەم» دەپ ئېسىلاتتى. قىز ـ چوكانلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ، مەيدىسىگە ئېسىۋالغان جالدۇر ـ جۇلدۇر تۆمۈر ـ تەرسەكلەرنى كۆرسىتىپ ۋارقىرايتتى:

— نۇرئامىنەم، ئوردېن ـ مېداللىرىمنى سىزگە بېرەي. مەن

بىلەن ئۆيگە كېتىڭ!...

تاشمەمەت كىچىك بالىلارنى كۆرسە، دەرھال كۆتۈرۈۋېلىپ:

— بالام، گېنېرال داداڭنى تونۇدۇڭمۇ؟ قارا، بۇ شان-شۆھرەت ئوردېنلىرىغا، — دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

... ئەنزەر سۆزىنى تۈگىتىپ، «ئۇھ» دېگىنىچە جىمىپ قالدى.

— ئەنزەر، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى گۈلبانۇم، — بىرەر چارە-ئامال يوقمىدۇر؟

— تېخى سىزنىڭ ئاپىڭىز نېمە دەيدۇ، «قاشقالىق» دەپ قانداق جېدەللەرنى تېرىۋېتەر؟ — دېدى ئەنزەر روھسىز ھالەتتە، — مېنىڭ ئۈمىدىم بىرلا نېغمەتكامدا قالدى.

ئەنزەر نېغمەتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغانلىقىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداقتا ئانىڭىز نېغمەتكامنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمىغۇدەك، — دېدى گۈلبانۇم بىرئاز جانلىنىپ، — مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بىر ئامال قىلىپ ئاپامنى ماقۇل كەلتۈرىمەن.

بىر كۈن كەچكىچە يەر-زېمىننى، باغۇبوستانلارنى قىزدۇرغان قۇياش ھاردۇق يەتكەندەك كۆجۈم باغلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ ئاكاتسىيە ئۇچلىرىدىكى ئاخىرقى سارغۇچ شولىلىرىمۇ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ يوقىلىش ئالدىدا تۇراتتى. تەلەيسىز ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ تۇنجى قېتىم قۇچاقلاشتى ھەم بىردەم شۇبىرلاشقاندىن كېيىن ئايرىلدى.

گۈلبانۇم ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ كەيپى زاۋال ۋاقتىنىڭ گۈگۈملۈكى بىلەن بىللە تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى. ئاپىسى ئۇنىڭغا ھازىرغىچە باتناپ، قاپاق ئاچماي يۈرەتتى. يېقىندىن بېرى بىرەر ئىشنى سەزدىمۇ، گۇمان قىلدىمۇ ياكى بىرەر سېغىزخان خەۋەر يەتكۈزدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئاغزى بېسىقماي كوتۇلدايتتى. گۈلبانۇم كۆڭلىدە: «بۈگۈن زادى ئوچۇق-يورۇق گەپلىشىمەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە گۈلسۈمخان

سۇپىرا تاختىدا ئۆگرە كېسىۋاتاتتى. گۈلبانۇم دەرھاللا قولىنى يۇيۇپ ئاپىسىنىڭ قولىدىن پىچاقنى ئالماقچى بولۇۋىدى، ئۇ سىلكىشلەپ زادىلا ئۇنىمىدى. شۇڭا، نېمە قىلارىنى بىلمەي سۇپىدا شۈمشىيىپ ئولتۇردى.

تاماق تەييار بولۇشىغا مەشچىلىك دۇكىنىدىكى ئەكبەر كىرىپ كەلدى. ئۇلار خۇددى خانىقادىكى ئەرۋاھ ئېشىغا تۇتۇش قىلغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. لېكىن، گاچا سۆزلەشكە ئامراق دېگەندەك، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئەكبەر كېكەچلەپ سۆزلىگىلى تۇردى:

— ئاپپا، مەن... مەن، توّت داس، — ئۇ توّت بارمىقىنى كۆرسەتتى، — ئىككى چې... چېلەك ھە، ھە، چېلەكنى توۋ... توۇلىدىم. ئۇس... ئۇستام مېنى ماخ... ماختىدى. ھى - ھى - ھى...

ئەكبەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ھويلىدا ئەسقەرنىڭ ئەسەبىي ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى:

— قېنى ھېلىقى پاسكىنا؟ مەن سېنى بوغۇزلىۋەتمەيدىغان بولسام...

تاپتاقىر قىردۇرغان بېشىغا بېغىررەڭ مانچېستىر دوپپا كىيگەن، كىيىملىرى ماي يۇقى ئەسقەر ئۆيگە غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ كىردى - دە، گۈلبانۇمنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. نېمە بولغىنىنى بىلمەيلا قالغان گۈلسۇمخان مەڭدەپ قالغانىدى. ئەكبەر: «ھە - ھەدەمنى، نېمىشقا ئۇرىسەن» دەپ بولغۇچە، ئەسقەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن بىرلا تارتىپ پەگاھقا يىقىتىۋەتتى.

— ئېيتە جالاپ، قايسى پاھىشىۋازنىڭ ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىغا باردىڭا؟ — ئەسقەر جېدەلخور كۆزلىرىنى تىكەندەك قادىدى، — شۇنچە ئاغىنىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا: «ئالا دوپپىلىق بىر ئاداش ھەدەڭنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىغا ئەكىرىپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈزۈمگە پوق سۈۋىغاندەك

بولۇپ كەتتىم.

ئۆمرىدە ئاپىسىدىنمۇ بىر كاچات تاياق يېمىگەن گۈلبانۇم غەزەپ ئاچچىقىغا پايلىماي: «نېمە دەيتتىڭ، ئەنزەر بىلەن باردىم» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، دەرھاللا بۇ ئويىدىن ياندى. چۈنكى، ئاپىسى بىلەن ئىنىسى ئەكبەرنىڭمۇ گۇمانىنى كۈچەيتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. شۇڭا، ئۇ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— يالغان! — ۋارقىرىدى گۈلبانۇم قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى تۇتۇپ، — قايسى نائەھلى ئۇستۇمدىن تۆھمەت قىپتۇ؟

— تۆھمەت؟ ھەي بۇزۇق، كوچا دوقمۇشىدا قارتا ئويناۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئېيتامدا؟ — ئەسقەر مۇشتۇمىنى تەڭلەپ تۇراتتى، — بىلىمەن، سەن ھېلىقى قەشقەلىك بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتىسەن.

— بالام، گەپ بولسا چىرايلىق دېمەمسەن؟

— سەن تولا كاسىلدىما، — ئەسقەر ئاپىسىنى سىلكىۋەتتى، — ھەممىنى قىلغان سەن، ۋاي قىزىم دەپ پەپىلەپ، ئەركىلىتىپ، مانا ئەمدى نەلەردە پوق دەسسەپ يۈرۈپتۇ.

— ھەي لۈكچەك، كىم بۇزۇقچىلىق قىپتۇ؟ كىم پوق دەسسەپ يۈرۈپتۇ؟ ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، — گۈلبانۇم سەۋر قىلالمىدى، — بىلىپ قوي، ئەنزەر سەندەك غالجىر ئىت ئەمەس. قانداق، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغىغا باردۇق، گەپلەشتۇق، ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ قېنى قول سالامسەن؟!

«گاچلا» قىلىپ چېكىگە تەگكەن مۇشتتىن گۈلبانۇمنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. ئاڭغىچە ئەسقەر ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تاپىسىغا سۆرەپ چۈشۈرۈپ قارىقويۇق ئۇرۇپ كەتتى. يەردە تۈگۈلۈپ ياتقان گۈلبانۇمنىڭ بىقىن، قورساق، يۈزلىرىگە تېپىك ھەم مۇشت تەگمەكتە ئىدى. ئەلپازى بۇزۇق، ۋەھشىي ئەسقەرگە كۈچى يەتمىگەن گۈلسۇمخان قىزىنى قوغداش ئۈچۈن

قوچاقلىۋالغانىدى، ئۇنىڭغىمۇ هارام موشت تېگىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ دەسلەپتە ئېسەنگىرەپ قالغان ئەكبەر ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئەسقەرنىڭ ئارقىسىدىن قوچاقلىۋالدى. بىراق، ئەسەبىيلىكى تۇتقان ئەسقەر جەينىكىنى ئارقىسىغا غەزەپ بىلەن بىرلا شىلتىپ ئەكبەرنىڭ بۇرنىنى قانىتىپ، كالىپۇكىنى يېرىۋەتتى. قاننى كۆرگەن ئەكبەر غەلىتىلا ئاۋازدا ھۆڭرەپ يىغلاپ، تاختىبېشىدىكى پىچاقنى ئېلىپ ئېتىلىپ كەلدى، ئەقىل ـ ھوشى يېتىلمىگەن بۇ بالىنىڭ ئەسقەرنىڭ ئارقىسىدىن پىچاق ئۇرۇۋېتىشى قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانىدى. گۈلبانۇم ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئىنىسىنى قوچاقلىۋالدى. ئەكبەر نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى، بولجىناتتى، ئۇ ئاچچىقىدا سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەنىدى. گۈلسۇمخان ئەسقەرنى ئىتتىرىپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

ئەسقەر بىر قەپەس قانلىق ۋەقە تۇغدۇرۇپ قاياققىدۇر يوقالدى. ئەكبەر يۈزىنى يوغاندىن كېيىن بۇرنىغا كاللەك پاختىنى تىقىپ، دۇكاندا يېتىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئوغرى ـ يالغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇستامنىڭ ئوغلى بىلەن نۆۋەتلىشىپ دۇكاندا قوناتتى. ھويلا بىر پەس گۆرستان تىمتاسلىقىغا چۆمدى، گۈلسۇمخان قىزىنىڭ قان بىلەن بويالغان يۈزىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ قالدى.

— مەن ساڭا ئىسسىق سۇ تەييارلاپ بېرەي، يۈز ـ بويۇنلىرىڭنى يۇيۇۋال، — دېدى گۈلسۇمخان چايداندىن چۆگۈنگە قايناق سۇ قۇيۇۋېتىپ، — جۇۋاينىمەك كەتكۈر يىرتقۇچ ھايۋانلىغۇ، ۋاي، ۋاي ئەكبەرنى تۇتۇۋالمىغان بولساڭ، بالانىڭ يوغىنى چىقاتتى.

گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ئورنىدىن قىمىرلىمۇ قويماي، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئەمدىلا سىملىداپ يېغىۋاتقان يامغۇر لاپاسسىز ئۆيىنىڭ دېرىزە كۆزنەكلىرىنى چېكىپ ئۆتەتتى. چېكە، جاۋىغايلىرىدىن يول ـ

www.uyghurkitap.com

يول سارقىغان قان ئېڭەكلىرىدە قېتىشىپ قالغان گۈلبانۇمنىڭ لىپمۇلىق سۇزۇك ياشلارغا تولغان چوڭ كۆزلىرىدىن تامچە ـ قەترىلەر دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

ئاھ، بۇ قانداق قىسمەت؟! ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بىر قارا قورساق ئىبلىس تەرىپىدىن گۈلبانۇمنىڭ ساپ مۇھەببىتى نابۇت بولارمۇ؟ ئاپىسىغۇ ئۆتمۇشنى ئۇنتۇيالماي ئاداۋەت ساقلىسۇن، ئەمدى مۇنۇ چىلبۆرە نېمىگە شۇنچە ياۋۇزلۇق قىلىدۇ؟ ئەنزەرنى ھاقارەتلەپ گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرىدۇ؟ قېنى «ئەركىن ئائىلە قۇرۇش»، «ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىش»، «بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش» دېگەن گەپلەر قەغەزدىكىلا ئىبارىلەرمۇ؟ ئۆز ئىرادەڭدە چىڭ تۇرسالڭ: «ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەس»، «ئۆلىمەن ـ ئۆچىمەن» دەپ قورقاق سېلىۋاتسا، بىز زادى قانداق خەق؟!

ــ گۈلبانۇم قىزىم، يۈزلىرىڭنى يۇيۇۋال، ــ گۈلسۇمخان گېپىنى تەكرارلىدى.

ــ مەن جېنىمدىن جاق تويدۇم، شۇ تۇرقىمدا ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ، مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، چوڭقۇر قايناملىرى مېنى ساقلاۋاتىدۇ... ــ گۈلبانۇم ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

قىزىنىڭ سۆزلىرىدىن گۈلسۇمخاننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئۆز جىگىرى ـ دە؟! ئۈچ قىزىدىن ھازىر مۇشۇ قىزىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ تۇرۇپتۇ. چوڭ قىزى گۈلزەپەر توققۇزتاراغا ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ دىدارىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ كىچىكى مۇبارەك بولسا ئاقسۇلۇق بىر تىجارەتچى بالا بىلەن قېچىپ كەتكەنچە يوقالدى، ھازىرغىچە ئۆلۈك ـ تىرىكىدىن خەۋەر يوق. ئەمدى ئانىنىڭ بىردىنبىر قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىشى دوزاخ ئازابى ـ دە! ھەتتىگىنەي، «بايكۆل»دىكى تۇغقانلار ئوغلى ھادىلغا سورىتىپ

ئەلچى كىرگۈزگەندە تويىنى قىلىۋەتسىمۇ بوپتىكەن، ئۇ چاغدا قىزىغا كۆزى قىيمىغان گۈلسۈمخان: «قىزىمىز ماشىنىچىخانىدا كېسىمچىلىكنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، ھۈنىرى چالا بولۇپ قالمىسۇن، تويى بولغاندىن كېيىنلا سەھراچىلىقتا ئۆي ئىشى تۈگىمەيدۇ. بىر يىل سەۋر قىلىپ بەرسەڭلار» دەپ ئەلچىلەرنى ئۆزرە بىلەن قايتۇرغانىدى. ھېلىمۇ بولسا ئەتىدىن باشلاپ، بۇ توي ئىشىنىڭ يولىنى مېڭىش كېرەك.

— گۈلبانۇم، ئورۇن سېلىپ قويدۇم، ياتقاچ پاراڭلىشايلى، — دېدى گۈلسۈمخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېنىڭمۇ ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار، ئاڭلاپ باققىن.

گۈلبانۇم ھويلىغا چىقىپ يۈزىنى يۇيۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئورۇن ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، چوقچىيىپ ئولتۇردى. گۈلسۈمخان بولسا ئىككى ياستۇققا يۆلىنىپ پەس ئاۋازدا گېپىنى باشلىدى.

ئىچكىرىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چوڭ ئوغۇل ئەنەيتۇللا ئۆلۈشكۈن ئاپىسىنى يوقلاپ كەلدى. گۈلسۈمخان ئۇنىڭ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. چۈنكى، ئۇ ئون كۈننىڭ ئالدىدا بولسا كېرەك، گۈلبانۇم «ئاكامنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ كېلىمەن» دەپ كەتكەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنەيتۇللا: «گۈلبانۇم بىزنىڭكىگە كەلمىدى، مەن يوق چاغدا كەلگەن بولسا نۇربىيە ماڭا دېمەمدۇ» دېدى. بۇ جاۋابتىن قورسىقىغا جىن كىرگەن گۈلسۈمخان زەينەپنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇمۇ: «ياقەي، مەن گۈلبانۇمنى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزاق زامانلار بولدى» دەپ جاۋاب بەردى. گۈلسۈمخان ئاچچىقىدا يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. قىزىنىڭ «ئاكامنىڭ ئۆيىنى يوقلايمەن»، «زەينەپنىڭ كۆڭلىكىنى پىچىپ بېرىپلا قايتىپ كېلىمەن» دېگەندەك يالغانلارنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى بىلدى.

— توغرا، ئاپا، شۇ چاغلاردا سىنى ئالداپ ئەنزەر بىلەن كۆرۈشتۈم، — گۈلبانۇم ھەممە بالايىبەتتەرلەرنى بېشىغا ئېلىپ

قويدى، — سېنىڭ مېنىڭ ئارقامغا چۈشۈپ يۈرگىنىڭلار زېرىكلەپ كېتىشىڭنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلىمەن. سەن مېنى قەشقەرلىككە بەرمەسلىك قازىنىنى ئېسىۋاتىسەن. بىراق، مەن ئەنۋەر بىلەن قەتئىي توي قىلىمەن.

گۈلسۈمخان ئۇخلاپ قالغاندەك ئۇزاققىچە گەپ قىلماي جىمىپ قالدى. بىر چاغدىلا ئۇ خۇددى ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك تورۇسقا قارىغىنىچە غودۇڭشىدى:

— راست، سىلەر ئىككىڭلار سوتقا ئەرز قىلساڭلارمۇ، ئاھالە كومىتېتىغا بارساڭلارمۇ چوقۇم سىلەرنى قوللايدۇ، مېنى ئەيىبلەيدۇ. لېكىن، شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، سېنى چاقىرىۋاتقان، كۈتۈۋاتقان ئىلى دەرياسىنى مەنمۇ بىلىمەن!...

ئەلۋەتتە، گۈلسۈمخاننىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەت - خورلۇقلارنى باشقىلار ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. مەرۇپ تۆمۈرچى ئۇنى ئوتتۇز ئالتە يېشىدا يەتتە بالا بىلەن قويۇۋەتتى. گۈلسۈمخاننى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغاندا ئۇچىسىدىكى بىر چىت كۆڭلەك، تامبال، سىلىپ ياتقۇدەك سېلىنچا ھەم ئۈچ ياشلىق ئەكبەرلا بار ئىدى. ئۇ گۆرى زىنداندىن قۇتۇلۇپ چىققانغا قەدەر قانچىلىك تىل - تاياق ھەم خورلۇقلار قارار تاپتى؟ بۇ بەش - ئالتە ياشلىق گۈلبانۇمغىمۇ سىر ئەمەس! ھەتتا قاتتىق ئۇرۇشتىن ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنۇپ جان ئازابىدا ياتقان گۈلسۈمخان يان ئۆيدىكى قەشقەرلىك چوكاننىڭ ناز - كەرەشمە، شېرىن تىۋۇلاشلىرىنى... ئىڭراش - چىرقىراش، سازلىرىنى... ئاڭلاپ ياتتى... ئەتىسى ئەتىگەندە بويىنى سۇغا سالغان يۇندىنى گۈلبانۇم تۆكتى... بۇنداق خورلۇقلار بۇ ناتىۋان مەزلۇمنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا قىسمەتلەرنىڭ مىڭدىن بىرى دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. توغرا ئۇ تارتتى، تارتقاندىمۇ خورلۇق - نادامەتلەرنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تارتتى...

دەرۋەقە، مەرۇپ تۆمۈرچى گۈلسۈمخاننى يولغا سالغاندىن كېيىن ئاشنا ئويناش ئارقىلىق ئالتە خوتۇن ئالدى. ئۇلار گەرچە قەشقەرلىك، كۇچالىق، ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك بولسىمۇ، گۈلسۈمخان ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا «ئالتە شەلىك، قەشقەرلىكلەر» دەپ بىلەتتى. قىسقىسى، بۇ ناتىۋان ئايالنىڭ تەقدىر ـ پېشانىسىگە بېسىلغان قارا تامغا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر پارچە مۇزغا ئايلاندۇرغانىدى...

گۈلسۈمخان ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتتى. بىراق، ئاشۇ ئىشلار ئۈچۈنلا ئەمەتنىڭ ئاچچىقىنى سەمەتتىن ئالغاندەك گۈلبانۇمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى خالىغانچە ھەل قىلسا، خورلۇق ئاداۋىتىنىڭ قۇربانى قىلىپ قان يىغلاتسا بۇ ئادىللىقمۇ؟ ھەرقانداق جايدا ياخشى ـ يامانىنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەمدىغاندۇر؟ ياق، چۈشىنىدۇ، ئەمما قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتۋازلىق، تەپرىقىچىلىك، مەزھەپچىلىك بىز خەقنىڭ بىر پۈتۈن يۇقۇملۇق كېسەللىكگە ئايلانغان!

گۈلبانۇم ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا بىر كۆزى قاپقارا قان ئۇيۇپ تۇخۇمدەك پۈلتىيىپ چىققان بولۇپ، چېكە ـ يۈزلىرىدىمۇ كۆپكۆك ئىششىقلار تۇراتتى. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق سىياقى بىلەن تالا ـ تۈزلەرگە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇقمىغانلار: «بۇزۇق خوتۇن ئوخشايدۇ، ئېرىدىن ئۆلگۈدەك تاياق يەپتۇ» دېيىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا، يۈزىدىكى جاراھەت ھەم كۆك ئىزلىرى يوقالغۇچە ئىككى ھەپتىگىچە ئۆيىدىن تالاغا چىقالماي ئولتۇرغان گۈلبانۇم ئىنتايىن تەقەززا بولدى. «خاپىچىلىقتا ئەنزەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلىسىلا ئۆزىنى قويار جاي تاپالمايتتى. ئۇ يۈزىگە ماسكا تاقاپ چىقىپ باقماقچىمۇ بولدى. لېكىن، چېكىسىدىكى كۆك ھەم قان تارقىماي قاپقارا پۈلتىيىپ تۇرغان كۆزىنى يوشۇرالمىدى. بۇ كۈنلەردە سەھەر ئىشتىن قايتقان ئاپىسى كۈندۈزكى ئۇيقۇسىدىن كېچىپ نەلەرگىدۇر

يوقىلىپ كېتەتتى ھەم كەچ گۈگۈم بىلەن تەڭ قايتىپ كېلەتتى. ئۇ كۈتۈلدىمىغان، ۋارقىراپ ـ جارقىراشمىغىنى بىلەن ھەرىكەتلىرى سىرلىق ئىدى.

بۈگۈن شەنبە ئىدى. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ ئىشتىن كېلىپلا ئوچاق بېشىدا سەۋزە قىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئاپا، ئەتىگەندىلا پولۇ تەييارلىقىنى قىلىپ قويىاي دېدىڭما، مەن ئۆزۈم قىلالايتتىم ئەمەسمۇ.

— سەھەردىن بىرنەچچە تۇغقانلار بارىمىز دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. بالدۇرراق تەييارلىقىنى قىلىپ قويىاي.

— ياردەملىشەيمۇ؟

— ياق، ئۆزۈم يېتىشەلەيمەن، — گۈلسۈمخان قىزىنىڭ يۈزىگە قاراپ قويدى، — رومالىڭنى ئارتىپ، مەھەللە داۋالاش پونكىتىغا بېرىپ كەلسەڭ بولارمىكىن، يۈزۈڭدىكى قارا ـ قۇرا داغلار يوقالماي تۇرىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە قىز بالا ئۇچۇن ئەيىب.

گۈلبانۇم ئويلىنىپ قالدى. راست، بۇ چاغقىچە مەھەللە داۋالاش پونكىتىغا بېرىش نېمىشقا خىيالىغا كەلمىگەن بولغىيدى؟ گۈلبانۇم: «ئۇلارنىڭ داۋالاش سەۋىيەسى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، كۆزۈمنى تېڭىپ قويۇشقا ئەسقاتار» دېگەن خىيال بىلەن رومىلىنى چېكىلەپ تېڭىپ، يۈزىنى ئوراپ چىقتى. ئۇ ئەمدىلا مېڭىشىغا گۈلسۈمخان ئۇنى چاقىردى:

— گۈلبانۇم، داۋالاش پونكىتىدىن ئۇدۇل پەزىلەتبۇۋىنىڭ ئۆيىگە بارغىن، ئۇ ئېرىنىڭ كونا ـ ياغان كىيىملىرىنى سۆكۈپ قويۇپتىكەن، ئىككى ئوغلۇمغا ئىشتان پىچىپ بەرسە دەيدۇ.

گۈلبانۇم داۋالاش پونكىتىدىن سۇۋۇيدىغان دورا ئېلىپ ھەم كۆزىنى تاڭدۇرۇپ، پەزىلەتبۇۋىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ ئېرى سۇۋاقچى بولۇپ، قۇرۇلۇشتا ئىشلىگىلى كەتكەنىدى.



www.uyghurkitap.com
كىتاب تورىيىكى
ئۇيغۇر

ئىككى بالىسى بولسا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. پەزىلەتبۇۋى راستلا ئېرىنىڭ ئىشتىنىنى سۆكۈپ، يۇيۇپ، دەزمال سېلىپ قويغانىكەن. ئۇ گۈلبانۇمنىڭ يۇزلىرىنى كۆرۈپ ئەسقەرنى تىللىدى ھەم گۈلسۇمخاندىن ئاڭلاپ بەكمۇ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. پەزىلەتبۇۋى ئۇستا كۆرمىگەن ماشىنچى بولسىمۇ، خېلى - خېلى ئىشلارنى قول ماشىنىسى بىلەن تىكەلەيتتى، ئەمما پىچىشقا كەلگەندە قىينىلاتتى.

— يېڭى رەختلەرنى پىچىپ تىكىشكە قارىغاندا، كونا كىيىملەرنى ئۆزگەرتىپ تىكىش تەس، — دېدى گۈلبانۇم كونا رەختنى كىگىز ئۇستىگىلا يېيىپ، — قېنى بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي، بالىلىرىڭىزنىڭ كىيىۋاتقان ئىشتانلىرىنى ئەكېلىڭ، ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئۆلچىۋالاي.

— توۋا، بىرەر يىل كىيە - كىيمەيلا ئوشۇقىغا چىقىپ قاپتۇ دېسە، — پەزىلەتبۇۋى ساندۇقتىن بالىلىرىنىڭ ئىشتىنىنى ئەكەلدى، — ئەقلىم ھەيران.

— قادىركامنىڭ بويى ئۆسكەن ئوخشايدۇ.

— توۋا دەڭا، ئەمدى بولغاندا، — پەزىلەتبۇۋىنىڭ توغاچتەك يۇمىلاق ئاق يۈزى پۇرۇشتى، — تولا يۇيۇپ كىرىشىپ قالغان گەپ.

گۈلبانۇم ئىككى ئىشتاننى ئۆلچەپ، كېسىپ، كەملىگەن يەرلەرگە پارچە رەختلەرنى سەپلەپ بولغۇچە چۈش بولدى. ئۇلار بىر تەخسە ياڭيۇ قورۇمىسى بىلەن ئەتكەنچاي ئىچىشتى. راست گەپنى قىلغاندا پەزىلەتبۇۋى گۈلبانۇمنىڭ تۇرمۇش ئۇستازى، سىردىشى دېسە ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيتتى. ئۇ يىگىتلەر، قىزلار ھەققىدە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرى، توي ھەم تويدىن كېيىنكى قىزلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، قانداق قىلغاندا ئەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، كوچىغا قارىماس بولىدىغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەتتى ھەم سۆزلەيتتى. تۇنجى قېتىم

ئەنزەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئەنزەرنىڭ سالاھىدىن مەخسۇمنىڭ توي ئىشىنى ئېتىپ بەرگەن چاغدىكى ئىشلارنى شۇنداق قىزىقارلىق قىلىپ ئېيتىپ بېرىپ، گۈلبانۇمنى كۈلدۈرۈپ، تېلىقتۇرۇپ قويغانىدى، خۇلاسە كالام نېمە بولدى؟ گۈلبانۇم خۇددى تاش چۈشكەندەك قەلبى كۆلىنىڭ تەۋرەپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەنزەرگە نىسبەتەن سىرلىق بىر قىزىقىش پەيدا بولدى. شۇ چاغدا پەزىلەتبۇۋى يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويۇپ:

— گۈلبانۇم، بۇنداق ئەخلاقلىق، قولى ئىشلىق بالىنى كۆندۈزى پانۇس يېقىپمۇ تاپالمايسىز جۇمۇڭ، قانداق، بىر چېكىپ كۆرمەمسىز؟ — دېدى.

— قويۇڭا، ھەدە، نەدىكى گەپلەرنى تاپىدىكەنسىز، — گۈلبانۇم قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى، — ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بالىلارنى...

— تۇرمۇش دېگەن شۇ، — پەزىلەتبۇۋى ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — تونۇمىغان، بىلمىگەنلەر بىلەن كۆز بېقىش، سۆز تاشلاش، پىسىڭگىدە كۈلۈپ يۈرىكىنى ئويىنىتىش ئارقىلىق تونۇشىدىغان گەپ، مەنمىچۇ قاراڭ، قادىر ئاكىڭىز بىلەن بىر تويدا تونۇشقان، قارىسام، تىكىلىپلا تۇرىدۇ، كۆزلىرىمنى ئېلىپ قېچىپ باقسام، بېشىنى يەيدىغان ساراڭ كۆڭلۈم، «قاراۋەر، ھېچنېمە بولمايدۇ. قارىساڭ كۆزۈڭگە پايدا، سۆزلىسەڭ يۈرەككە» دەپ مېنى دەيدەيگە سالىدۇ. بىراق، قارىسىلا يۈزلىرىم چىمىلداپ، يۈرەكلىرىم تىپىچەكلەپ كېتىدۇ. قانداق، قىزىقمىكەن؟

مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، گۈلبانۇم بىلەن پەزىلەتبۇۋى ئەنە شۇنداق يۈرەكتىكى سىرلارنى، كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان شېرىن - لەزىز كەچمىشلەرنى دېيىشەلەيدىغان سىرداش، مۇڭداشلاردىن ئىدى. بىراق، بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر

پەزىلەتبۇۋى پات ـ پاتلا كۆزلىرىنى ئەپقېچىپ، گەپلىرىدىن ئېزىپ، قولىدا قايچا تۇرسا، قايچا ئىزدەپ، پەۋازنى پوچقاققا كۆكلەپ، ئىش ـ كۈشىدىن، گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئېزىپلا تۇراتتى.

— پەزىلەتبۇۋىدە، بۈگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ — گۈلبانۇم گۇمان بىلەن قارىدى، — بىر ئىشتى مەندىن يوشۇرغاندەكلا قىلىسىز.

— بەك يامان جۇمۇك سىز، — پەزىلەتبۇۋى دەرگۇمانىدا بولۇپ خېلىغىچە گەپ قىلالمىدى، — مۇنداق ئىش قاراڭ. ئەسلىدە ئاپىڭىز سىزنى يېرىم كۈن بىر يەرگە چىقارماسلىقىمنى ماڭا تاپشۇرغان.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — ھەيرانلىقتىن گۈلبانۇمنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى.

— ئەگەر بۇ ئىشنى دەپ قويسام، گۈلسۇمخېنىمدەم ماڭا ئۆمۈر بويى ئاداۋەت قىلىدۇ.

— قەسەم قىلىپ بېرەي، ھەرگىز سىزنى ئاشكارىلىمايمەن.

— ئەمىسە قاراڭ، بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيۈڭلارغا بايكۆلدىن ئەلچى كەلمەكچى.

— ئەلچى؟!... — گۈلبانۇم گاڭگىراپلا قالدى، — شۇڭا ئەتىگەندىلا پولۇغا تۇتۇش قىپتىكەن ـ دە، مېنى داۋالىنىشقا، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە سايە قىلغىنى بىر قىلتاق ئىكەن.

— سىزنىڭ ئەتزەر بىلەن بولغان ئىشلىرىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ بالىمۇ سىز تالا ـ تۈزلەرگە چىقالمىغان ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى نەچچە قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، سىزنى چاقىرتىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى، — پەزىلەتبۇۋى خورسىنىپ قويدى، — مەن «گۈلسۇمخېنىمدەم ئىشقا بارمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسقەر ھەدىسىنى پايلاپ ئۆيدىن نېرى كەتمەيدۇ» دەپ ئۇنىمىدىم.

— ئەسقەرنىڭ گېپىنى نېمىشقا چىقىرىپ يۈرىسىز؟ —

گۈلبانۇم ئۆگدى، — ئۇنداقتا ئۆتكەندە چىققان جېدەلنىمۇ دەپسىز - دە؟

— سىزنىڭ يۈزىڭىزدىكى جاراھەتلەرنى كۆرمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدىم، — دېدى پەزىلەتبۇۋى، — تېخى ئەسقەر ئەنزەرنى ئىزدەپ خەنزۇ بازىرىدىكى ئىنىسى ئىشلەيدىغان ئاشخانىغا كىرىپ ئەنزەرنى ئۇرۇپتۇ. ئاندىن ئاشخانىدىكى باللار ئەسقەرنى كېلىشتۈرۈپ ساپتۇ. ئەمما، ئەنزەر ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

— تووا، ماۋۇ غالجىر ئىتنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئەسكىلىكىنى، — گۈلبانۇم يىغلىۋەتتى، — جېنىم پەزىلەتبۇۋىدە، قانداق قىلارمەن؟

— بىرلا يول بار، — پەزىلەتبۇۋى ئويغا پاتتى، — بىلمىدىم، جۈرئىتىڭىز بارمۇ، يوق؟

— ئېيتىڭا، قانداق يول؟

— قېچىش! بىر مەزگىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىش. ئۇ چاغدا ئاپىڭىز ئامالسىز توي قىلىشىڭلارغا قوشۇلىدۇ. بولمىسا گۈلسۇمخېنىمدەم ئۆلسىمۇ رازى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ قەشقەرلىكلەرگە ئۆچ.

قېچىش! گۈلبانۇمنىڭ بېشى چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى. بۇ ھېچقانداق نىجات يولى قالمىغاندا قەدەم باسىدىغان يول! غۇلجىدا توي ھەشەمىتىنىڭ كۆپلۈكى، سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى، ئاق چېيى، توي چېيى، چىللاق، ھاردۇق چېيى، غوجۇر كۆپىسى، كىچىك چاي، سالام دېگەندەك قائىدە - يوسۇنلارنىڭ تولىلىقى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن قولى قىسقا ئاتا - ئانىلار قىز - ئوغۇللىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى قىلىشقا ناقابىل بولۇۋاتىدۇ. ئاتا - ئانىغا يۈك بولۇۋاتقان قىز - يىگىتلەرمۇ تەڭلىك، خىجالەتچىلىك، نومۇس ئىسكەنجىسىدە ئامالسىز ئەنە شۇ «قېچىش» يولىغا ماڭدى. غۇلجىدا بۇ «نورمال» ئىش بولۇپ قالدى. بۇلارنى گۈلبانۇم

چۈشەنمەمدۇ؟ چۈشىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قاچقان قىزلارنى كۆڭلىدە: «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلىپ، نېمە رەسۋاچىلىق بۇ» دەپ ئەيىبلەيتتى. مانا ئەمدىلىكتە بۇ «يول»نىڭ ئۆز تەقدىرىگە باغلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىدۇ. گۈلبانۇم قارىسىغا ئەيىبلىگەن ئاشۇ قىزلارنىڭ نالە ـ پىغانى ئۇنى تۇتتىمۇ يا! ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. چۈنكى، «كىشىنى سانىساڭ ئۆزگە، قاشنى سانىساڭ كۆزگە» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! ھەرھالدا ھەيران قالارلىق ھەرقانداق سەتچىلىكلەرگە دۇچ كەلگەندە، ھاي ـ ھايلىمايلى، ئاغزىمىزنى ئېتىپ، پىتنە ـ پاسات قىلمايلى. ئۆزىمىزگە يېنىپ قالمىسۇن، ھېزى بولايلى.

— گۈلبانۇم، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — پەزىلەتبۇۋى باش چايقىدى، — بۇ گەپلەرنى دېمىسەم بوپتىكەن.

— مەن چىقاي، — گۈلبانۇم ئورنىدىن تۇردى، — ئەگەر ئەنزەر كېلىپ قالسا، بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ بىزنىڭكىگە كىرەرسىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.

— گۈلبانۇم، مەن دېگەن گەپلەر...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەدە، ئىچىمدە سېسىپ كەتسە كېتىدۇكى پۇرىقى چىقمايدۇ.

گۈلبانۇم يۈرىكى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك تېلىقىپقىنا ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندە گۈلسۇمخان مايلىق لېگەنلەرنى يىغىشتۇرۇپ، داستىخاننى قاتلاۋاتاتتى. ئۇ قىزىغا غىل ـ پاللا قاراپ قويۇپ كۆزىنى قاچۇردى. بىراق، گۈلبانۇم پەتنۇستىكى قاتلانغان رەخت، پەس پاشنىلىق مېغىزرەڭ بەتىنكە ھەم ئىككى كاللەك ناۋاتنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم يۈرىكى سىيلىپ كەتتى.

بۇ نەرسىلەرنى گۈلسۇمخاننىڭ رازىلىقىدىن كېيىن ئەلچىلەر قويغان «رەھمەت تەزىم»ى ئىدى. بىراق، گۈلبانۇم

ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى. گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىنى «قېچىش»تىن ئىبارەت ئاخىرقى چىقىش يولى بەزلەپ تۇراتتى.

— ئاپا، پەتنۇستىكى نېمىلەر ئۇ؟ — گۈلبانۇم قەستەن بىلمەسكە سالدى، — مېھمانلار ئادىمەتچىلىك قىلىپ ئەكەپتىما؟

گۈلسۇمخان لېگەن، سىركايىلەرنى يۇغاچ خېلىغىچە گەپ قىلمىدى. ئۇ «ھەئە» دەپ يالغان ئېيتماقچى بولدى، بىراق ھامىنى ئاشكارىلىنىدىغان گەپ. يەنە كېلىپ توي كۈنىنى بېكىتىپ بولغان تۇرسا، قىز بالا دېگەننىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي تەييارلىقى بولمامدۇ. زادى بۈگۈن تۇۋاقنى ئېچىپ قازاندا نېمە بارلىقىنى كۆرسىتىش كېرەك. گۈلسۇمخان ئىچىدە: «توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ، ئاق سۈت بېرىپ بېقىپ شۇ دېمەتلىك قىلمىقىم ئاسانمۇ؟! قېنى شەتەتە - پەتەتە دەپ تىلىنى چايناپ باققىنىنى كۆرەي» دەپ چوت سوقتى.

— ياق، ئادىمەتچىلىك ئەمەس، — گۈلسۇمخاننىڭ كۆزلىرى بىسەرەمجان ئىدى، — بۈگۈن كەلگەنلەر ئەلچىلەر، توي كۈنىنى بېكىتتۇق.

— تايىلغىن يەنە شۇ «بايكۆل»دىن كەلگەنمۇ؟

— شۇنداق، ھادىلجان «گۈلبانۇم بىلەن توي قىلمىسام ئۆلىمەن - ئۆچىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ قىزارماي - تاتارماي يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئىچى - ئىچىدىن يىغا ياماشتى. ئەسقەر جېدەل چىقارغان كۈنى قىزىنىڭ راست گېپىنى ئاڭلىغان گۈلسۇمخان بايكۆلگە بېرىپ جىم ياتقان يىلاننى ئويغىتىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. گۈلبانۇم ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىك، جىددىيلىك ھەم جاھىللىق ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ، پەزىلەتبۇۋىنىڭ

«قېچىش» دېگەن سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى.
— مېنى ئاشۇ هاراقكەش توكۇرغا بېرىشكە قانداقمۇ كۆڭلۈڭ چىدىغاندۇ؟ — يۈرىكى تاشتەك قاتقان گۈلبانۇمنىڭ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياشمۇ چىقمىدى، — ئالدىنقى ئايالىنىڭ پۇتون بەدىنىدىن كۆك كەتمەي بىر يىل بولا ـ بولمايلا ئاجراشقانلىقىنى بىلمىسەنغۇ؟
— ئۇ دېگەن كونا ئىشلار، ئەلچىلەرنىڭ دېيىشىچە، هازىر هادىلجان ئىچمىلىك، چېكىملىكنى تاشلاپ بەش ۋاق ناماز بولۇپ كېتىپتۇدەك، — قىزنىڭ غوۋغا كۆتۈرمىگەنلىكىدىن كۆڭلى تىنچىغان گۈلسۇمخان قايتىدىن غەيرەتلەندى، — گېپىمنى ئاڭلىغىن، قىزىم، ئەر دېگەننىڭ قېرىسى، سېتى، مېيىپى بولمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە سەكسەن ياشلىق قېرىمۇ يىگىت بولالايدۇ، لېكىن يىگىرمە ياشلىق جۇۋان قىز بولالمايدۇ. هادىلجان نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆز يۇرتلۇقىمىز، تۇغقان، غۇلجىلىق تارانچى، قاشقالىقلاردىن ئۆلۈكى ئارتۇق. بايكۆللۈكلەر «ۋاي هادىلجان رېمونتچى» دېسە شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكەننى تۇيماي ماختىشىدىكەن. قىسقىسى، يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى كەينىدە، هويلا ـ ئارانى ئازادە، ئات، هارۋىسى تاراق ـ تۇرۇق دېگەندەك باياشاتچىلىق، كۈنلىرىڭ بەهۇزۇر راهەتتە ئۆتىدۇ. مەن ساڭا بىكاردىن ـ بىكار جاۋراۋاتقىنىم يوق.
— تويىنى قاچانغا بېكىتتىڭلار؟ — گۈلبانۇمنىڭ چىرايىدىن ئازراقمۇ خاپا بولغانلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.
— بۈگۈن يەتتىنچى ئايغا ئون سەككىز بولسا، يەنە ئون ئۈچ كۈن بار. ئاڭغىچە يۈز ـ كۆزلىرىڭمۇ ساقىيىپ قالار. گېپىمنى ئاڭلا، قىزىم، هادىلجان... — گۈلسۇمخان يەنە تۈگىمەس پەند ـ نەسىهەتلىرىنى باشلىماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈرگەندە گۈلبانۇم يوق ئىدى. ئۇ ئاللىبۇرۇن هويلىغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، بىراۋلار ئۈنىڭغا قاراپ كۈلۈپ

تۇرغاندەك لەمپە ئاستىغا تىكىلىپ تۇراتتى.
بۈگۈن كېچە گۈلبانۇم تۈن نىسپىگىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ توي ئىشىنى ئاڭلاپ ئاپىسى بىلەن ئۇرۇشمىغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، بولمىسا گۈلسۈمخان تەرسا مىجەزىگە ئېلىپ ئۇدۇل دەريا تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. خۇددى «ئۆگزىگە چىقىپ پالاس قاقسام توپىسى تۇرپانغا كەتتى» دېگەندەك، بىردەمدىلا ئەل ـ مەھەللىگە ئاڭلىنىپ كۇسۇر ـ كۇسۇر، مىش ـ مىش گەپلەر تارقىلىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئەسقەر ئاڭلىسا بالايىئاپەت ئېغىزى ئېچىلىپ، توسۇۋالغىلى بولمايتتى.
گۈلبانۇم يېنىدا ئۇخلىسىغا يېتىپ بوش خورەك تارتىۋاتقان ئاپىسىغا قارىدى، گۈلسۈمخان «بۇ ئىشلار خۇددى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك ئەجەب ئوڭۇشلۇق بولدى» دېگەندەك بەخۇدۇك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. توۋا، دۇنيادا ئەجەب ئانىلار بار ـ ھە! ئۆز قىزىنى ھېچ ئايانمايلا بىر ھاراقكەش تاياقچىغا بەش قولىلاپ سۇنۇۋاتقىنىنى، «ھادىل پىيەنچۇك» دېسە بايكۆللۇكلەرنىڭ ھەممىسى ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئەسلىدە ھادىل گۈلسۈمخاننىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ۋېلىسىپت، رادىيو، تىراكتور، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشتا داڭ چىقىرىپلا قالماي، ھاراق ئىچىشتىمۇ «داڭ» چىقارغانىدى. ئۇ ھاراق ئىچمىگەن كۈنلىرى سالام ـ سەھىتى جايىدا، تۈزۈككىلا ئادەم، بىراق ئاغزى ھاراقتا تەگدىمۇ، خوتۇنىنى كوچىمۇكوچا قوغلاپ ئۇرۇپ، ئۆيدىكى جابدۇقلارنى ئېتىپ سۇندۇرۇپ، دېرىزە كۆزنەكلىرىنى چېقىپ، بەئەينى بىر ياۋا توڭگۇزنىڭ ئۆزىلا بولاتتى. ھەتتا بىر قېتىم مەستلىكتە كەتمەننى ئېلىپ ئۆگزىنىڭ ئۇستىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆزى ئۆيگە گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بىر پۇتى كېسىلىپ ياغاچ پۇت بولۇپ قېلىشقىمۇ ھاراق ئىچىش سەۋەب بولغان. بىر قىشلىقى ئېغىر مەست

بولۇپ قالغان ھادىل ماشىنا تىگىگە كىرىپ كېتىپ، دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تىزىنىڭ يۇقىرىسىدىن كېسىپ تاشلانغانىدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۇرۇمچىدە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچ پۇتى ماڭسا غىچىرلاپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ «پىيەنچۇك» دېگەن لەقىمىگە يەنە بىر لەقەم قوشۇلۇپ، «ھادىل غىچىر ـ غىچ» بولۇپ قالدى.

گۈلبانۇم ئاۋاز چىقارماي ئېغىر خورسىندى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ خىيال قۇشى ئەنزەر تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يۈز ـ كۆزىنىڭ جاراھەتلىنىشى تۈپەيلىدىن ئىككى ھەپتىدىن بېرى كۆرۈشەلمىدى. پەزىلەتنىۋۈزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەنزەر نەچچە قېتىم كېلىپ كۆرۈشەلمەي كەتكەنلىكى مەلۇم. ئۇ ھازىر قانچىلىك تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ؟ ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قانداق ئىرادىگە كەلگەندۇ؟ ئەگەر ئانىسى مۇئەتتەرخاندىن قورقۇپ «بولدى قىلايلى» دېسە، گۈلبانۇمنىڭ تىرىكلا ئۆلگىنى شۇ. ئەنزەر ئەتىگىچە كېلىپ قالارمۇ؟ كەلسىلا پەزىلەتنىۋۈدەم خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. ئۇ «قېچىش»قا قانداق قارايدىكىن ياكى ئانىسىنى رەنجىتىشنى خالىماي گۈلبانۇمنى ئوتقا تاشلاپ قويارمۇ؟

گۈلبانۇم ئەمدىلا ئۆرۈلۈپ ياتماقچى بولۇۋىدى، بىر شەپىدىن چۆچۈپ تورۇسقا تىكىلىپلا قالدى. چۈنكى، ئۆگزىگە بىر نەرسە چۈشكەندەك بولدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا يەنە «پوككىدە» قىلىپ تاشلانغان چالمىنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى. يۈرىكى قورقۇش، شادلىق ھاياجىنىدا تېز سېلىپ كەتكەن گۈلبانۇم كۆز قۇيرۇقىدا ئاپىسى تەرەپكە قارىدى. گۈلسۇمخان ئالدىنى تام تەرەپكە قىلىپ تۈگۈلۈپلا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بۇ ئەسنادا ئۆگزىدىكى شەپە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. گۈلبانۇم سىلىق ھەرىكەت بىلەن رۇباشكىسىنىڭ ئۈستىگە چاپىنىنى كىيدى، ئاندىن ئىشىكنى يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

## 6

بىر سائەتتىن بىرى ئۆيئىچىدە كۆتۈرۈلگەن بوران توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئانىنىڭ ۋارقىراش، تىللاش، قارغاش، يىغلاشتەك ئاۋازى راسا قىيامىغا يەتتى. ئىشىك تۈۋىدە تىڭتىڭلاۋاتقان ئابدۇسەمەت ھەربىر شەپىدىن چۆچۈپ تۇراتتى.

— زادى تۇرسۇنگۇل بىلەن توي قىلساڭمۇ قىلىسەن، قىلمىساڭمۇ قىلىسەن. قىلمايمەن دەپ بويۇنتاۋلىق قىلىپ باققىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.

— قىلمايمەن، ئانا...

— نېمە؟ ھەددىڭ ئەمەس. ھەممە ئىشنى توغرىلاپ بولغاندا سەن مېنى بىر پارچە سىيسىق پوققا ئايلاندۇرماقچىمۇ - ھە، دۆيۈز...

— مەن بىلەن نېمىشقا مەسلىھەت قىلمىغان بولغىيدىلە، ئانا؟

— نېمە، تېخى مەن ساڭا يېلىنىمەنما، ئۇقۇپ قوي، سەن بالا، مەن ئانا. قانداق، تۇرسۇنگۇلنى ئالامسەن، يوق؟

— ئالمايمەن، ئانا!

— كۆزۈمدىن يىت، شاۋۇچى!

ئۆيدىكى تاراق - تۇرۇق شەپىدىن چۆچۈگەن ئابدۇسەمەت غىپپىدە قىلىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئىشىكنىڭ زەرب بىلەن تاراققىدە ئېچىلىشى ھەم گۈپپىدە قىلىپ غەزەپلىك يېپىلىشى بىلەن تەڭ ئەنزەر ئىشىكتىن سەنتۈرۈلۈپ چىققىنىچە، پېشايۋان پەلەمپىيىدە پۇتلىشىپ ھويلا ئوتتۇرىسىغا يىقىلدى. ئۇنى ئانىسى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەنىدى. ئارقىدىنلا مېھمانخانىدىن مۇئەتتەرخاننىڭ قەھرى بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي تۇزكور مۇناپىق، مەن سىنى قىچىرچى[1]دە تۇغمىغان جۇما. قەشقەرنىڭ بىھىلىك باغلىرىدا تۇغقان. ۋۇي تېزەك پۇراپ قالغان ئەركەك ھايۋان. سەن تېخى غۇلجىلىق شاپاقچىنى ئېلىپ قىچىر بالا تاپماقچىما، گوي؟

ئەنزەر كىيىمىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ گۇلبانۇم بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ئون نەچچە كۈندىن بۇيان، بۇ ئانىسىغا يالۋۇرۇپ ئېلىپ بارغان يەتتىنچى قېتىملىق سۆھبىتى ئىدى. ئەمما، مۇئەتتەرخان مەھەللىسىدىكى ياسىن ناسكال دېگەن بىر يۇرتلۇقىنىڭ قىزى تۇرسۇنگۈلنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ تاش چىشلەپ تۇراتتى. تۇرسۇنگۈل ئولتۇرۇپ قالغان قىز بولۇپ، ئەنزەردىن ئۈچ ياش ئەتراپىدا چوڭ ئىدى.

ئەنزەر خۇددى تۇگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ دەرۋازىدىن چىقتى ھەم چۆچۈپ قارىدى. ئىنىسى ئۇنى كوچىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ دومبىسىدىن ئاستا تۇرتۇپ بازارغا ئەكەتتى.

— ئاكا، سەن ئانام بىلەن ھەر قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا مەن ئىشىك تۈۋىدە بار، — دېدى ئابدۇسەمەت كېتىۋېتىپ، — ساڭا ئوچۇق گەپنى قىلاي، ئانامنى يۇمشىتىمەن دېيىشىڭ خۇددى ئىتقا مانتا تاشلاپ بەرگەندەك قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك.

— راست دەيسەن، ھەرگىز قوشۇلمىغۇدەك.

— گۇلبانۇم ھەقىقەتەن ياخشى قىز ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساڭ بەختىڭ ئېچىلاتتى، — ئابدۇسەمەت خەيرخاھلىق بىلەن ئاكىسىغا قاراپ قويدى، — ئانامنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدۇ، تۇرسۇنگۈلنىڭ يامان ئاتىقى چىقىپ قالغان قىز.

[1] قىچىرچى — جاي نامى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆتمۈشتە قىزلىرىنى يات مىللەتكە بەرگەنلىكتىن شۇنداق ئاتىلىپ قالغان، دېيىشىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ «ھېچقانداق تويلۇق ئالمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار، قىزىمىزنىڭ قولىدىن يېتىلىتىپلا قويىمىز» دېگەن گېپىدىنلا چىقىپ تۇرمامدۇ، لېكىن ئانام «چىقىمىز تويى» دەپ ئېسىلىۋالدى.

— مەنمۇ ئاڭلىغان، — ئەنزەر قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — كەچ ئىشتىن قايتقان چاغلىرىمدا بىر نەچچە قېتىم چېلىقتۇرۇپ قالدىم.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— ئويلاپ ـ ئويلاپ زادىلا تېگىگە يېتەلمەي تۇرىمەن، لېكىن تۇرسۇنگۇلنى مەجبۇرىي ئېلىپ بەرمەكچى بولىدىكەن، قېچىپ كېتىمەن.

— ئۆزۈڭ قېچىپ كەتسەڭ گۇلبانۇم قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە...

— نېمە دېمەكچى سەن؟ — ئابدۇسەمەتنىڭ بېشارىتى ئەنزەرنىڭ ئېسىنى كىرگۈزدى، — ئۇنداقتا...

— ئىككىمىز يىغقان پۇلدىن بىر ئاز بېرەي. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئەجرىڭ كۆپ، — ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ غەمكىن چىرايىغا نەزەر تاشلىدى، — بىرەر ـ ئىككى ئاي يوقىلىپ كېتىپ كەلسەڭلا، ئانام ئامالسىز قوشۇلارمىكىن دەيمەن. ئەڭ بولمىسا تۇرسۇنگۇلدىن قۇتۇلىسەن.

ئەنزەر بىلەن ئابدۇسەمەت ئىككىسى ئايرىم ئاشخانا ئېچىش ئۈچۈن خېلىلا كۆپ پۇل يىغقانىدى. ئەنزەر ھەر قېتىم ھونەر ھەققى ئالغاندا ئايلىق خىراجەتكە يەتكۈدەك پۇلنى ئانىسىغا بېرىپ قالغىنىنى ئىنىسى ئابدۇسەمەتكە: «بانكىغا قويۇۋەت» دەپ تاپىلايتتى. قەشقەردە كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئابدۇسەمەت بىر پۇلنىڭ كۆزىدىن مىڭ ئۆتۈپ، خېلىلا قاغجالما بولۇپ قالغانىدى.

— سەن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە مەنمۇ دۇكان ئايرىپ چىقىپ بولىمەن، — ئابدۇسەمەت ئاكىسىغا كۆزىنى قىسىپ

قويدى، — نېمەت جۈرئېن ھەممە رەسىمىيەتلەرنى ئۆزۈم بېجىرىپ بېرىمەن، دېگەن. بەلكىم ئاشخىچە ئۇمۇ چۆچەكتىن كېلىپ قالار.

— قانداق، دۇكان كۆردۇڭمۇ؟

— جۈرۈ، بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، خەنزۇ بازىرى ئۆستەڭ بويىدا، ئادەم راسا قىزىيدىغان جاي دېگىنە.

ئۇلار ئىجارىگە ئالماقچى بولغان دۇكاننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇسەمەت ئىشلەۋاتقان ئاشخانىغا كېلىپ لەڭمەن يېيىشتى. ئاندىن كۆز باغلىنىش بىلەن بازار رەستىلىرىنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلدى ـ دە، كىچىك ھۇجرىدا ئىككىسى بىللە يېتىپ قىلىشتى.

گۈلبانۇم ئۇخلىيالمىغان بۇ كېچە ئەنزەرنىڭمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ئون بەش كۈندىن بېرى دەريا بويى مەھەللىسىگە نەچچە قېتىم بېرىپ گۈلبانۇم بىلەن كۆرۈشەلمىدى. پەزىلەتبۇۋىنىڭ ئۇنى كۆرۈشتۈرمەسلىكىدە بىرەر سەۋەب بارلىقىنى ئويلاپ يەتكەن ئەنزەر ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. توغرا، «بىر كېچىدىلا نىكاھ قىلىپ تويىنى قىلىۋەتسىچۇ.»

ئەنزەر يېنىدا ئۇخلاۋاتقان ئىنىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن شەپە چىقارماي كىيىملىرىنى كىيدى. ئاندىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگە، ئىنىسىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى:

— ئاكا، دەريابويى مەھەللىسىگە بارامسەن؟ بولدى كېتىۋەر، دەرۋازىنى مەن تاقىۋالىمەن، — دېدى ئابدۇسەمەت ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا، — لېكىن ھېلىقى ئەسقەر دېگەن ئۇششۇق ئوغرىدىن ھېزى بول، ئۆتكەندە ئارىغا كىرمىگەن بولساڭ راسا ئەدىپىنى بېرەتتۇق.

ئەنزەر ۋېلىسىپىتكە مىنىپ تار كوچىدىن چوڭ يولغا چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىنلا ئابدۇسەمەت دەرۋازىنى قۇلۇپلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئاپپاق ئايدىڭ كېچە ئىدى. ئەنزەر ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالىنى كۆچەپ تېپىپ خەنزۇ بازىرى، تاشلەپكە، بەيتۇللا مەدرىسەسى، بېدە بازارلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ جىددىيلىشىش، مەھبۇبى بىلەن كۆرۈشۈش ھاياجىنىدا تەرلەپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ، تۈن نىسپىدە دەريابويى مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ۋېلىسىپىتنى يول چېتىدىكى ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، گۈلبانۇمنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى.

ئەنزەر ئۆگزىگە چالما تاشلاپ بولۇپ، دەرۋازا تەرەپكە قارىغىنىچە بىردەم تىڭشىدى، ئاندىن يەنە تاشلىدى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم تاشلاپ بولۇپ دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ھويلا ئىچىگە قارىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئەگەر ئەسقەر دەرۋازىدىن چىقىپ قالغۇدەك بولسا، كوچىدىكى بىر تۈپ سېدىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنماقچى بولدى. دەقىقىلەر بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ھويلىدىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. تاقەتسىزلەنگەن ئەنزەر تۆتىنچى قېتىم چالما تاشلىماقچى بولۇۋىدى، كونا دەرۋازا غىچ قىلىپ ئېچىلىپ بىر سايە كۆرۈندى. بۇ نازۇك سىيما ئەنزەرنىڭ يۈرىكىنى توسۇن ئاتتەك ئوينىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.

— گۈلبانۇم! — ئەنزەر قىزنى باغرىغا باستى. قىزمۇ چىڭ يېپىشتى.

— ئەنزەر، بۇ دۇنيادا بارمۇسىز؟

— يۈرۈڭ، ئاۋۇ سېدە ئارقىسىدا پاراڭلىشايلى.

— بولمايدۇ، ئەنزەر، تۈن نىسپىيدىن ئۆتتى، — گۈلبانۇم ھاياجان ئىزتىراپىدا تىترەۋاتاتتى، — ئاپامنىڭ ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. مەن كىرىپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار. مەسلىھەت قىلمىساق زادى بولمايدۇ.

— مېنىڭمۇ ئېيتىدىغانلىرىم كۆپ. ئەنزەر، مۇنداق بولسۇن، — گۈلبانۇم يۇلتۇزلار ئۆچۈۋاتقان كۆك ئاسمانغا قاراپ

قويدى، ــ تالڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قاپتۇ. سىز بۇگۈن ئەتىگەن پەزىلەتبۇدەمنىڭ ئۆيىدە مېنى ساقلاڭ.

ــ ئۇ...

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، مەن دەپ قويغان.

گۈلبانۇم قامەتلىك يىگىتكە ئېسىلىپ بىر ئۆپۈش ھەدىيە قىلدى ـ دە، تېزلا كىرىپ كەتتى. ئەنزەر قاققان قوزۇقتەك ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەھبۇبىنىڭ ھىدىنى قايتا ھىدلىماقچى بولغاندەك خېلىغىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى. بىر چاغدىلا ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ ۋېلىسىپىتىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتىش نىيىتى يوق ئىدى. ئەگەر دەرۋازىنى قاققان ياكى ھالقىسىنى شاراقلاتقان تەقدىردە ئانىسىنى ئويغىتىپ قويۇش خەۋپى تۇغۇلاتتى. شۇڭا، ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ سالقىن ماڭغىنىچە ۋاڭ قادىر بېغى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ يەردىن شەرق مەھەللىگە، شەرق مەھەللىدىن قايرىلىپ «پايىتىما كۆۋرۈك» قېشىدا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ ئۆستەڭدە يۈز ـ قوللىرىنى يۇدى. تاڭمۇ سۈزۈلۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ سۇس قىزىل رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. كۆۋرۈك سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرغان ئەنزەر تېز بىر ئۆپۈش ھەدىيە قىلغان مەڭزىنى سىلاپ، جانلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يەنە بىرنەچچە كوچىلارنى مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ بولغۇچە كۈن چىقىپ، نەيزە بويى ئۆرلىدى.

ئەنزەر دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ۋېلىسىپىتىنى كۆتۈرۈپ، ئەيمىنىپقىنا ھويلىغا كىرگەندە پەزىلەتبۇۋى داستىخاننى ئۈزۈم باراڭ تېگىدىكى ئېرىققا قېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ «سىر»دىن خەۋىرى بولغاچقىمۇ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ كەتمىدى.

ــ قانداق ئەھۋالىڭىز، ئەنزەر؟ ــ پەزىلەتبۇۋى ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا زەن سالدى، ــ ۋېيەي، ئۆتكەنكىدىن خېلىلا جۇدەپ قاپسىز.

ــ سورىماڭ، ھەدە، ئەھۋالىم خاراب، ــ ئەنزەر

ۋېلىسىپىتنى تامغا يۆلىگەچ يەرگە قاراپ گەپ قىلىۋاتاتتى، — نېمە بولۇپ كەتتىكىنتاڭ بۇ ئانىلارغا، بىرسى، «قاشقالىق»، بىرسى، «غۇلجىلىق» دەپ تاش چىشلەپ تۇرغان. بولمىسىغۇ ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان، بىر ئۇيغۇر.

— بولدى كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇلارنى ئويلىسا ئادەم خۇن بولۇپ كېتىدۇ، — پەزىلەتبۇۋى ئۆينى ئىشارە قىلىپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — ئۇ سىزنى ساقلىغىلى نېكەم.

ئەنزەر ئۆيگە كىرىش بىلەن كارىۋات قىرىدا ئولتۇرغان گۈلبانۇم ئورنىدىن دەرھال تۇرغان بولسىمۇ، يۈگۈرۈپ كېلىپ بىگىتكە ئۆزىنى ئاتالمىدى. چۈنكى، باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بۇنداق قىلىش ئۆي ئىگىسىگە تەركى ھۆرمەت بولۇپ قالاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ ئېغىر خورسىندى. دېمىسىمۇ گۈلبانۇممۇ خېلىلا جۇدەپ كەتكەن بولۇپ، يۈز - كۆزىدىكى جاراھەت ئىزلىرى ئۈزۈل - كېسىل ساقايمىغانىدى. ئاخشام ئۇنىڭ يۈزىنى تۈزۈكرەك كۆرەلمىگەن ئەنزەر ئەندىكىپ سورىدى.

— گۈلبانۇم، بۇ... بۇ نېمە ئىش؟ شۇنچىۋالامۇ بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟

— ئەسقەر ئۇردى، — گۈلبانۇمنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش قوغلىشىپ چۈشتى، — بۇ تېخى ياخشى بولۇپ قالغىنى. دەسلەپتە كۆزۈمدىن مەنمۇ ئەنسىرىگەن، ئاڭلىسام، ئۇ ئىت سىز بىلەنمۇ ئۇرۇشۇپتىغۇ؟

— ئۆزۈممۇ ئۇقمايلا قالدىم، مەن بۇرۇن ئەسقەرنى كۆرۈپ باقمىغان - دە، بەلكىم ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرگەن خېرىدار ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن، — ئەنزەر كۈلۈپ قويدى، — تۇيۇقسىزلا بىر مۇشت سىلىۋىدى، بۇرنۇم ئوقتەك قاناپ كەتتى. ئاڭغىچە مۇلازىم باللار ئۇنى ئاشخانا، كوچىدا يۇمىلىتىپ سىلىپلا كەتتى. ئەگەر ئارىغا كىرىپ تۇرۇۋالمىغان بولسام، خېلىلا قاتتىق ئۇرۇۋېتەتتى.

— قويۇپ بەرسىڭىزچۇ، ئۇ غالجىر راسا ئەدىپىنى

يىمىگۈچە چۆچۈمەيدۇ، ــ گۈلبانۇمنىڭ قاشلىرى مىژژىدە تۈرۈلدى، ــ تاسلا قالدى كۆزۈمنى قۇيۇۋەتكىلى.

ئۇلار بىر پەس جىمىپ قالدى. بۇ ئەسنادا پەزىلەتبۇۋى شىرەنى كۆتۈرۈپ كىرىپ چاي قۇيدى، سىركايىلەرگە قەنت سېلىپ، توقاچلارنى ئۇشتۇدى.

ــ بۇ سىلەرگە يامان تەستە كەلگەن پۇرسەت، ــ دېدى پەزىلەتبۇۋى، ــ شۇڭا قانداق قىلىش ـ قىلماسلىقنى راسا ئويلىشىپ، مەسلىھەتلىشىۋېلىڭلار، بۇ يەردە بىر ـ بىرىڭلارغا قاراپ ياش تۆكۈپ، دەرد ئېيتىپ ئولتۇرغىنىڭلار بىلەن بەختىڭلارنى بىر كىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرمەيدۇ. بۇ ئۆيدە ئۇچرىشىۋېرىشقىمۇ بولمايدۇ. بىرسى كۆرمىسە، بىرسى كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا توقۇناق بالاغا مەن قالىمەن. خۇدا ساقلىسۇن، بۇگۇنكى مۇشۇ ئىشنى گۇلسۇمخان ھەدەم ئۇقسا چىچىمنى بىر تالدىن يۇلۇپ قولۇمغا ئېلىپ بەرسە، ئېرىم قادىرنىڭ تايىقىدا ئۆلىمەن.

پەزىلەتبۇۋى دەيدىغاننى دەۋېلىپ چىقىپ كەتتى. گۈلبانۇم مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئۈچۈن سىرتقا چىقالمىغانلىقىدىن باشلاپ، ئاپىسىنىڭ توي ئىشىغا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقى، ھەتتا ئەلچىلەرنىڭ ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا قەدەر دەردىنى تۆكتى.

ــ توينى قاچانغا بېكىتتى؟ ــ سورىدى ئەنزەر ئەندىكىش ئىچىدە.

ــ مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى، ناھايىتى بىر ھەپتە قالدى، ــ گۈلبانۇم ئەنزەرگە مەيۇس قارىدى، ــ قانداق، سىز ئانىڭىز بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟

ــ ئۇمىد يوق، مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى.

ئەنزەر ئانىسىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئوغلىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىنى يېنىكلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىپ قانداقتۇر ئەخلاقى ياخشى بولمىغان، ھەتتا ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ بىر

قىزنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى، بۇ ھەقتە ھەر كۈنى بېسىم ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئەنزەر ئاخىرىدا ئىنىسى ئابدۇسەمەتنىڭ مەسلىھەتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى، چۈنكى ئۇ گۈلبانۇمنىڭ ئاچچىقلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. بىراق، بۇ سۆزنىڭ گۈلبانۇمنى ۋەيلۇن دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىنى ئۇ ھېس قىلالمىغانىدى. «ئەگەر ھېچ ئامال بولمىغاندا، قېچىش چارىسىگە ئەنزەر قانداقمۇ قارار ياكى ئانىسىنى رەنجىتىشنى خالىماي، شۇم تەقدىرگە بويسۇنارمۇ» دېگەن قورقۇنچلۇق ئوي گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكىدىن بىر يولىلا كۆتۈرۈلدى. ئەلۋەتتە، قېچىش چارىسىنى ئىپپەت - نومۇسلۇق بىر قىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى تولىمۇ ئەپسىز ئىدى.

— ئەنزەر، ئېيتىڭا، نەگىمۇ بارارمىز؟ — قارارلاشقان «قېچىش» ئەمەلىيەتكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا گۈلبانۇمنىڭ بىردىنلا يۈرىكى سىلىپ كەتتى، — ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق...

— ياق، تۇتۇلمايمىز، — دېدى ئەنزەر ئىشەنچ بىلەن، — دەريادىن ئۆتۈپ يېرىم كۈن ماڭساق بىر تارانچىلار مەھەللىسى بار، ئۇ يەر بەكمۇ خىلۋەت.

بازار قويۇۋېتىلگەن يىللاردىن بېرى ياغاچچىلىق سايمانلىرىنى ۋېلىسىپىتكە ئارتىپ بارمىغان سەھرا - كەنتلەر قالمىغان ئەنزەر ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ «بەكمۇ خىلۋەت» دېگەن يېرىمۇ ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ئالدىنقى يىلى ئۇ يەردە يەتتە ئايدەك ھۈنەر قىلدى. دېھقانلارنىڭ ھارۋىلىرى، شامال ساندۇقى، ساپال، تىرنىلىرى، يېڭى سالغان ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى، ھەتتا تولۇق جازىلىرىغىچە ياساپ، ھەممە بىلەن تونۇشۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقان قوغانلىق سەمەتدەرقۇلنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە قايتىپ كەتكەنگە قەدەر ئولتۇردى. بۇ ئادەم ئەنزەرنىڭ ئۆز ئاتىسىدەك ھىممات قولىنى سوزغانىدى. شۇڭا،



www.uyghurkitap.com

دېھقانلار ئارىسىدا: «ئەنزەر دېگەن قەشقەرلىك بالا، سەمەندەر قەشقەرلىكنىڭ تۇغقىنى ئىكەن» دېگەن گەپلەرمۇ تارقالدى.

— ئۇ يەردىكى دېھقانلار قوپال بولغىنى بىلەن، — دېدى ئەنزەر پەخىرلەنگەن ھالدا، — كۆڭلى ياخشى. ناھايىتى شۇ: «ھېلىقى قاشقالىق ياغاچچى ئايالىنى ئېلىپ، ھۇنەر قىلغىلى كەپتۇ» دېيىشى تۇرغانلا گەپ.

— مۇشۇنداقلا بىر ئۆيگە كىرىۋالساق قانداق بولار؟ — ئىسلام ئەقىدىسى قائىلىرىغا سىڭىپ كەتكەن گۈلبانۇم قورقۇپ تۇراتتى، — بەك زىيىنى بار جۇمۇلۇڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەنمۇ يامان بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى ئەنزەر گۈلبانۇمغا تەسەللى بېرىپ، — سەمەندەركام كەنت بويىچە خېلىلا ھۆرمەتتى بار ئاخۇنۇم. ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. تويلاردا بولسا نىكاھ - پاتىھە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭغا راست گەپنى قىلساق بىزنى قوللايدۇ.

جاھالەت ئەقىدىلىرىنىڭ قۇربانلىرى بولغان ئىككى ياش ئاخىرى «قېچىش» ئىرادىسىگە كېلىشتى. ئۇلار قايسى كۈنى مېڭىش، نېمىلەرنى ئېلىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بۇ ئۆيدىن دەرھال چىقىپ كەتمىسىمۇ بولمايتتى. ئەگەر قادىر ئاخۇن سۇۋاقچى چۈشلۈك تاماققا كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئۆزلىرىگىمۇ، پەرزەنتىۋۇ ئىگىمۇ تۈگىمەس دەردىسە بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، — ئەنزەرنىڭ چىرايى جىددىي ئىدى، — مەن كۈن ئولتۇرۇش بىلەن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئۆتكەنكى كىچىك چوقۇر ئويمانلىقنى ئەتراپىدا ساقلايمەن. شەھەر ئىچىدە بىللە مېڭىشقا بولمايدۇ. ئۇ تەرەپتە بىزنى ھېچكىم تونۇمايدۇ.

— كۈندۈزى ماڭساق بولمامدۇ، بىزنى ھېچكىم تونۇمىغاندىن كېيىن، — گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇرۇپ

تۇراتتى، — كېچىسى يول يۈرسەك خېيىم - خەتەر بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن.

— بولمايدۇ، كۈندۈزى ئۆتكەن - كەچكەنلەر كۆپ، كۆزگە چېلىقىپ قالساق ئىز قوغلاپ ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالىمىز.

پەزىلەتبۇۋى كوچىغا قارىۋېتىپ، بېشىدا بەلگە بەرگەندىن كېيىن ئەنزەر ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ تېزلا چوڭ يولغا چىقىۋالدى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، يۈزىنى رومالدا ئورىۋالغان گۈلبانۇممۇ ئۇزاپ چىقتى.

## 7

«گۈلبانۇم بىر قاشقالىق يالا بىلەن قېچىپتۇ» دېگەن بىر ئېغىز سۆز خۇددى ھېيت كۈنلىرى چېلىنىدىغان ناغرىخانىنىڭ ناغرا ئاۋازىدەك ھەممە يەرگە ئاڭلىنىپ كەتتى. دەريابويى كوچىسىدىن تارقالغان بۇ خەۋەر دۆڭمەھەللىدىكى باي كوچىسى، خۇمدان كوچىسى، غاز كوچىسى قاتارلىق كوچا - كويلاردا ئومۇمىي تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ خوتۇنلار غەيۋەت - شىكايەت خەزىنىسىنى تېپىۋالغاندەك ئىشىك ئالدىلىرىغا توپلىنىپ، ئۆيلىرىدە شاما چاينىغاچ كۇسۇر - كۇسۇر قىلىشاتتى، خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى. بىرسى: «تۇۋا، گۈلبانۇم شەھەر كوچىلىرىدا غىتىتاڭشىپ ئۆزىنى شامالغا سالىدىغان قىزلارغا ئوخشىمايتتى، مانا ئەمدى...» دېسە، يەنە بىرسى: «ۋاي... دوستەك، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئادەمگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بەزنى كۆرسە يېمەيدىغان مۈشۈك نەدىكەن؟» دېيىشتى. «ھەرقانچە بولسىمۇ ئادەم تېپىلمىغاندەك قاشقالىق بىلەن قاچقىنى نېمىسى؟» دەپ ئوت قوياتتى يەنە بىرسى. چوڭ كوچىدا بىر كۈن كەچكىچە تام يۆلەپ قارتا ئوينايدىغان بىكار تەلەپلەر چېغىدا غەيۋەتكە ئۇرۇق سېلىشتاتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ قىزى قېچىپتىمىشقۇ؟

— قايسى قىزىنى دەيسەن، ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بولىدىغان؟

— قايسىسى بولاتتى، ھېلىقى چېچىنى تاراپ، ئەپچىل ياسىنىپ، رەڭگى - رۇخسارى دائىم پاكىز يۈرىدىغان چىرايلىق قىزىچۇ.

— ئەمدى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىر قاشقالىق بىلەن قاچقىنىغا ھەپتە بولۇپ قالدى.

— قاشقالىق بىلەن؟

— ھېلىقى بىزنىڭ مەھەللىدە ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن كەم سۆز، مۇلايىم بالىچۇ، سۆزلىرىدىن قارىيخانلىق پۇراپ تۇرىدىغان.

— ئۇنداقتا ئوقۇغان نېمىكەن - دە.

مەھەللىدە داۋاملىق لاغايلاپ يۈرىدىغان، قۇرۇق سۆلەت بالىلارنىڭ بەزىلىرى ھەسەت قىلىپ تامىقىنى چاكىلداتسا، بەزىسى ھەۋەس قىلىپ ئاغزىنى بىرھازا تەمشىتىپ چىكىلداپ كېتەتتى. بۇ چاغقىچە گۈلبانۇمغا قانات سۆرەپ يۈرگەن ئالىقاناتلار بولسا: «پاھ، پاھ، بۇ جانىۋارنىڭ پەيزىنى قاشقالىق سۈرۈپتۇ - دە» دېيىشىپ دەردىنى يۇتاتتى. قىسقىسى، ھەممىنىڭ ئاغزىدا «گۈلبانۇم، گۈلبانۇم»لا ئىدى.

دەرۋەقە بۇ چاغقىچە دۆڭمەھەللىدىن قاچقان، قىز ئەپقېچىپ ئەكەلگەنلەر ئازمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرەر - ئىككى كۈن داۋرىڭى بولۇپ ياكى ئازغىنا قۇلاق ياقتى گەپلەر بىلەن چەكلەنگەنىدى. لېكىن، گۈلبانۇمنىڭ قېچىشى گويا كۆھىقاپنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندەك پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت، تەنە - كىنايىلەر بورىنى ھەممە يەرنى قاپلىدى. تېخى گۈلبانۇم يوقىلىپ كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى پەيدا بولغان ئەسقەر شۇنداق غوۋغا كۆتۈردىكى، مەھەللىنىڭ ئىتلىرى قاۋاپ، توخۇلىرى قاقاقلىشىپ كېتىشتى. ھەتتا چاشقانلارمۇ خۇددى يەر تەۋرىگەندەك تۆشۈكلىرىدىن قېچىپ

چىقىشتى. ئۇ ھويلىدىكى گۈل تەشتەكلىرىنى ئۆرۈپ ـ چېقىپ، تاماق ئۇستەللىرىنى پېشايۋاندىن ئىتتىرىپ، چايخانىدىكى تاختىبېشىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى چىنە ـ قاچا، تاۋاق ـ لېگەنلەرنى چۇل ـ چۇل قىلىۋەتتى.

— ھەممىنى قىلغان سەن ئالۋاستى، — ئاپىسىغا دېۋەيلەپ كەلدى ئەسقەر. ئۇنىڭ چېچىلىرى غۇچچۇرلاپ، زاڭاقلىرى لىپىلداپ، ئاغزىدىن كۆپۈكلەر چاچراپ تۇراتتى، — ئۇ ئىنەكنى ئەتىۋارلاپ، پەپىلەپ، بىزنى مۇشۇ كۈنگە قالدۇردى. ئەمدى بۇ يۈزنى قەيەردە كۆتۈرۈپ يۈرىمىز؟ خەققە قانداق قارايمىز؟ ئۇ پاسكىنا جالاپ بىزگە سېسىق نىجاسەتنى سۈۋاپ قويۇپ قەيەرلەردە يالاق يالاپ يۈرىدۇ؟

— جېنىم بالام، ئۇ جۇۋاينىمەكنىڭ كاسىسىدىكى گۆشنى يۈزىگە چاپلاپ مۇنداق رەسۋاچىلىقنى قىلىشىنى نەدىن بىلەي؟ — ئامالسىز قالغان گۈلسۈمخان يۇم ـ يۇم ياش تۆكۈپ تۇراتتى، — مەنمۇ تىرىكلا گۆرگە كىرىۋالغۇدەك يەرگە يەتتىم.

— سەن تولا يۈرىكىمنى تىتما. قاچۇرۇۋەتكەن ئۆزۈڭ! — ئەسقەرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، — بولمىسا ئەنزەرنى ئۆيۈڭگە باشلاپ پولۇ ـ مانتا بىلەن باقامتىڭ؟! نېمانداق زېدى پەس ئېمىسەن؟ سېنىڭ نەرىڭ ئانا؟

بۇ چاغدا دەرۋازا ئالدىغا توپلىشىۋالغان ئەر ـ خوتۇنلار، ئۇششاق بالىلار بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتىپ، بەزىلىرى قىزىقسىنىپ، يەنە بەزىلىرى تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىزلا پۇزۇر ياسىنىۋالغان چوڭ ئوغۇل ئەنەيتۇللا كېلىپ قالدى، بۇ بەتنام تالا ـ تۈزلەرگە پۇراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئاپىسىدىن ئەنسىرەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ تۇراتتى، توپ ئارىسىدىن قارىمۇتۇق بىر يىگىت ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولاي دېدىمۇ ئۆزىچە نەسىھەت قىلدى:

— ھوي ئەنەيتۇللا بايۋەچچە، ئاۋۇ توم تۇۋاق، ئالىجۇقا

ئىنىڭنى هاي دېگىن، تىلىنى تېيسۇن، ئانىنىمۇ شۇنداق تىللاپ، سىلكىشلەپ، دۆشكەلىسە بولامدۇ ـ هە؟ توۋا قىلدىم، قىپقىزىللا سارائخغۇ ئۇ.

ئىنىسىنىڭ تەلۋىلىكىدىن جان ـ پېتى چىقىپ كەتكەن ئەنەيتۇللا كەلگەنچە ئەسقەرنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ بىرلا تارتىشىغا، ئەسقەر ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى.

ــ ماڭە هوي لۈكچەك، ئاپامغا ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ بېرەمسەن ـ هە؟ ــ ئەنەيتۇللادىن هەممە قېرىنداشلار تەپ تارتاتتى، شۇڭا ئاچچىقىدا تىترەپ تۇرغان ئەسقەرمۇ غىڭ قىلالمىدى، ــ قاچسا گۇلبانۇم قېچىپتۇ، ئاپامغا نېمە تاۋان تاشلايسەن؟ تېخى بۇ يەردە شۇنچە خەققە هاي ـ هايلاپ.

ــ ئاكىسىدىن دەككىسىنى يېگەن ئەسقەر ئاچچىقىنى توپلاشقانلاردىن ئېلىپ: «ماڭە ئاناڭنى... بۇ يەردە پالانى نېمەم بارمۇ، جالاپ خوتۇنىنىڭ بالىلىرى» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، دەرۋازىدىن ئوقچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىۋېتىپ: «ئەمدى بۇ ئۆيگە قەدەم ئالىدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي» دېگەن قەسىمىنى هەممە ئاڭلىدى. ئەمما، ئاغزى بىلەن ئارقىسىنىڭ پەرقى يوق ئەسقەرنىڭ بۇ سۆزىگە هېچكىم ئىشەنمەيتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ خەقلەرنىڭ توخۇ ـ كەپتەرلىرىنى ئوغرىلاپ، تۇتۇلۇپ قالغانلىرىدا بۇنداق قەسەملەردىن كۆرمىگىنى ئىچىپ، هېچ مەسلىھەتىنى قويمىغانىدى.

ئەنەيتۇللا گۇلسۇمخانىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ياشلىرىنى سۈرتۈپ، تەسەللى بەردى. ئەسقەرنىڭ تېخى كىچىك ئىكەنلىكىنى، نېمە دەپ، نېمە قويغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇردى. شۇنداقتىمۇ، ئانىسىنىڭ چانىقىنى قورۇق باسقان كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلۈپلا تۇردى.

ــ ئاپا، قىزلار قاچسا يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالىدىغان، ــ

www.uygurkitap.com

دېدى ئەنەيتۇللا ئاپىسىغا، — گۇلبانۇم ئەنزەرنىڭ ئۆيىدىمۇ يا؟

— ئېھتىمال شۇ يەردە بولسا كېرەك، بالام، مەن ئەتە ئىزدەپ باراي دەيمەن.

— ئەگەر بارغۇدەك بولساڭ، قۇدا بولغۇچىلار ھەم ئەنزەر بىلەن ئۇرۇشمىغىن، گۇلبانۇمنىمۇ تىللاپ باشقىلار ئالدىدا يۈزىنى سۆرۈن قىلما.

— ئېزىپ ئىچۇرمىسەڭمۇ بىلىمەن، بالام.

كېچىچە كوچا سۈپۈرۈپ تېنىدە مىسقالچە ماغدۇر قالمىغان گۇلسۇمخان ئەتىسى ھېرىپ - ئاچقىنىغا باقماي قارادۇڭگە باردى. ئۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن سورۇشتە قىلىپ، كىچىك قوش قاناتلىق ھويلىغا كىردى.

ئۆيدىن ئىللىق چىراي بىلەن چىققان مۇئەتتەرخان كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك، پېشايۋان سۇپىسىدىن چۈشمەي مېھمانغا ئالىيىپ قاراپ تۇردى.

— ئەسسالام، — گۇلسۇمخان بۇ سۇمباتلىق ئايالدىن قورۇنۇپ، سەل ئېسەنگىرەپ قالدى، — ئۆزلىرى ئەنزەرنىڭ ئاپىسى بولىدىلىغۇ دەيمەن؟

— قېنى ئۆيسەن چىرىلى، — مۇئەتتەرخان سوغۇقلا تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار دالان ئۆيدىكى گىلەم سېلىنغان قوش كارىۋاتتا بىر - بىرىگە روبىرو قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. بارغانسېرى جەھلى قېتىپ، ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇرغان مۇئەتتەرخان گۇلسۇمخاننىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىكنى كۆرۈپ، ھەممىنى چۈشىنىپ بولغانىدى.

— قالىسام ئۆزلىرى گۇلبانۇمنىڭ ئانىسى ئوخشىمامدۇ؟ — مۇئەتتەرخان تۇيۇقسىز زەربىگە ئۆتتى، — قانداق قىز بالا ئۇ، نومۇسنى بىلمەيدىغان؟ يۈزى تۆۋەن، ئاغزىدا ئىلمى، قولىدا ھۈنىرى بار ئوغلۇمنى ئازدۇرۇپ نەلەرگە ئېلىپ قاچتى مىنە؟ ئۇلارنى قەۋەگە سولاپ قويدىلا؟

مۇئەتتەرخاننىڭ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك، نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئوغلۇمنى ئېلىپ قاچتى، قەيەرگە سولاپ قويدىلا، دېگەن سۆزلىرى گۈلسۇمخاننىڭ يۈرىكىگە غاچچىدە پىچاق ئۇرغاندەك تۇيۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكى ئايان بولدى. مۇئەتتەرخاننىڭ ھىڭدىن سىپسىق گەپلىرىدىن بىر ئۆزىگە كېلىپ، بىر كېتىپ تۇرغان گۈلسۇمخاننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ خېلىغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى.

— مېنىڭ قىزىمنى ھاقارەتلەشكە ھەققىڭلىرى يوق، — گۈلسۇمخاننىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ ئىدى، — ئويلاپ باقسىلا، قىز بالا ئوغۇل بالىنى ئېلىپ قاچامدۇ ياكى ئوغۇل بالىمۇ؟

— قالسىلا، يىگىتنىمۇ تۇز قىلىپ بەرمىسە يىپ ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، جۇمۇسىلا، يىڭنە قايان ماڭسا، يىپمۇ شۇيان ماڭىدۇ ئەمەسما، — مۇئەتتەرخان تېخىمۇ سىپسىقنى چىقارغىلى تۇردى، — چىشقاق پاقلانغا چىۋىن ئەگىشەر، كۆلگەك چوكانغا يىگىت دەپ، غىلجىڭلاپ، ئويناقشىمىغان بولسا بۇ پالاكەت يوق.

— ۋاي خۇدايىم، ئاغزىلىرى نېمانداق يامان؟ مەن سىلى بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدىم، پەقەت قىزىمنىڭ دېرىكىنى قىلغىلى كەلدىم.

— سىلى قىزلىرىنىڭ دېرىكىنى مەندىن سورىسىلا مەن ئوغلۇمنىڭ دېرىكىنى چىمدىن سورايمەن؟ — مۇئەتتەرخاننىڭ چىرايلىق قاشلىرى مىژژىدە تۇرۇلدى، — مەن ئۇ شاۋۇچىنى: «غۇلجىلىقتىن قىز ئالساڭ بىر كېچە بەرگەن ئاق سۇتۇمگە رازى ئەمەس» دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان. مانا نەچچە كۈنلەر بولدى، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. قەۋەگە كەتكەنلىكىنى شاياتۇنمۇ بىلمەيدۇ.

— سىلىگە غۇلجىلىق نېمە يامانلىق قىلغان؟ توۋا!

— سىلىگە قەشقەرلىك نېمە يامانلىق قىلغان؟ —

مۆئەتتەرخان ياندۇرۇپلا سورىدى، — كىچىك ئوغلۇم ئابدۇسەمەتنىڭ دەپ بېرىشىچە، سىلىمۇ قەشقەرلىكنى جىنىنى كۆرگەندەك كۆرىدىكەنلىغۇ مىنە.

— مېنىڭ دېگەن سەۋەبى بار ئىش.

— مەنمۇ سەۋەبسىز ئۆچ بولمىغان. شاۋۇچى غۇلجىلىق كۈيۈئوغلۇم ئېرىمنىڭ، قىزىمنىڭ بېشىنى يېگەن!

ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ ئابدۇسەمەت كىرىپ كەلدى. ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىغانلىقى ئۇنىڭ خىجىللىق قاپلىغان چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— بولدى، دەتالاش قىلماڭلار، — ئابدۇسەمەت ئانىسىغا قايرىلدى، — ئانا، ئۆزلىرىگىمۇ دېدىمغۇ، سىلى غۇلجىلىق كۈيۈئوغۇللىرىدىن ھەسرەت - نادامەت تارتقان بولسىلىرى، گۈلسۈمخان ئانىمىزمۇ قەشقەرلىك ئايالاردىن خورلۇق تارتقان. شۇڭا، باشتىلا گۈلبانۇم ئاچىمىز بىلەن ئەنزەر ئاكامنىڭ تويىغا قوشۇلمىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىككىلىرىنىڭ نىيىتى بىر. بىراق، خۇدا ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ئىشق - سەۋدانى سېلىپ قويسا بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرەنمەيدىغۇ، — ئابدۇسەمەت ئانىسىنىڭ بىر ئالىيىشى بىلەن پەدىنى توغرىلىدى، — ھەر ئىككىلىرى ئۇقۇشماسلىقتىن ئىگىز - پەس گەپلەر ئۆتۈلۈپ قالدى. بۇنى ھەرقايسىلىرىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەممە گۇناھ ئاشۇ ئىككىسىدە، كۆڭۈللىرىنى بىئارام قىلىشمىسىلا، چويلىدا توختىغۇدەك ئىش يوق.

ئابدۇسەمەتنىڭ زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان لەزىز سۆزلىرى ھەر ئىككى قىساسخورنى پەيلىدىن لاسسىدە ياندۇردى. بولۇپمۇ گۈلسۈمخان ئانا كۆڭلىدە: «پاھ، ئەجەبمۇ لەۋزى تاتلىق بالىكەنا» دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئابدۇسەمەتنىڭ «خۇدا سالغان ئىشق - سەۋدا»، «خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز قىل

تەۋرەنمەيدۇ» دەپ تۈيدۇرماي ئۇرغان نەشتىرى ھەر ئىككى ئانىنىڭ يۈرىكىدە يېشىلمەي قالغان تۈگۈچ بولۇپ قالدى. گۈلسۈمخان ئانا قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، مۆئەتتەرخان سەمەرقەنت تەكلىپى قىلىپ بولسىمۇ بىرەر پىيالە چاينىمۇ سايە قىلمىدى.

ئابدۇسەمەت گۈلسۈمخاننى ئۇزىتىپ خەنزۇ بازىرىغىچە بىللە كەلدى. ئۇ ئاشخانىدىن گۆش، كۆكتات توشۇيدىغان ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى ئاچىقىپ: «قېنى چىقسىلا» دېۋىدى، گۈلسۈمخان خېلىلا تۇزۇت قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىراق، ئۆزىمۇ كېچىچە ئىشلەپ، ئەتىگەنلىكى پىيادە قارادۆڭگە كېلىپ، مەھەللىمۇ مەھەللە چۆرگۈلەپ، شۇنداقلا ئۇيقۇسىزلىقتا خېلى بەك چارچاپ كەتكەنىدى.

ئابدۇسەمەت ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭغاچ، ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن جەبىر - زۇلۇم ئەستىلىكلىرىنى سۆزلەپ ماڭدى. گۈلسۈمخان بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىنى ئاڭلىغانسېرى، ئۆزىمۇ بىلمەي «بېشىڭنى يەيدىغان، غۇلجىلىقنىڭ شەنىگە چىچىدىغان تاش بېغىر» دەپ تاشمەمەتنى تىللىۋەتتى.

— شۇنداق، گۈلسۈمخان ئانا، خۇدايىم ياخشى - يامانىنى ھەممە يەرگە تەڭ چېچىۋېتىپتىكەن، — دېدى پېدالنى كۈچەپ تېپىۋاتقان ئابدۇسەمەت، — مەنمۇ دەسلەپتە ئانامنىڭ دېيىشىنى چېلىپ، ئېرىقنى ياقىلاپ ئاشۇنداق ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يامان، بۇ يەرنىڭ ياخشى، دەپ قارايتتىم. كېيىن ئويلىسام، بۇ خۇدايىمغا ناشۈكۈرلۈك قىلغان بولىدىكەن.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى گۈلسۈمخانغا خوپ كەلمىدىمۇ ياكى تەرگە چۆمۈلۈپ قالغان ئابدۇسەمەتتىن خىجىل بولدىمۇ، ئىشقىلىپ مىرسالى دېگەن ئەنجانلىقنىڭ تۈگمىنىدىن ئۆتۈپ، دۆڭمەھەللىنىڭ دۆڭىگە كەلگەندە ھارۋىدىن چۈشۈۋالدى.

— ۋۇي نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ سىلىنى دەريابويى

كوچىسىغىچە ئاپىرىپ قوياي دېگەن.

— رەھمەت، مەھەللىگە كېلىپ قالدىم. ئۆيۈممۇ يېقىنلا.

گۈلسۈمخان مۇئەتتەرخاندىن ئاڭلىغان تىل ـ ئاھانەت، خورلۇقلىرىنى ئويلاپ ئۆيىگە كېلىشىگە، ئۇنىڭغا سوغۇنۇشتىلا ئەنەيتۇللا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاپىسى: «ئەتە ئەتىگەن قاراڭغۇدا بېرىپ گۈلبانۇمنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىمەن» دېگەچكە، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى قېتىم كەلدى. ئەنەيتۇللا ئۈرۈمچىدە خېنەنلىك غوجايىندىن ئوتتۇز تاغار ئادداس ئېلىپ ماشىنىغا بېسىپ، شوپۇر بىلەن غوجىدارغا قورغاس چازىدا ساقلاشنى ئېيتىپ ئۆزى كىچىك ماشىنىدا قايتىپ كەلگەنىدى. ئەنەيتۇللا سىڭلىسى گۈلبانۇمغا ئامراق ئىدى، پات ـ پات ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ، كىيىم ـ كېچەكنى قىلىپ بېرەتتى. بۇ قېتىم سىڭلىسىنىڭ قىلغان ئۇياتلىق ئىشىدىن كۆڭلى خىرە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىدىن كۆپرەك ئاغرىندى. ئۇنىڭ قانداقتۇر كونا كۆڭۈل ئاغرىقلارغا ئاداۋەت ساقلاپ، گۈلبانۇمنى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە بەرمىگەنلىكىدىن خاپا ئىدى. يۈزتۇرا گەپ قىلاي دېسە، ئاپىسىنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىپ قويۇشتىن قورقاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ئاپىسى بىلەن خوشلاشقاچ ئۇنى «چېكىپ» باقماقچى بولدى.

گۈلسۈمخان ئۆيىگە كىرىپ بىر نوگاي سوغۇق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، ئېتىكىدە يۈزىنى يەلپۈپ ئولتۇردى. تەردىنمۇ ياكى ياشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرى ھۆل ئىدى.

— ئاپا، يىغلىدىڭمۇ نېمە؟ كۆزلىرىڭ ئىششىپ، ياش يۇقى تۇرىدۇ، — ئەنەيتۇللانىڭ ئاۋازى پەس ئىدى، — قانداق، گۈلبانۇمنىڭ خەۋىرىنى ئالالىدىڭمۇ؟

— ياق، ئۇياتسىز قانجۇق ئۇ يەردىمۇ يوق ئىكەن، — گۈلسۈمخاننىڭ زەردىسى قايىنىدى، — بېشىڭنى يەيدىغان

ھېلىقى خوتۇننىڭ ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقىۋاتىدۇ. قورققان ئاۋۋال مۇشت تەڭلەپتۇ دەپ، بىرىنچىمىغا تالاپلا كەتتى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

گۈلسۈمخان مۇئەتتەرخان بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى، ئابدۇسەمەتنىڭ يولدا كەلگۈچە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتى. مۇئەتتەرخان ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر قىسمەتنى ئاڭلىغان ئەنەيتۇللا ئاپىسىغا نەسىھەت قىلىش ئويىدىن ياندى. ئەلۋەتتە، گۈلسۈمخاننىڭ يۈرىكىگە ئۇيۇپ كەتكەن توڭنى ئېرىتىش ئانچە ئاسان بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۆرۈنۈپ باقماقچىدى. ياخشى سۆز تاشنى يۇمشىتار، دېگەندەك، يوللۇق نەسىھەت بوگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن ئۇنى ئويغا سېلىپ ئىللىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنى قالمىدى. ئاپىسىنى ھەرقانچە رازى قىلغان بىلەنمۇ، «غۇلجىلىق بىلەن توي قىلساڭ، بىر كېچە بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دەپ قەسەم قىلغان مۇئەتتەرخاننى «ماقۇل» دېگۈزۈش قوچقارنى قوزىلىتىشتەك بىكارغا ئاۋارىچىلىك ئوخشايدۇ.

ئەنەيتۇللا ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا، دەرۋازىنىڭ قاتتىق جالاقلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ھويلىدا ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھوي رەسۋا خوتۇن، قىزىڭنى قاشقالىق بىلەن قاچۇرۇۋېتىپ ئىنامىڭغا پاتتىڭما؟ چىق بۇياققا.

گۈلسۈمخان بىلەن ئەنەيتۇللا پېشايۋان سۇپىسىغا چىقىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مەرۇپ تۆمۈرچى چېقىن چېقىپ تۇرغان كۆل رەڭ چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ ئېگىز، قامەتلىك، كەڭ كۆكرەك،

قىزىلكوس، ئات يۈزلۈك ئادەم ئىدى. ئۇزاق يىللار بازغان، بولقا بىلەن سەندەلدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ ئۆتكەن مەرۈپ تۆمۈرچىنىڭ قوللىرى گۈرزىدەك ئۇزۇن، ئالىقانلىرى قاداقلاشقان بولۇپ، دۈمبىسى سەل دوكراق كۆرۈنەتتى.

— گەپ قىلە، پاسكىنا خوتۇن، — مەرۈپ تۆمۈرچىنىڭ شالاڭ، قىزغۇچ بۇرۇتلىرى دىردىيىپ تۇراتتى، — دادىسى باشقۇرمىغانىنىڭ پوردىقى چوڭ، ئانىسى باشقۇرمىغانىنىڭ ئەمچىكى دەپ، قىزىڭنىڭ كۆكىنى سىتىپ خەجلەش ئۇچۇن مەندىن تاندۇرغانمىدىڭ، يۈزۈمنى تاپلىما تېزەك قىلىشۇەتتىڭ ئۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان قانجۇقۇڭ.

— ھەي قېرى دۆيۈز، مەن سەن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولغىلى ئون ئىككى يىل بولدى، — مەرۈپ تۆمۈرچىنىڭ سەت تىللىرى تىك كەلگەن گۈلسۈمخانمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمىدى، — بوسۇغامغا پوق بار دەپ كەلدىڭمۇ؟

— بۇ دورەم بىر ۋىراقى يەتمىش پۈشتۈڭنى قويغىلى كەلدىم، — مەرۈپ تۆمۈرچى پات ـ پاتلا تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ كانىيىنى نەملەپ قوياتتى، — قىزىڭ قاشقالىق بىلەن ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ يۈرگەندىلا سۈت ئۇيىقۇڭنى ئاچساڭ بولمامدۇ؟ مانا ئەمدى موللا چاقىرىپ تىلاۋەت قىلدۇرغىنىڭ بىلەنمۇ بىكار.

— ھوي چاۋاش دوك، ئۆزۈڭ قەشقەرلىكنىڭ شوۋىسىغا چىلىشىپ قالغان تۇرۇقلۇق، يەنە قەشقەرلىك دەيسىنا؟ پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل.

باياتىن بېرى ئاتا ـ ئانىسىغا گەپ قىلىپ گېپىنى يېگۈزەلمىگەن ئەنەيتۇللا دادىسىنىڭ بىلىكىدىن ئۇچلىدى.

— دادا، قولۇم ـ قوشنىلار تام، ئۆگزە، دەرۋازىلاردىن مارىشقىلى تۇردى. سەتنى بىلسەڭچۇ، — ئەنەيتۇللانىڭ ئاۋازى پەس، لېكىن زەردە بىلەن چىقتى، — جۇرۇ، ھەرقانچە گەپ بولسا ئۆيدە پاراڭلىشايلى.

— گېپىمنى تولا چاپۇتلىما، گەپ تېخى ئارقىدا، — مەرۇپ تۆمۈرچى بىلىكىنى سىلىكىپ تارتىۋالدى - دە، گۈلسۈمخانغا كۆزلىرىنى خەنجەردەك قادىدى، — هاي بىشەم خوتۇن، هەرقانچە شاش ئاتمۇ بىر - ئىككى قامچىنى كاردىن چىقىرىپ ياۋاشلاپ قالاتتى. سەنزە قانچىلىغان قامچىلارنىڭ سىڭىرىنى ئۈزيان، تاسمىلىرىنى بۇيان قىلىۋېتىپمۇ تېخىچىلا هورۇڭدىن چۈشمەيسەنا.

— مەن نېمىشقا هورۇمدىن چۈشكۈدەكمەن؟ سېنىڭ نېنىڭنى يەۋاتمىسام، — گۈلسۈمخانىڭمۇ جەهلى قاتقانىدى، — بىلىپ قوي، جاپا تارتسامۇ ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ هالال ياشاۋاتىمەن. ئاغزىم لىق قان بولسىمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا تۈكۈرمەيمەن، ئارقامغا يىقىلسام يىقىلىمەنكى، ساڭا ئېگىلمەيمەن.

— بولدى قىلىڭلار، — قاتتىق ۋارقىرىدى ئەنەيتۇللا، ئاچچىقىدىن ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — نېمانداق نومۇسنى بىلمەيدىغان خەق سىلەر؟ دادا، سېنىڭ چېچىڭ نەدە ئاقارغان؟ ئۇيات - نومۇس دېگەننى بىلسەڭ بولمامدۇ؟ سەن هەممىمىزنى، ئۆزۈڭنى رەسۋا قىلغىلى، هاي - هايلىغىلى، بازارغا سالغىلى كەلگەنمىدىڭ؟ قارىغىنا دەرۋازا ئالدىغا يىغىلىپ كەتكەن خەقنى.

— يوقال جالاپ خوتۇنىڭ بالىلىرى! — مەرۇپ تۆمۈرچى ئەسقەرنىڭ هالىغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ تەرسا بوۋاي قانچە كاج، بىغەرەز بولسىمۇ چوڭ ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن يۈزى قىزاردىمۇ، پەيلى بۇرۇنقىدىن بوشىشىپ قالدى. ئۇ سوغۇققىنا دىمىقىنى قاقتى - دە، دۈمچەك دۈمبىسىنى لوكۇلدىتىپ، گۈرس - گۈرس دەسسىگەنچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلسۈمخان شۇ كۈنى كەچكىچە ئەلەڭ - سەلەڭ يۈردى، يۈرىكى سىقىلىپ يېنى يەر تارتىپلا تۇراتتى. كىچىك ئوغلى ئەكبەرنىڭ ئىشتىن كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ

قورسىقى ئېچىپ ئارانلا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ گۈلسۈمخاننىڭ ھېچقانداق ئىشقا قولى بارمايتتى. ھايال ئۆتمەيلا يۈزلىرى قارا ــ قۇرا بويىلىپ كەتكەن ئەكبەر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ رومىلىنى يېپىنىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۈن ــ تىنسىزلا چىقىپ كەتتى ــ دە، بىر باغلام كەسمە چۆپ كۆتۈرۈپ كىردى.

ــ ئاپا... ــ ئەكبەر دۈدۈقلاپ، چىڭقىلىپ دېدى، ــ ئاخشام... ئاش... ئاشقان، قورۇما ھەم قورۇمىنى قازانغا سېلىپ، سۇ قۇيسام... ئۇس... ئۇستىگە بۇ چۆپنى سالسام... ئاش بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ، بالام، ــ گۈلسۈمخان ئارانلا بېشىنى كۆتۈردى، ــ مىجەزىم يوق، بالام، بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋالاي... كېچىدە يەنە ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ.

ئەكبەر غورىگىل تامىقىنى يەپ دۇكاندا قونۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. گۈلسۈمخان «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنغىنىچە ئۆرۈلۈپ تورۇسقا تىكىلىپ ياتتى. گۈلبانۇم قېچىپ كەتكەندىن كېيىنكى خوتۇنلارنىڭ خىرقىرىشىپ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشلىرى، بىر ئىش تېپىلغۇسىز قوشنىلارنىڭ تاپا ــ تەنە، مىش ــ مىش گەپلىرى، بايكۆلدىكى تۇغقانلارنىڭ تويلۇق كىيىم ــ رەختلەرنى ئەكېتىش ئۈچۈن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ قىلغان سېسىق گەپلىرى، بولۇپمۇ ئەسقەرنىڭ ئاھانىتى، مۇئەتتەرخاننىڭ ئاچچىق سۆزلىرى، مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ سەت تىللىرى... گۈلسۈمخاننىڭ تېنىنى تاغدەك باسقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جىمجىت غەمخانىسىدا تەنھا قالغىنىدا تېلىقىپ ــ تېلىقىپ، بوغۇلۇپ ــ ئېسەدەپ يىغلىدى. بىر ــ بىرىنى قوغلىشىپ دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلار ئۇنىڭ شامالدا يېرىلغان مەڭزى ھەم قۇلاقلىرىدىن سارقىپ ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتتى.

«ئاھ، دەردىڭەي، ئۇ قىرىپتۇ، سىن ــ سىپاتىدىن قېلىپ،

چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ، بەللىرى ئېگىلىپتۇ، لېكىن ئۆتمۈشىدىن يادنامە بولۇپ سەپرالىغىلا قاپتۇ... تۇۋا بۇ يىللارنى...»

گۈلسۈمخان پىچىرلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار يەنە تۆكۈلدى. ئەنە ئاشۇ ئاچچىق، زەرداب ياشلار ئۇنىڭ دەرەخ ئۇچىدىكى كۈن نۇرىدەك غىل - پال ئۆتۈپ كەتكەن تاتلىق ياشلىقىنى، قان - ياشلار بىلەن تولغان قىسمەتلىرىنى قىيان سۇدەك ئېقىتىپ كەلدى...

## 8

بۇ ناتىۋان تۇل خوتۇن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ئۇ تاشپۇرچاقتەك راسا تولغان، كۆڭۈل رىجىلىرى باھار چېچەكلىرىدەك يۇراق چاچقان، ئىشقى لەززەتلىرىگە تاقەتسىز تەلپۈنۈۋاتقان ئوتتۇز بەش يېشىدا ياخشى كۆرگەن ئېرى، يەتتە بالىسىدىن ئايرىلدى. ئۇ ئېرىنى چىن ئېتىقادى بىلەن سۆيەتتى، بولۇپمۇ مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ بويىنىنىڭ تۆمۈردەك قاتتىقلىقى، بىلەكلىرىنىڭ بەللەرنى ئوشتۇۋەتكۈدەك كۈچلۈكلۈكى، بالىلارغا ئامراقلىقى، ھەرىكەتلىرى قوپال بولسىمۇ ئۆزىنى ئىشقا ئۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى، قىلچە كىبىرى يوقلۇقى گۈلسۈمخاننى ھەيرەتتە قالدۇرغان. ئۇ سۆرەلمىلىك قىلىپ لەلەڭلەپ يۈرمەيتتى، ئۆيگە كىرسە قاچا بىكار قىلىپ، تەرەتخانىغا كىرسە قورساق بىكار قىلىپ يۈرىدىغان سوبۇ ئەرلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى.

گۈلسۈمخاننىڭ تېخى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئەكرەم مەخسۇم شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرگەن چارۋىدار ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ گۆش - ماي ئىچىدە چوڭ بولغانىنىڭ خاسىيىتىمۇ نېمە، كىچىك گۈلسۈم ئون ئىككى - ئون ئۈچ يېشىدىلا يېتىلىپ، بەدىنى چىڭ، ھۆسنى كامالىغا يەتكەن قىز بولۇپ قالدى. پېشانە،

يۈزلىرىگە ئۇششاق قىز چېچىكى چىقىپ، كۈندىن ـ كۈنگە تولۇۋاتقان قىزىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، ئەكرەم مەخسۇم ئۇنى ئۇن تۆت يېشىدىلا يىگىرمە ئالتە ياشلىق مەرۇپقا نىكاھلاپ بەردى. توي بولغان كېچىسى مەرۇپ گۈلسۈمنى دەس كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئەكىردى، تىرىسىدە چىلڭ بىلەكلىرىنى، مەڭزىلىرىنى سىلىدى ھەم ھاياجان تىترىكى بىلەن «گۈلسۈم» دەپ ئاستا شىۋىرلىدى... گۈلى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ، پۇت ـ قوللىرى كالۋالىشىپ بىھوش سىياق بولۇپ قالدى. مەرۇپ ئۇنى يەنە قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، تېكمەت كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان يوتقانغا ئاستا ياتقۇزدى...

تۇغرا، كونىلار «ئۆمۈر ئاتقان ئوق» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. مەرۇپ تۇنجى قېتىم ھاياجان بىلەن «گۈلسۈم» دەپ چاقىرغان بۇ قىز ئون ئالتە ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ئەنەيتۇللانى تۇغدى، ئارقىدىن تايغوچا دۇنياغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى يىل ئارىلىق قالدۇرۇپ گۈلزەبەر، مۇبارەك، گۈلبانۇم، ئەسقەر، ئەكبەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. قاراڭ، بۇ يىگىرمە يىلنىڭ خاسىيىتىنى! چېچىغا جىگدە يېلىمى چېپىپ، خۇددى ئاسلاننىڭ قۇيرۇقىدەك ئىككى ئۆرۈۋالىدىغان ئۇن تۆت ياشلىق نارەسىدە قىز كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەتتە بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى.

گۈلسۈمنىڭ ئۆمرى تاماق ئېتىش، كالا سېغىش، ئېغىل تازىلاش، ئارى كۈندە بىر قىزىق تونۇرغا باش تىقىپ نان يېقىش، بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، ياماپ كىيدۈرۈش، ھويلا ـ ئارانلارنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ئېلىش، ھەر كۈنى قازان باشلىرىنى كالا پوقى ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لايدا سۇۋاش، ئېرىنى كۈتۈشتەك تۈگىمەس كاكۇنچىلىق بىلەن ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ۋايسىمىدى، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ كۈنلىرىنى بىر ئۇندە، بۇ تۇندە دېگەندەك تىنىش ـ

تىۋىشسىز ئۆتكۈزدى. بىراق، مەرۇپ تۆمۈرچى ئۇنىياردىكى ئاپىسى جەننەتخاننى يېنىغا ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن، گۈلسۈمخاننىڭ ياش ھاياتى قاردا قالغان پېدىگەندەك سولاشتى. جەننەتخان ئاتمىش سەككىز ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئوغلىغا ئوخشاشلا تەتۈر ئۆستىخان، خۇددى تۇگمەننىڭ خامپىسىدەك كېلەڭسىز، لېكىن تىمەن، زوۋانداراز ئايال ئىدى. ئۇنىڭ كىرپىكسىز قىياق كۆزلىرى، شالاڭ سارغۇچ قاشلىرى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قالغان قېلىن كالپۇكلىرى، يېيىلىپ تۇرغان بۇرۇن چاناقلىرى سۈر پەيدا قىلغان بولسا، دۈپدۈگىلەك قىزغۇچ گۆشلۈك يۈزى پىشىپ ۋاقتى ئۆتكەن ھالۋا قوغۇنغا ئوخشايتتى. ياڭاق مەڭزىدىكى ئۇرۇقچىدەك قاپقارا مەڭ ۋە ئۇنىڭدىن دىردىيىپ تۇرغان تۈكلەر قوغۇنغا چۈشكەن يۇڭلۇق قۇرتنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

جەننەتخان گۈلسۈمنىڭ ھەممە ئىشىدىن قۇسۇر تېپىپ، ئوغلىنى كۈشكۈرتۈپ قوياتتى. قوپال مەرۇپمۇ ئالدى - كەينىنى سۈرۈشتە قىلمايلا خوتۇنىنى ئۇرىدىغان خۇينى چىقىرىۋالدى. قېيىنئانىلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشلىتىشكە چېۋەر بۇ يوغان خوتۇن بەزىدە توي - تۆكۈن، مەرىكە، نەزىرلەردىن قايتىپ كېلىپلا گەپ سېپىتىپ گۈلسۈمنى ھەرىدەك چاقاتتى.

— ۋىيەي... ۋىيەي، مەن بۈگۈن بىر چوكاننى كۆردۈم، جىلىلىيۇزىنىڭ ئاق ئۆرۈكىدەك سۈزۈك، سۈيدۈگىنىڭ ئالمىسىدەك مەڭزلىرى قىزىل، كۆزىنىڭ چاقىقانلىقى، گېپىنىڭ تاتلىقلىقى، قولىنىڭ چېۋەرلىكى، خۇدايىم نېمىشقىمۇ مېنى شۇنداق كېلىنلەردىن ئېيتمىغان بولغىيدى؟! خۇدا پاناھ بەرسۇن ئاغزى - بۇرنىغا چىۋىن ئولاشتۇرۇپ يۈرىدىغان گالىۋاڭ، ئەزمە، ئىنجىمارۇق خوتۇنلاردىن... — دېيىش بىلەن تەڭ ئادەمنىڭ جان - پېنىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر خىل بىشەملىك كۈلكىسى بىلەن پىخىلداپ كۈلۈپ كېتەتتى ھەم قىياق كۆزلىرىنى يالتىتىدە ئوينىتىپ، قورقىنىدىن قورۇنۇش ئىلكىدە قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋاتقان

گۈلسۈمنى كېلىشتۈرۈپ چىقىۋالغانلىقىنى كۆڭلىدە مەززە قىلاتتى.

قېيىنئانىسىنىڭ يۈرەكنى خۇن قىلىدىغان بۇنداق گەپلىرى كۆپەيگەنسېرى گۈلسۈمنىڭ كۈنلىرى ھامان دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى. ئانىسىنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان مەرۈپمۇ بارغانسېرى تاپتىن چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھال ـ ئوقىتى ياخشى تۇرۇقلۇق ئۆيىنى پۇل ـ پۇچەكتىن قىسىدىغان، بالىلىرىنىڭ ئوقۇشى بىلەن كارى بولمايدىغان خۇيلارنى چىقىرىۋالدى. قانداقتۇر ئەرزىمەس ئىشلارنى باھانە قىلىپ گۈلسۈمنى خورلايتتى. ئون سەككىز ياشقا كىرىپ خېلى ئىشلارنى بىلىپ قالغان ئەنەيتۇللا ئاپىسىغا قارىسىلا يۈرىكى ئېچىشىپ، دادىسى بىلەن مومىسىغا نەپرەت كۆزىدە قارايتتى. بىر كۈنى ئۇ مەھەللىدىكى ئاغىنىلىرىدىن دادىسىنىڭ تۇپادەڭلىك بىر قەشقەرلىك چوكان بىلەن ئاشنا ئوينايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر كېچە ئۇنىسىز يىغلاپ چىقتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرسىمۇ ئوقۇشىنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغلار «خۇسۇسىيلىققا قارشى تۇرۇپ، شيۇجېڭجۇيىنى پىپەن قىلايلى»، «ئېلىپساتار ھايانكەشلەرگە زەربە بېرەيلى» دېگەن شوئارلار بازار تاپقان راسا قىيىن ھەم قىستاڭ يىللار ئىدى. بىرەر كىم تۇرمۇشى ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك تىكىپ تىرىكچىلىك قىلسا ياكى بازارغا بىرەر سېۋەت يەل ـ يېمىش ئەكىرسە، ئەقەللىيسى بىرەر تال ياغاچ ساتسىمۇ جيۇسادۈي①، بازار باشقۇرۇش خادىملىرى تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇپ، نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى بىرنەچچە كۈن ياكى ئايلاپ سولاپ قويۇشاتتى. شۇنداقتىمۇ، بىر قىسىم تىجارەتچىلەر يوشۇرۇن سودا قىلىپ ئائىلىسىنى باقاتتى. ئەنەيتۇللامۇ دەسلەپتە تاماكا، ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى،

① جيۇسادۈي ــ يەرلىك تەشكىلات، مەھەللىلەر قۇرۇۋالغان يەرلىك ساقچى ئورگىنى.

ۋېلىسىپىت بېلىتى دېگەندەك ئۇششاق نەرسىلەرنى ئېلىپ ساتتى. ئاندىن غۇلجا يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن چىقىدىغان تۆت سوم ئاتمىش تىيىنلىق يۇڭ ياغلىقنى جەنۇبىي شىنجاڭدا نەچچە ھەسسە قىممەت ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئامبارچى، كاسسىرلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھېسابىغا نۇرغۇن يۇڭ ياغلىق، تور رومالنى يۆتكەپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا ئوتتۇز - قىرىق سومدىن ساتتى. ئوقەتنىڭ ئوبدانلا ئېپىنى ئېلىپ قالغان ئەنەيتۇللا كېيىنچە ئىچكىرىدىن يوشۇرۇنچە مال يۆتكەپ ئەكېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پۇل قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ قانچە قېتىملاپ تۇتۇلۇپ، سولىنىپ، تاياق يەپ، ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ پىشىپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، ئىسلاھات يۈرگۈزۈلۈپ بازارلار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، خۇددى يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەك، ئەنەيتۇللا تېزلا يول تېپىپ كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دەرۋەقە ئۇنى سودا - تىجارەت جەھەتتە ئەڭ بالدۇر ئويغانغان ياش، دېيىشكە بولاتتى. بىراق، ئەنەيتۇللا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۆيدىكى جەڭگى - جېدەلنى كۆرەر كۆزى يوق تايغوجا ئاكىسىنىڭ يولىدىن مېڭىپ، ئىچكىرىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. تۆت يىل ئۆتكەندىلا ئۇنىڭ: «ئەتكەسچىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىپ، تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلىك» خەۋىرى كەلدى.

بىر ئىش گۈلسۈمنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايدۇ. ئەنەيتۇللا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان كېچىسى يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاپا، مەن كەتتىم، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن، دادام ئادەم ئەمەس ئىكەن» دېگەن سۆزى ھېلىھەم قۇلىقىدا تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئوغلىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كېتىدىغانلىقىنى سوراپ بىلەلمىگەن گۈلسۈم تۇخۇم ھەم سۈت سېتىپ يىغىپ قويغان ئون ئۈچ سوم پۇلنى ئەنەيتۇللانىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بىراق، ئوغلىنىڭ

«دادام ئادەم ئەمەس ئىكەن» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى بۇ ناتىۋان ئانىنىڭ كۆڭلىنى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش قىلىپ قويدى. دەرۋەقە ئەنەيتۇللانىڭ دېگىنىدەك ئىكەن، گۈلسۈم ئوغلى كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېرىنىڭ توپادەڭلىك بىر قەشقەرلىك چوكان بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىرىنى قوشنىلىرىدىن ئاڭلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەرۇپ تۆمۈرچى گۈلسۈمنى كۈنجۈتتەك كىچىك ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇراتتى. ئۇرغاندىمۇ مېيىپ بولۇپ قالار، ئۆلۈپ قالار دېمەي، قەھر - غەزىپى بىلەن قول - پۇتلىرى بىردەك ھەرىكەتكە كېلەتتى. بازغان ھەم بولقا تۇتقان بۇ قوللار چويۇندەك قاتتىق ئىدى. قانغا چىلىنىشىپ، يۈز - كۆزلىرى قازان قۇرۇمىدەك قارىداپ كەتكەن گۈلسۈم نەچچە كۈنلەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالاتتى. جەننەتخان پات - پاتلا كىرىپ:

— ھەي ئۇششۇق كۆكەرمە، لالىيىپ ياتامسەن؟ سەن تۇرساڭ مەن تاماق ئېتىپ، كىر - قات يۇيامتىم؟ كۆرمىدىڭمۇ شۇنچە چوڭ ھويلا - ئارانلارنىڭ پاسكىنىچىلىقتا تۇشۇپ كەتكىنىنى، بىلىپ قوي، ئەر دېگەن پىرىم خۇدا، شۇڭا كونىلار: «ئەر رازى — خۇدا رازى» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئېرىڭ ئۇرغان يەرلەردىن ئۇ دۇنيادا قىزىل گۈل ئۇنىدۇ، دەپ چالۋاقاپ كېتەتتى. ھېلىمۇ ياخشى مەرۇپ تۆمۈرچى «ھويلىدىكى ئىشلارنى تالاغا توشۇمايدۇ، تىنچ خەق» دەپ بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئېرى قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان ياڭ خۇڭمېي ئىسىملىك بىر خەنزۇغا ئىجارىگە بەرگەنىدى. گۈلسۈم تاياق زەربىسىدىن كۈنلەپ يېتىپ قالغاندا، ياڭ خۇڭمېي كىرىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاش - تامىقىنى يېگۈزۈپ قوياتتى. ئۆيىدىن ھەر خىل تابلېتكا دورىلارنى ئاچىقىپ ئىچۈرەتتى. ھەتتا تەرەتخانىلارغا يۆلەپ ئاپىراتتى. ئۇ بىر كۈنى:

— ھەي، سىز شۇ بەنىسچۇغا بارسۇن، بولمىسا ئۆلىدۇ، — دېگەن گەپنى ئارانلا ئۇقتۇرالىدى. گۈلسۈم ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئۇنداق قىلسام ئۇ مېنى قويۇۋېتىدۇ، مەن باللىرىمغا

چىدىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھەممە يەر قالايمىقانچىلىق، ئىنقىلاب بولۇۋاتسا، كىمنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلايدۇ؟ — دەپ ئۇنسىز يىغلىغانىدى.

مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ قەشقەرلىك چوكان بىلەن بىرىش ـ كېلىشى كۆپەيگەنسېرى گۈلسۈم تاياقتىن قۇتۇلالمايدىغان بولدى. ئۇ زەئىپ ئىڭراپ ياتقىنىدا ئەتراپىغا ئولىشىپ يىغلىشىۋاتقان گۈلزەبەر، مۇبارەك، گۈلبانۇم، ئەسقەر، ئەكبەرلەرنى گىرىم ـ سىدىم كۆرۈپ، ئىچىدە قەشقەرلىك چوكاننى قارغاپ: «خۇدا پانىي دۇنيادىكى ئۇ بۇزۇققا جازا بەرگىن» دەپ تىلەيتتى ھەم پات ـ پاتلا: «شۇنچىمۇ يامان ئىززىتقۇكىنە، يەتتە بالىسى بار ئادەمنى ياۋۇز مەخلۇققىلا ئايلاندۇرۇپ قويدىغۇ» دەپ تەكرارلايتتى.

بىر كۈنى ئەمدىلا ئەلەڭ ـ سەلەڭ ئورنىدىن تۇرغان گۈلسۈم نان ياقتى. ئۇ يۈز ـ بويۇنلىرىنى كونا روماللاردا ئوراپ قىزىق تونۇرغا باش تىقاتتى، پىشقانلىرىنى سويۇپ، ئورنىغا نان چاپلايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۆگە ـ ئۈگىلىرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك، ھەممىلا يېرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. كۆزلىرى ئىلىشىپ ھېلىلا تونۇرغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئىدى. بۇ ئەسنادا ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كېلىپ قالغان جەننەتخان تونۇر ئىچىگە تىكلەپ قويغان كۆمەچ ناننى كۆرۈپ ۋارقىراپلا كەتتى:

— ھە ماقۇلە، «ئېرىم ئۇردى» دەپ ئەنت ـ قىساسىڭنى مۇشۇنداق ئالماقچىمۇ سەن؟ بۇ نانلارنى كۈلدە كۆمەچ قىلىپ يېگۈزەي دېدىڭما؟ ۋۇي زېدە پەس دىۋانە، — جەننەتخان چايخانىدا ئۇتتۇن پارچىلاۋاتقان ئوغلىغا ۋارقىرىدى، — ھوي، مەرۇپ، ماۋۇ خوتۇنۇڭغا تېتامسەن، يوق، قارىغىنا يېگەن تايىقىنى نانلاردىن ئېلىپ چۇچىلا قىپتۇ. ئىت ـ مۇشۇكمۇ يېمەيدۇ. تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، تۇۋا، مۇنداقمۇ ئىچى زەھەر خوتۇنلار بولىدىكىنە.

بۇنچىلىك باھانە ـ سەۋەبنى تاپالماي تۇرغان مەرۇپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى ـ دە، گۈلسۈمنىڭ گەجگىسىدىن

www.uyghurkitap.com

قاماللاپ سۆرىگەنچە تونۇردىن يەرگە يىقىلىپتۇ. كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاغزى ـ بۇرنى قان بىلەن بويالغان گۈلسۇم ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي بىقىنىغا تەگكەن دۈمبا ـ تېپىكتىن هوشىدىن كەتتى.

گۈلسۇم ئۈچ كۈنگىچە قول ـ پۇتلىرىنى مىدىرلىتىشقىمۇ قورقاتتى. چۈنكى، بىقىنىدا قانداقتۇر بىرنېمە سانجىلىپ چوڭقۇرراق تىنىشقىمۇ قويمايتتى. ئەگەر ياڭ خۇگمېي ئەتىسى ـ ئاخشىمى كىرىپ هالىدىن خەۋەر ئالمىغان بولسا ئۇنىڭ هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. شۇڭا، ياڭ خۇگمېي ئون بەش ياشلىق گۈلزەبەر بىلەن گۈلسۇمنى قول هارۋىسىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇر ئىككى قوۋۇرغىنىڭ سۇنغانلىقى، ئوپېراتسىيە قىلمىسا ئۇزاق ۋاقىت ئاغرىق توختىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، گۈلسۇم: «دورا بېرىپ، تېڭىپ قويۇش»نى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئامال قانچە؟ دوختۇر ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئىچىدىغان، سۈۋايدىغان دورىلارنى بېرىشتىن سىرت، ئۇنىڭ قورسىقىنى تېڭىپ قويدى.

تۇۋا دەپ ياقا تۇتماقتىن باشقا چارە يوق. بەزى هاللاردا ئادەمدىن ياۋۇز، رەزىل، قاباهەت مەلئۇن بولمايدىكەن. گۈلسۇم ئايلاپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان كۈندۈز ھەم كېچىلەردە مەرۇپ تۆمۈرچى قەشقەرلىك چوكاننى باشلاپ كىرىپ، ئاشكارا ناشايان ئىشلارنى قىلدى. خوتۇنىنى ئاڭلىسۇن، بىلسۇن، كۈنداشلىق ئازابىدا ئۆلسۇن دېگەندەك يان ئۆيدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىشرەت شالتىقىغا چۆكتى. ئۇ گۈلسۇمنى ئون تۆت ياش نارەسىدە چېغىدا ئالغانلىقىنىڭ ياكى يەتتە بالىنىڭ يۈزىنى قىلمىدى. جان ھەلقۇمىغا كېلىپ، زەئىپ ئىگراپ ياتقان گۈلسۇم ئۇچۇن كېسەل ئازابىدىن خورلۇق ئازابى ئېشىپ كەتتى. ئارىتام ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان بىر چوكاننىڭ خۇلق بىلەن تۇۋلىغان نازلىرى، شېرىن ـ لەزىز چۈچۈك تىللىرى، تاتلىق كۈلكىلىرى، پومىداقلاشقان ۋاقتىدىكى شەپىلەر ئۇنى يەتتە دوزاخ ئوتىدا

كۆيدۈرگەندىن بەكرەك ئازابلىدى. تاڭ ئاتماس بۇ كېچىلەر گۈلسۈمنىڭ پاك يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس قارا تامغا بولۇپ بېسىلدى.

گۈلسۈمنىڭ تەلىپى بويىچە تالاق قىلىندى. مەرۇپ تۆمۈرچى ئۈچ ياشقا كىرگەن تىلسىز ئەكبەرنى ئۇنىڭغا قولتۇقلىتىپ قويۇپ گۈلزەبەر، مۇبارەك، گۈلبانۇم، ئەسقەرلەرنى ئېلىپ قالدى. چۈنكى، گۈلسۈمنىڭ بارار - تۇرار يېرى ياكى قورسىقىنى باققۇدەك ئىش - ئوقىتى يوق ئىدى. دادىسى ئەكرەم مەخسۇم ئۈچ يىل ئالدىدا ماشىنا ھادىسىسىدە قازا قىلغان بولۇپ، ئاپىسى بۇرۇنلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

خۇددى بىر كېچىدىلا چۈشىدە قارا باسقاندەك تالادا قالغان گۈلسۈم بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاققان ھالدا ناغرىچىدىكى بىر تۇغقان ئاكىسى ھاشىر تۆگىنىڭ ئۆيىگە پاناھلىق تىلەپ باردى. گۈلسۈمنىڭ جەددى - جەمەتىدىن تەۋەررۇك قالغان مۇشۇ بىرلا ئەر قېرىندىشى بولۇپ، يەنە بىر ھەدىسى بايكۆلگە ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن بېرىش - كېلىش ئازىيىپ يات قاتارىدا بولۇپ قالدى. قالغان ئىككى سىڭلىسى بىلەن بىر ئىنىسى قارا كېزىك تارقالغان يىللاردا بۇ ئالەمنىڭ دىشۋارچىلىقلىرىنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ كېتىپ قالغانىدى. ھاشىر تۆگە كوممۇنادا دېھقان ئىدى. ئۇنىڭ ھال - كۈنى خۇددى تولا سېغىپ خالتىلىشىپ كەتكەن ئۆچكىنىڭ يېلىنىغا ئوخشايتتى. كوممۇنانىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس سېلىقلىرى، ھاشار، سەيسىلىرى بۇ بىر ئائىلىنى ئەنە شۇنداق تازئوتاق قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا، ھاشىر تۆگە بۇ بىر تۇغقان سىڭلىسىنى سوغۇقلا قارشى ئالدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭغا سەككىز ۋىتەك جان ئاغزىنى ھاڭ ئېچىپ تۇرسا، گۈلسۈم بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى، مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ ناشايان قىلىقلىرىنى سۆزلەپ يىغلاپ سالدى. پەگاھدا تىزلانغان پېتى ئۆكچىسىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھاشىر

تۆگە پىيپى ئورنغان تاماكىسىنى شورىغاچ: «ئەجەپ بىر بەتقىلىق ئادەمكىنا» دەپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئاكىسىنىڭ سوغۇق تەلەتىنى، تەڭلىك ئىسكەنجىسىدە قالغان قايغۇلۇق ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كەيپىنىڭ چىگىچ ئىكەنلىكىنى پەملىدى. شۇڭا، گۇلسۇم سۈلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى:

— ئاكا، مەن سىنىڭ ھالىڭغا يىتىمەن، ساڭا ھەرگىز يۈك بولۇپ قالمايمەن، — دىدى گۇلسۇم ئىشەنچلىك ھالدا، — ئۆيلىرىڭ جىق بولغاندىن كىيىن پەقەت ماڭا بىر ئىغىزنى بىكار قىلىپ بەرسەڭ، ئەڭ بولمىسا تەسكەيدىكى ئەسكى ـ تۈسكى قويغان كىچىك ئۆيۈڭنىڭ يىرىمىدا بولسىمۇ يىتىپ ـ قوپقۇدەك ئورۇن بەرسەڭ، مەن ئۆزۈم ئىشلەپ، ساڭا ئىغىرلىقىمنى سالماي بالامنى باقىمەن. ئەگەر ئوبدانراق ئىش ئورنى تىپىۋالسام، ئۆيۈڭنىڭ ئىجارە ھەققىنىمۇ تۆلەيمەن.

— غەلىتە خۇيۇڭ بار ـ دە سىنىڭ، تۈكى يوق پاراڭنى قوي، — ھاشىر كۆڭۈلسىزگىنە كۈلۈپ قويدى، — ئەپلەپ ـ سەپلەپ بارنى تەڭ كۆرمەيمىزمۇ.

تەسكەيدىكى كونا ئامباردىن ئالمىشاندەك ياتار جايغا ئىگە بولغان گۇلسۇمنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ نىم ئەر، نىم ئاياللىق ھاياتى باشلاندى. ئۇ ئەتىگەنلىكى ئۈچ ياشلىق تىلسىز ئەكبەرنى كۆتۈرۈپ ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپلەردىكى بويتاقلارنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ تويلاشقان ئورگانلىرىغا بىرىپ، كىر يۇيۇشنى باشلىۋەتتى. تىلسىز مىيىپ بالىنىڭ، مىڭ يەردىن ئاچچىق ياشلار تۆكۈلۈپ تورغان ياش تۇل خوتۇننىڭ دەردىگە يەتكەن كىشىلەرمۇ ئىش ھەققىنى كۆڭۈل تىنىغۇدەك بەردى. گۇلسۇمنىڭ: «ھەرگىز كىشىلەرنىڭ چىكىدا قالمايمەن، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ياشايمەن» دىگەن تەرسا مىجەزى ئۇنى ھەر كويلارغا سالدى. ئۇ ھەتتا مويكا زاۋۇتىنىڭ سۈيدۈك، چىلە، دورا پۇراپ تۇرىدىغان كۆلچەكلىرىدە بىر كۈن كەچكىچە سىسىق سۇغا

چىلىشىپ يۈك يۈدى، ئەگەر بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ ئۇينايتتى. پەقەت قورسىقى ئاچقاندا ئاغزىنى، سىيگۈسى كەلگەندە ئالدىنى كۆرسەتەتتى.

گۈلسۈم كەچتە ھېرىپ ـ ئېچىپ، كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقان ھالدا قايتىپ كېلەتتى ـ دە، قاراڭغۇ بازاردىن ئالغان نان، تۇخۇم، كۆكتاتلىرىدىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرەتتى. مىننەتدارچىلىقتىن ئېرىپ كەتكەن ھاشىر:

— ۋۇي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆيدە نان تۈگىگەنلىكىنى بىلگەندەكلا ئىش قىپسىنا، خويمۇ ئوبدان بولدى. ئىش ـ كۈشلىرىڭ سەرەمجان تاپقان ئوخشىمامدۇ؟ كۆڭلۈم ئەمدى ئەمىن تاپتى، — دەپ كۈلۈپ ـ قورۇلۇپ سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلاتتى.

ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تەكرارلىنىپ تۇرغان «كۆڭۈل»دىن دەندەپ قالغان ھاشىر تۆگە ئىنسابقا كەلدىمۇ نېمە، كۈنگەي تەرەپتىكى بىر ئېغىز ئۆينى بىكارلاپ، كونا بىر پارچە كىگىز، ئۆي سەرەمجانلىرىدىن بىر قوللۇق ئەكىرىپ بەردى. گۈلسۈم ئامانىنى زامانغا بەرمەي تىرىكچىلىك يولىغا كىرگەن بۇ كۈنلەردە مەرۇپ تۆمۈرچى قەشقەرلىك چوكاننى نىكاھ قىلىپ ئۆيىگە ئەكىرىپ بولغانىدى.

گۈلسۈم قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ، ئاچ ـ توق قېلىپ، تۇرمۇشنىڭ غەلۋىرىدە راسا تاسقىلىنىۋاتقان كۈنلىرىدە ئوغلى تايغوجىنىڭ گۇاڭجۇدىكى تۈرمىدە مەھبۇس ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قان ـ قان يىغلىدى. چوڭ ئوغلى ئەنەيتۇللا بولسا: «بۇ ئۆي ئەمدى ماڭا ھارام» دەپ چىقىپ كەتكەنچە خۇددى بوران ئۇچۇرغان چىپچەكلەردەك غايىب بولدى. ئەمدى گۈلزەبەر، مۇبارەك، گۈلبانۇم، ئەسقەرلەر ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ «ئاپام نەدىدۇ؟» دەپ يوللارغا تەلمۈرۈپ قارامدىغاندۇ؟ كالا ساغقان ئېغىللار، سۇپۇرۇپ تۇرىدىغان ھويلىلار، نان ياققان تونۇرلاردىن ئايسىنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ،

ئىزلىرىنى ئىزدەمدىغاندۇ؟ ئۇلار تېخى كۆك تىرناق ئوبارسىز نارەسىدىلەرغۇ!

تاپقىنىدا ئانا ـ بالا قورساق پوملاپ، ئەتىكى رىزقىنى ئاللاغا تاپشۇرغان بۇ بىتەلەي ئائىلىنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق زاۋال ۋاقتىدەك مانانلىق بولسىمۇ، بىراق بالا كويىدا سەرسان بولغان شەپقەتلىك ئانا ئىدى. ئۇ بىر كۈنى كۈن قىيسايغاندا بەش ياشلىق تىلسىز ئەكبەرنى كۆتۈرۈپ قەدىناس مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ چوڭ قورۇسى جايلاشقان ئۇزۇن كوچىنىڭ ئارقا تەرىپى كەتكەنلا بىدىلىك، قوراي باسقان بوزلۇق ھەم سەۋزە ـ پىياز تىرىيدىغان تاختا ئېتىزلار ئىدى. گۈلسۈم چەت ـ ياقا يوللار بىلەن كوچىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىدىلىككە كەلدى ـ دە، مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ تەسكەيدىكى ئۆگزىسىگە ئېگىشكەن باراقسان قېرى جىگدە تۈۋىدە توختىدى. ئۇ ئوغلى ئەكبەرگە «قىمىرلىماي جىم ئولتۇر» دېگەن مەقسىتىنى ئىما ـ ئىشارىلەر بىلەن ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئايىغىنى سىلىۋېتىپ قېرى جىگدە غولىغا ياماشتى. گۈلسۈم يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى جىگدىنىڭ شوخا ـ تىكەنلىرى ئۇنىڭ يۈز ـ قوللىرىغا، يالاڭ پۇتلىرىغا سانجىلىپ، جىجاپ قانىتىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ باللىرىنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈش ئىستىكىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى.

گۈلسۈم ئەپلىك بىر غولنى قۇچاقلاپ ھويلىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئەنە چوپچوڭلا بولۇپ قالغان چوڭ قىزى گۈلزەبەر بىلەن ئون ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوتتۇرانچى قىزى مۇبارەك كالا پوقلىرىنى سىپسىق سامانغا ئارىلاشتۇرۇپ پوم ياساپ تامغا چاپلاۋاتىدۇ. قاپقارا كۆسەينى ئات قىلىپ ئويناۋاتقان ئەسقەر بولسا گۈلبانۇمنى قوغلاپ يۈرىدۇ. گۈلسۈم ئۇلارغا قاراپ مۆل ـ مۆل يىغلىدى ھەم كۆز نۇرلىرى تۆكۈلگۈدەك بولۇپ تويماي قارىدى. بىر چاغدىلا ئۆيدىن چىققان قەشقەرلىك خوتۇن پېشايۋاندا تۇرۇپ: «باللار، ھەي گۈلزەبەر، مۇبارەك، گۈلبانۇم،



www.uyghurkitap.com

ئەسقەر، قوللىرىڭلارنى يۇيۇپ تاماق يەڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. قورسىقىغا ئامراق ئەسقەر ئەڭ ئالدى بىلەن يۇگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. قىزلىرى قوللىرىنى يۇيۇپ بىر ـ بىرلەپ غايىپ بولغانغا قەدەر ناتىۋان ئانا كۆز ياشلىرىنى بوراندەك تۆكۈپ جىگدىدىن چۈشمىدى. ئۇ: «بالىلىرىم، جىگەرلىرىم، باغىرلىرىم...» دەپ نالە قىلغانسېرى ئىچى ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ چىققان ئوتلۇق بىر ئىدا پۈتۈن تېنىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئانا ئۇچۇن بالا پىراقى شۇنچىلىك يامانمۇ؟ گۈلسۇم جىگدە غولىنى قۇچاقلاپ، يىغلاۋېرىپ پەستە ئولتۇرغان ئوغلىنى ئۇنتۇغانىدى. يۇمىلاق، يۇمران يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىۋالغان ئەكبەر ھەدەپ بويۇن، يالاڭ پاچاقلىرىنى تاتىلايتتى. ئۇ تىلسىز بولغاچقا ھەرقانچە چىڭقىلىپ يىغلىسىمۇ ئاۋازى چىقمايتتى. گۈلسۇم بالىسىنى پاشا تالاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ھاپىلا ـ شاپىلا جىگدىدىن چۈشۈپ ئەكبەرنى كۆتۈرۈپ ئەكەتتى.

ھەپتە ـ ئون كۈندە، بەزىدە بىر ئايدا بىر قېتىم بالىلىرىنى جىگدە ئۈستىدىن كۆرۈش گۈلسۇم ئۈچۈن خۇددى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدەك خۇشاللىق تۇيۇلاتتى. گەرچە ئۇ باغرىغا بېسىپ سۆيەلمىسىمۇ، ئانىلىق مېھرى بىلەن ئەركىلىتەلمىسىمۇ ھەرھالدا بىرنەچچە كۈنلەرگىچە كۆڭلى تەسكىن تېپىپ قالاتتى. بۇ ئادەت داۋاملىشىپ يەنە بىر يىل ئۆتتى. غۇلجا باغلىرى ئاپپاق، ھال رەڭ ئالما، شاپتۇل چېچەكلىرىگە پۈركەنگەن بىر كۈنى ئۇنىڭ غەمخانىسىغا يوچۇنلا بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق، قوشما قاشلىق ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى قاملاشقان ئايال بولۇپ، يۇقىرىقى لەۋلىرى ئۈستىدىكى يۇمران، يۇمشاق قارا تۈكلەر بۇرۇت ئىزناسىنى پەيدا قىلغانىدى. گۈلسۇم تۆرگە كۆرپە سېلىۋېتىپ: «توۋا، بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە.

— رەھمەت، مەن مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي، ھېلىلا تۇرىمەن، — ئايال سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى ـ دە، خېلىغىچە ئۈن ـ تىنسىز جىمىپ كەتتى. ئۇ بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېچ ئىشتىن ھېچ يوق، — مەن ئۆزلىرىدىن گۇناھىمنى تىلەپ كەلدىم، — دەپ قويدى.

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلىكىن، مەن ھېچ تونۇيالمىدىم؟ — سورىدى گۈلسۈم كۆڭلى ئۈيگەندەك بولۇپ.

— مەن سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاندىن ئاچچىقلاملا، تىللاملا، ئۇراملا، ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىراملا، ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەن، لاپ قىلىپ كۆز ئالايتسام ئىت بولاي، بىراق مەن ياخشى نىيەت بىلەن كەلدىم.

ئايالنىڭ تامدىن تارىشا چۈشكەندەك تاققا ـ تۇققا گەپلىرى گۈلسۈمخاننى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. «بۇ زادى كىم بولىدۇ؟ نېمە دېمەكچى؟ قانداق غەيرىي خىيال ئۇنى بۇ يەرگە ئەكەلدى؟» دېگەن مەشئۇم ئويلار كۆڭلىدىن كەچكەن گۈلسۈمنىڭ بىردىنلا كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، دېمى كېسىلگەندەك بولدى. چۈنكى، تاڭ سەھەر يورۇق چۈشكەندە ھويلا ئوتتۇرىسىدا مەرۇپ بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقان ھەم دەرۋازا ئالدىدا ئېسىلىپ سۆيگەن ئايال شۇ ئىدى. گۈلسۈم ئۇنى دېرىزىدىن ئاشكارا كۆرگەن! يەنە يىراقتىن بولسىمۇ جىگدە ئۈستىدىن بىر ـ ئىككى قېتىم چېلىقتۇرغان. گۈلسۈمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئوغا يېگەندەك كۆكىرىپ، تاتىرىپ ھەم سارغىيىپ، نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ كەتتى. چۈنكى، يان ئۆيدىن تاڭ ئاتقۇچە كېلىۋاتقان ناز ـ كەرەشمىلىك «ناخشا سازلار» ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە قايتا ئاڭلانغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى.

— بىلدىم، سىلى مەرۇپنىڭ خوتۇنى! — گۈلسۈمنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى، —

مېنى ئارامىمدا قويماي بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ سالغان زۇلۇم ـ ستەملىرىڭلار، يەتكۈزگەن خورلۇق ـ ئازابلىرىڭلار تېخى يەتمىگەنما؟ مېنى قاڭغىر قاقشىتىپ، يەتتە بالامنى يېتىم قىلىپ، ئىسسىق ئۆيۈمنى بۇزۇپ ئەرشئەلاغا چىقتىلىمۇ؟ كىچىككىنە جانىۋار قۇشقاچىنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزسىمۇ ئېيتقۇسىز يامانغۇ؟! سىلى مۇسۇلمان پۇشتىدىن تۆرەلگەنمۇ ياكى ئىمانسىز جوھۇتتىنمۇ؟!

ئايالنىڭ چىرايىدا، يۇمىلاق كۆزلىرىدىن گۈلسۈمنىڭكىگە ئوخشاشلا ياشلار قۇيۇلماقتا ئىدى.

— مەن ئۆزۈمنى ئاقلاش كويىدا بولۇۋاتقىنىم يوق، خۇدا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغانلىقىمنى كېيىنلا بىلدىم، — ئايال ياشلىرىنى سۈرتمەي، پات ـ پات بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى، — شۇڭا سىلىگە باشتىلا دېدىمغۇ.

ئايال ھەسرەت ـ نادامەتلىك مۇڭلىرىنى ئېسەدىگەن ھالدا تۆكۈشكە باشلىدى:

سەيدىنىساخان ئىسمىلىك بۇ ئايال مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ ئازادە ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن كۈنلىرى بەھۇزۇر، راھەتتە ئۆتسىمۇ، بىراق روھىي جەھەتتىن زادىلا خۇشال ئۆتەلمىدى، گويا ئۆزىنى قانداقتۇر ئوتلۇق زەنجىرلەر قاماللىۋالغاندەك ئەركىن نەپەس ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۆت بالا مۆلۈلدەپ تۇراتتى. كىچىك ئەسقەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۈچ قىز بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، مۆلايىم، سەۋر ـ تاقەتلىك ناتىۋانلار ئىدى. بولۇپمۇ ئۈچىنچى قىز گۈلبانۇم ھەممىدىن ئەقىللىك، مۆلايىم بولۇپ، ھەدىلىرىگە قارىغاندا ئوشۇق ـ تۆشۈك گېپى يوق ئىدى. ئەمما كىچىلىرى تولا جۆيلۈيتتى. ئۇنىڭ: «ئاپا، جېنىم ئاپا، ئۇرسىڭىزمۇ، تىللىسىڭىزمۇ مەيلى، مېنى ئەكېتىڭ»، «ئاپام سۇدا ئېقىپ كەتتى...»، «دادا، ئەمدى ئاپامنى ئۇرماڭ...» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ كېتىشلىرى سەيدىنىساخاننىڭ نەق يۈرىكىگە مىخ

www.uyghurkitap.com

قاققاندەك بىلىنەتتى. قىزلار مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ھەرقايسىسى ئۆز ئىشلىرىنى تېپىپ قىلىشاتتى. بىرسى كالا ئېغىلىنى تازىلىسا، بىرسى كالا يوقلىرىدا پوم ئېتىپ تامغا چاپلايتتى. گۈلبانۇم بولسا داۋاملىق ھويلا ـ ئارانىنى تازىلايتتى ياكى قاچا ـ قۇچىلارنى يۇياتتى. ئۇنىڭ ھەدىلىرى گۈلزەبەر، مۇبارەكلەر كۆكتات ئادالاپ، تاماق تەييارلىقىنى قىلىشىنىمۇ ئۇنتۇمايتتى. ئۇلار گويا ئۆگەي ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئەدناسى ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك سەيدىنىساخاننى زادىلا گەپ قىلدۇرمايتتى. ھەتتا بىر كۈنى ئۇ قىزلارغا: «باللار كوچىدا ئويناۋاتىدۇ، سىلەرمۇ ئويناپ كىرسەڭلار بولمامدۇ» دېگەنىدى، ئۈچ قىز كۆڭۈلسىزگىنە جىلمىيىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. باللاردىكى بۇ سوغۇق سەيدىنىساخان ئۈچۈن ھۆل تاياقتا ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك قاتتىق تېگەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ غەلىتە خىياللارغا بېرىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق، ئۇرسۇن، تىللىسۇن، دۆشكەلىسۇن ياكى ئۇ ساراڭ، مېيىپ، ئازازۇل بولسۇن، ئۆز ئانا ـ دە! چۈنكى ئاتىنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بارا ـ بارا سەيدىنىساخان شەھۋانىي نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ يەتتە بالىنى يېتىم قىلغان مەرۇپ تۆمۈرچىگە ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۆزىگە بولسا ۋىجدان ئازابىنى ئارتىۋالدى. ئۇنىڭغا يونغاندەك بىر كۈنى جىگدە ئۆستەڭدىن ھەدەپ ھويلىغا بويۇنداۋاتقان بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. بۇ جىگدە سارغىيىدىغان چاغلار بولماي، بەلكى ئەمدىلا چېچەكلى تۆكۈلگەن باھار ئايلىرى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆي دېرىزىسىدىن ھېلىقى يوغان جىگدىگە پات ـ پاتلا قارايدىغان بولدى. دېگەندەك يەنە بىر ـ ئىككى قېتىم ئاچىماق غولدا ھېلىقى ئايالنىڭ يېقىدە كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرغان ھالىتىنى چېلىقتۇردى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ ئىشتىھاسىنى بوغدى. مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ

بىر يەدە هويلىدا دانلاپ يۈرگەن چار مىكىيانىنىڭ قاتتىق قاقاقلاپ، قاناتلىرىنى پاقىلدىتىپ ئۇرغانلىقى ئاڭلاندى. سەيدىنىساخان دەرھال دېرىزىدىن قارىغانىدى، تامدىن سەكرەپ چۈشكەن بىر ئوغرى مۈشۈك توخۇمدىن ئەمدىلا چىققان يۈمران چۈجىلىرىگە خىرىس قىلىۋاتاتتى. بىراق، مىكىيان ئۇنىڭ بوغۇۋېتىشىدىن قورقماي ھەدەپ مۈشۈككە ئېتىلاتتى. ئۇنى چوقۇپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇپ، پۇتلىرىدا تېپەتتى. مۈشۈك ئۆتكۈر تىرناقلىق پەنجىلىرىنى شىلتىگەنىدى، توخۇنىڭ پەيلىرى توزۇپ چۈشتى. بىراق، ئۇ شىددەت بىلەن يەنە ئېتىلدى. ئاخىر مۈشۈكنى قاچۇرۇۋەتتى. سەيدىنىساخاننىڭ كۆڭلىدىن: «ئۇمۇ بىر ئانا» دېگەن خىيال ئۆتتى‌ۇشى بىلەن بالىلىرىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن جىگدىنىڭ تىكەنلىك غولىدا ياش تۆكۈپ تۇرغان ئانا يادىدىن كەچتى. بىراق، شۇ كېچىسى سەيدىنىساخان ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرگەنىدى. ھېلىقى مىكىيان ئۇنى هويلىدا سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ يۈرگۈدەك، «بالىلىرىمنى بەر» دەپ ۋارقىرىغۇدەك. سەيدىنىساخان قاچقۇدەك ـ قاچقۇدەك، شۇنچە قاچسىمۇ بىر ئىزىدىن نېرى قوزغىلالماپتۇ. مىكىيان بولسا ئۇنى چوقۇپ، تېپىپ قانغا بويىۋېتىپتۇ...

يوچۇن ئايالنىڭ ئۆزۈن ھېكايىسىنى ئاڭلىغان گۈلسۈم ئۇنى ئەيىبلەشنى ياكى تىللاشنى بىلەلمىدى. ئەلۋەتتە، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك يوق. ئۇمۇ پۇشايمانلىق ئىلكىدە ئازابلىنىۋاتسا، ئەمما بىركىم كاچىتىڭغا بىرنى سېلىپ، ئارقىدىن «سېنى ئۇرۇپ سالدىم، خاپا بولما» دېسە كىمنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتسۇن؟!

— سىلى مۈشۈ گەپلەرنى دېگىلى كەلگەنمۇ؟ — دېدى گۈلسۈم ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— يوقسۇ، مەن مەرۋېتىن ئاجرىشىپ كېتىمەن، — سەيدىنىساخان قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى، — بۇ پەقەت

سىلى ئۈچۈنلا. شۇڭا، مەرۇپ بىلەن بولۇشۇپ بالىلىرىنى قاناتلىرى ئاستىغا ئالغان بولسىلا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارام تاپقان بولار ئىدى.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — گۈلسۈمنىڭ ئاۋازى ۋەزمىنلەشتى، — مېنىڭ يۈرىكىم، مەرۇپ ھەم سىلىنىڭ سالغان خورلۇقلىرىدىن جاراھەت بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن. ساقايمىقى تەس. مەن ئەمدى ئۇنى تاتلاپ قايتا قاناتقۇم يوق.

— زادى مۇمكىن بولماسمۇ؟

— مۇمكىن بولىدىغان يېرىنى ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار توي قىلماستىن بۇرۇنلا قويمىغان.

— شۇنداقتىمۇ، مەن بەربىر ئاجرىشىمەن، — ئايال ئېغىرلاشقان تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، — بولمىسا ئازابلىرىم كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتكۈدەك.

سەيدىنىساخان تېلىقىپقىنا چىقىپ كەتتى. گۈلسۈم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپمۇ قويمىدى. «خام سۈت ئەمگەن ئىنسان» دەپ كونىلار بىكار ئېيتماپتۇ. ئادەم ھاياتلىقتا خۇددى قوتۇر ئېشەكتەك سۇۋانمايدىغان يېرى قالمايدىكەن. كۆڭلى خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا ئالدى - ئارقىغا قارىماي، كېيىنچە پۇشايمان زەردابلىرىنى ئىچىدىغانلىقىنى، كىچىككىنە خۇشاللىق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازاب تارتىدىغانلىقىنى، بىر خۇشاللىققا بىر كۆشەندە يار ئىكەنلىكىنى، بەرمەكنىڭ ئالمىقى، ئەجىرسىز كەلگەن ئامەتنىڭ قۇسمىقى، ھارام دۇنيانىڭ ھېسابى، بىراۋلارغا قىلغاننىڭ ئۆزۈڭگە ياندىغانلىقى، بىراۋنى قان يىغلىتىپ يەتكەن بەختنىڭ قارارسىزلىقى، قىسقىسى، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتنە ئالەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدىكەن. مانا، سەيدىنىساخان كۇنداشلىق بوسۇغىسىدا گۈلسۈمدىن ئۆزىنىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن نېمە رەسۋاچىلىقلارنى قىلمىدى؟! ھېيىقماي، نومۇس قىلماي نەق كۇندىشىنىڭ

ھويلىسىدا مەرۋىنى قۇچاقلىدى، سۆيدى. «ئاڭلىسۇن، بىلسۇن، تىرىكىپ ئۆلسۇن» دېگەندەك يان ئۆيدىكى قەستەن ئويىنغان ئويۇنلىرىچۇ!... ئۇ ئاشۇنداق ھاياسىزلىق قىلمايمۇ كۆزلىگەن رىجىسىگە يېتەلەيتتى ھەم يەتتى. ئەمما، ئۇنى شەيتىنى دەيدەيگە سالسا، ئۇمۇ مەنمەنلىك تونىغا ئورىنىپ ئۆزىگە ئوخشاشلا بىر ناتىۋاننى قان يىغلاتتى. بۇگۈنكى كۈندە مىسكىن، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان سەيدىنىساخان بۇنداق ۋىجدان سورىقىغا قېلىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى! ئويلىمىغان، ئويلاشنىمۇ خالىمىغان! ئەقەللىيسى ئوڭىدا كۆرگەن چار مېكىيانىنى چۈشىدە ئايان قىلىپ دەھشەت ئىزتىراپقا سېلىشى، خۇدانىڭ سەيدىنىساخان ۋە سەيدىنىساگۈللەرگە بەرگەن بېشارىتىدۇر.

گۈلسۈمخان يىغلاپ ـ قاقشاپ قىشنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئەتىياز كېلىپ ئەگىزلەر يول بويلاپ ئاققىلى تۇرغاندا ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى پاختىلىق كونا چاپان، پۇتىدىكى ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشۈپ رەڭگى، شەكلىنى يوقاتقان ئەرچە باجىڭگىر ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغلاردا مەرۋىپ تۆمۈرچىنىڭ قارادۆڭلۈك يەنە بىر قەشقەرلىك ئايال بىلەن توي قىلغىنىغا ئۈچ ئاي بولغانىدى. بىر كۈنى يەتتە ياشلىق ئەكبەرنى يېتىلىگەن گۈلسۈم مويكا زاۋۇتىدىن كەچلەپ قايتىپ كەلگەندە، دەرۋازا ئالدىدىكى لاي سۇپىدا ئون ئۈچ ياشلىق گۈلبانۇم مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

— جېنىم قىزىم، ئالتۇنۇم، ساقام، — گۈلسۈم گۈلبانۇمنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپلا كەتتى، — نېمە، ئۆيدىن قېچىپ كەلدىڭما، نېمىشقا؟

— دادامنىڭ خوتۇنى نىساخان سەيدىنىساخانغا ھەرگىز ئوخشىمايدىكەن، — گۈلبانۇم ئېسەدەپ كەتتى، — ئۇ ئۇرىدۇ، نان بەرمەيدۇ. شۇڭا، ئەسقەر ئۇكامنىڭ قورسىقى تويماي داۋاملىق ئوغرىلىق قىلىدۇ. خەقلەر دادلاپ كىرسە، دادام ئۇرىدۇ. بىر قېتىم مۇبارەك ھەدەمنىڭ بېشىغا لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ پېشانىسىنى يېرىۋەتكەنىدى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆيگە

www.uyghurkitap.com

كىرمىدى. دادام بىر ـ ئىككى كۈن ئىزدەپ، ئاخىر: «ئۇ جىگدە پۇراپ قالغان قانجۇق ئاقسۇلۇق بىر بالا بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ» دېدى. شۇڭا، دادام «گۈلزەبەرنىڭ تويىنى قىلىۋەتمىسەم بۇ شۇمۇ پوق دەسسەيدىغان ئوخشايدۇ» دەپ چېچىلىپ كەتتى.

— ئاھ، خۇدا، بۇ نېمە كەلگۈلۈك؟ ئەنەيتۇللا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. تايغوجا گۇاڭجۇ تۈرمىسىدە، مۇبارەك كىچىك تۇرۇپلا غايىب بولدى، — گۈلسۇمخان يىغان بىلەن يىغلىدى، — ئەمدى گۈلزەبەرنى نەلەرگە بېرىۋېتەر؟ بۇ ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ ئۆيۈنلىرى بولماي نېمە؟ ئۇلار بالىلىرىمنى تۈزۈتۈۋەتمەكچى.

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئارانلا جان ئېتىپ كېتىۋاتقان گۈلسۇم ئۇچ جان بولۇپ قالدى. گۈلبانۇمنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، قورسىقى، ئوقۇش راسخوتلىرى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئارىدىن ئىككى ئايمۇ ئۆتمەي گۈلزەبەرنى توققۇزتاراغا ياتلىق قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئانا بىرنەچچە كۈنلەرگىچە يىغلاپ يۈردى، ئەمدىكى غېمى ئەسقەردە قالغانىدى.

«خۇدايىمنىڭ بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي، بەزى كۈنلىرىنىڭ كۆتىگە تېپەي» دېگەن گەپنى بەلكىم بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن ئادەم دېگەن بولۇشى مۇمكىن. تىلسىز ئەكبەر ئون ياشقا كىرگەن يىلى، گۈلسۇمخان ئۈچۈن ئون سەككىز مىڭ ئالەم تىللارغا توشۇپ، ئاسماندىن چەلپەك ياغقاندەك بىر خۇشاللىق كۈن بولدى. كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ئاپپاق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، گالستۇك تاقىۋالغان ئەنەيتۇللا چامادان كۆتۈرگىنىچە، گۈلسۇمخاننىڭ نامراتلىق يېغىپ تۇرغان ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، ئۆيدە بىر ھازا يىغا ـ زار كۆتۈرۈلدى. شەپقەتلىك ئانا بىساتىدا بارىنى چىقىرىپ پولۇ ئەتتى، ئاچچىق چاي دەملىدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ چامادانىنى ئېچىپ ھەممىسىگە ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى بەردى. ھەتتا تىلسىز ئەكبەرگىمۇ بىر

قۇر ماتروسلار كىيىمىنى ئەكەلگەنىدى. خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ئەكبەر ئەمدىلا ئاۋازى چىققىنىغا باقماي: «ئاكى كو، ئاكى كو» (ئاكام خو) دەپ چوڭ بارمىقىنى چىقىرىپ ئۆي ئىچىدە سەكرەپ كەتتى. گۈلبانۇم بولسا قۇچىقىدىكى كىيىملەرگە قاراپ مۆل - مۆل يىغلاپ ئولتۇراتتى. توغرا، ئۇ مۇشۇ ياش بولغۇچە بۇنداق ئېسىل كىيىملەرنى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇچىسىدا كۆرۈپ قەۋەتلا ھەۋەسلەنگەن بولسىمۇ ئۆزى ئۇچىسىغا سېپىپ باقمىغانىدى.

— ئاپا، چوڭ ئۆيدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇقتۇم، — دېدى ئەنەيتۇللا ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — نىمىلا بولسا ھايات ئىكەنسەن. بىراق تايغوجا، گۈلزەبەر، مۇبارەكلەر يوق. ئەسقەرنى بولسا تېخى كۆرمىدىم، ئۇلارغا ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىمنى سەن ئېلىپ قال، ساتامسەن، ساقلامسەن، ئۆزۈڭ بىل.

ئەنەيتۇللا سولىياۋ خالتىلارغا قاچىلانغان كىيىم - كېچەك، ئاياغلارنى ئاپىسىغا قوش قوللاپ تۇتتى - دە، يىغلىۋەتتى. بەلكىم بۇ ئاق كۆڭۈل بالىنىڭ غايىب بولغان قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى ئەلەمزەدە بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىر سىقىم پۇلنى ئاپىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ دېدى:

— ئاپا، ئەمدى يوقسۇزلۇق تارتمايسەن. مەن قاچاتكى غۇلجىغا ئۇنسەم سېنى يۆلەپ تۇرىمەن، — ئەنەيتۇللا ئاپىسىنىڭ ئىشتا پىشقان يىرىك قوللىرىنى تۇتتى، — ئاپا، ساڭا يەنە بىر خۇش خەۋەر. مەن ئىككى يىل ئالدىدا ئىچكىرىدىن كېلىپ دەريا بويى كوچىسىدىن ئالتە پۇڭ يەرنى ئەرزانلا ئېلىپ تاشلاپ قويغانىدىم. بۇ قېتىم ئۇستاملار بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. ئىككى ئايغا قالماي ئۇچ ئېغىز ئۆي ھەم چايخانىلىرىنى پۈتكۈزۈپ بەرمەكچى.

— جېنىم بالام، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بېرەر.

ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن. لېكىن، ئىنىگدەك هارام ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالما، هۆكۈمەتنىڭ چېشىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلما.

— ئاپا، خاتىرجەم بول، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشتى. بازارلار قويۇپ بېرىلدى. ئەگەر نىيىتىڭ دۇرۇس بولۇڭ توغرا، هالال ئىشلەپ تېپىپ، بىر هارۋا ئالتۇننى سۆرەپ ماڭساقمۇ بىر كىم يولىمىزنى توسمايدۇ. مەن هازىر چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ قويدۇم.

... گۈلسۇمخان، قىزى گۈلبانۇم، ئوغلى ئەكبەرلەر بىلەن يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ خۇددى جەننەتتىن ماكان تۇتقاندەك خۇشال بولۇشتى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا يەنە بىر شادلىق قېتىلىپ، قورسىقىغا ئامراق ئەسقەر قېچىپ كېلىۋالدى. ئەمدى ئۇلار تۆت جانلىق بىر ئائىلە بولۇپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە، ئەنەيتۇللانىڭ بەرگىنىگە قاراپ ئولتۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا، گۈلسۇمخان ئاھالە كومىتېتىغا ئۈچ ئاي قاتناپ «مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى»نىڭ كوچا تازىلىغۇچى ئىشچىسى بولۇپ قالدى.

گۈلسۇم ئىشتاتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلەپ ئۈچ يىل بولغاندا مەرۇپ كۈچالىق، قەشقەرلىك، خوتەنلىك بولۇپ ئۈچ خوتۇن ئېلىپ بولدى. هازىر قولىدىكى ئاقسۇلۇق خوتۇنى گۈلسۇمخاندىن كېيىنكى ئالتىنچى خوتۇنى ئىدى.

## 9

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنىڭ بۇ خىلۋەت كەنتتە تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. كەنتنىڭ ئەتراپى چەكسىز كەتكەن بىرتۇتاش قارا چىلان تۇپراقلىق مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر ئىدى. ئېتىز ئوتتۇرىلىرىدا تاغ تېرەكى، سۆگەت، قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەردە يالغۇز چوقچىيىپ تۇرۇشاتتى. يىراقتىن ئايدىلەڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭقۇر



www.uyghurkitap.com

ئېدىرلار، يانپاش غوللار، سارغۇچ كۆرۈنىدىغان ئېگىز ـ پەس بىنەملىكلەر بۇ تەنھا كەنتنى قورشاپ تۇراتتى. كەنتتىكى پاكار ئۆگزىلىك دېھقان ئۆيلىرى تولىمۇ رەتسىز سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قورۇ، ئېغىل، باغباراڭلىرى شورا بولۇپ كەتكەن سوقما تاملار بىلەن ئىھاتە قىلىنغانىدى. ئۆگزىلەرگە بۇلتۇر بېسىلىپ، قارىداپ كەتكەن مەڭگەن، بېدە، قوراي، ئوت، سامانلار ئىچىگە كىرىۋالغان ھۆرۈن ئىتلار ناۋان ـ ناۋاندا قاۋاپ قويۇپ، ئاندىن تۇمشۇقىنى چىۋىسىگە تىقىپ ئۇخلىشاتتى. ھەربىر ھويلا ئالدىلىرىدا تۇلۇق تاش، كونا ساپان، بۇزۇلغان شامال ساندۇقى، ئېرگۈلۈ چاقلىرى قاتارلىقلار قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان بولۇپ، كوچىغىلا قوزۇق قېقىپ ياكى موما تىكلەپ باغلاپ قويغان كالىلار ئۆزلىرىنىڭ تېزەكلىرىدە ئېغىنىشىپ مەيۈس مۆرەيتتى. كەچ تەرەپلەردە بولسا ھەربىر ئۆينىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىققان مەڭگەنىنىڭ ئىسى كەنت ئۈستىدە لەيلىشىپ، تۇتاش پەردە ھاسىل قىلاتتى. قوپال ئاقارغان ئۆتۈك، باجىڭگىر ياكى سەندەل كىيىپ، چاك ياقىلىق كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىنى ئېچىۋەتكەن دېھقانلار داۋاملىق بىر ـ بىرى بىلەن ئۆتنە ـ بېرىم قىلىشاتتى.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم سەمەندەرقۇلنىڭ ھەمقان بولۇشى بىلەن نىكاھ قىلىپ جۈپتى ھالاللاردىن بولدى. بۇ ئىككى «قاچقۇن» ساددا، ھەزىلكەش، دىلكەش دېھقانلار ئارىسىدا ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى بار، ھەممىنىڭ ئاغزىدا «ۋاي» دەيدىغان كاسىپقا ئايلاندى.

سەمەندەرقۇلنىڭ تەيپۈنەم زامانىسىدىكى كونا بىر سىنتىرال تىكىش ماشىنىسى بار ئىدى. ئۇنى پەقەت سۆكۈلگەن، يىرتىلغان كونا كىيىم، يوتقاننىڭ ئەستەر ـ تاشلىرىنى تىكىش، ياماش ئۈچۈنلا ئىشلىتەتتى. سەمەندەرنىڭ ئىككى قىزى ھەم ئايالىمۇ ماشىنىچىلىقتىن خەۋىرى يوق ئىدى. گۈلبانۇم ئۇزاق زامان ئىشلەتمەي زاپچاسلىرى كىرلىشىپ كەتكەن ماشىنىنى چۇۋۇپ ـ تازىلاپ ھەم مايلاپ جاقىلداپ ماڭىدىغان قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستا

ماشىنىچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن چوڭ قىزى راھىلەم شەھەردە ئىكتۇرىمەن دەپ ئېلىپ قويغان رەختىنى «كۆڭلەك تىكىپ بېرىڭ» دەپ يالۇۋۇردى. گۈلبانۇم قېتىرقىنىپ پىچىپ، شەھەرنىڭ يېڭى پاسونىدا «قىلىچ ياقىلىق» كۆڭلەك تىكىپ بەردى. بۇنى كۆرگەن كىچىك قىزى رازىيە دادىسىغا دەپ رەخت ئالدۇردى. گۈلبانۇم ئۇنىڭكىنى ئايسىمان يېرىم ئويما ياقا قىلىپ تىكىپ بەردى. بۇ بىر جۈپ قىزنىڭ ياش قۇرامى، بوي - تۇرقى ئوخشىمىسىمۇ چىرايلىرى ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلار كەنت كوچىلىرىدىن ئۇياقتىن - بۇياققا ئىككىلا ئۆتۈۋىدى، كەنتنىڭ چوڭ - كىچىك قىز - چوكانلىرىنىڭ «خامىنىغا ئوت» كەتتى. ئۇلار رەختلىرىنى قولتۇقلاپ كېلىشەتتى. كىيىم تىكتۈرمەيدىغانلارمۇ زوق - ئىشتىياقى قوزغىلىپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى. ھەركۈنى سەمەندەرقۇلنىڭ قورۇسى ئاۋاتلىشىپ، گۈلبانۇمنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىدەك ئورىۋالاتتى. ھەممىنى بىلىشكە زوقمەن، زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىم بەلكىم سەھرا قىزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇڭىز باردۇ؟ تەھقىق تەقەززا بولۇۋاتقانسىز، ئەمىسە نەزىرىڭىز گۈلبانۇمنىڭ ئەتراپىدىكى قىزلاردا بولسۇن!

— ھەي، دۇرنەم، سەنمۇ كۆڭلەكنىڭكىنى رازىيەنىڭ كۆڭلىكىدەك ئويما ياقىلىق قىلساڭ بولمامدۇ؟ خويمۇ چىرايلىق ئىكەن.

— ۋىيەي، ئادەمنىڭ ئۇياتقۇسى كەلمەمدۇ، قويغىنا نېرى، مەھەللىدىكى ئالەكلەر «ھويت - ھويت» دەپ ماڭغىلى قويامدا.

— ئەمىسە ئاپاڭ ئۇلۇش يىل قولىدا يۆمەپ تىكىپ بەرگەن ھېلىقى كۆڭلەكتەك تىكتۇر، — قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشتى. چۈنكى، دۇرنەمنىڭ ئۇ كۆڭلىكىنى ھەممە بىلىشەتتى. كەنتتىكى يىگىتلەر ئۇنى مازاق قىلىپ: «خاماندىن بۇغداي ئوغرىلىغان ئوغرىلار دۇرنەمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالسا ھېچكىم تاپالمايدۇ» دېيىشەتتى.

— ۋېيەي، بولدىلا، تولا يىغىرىمنى ئاچما، — دۈرنەم دومسايدى، — شۇڭلاشقىمىغۇ ئۇ كۆڭلەكنى ئۇچامغا ساپماسلا بولدۇم، ھەرقايسىڭلاردەك شۇم ئېغىزلاردىن ئەندىكىپ.

— ۋېيەي، بولدىلا، ئەگمىزلىكىڭ تۇتتىغۇ، بىلەتتىم، ئاشۇ پەيلىڭگە ئالدىغانلىقىڭنى، چاقچاق قىلغانلىقىمنى بىلمەمسەن؟ بۇ يەردە ئوغاڭنى قايناتقۇدەك گەپ بولمىدى، — ئەمدى گەپ ئوماي ئىسىملىك قىزغا يۆتكەلدى.

— ھەي ئوماي، كۆڭلىكىڭنى بۇنداق پاسوندا تىكتۇرسەڭ، كوچىدا ياسىنىپ - تارىنىپ ماڭالامسەن؟

— بەللى، ئەمىسە ئەبگاردەك كىيىنىپ يۇرسەم بولامتى، كۆرۈپ تۇر، مەھەللىدىكى ھېلىقى ئايپاڭباش پاخشەكنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام.

— بولدىلا، ئوماي، ئۇ ساڭا قارىماي قويغانلىقى ئۇچۇنلا زەردەڭ قايناپ شۇنداق دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن. بولمىسا دانى خېلى ئوبدان يىگىت.

— ۋېيەي، تولا سەتلەشمىگىنە، — ئوماي بويىنىدا شىلتىنىڭ قېقىپ، تۇمشۇقىنى ئۆرۈدى، — ئۇ خام كاللىغا قارايدىغان ئوماي چۈشۈپ قالماپتۇ. توۋا قىلدىم، شەھەردىكى ھەدەم تىكتۈرۈپ بەرگەن كۆڭلەكنى كىيسەم: «ھوي ئەركە - تايتاڭ، نايناق خېنىم، تامبال كىيمەپسىز، ئىچتىكىڭىز كالتە ئىكەن، پەخەس بولۇڭ، ئالدىڭىزغا كىرپە چاپلىشىۋالمىسۇن» دېمەمدا.

— دېمىدىڭمۇ، ئۆزۈم پەپىلەپ - باققان كىرپەم بار، دەپ، — مۇكەررەم ئىسىملىك چوكاننىڭ ھەزىلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەم ھازىرجاۋابلىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى.

— بېشىڭنى يەيدىغان دانى ساراڭنىڭ گېپىنىڭ سېسىقلىقىنى كۆرمەمدىغان، — ئوماي يەنە گەزۋەيلىدى، — ئۇ نىجىس ھارامزادىنىڭ ئاشۇ شۇم ئېغىزىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېپ، پۇركۇۋەتكۇم كەلدى.

— ئۇنداق قىلساڭ دانىنىڭ چىپىي چىچەكلەپ بۆكىنى

www.uyghurkitap.com

ئاسمانغا ئاتىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئاغزىنى چىشلەيمەن دەپ تومشۇقۇڭنى ئۇچلىسالىڭ، «مېنى سۆيمەكچىكەن» دەپ بىلىپ سۆيۈۋالىدۇ، شۇ.

بىبىنۇر ئىسىملىك بۇ قىزنىڭ چاقچىقى ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

مانا كۆردىڭىزمۇ، گۈلبانۇمنىڭ بىر ئېغىز ئۆيى كۈندە شۇنداق كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئاۋات.

ئەمدى ئەنزەرگە كەلسەك، ئۇ كەلگەندىن بېرى بىرەر كۈنمۇ زېرىكىپ قالغىنى يوق. ئۇنى دېھقانلار ئۆيمۇئۆي چاقىرىپ ئەكېتىپ تۇلۇق تاش جازىسى، شامال ساندۇقى، تىرنا، سۆرەم قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ھەم تاماق ئۇستىلى، ئىشىك ـ دېرىزە كېشەكلىرى، يېڭى ئۆي سالغانلار ئۆيىنىڭ ياغاچچىلىقى قاتارلىق ئىشلارنى قىلدۇراتتى. ئەنزەر قەيەرگىلا بارسۇن، شۇ ھويلا دېھقانلارنىڭ سورۇنىغا ئايلىناتتى. ئۇمۇ گەپ خۇمار، كىچىك پېئىل، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا دېھقانلار بىلەن ئاسانلا ئىچەركەپ كەتتى. بولۇپمۇ كەچ تەرەپلەردە ياغاچ ـ تاش، سۇپا، يەرلەردە ئولتۇرۇپ كەتكەن دېھقانلار ئاچچىق تاماكىسىنى ئۇزمەي چېكىپ ئالەمنى بىر تاسقاپ چىقاتتى.

— ۋۇي مەخپىر، موخۇركاڭدىن بىر ئورام بەرگىنە، — دېدى «قانجۇق» لەقەملىك ئەلىتاي قوچقار مۈڭگۈزىدەك بۇرۇتلىرىنى يىمىرىپ، — ھېلىقى ئازىنباقىنىڭ موزىيى ئەجەپ سىيىر بوپتا. پاھ، پاھ، يېلىنلىرى قازاندەك، ھەر ئەمچەك، ھەر ئەمچەك... ئالىقانلىرىڭغا پاتمايدۇ.

— ئەمچەك كۆرمىگەن نېمىلەر ھەرنېمە دەيدۇ، — مايلاشقان مانچېستىر دوپپىلىق، چار ساقال «پو» لەقەملىك شايىكامنىڭ بۇ چاقچىقى كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى، — بىز كۆرگەن ئەمچەكلەرنى كۆرسەڭ يۈرىكىڭ تاراسسىدە يېرىلىپ كېتەمدۇ نېمە؟ مادامىكى

تۆگىنىڭ لوكىسى بىكار... يەنە كېلىپ سەپسىن ئوروۋس خوتۇنلىرىنىڭ دېگىنە.

دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشتى.

— ھەي شايىكا، سېنى نىلقا ئۇرۇشقا قاتناشقان دېيىشىدۇ، — سورىدى تاقىرباش بېشىرگول، — بۇ چاقچاق ئەمەستۇ. نىلقىدىكى بال يىغىدىغان، يايما قاق سالىدىغان ئورۇس خوتۇنلىرىنىڭ ئەمچىكىنى ئېگەر قىلىپ مىنگۈدەك يوغان دەپ ئاڭلايمەن، سەن شۇ يەردە كۆرگەنمىدىڭ؟

— ھۇششەرە تاپتىڭ، خوتۇن تالاق، ئۇ چاغدا مەن قالتىس مەرگەنتىم دېگىنە، گوم قىلاتتىم پوكلا چۈشەتتى، گوم ـ گوملا قىلاتتىم پوك ـ پوكلا چۈشەتتى، گوم، گوم، گوملا قىلاتتىم، پوك، پوك، پوكلا چۈشەتتى.

— ئاتە پونى، شايى، سېنى بىكارغا پو دېمەيمىز ـ دە، — دېدى بايتۇر ئىسىملىك دېھقان كەكە ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، — سەن ئۇ كەملەردە ئاپاڭنى چاپۇتلاپ يىقىتىپ ئېمىۋالىدىغان ئون نەچچە ياشلىق بالا تۇرساڭ، سەن مىلتىقنى كۆتۈرەمسەن، مىلتىق سېنىمۇ؟

— شايىكام بارغۇ قارا، ئون ياش چېغىدا دادىسى بىلەن شەھەرگە چاغان كۆنى كۆمۈر ساتقىلى كىرىپ، — ئەلىتاي قانجۇق ھەزىلگە كۆز چىقاردى، — خەنزۇ بازىرىدا ئېتىلغان پوجاڭزىلارنى كۆرۈپلا، «ئۇرۇشقا قاتناشتىم» دەپ تۇرۇۋالغان نېمە بۇ.

سورۇندىكىلەر قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ئۇلار بىر پەردە چاقچاق، كۈلكىدىن كېيىن بىردەم ـ يېرىمدەم تاماكا ئۈتنە ـ بىرىم قىلىشىپ چېكىشتى. تاقىرباش دېھقان بېشىرگول لەقىمى ئۆزىگە سىڭىشىپ كەلگەن ساددا، گوللاردىن ئىدى. ئۇ ئەنزەرگە لاپىدە قاراپ قويۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى:

— تووا، سەمەندەرقۇل باقمىچىلىق قىلىپ، قىلىقسىز باي بولۇپ كېتىپتا. خۇدايىم ئامەت بېرىپتۇ ئۇ قاشقالىققا. بىز

بولساق دۆم چۈشەرمىزمىكىن دېگەن ۋەسۋەسىدە خەقنىڭ چېغىدا قايتىمىز.

— هوي، ئۇ باي بولماي يەنە كىم بولاتتى؟ — دېدى ئۆلتاي قانجۇق، — كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يەرگە ئىشلىسە، خوتۇن - قىزلىرى توخۇ، كەپتەر، توشقان باقسا، ئارى كۈندە بىر شەھەردىن ماشىنىلار كېلىپ، قىپقىزىل تىيزىنى ساناپ بېرىپ ئەكېتىۋاتسا... هېلىمۇ بوسۇغىسى ئالتۇندىن بولۇپ كەتمىدى ئۇ خۇنپەرنىڭ.

— سەنىمچۇ قارا، كاڭشىۋېرىدىكەنسەن، — بايتۇر ئەلىتايىنىڭ لەقىمىنى چىشلەپ تارتتى، — ئىلىدىكى سۇلتان بېگىم بايانداي سېپىلىنى سالدۇرغاندا قارا، ئۈكە، توپىنى ئىچىدىن ئالماي سىرتىدىن ئالدۇرغانىكەن. شۇڭا، سىرتتىن كەلگەنلەر باي بولماي يەنە كىم بولاتتى؟ مانا ئەنزەر بالىمۇ بىر ئاي ئىچىدە غىچچىدە پۇلغا ئىشلىۋالدى. بۇنداق دېسەم، ئەنزەر ئۈكە، ساڭا تېگىپ كەتمىسۇن يەنە. مۇھەببەت بولسۇن، دەپ مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— مېنىڭ ئاچچىقىم كەلمەيدۇ، — دېدى ئەنزەر تۈز كۆڭلى بىلەن، — بىراق ئۈزۈڭلار نامراتچىلىقتا ئامراق ئىكەنسىلەر ئەمەسمۇ، ئويلاپ بېقىڭلار سىلەرنىڭ ئۆلكە يەرلىرىڭلار① بەك ئاز، بىنەم يەرلىرىڭلار② ئىنتايىن كۆپ. بىنەمگە كۈزدە ئۇرۇقنى چېچىۋېتىپ كەلسەڭلار قىشچە مەشرەپ ئوينايسىلەر، هەتتا بىنەم بۇغداي پىشقۇچە يازدىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن بىكار دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇڭا، كوچا دوقمۇشلىرىدا قارتا، قاتار ئوينايسىلەر، هويلا، باغلىرىڭلارنى قوراي، ئوت بېسىپ كەتكەن، كۆكتات، گۈل تېرىپ قويماي دېمەيسىلەر، خوتۇن - بالىلىرىڭلار «تاماق ئېتەتتۇق، ئوتياش يوق» دېسە، سىلەر تاماكاڭلارنى

---

① ئۆلكە يەرلەر — ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەرلەر.
② بىنەم يەرلەر — يامغۇر سۈيى بىلەن بولىدىغان تاغ - ئېدىرلاردىكى يەرلەر.

پۇرقىرىتىپ چىكىپ، شاماڭلارنى چايىنىغاچ، «ۋۇي، روزاخۇن تۇڭگاننىڭ هويلىسىدىن ئاۋانسىغا ئالغاچ تۇرمامسەن» دەيسىلەر. ئەلۋەتتە، روزاخۇن تۇڭگاننىڭ قورۇسىدا ئايىنىغان كۆكتاتلار بىزنىڭكىدە ئايىنىماسمۇ دەپ ئۆزۈڭلاردىن سورىمايسىلەر، ئەلىتايكامىنىڭ دېگىنى توغرا، سەمەندەرقۇل كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەر ئاقتۇرغانلىقى ئۈچۈنلا هاللىق دېھقان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بايانداي سېپىلى بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

— بايتۇركامنىڭ خوتۇنى باياندايدىن بولغاچقا، — دېدى بېشىرگول گەدىنىنى قاشلاپ قويۇپ، — ھەممە خوتۇن باياندايدىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ باياندايدىن نېرى كېتەلمەيدۇ.

بېشىرگولنىڭ چاقچىقى بىلەن يەنە كۈلكە - ھەزىل باشلاندى.

ئەنزەر بۇ كەنتنىڭ دېھقانلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى ھەم كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان يەرلىرىمۇ بار ئىدى. بىنەم پىشقاندا ھەممىسى قازان - قومۇچ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ئېلىشىپ كۆچۈپ دېگۈدەك مېڭىشاتتى. ئۇلار پىژ - پىژ ئاپتاپتا قېلىن چاپان ئۇستىدىن پوتىلىرىنى نەچچە ئوراپ باغلايتتى - دە، ئورمىغا چۈشۈپ كېتەتتى. قارا تەرگە چىلىشىپ قالغان ئەر - ئايال دېھقانلار شۇنداق ئىشلەيتتىكى، چارچاش دېگەننى بىلمەيتتى. تېخى كېچىلىرى ئورمان ناخشىسىنى ئېيتىپ تاڭ سۈزۈلگۈچە نەچچە مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ، ئاياللىرى باغ باغلاپ، خامانغا يۆتكەيتتى. قارىماققا، ئۇلار ھەممە بەخت - ئامەتنى بىنەمگىلا باغلاپ قويغاندى. پۇل بولىدىغان، كۈننى ياخشىلايدىغان باقمىچىلىق، بورداقچىلىق، كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر بىلەن چاتىقى بولمايتتى. قىشچە ئۆي بېسىپ خانلىيلۇنغا ۋارقىراپ، «يار سېنىڭ دەردىڭ يامان» دەپ ئاھ ئۇرۇشۇپ،

www.uyghurkitap.com

بالا تېخى گەجگىسىدىن باسسىمۇ چاقچىقىنى، كۆلكىسىنى تاشلىماي ئۆتسە، يازىچە تام يۆلەپ، قارىياغاچ يۆلەپ قارتا، قاتار ئوينىشاتتى. تېخى كەنتكە بىر ئادەم كۆچۈپ كېلىپ قالسا: «هوي ئاغىنىلەر، يېڭى كەلداخۇندىن بىرسى پەيدا بولۇپ قالدى. مەھەللىدىن گىدىيىپ ئۇياققا ماڭىدۇ، بۇياققا ماڭىدۇ. خورىكى ئۈستۈن بىرنېمە ئوخشىمامدۇ. لەقىمى نېمىدۇ؟ بىلسەك يانپاشقا ئالاتتۇق ئۇ كىسپۇروشنى» دېيىشەتتى ـ دە، ئېرىنمەي بىرەر ياشنى ئاتقا مىندۇرۇپ ئۇ ئادەم كەلگەن كونا جايغا ئەۋەتەتتى. ئۇنىڭ لەقىمى توخۇمۇ، كالىمۇ ياكى تۈلكىمۇ، ئەيتاۋۇر بىرنېمە بولۇپ چىقاتتى. كەچتە بىرەرسى يېڭى كەلگەن ئادەمنى: «جۇرۇڭ، ئاغىنە، بىر دەم ـ يېرىم دەم كۆڭۈل ئاچىلى، يېقىن بۇرادەرلىرىڭىز يوق زېرىكىپ قالغانسىز» دەپ بىرەر ئۆيگە باشلاپ كىرەتتى. ئاندىن ناخشا، چاقچاق باشلىناتتى:

— هوي ئاغىنىلەر، كەنتىمىزگە تۈلكە پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەمدى توخۇ ـ تۇمانغا ئاراملىق يوق دەڭلار.

تۈلكە لەقەملىك يېڭى كەلداخۇن خۇدۇكسىنىپ، سەل قىمىرلاپ قويغان هامان:

— مانا، مانا تۈلكىمۇ هەرىكەتكە كېلىپ قالدى، — دەيتتى ـ دە، چاقچاقنى چوڭقۇرلىتىپ قانجۇق لەقەمنى چىشلەيتتى، — كەنتىمىزگە ئەلتاي قارسۇنمىكىنتاڭ.

— مەنچە بېشىرمۇ بىللە قارسۇن، — دېدى شايكام «گول» لەقەمنى شېپى كەلتۇرۇپ، — ئەلتاي قاياققا قاراپ قاۋسا ئۇ كېتىۋېرىدىغان نېمە...

... ئەنزەر بۇ كەنتنىڭ دېهقانلىرىنىڭ ياشاش مىزانى، خاراكتېرى، مىجەز ـ خۇلقلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ دېهقانلىرىنىڭدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى هېس

قىلدى. ئەگەر خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇلاردا نامرات دېھقانلارنى قۇتقۇزۇش خىزمەت گۇرۇپپىلىرى كېلىپ قالسا، بىچارە، مۆمىن دېھقانلار خۇددى ئاسماندىن پەرىشتە چۈشكەندەك خۇشال بولۇشۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالاتتى. ئۇلار ئاشلىق، كىگىز، يوتقان ـ كۆرپە، كونا كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنىڭ بىرەرى قولىغا تەگكەن ھامان توققۇز تەزىم قىلىپ، كىملەرنىدۇر مەدھىيەلەپ، ماختاپ، كۆز ياش قىلىپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋېتەتتى. ئەمما، بۇ كەنت دېھقانلىرى يۇقىرىدىن بىرەر باشلىق ياكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى كەلسە قېتىغىمۇ ئالماي خىرامان يۇرۇۋېرەتتى. ئۇچ ھەپتە ئىلگىرى ۋىلايەتتىن «نامراتلارنى يۆلەش» قۇتقۇزۇش ئۆمىكى كەلدى. ئۇلار كەنت ئاقساقاللىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك ئائىلىلەرنى تىزىملاپ چىقتى. لېكىن، بىرسىمۇ كەنت تەشكىلىگە بارغىلى ئۇنىمىدى. ئامالسىز قالغان كادىرلار كەنت ئاقساقاللىرىغا بىر ـ بىردىن چاقىرىپ كېلىشنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇلار كېچىدە ئەل ئايىغى بېسىققاندا بارىلى دەپ يەنە كەلمىدى. بىر كۇنى كەنت ئاقساقىلى ئەڭ نامرات دېھقاندىن بىرنى ئالدىغا سېلىپ ئەكەلدى. ئۆزى ۋىجىككىنە، يازدىمۇ قولاقچا كىيىۋالغان بۇ دېھقان تەشكىلگە كىرىپ ئۆزىگە ياردەم قىلىنغان چوڭ سولياۋ تاغارنى تۇتۇپ بېقىپ، سورىدى:

— نېمە ۋۇي بۇ، كادىر ئەپەندىم؟

— گۇرۇچ.

— نەچچە كىلوگىرام كېلەر؟

— ئەللىك كىلوگىرام.

— ھەي تاڭەي...

— ئەمدى ئەكەتسىڭىز بولىدۇ.

— نېمە، ئەكەت دەيسىزغۇ، نېمىدە ئەكېتىمەن ئۇ نەرسىنى؟

— ئاقساقال، — دېدى كادىر كەنت باشلىقىغا قاراپ، — بىرەر هارۋا تېپىلارمۇ؟

— ۋۇي هارۋا دەيسىزغۇ، نېمىدە پىشۇرىمەن ئۇنى؟

— ئەستاغپۇللا، كەنت باشلىقى بۇ ئادەمگە ئازراق كۆمۈر، ئوتۇن هەل قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز.

— هە، مۇنداق دېمەمسىز. هەي، هەي مۇشۇنى شەهەردىن كۆتۈرۈپ چىققۇچە، تاشلەپكىنىڭ ئالدىدىكى قىزىرىپ پىشقان گىردىدىن ئاچىقساڭلارچۇ.

قاراڭ، بۇ كەنتنىڭ دېهقانلىرىغا! ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسىمۇ بىركىمگە چىراي سارغايتىپ بارىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ ياشاش مىزانىدىكى گاڭگۇڭلۇقى!

ئەنزەر بۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۇلاردىن پەخىرلىنەتتى. شۇنداق، هازىر كەمبەغەللىك نومۇس هېسابلىنىدىغان زامان بولۇپ قالدى. بىراق، كەمبەغەللىككە قارىغاندا بىچارىلىك ئەيىب! غۇرۇرىنى، ئىززەت - نەپسىنى ئاياغ ئاستى قىلغان مىللەت خورلۇق كىشىنىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئەنزەر بۇ كەنتكە كەلگىنىگە ئوتتۇز يەتتە كۈن بولدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى هۇنەر قىلغاچ هەزىل - چاقچاق، كۈلكە بىلەن ئۆتمەكتە. ئەر - خوتۇن ئىككىسى دېهقانلارنىڭ ئاتىغىنىنى ئالغان بولسىمۇ خىلىلا پۇلغا ئىشلىۋالدى. بىراق، ئۇ ئانىسىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. مۇئەتتەرخاننىڭ چۇس مىجەزى ئۇنى چۆچۈتۈپ ئەندىشىگە سالاتتى. ئەگەر ئالىمادىس ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋالسا ئەنزەر بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابىغا قالاتتى. هېلىمۇ ئائىلىسىدە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتىكىن؟ ئىنىسى ئۆز ئالدىغا ئاشخانا ئېچىپ يەككە تىجارەت قىلىۋاتامدىكىن؟ ئۇنداقتا، هەرخىل قورۇمىلارنى قورۇش، خېمىر تارتىشتەك ئىشلارغا ئابدۇسەمەت يالغۇزلۇق قىلىپ سىرتتىن ئۇستام ياللىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئەنزەر بېرىپ قالسا ئاشخانىنى قولىغا ئېلىپ، ياغاچچىلىق هۇنىرىنى



www.uyghurkitap.com

تاشلايتتى. بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى مۇئەتتەرخانمۇ تاش چىشلەپ تۇرۇۋالماس ياكى تەختىپەرىدىن چۈشمەي تۇرۇۋالارمۇ؟ ئۇنداقمۇ بولماس. باغرىنى يېرىپ چۈشكەن ئوغلىنى ئوتقا ئىتتىرىۋېتىشنى ئانا قانداقمۇ راۋا كۆرسۇن؟!

بۇ ئەندىشىلەر گۇلبانۇمدىمۇ ئېغىر ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ هازىرقى هاياتى بەخت ئىچىدە، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، تەخىرسىز چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادىمى بىلەن ئۆتۈۋاتسىمۇ، يۈرىكىنىڭ تەڭ يارتىسى ئاپىسى بىلەن قالغانىدى. هازىر گۇلبانۇم قىزلىق ئىپپىتىنى يوقاتتى، ئەمما ئۇ ئۆكۈنمەيدۇ. بىر قىز بالا نەچچە ئەرگە تېگىپ چىقسىمۇ، خۇددى «بىرسىگە چالما كۆرۈنسەڭ، بىرسىگە ئالما» دېگەندەك، يەنىلا ئۇ خېرىدارلىق بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، تۆشۈك مونچاق يەردە قالمايدۇ. لېكىن، قېچىپ قويغان قىزنىڭ نامى بۇلغىنىپ، يامان ئاتاققا قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا نىكاھ ئوقۇتۇپ، بىر ئۆيگە كىرسە «يۈزى ئېچىلغان» بولۇپ ئوخشاشلا يەنە خېرىدارلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، قاچقان قىز مەڭگۇ بەختسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە گۇلسۇمخان چۈشىنىدۇ. ئەمدى گەپ بىرلا مۇئەتتەرخاندا قالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياش ئەر ـ خوتۇنلار مۇڭداشتى.

— گۇلبانۇم، ئاپىڭىزنى سېغىنىدىڭىزمۇ؟ — ئەنزەر ئايالىغا قارىدى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، كۆزۈمدىن ئۇچۇپلا كەتتى، سىزچۇ؟

— مېنىڭمۇ كۆرگۈم كەلدى، شۇڭا...

— كېتىلى دېمەكچىمۇسىز؟

— بىر ياقتىن قورقۇپ تۇرىمەن...

— مەن قورقمايمەن، نېمىشقا دېسىڭىز، ئاپام ئەمدى ئىككىمىزنىڭ تويىغا ئۆزى يول ماڭىدۇ، — گۇلبانۇم نېمە

ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.

— لېكىن، مېنىڭ ئانام بەك جاھىل، دېگەن گېپىدىن زادى يانمايدىغان ئايال.

— ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ يەنە جاھىللىق قىلارمۇ؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ.

— ھېلىقى كىم ئىدى، ھە راست، قارادۆڭ ئاھالە كومىتېت باشلىقى نىغمەتكامنى بەك ماختاۋاتاتتىڭىزغۇ، ئۇنىڭمۇ گېپىنى ئىلىك ئالماسمۇ؟

— توغرا، — ئەنزەر خۇشلۇقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دەپ ئەجەب يادىمغا كەلمەپتا. نىغمەتكام بۇ چاغقىچە چوقۇم قايتىپ كەلدى.

— ئەمىسە قاراڭ، ئەنزەر، — گۈلبانۇمنىڭ خۇشلۇقى كۆزلىرىدىن بىلىندى، — سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭ ئۆزايىدىن ئەلچى ئەۋەتمەسلىكى ئېنىق. شۇڭا، مېنىڭ ئاپامنىڭ قىزىنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىشى توغرىلا گەپ. ئەگەر ئانىڭىز ئۇنىمىسا، نىغمەتكامنى ئىزدەڭ، بولمىسا ئانىڭىز «ماڭا بويۇن ئېگىپ كەلمەي، باشقىلار ئارقىلىق بىسىم ئىشلەتتى» دەپ جەھلى قېتىپ قالمىسۇن.

— پاھ، پاھ، ئاجايىپ ئەقىللىك جۇمۇڭ سىز، — ئەنزەر ئايالىنىڭ دائىم پاكىز تۇرىدىغان رۇخسارىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ، لەۋلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىشىغا، گۈلبانۇم شارتلا ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سىرتنى ئىشارە قىلدى.

— قاراڭ، سەمەندەركام.

يالغان ئېيتىپ ئېرىنى چۆچۈتۈۋەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن گۈلبانۇم قاقاھلاپ كۈلۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قاچتى. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلگەن ئەنزەر دەرھال ئايالىنى كۆتۈرۈپ، بىر پىرقىرىتىپ كارىۋات ئۈستىدە پومداقلىشىپ كەتتى. كىچىك ھۇجرىدىن چىرقىرىغان،

پىخىلداپ كۆلگەن ھەم شېرىن شىۋىرلاشلار خېلى بىر ۋاقلارغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى...

*　　　*

قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇش بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن نومۇس ئوتىدا پۇچىلانغان گۈلسۈمخان ئانا غوۋغا كۆتۈرۈپ ھويلىنى بېشىغا كىيگەن ئەسقەرگە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، قىزىنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېلىش ئىشىنى چۈشەندۈردى. ئاخىرىدا بولالمىغاندا «گۈلبانۇم بىلەن ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەت» دەپ قىڭراقنى تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇنىڭدىمۇ ئەسقەر ياۋۇز نىيىتىدىن يانمىدى. مانا شۇ چاغدىلا ئەمدىلا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئەنەيتوللا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئانىسىغا بىشەملىك قىلىۋاتقان ئەسقەرنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى - دە، غەزەپ ئاچچىقىدا:

— ۋۇي ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان كاززاپ، سەن بەتنىيەت دادامنى دورىماقچىما؟ يوقال بۇ ئۆيدىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاپام بىلەن گۈلبانۇمنى تاك ئېتىپ چېكىدىغان بولساڭ، ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ، جاجاڭنى يەيدىغان يەرگە ئاپىرىپ سولىتىۋېتىمەن، — دەپ ئەسقەرنى كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالدى. ئەزەلدىنلا ئەنەيتوللانىڭ قاپىقىدىن ئەندىكىپ تىرناق تاتىلايدىغان ئەسقەر بىردەمدىلا ھورىدىن چۈشۈپ، غىپپىدە تىكىۋەتتى. گۈلسۈمخان ئەنەيتوللانىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ شۇ كۈنىلا پەزىلەتبۇۋى بىلەن يەنە بىر قوشنا ئايالنى مۇئەتتەرخاننىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەندى. ئۇلار دەشنەم يەپ قايتىپ كېلىشتى.

— ئوھۇي، ئۇ خوتۇننىڭ جاھىللىقى، ئاغزىنىڭ ئەسكىلىكىگە ھېچنېمە يەتمەيدىكەن، — دېدى پەزىلەتبۇۋى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قىلمىغان دۇنيادىكى چىرايلىق

گەپ قالمىدى. ئۇ ھازىرغىچە ئوغلىنى ئۆيگە كىرگۈزمەپتۇ. ئەنزەر ئىنىسىنىڭ ئاشخانىسىدا قونۇۋېتىپتۇ.

— مەنمۇ گۈلبانۇمنى ئىزدەپ بارغىنىمدا، — گۈلسۈمخان ئېغىر تىندى، — دېمىگەن - ئەتمىگىنى قالمىغانتى، بۇ خوتۇندىن ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك.

گۈلبانۇمنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقماي ياش تۆكۈپ ئولتۇرغىنىغا ئون كۈندىن ئاشتى. قىزىنىڭ كۈن كۆرمىگەن گىياھتەك سارغىيىپ، سولىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىمىغان گۈلسۈمخان بۈگۈن ئەتىگەندىلا قارادۆڭگە باردى. ئۇنى ساباھەت مېھمانخانىغا باشلىدى. بىراق، ئۇ بىر سائەتتەك ئولتۇرغان بولسىمۇ مۇئەتتەرخان ئالدىغا چىقمىدى. تاقىتى تاق بولغان گۈلسۈمخان دالان ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرىپ تەكەللۇپسىزلا كارىۋاتقا ئولتۇردى. ئامالسىز قالغان مۇئەتتەرخان غىل - پاللا قاراپ قويۇپ، يەنە يەرگە قارىۋالدى.

گۈلسۈمخان پەس ھەم مۇلايىم ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى. گۈلبانۇمنىڭ تەقدىر - ئىقبالى مۇئەتتەرخاننىڭ قولىدا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئىنسابقا كېلىپ: «بوپتۇلا، بىر قىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويماي» دېگىنىدە جەننەت ساۋابىغا ئېرىشكەن بولاتتى. ئەگەر ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنى مۇشۇ ئايرىۋەتكەنچە بولدى قىلغاندا، ئوغۇل بالىغىغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، كەلگۈلۈك قىزغا بولاتتى. ئۇ ئۆمۈر بويى يامان ئاتاق بىلەن بەختسىزلىك ئازابىنى تارتىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭغا دىلىدا پاك ئىمانى بار، ئېتىقادلىق مۇسۇلمان ئېچىنىدۇ ھەم خەيرخاھلىق قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئاياللار — ئاياللارنىڭ قاياشى، بىر - بىرلىرىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىگە يېتىشى كېرەك. «ھەدىس»تىمۇ «ئازمايدىغان بەندە يوق» دېيىلىدىغۇ؟!

مۇئەتتەرخاننىڭ بۇلۇڭتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل يورۇغاندەك قىلغان بولسىمۇ، بىراق

چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى. گۈلسۇمخان ئۇمىد بىلەن ئۇنىڭغا بىر ھازا تەلمۈرۈپ تۇردى. ئەمما، يەردىن زۇۋان چىقسا چىقتىكى ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقمىدى.

— قارىسىلا، مۇئەتتەرخان، باللار مۇشۇنداق بەڭباشلىق قىلىپ قويۇپتۇ. ئامال قانچە؟ — گۈلسۇمخان مىچچىدە يىغلىدى، — ئەمدى قىزىم گۈلبانۇمنىڭ يۈزىنى ئېچىۋالمىسام، ئۇ ئۈمۈر بويى شەرمەندە بولىدۇ.

— ئۆزىگە ئاز، ئوغلۇم ئەنزەرنى ئازدۇرۇپ...

— ئۇنداق دېمىسىلە، مۇئەتتەرخان، — ھاجەتمەن گۈلسۇمخان يەنىلا مۇلايىم ئىدى، — ئەلۋەتتە چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ. ئۇ ئىككىسى...

— توختىسىلا، — مۇئەتتەرخاننىڭ كۆزلىرىدىن زەھەرلىك ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — غۇنچىنى تەلمۈرۈپ قارىمىسا، بۇقا ئارغامچىنى ئۈزەمدا، ئادەمنى تولا رەللە قىلمىسىلا.

— ئەل - جامائەت ئالدىدا نىكاھ قىلىپ، بىر-ئەر - ئىككى ئايدىن كېيىن ئاجراشتۇرۇۋېتىشكىمۇ قوشۇلامىلا؟!

— بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ مىنە، مەن دېگەن قەسەم ئىچكەن، قەسىمىمدىن يانغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك. ئۆتمەس ماتادەك قىزلىرىنى تاڭماقچىما؟

— ئۇنداق تاش بېغىرلىق قىلمىسىلا، بىر قىزنىڭ ئۇۋالىغا قالمىسىلا.

— ئۇۋالىغا؟! — مۇئەتتەرخاننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئېرىم بىلەن قىزىمنى ئۆلتۈرگەن تاشمەمەتمۇ «ئۇۋالىغا قالماي» دەپ بېقىپتىكەنما؟ تولا كۆزۈمگە جىندەك كۆرۈنمەي ئۆيدىن چىقسىلا، غۇلجىلىق تارانچى دېگەننى كۆرەر كۆزۈم يوق!

قىزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان گۈلسۇمخان ئۆزىنىڭ ئىتتەك قوغلىنىۋاتقانلىقىدىن يەر قاتتىق، ئاسمان

يىراق كۆرۈنگەن بولسىمۇ، خورلۇققا چىداپ ئولتۇردى. بۇنى كۆرگەن مۇئەتتەرخان شاپپىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى قاتتىق ياپقانچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئىشىك خۇددى يۈزىگە، ياق، يۈرىكىگە ئۇرۇلغاندەك غۇرۇرى زەرەرلەنگەن گۈلسۈمخانمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىچى ئاچچىق بولغان هالدا: «ۋاي ئىسىت، سۇنغۇسى كەلگەن چىنە تاشقا تەگكەندەك، دادخاھلىق قىلىپ كەلگەن يىرىمنى كۆرمەمدىغان» دەپ ئويلىدى.

گۈلسۈمخان تار كوچىدىن قايرىلىپ چوڭ يولغا چىققاندىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا يانداشتى.

— مەن ئەنزەرنىڭ ئىنىسى ئابدۇسەمەت بولىمەن، مېنى تونۇغانلا؟

— نېمىشقا تونۇماي، سەن مېنى هارۋىدا دۆڭمەھەللىگىچە ئاپىرىپ قويغان تۇرساڭ.

— خاپا بولمىسىلا، — ئابدۇسەمەت خىجىللىق ئىچىدە ئۆزرە ئېيتتى، — دادام بىلەن ئاچامنىڭ دەردىدە ئانام شۇنداق سەپرا، ئەڭگىز، ئاچچىقى يامان بولۇپ قالدى. ئانام ئۈچۈن سىلىدىن كەچۈرۈم سورايمەن.

— بولدى كۆڭلۈمنى ياسىمىغىن، — دېدى گۈلسۈمخان روھسىز هالدا، — قىزىمغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى. قانداقمۇ قىلارمەن؟

— سىڭلىم ساباھەت ئىككىمىز تىل ئىشتىسەكمۇ، تىياق يېسەكمۇ جىق گەپ قىلدۇق. بىراق، ئانام ئېرىيدىغاندەك ئەمەس. بۇنداق دېسەم تېخىمۇ بىئارام بولىدىلا، لېكىن خاتىرجەم بولسىلا، ئاكام بىلەن بىر ئامالىنى قىلىمىز.

— هەي تاڭەي، مۇئەتتەرخاننىڭ خۇي - پەيلى، ئەلپازى شۇ بولسا ئۇمىد يوقتەك قىلىدۇ.

— ماڭا ئىشەنسىلە، گۈلبانۇم ئاچامنىڭ لەۋزى بويىچە

ئاكام تەخىر قىلىپ تۇرغان. مانا ئەمدى نېغمەت جۇرىن بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئانام بۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى يىرتۇۋېتەلمەيدۇ.

ئابدۇسەمەت نېغمەتنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئانىسىغا، ئائىلىسىگە قىلغان ياردەملىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— مېنى ئەجەبمۇ خۇش قىلىۋەتتىڭ، بالام، بولسا تېزرەك تۇتۇش قىلىڭلار.

— ئاكام ئاشخانىدا، كۆرۈشۈپ قوياملا؟

— خوش، بالام، مەن كېتەي، گۈلبانۇمدىن ئەنسىرەپلا تۇرىمەن.

— گۈلسۇمخان ئانا، ئەگەر ئەجرىمىز روياپقا چىقىپ قالسا، — ئابدۇسەمەت قورقۇپراق سورىدى، — گۈلبانۇم ئاچىمىزنى يەنە ئاجراشتۇرۇۋالىمەن، دەپ يۈرمەيدىغانلا؟

— ۋاي... بالام، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئاسمانغا مىخ قاققاننىڭ پايدىسى نېمە! ئەمما بىرەر ئايلىق نىكاھقىمۇ قوشۇلمايۋاتقان مۇئەتتەرخان ئاناڭنىڭ غېمىنى قىل.

— گۈلبانۇم ئاچامغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويسىلا، — ئابدۇسەمەتنىڭ خۇشاللىقى يۈزىگە تەپتى، — تولا يىغلاپ بىئارام بولمىسۇن.

— رەھمەت، بالام.

گۈلسۇمخان بىلەن ئابدۇسەمەت خەنزۇ بازىرى ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشخانا ئالدىدا خوشلاشتى. ئابدۇسەمەت ئاشخانىغا كىرىشىگە ئەنزەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. چۈنكى، ئۇ دېرىزىدىن سىرتنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. ساباھەت بىكار بولغان قاچىلارنى يىغىپ، شىرەلەرنى تازىلاپ يۈرەتتى. ئابدۇسەمەت بۇ قىزغىنمۇ ئىش ھەققى بەلگىلەپ بەردى. چۈنكى، ئۇ قەشقەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى سىنىپىغا چىققان يىلى غۇلجىغا قايتىپ كەلدى. غۇلجىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن بولسىمۇ، «تىلىنى ئۆگىنەلمەيدىكەنمەن» دەپ مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىغانىدى.

ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى شىرەگە كېلىپ پاراڭلاشتى. گۇلسۇمخاننىڭ «ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئاسمانغا مىخ قاققاننىڭ پايدىسى نېمە» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئەنزەر ئېيتقۇسىز خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىنىڭ گۇلسۇمخاننى: «تولا كۆزۈمگە جىنىدەك كۆرۈنمەي ئۆيدىن چىقسىلا، غۇلجىلىق تارانچى دېگەننى كۆرەر كۆزۈم يوق» دەپ ھاقارەتلەپ ئۆيدىن قوغلىشى مۇسۇلماندارچىلىقتا مۇخالىپ قارا يۈزلۈك ئىدى. ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس، ئىشىك ئالدىڭغا كەلگەن دۈشمىنىڭمۇ كۆڭلىگە ئازار بېرىش ئەھلى مۇسۇلماننىڭ ئىشى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق، ئانىسىنىڭ نېمە قىلغان ئىشى بۇ؟! بۇ بىر تاپتىن چىققانلىقىمۇ؟! بۇنداق قىلسا گۇلسۇمخان ئەمەس، ھەرقانداق ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەممۇ «قەشقەرلىك دېگەن مۇشۇنداق قائىدە ئۇقمامدۇ» دېيىشى تۇرغانلا گەپقۇ. ئەنزەرنىڭ تونجى قېتىم ئانىسىغا قارىتا كۆڭلىدە چۇشەندۇرۇپ بەرگىلى بولمايدىغان ئوي ـ خىياللار تۇغۇلدى ھەم ئىچىدە بىر يېرىگە قوقاس چۈشكەندەك ئېچىشىپ تولغىنىپ كەتتى.

— ئاكا، نېغمەتكامنىڭ قېشىغا بارمىساڭ بولمىدى. ئانام ئۇ ئادەمنى كۆرسە نامازشام گۇلىدەك ئېچىلىپلا كېتىدۇ، — ئابدۇسەمەت ھىيلىگەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— نېمە؟ — لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن گۇماندىن ئەنزەر تېڭىرقاپ قالدى، — ھەي نېمەدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ شۇنداق ئىش بارمۇ يا؟

— ۋاي، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ، — ئابدۇسەمەت غودۇڭشىپ قويدى، — شۇنداق بولسىغۇ تۈز تاماتتى. بىراق، ئۇنداق ئىش يوق. ئەمما ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرغان ئانام نېغمەتكام بىلەن پاراڭلاشتىمۇ يېقىملىق كۈلكىلىرى جاراڭلاپ، خۇشلۇقى تېرىسىگە سىغماي قالىدۇ...

— ئېغمەتكام خۇش پېئىل، قىزىقچى، چاقچاق قىلماي تۇرالمايدىغان ئادەم، — دېدى ئەنزەر ئىنىسىغا، — باشقىلارنىڭ: «ئېغمەت ئۆكۈزنى كۆلدۈرىدىغان ئادەم» دېگىنى بىكار ئەمەس - دە.

— ئاكا، ئېغمەتكامغا مېنىڭ مىننەتدارلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن. مۇشۇ ئاشخانىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بىر ئاي يول مېڭىپ، مىڭ تۆشۈككە تەلمۈرۈپ ھەل قىلالمىغانىدىم. ئېغمەتكام ئىشخانىسىدا تەرەپ - تەرەپكە تېلېفون بېرىپ بىر كۈندىلا ھەل قىلىۋەتتى.

— بولىدۇ، ئۇنىغۇ دەي، لېكىن مېنىڭ سوئالىمغا ھېيلىگەرلىك قىلماي جاۋاب بەر، — ئەنزەر ئىنىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — مەن ئاشخانىدا يېتىۋاتقىلى ئون نەچچە كۈن بولدى. يۇمىلاققىنا ئاق يۈزلۈك بىر قىز سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، ئۇ كىم؟

— ئۇ... ئۇ، ۋاي بولدىلا، ئاكا، — ئابدۇسەمەت قىزىرىپ كەتتى، — بىرەر تاماق يەيدىغان خېرىداردۇ.

— مانا، مانا، نېمانچە قىزىرىسەن؟ راست گەپنى قىل، سەنمۇ يىگىرمە ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالدىڭ. كۆڭلۈڭدىكىنى دېسەڭ مەن ساڭا ھۆررۈ - پۆررۈ دەرمەنمۇ؟

— ئۇ... ئۇ دېگەن روشەنگۈل...

— روشەنگۈللىكىنى بىلدىم، ئەمىسە ئۇ قانداق روشەنگۈل، نېمە ئىش قىلىدۇ، نەلىك؟

— ئۇ... باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى، ئۆيى دۆلەتباغ مەھەللىسىدە.

— نەلىك ئىكەن؟

— غۇلجىلىق تارانچى...

— ئۇ، كۆرۈڭ ما ئىشنى، ئانام ئەمدى: «تېرىق پاتمىغان گېلىمغا ئات كاللىسى غولدۇر - غوپ» دەيدىغان بوپتۇ - دە.

— شۇڭا، سېنىڭ ئىشىڭغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ھەمقان

بولۇۋاتىمەنغۇ.

— ھە، ماقۇلە، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەن — دەدە. سەن تېخى ئۆزۈڭگە يول ئېچىشنىڭ كويىدا يۈرۈپسەن.

— ئەگەر ئانام نېغمەتكام بىلەن ئەپلىشىپ قالسىغۇ ئىككىمىزگە تازا پەيزى بولاتتى — دە.

دەردمەن ئەنزەر ئۆزىمۇ بىلمەي كۈلۈۋەتتى. كۆرۈك بۇ ئىشلارنى، مانا بۇ تۇرمۇش، مانا بۇ ھايات يولى، مانا بۇ رېئاللىق، ھاياتلىق خۇددى جاھان ئەتتارلىرىنىڭ دۇكىنىغا ئوخشايدىكەن. مەنپەئەتلىكلىرىنى ئىزدىگەندە كۆزدىن يىراق، قولۇڭ يەتمەيدۇ. ھاجەتسىزلىرى پۈتلىشىدۇ. دەردىڭگە دەرمان، رەنجىڭگە شىپا بولىدىغانلىرىنى قىسمەت ئەتتارلىرى بەرمەيدۇ. سەن سەسكەنگەنلىرىنى بولسا قوش قوللاپ تاڭىدۇ. قاراڭ، ئەنزەرنىڭ ئانىسى نېغمەتنى كۆرسە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن تۇرۇقلۇق ئوغلىنى غۇلجىلىق قىزغا ئۆيلىنىشكە قويمايدۇ — يۇ، پەزىلەتسىز تۇرسۇنگۈلنى تاڭىدۇ. گۈلسۈمخان ئانا بولسا گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكىدىكى دۇرىرى — گۆھەرنى يەرگە ئۇرۇپ — چىقىپ ئۇنى قانداقتۇر ھاراقكەش، ياۋۇز تەلۋىگە تاڭماقچى بولىدۇ، بۇ دەردىسە ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇقلۇق. خۇددى چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا، قۇيرۇقىغا غەلۋىر ئېسىۋالغاندەك، ئابدۇسەمەتنىڭ غۇلجىلىق تارانچى قىزنى ئېپىۋالغىنىنى قارىماسىز. ئەمدى بۇ ساددا بالا ئۆز بەختىنىڭ چېچەك ئېچىشى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ نېغمەت بىلەن ئەپلىشىنى قېلىشىنى خۇدادىن تىلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تىلىكىنى ئاللا مەقبۇل كۆرەمدۇ، يوق، بۇ بىزگە قاراڭغۇلۇق. شۇنداقتىمۇ، بۇ غۇبارسىز يىگىتنىڭ ئارزۇ — تىلەكلىرىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى بىز ئاللادىن تىلەيمىز!

ئەنزەر نېغمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرد — پىغانلىرىنى تۆكۈپ كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئاشخانىسىدا ساقلاپ تۇراتتى.

ئۇلار بىردەم مۇڭدىشىپ بولغاندىن كېيىنكى پىشكەللىكلەر ئۈستىدە كېلىشىۋالدى. بىر كۈن كەچكىچە ئاشخانىدا پالاقلاپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ئابدۇسەمەت پات - پاتلا ئەسنەيتتى.

— بولدى ھېرىپ كېتىپسەن، ئۆيگە قايت، — دېدى ئەنزەر ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ئۇزىتىۋېتىپ.

— ئاكا، ئەگەر ئانام نېغمەتكامنىڭمۇ گېپىنى ئىلىك ئالمىسا قانداق قىلىسەن؟ — ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە پەرىشان بولۇۋاتقان ئابدۇسەمەت ئۇچۇن ئاكىسىنىڭ جاۋابى مۇھىم ئىدى.

— گۈلبانۇمنى يەنە ئېلىپ قاچىمەن. بىراق، بۇ قېتىم گۈلبانۇم ئىككىمىز كەلمەسلىككە يوقىلىمىز. چۈنكى، بۇ تۇپراق، بۇ يۇرت بىزگە ھارام بولىدۇ.

ئەنزەر كېچىچە غەيرىي خىياللار ئىلكىدە خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. كۆزى ئىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا قارا باستى...

... باش - كۆزلىرى قان نېغمەت كوچىدا قېچىپ يۈرگۈدەك، يوغان نوغۇچنى كۆتۈرۈۋالغان ئانىسى ئۇنى رەستىمۇ رەستە قوغلاپ، يەتكەن يەردە ھېچ ئايانماي سېلىۋاتقۇدەك. نېغمەت بولسا: «نېمە پوق يەپ سېنىڭ ئىشىڭغا ئارىلىشارمەن؟ خالايىق، مېنى قۇتقۇزۇڭلار» دەپ پەرياد كۆتۈرگىنىچە يىغلاپ قېچىۋاتقۇدەك...

«ئانا، مېنى ئۇرۇڭ، نېغمەتكامدا گۇناھ يوق!...» ئەنزەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جۆيلۈپ سالغانلىقىنى بىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئىچىدە: «چۈش دېگەن تەتۈرىگە ماڭىدۇ، دەيدىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولغۇدەك» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى.

تاڭمۇ سوزۇلۇپ قالغانىدى. ئابدۇسەمەت، قورۇمىچى ئۇستام، يەنە بىرمۇنچە بالا بىلەن ساباھەت بەك سەھەر كېلىپ بازار تەييارلىقىنى قىلاتتى. ئەنزەر يۈزلىرىنى يۇيۇپ، تۈنۈگۈن ئېشىپ قالغان لەڭمەن چۆپىنى مۇچ قىيامى، ئاچچىقسۇغا

مىلەپ يەۋالدى. ئاندىن دۆشىدە گۆش توغرىدى. بۇ ئەسنادا باشقىلار يېتىپ كېلىپ، ھەممىسى ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئەنزەر گۆش توغراۋېتىپ قولىنى كېسىۋالدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭغا: «بولدى قىل، كاللاڭ بۇ يەردە ئەمەس» دېگەندەك مەنىدە قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى چەيدونى ئېلىۋالدى. ئەنزەر كوچىغا چىقىپ بىر غۇلاچ كۆتۈرۈلگەن كۈنگە قارىدى. قارىغانسېرى تېرىكىپ، گويا كۈننى پىشاڭ قويۇپ كۆتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «نېغمەتكام سەھەر تۇرىدۇ، بەلكىم ھازىر ئانام بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندۇ» دەپ ئويلاۋاتقان مۇشۇ پەيتتە نېغمەت قوش قاناتلىق دەرۋازىنى ئېچىپ قوروغا كىرىپ كەلدى.

— ھاي مۇئەتتەرخان، بارمۇسىز؟ — نېغمەت ئادىتى بويىچە ھويلىغا ۋارقىرىغانچە كىرىپ كەلدى، — سەرۋىدەك بويىڭىزنى كۆرسەتمەيسىزا؟

مۇئەتتەرخان ئۇستىدە قارا شىپۇلڭ دۇخاۋا كۆڭلەك، بېشىدىكى ھاۋا رەڭ نېپىز رومال ئۇستىگە چىمەن دوپپا قوندۇرۇلغان، لىغىرلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يېشىل دەمبىزە تامبال بىلەن پېشايۋاندا پەيدا بولدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېغمەت جۇرىنىكەنغۇ بۇ، تۇۋا قىلدىم، ئەتىگەندە قايسى شامال ئۇچۇرغاندۇر سىلىنى؟ باشلىرىدىن تەمەچ ئۇشتۇۋېتەيمۇ يا؟ قېنى ئۆيسەن چىرىلى.

— پاھ، پاھ، سىزنىڭ ئاشۇ «چىرىلى» دېگەن تاتلىق گېپىڭىز ئۇچۇن بولسىمۇ كۈندە كېلىۋالغۇم بار. قەشقەرلىك ئاياللارنىڭ تىلى نېمانچە تاتلىقتۇر ـ ھە؟ — نېغمەت ساراي ئۆيگە كىرىپ گىلەم ئۇستىگە سېلىنغان كۆرپىدىلا ئولتۇردى ـ دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى، — ھە، مۇئەتتەرخان، قانداق تۇردىڭىز؟ مۇبارەك تېنىڭىز ساقتۇر؟

— خۇداغا شۈكۈر، بىراقزە بىرنەچچە كۈن بولدى، تازا تاۋىم يوق، — مۇئەتتەرخان نېغمەتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ

ئولتۇردى، — بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىپلا تۇرىدۇ.
— سىزنىزە كۆكتېرەكتىكى يايلاۋغا ئاچىقىپ بىر ئوينىتىپ كەلگۈم بار ئىدى. قارىمامسىز، نەس باسقاندەك قارادۆڭلۈكنىڭ ئىشىنىڭ سىلىكمىگىنىنى، — نىغمەت چىرايلىق چەكتۇرۇۋالغان كافكازچە قاپقارا بۇرۇتىنى سىلاپ قويدى، — ئۇ يەردە سۈت - قايماق، ئايران، قىمىز، سۈزمە دېگەن ئەلۋەك. بىر ئايلا تۇرسىڭىز ئابرالنىڭ ئاھۇسىدەك قىيغىتىپ يايراپلا كېتىسىز.
— ۋاي نىغمەت جۇرېن، ئويۇن - تاماشىلار بىزگە نەدە تۇرۇپتۇ؟
— بەللى، سىزلا ماقۇل دېسىڭىز، ئەتىلا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەي. لاتا پىكاپ ئىكەن دېمىسىڭىزلا.
— سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن سوكۇلداپ يۈرسەم بىر بىمەززە ئىش بولار؟ — مۇئەتتەرخان ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلدى، — ئەللەر ماڭا قالىسا، مەن يەرگە قالاپ قالارمەن.
— شۇمۇ گەپ بوپتۇ مانا، — نىغمەتنىڭ ئەگىتمە گەپلەر بىلەن خۇشى يوق ئىدى، — ئېرىم دەۋەرمەمسىز، يا مەندىن نومۇس قىلامسىز؟
— يائاللا، نىغمەت جۇرېن، مۇشۇنداق پەلىپەتىش قىلىن گەپلەرنى قىلىپمىغۇ مېنىمۇ قىلىن قىلىۋەتتىلە، — مۇئەتتەرخاننىڭ يۈرىكى لاسىدە ئېغىپ كەتتى، — باشقا بىراۋ بولغان بولسا ئاغزىغا ئوت ياقاتتىم.
— مەنمۇچۇ قارالىڭ، مۇئەتتەرخان، جاھان كۆرگەن، ئىسسىق - سوغۇق بېشىدىن ئۆتكەن ئادەمگە ھەزىل - چاقچاق قىلغۇم كېلىدۇ، — ئۇزاق يىل يەرلىكتە ئىشلىگەن نىغمەت كۆڭلى تارتقان ئادەملەرگە تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايتتى، — شۇڭا سىزنى كۆرسەملا ئاغزىم قىمىشىپ ئولتۇرالماي قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز شۇنداق سۇمباتلىق، لاتاپەتلىك، شەرەنداز ئايال تۇرسىڭىز، بىراقىزە بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش ئۆمرىڭىزگە ئادەمنىڭ ئىچى

ئاغرىيدۇ جۇمۇڭ.

— ۋاي... سادىغاڭ كېتەي، نېغمەت جۇرېن، خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئىلاج قانچە؟

مۇئەتتەرخان نېغمەتنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى كۆكتە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە توز كۆڭلى بىلەن قىلغان قوپال، لېكىن ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان، تەسەللى بېرىدىغان، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ زوق - شوقىنى قوزغايدىغان چاقچاقلىرىغا ئامراق ئىدى. ھازىر بولۇنغان ماختاشلار ئىچىدىكى: «ياش ئۆمرىڭىزگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ» دېگەن بىر ئىبارىلا سۆز مۇئەتتەرخاننىڭ ئوتتۇز بەش يېشىدىن قىرىق ئالتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن قىران چاغلىرىنى ئەسكە سالدى. ئۇ ئېغىر تىندى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئىستېتىك زوقلارغا ھېرىس، يۈرەككە تەئەللۇق ئارمانلارغا تەلپۈنگەن، ئەر تېنىنىڭ تەنلەرنى يايراتقۇدەك ھىدلىرىنى سېغىنغان ئاشۇ يىللار قانداق تەستە ئۆتكەن بولغىيدى!... بۇ يىل ئەتىيازدا ھويلىنىڭ تاللىرىنى باراڭغا ئېلىپ، تاراپ بېرىۋاتقان نېغمەت چاقچاقتا يۆلەپ، تۇپتۇزلا سورىدى:

— مۇئەتتەرخان، ئەلچى كىرگۈزسەم، مېنى لەت قىلىپ قويمايدىغانسىز؟

— قويۇڭا، نېغمەت جۇرېن، — مۇئەتتەرخان ئالايدى، — نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز. بۇنداق گەپلەرنى قىلسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولماڭ.

مۇئەتتەرخان گەرچە شۇنداق دەپ نېغمەتنىڭ پالتا - كەكىسىنى قاقتۇرۇپ، بىسىنى ياندۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، نەچچە كۈنلەرگىچە غەلىتىلا بولۇپ قالدى. كېچىلىرى ئويغىنىپ كېتىپ خىيالغا پاتىدىغان، قويغان - يۈتكىنىنى بىلمەيدىغان، يۇمشاق بەدىنىگە قانداقتۇر سىلىق، ئەمما چىڭ تەنلەر تەگكەندەك تاتلىق شۈركۈنۈپ كېتىدىغان



www.uyghurkitap.com

ئالامەتلەر يۈز بېرىپ تۇردى. شۇنىڭدىن تارتىپ نىمغەت بۇ ئۆيگە ئانچە كەلمەيدىغان، تاسادىپىي بىرەر ئىشلار بىلەن يولۇقۇپ ئۆتكىنىدە مۇئەتتەرخاننىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان، سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولىدىغان بىرنەچچە ئېغىز دەبدەبىلىك چاقچاق - ھەزىللەرنى قىلىپ قوياتتى. ئەمما، ھېلىقىدەك ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان، تۈنلەپ ئۆيگە سالىدىغان گەپلەرنى قىلمايدىغان بولدى. شۇنداق، مۇئەتتەرخان قانچە تەمە قىلىپ باقتى، لېكىن نىغمەتتىن ئۇنداق گەپ چىقمىدى. مانا بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم: «ئېرىم دەۋەرمەمسىز» دېگەن سۆزى ئۇنى كۆكلەردە پەرۋاز قىلدۇرغان بولسىمۇ، بالىلىرىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقى، ئەل - مەھەللىنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورقتى. ياق، مۇھىمى نىغمەتنىڭ غولجىلىق بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ، تەن بەرگۈزمەيتتى.

— ھە، مۇئەتتەرخان، جىمىپ قالدىڭىزغۇ، — نىغمەت ۋاللىدە قاراپ قويدى، — مەن سىزگە تىك كەلگۈدەك گەپ قىلمىغاندىمەن؟

— يوقسۇ، نىغمەت جۇرىن، «ياش ئۆمرىڭىزگە» دېگەن سۆزىڭىز مېنى ئويغا سېلىپ قويدى، — مۇئەتتەرخان ھەسرەتلىككىنە كۈلۈپ قويدى، — ئۇ ياشلىق نەدە قالدى؟ مەن نەدە؟ قېرىپ كەتتىم.

— توۋا قىلدىم، مەن قىرىق سەككىزگە كىرگەن تۇرۇقلۇق ئۆزۈمنى ياش يىگىتلەرگە تەڭ قىلمايمەن، — نىغمەت تۈز كۆڭلى بىلەن كۈلۈۋەتتى، — سىز مەندىن ئىككى - ئۈچ ياش كىچىك تۇرسىڭىز نەدىن كەلگەن قېرىلىق ئۇ. بىلسىڭىز، سىزنىڭ راسا گۈلدەك ۋاقتىڭىز، ئىككى ئوغلىڭىزنى ئۆيلەپ، ئۆي ئايرىپ بېرىپ، ئاندىن سىزمۇ ھەمراھلىق بولۇۋېلىڭ. ساباھەت بولسا تېخى كىچىك، قانداق ئەنزەر، ئابدۇسەمەتلەرنىڭ لايىقى بارمىكەن؟

— ۋاي... جۇرىن، ئۇ گەپلەرنى سورىماڭ، ئەنزەر قىز

ئەپقېچىپ، يۈزۈمنى تاپلىما تېزەك قىلدى، — مۇئەتتەرخان مىچچىدە يىغلىدى، — ساباھەتنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئابدۇسەمەتنىڭمۇ لايىقى بار ئوخشايدۇ.

— مانا دېمىدىممۇ، ئىككىسىنىڭ شاق ـ شۇقلا تويىنى قىلىۋەتسەك بولمىدىمۇ، ھە، ئەنزەر ئەپقېچىپ كەلگەن قىز ھازىر ئۆيدىمۇ؟

— ياق، ئۆز ئۆيىدە. مەن ئوغلۇمنىڭ ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلماي تۇرىمەن.

مۇئەتتەرخاننىڭ گۈلبانۇمنى غولجىلىق ئىكەن دېيىشكە تىلى كۆيدى بولغاي، گۈلسۇمخان بىلەن مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ تېگىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، ئىش ـ ئوقىتىنىڭ تايىنى يوقلۇقى، كېيىنچە ئەنزەرگە يۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زەردىسى قايىنىغان ھالدا خېلىلا كۆپتۈرۈپ سۆزلىدى. بۇ ئىشلاردىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان نېغمەت سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى.

— قىزنىڭ ئىش ئورنى يوق بىكارچى ئىكەن، ئانىسى تۇل خوتۇن بولۇپ، كوچا سۇپۇرىدىغان تازىلىق ئىشچىسى ئىكەن. ئۇ ئازغىنا مائاشى بىلەن تۆت جاننى تۇمشۇق تىرەپ ئارانلا قامداپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇ ئائىلە ئاخىر بېرىپ ئەنزەرگە يۈك بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. قىزنىڭ دادىسى يەتتە خوتۇن ئالغان راسا خوتۇنپۈرۈش بىرنېمىكەن. ئۇ قىلمىغان ناشايان ئىشلىرى قالمىغان نومۇسسىز بىر مەخلۇق ئىكەن. ھەممىنى ئېنىقلاپ كەلدىم.

مۇئەتتەرخاننىڭ سۆز ئورانىدىن ئۇنى قايىل قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئەنزەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئانىسىنىڭ بۇ ھەقتە قەسەم قىلغانلىقى ھەم «ئۆلۈۋالىمەن» دېگەنلىكى نېغمەتنى چۆچۈتۈپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ خۇددى ئۆلۈككە ياسىن ئوقۇغاندەك، ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن نېغمەت مۇئەتتەرخانغا قورقاق سېلىش ئارقىلىق

مەسىلىنى ھەل قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

— مۇئەتتەرخان، سىزنى خېلى ئەقىللىك، ھوشيار ئايال دەپ ئويلايتتىم، — ئاھالە كومىتېتىدا تەربىيە خىزمىتىنى كۆپ ئىشلىگەن نېغمەت سۆزگە چېۋەر ئىدى، — لېكىن بىر چوڭ خاتالىقنى قەدەم ئاپسىز. چاتاق، بەك چاتاق بوپتۇ.

— نېمە چاتاق، قانداق خاتالىق ئىكەن ئۇ؟ — مۇئەتتەرخان چۆچۈپ قارىدى.

— قىز ئەگەر سوتقا دەۋا قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەنزەرنى قولغا ئالىدۇ شۇ.

— نېمە؟! — مۇئەتتەرخان قورقۇپ كەتتى، — شۇنداقما بولاما؟

— ئويلاپ بېقىڭ، قىز: «ئەنزەر مېنى ئالىمەن دەپ ئەپقاچقان، لېكىن ئۇ ئىپپەت - نومۇسۇمنى دەپسەندە قىلىپ بولۇپ ‹ئانام ئۇنىمىدى، ئالمايمەن› دەپ تۇرۇۋالدى» دېسە، ئەنزەر قانۇن بويىچە كېسىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئالداپ ئەپقېچىش جىنايىتىگە ياتىدۇ.

— ۋاي خۇدايىم، سىياسەتنىڭ مۇنداقمۇ ئىنچىكە يەرلىرى باركىنا، ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭ باشقا ئامال - چارىسى بارمىدۇ؟

— ئۇلارغا توي قىلىشتىن باشقا چارە يوق، — نېغمەت مەقسەتنى ئوچۇقلا ئېيتتى، — بولمىسا ئىش يامىنىغا ئۆرۈلۈپ، ئەنزەردىن ئايرىلىپ قالىسىز.

— توي قىلىش؟! — مۇئەتتەرخانىنىڭ شۇ ھامان يۈزىنى بۇلۇت قاپلىدى، — ئاھ، خۇدا، ئاشۇ دېۋانىلەرنىڭ قىزىنى ھە؟!

مۇئەتتەرخانىنىڭ سىياقىدىن گاڭگىراپ قېلىش بىلەن بىللە دېلىغۇللۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ئەپلىك پۇرستى ئىدى.

— مۇئەتتەرخان، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئارىسالدى بولماي، بىر قارارغا كېلىڭ، — نېغمەت ھۇجۇمنى چوڭقۇرلىتىپ دەرھاللا يالغاندىن بىرنى توقۇدى، — تېخى مەن قولۇم - قوشنىلارنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى دەپ ئىشەنمەي

www.uyghurkitap.com

يۈرۈپتىمەن.

— ئۇلار نېمە دېيىشىپتۇ؟

— «ئەنزەر ئەپقاچقان قىزنىڭ ئانىسى كېتىپتىكەن، مۇئەتتەرخان تىللاپ قوغلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئايال قىزىنىڭ نومۇسىنى ئاقلاش ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلمىسام بولمىغۇدەك، دەپ كېتىپ قالدى» دېيىشىپ يۈرۈشىدۇ.

مۇئەتتەرخان گەرچە ئەنزەرنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكىنى بىلەن ئۇنىڭغا چىدىمايتتى. نېمىلا بولسا باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا ـ دە. ئۇ پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ تۈرمىدە ياتسا، ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئۆرتەنمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بالىنىڭ تىرنىقى كېسىلسە، ئانىنىڭ يۈرىكى تىلىنمامدۇ؟! شۇڭا ئۇنى ھەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك.

بىردىنلا مۇئەتتەرخان گۈلسۈمخانىنىڭ: «ئەل ـ جامائەت ئالدىدا نىكاھ قىلىپ، بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن ئاجراشتۇرۇۋېتىشكىمۇ قوشۇلمامىلا» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئېلىش بىلەن ئۇنىڭدىكى ئارىسالدىلىق كۆتۈرۈلدى.

— بوپتۇ، ئاددىيغىنا توينى ئۆتكۈزەيلى، ئەمما بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاجراشتۇرۇۋېتىمەن.

مۇئەتتەرخانىنىڭ باشتىكى سۆزىدىن نېغمەتنىڭ كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ، ئاجراشتۇرۇۋېتىش نىيىتى ئۇنى بىئارام قىلىپ قويدى. ئەگەر تويدىن كېيىنكى ۋاقىت ئۈستىدە گەپ ئاچسا نەسەب، يۈرتۋازلىق، مەنمەنچىلىك قانلىرى پۈتۈن تېنىگە يامراپ كەتكەن بۇ جاھىل ئايالنى گۇمانغا سېلىپ قوياتتى. شۇڭا، نېغمەت: «قېنى ئاۋۋال توي قىلىۋالمىسۇنمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى. نېغمەت ئۆزاپ چىقىشى بىلەن، ئەنزەردىن ئەنسىرەپ قالغان مۇئەتتەرخانمۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئالدىراپ دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنى گۈلسۈمخانىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ توي كۈنىنى بېكىتمەكچى بولدى.

## 10

ئىككى يىتەلەي ياش بىر ھەپتىلىك توي قىلدى، بۇنىڭدىن ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم ھەسرەتتە. لېكىن، پەرۋايى پەلەك ئىككى ئانا ئۆز غەلىبىلىرىدىن خۇشال. مۇئەتتەرخان: «ھەر نېمە بولسا ئوغلۇمنى تۇرمە ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم» دەپ شادلانسا، گۈلسۈمخان قىزىنىڭ يۈزىنى ئېچىۋالغانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپتى. مانا ھەش - پەش دېگۈچە تۆت كۈن بولۇپ قالدى. ئىككى جاھىل خوتۇننىڭ غوۋغا كۆتۈرۈشىگە ھېچقانچە قالمىدى. ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكى سۇ، لېكىن ئەنزەر ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، توي بولىدىغان كۈنى ئابدۇسەمەتنىڭ: «ئاكا، بىر ھەپتىدىن كېيىن قاراپ باق. ئىككى خوتۇنغا خۇدايىم ئىنساب بېرىپ پەيلى بوشىشىپ قالسا تەلىيىڭ، بولمىسا، ئىككىڭلارنى قاچۇرۇۋېتىمەن. ھۈنىرىڭ بار، نەدىلا بولسا جان ئېتەلەيسەن» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۈتۈن قىلىپ تۇراتتى. ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم كېلىش ئالدىدا تۇرغان جۇدالىقنىڭ زەھەر - زەقۇمى بىلەن ۋىسالنىڭ شېرىن - شەربەتلىرىنى قوشۇپ ئىچىۋاتقان بەشىنچى كۈنى چۈشتە گۈلبانۇم ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇق ھۆ بولۇپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى. قورقۇپ كەتكەن ئەنزەر ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا تەكشۈرتكىلى ئەكەتتى. گۈلبانۇمنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقانىدى. بۇ خۇش خەۋەر ياش ئەر - خوتۇنلارنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، ھەرقانداق قانۇن ئۇرۇنلىرى بالا تۇغۇلمىغۇچە ئاجراشتۇرمايتتى. ئەمما، بۇ خەۋەر بالىلىرىنى ئاجراشتۇرۇۋېتىش خىيالىدا بىتاقەت بولغان ئىككى ئانا ئۈچۈن خۇددى: «مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەندەك بىر ئىش بولدى.

گۈلسۇمخان ئەنزەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ نىغمەت مۇدىرنى ئىزدەپ باردى. نىغمەت ئۇنىڭغا: «قەۋەتلا ئويدان ئىش بوپتۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن مۇئەتتەرخانغا گېپىمنى يېگۈزەلەيمەن» دەپ قايتۇردى.

هالال ئەر ـ خوتۇنلارغا قىسمەت دائىما يار ـ يۆلەكتە بولامدۇ نېمە، ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنىڭ قولىغا بىر يىللىق بەخت تۇتقۇزۇلدى، ئۇلار خۇشاللىقىدىن بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەنزەر گۈلبانۇمنى ۋېلىسىپىتىگە مىندۈرۈپ ئىلى دەريا بويى «ساي قۇيۇلۇش» ئېغىزىدىكى ئورمانلىققا ئەكەلدى. گەرچە كەچ كۈز بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىلى دەريا ۋادىسى ئۆزگىچە لاتاپەتكە كىرگەنىدى. ساپسېرىق سارغايغان سۆگەت، كۆك تېرەكلەر، قىپقىزىل رەڭدار ياۋا ئۆرۈك ھەم ئېرغاي يوپۇرماقلىرى، قوڭغۇررەڭ تاۋلانغان ئارچا، قىرچىنتاللار، تىزغىچە چۆكۈپ كېتىدىغان يۇمشاق مىسىل، تۆتقۇلاقلار ھادىس گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. بولۇپمۇ دەريانىڭ بۆلۈنۈپ ئاققان تاراملىرى، تاراملار ئوتتۇرىسىدا چوقچايغان كىچىك ئاراللار، ئاراللارنى ئورىۋالغان قومۇش ھەم يېكەنلەر، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەكلەر كىشىنى سېھىرلەندۈرۈپ، يۈرەك تارلىرىنى تىترىتەتتى. لۆمشىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك دەريا سۈيى ھايات مەنزىلىنى ئەسكە سالاتتى. ئۆمۈرمۇ ئەنە شۇنداق ئالدىغا ئاقاتتىكى، ھەرگىز كەينىگە قايتمايتتى. بۇ ھەقتە ئۆمەر ھەييام ھەزرەتلىرى مۇنداق نالە قىلغانىدى:

بىر ـ ئىككى كۈنلۈك ئۆمۈر ئۆتىدۇ دەرھال
دەريادا سۇ كەبى يا چۆلدە شامال.
كەتكەن ۋە كەلمىگەن ھەر ئىككى كۈننىڭ
غېمىنى يەپ، ئۆزۈڭگە بولمىغىن زاۋال.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم بۈك ئورمان روجەكلىرىدىن، دەريانىڭ ئۇ قاسناقلىرىدىكى خۇددى قىزىل، سېرىق، ئاق، قوڭۇر شەلپەرلەرنى يېيىۋەتكەندەك چاتقاللارغا، توقايلىقلارغا، قاپقارا، قىپقىزىل مېۋىلەرنى پارقىرىتىپ تاۋلانغان ئالىقات ھەم قارىقات تىكەنزارلىقلىرىغا تويماي قارايتتى. ئىلى دەريا ۋادىسىنىڭ بۇ كۈز مەنزىرىسىگە قارىغانسېرى ئادەمنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كۆزلەرگە ياش تولاتتى. ئاشۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاپ شىرتىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان ياپراقلار ئۆمۈر مەنزىلىدە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ئەسكە سالاتتى. بۇ ماتانەتلىك دۇنياغا، قۇياشلىق ئاسمانغا، ھاياتلىققا تولغان كائىناتقا قاراپ تويمايسەن، راست، بۇ دۇنياغا كىم تويۇپ ئۆتكەن؟! مىڭ يىل ياشىغان لوقمان ھەكىممۇ ھاياتلىققا كۆزى قىيماي ئۆلۈمگە ھېيلىلەر قىپتىكەنغۇ. ئۆمەر ھەيياممۇ ئۆكۈنۈش ھەم ھەسرەت ئىچىدە:

كەلمەك قولدا بولسا، كەلمەستىم بىردەم،
كەتمەك قولدا بولسا، كەتمەس ئىدىم ھەم.
بەك ياخشى بولار ئىدى، بۇ غەمخانىغا،
كەلمىسەم، تۇرمىسام، كەلسەم ـ كەتمىسەم.

دەپ يېزىپ، خۇشاللىقىدىن خاپىلىقى تولا بۇ دۇنياغا تويمىغانىكەن.

— گۈلبانۇم، — دېدى ئەنزەر كۈز مەنزىرىسىدىن كۆز ئۈزمەي، — ھايات نېمىدېگەن گۈزەل، ياشاش قانچىلىك بەخت!

— شۇنداق، بۇنىڭغا خاتىرجەملىك قوشۇلۇپ كەلسە... — گۈلبانۇم خىيالغا پاتتى، — تېخىمۇ مەنىلىك بولغۇسى!

— راست دەيسىز، ئامرىقىم، بىزنىڭ قولىمىزدا يەنە بىر يىللىق خاتىرجەم ھاياتىمىز بار...

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئىرادىمىزگە باغلىق... بەك بېسىم ئاستىدا قالساق يەنە

www.uyghurkitap.com

قاچىمىز.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم دەريا ساھىللىرىنى ئايلىنىپ ئىگىز يار تېگىدىكى چاققانغىنا بۆك ئارچا ئورمانلىقىغا كەلدى. بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق رەڭ ئالغان سېرىق، بىنەپشەرەڭ، قىزىل يوپۇرماقلارنى تېرىپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىشتى. ئەنزەر ئۆزى كىچىك، ئەمما ساپسېرىق، ئاچماق تالالىرى قىزغۇچ بىر ئارچا يوپۇرمىقىنى ئېلىپ «بەك چىرايلىق ئىكەن» دەپ سۆيۈملۈك ئايالىغا بەردى. گۈلبانۇم ئۇنى ئېرىگە تۇيدۇرماي قول ياغلىقىغا ئاۋايلاپ ئوراپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇلار بىر غېرىچ قېلىنلىقتا چۈشكەن ھەر خىل يوپۇرماقلار ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. گۈلبانۇم سومكىدىن توقاچ، پىچىنە، سامسا ۋە سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ تىزدى، بىر ـ بىرىگە تەكەللۇپ قىلماي يېيىشتى. ئاندىن ئورماننى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئەنزەر ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئاشخانىغا ماڭدى. ئۇ سەھرادىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئاشخانىنىڭ غوجايىنلىقىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئاشخانىغا سېلىنىغان مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمى ئەنزەرنىڭ بولۇپ، ئۇ يىللاردىن بېرى تاپقان پۇلىنى ئىنىسى ئابدۇسەمەتكە تاپشۇرۇپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىك، ئېغىر ـ بېسىق، تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىگە قايىل ئىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە دېكابىر ئېيىنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، خېرىدارلار سىيرىككەن چاغدا مۇئەتتەرخان ئاشخانىغا كىيىملىرى جۇلجۇل، ئۆزى ياغاچتەك جۇدەڭ بىر قىزنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ كىيىۋالغان چىت كۆڭلىكى بىلەن قارا جىلىتكىسى خۇددى كۆلگە پۇچىلىغاندەك كىر ۋە مەينەت بولۇپ، مۇشۇ جاڭ ـ جاڭ سوغۇقتا پۇتىدا يىرتىق ئاق لاتا ئاياغ تۇراتتى. ئابدۇسەمەت بىلەن ساباھەت ئۆڭكى ئاق سېرىق، بويى ئۆسكىلەڭ، ياۋاش ـ مۇلايىملىقى يۈمىلاق قوڭۇر

قارىچۇقلۇق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان قىزغا سىنچىلاپ قاراپ قالدى. ئەنزەر ئۆيلەنگەندىن بېرى ئانىسى ئۇنىڭغا قارىمايتتى ھەم ئۇنى كۆرسىلا مىجەزى قوداڭشىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇ ئوچاق بېشىدا ئىش قىلغاچ دەرپەردىلىك دېرىزىدىن ئاشخانىغا قاراپ قويدى.

— بۇ قىز مەھەللىمىزدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۇرۇپتىكەن، — مۇئەتتەرخان بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ گەپ باشلىدى، — «بالا باقسامۇ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلسامۇ بولىدۇ. مېنى ئېلىپ قالسىلا، مېنىڭ قورسىقىم تويسىلا بولدى، ئىش ھەققى تەلەپ قىلمايمەن» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا، ئاشخانىدا يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلسۇن، دەپ قېشىڭلارغا ئەكەلدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز.

— سىز قەشقەرلىكما، — سورىدى ساباھەت قىزنىڭ تۇرقىغا ئىچى ئاغرىپ، — ئىسمىڭىزچۇ؟

— قەشقەر يېڭىساردىن، ئىسمىم گۈلنىساخان.

— ئاتا-ئانىڭىز يوقمۇ؟ — ئابدۇسەمەت ياندۇرۇپلا سورىدى.

— دادام بار، ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، — قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنچىدەك ياشلار تۆكۈلدى، — ئۆگەي ئانام بەك زۇلۇم سېلىپ بولالىقىمنى قويمىدى، شۇڭا قېچىپ چىققان.

— كېيىنچە دادىڭىز كېلىپ غوۋغا كۆتۈرسە قانداق قىلىمىز؟ — ئىش-ئوقەتكە پىششىپ قالغان ئابدۇسەمەت ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرىگەنىدى، — «ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەلگەن، دەۋا-دەستۇرۇم يوق» دەپ تىلخەت قىلىپ بېرەلەمسىز؟

— خەت بىلمەيمەن.

— ھەي، نېمانچىۋالا ئاسماقچىلاپ سوراق قىلىپ كەتتىڭ؟ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن قىز تۇرسا، — مۇئەتتەرخان ئورنىدىن تۇردى، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئادەم

www.uyghurkitap.com

يېتىشمەيدۇ، دەپ قاقشايتتىڭلارغۇ، مەن كەتتىم.

مۇئەتتەرخان ئۆزاپ چىقىۋېتىپ ئىشىك ئارقىسىدا تۇرغان قىزغا تىكىلىپ قالدى. قىزنىڭ ئاپپاق يۇمىلاق يۈزى سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، بېغىررەڭ يۇڭ ياغلىقىدىن چىقىپ تۇرغان بۇجغۇر چاچلىرىنى، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قىروۋ باغلىغانىدى. بەرنا سىماسىغا يېپىشىپ كەلگەن يېشىل پەلتوسى ئۇنى تېخىمۇ ئۇماق كۆرسىتىپ تۇراتتى. قىز يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويدى. بىراق، ئوغلىنى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلگەن مۇئەتتەرخان بۇ قىزغا شۇنداق ئالايدىكى، ھېچقانداق روھىي تەييارلىقسىز تۇرغان بىچارە قىز ھودۇققىنىدىن ئۇجۇقۇپلا كەتتى. ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىتىپ چىققان ئابدۇسەمەتمۇ دىمىقىپ يەرگە قارىدى. مۇئەتتەرخان ھەر ئىككىسىگە كۆزلىرىنى مىختەك قاداپ، ئاستا كېتىپ قالدى.

— ۋېيەي، ئاپىڭىزنىڭ ئەلپازى نېمانداق يامان؟ — قىز ئۆزاپ كەتكەن مۇئەتتەرخاننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويدى، — شۇنداق قورقۇپ كەتتىم، يا بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىلىپ قېلىپ، شۇنداق قىلامدۇ؟

— بىلسە بىلمەمدۇ، چاتىقىمىز نېمە، — ئابدۇسەمەتنىڭ ئانىسىغا خېلىلا ئاچچىقى كەلگەنىدى، — ئالجىپ قالغان سەپرا، ئاشخانىدا سەن - يەن دېيىشىپ قالغان، شۇنىڭ دەردىنى ئالامدۇ.

— مۇنداق دەڭ، سىزمۇ ئاپىڭىز بىلەن تەڭ تۇرمىسىڭىز بولمامدۇ، ئۇ دېگەن ئانا تۇرسا، — قىز ئابدۇسەمەتنىڭ ئامالسىزلىقتىن دېگەن يالغىنىغا ئىشەنگەنىدى، — سىز ھەرگىز ئاكىڭىزغا ئوخشىمايسىز، مىجەزىڭىز چۈس، قوماچتەك ئېتىلغىلى ئاران تۇرىسىز. تېخى ئاپىڭىزنى سەپرا دەپ تىللايسىز.

— بولدى، خاپا بولماڭ، قارىڭا تۇمشۇقلىرىڭىزنىڭ دومسىيىپ كەتكىنىنى، — قىزنىڭ مۇئەتتەرخاندىن ئەدەپ يەپ

تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالغانلىقىدىن ئابدۇسەمەت سۆيۈنۈپ كەتتى، — ھە، روشەنگۈل، كېلىپ قاپسىزغۇ، مەن تېخى ئىشتىن چۈشۈپ سىزنى ئىزدەپ بارماقچىدىم.
— ئەرزىمەسلا بىر ئىش، قاراڭ، — روشەنگۈل پىسىڭڭىدە كۈلدى، — ياشلار كۇلۇبىدا بۈگۈن كەچ پاكىستاننىڭ كىنوسىنى قويىدىكەن، بارىلىمۇ؟
— بارىلى، مەن ئىشتىن چۈشكۈچە بېلەت ئېلىپ قويۇڭ، — ئابدۇسەمەت يانچۇقىغا قول سالغانىدى، روشەنگۈل دەرھاللا ئۇنى توستى.
— بولدى، مەندە بار، بۈگۈن مائاشىم چىققان.
— مېنى بىر مېھمان قىلاي دەپسىز - دە، جېنىم، ئالتۇنۇم، ئاپپىقىم، ئانۇش - ئانۇش...
ئابدۇسەمەت روشەنگۈلنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۇمران ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئەركىلەتكەنىدى، قىز ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە يالتىيىدە قارىدى - دە، ئۇنىڭ قولىنى ئاستا چۈشۈرۈۋەتتى.
— بولدى، سەتلەشمەڭا، قېلىن تەرسا.
قىز ئۇششاق دەسسەپ كېتىپ قالدى. ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ھىجايغىنىچە قالدى. روشەنگۈل راست دەيدۇ. ئابدۇسەمەت ئاكىسىغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئەنزەر ياۋاش، مۇلايىم، ئانىسىغا بولغان ھۆرمەت - ئەقىدىسى چەكسىز، ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەيدىغان بالا. مۇئەتتەرخان ۋارقىرىسىمۇ، تىللىسىمۇ، ھەتتا قولى تېگىپ كەتسىمۇ ئانىكۇم - مۇنىكۇم بولۇپ باش ئېگىپ تۇرىدۇ. دىتىغا ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ تەتۇرلۇق قىلسىمۇ «خوش، ئانا، سىلى - ئۆزلىرى...» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلەر ئاغزىدىن مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئىنىسى ئۇنىڭغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئابدۇسەمەت غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ - سۆزلەر ياكى ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشلارنى كۆرگەندە ئانىسىغىمۇ يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرماي: «ئادەمدەك گەپ قىلسىلا،

ئانا»، «نېمانداق پەلپەتىش گەپلەرنى قىلىدىلا دېمەن، نومۇس قىلمامىلا»، «قويسىلا، ئۇنداق گەپلەرگە كىم خۇشتار» دەپ گۇركىرەيتتى. ئەگەر ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى، خۇي ـ پەيلى، ياشاش مىزانلىرىنى سېلىشتۇرسىڭىز، ئەنزەر تىنىق كۆل سۈيى بولسا، ئابدۇسەمەت شاۋقۇنلۇق دەريا. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار. قاراڭ، يىگىرمە ئۈچ ياشلىق بالا بىر ئائىلىنى ئېپى ـ جېپى بىلەن باشقۇرۇپ كېتىۋاتامدۇ؟! ئۇ ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا كەسكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىمۇ ئوچۇق ـ يورۇق، تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ ئولتۇرمايدۇ. كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئىچىدە غۇم ساقلىمايدۇ. شۇڭا، ئابدۇسەمەت روشەنگۈل بىلەن تونۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قەستەن قەشقەر شېۋىسىدە سۆزلەپ:

— خېنىم، سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، مەن قەشقەرلىك جۇما. كېيىنچە تۇخۇمنىڭ سېرىقى ئىككى چىقىپ قېلىپ، «ئانام ئۇنىمىدى» دەپ تىلىمىزنى چاينىساق بولمايدۇ، دېمەن، — دېگەنىدى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن شوخ روشەنگۈلمۇ:

— قەشقەرلىكمۇ مۇسۇلماندۇ؟

— مىنە، ئۆزلىرى تۇمۇچۇقتەك چىرايلىقكەنلا، تىللىرى نېمانداق ھىگدىن سېسىق؟

— ھا ـ ھا ـ ھا، — روشەنگۈل كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، — سىز قەشقەرلىكچە سۆزلىسىڭىز ئەجەب غەلىتە ئاڭلىنىدىكەن. مەن سىز بىلەن تونۇشقاننىڭياقى تۈز سۆزلەيتتىڭىز، ئەجەبا بۈگۈن قەشقەرلىكچە سۆزلەپ قاپسىز.

— مانا، مانا دېمىدىمما، قەشەرلىك مايماق سۆزلەمدىكەن؟

— ۋاي خۇدايىم، غۇلجىلىقتەك سۆزلەيتتىڭىز دېمەكچىدىم، — روشەنگۈل قىزىرىپ كەتتى، — بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈش



www.uyghurkitap.com

دېگەن يۇرت، مىللەت، ۋەتەن ئايرىمايدىكەن. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىمدا بىر كىتابتا كۆرگەن.

— مانىكا شۇنداق ئەمەسما، — ئابدۇسەمەت قىزىقچىلىقنى توختىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — ئۆزلىرى تېگىمەن دېگەندىن كېيىن بوپتۇ ئېلىپ قوياي، ئۇنى - بۇنى يەپ سەمرىپ قالارلا.

— ئۆلۈك، گېپى سېسىق...

شۇ چاغدا ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتكەنىدى. مانا قاراڭ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نە تارتىنىش، نە تەكەللۇپ، نە سۆلكەت يوق. ئەسلىدىمۇ مۇھەببەت ئۆز تەبىئىيلىكىنى، ساپلىقىنى، رەڭدارلىقىنى ساقلاپ قالغىنىدا ئەنە شۇنداق تاتلىق بولىدۇ. ئەمما، ئەنزەرنىڭ مۇھەببىتى ئۆزگىچە نەپىس بولۇپ، ئۇ خۇددى يەر ئاستىدىن سىرغىپ چىققان سۈزۈك بۇلاق سۇلىرىدەك يوشۇرۇن، پىنھان ھەم سىرلىق ئىدى.

ئابدۇسەمەت ئاكىسى بىلەن گۈلبانۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان تۇرمۇش سورۇقچىلىقىنى كۆردى. راست، تارتقان دىشۋارچىلىقى ئاز ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى ئويلىماي ئانىلىرىنى دەپ قايتىپ كەلدى. ئەمما، ئانىلار ئۇلارنى ئويلىدىمۇ؟ ياق، ئويلاش ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ پەس ئارزۇ - ھەۋەسلىرى يولىدا قۇربانلىق قوي قىلىشتى. كونىلاردا: «ئاتا - ئانا بەخت ياسىمايدۇ، تەخت ياسايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ. بۇ، تويىنى قىلىپ ئۆيدىن ئىبارەت تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ، دېگەنلىك، ئەلۋەتتە. بەختىنى بولسا قىز - ئوغۇللار ئۆزلىرى ئەجىر قىلىپ ئىزدەپ تاپىدۇ. مانا خۇلاسە كالام نېمە بولدى؟ ئەنزەر ھەم گۈلبانۇملار بىر يىللىق ئەر - خوتۇنلار بولۇپ قالدى. بۇمۇ مىڭبىر مۇشكۈلات ئىچىدە قولغا كەلگەن ۋاقىتلىق ئامەت! شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن بىرنەچچە يىل، ھەتتا مەڭگۈلۈك بولسىمۇ بەختكە ئېرىشىشنى ئويلىمايدۇ؟ بۇ ئىشلار ئابدۇسەمەتنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. پەقەت: «نېمە ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئۇلار جۇرئەتلىك ئەمەستۇ» دېگەن سوئالنى كۆڭلى غەش هالدا ئويلايدۇ.

ئابدۇسەمەت ئىككى ئوتتۇردا بولغان جېدەل - غوۋغالارنى كۆردى، ئانىسىنىڭ قەسەملىرىنى ئاڭلىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ تەپ تارتماي، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي، چىرايى تاتارماي دۆلەتباغ مەھەللىسىدىكى تارانچى قىزى روشەنگۈلگە تەقدىرىنى باغلاپ قويىدۇ. ئانىسى ئاكىسىنىڭ بېشىغا سالغان بالايىبەتتەرلەرنى ئۇنىڭ بېشىغا سالماسمۇ؟! ئۆلىمەن - ئۆچىمەن دەپ ئۇششۇقلۇق، كۆكەرمىلىك، ئۆكتەملىك قىلماسمۇ؟ قىلىدۇ! لېكىن، ئابدۇسەمەت قورقمايدۇ. ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق ئۆزىگە ئىشىنىش شىجائىتى بار. ئۇ پەقەت ۋاقىت - سائەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. ۋاقتانىۋاق يېتىپ كەلگەندە ھەرقانداق بېسىم، قورقۇتۇش، ئاچچىقلاش، تىل - تاياق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمايدۇ. ئۇ كۆكرەك كېرىپ جەرەستاندا ئۆز گېپىنى قىلىدۇ. قىزىق گەپ، كىم ئېيتالايدۇ «مۇئەتتەرخاننىڭ ھايات چىرىغى ئۆچمەيدۇ» دەپ؟ كىملەر كەتمىگەن بۇ دۇنيانى تاشلاپ. كېتىشتى، كېتىشتى، خەۋىرى بولدىمۇ؟ ياكى يەر ئادەم يەپ تويۇپتىمۇ؟! ئەمدى ئانىسى ئۇنى ئۆز كېچىككىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ خاتىرجەم كۆز يۇمغىنى بىلەن ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلىرى خاتىرجەم ئۆتەرمۇ؟ ئۇنىڭ يېگىنىدىن يېمىگىنى كۆپ، كىيگىنىدىن كىيمىگىنى كۆپ، كۆرگىنىدىن كۆرمىگىنى، ئويىنىغىنىدىن ئويىنىمىغىنى تولا. شۇنداق، كەلگۈسى كۈنلەر ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. پاھ! ئاشۇ ساخاۋەتلىك كۈنلەرگە ئۆزى ياخشى كۆرگەن، دىلىدىن تەخىرسىز سۆيگەن، يۈرەك پارىسى، مەھبۇبى بىلەن بىللە بارسا، بىللە ياشىسا، بىللە كۈلسە، ئۇلار ئۈچۈن دوزاخ جەننەتكە ئايلانمامدۇ؟! توغرا، دوزاخ ئازابىدەك دىشۋارچىلىقلار ئۇچقۇنچە بىلىنمەس!

ئابدۇسەمەتنىڭ «ئانام نىغمەتكام بىلەن توي قىلسا بەك پەيزى بولاتتى» دېگىنىنىمۇ ئوقۇرمەنلەر ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئۇ چاغدا مۇئەتتەرخاننىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ. بولمىسا بىر ئوغۇل بالا ياش ئانىسىنى ئەرگە سايە قىلامدۇ؟! بۇمۇ ئۆز بەختىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كىرگەن تارچۇق يول. ئەگەر بۇ ئىش روياپقا چىقمىغىنىدا ئابدۇسەمەتكە بىرلا ئامال قالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «پارتلاپ چىقىش، پەشنى قېقىپ كېتىش، ئانىدىن كېچىش».

... ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا خىيالغا پېتىپ قالغان ئابدۇسەمەت كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە مەھبۇبى روشەنگۈلنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ جاھاننى بىر تاسقاپ چىقتى. ئەگەر قورۇما قورۇۋاتقان ئاكىسى: «ئابدۇسەمەت، قېنى سەن؟» دەپ ۋارقىرىمىغان بولسا ئۇ ئورنىدا قاچانغىچە تۇراتتىكىن؟!

* *

قىشقىچە ئۆيدە ماشىنىچىلىق قىلغان گۈلبانۇمنىڭ قورسىقى بارغانسېرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەنزەر ئېلىپ بەرگەن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ پات - پات قورسىقىنى سىلاپ قوياتتى. يۈز - مەڭزىلىرىگىمۇ قوڭۇر رەڭ داغلار چۈشكەن بولۇپ، بۇ ئانىلىق بېشارەت چېچىكى ئىدى. ئاپىسى ئارىلاپ كېلىپ، ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس ئىللىمان چىراي بىلەن: «سەندىكى ئالامەتلەرگە قارىغاندا قىز تۇغىدىغان ئوخشايسەن» دەپ قوياتتى. مەيلى قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل، بۇ گۈلبانۇم بىلەن ئەنزەرنىڭ قىسقىغىنا ھەسرەتلىك مۇھەببىتىنىڭ يادنامىسى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ھەر ئىككىلىسى خۇشال بولۇشى، ئاتا - ئانا بولۇشتەك ئۇلۇغلۇققا نائىل بولغىنىدىن ئۆزلىرىنى جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەردىن دەپ بىلىشى كېرەككىدى؟! ئەمما، خۇشاللىقى كۈندىن - كۈنگە ئوتقا چۈشكەن مايدەك ئېرىپ يوقىماقتا ئىدى. گۈلبانۇمنىڭ قورسىقى

يوغىنىغانسېرى ئۇلارغا قانداقتۇر خەۋپ، بالايى ـ قازا، يىرتقۇچ مەخلۇق يېقىنلىشىۋاتقاندەك چىرايلىرىنى ئەندىشە، ۋەھىمە، قورقۇنچ باساتتى. ئۇلارنىڭ غەم باسقان يۈزلىرىدىن «مۇشۇ بالا بىر كۈن بولسىمۇ كېيىن تۇغۇلسا، بولسا تۇغۇلماي مەڭگۈ قورساقتا تۇرسىكەن» دېگەن ئالامەتلەرنى بىلىۋالماق ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى بۇنچىۋالا ناگىھان ھالەتتە قىيىناۋاتقىنى بىر يىللىق سۈرۈكلا ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككى ئانىنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا بالىلىرىغا كەلتۈرۈۋاتقان تىل ـ ئاھانەت، تەنبىھ، خورلۇقلىرى، تۈگىمەس نەسىھەتلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتتى.

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم قاچقاندىن كېيىن گۈلسۈمخاننىڭ بايكۆلدىكى ھەدىسى شەرىپىخان بىرنەچچە خوتۇننى باشلاپ كىرىپ، ئاغزىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ، سىڭلىسىنى ھەم گۈلبانۇمنى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللاپ، تويلۇق تاۋۇقىنى غالىۋاراپ ئاچىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار: «كۆرۈپ قوي، قىزىڭ بۇزۇق قاچقان بولسا ھادىلغا تىرناقتا توختىغۇدەك قىز ئېلىپ بېرىمىز» دېگەن سۆزىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوغلىنىڭ ئىككىنچى جۇۋان تويىنى قىلغانىدى. بىراق، ھادىل خوتۇنى بىلەن ئۈچ ئاي ئۆي تۇتالىدى. بىر كۈنى ھاراق ئىچىپ كىرىپ شۇنداق دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۇردىكى، خوتۇنىنىڭ بىر قولى بىلەن ئىككى قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى. شەرىپىخانىنىڭ جەددى ـ جەمەتى سوتتا بىر ئايدەك سوتلىشىپ دوختۇر پۇلى، تۇرمۇش راسخوتى دېگەندەك بىرمۇنچە تۆلەم تۆلەپ ئاجراشتى. ئەمدى گۈلسۈمخان بولسا «تىللىنىسىمۇ، ئۇرسىمۇ ئۆز قېرىندىشىم» دېگەن ئەقىدە بىلەن قىشچە بايكۆلگە قاترىدى. «ۋاي ھازىر قىزىم گۈلبانۇم بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. يەقەت ئۇ بالا تۇغۇۋالغۇچە بۇ ئۆيدە تۇرۇپ ئاندىن ئاجرىشىمەن» دەۋاتىدۇ، دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئۆچكەن ئوتلارنى پۈۋلەپ ياندۇرماقتا ئىدى. گۈلسۈمخاننىڭ بۇنداق



www.uyghurkitap.com

خېمىغا يېنىۋېلىشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئارىلىقتا مۇئەتتەرخان كېلىپ دېمىگەن ـ ئەتمىگىنى قالمىدى. ئۇ دىۋانە، قەلەندەر، كوچا سۈپۈرىدىغان پاسكىنا دېگەندەك ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ جەھلى قاتقان گۈلسۈمخان بايكۆلگە بېرىپ بۇزۇلغان نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. بۇ ئىش ھادىلغا موكلا ياقتى.

ھادىل بىر قېتىم تىراكتور زاپچاسلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ چوپچوڭلا بولۇپ قالغان گۈلبانۇمنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە «كىچىك ئاپا، سىنى يوقلاپ كەلدىم» دەپ بىرەر پىيالە قايماق، سۈزمە قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى، ئاندىن: «كىچىك ئاپا، ئاپام بىلەن بىر قورساق قېرىنداش تۇرۇپ بىر ـ بىرىڭلارنى يوقلاشمايسىلەر، بولمىسا ئاپام كۆندىلا سىنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ. قېرىنداشىنىڭ قاياشى دېگەن گەپ بارغۇ. پات ـ پات گۈلبانۇمنى ئېلىپ بېرىپ مېھمان بولۇپ كەت» دېگەندەك ياغلىما گەپلەرنى قىلاتتى ـ دە، ياغاچ پۈتىنى غىچىرلىتىپ، دىڭگۈس ـ دىڭگۈس ماڭغىنىچە چىقىپ كېتەتتى.

گۈلبانۇمنى قاچتى دەپ ئاڭلىغان ھادىل نەچچە كۈنلەرگىچە خۇددى ئاچچىق ياغ ئىچىۋالغان موزايدەك تېپىرلاپ كەتتى ھەم زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. شۇڭا، ئۇ كىچىك ئاپىسىنىڭ خەۋىرىدىن بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ، ئاپىسىغا دېگەنمۇ نېمە، گۈلسۈمخان كېيىنكى قېتىم چىققاندا، شەرىپىخان:

— بوپتۇ، ھادىلجان بالاممۇ قىزىڭنىڭ يۈزسىزلىكىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ ئاجراشقۇچە ساقلايدىغان بولدى، — دېدى. بۇ جاۋابتىن خۇدىنى يوقاتقان گۈلسۈمخان ھەر قېتىم گۈلبانۇمنى يوقلاپ كەلگەندە ھەدىسى شەرىپىخاننىڭ ئائىلىسىنى، رېمونتچى ھادىل پىيەنچۈكنى ماختاپ ئاغزىلىرىدىن كۆپۈك قايناپ كېتەتتى.

— ۋاي خۇدۇيۇم، ئالتاۋۇسكى نەسىللىك كالىلاردىن ئىككى

سىيىر ساغىدىكەن، سۈت ـ قايماق دېگەن تالقان تۆكتىكىن ئىچەمسەن، يوق. ھەدەم قىزى بىلەن كىچىك كېلىنىنىڭ ئۆيلىرىگە ئەتىگەندە بىر كورىدىن سۈت سۈنۈپ بېرىدىكەن. ئۆيلىرىدە تاغار ـ تاغار ئاشلىق، ئامبارلىرىدا سەي ـ كۆكتات دېگەن زاپاس، قويلىرى مەرىشىپ تۇرغان، ئىتلىرى قاۋاپ، توخۇ ـ تۇمانلىرى قاقاقلىشىپ دېگەندەك ئەلۋەكچىلىك، تېخى ھادىلجاننىڭ دۇكىنى ئالدىدا ماشىنا، تىراكتور، ۋېلىسىپىتلار دۈيلىنىپ كەتكەن، پۇلنى سۇدەك خەجلەيدىكەن...

گۈلبانۇم بۇ گەپلەرنىڭ ئورانىدىن ئاپىسىنىڭ نېمە دېمەكچى، قانداق غەرىزى بارلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە بىلىدۇ. بىراق، ئۇ سۈكۈت قىلىپ ئاڭلايدۇ. قورسىقى يوغىناپ، ئۆزى ئېغىرلىشىپ، نەپەسلىرى چوڭقۇرلاشقاندىن بېرى ئۇنىڭدا بۇ چاغقىچە كۆرۈلمىگەن تەمكىنلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق، سالماقلىق ھالەتلىرى پەيدا بولدى. شۇنداقتىمۇ، سەۋر ـ تاقەتنىڭ چېكى بولىدۇ. چىداپ ـ چىداپ تاشمۇ بىر كۈنى ۋاككىدە يېرىلىدۇ دېگەن گەپ بار. ئاپىسى تولا ئەزۋەيلەپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلبانۇم بىردىنلا چېچىلىپ قالدى.

— ئاپا، مېنىڭ ئالدىمدا باشقا ئەرلەرنىڭ گېپىنى قىلما. مەن دېگەن ئەرلىك ئايال، — گۈلبانۇم سولكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — ئەمدى قايتا ئەرگە تەگمەيمەن. ئەنزەر بىلەن ئۆتكىنىم ئۆتكەن. سەن باشقىلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگىنىڭ بىلەن قېتىمغىمۇ ئالمايمەن، غېرىب مويۇم تەۋرەپمۇ قويمايدۇ.

— سەن قىلغان لەۋزىڭدىن يېنىۋالماقچىمۇ ـ ھە؟ بىر يىللىق ۋەدە بىلەن، بالا يەرگە چۈشۈۋالغۇچە ئۆي تۇتىمەن دېمىگەنمىدىڭ؟ — گۈلسۇمخان قاتتىق چالۋاقاپ كەتتى، — سەن مېنىڭ يۈزۈمنى يوق قىلماقچىمۇ؟ ھەدەم قىلغان رەسۋاچىلىقلىرىڭنى كۆڭلىگە ئالماي كېلىن قىلىۋالماقچى بولۇۋاتسا، ھادىلجان ساڭا ساقلاپ تۇرسا، ئەمدى يەنە نېمىگە تىلىڭنى چاينايسەن؟

— توغرا، مەن ئەنزەر بىلەن توي قىلالماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دېگەن. ئەمدى توي قىلىنۋالدىمۇ؟ ھەرگىز ئاجراشمايمەن.

— يوق بەپسەن، ھېلىقى قاشقالىق خوتۇننىڭ ئۆتكەندە ھويلىغا بېسىپ كىرىپ سالغان خورلۇق، ئىپلاس ھاقارەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ قېنى ۋاقتانىۋاق كەلسۇن، قانداق ئاجراشتۇرۇۋېتىمەنكىن، — گۈلسۇمخان غەزىپىنى باسالمىدى، — ئۇ خەققە نېمانچە شەيدا بولۇپ كەتتىڭكىنتاڭ. ئەنزەر دېگەن ئوغرى ئىسسىقلىق قىلىپ سېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانلىقى ئېنىقلا تۇرمامدۇ. خەپ، ئۇ خەق ئوقۇتقان داخاننى مەنمۇ تاپالايمەن. شۇنداق ئوقۇتايكى، ئېرىڭنى كۆرسەڭ نىجاسەتنى كۆرگەندەك سەسكىنىپ كېتىدىغان بولىسەن.

— ئاپا، بۇ ئاسانلىغۇ، سەن داخان ئىزدەپ ئاۋارە بولغۇچە، — گۈلبانۇم زەردىسى بىلەن كۈلدى، — ئاۋۇ ھادىل دېگەن ھاراقكەشكە دەپ قويساڭ، شۇلا ئىسسىقلىق قىلسا بولمامدۇ. مەن ئۆز ئايىغىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالسام.

— سەن تېخى مېنى مەسخىرە قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ھوي جۇۋاينىمەك، — گۈلسۇمخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمىدى.

گۈلبانۇم قورسىقىنى تۇتقىنىچە، چىرايى سارغىيىپ تىكىش ماشىنىسى ئۇستىگە بېشىنى قويدى. ئۇنىڭ قورسىقى مۇجۇپ بالا قاتتىق تەۋرەپ كەتكەندى.

قورقۇپ كەتكەن گۈلسۇمخان بىردەمدىلا چاي دەملەپ ئىچۈردى. قىزىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، قورساق، پۇتلىرىنى سىلاپ، چېكىلىرىنى ئۇۋۇلىدى. بىر چاغدىلا پاللىدە كۆزىنى ئاچقان گۈلبانۇم زەئىپ كۈلۈمسىرەپ:

— رەھمەت، ئاپا، سىزنىڭ قوللىرىڭىزدا بىر خىل سېھىرلىك خىسلەت بار، شۇنداق ھوزۇرلاندىم. توۋا يېپيېنىكلا

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى دېسە، ــ دېدى.

ــ ۋاي قىزىم، سېنى ئۆيلىمايدىغان بىرەر كۈنۈم يوق، ــ گۈلسۇمخاننىڭ كەيپى ئورنىغا چۈشۈپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، ــ مەن سەندىن نۇرغۇن ئىشلارنى يوشۇرۇپ كەلدىم. ھېلىقى مۇئەتتەرخان دېگەن خوتۇن مېنى دۆشكەلەپ، ئىتتىنى قوغلىغاندەك سالغان خورلۇقلىرىنى، مېنى جىن ـ ئالۋاستى، سېنى «ئوغلۇمنى ئازدۇرغان بۇزۇق، رەسۋا، غۇنچىن» دەپ تىللىغانلىرىنى دېگىنىم يوق. توغرا، سېنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىڭ مەلۇم بولغاندا، ئەنەيتۇللا ئاكاڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى، ئابدۇسەمەتنىڭ «خۇدانىڭ ئىرادىسى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ: «بوپتۇلا، ئاسمانغا مىخ قېقىپ نېمە قىلاي» دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم. ئەمما، چاۋاك ئىككى قولدىن چىقىدىكەن، قىزىم. مۇئەتتەرخاننىڭ بىشەملىكلىرى، غالۋاراپ كېلىپ تىل سېلىشلىرى مېنى غاپىل ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. زادى سېنى ئاجراشتۇرۇۋەتمىسەم ئۆمۈرۋاقى كۆڭۈل ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز. سەنمۇ زورلاپ تاڭغان ئېتىبارسىز كېلىن بولۇپ قالىدىكەنسەن. ئويلاپ كۆر، ئارىمىزدا مانا شۇنداق ھايا ـ نومۇس، ئىززەت ـ ھۆرمەت قالمىغان تۇرسا، مەن ئۇلار بىلەن قانداقمۇ تۇغقانچىلىق قىلاي؟ ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ...

گۈلسۇمخان ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ «قانداقمۇ تۇغقانچىلىق قىلاي» دېگەن سۆزى گۈلبانۇمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەلۋەتتە، ئەنزەر بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرغانىكەن، ھېيت ـ ئايەم، روزى ـ رامزاندا ئاتا ـ ئانىنى يوقلايدىغان گەپ. قۇدىلار ئۆزئارا ھېيتلىشىپ، پەتىلىشىپ ئىزدىشىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ بار. بولۇپمۇ ئۆلۇم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغلاردا «ھالىڭ نېچۈك» دېمىگەن تۇغقاننى مۇسۇلمان دېگىلى بولامدۇ؟ ئەمدى قېچىپ كېتىپ كۆزدىن يوقالسىغۇ ئۇنىڭ يولى باشقا، لېكىن كونا

ئەقىدىلەرنى مۇقەددەس بىلىدىغان بۇ ئىككى ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق ئەر - خوتۇنلار ئانىلىرىدىن ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىشقا يۈرىكى چىدارمۇ؟ ئالدىنقى قېتىممۇ سەھرادا ئانىلىرىدىن ئەنسىرىشىپ، سېغىنىپ قىرىق كۈن بولغۇچە يېنىپ كېلىشمىدىمۇ؟ ئەمدى بۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوقمىدۇر؟ ئاھالە كومىتېتىغا ياكى قانۇنغا بارسا بۇ جاھىل ئانىلار: «دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلايمەن، ئېسىلىپ ئۆلۈپ بېرىمەن» دەپ قورقۇتۇۋاتسا، ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. جاھىللىق، مەنمەنلىك، يۇرتۋازلىق قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ خوتۇنلار يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ جېنىنى سېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

گۈلسۈمخان قىزىنى يوقلىغان بولۇپ ھەر كەلگىنىدە مۇشۇنداق بېسىملارنى ئىشلىتىپ گۈلبانۇمنى بىئارام قىلىۋاتقان كۈنلەردە، مۇئەتتەرخانمۇ ئەنزەرگە قىرىقچە - يېنىچە تېگىپ، بىر گېپى مىخ، بىر گېپى زىخ بولۇپ سانجىلاتتى.

— ھەي غۇلجىلىقنىڭ يالىقىغا دۈم چۈشكەن لالما، — دەيتتى مۇئەتتەرخان ئەنزەرنىڭ يۈزىچە، — ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ تۇغاي دېمەمدا، ئەجەبمۇ چۈشمەسكە كەتتى ئۇ شۇم.

ياۋاش ئەنزەر ئۈندىمەيتتى، پەقەت ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇپ ئاڭلىماسقا سالاتتى، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئانىسىغا سۆز ياندۇرمايتتى. ئۇ گەپ قىلماي قانچە جىمىۋالغانسېرى مۇئەتتەرخان تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى. ئۇ بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ:

— يەنە ئىككى ئايدەك قاپتۇ. بۇ بىتەلەي شۇم تۇغۇلسا، ئانىسىغا بۇيرۇشى ئېنىق. سوغۇق زەللە خوتۇنۇڭ بىلەن ئاۋۇ دىۋانە قېرى ھەر ئايدا بېقىش ھەققى ئېلىپ بىزنى ئوپئوڭايلا ئەپلەيدىغان بولدى - دە، — دەپ كۆزلىرىنى بىر قىسمىلا چەكچەيتىپ قوياتتى.

ئەنزەر سەھرادىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ياللىغان

ئۇستامنى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئاكا ـ ئىنى ئىككىسى ئاشخانىنىڭ تاماق ئېتىش، قورۇما تەييارلاش ئىشلىرىنى قىلاتتى. ساباھەت بىلەن گۈلنىسا ئىككىسى تاماق توشۇش، ئۈستەل سۈرتۈش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشتەك مۇلازىم ئىدى. بەزىدە ئاكا ـ ئىنى ئىككىسىنىڭ بىرسى مۇلازىملارغا ياردەملىشەتتى. مۇئەتتەرخان بولسا ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغان ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ پۇل يىغاتتى.

مۇئەتتەرخان بۇنداق ئىزا ـ ئاھانەتلىك گەپلەرنى قىلغاندا ساباھەت تۇمشۇقىنى دومسايتىپ ئىشلەۋېرەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ بولسا قاپاقلىرى سىلىنىپ، غودۇڭشىغاچ، ئىغىر پۇشۇلداپ ئاكىسىغا ئالىيىپ قوياتتى. ئەنزەر گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن بولاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا گۈلنىساخان خۇرجۇنى تولغان دىۋانىدەك خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاماق توشۇش، ئۈستەللەرنى سۈرتۈش، قاچىلارنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ قىشچە تەييار تاماق يەپ، خاتىرجەم ئۇخلاپ ھېچنېمىدىن غېمى بولمىغاچقىمۇ، چۆلدىن باغقا كۆچۈرگەن ياۋا گۈلدەك سەھەت تېپىپ بارغانسىرى ھۆسنىگە تولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تاتارغان، جۇدەڭگۈ ئاق سېرىق يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ، سېمىز لەۋلىرى پارقىراپ تۇراتتى. بەدىنى ئەتكە تولۇپ خۇددى كۈنجۈرىدە باققان قازاق قويىدەك ساغرىلىرى لەڭپۈڭدەك لىغىرلاپ، كۆكسى مۈڭگۈزدەك ئۇسۇپ چىققانىدى. گۈلنىساخان مۇئەتتەرخاننى «ئانا» دەپ ئىلتىجا قىلغاندا ئاۋازى تولىمۇ ساز، مۇڭلۇق چىقاتتى ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا كۆچۈكلىنىپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي مۇلازىملىق قىلاتتى. گۈلنىساخاننىڭ ئىشچانلىقىغا، مۇلايىملىقىغا، تىلىنىڭ يۇمشاقلىقىغا زوقى كەلگەن مۇئەتتەرخان ئۇنى دائىم ماختايتتى. بۇنىڭدىن ساباھەتنىڭ غىجىقى كېلىپ: «ھىيلىگەر داپشاق» دەپ

تىللايتتى. گۈلنىساخان ساباھەتكە ئۆتتۇرلۇق دادى - مۇئامىلە قىلغىنى بىلەن ئابدۇسەمەتنى ئىچىمدە «غورا قاپاق توڭكەي» دەپ ئۆچ كۆرەتتى. بىراق، ئەنزەرگە بۆلەكچىلا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئوچاق بېشىدىن خېرىدارلارغا تاماق توشۇغاندا، چىنە - تەخسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەندە ئەنزەرگە لاپپىدە قاراپ، غەلىتىلا جىلمىيىپ قوياتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ قارىچۇقلۇق بوز كۆزلىرى ئۆزگىچە گۈزەللىككە ئىگە بولۇپ، بەكمۇ ئىتتىك ئىدى. گۈلنىساخان كۆزلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ ئويناتقاندا ئەنزەرنىڭ ئىختىيارسىز تېنى شۈركۈنۈپ، يۈزىنى قاچۇراتتى. گۈلنىساخان بارغانسېرى خۇلق چىقىرىپ خۇددى ئىش كۆرگەن، جىگدە پۇراپ قالغان چوكانلاردەك قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇ ئەنزەرگە يېقىنلاشتىمۇ ساغرىسىنى ئەتەي چايقاپ، كۆكسىنى تىترىتەتتى ھەم لاپپىدە كۆز تاشلاپ يەر باقاتتى. بىر - ئىككى ئايدىن بېرى مۇئەتتەرخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، ئەنزەرگە تېخىمۇ ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. «ئەنزەركا، ئۆرە تۇرۇپ ئىشلەپ چارچاپ كەتتىڭىز، بىردەم ئولتۇرۇۋېلىڭ»، «ئەنزەركا، چاي ئىچىۋېلىڭ»، «ئەنزەركا، بىر چىنە ئاش سېلىپ بېرەيمۇ؟» دېگەندەك سىلىق مۇئامىلىلەر ئەنزەرنىڭ كۆڭلىنى ئالغاندەك قىلغىنى بىلەن كەيپى غەش ئىدى. دەرۋەقە، ئون ئالتە ياشنى تۇگىتىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىزنىڭ بۇنداق دىغىراپ قېلىشى ھەركىمنى گۇمانغا سېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما، مۇئەتتەرخان ئۇنداق ئويلىمايتتى. گۈلنىساخاننىڭ ئەنزەرگە نىسبەتەن بۇنداق جان كۆيەرلىكى، ئىما - ئىشارىلىرى ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن بېشارەت، دەپ بىلەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇئەتتەرخاننىڭ قورسىقىغا بىر شەيتان كىرىۋالدى. بۇ شەيتان ئۇنى كۈنسېرى ۋەسۋەسىگە سالماقتا ئىدى: توغرا، بۇ ئىگە - چاقىسىز قىزنى بالىچىلاپلا كېلىن قىلىۋالسا نېمىدېگەن بەلەن. ھېچقانداق چىقىمسىز،

ھەشەم ـ دەرەمسىز كەلگەن بۇنداق ئامەتنى كۈندۈزى پانۇس يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس. ئەنزەرنىڭ ئىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن مەڭگۈ ھەقسىز ئىشلەيدۇ. مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر كىشىلىك ئەزاسى بولغاندىن كېيىن ئېخىمۇ جان كۆيدۈرۈپ، قانات ياپىدۇ ـ دە، تەسكەيدىكى يېڭى سالغان بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ بەرسە، ئەنزەرمۇ كۆز چانىقىدىن نېرى بولمايدۇ. سۆڭەك ئىزدىگەن لالما ئىتتەك، ئۇچرىغان ھويلىغا كىرىپ كەتمەيدۇ. ھېلىقى ئېزىتقۇنى كۆرمىگەندىن كېيىن بارغانسېرى كۆڭلى سوۋۇپ ئۇنتۇيدۇ.

تەشىكەشىنىڭ ھەمدەم خىياللىرىغا چۆكۈپ كەتكەن مۇئەتتەرخان بىر كۈنى كەچتە گۈلنىساخاننى ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى ھەم ئۇنىڭ ئىشقا پىششىق ئىكەنلىكى، تىرىشچانلىقى، جان كۆيەرلىكى، ئەخلاقلىق، ياۋاش ـ مۇلايىملىقىنى ماختىدى ھەم ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئاش ـ تاماق، كىيىم ـ كېچەك، ئىسسىق ماكان بېرىپ بېشىنى سىلىغانلىقىنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. گۈلنىساخانمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆرە تۇرغىنىچە «خوش، خوش...» دەپ ئىززەت ـ ئىكرامىنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇردى.

— بىزنىڭ ئائىلىدىن مەڭگۈ كەتمەسلىكىنى خالامسەن، قىزىم، — دېدى مۇئەتتەرخان تامدىن تارىشا چۈشكەندەك، — سېنى بالا قىلىۋالغۇم بار، مىنە.

— ھېلىمۇ ئۆزۈمنى سىلىنىڭ قىزلىرى دەپ بىلىمەن.

— باركاللا ئەقلىڭگە، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى دېگەن مۇشۇ، بالىكام، — مۇئەتتەرخان گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قانداق چىقىرىشنى بىلمەي بىردەم تېڭىرقاپ قالدى، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم قالا، سېنى كېلىن قىلىۋالغۇم بار.

— راستىما؟ — گۈلنىساخان قىزىرىپ، يۈزىنى يانغا ئۆرۈدى، — ۋاي خۇدايىم، ئەجەب بىر ئۇياتقۇم كېلىپ

قالدى. ئۆزلىرى ئانا ... ئابدۇسەمەتنى كۆزدە تۇتمىغانلا... ئۇنىڭ لايىقى بار جۇمۇسىلا.

قىز بالا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا تالاغا قىچىپ چىقىپ كېتىدىغان ياكى يۈزىنى تۇتۇپ ئۇن ـ تىنسىز جىمىپ كېتەتتى. لېكىن، گۈلنىساخاننىڭ «ئۆيسەن چىرىلى» دەپ بولغۇچە، «ئېشىكىمنى نەگە باغلايمەن» دېگەندەك سايراپ كېتىشى مۇئەتتەرخاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش ئەمەس، ئەكسىچە: «نېمىدېگەن سادداا، گول، سەمىمىي، دۇنيادا بۇنداق چىن ئەقىللىك قىز يوقتۇر» دەپ ئويلىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ بۇنداق يەكدىللىكىگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالدى.

— ئەنزەر بالام بىرەر ـ ئىككى ئاي ئىچىدە ئاجرىشىدۇ، — دېدى مۇئەتتەرخان سىلىق تەلەپپۇزدا، — ئۇ ئابدۇسەمەتكە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. پاۋاش، ئاق كۆڭۈل بولغاچقا كىشىلەرنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشىدۇ. گۈلبانۇم دېگەن ئېزىتقۇ شەيتانمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئازدۇرۇپ كەتتى.

— ئۇقتۇم، ئانىكا، — گۈلنىساخاننىڭ خۇشاللىق ھەم ھاياجاندىن مىققىدە تېنى جىمىرلاپ كەتتى، — ئۆزلىرى دېگەندەك ئەنزەركام كەم سۆز، ئەقىللىك، مۇلايىم، ئادەمنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، كۆڭلىنى ئايايدۇ. ئەمما...

— نېمە «ئەمما» ئۇ؟ — مۇئەتتەرخاننىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — نېمانداق ئىككى ئويلۇق بولۇپ، لىڭگىرتاقتاق گەپلەرنى قىلىسەن؟

— باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، ئانىكا، ئەنسىرەيدىغىنىم ئەنزەر ئاكام مەندەك تومپايلارنى يارىتارمۇ؟ — گۈلنىساخاننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ پەس ئاۋازدا غودۇڭشىپ قويدى، — مەندىغۇ گەپ يوق، سىلىنىڭ، ئەنزەركامنىڭ خىزمىتىنى قەۋەتلا قىلغۇم بار.

— ھە ماۋۇ گېپىڭ جايىدا، — مۇئەتتەرخاننىڭ كۆڭلى

جايىغا چۈشتى، — ئۈنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاجراشقان ھامان ئىككىڭلارنى قوشۇپ قويىمەن. لېكىن، شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، ھازىرچە ئەنزەر ئۇقمىسۇن، چاندۇرۇپ قويساڭ ئىشىڭ پۇچۇكىنى بۇزىسەن.

— بولىدۇ، ئانىكا.

— ھەي، ئابايا «ئابدۇسەمەت ئاكامنىڭ لايىقى بار» دېدىڭ. بۇنى سەن نەدىن بىلىسەن؟

— ئۇ قىز ئاشخانىمىزغا كۈندە دېگۈدەك كېلىدۇ.

— ئەجەب مەن كۆرمەپتىمەنا؟

— ئۆزلىرى سەزمىدىلە، ئۇ يامانراق قىز ئوخشايدۇ، يولنىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇپ شەرەت قىلىدۇ. ئابدۇسەمەت ئاكام ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئىشىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ.

— نەلىك ئىكەن ئۇ قېلىن داپشاق؟

— گەپ - سۆزلىرىگە قارىغاندا غۇلجىلىق قىزدەك قىلىدۇ. مۇئەتتەرخان تۇنجۇقۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قارا بۇ شۇملارنىڭ باشتۇڭلۇقىنى! بىر سىنى غۇلجىلىقنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجرىتالماي قالغىنىدا، ئەمدى ماۋۇ غورا قاپاقنىڭ غۇلجىلىقنى تېپىۋالغىنىنى. توۋا، خۇپتەندىن قېچىپ تەرەۋىگە تۇتۇلدۇم، دېگىنى شۇ - دە. بۇ شاۋۇچىلارغا غۇلجىلىقنىڭ جىنى چاپلاشقانمۇ، نېمە؟ قەشقەرلىكنىڭ كورەش - پىيەنلىرىدە ئۆلۈپ قالسىمۇ كەلمەيدىغان گەپ ئىكەن. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ئەنزەر دېگەن مىس - مىس ئوغرى. «ۋاي ئانا، غۇلجىنىڭ بىر ئېرىقىدا ھەسەل، بىر ئېرىقىدا شەربەت ئاقىدىكەن. ھۈنەر قىلىپ سىلىنى گۈلدەك باقىمەن» دەپ شالۋىقىنى ئېقىتسا، بۇ پېشكەللىكلەرنى ئويلىماي نېمە پوق يەپ كەلگەن بولغىيتتى؟! بۇ ناكەسلەر غۇلجىلىق ئالۋاستىلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرسە دادىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ روھى قورۇنماسمۇ؟ قورۇنىدۇ، قورۇنغاندىمۇ گۆرىدە تىك ئولتۇرۇپ قارغايدۇ، خۇداغا نالە

قىلىدۇ. ئاقىۋەت بۇ ئىككى چەمبىرەكنىڭ ئىش ـ ئوقىتى روناق تاپماي كوچىدا قالىدۇ.

مۇئەتتەرخان ئەتىسى كاسسىدا ئولتۇرۇپ خېرىدارلاردىن پۇل ئېلىۋاتقاندا پات ـ پات بويىنىنى سوزۇپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قارايتتى ھەم ئابدۇسەمەتنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا كۆز ـ قۇلاق بولاتتى. لېكىن، ئوغلى ئىش بىلەن بەند بولۇپ، تالا ـ تۈزلەرگە چىقمىدى ھەم سىرتقا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى. بۇ كۆلكىلىك ئىش ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. مۇئەتتەرخان قونداق ئىزدەۋاتقان مېكىياندەك بويىنىنى سوزۇپ ھېلى تالاغا قارىسا، ھېلى ئابدۇسەمەتكە قارايتتى، ئۇنىڭ بويىنى تېلىپ ئاغرىپمۇ كەتتى. ئەمما، تۆتىنچى كۈنى ئاق كەپتەر جۈپتىنى ئىزدەپ كەلدى. نەق شۇ كۈنى شەنبە ئىدى. كۈن غەربكە قىيسىيىش بىلەن ئابدۇسەمەت ئوچاق بېشىنىڭ ئىشلىرىنى ئاكىسىغا تاشلاپ بېرىپ ئاشخانىدا مۇلازىملىق قىلدى، تاماق توشۇپ، ئۈستەل سۈرتۈپ، خېرىدارلارغا چاي قۇيۇپ يۈرسىمۇ كۆزى تالادا ئىدى، پات ـ پات سائەتكە قاراپ قوياتتى. «ھىم، ئەسلىدە قانجۇق بىلەن سەگ ئۈچرىشىدىغان كۈنلىرىنى ئالدىن بەلگىلەپ قويۇپتىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى مۇئەتتەرخان. كوچىنىڭ ئۇ قاسنىقىدا پەيدا بولغان قىز ئۇدۇلدىكى ئاشخانا ئىچىگە قارىغىلى تۇردى. ئابدۇسەمەت خۇشلۇقىدا قولىدىكى دەسمالنى تاشلاپ، ئىشىك تۈۋىگە چىقىشىغا مۇئەتتەرخان غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

ـــ ئابدۇسەمەت، ئىشنى تاشلاپ نەگە بارىسەن، ھۇ يارىماس!

ـــ ھېلىلا كېلىمەن، ئانا.

ـــ ياق، بارمايسەن، ـــ مۇئەتتەرخان ئىشىك بوسۇغىسىغا كەلدى، ـــ ماڭ، ئىشىڭنى قىل.

ـــ كۆرمىدىلىمۇ، روشەنگۈل كەپتۇ.

ـــ ھەرقانچە ئالتۇنگۈل بولسىمۇ بارما دەيمەن.

ـــ ئا... ئىشلىرىنى قىلسىلا، ئانا، ھەممە ئىشقا چېپىلىۋالماي، قانداق گەپ ئۇ؟!

ئابدۇسەمەت پەرۋايىغىمۇ ئالماي يۇگۇرۇپ كېتىپ قالدى.

هايال بولماي قايتىپ كەلگەن ئابدۇسەمەت ئاشخانىغا كىرىپلا ئانىسىغا چىچىلدى. ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا «يۇزۇمنى تۆكتى» دېگەن غۇم بىلەن جۇۋىسىنى تەتۈر كىيگەنىدى:

— نېمانداق قىلىسىلا دەيمەن، ئانا؟ ئۆتكەندىمۇ بىكاردىن بىكارغا خەقنىڭ بالىسىغا ئالىيىپ يۇزۇمنى تۆكتىلە. بۇگۇن بولسا ئاشخانىنى باشلىرىغا كىيىپ شەرمەندە قىلىۋاتىدىلا، ما ئاشخانىدا ئىشلەيمەنمۇ ياكى يوقال دەملا؟

ئابدۇسەمەت غودۇرغانچە ئىچكىرىكى تاماق راسلاش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. مۇئەتتەرخان كىرىپ - چىقىپ تۇرغان خېرىدارلار، شۇنداقلا گۇلنىسا، ساباھەت، ئەنزەرلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشنى خالىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. لېكىن، ئەمەن يۇتۇۋالغاندەك كەچكىچە كۆڭلى غەش هالدا يۈردى. ئىشتىن چۇشۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇسەمەت كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئانىسىنىڭ «نەگە بارىسەن؟ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار» دېگەن سۆزىگىمۇ پىسەنت قىلماي غىپلا تىكىۋەتتى. مۇئەتتەرخانىنىڭ ئاشخانىدا ئويلىغان: «خەپ، كەچتە ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام» دېگەن ئۇمىدىمۇ سۇغا چىلاشتى. شۇنداقتىمۇ، كالىلىسىغا بىرەر ئىش كىرىۋالسا ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بۇ ئانا مىت قىلىپ كۆز يۇمماي ئوغلىنى ساقلىدى. تۈن نىسپىگە يېقىن دەرۋازا تاراقلاپ، ئابدۇسەمەت هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ تەسكەيدىكى ئۆز هۇجرىسىغا كىرەي دەپ قەدەم ئېلىشىغا، مۇئەتتەرخان پېشايۋاندا پەيدا بولدى.

— ماڭە، ئۆيگە كىر، ساڭا گەپ بار، — دېدى مۇئەتتەرخان زەردە بىلەن، — ئەجەب قۇيرۇقۇڭنى تۇتقۇزمايسىنا.

ئابدۇسەمەت غىڭ قىلماي ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ گىلەمگە ئولتۇردى - دە، تامغا يۆلەندى، ئۇنىڭ تاشتەك قاتقان چىرايىدىن ئاچچىقى هېلىھەم يانمىغانلىقى چىقىپ تۇرسا،



www.uyghurkitap.com

ھەربىكىتىدىكى بىر خىل بىغەملىك، مەنسىتمەسلىكتىن ھەرقانداق بالايىبەتتەرلەرنى پىسەنتىگە ئالماسلىقتەك مەنە بىلىنىپ تۇراتتى.
— نەگە بارىدىڭ؟ — مۇئەتتەرخان چىكىتتەك قادالدى.
— كىنوغا.
— كىم بىلەن؟
— روشەنگۈل بىلەن. ھە، بولماپتىما؟ غۇلجىلىق تارانچى قىزى بىلەن...
— پاھ، ئەجەب يوغان سۆزلەيسەنغۇ؟
— گۇناھ قىلمىغاندىكىن.
— ھەي مۇناپىق، دادىڭ بىلەن ئاچاڭنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالماس بولۇپ قالدىڭما؟
— ئادەم تىللىماي، قورساقلىرىدىكى غۇمنى دېسىلە، ئانا، — ئابدۇسەمەت شارتلا تۇرۇپ گىلەمگە تىزلاندى، — دادام بىلەن ئاچامنى روشەنگۈل ئۆلتۈرمىگەن.
— ئۇ ئۆلتۈرمىگەن بىلەن ئۇنىڭ ئەجدادى، يەتمىش پۇشتى، بىر يۇرتلۇقى، جەددى - جەمەتى ئۆلتۈردى. ئۇقتۇڭما؟
— ئەگەر دادام بولغان بولسا ھەرگىز ئۇنداق دېمەيتتى، — ئابدۇسەمەتنىڭ ئاۋازى ۋەزمىنلەشتى، — تاشمەمەتتەك بىر نائەھلىنىڭ قىلغانلىرىنى بىر پاك قىزغا ئارتىپ قويۇشتىن ئۇيالمامىلا؟ خۇدادىن قورقمامىلا؟ تەيپۇنەم زامانىسىدىكى قورساق كۆپۈكى، كۆڭۈل ئاغرىقىنى دەستەك قىلىپ ئاكامنىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتىلە، ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدىما؟ بىلىپ قويسىلا، ياخشىلىق بىلەنمۇ، يامانلىق بىلەنمۇ روشەنگۈل بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان!
— ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ئىپلاس.
— يامىنى كەلسە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرالا، يا ھازىرلا چىقىپ كېتەيمۇ؟ ئاشخانىلارغا يالالانسامۇ، قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىسەممۇ جېنىمنى باقالايمەن. ئاكام بىلەن ئىككىمىز چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كەتسەك، ئەتە ـ ئۆگۈن ساباھەتنى غۇلجىلىقنى تاپتىڭ دەپ ئۇنى ھەيدەپ چىقارسىلا، ئاندىن ماۋۇ قورۇنى ئۇكچە باشلىرىغا كىيىپ قالماملا، قانداق دېگەن بىمەنىلىك بۇ!

مۇئەتتەرخاننىڭ بىسى يانغانىدى. ئۇ قاپىقى ئۇششۇق ھارامزادىنى ئۆيگە ئەكىرگەنلىكىگە، سۆھبەتلەشكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، مۇئەتتەرخان ۋە گۈلسۇمخانلاردەك ئانىلارنىڭ بوزەك قىلىنىشى، دەشنەم بېرىپ دەردىنى چىقىرىش، ئانىلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۈزۈشى ئۇچۇن ئەنزەر، گۈلبانۇمغا ئوخشاش كونا ئەقىدە، قائىدە ـ يوسۇنلار رامكىسىدىن چىقالمايدىغان مۆمىن بىچارىلەر كېرەك ئىدى. بىراق، ئابدۇسەمەتتەك بۇرنى كۆپكەن، تاھەقچىلىككە چىدىماي يېرىلىدىغان، پادىشاھ، ئالىم ئىكەن دېمەي يۇزتۇرا ھۆركىرەيدىغان بۆرە تەبىئەتلىكلەر باشقىلارنىڭ قازغان ئورىسىغا پۇت ساڭگىلىتىپ بەرمەيتتى، قۇرغان قاپقانلىرىغا دەسسىمەيتتى.

— ھەي جوھۇت، ئانىنى قاقشاتقان، ئانىنى يىغلاتقان، ئانىنى خارلىغان ئادەم دوزىخى بولىدۇ، — ئاسانلىقچە كۆزىدىن ياش چىقمايدىغان مۇئەتتەرخان ئوغلىنىڭ ھەق سۆزلىرىدىن نومۇسقا قالدىمۇ، ئۆكتەملىك بىلەن يىغلاپ قارغاشقا باشلىدى، — ئاھ، خۇدايىم، پۇتلىشىپ ئۆلەرسەن، غايىب ئوققا نىسىپ بولارسەن، ئاغزىڭغا مىرەز چىقار، مېنى قاقشاتتىڭ دەمسەن، ئۆزۈڭگە يانار، ئىلاھىم.

— قارغىسىلا، ئانا، قارغاۋەرسىلە، ئۆز باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالىسىغا ئۆلۈم تىلەپ قارغىغان ئانىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، — ئابدۇسەمەتنىڭ تەلەپپۇزى بارغانسىرى قاتتىقلاشتى، — توغرا، ئانىلار ئۇلۇغ. شۇڭا، مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز: «جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دېگەن. بىراق، شۇ ئۇلۇغلۇق: ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇش، ئاق سۈت بېرىپ بېقىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا

ئاشۇرۇش، قىز ـ ئوغۇللىرى خۇشال بولىدىغان پاك ئىشلارغا ھەمقان بولۇشتا كۆرۈلمەمدۇ. لېكىن، سىلىچۇ؟

— يوقال، نىجىس، ماڭا نەسىھەت قىلىپ ۋارۇھا ئوقۇغۇچە ئۇمىچىڭنى ئىچ، پىتىڭنى چاق، — پۇتۇنلەي سۆزدە تۇتۇلۇپ قالغان مۇئەتتەرخاننىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ چالۋاقاپ كەتتى، — ۋۇ زوۋانىڭ تۇتۇلغۇر ئىمانسىز، ئىلاھىم ئۆلۈكۈڭ كوچىدا قېلىپ ئىتلارغا يەم بولارسەن، قاغا ـ قۇزغۇن كۆزلىرىڭنى چوقار، بەدەنلىرىڭ قۇرتلاپ، قارىچۇقلىرىڭ پىلدىرلاپ قالار.

ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەيتۇ دېگەندەك، مۇئەتتەرخان ئاشۇ رەڭگارەڭ قارغىشلىرىنىڭ بىرەرىنىڭ ئەمەلدە كۆرۈلۈشىگە ئۆزىمۇ ئىشەنمەيتتى ھەم كۆرۈلۈشىنىمۇ خالىمايتتى. ئەمىسە نېمە ئۇچۇن ئۆزىنى بىئارام قىلىپ شۇنچىۋالا ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ؟ ئەلۋەتتە باشقىلارنى ئورۇنسىز تىللاپ، قارغىسا ئىماندىن ئازىدۇ، دېگەن ئىبرەتلىك سۆزىمىزمۇ بار. بولدىلا بۇلارنى بىزمۇ ئەزۋەيلەپ كەتمەيلى. پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان: «ئۆگەنگەن خوي ئۆلگۈچە چىقماس» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا بەس.

## 11

گۈلبانۇم ۋاقتى ـ قەرەلى توشماي تۇرۇپلا قىز تۇغدى. گۈلسۇمخان ئۇنى بالىسى بىلەنلا ئۆيىگە ئەكېلىۋالغىنىغا بىر ئاي بولۇپ قالدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە مۇئەتتەرخان ئىككى قېتىم كېلىپ غوۋغا كۆتۈردى. ھەر قېتىمدا دەرۋازا ئالدى، تام قوشنىلارنىڭ ئۆگزىلىرى تاماشا كۆرۈۋاتقانلار بىلەن تولدى، ھەتتا ئۇششاق بالىلار تام ئۇستىلىرىگە مىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. مۇئەتتەرخاننىڭ تىلى شۇنچە زەھەر بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان گۈلبانۇم

www.uyghurkitap.com

قوقاسىنى پۇچىلانغاندەك بولۇپ كەتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئەنزەر بىلەن قاچقىنىڭغىمۇ مىڭ تويدى. مۇئەتتەرخاننىڭ ئالىقانلىرىغا قارىسىلدىتىپ ئۇرۇپ تۇرۇپ:

«ھەي قەلەندەر ـ دىۋانىلەر، قىزىڭ دېگەن يۈزلۈك ئازدۇرمىغان بولسا، ئوغلۇم مۇشۇ يولغا ماڭارمىدى؟ قىزىمنىڭ يۈزىنى ئېچىۋالاي بىر ھەپتىلىك، دېيىشتىڭ، ماقۇل، دېدىم. كېيىن ئوغلۇمنىڭ پۇلىغا كۆزۈڭ قىزىرىپ بىر يىللىق، دەپ يالۋۇردۇڭ، ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ، دەپ قورسىقىمنى كەڭ تۇتتۇم. ئەمدى يەنە قاچانغىچە ئارقىغا سۈرىسەن ـ ھە؟ بىلمەن سەن خەقنىڭ نىيىتىنى! ئوغلۇمنى شىلىپ يەپ، گادىسا ـ جىسا قىلمىغۇچە نەپسىڭ قېنىشمايدۇ...» دېگەن بۇ سۆزلىرى ھەرقانچە غۇرۇرسىز، يوقسۇزلۇق ئازابىدىن ۋىجدانىنى يوقاتقان كۆك نامراتنىمۇ قان سىيدۇرۇۋېتەتتى. سۆڭەكتىن سۆڭەككە ئۆتۈپ، يۈرەكنى خۇن قىلىۋېتىدىغان بۇ خورلۇقلار گۈلسۈمخان ئائىلىسىنى، بولۇپمۇ گۈلبانۇمنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى يەرگە ئۇرۇپ باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. ئەمدى ئەنزەر بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە ئولتۇرغىلى بولسۇن؟ «بوپتۇلا، ئاڭلىمىغان ـ كۆرمىگەن بولاي» دەپ يەنە قاچسا، مۇئەتتەرخاننىڭ دېگەنلىرى راستقا ئايلانمامدۇ؟ ئۇ چاغدا گۈلبانۇم ئەنزەرنىڭ پۇلىغا، مېلىغا، ھۆنىرىگە كۆزى قىزىرىپ، ئۇنى ئازدۇرغانلىقىغا ھەممە خەق ئىشىنىدۇ. مۇئەتتەرخان ئاسماقچىلاپ بېسىپ كېلىپ ئاپىسىنى قىيىن ھالدا قويىدۇ. ئۇ چاغدا گۈلسۈمخان نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋالسىچۇ؟ ئەمدى... ئەمدى ئاجرىشىپ كەتسە بولغۇدەك. بۇ قارا تەقدىرگە ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق ئوخشايدۇ.

بۇ چاغلاردا ئەنەيتۇللا ئىچكىرىدىن مال ئەكېلىشكە كەتكەنىدى. ئەمما، مۇئەتتەرخان ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئانچە كۆكەرمىلىك قىلالمىدى. چۈنكى، ئەسقەر ئەنەيتۇللا

ئېلىپ بەرگەن تىراكتورغا كوزۇپىنى سۆرىتىپ كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدا غالۋاراۋاتقان خوتۇنىنىڭ سەت تىللىرىنى ئاڭلىدى ـ دە، قاياقتىندۇر قولىغا چىقىپ قالغان يوغان تاياقنى ئېلىپ ئۇنى ھويلا ئىچىدىلا سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلىدى. مۇئەتتەرخاننىڭ دۈمبىسىگە بىر ـ ئىككى تاياق تېگىشى بىلەنلا قورقۇپ، چىرقىراپ توپلاشقان ئادەملەر ئارىسىغا قاچتى. شۇ ئەسنادا بىرنەچچە ياش باللار ئەسقەرنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. مۇئەتتەرخان بولسا قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. گەرچە ئەسقەر ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە ئەسقاتقان بولسىمۇ، لېكىن كەچ تەرەپتە ئايىسى بىلەن گۈلبانۇمنى تىللاپ باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. گۈلسۇمخان شۇنچە قاتتىق ھاقارەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق كۆڭلىدە خۇش بولدى. چۈنكى، بۇ، گۈلبانۇم ئۈچۈن بارلىق كۆرسىتىپ بولۇپ، ھەرقانداق پەند ـ نەسىھەتلەرنى بىسىپ چۈشىدىغان ئەمەلىي ئاگاھلاندۇرۇش، سەسكەندۇرۇش سىگنالى ئىدى. ئەسقەرنىڭ ئۆز ھەدىسىنى: «بۇزۇق، رەسۋا، شاپاقچى، ئەنزەرنىڭ يۈندىسىغا دۈم چۈشكەن جالاپ...» دېگەندەك پاسكىنا تىللىرى گۈلبانۇمنىڭ پاك ـ غۇبارسىز يۈرىكىگە مىخ قاققاندەك ئازابلاندى.

دەرۋەقە بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ، ياق، ئىككى خوتۇننىڭ مەنمەنلىك، يۈرتۋازلىق جېدىلى قارار تاپىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. گۈلبانۇمنىڭ قەرەلى توشماي تۇغۇپ قويۇشىغىمۇ مۇشۇ ئىككى ئانا سەۋەب بولدى. گۈلسۇمخان كۈندە دېگۈدەك بېرنۆۋېلىپ ئاھانەت قىلىپ، ھادىلنى ماختاپ، ئەنزەرنى تىللاپ ئېغىربوي ئايالنى ئارام ئالدۇرغىلى قويمىدى. بالىنىڭ نورمال يېتىلىشىگە ئىمكان بەرمىدى. ئايىسى كەتكەن ھامان ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىلىپ چىققان ياشنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمىگەن گۈلبانۇم دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تاماق گېلىدىن ئۆتمەيتتى. ئەنزەر يالۋۇرۇپ، خاپا بولۇپ تۇرۇۋالغاندىلا، ئېرىنىڭ كۆڭلى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ئازراقلا بىرنېمە يەپ، بولدى قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ تېزلا جۇدەپ كەتتى، ماغدۇرسىزلىنىپ بېشى قايايتتى، كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلبانۇم ئۆيىدە يالغۇز ماشىنىدا ئىش قىلىۋاتاتتى، مۇئەتتەرخان كىرىپ كەلدى. گۈلبانۇمنىڭ ئاجىز يۈرىكى خۇددى بۆرىدىن ئۈركۈگەن قوي تويىدەك تەرتىپسىز ئۇرۇپ، چىرايى پەنجىرە قەغىزىدەك ئاقىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئارانلا ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالام، — گۈلبانۇم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، — كەلسىلە، ئاپا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

مۇئەتتەرخاننىڭ خۇدا سالىمى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. ئۇ قوش كىشىلىك كارىۋاتقا سىپلىنىغان تېكمەت كىگىزگە، تامغا ئېسىپ قويغان يىپەك ئەدىيالغا، ساندۇق ئۈستىدىكى تور يېپىلغان يوتقان ـ كۆرپىلەرگە بىر قۇر ئالىيىپ چىققاندىن كېيىن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلبانۇم چاي قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇ: «بولدى ئۇسسىمىدىم، مەن چاي ئىچكىلى كەلمىدىم» دەپ خۇددى ئۆچكە هويلىغا كىرىپ بولغۇچە پۇرىقى ئۆيگە كىرگەندەك، كېلە ـ كەلمەيلا غودۇدۇڭ گەپلىرىنى باشلىدى:

— هە، ۋاقتىمىز قاچان توشىدۇ؟ — مۇئەتتەرخاننىڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى.

— ماي ئېيىنىڭ بەش ـ ئالتىلىرىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن...

— ئەنزەر بىلەن قانداق مەسلىهەتكە كەلدۇق؟

گۈلبانۇم قېيىنئانىسىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇنىڭ بىر يىللىق سۈرۈكنى ئەسكە سالغىلى كەلگەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى. گۈلبانۇم دەرمەهەل نېمە دېيىشنى بىلمەي، تەمتىرەپ قالدى.

— هە، زوۋانىمىز تۇتۇلۇپ كەتتىمۇ؟ ئەنزەردەك يانچۇقىدا پۇلى بار، قولىدا گۈلدەك هۈنىرى بار يىگىتكە پايلىماي

قالدۇقما؟ — مۇئەتتەرخاننىڭ بىردىنلا ئاغزى بىزەپلىشىشكە باشلىدى، — بىرنېمىمىزنى جۇپ يۇمىلاق قىسىپ، ئاۋۇ ھارامىلىق چۈشكەن ھامان بىر تەرەپ بولىلى، بولمىسا ئىككىڭلىگە ياخشىلىق يوق.

— ئەمدى... ئەمدى... ئەنزەر ئۇ...

— ھە، ئۇ ئاجراشمايمىز دېگەنىدى، — گۈلبانۇمنىڭ باش لىڭشىتقىنىنى كۆرگەن مۇئەتتەرخاننىڭ چىرايى بىراقلا ئۆزگەردى، — پوقنىڭ ئىسسىقىنى يېيىشىپسەن، سەنمىچۇ، پوتلا - مىشقىڭنى ئېقىتىپ، نايناقلاپ، غىلجىڭلاپ، قەستەن سۈۋىنىپ ئەر كىشىنى ئۆزۈڭگە قارىتىشقا، شەيتىنىنى قوزغاشقا ئۇستا نېمىكەنسەن، بولمىسا ئەنزەر ئۇنچىۋالا يېنىك بالىلاردىن ئەمەس ئىدى.

— ۋيەي نېمە دەۋاتىدىلا؟ مەن ئۆمرۈمدە ئاڭلىمىغانلا گەپلەر ئىكەنغۇ بۇ... — گۈلبانۇم تۇيۇقسىزلا ئۆزگەردى. ئۇ ئىككى ئالىقىنىدا قورسىقىنى تۇتقانچە، خىش يېيىتىلغان يەردىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سېرىق سەبدە گۈلدەك سارغىيىپ، كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەن مۇئەتتەرخان ئاستىلا چىقىپ كەتتى.

... قىزى ئالىنۇر (بالا تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنى گۈلسۇمخان مەسچىتنىڭ ئىمامىنى چاقىرىپ كىردى. ئۇ ئەزان قىچقىرىپ ئېتىنى قويغانىدى) تۇغۇلۇپ قىرىقى توشمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن گۈلبانۇم قىزىنىڭ لاتىلىرىنى يۇيۇۋېتىپ مۆل - مۆل يىغلىدى. توۋا، بۇ دۇنيادا ئىچ كۆيەر ئادەم قالماپتۇ. ئاپىسى ئاغزى بېسىقماي ئاجراشقىن دەپ تىللىسا، دادىسى مەرۇپ چېغىدا دېمىگەن - ئەتمىگىنى قالمىدى. ئىنىسى ئەسقەر بولسا ئۆمرىدە ئاڭلىمىغان قاباھەتلىك تىللار بىلەن ھاقارەتلىسە، مۇئەتتەرخان ئوغلۇمنى ئازدۇرغان بۇزۇق دەپ خورلىسا، زادى بۇ دۇنيادا ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىغان بىرەرسى چىقماسمۇ؟ ھەر ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە مەيلى

بار ئىكەن، خۇدا سالغان كۆڭۈل ئىكەن دەيدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىسا، زادى بۇ نېمە تارتقۇلۇق؟ مانا ئەنزەر بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟ ياكى ئۇمۇ گۈلبانۇمدەك ئىسكەنجىدە قېلىپ ئاھ ئۇرۇپ يۈرەمدىكىن؟ نېمىشقىمۇ سەھرادىن قايتىپ كەلگەن بولغىيدى؟ ئاشۇ دىلكەش، ساددا، خۇش پېئىل دېھقانلار ئارىسىدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ كەلمىسە، شەھەرنى، شەھەرلىكلەرنى كۆرمىسە، شەھەردىكى ھىيلە - مىكىر، قاقتى - سوقتى، ھارامزادىلىكلەردىن خالىي ياشىسا، جەننەت ھۆزۈرى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تىنچ» دەپ خويمۇ توغرا دەپتىكەن.

بۇ كېچە گۈلبانۇم زادىلا ئۇخلىمىدى. ئېغىر ھاردۇق يەتكەن گۈلسۇمخان قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنىدى. تۈن نىسپى بولاي دېگەندە ئۆگزىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى چالما چۈشتى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان گۈلبانۇم چىقايمۇ، چىقمايمۇ دېگەندەك ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى. چۈنكى، مۇئەتتەرخاننىڭ خەلقئالەم ئالدىدا قىلغان ھاقارەتلىرى ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى. بىراق يۈرەك، ئوقۇرىنىڭ ھىدىنى ئالغان توسۇن ئاتتەك تېپچەكلەپ قويمايتتى. شۇ چاغدا ئۆگزىدە «بوك» قىلىپ يەنە بىر قېتىم شەپە بەردى. بۇ ئەنزەرنىڭ تەقەززالىق ئىچىدە ساقلاۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. گۈلبانۇم ئاۋۋال بوشۇككە قارىدى، بوۋاق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئاپىسى بولسا ھېچنېمىنى تۇيمايدىغاندەك بوش خورەك تارتىۋاتاتتى. گۈلبانۇم چاپىنىنى كىيدى - دە، يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە تېلىقىپقىنا ئىشىك تەرەپكە تىمىسقىلاپ ماڭدى. سىرتتا يامغۇر بىر خىلدا سىمىلداپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپ بولغۇچە ئەنزەر ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئۇلارنىڭ نەپەسلىرىلا قوشۇلۇپ قالماي، بەلكى كۆز ياشلىرىمۇ بىر - بىرىگە سۇۋۇشۇپ، ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇلار

شۇ تەرىقىدە بىر ھازا ئۇن ـ تىنسىز ئايرىلماي تۇرۇشتى.

— ئاھ، گۇلبانۇم، مېنىڭ پەرىشتەم، بۇ دۇنيادا بارمۇ سىز؟ — ئەنزەر نەپەس يېتىشتۇرەلمەي ئېغىر ھاسىرايتتى، — مەن سېغىنىش ئىسكەنجىسىنىڭ قاتتىق سىقىشىغا ئۇچرىدىم. سىز مېنىڭ كۆزلىرىدىمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭىز، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز، كۆزلىرىڭىز، سەرۋىدەك بويلىرىڭىز، تاتلىق قىلىقلىرىڭىز، ھەتتا ئاچچىقلاشلىرىڭىزمۇ تۇتىيا بىلىنىپ كەتتى.

ئەنزەر ئەنقارنىڭ سۇتىدەك تۇتىيا بىلىنگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تويماي ـ تويماي سۆيەتتى. كۆزلىرىدىن بولسا جۇدالىق ياشلىرى تۆكۈلەتتى. گۇلبانۇممۇ «ئاجرىشىپ كەتسەم بولغۇدەك» دېگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ، ئېرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئەگەر مۇمكىن بولسا ھازىرلا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ، ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ يىغلىسا، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلسا، زادى نېمە ئۇچۇن؟ دەپ سورىسا، قورساق كۆپۈكى بوشاپ قالارمىدىكىنتاڭ؟

يامغۇر بارغانسېرى ئىتتىكلەپ يېغىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇلار بىر تۇپ يۇمىلاق سېدىنىڭ تېگىدە بولسىمۇ، ئۇستىۋاشلىرىغا يامغۇر تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئەنزەر چاپىنىنى سېلىپ، ئايالىنى يۆگەپ قويدى. ئۇ گۇلبانۇمدىن ئايرىلغان ئوتتۇز نەچچە كۇندىن بېرى ئانىسىنىڭ رەھىمسىز ئالىقانلىرىدا ئېزىلمەكتە ئىدى. مۇئەتتەرخان ئۇنىڭغا ئاشخانىدىكى گۇلنىسا بىلەن توي قىلىسەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەنزەر رەت قىلغانسېرى ئانىسى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە بارغىلى، ئاشخانىدا ياتقىلى قويماي ئىنىسىنىڭ ھۇجرىسىغا سولاپ قويدى، ھەتتا دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن قۇلۇپلاپ ئاچقۇچىنى ئەكىرىپ كەتتى. ئاكا ـ ئىنى بىللە ياتقان كۇنلەردىن باشلاپ ئابدۇسەمەت ئاكىسىغا دادىل بولۇش، قورقماسلىق، ئادەمدەك ياشاش ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. بىراق، ئەنزەر: «ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، قىلاي دەپمۇ ئوخشىتالمايدىكەنمەن» دەيتتى. راست، كىچىكىدىن تارتىپ

دادىسى: «ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇش، ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇش، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش مۇقەددەستۇر، بولۇپمۇ ئانىنى رەنجىتسە خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ» دېگەندەك پەند ـ نەسىھەتلىرىنى قىلاتتى. ئانىسى بولسا: «باشتاق يۈرسەڭ يامان بولىدۇ، ئۆرە تۇرۇپ سىيسەڭ يامان بولىدۇ، ئاغزىڭنى ئېچىپ ئەسنىسەڭ يامان بولىدۇ، خەققە ئالايساڭ يامان بولىدۇ، بۇرنۇڭنى كوچىلىساڭ يامان بولىدۇ...» دېگەندەك ئايىغى چىقماس «يامان بولىدۇ»لارنى ئۆگەتتى. «قورقماس بول، جۇرئەتلىك بول، چەبدەس بول، ئەركىن بول، بوزەك بولما، بىركىم بىرنى سالسا، سەنمۇ كەلتۈرۈپ ئىككىنى سال، جىددىيلىكنى تالادا تۆكۈپ كىر، ئوغۇل بالىدەك قەيسەر بول...» دېگەنلەرگە ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بەكمۇ نامرات ئىدى. دەر ھەقىقەت ئەنزەرنىڭ «ئادەتلىنىپ قاپتىمەن» دېگىنىمۇ، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا قانلىرىغا سىڭگەن نۇرغۇنلىغان تەتۈر نەسىھەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇڭا، ئابدۇسەمەتنىڭ قايناپ سۆزلىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كەچ ئاشخانىدا ئىشلەۋېتىپ، پىچىرلاپ تۇرۇپ خېلىلا قاتتىق گەپ قىلىۋەتتى:

— ئاكا، ئۇياقتا گۈلبانۇم ئاچامنى قىيناپ، بۇياقتا ئۆزۈڭنى ئازابلاپ، قاچانغىچە لىڭگىرتاقتاق ئوينايسەن؟ ئاخشاملىقتا سەن مېنىڭ مۇرەمگە دەسسەپ كوچىغا چۈشكىن، ئاندىن بىر ئامالىلاپ ئايالىڭ بىلەن كۆرۈش، ئۇ قوشۇلسا، يېتەرلىك پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىڭلار.

گۈلبانۇمنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئەنزەر مۇشۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۆزىگە سادىق ئىنىسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلىمەكتە ئىدى. توغرا، بۇ ۋىسالغا ئاشۇ دىلكەش يىگىت مۇشەررەپ قىلدى.

— ئابدۇسەمەت ۋىجدانلىق، تۇرگۇن، ئاق كۆڭۈل بالا، — گۈلبانۇم ئېرىگە قايرىلىپ قارىدى ـ دە، ئۇنىڭ ھۆل يۈزلىرىنى ئالىقىنىدا سۈرتتى، — نېمە، ئەنزەر، سىزمۇ يىغلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، يامغۇر ئوخشايدۇ... — ئەنزەر بۇرنىنى تارتىپ،

ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، — گۈلبانۇم، بىز يەنە قاچايلى. بۈگۈن مۇشۇ ئىشنى مەسلىھەت قىلغىلى كەلدىم.

— قاچايلى؟ — گۈلبانۇم باش ئىرغىتتى، — بولمايدۇ، ئەنزەر، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئۆي تۇتقۇدەك ئىمكانىيىتىمىز قالمىدى. بۇنداق قىلساق ئاپامدىن ئايرىلىپ قالىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئاپىڭىز ئۆيىمىزگە كېلىپ ماڭا دېگەنلىرى، ھويلىمىزغا بېسىپ كىرىپ دېگەن گەپلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— ئىككى نۆۋەت بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئابدۇسەمەتتىن ئاڭلىدىم. لېكىن، بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كىرگەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.

— مەن پوتلا - مىشقىمىنى ئېقىتىپ، نايناقلاپ، غىلجىڭلاپ، قەستەن سۇۋىنىپ، شەيتىنىڭىزنى قوزغاپ سىزنى ئازدۇرۇپتىمەن. بۇ نېمىدېگەن سەت گەپ، نېمىدېگەن خورلۇق، نېمىدېگەن ناھەقچىلىك؟! بۇ قېتىم يەنە قاچسام ئاپىڭىزنىڭ دېگەنلىرى راستقا ئايلانمامدۇ؟ تېخى ئۇنىڭ ھويلىمىزدا دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، تىرىكلا گۆرگە كىرىۋالغۇڭىز كېلىدۇ. بىز ئاپىڭىزنىڭ نەزىرىدە سىزنىڭ پۇلىڭىزغا كۆزىمىز قىزىرىپ، ھەپتىلىك توينى بىر يىلغا سۇرگەن قەلەندەر - دىۋانىلەر بولدۇق. سىزنى شىلىپ يەپ گاڭسا - جىنسا قىلمىغۇچە نەپسىمىز قانمايدىغان نىيىتى يامان ئادەملەر بولۇپ قالدۇق. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە قاچسام ئاپىڭىزنىڭ ئاغزىدىن يەنە قانداق پاسكىنىچىلىقلار ئاقار؟ ئۇ چاغدا بار كەلگۈلۈك ئاپامغا كېلىدۇ.

ئەنزەر نومۇس قىلغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، بۇنچىلىك بىشەملىك، ھازازۇللۇق قىلىپ رەسۋايىئالەم بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ تىل - ئاھانەتلىرى ئادەتتىكىدەك: «ئاناڭ - قىزىڭ» بولماي، بەلكى ئادىمىيلىك

خىسلەتكە يۇندى چاچىدىغان، ئىنسانلىق غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان قاباھەتلىك ھاقارەتلەر ئىدى.

— گۈلبانۇم، ئانام ئۇچۇن مەن سىزدىن يىنىش — يىنىشلاپ ئەپۇ سوراي، ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۇناھ سەۋەنلىرىمنى تونۇي، — چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە قالغان ئەنزەرنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى، — توغرا، ئانامنىڭ قىلغانلىرى ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ياۋايىلىق. بۇنىڭ ئۇچۇن سىز، ئاپىڭىز، ئائىلىڭىز ئالدىدا ئۆزرىلىكمەن. ئۇلارنى دېسەك ئۆي تۇتمىساق، ئايرىلىپ كەتسەك بولىدۇ. ئەمما، بىر بالىمىز بار، ئىسسىق ماكانىمىزنى بۇزمايلى.

— دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا، بىر ماكان قۇرماق ئاسان ئەمەس، شۇنداقتىمۇ... — ئەنزەرنىڭ مۇلايىم، مىسكىن چىرايىنى، يۈزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرۈپ، گۈلبانۇمنىڭ ئېرىگە ئىچى ئاغرىپ قالدى، — ئاپام بىچارىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن.

— مەن سىزنىڭ قەدرىڭىزگە يېتەي، ئاسراي، يوقسۇزلۇق تارتقۇزماي، ئۆزۈم يېمىسەم، كىيمىسەم مەيلىكى، سىزنى يەرگە قاراتماي، — ئەنزەر يېلىنماقتا ئىدى، — ئۆزىڭىزگە ئايان، سىزدىن ئايرىلغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى، مەن سىزگە چىدىمايمەن.

— مەنمۇ سىزگە پايلىمايمەن، — گۈلبانۇم بىردىنلا يىغلاپ ئېرىنى قۇچاقلىۋالدى، — راست، سىزدىن ئايرىلسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن؟

— ئەمىسە بىر قارارغا كېلىلى، ئەگەر ماقۇللا دېسىڭىز ئەتە بالىغا، سىزگە كىيرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ مۇشۇنداق ۋاقىتتا كېلىمەن. سەمەندەركامنىڭ قېشىغا، ئەگەر مەيلىڭىز تارتمىسا ياقا يۇرتلارغا، ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاشخانا ئاچىمىز.

— ئۆيلىنىپ باقسام بولمامدۇ؟ — گۈلبانۇم يەنىلا

ئاپىسىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— ئۆلگۈرمەيمىز، ماڭىمۇ ھەددى - ھېسابسىز بىسىم بولۇۋاتىدۇ.

كۆپ پېشكەللىكلەردىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان گۈلبانۇم ئېرىنىڭ سەمىمىي چىرايىنى، ئەھدە - ۋاپا يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئېرىپ قالدى.

— بوپتۇ، مەنمۇ كېيىم - كېچەكلىرىمنى چىگىپ سومكىغا سېلىپ قوياي. ھە راست، بالىنى زاكىلايدىغان تىۋىتلىق بالا كۆرپىسىدىن بىرنى، سۈت پاراشوكى ئېلىشنى ئۇنتۇماڭ. مەن كىرىپ كەتتىم. ئاپام ئويغىنىپ قالمىسۇن.

گۈلبانۇم ئېرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ئىتتىكلا ھويلىغا ئۆزىنى ئالدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئاچقاندىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ سۇپىغا چىقتى - دە، ئورنىغا كىرىپ ياتتى. ئاپىسى قانداقتۇر شەپىنى سەزگەندەك قىمىرلاپ قويۇپ جىم بولدى.

گۈلسۇمخان سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپ چىراغنى ياقتى - دە، بىرىنچى بولۇپ گۈلبانۇمنىڭ لاي بولۇپ كەتكەن بەتنىكىسىگە سەپسالدى. ئۇ ئېغىر پۇشۇلداپ قاپىقىنى تۇرگىنىچە، يوتقانغا پۇركىنىپ ئۇخلاۋاتقان قىزىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ناشتا قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەرەتخانىغا چىققان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىنى بەزلىگەن بولسىمۇ، ئېنىق بولمىغان بىر گۇمان ئۇنى بىئارام قىلىپ تۇراتتى.

سىرتتا يامغۇر توختىغان بولسىمۇ يەرلەر ئىتۈپ پاتقاق بولۇپ كەتكەنىدى، گۈلسۇمخان پېشايۋاندا تىكلەكلىك چوڭ چىغ سۇپۇرگىسىنى مورىسىگە سېلىپ چىقىشى ھامان دەرۋازا ئالدىدىكى بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىز بويلاپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، سىبدە تۈۋىدىكى ئادەم ئايىغى پېتىقلىۋەتكەن ئىزلارنى كۆردى. شۇندىلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق قاپلىۋالدى، بۇ بىئاراملىق يول بويى داۋاملاشتى...

«قىز بالا دېگەننىمۇ باقىدىغان نېمىمۇ، ئۆزىگە شۇنچە خورلۇقلارنى كەلتۈرگەن، ئادەم قاتارىدا ئەمەس، بەلكى ئىت ـ ئېشەكتىن بەتتەر كۆرۈپ، يۈزىگە نىجاسەت سۈۋىغان ئادەملەرگە يەنىلا پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرسا، پەرۋانىغۇ كۆيۈپ ئۆلۈشنى بىلىپ ـ بىلمەي سەدىپارە بولىدىغاندۇ، لېكىن شۇنچە ئەقىللىك، زېرەك، قولى چېۋەر بىر قىزنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشىنى نېمە دېسە بولار؟ ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان جۇۋاينىمەك، ئەگەر قېيىنئاناڭ «پوتلا، ناينىاق، غىلجىڭ، ئەرلەرنى ئۇسسۇلغا سالىدىغان شەيتان...» دەپ يۈزۈڭگە يۈندى چاچمىغان بولسا، ئاياغ ئاستىدا كۈچۈكتەك ئۆمىلەمتىڭ؟ ئاسلاندەك سۈۋىنىپ مىياڭلاپ بېرەمتىڭ؟ خۇدايا توۋا، بۇ زاماننىڭ قىزلىرىغا نېمە بولغان؟! بىر چاغلاردا، قىز بالا تېگىدىغان ئېرىنى كۆرمەي تۇرۇپ تالالىق قىلىناتتى. شۇلارمۇ يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆي تۇتۇپ، بالىچاقىلىق، نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولىدىغان. مانا ئەمدى ئەركىن مۇھەببەت دېيىشىپ، قىز ـ ئوغۇللار كوچىغا يالىڭاچ چىقىپ كېتەمدۇ، نېمە؟! نېمىدېگەن قېلىن ـ هاياسىز بولۇپ كەتكەن بۇ باللار.»

گۈلسۇمخان بىردە پىچىرلاپ، بىردە ئىچىدە تىللاپ مەدرىسە ئالدىغا كېلىشىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان رابىيەم دېگەن ئايال ئەخلەت هارۋىسىنى تۇتۇپ ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئالدىدىن ستالىن كوچىسىغىچە بولغان چوڭ يولنى سۈپۈرۈپ تازىلايتتى. رابىيەم گەرچە قىرىق بىر ياشقا كىرگەن بولسىمۇ چېكە چاچلىرى ئاقارغان، يۈز ـ پېشانىلىرىگە قورۇق چۈشكەن، كۆزلىرى هارغىن ئايال بولۇپ، سەككىز يېشىدا دادىسى بىلەن قەشقەردىن چىققانىدى. ئۇنىڭ قىرىق تۆت ياشلىق ئېرى، سىن ـ سىپاتى قاملاشقان، چاسا يۈزلۈك، قارا قاشلىق ئۆمەرجان گەلەنتىر بازىرىدا رەخت، كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاچاتتى. غۇلجىلىق ئۆمەرجان ئويۇن ـ چاقچاق، ناخشا ـ سازلارغا هېرىسمەن ئادەم ئىدى. گۈلسۇمخان بەش يىلنىڭ

ئالدىدا رابىيەم بىلەن مۇھەت ئاسراش ئىدارىسىگە تەڭ ئىشچى بولۇپ كىرگەن. ئۇ چاغلاردا رابىيەم شوخ، گەپدان، قىزنقچى بولۇپ، چاچلىرى قاپقارا، كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. لېكىن، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا خۇددى بىر كېچىدىلا تۇگمەندىن چىققاندەك چاچلىرى بەكمۇ تېز ئاقىرىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ پات ـ پاتلا: «ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا چاپچىپ تۇرغان شوخ چوكان ئىدىم، مانا ئەمدى موماي بولدۇم» دەپ ھەسرەتلىنەتتى. لېكىن، ئۇ سىرىنى ھېچكىمگە دېمەيتتى.

— ھەدە، — دېدى رابىيەم گۈلسۈمخانغا زەن سېلىپ، — چىرايىڭىز بىر قىسمىلا تۇرىدىغۇ؟ ئۆيىڭىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولدىمۇ؟

— ياقەي، رابىيەم، — گۈلسۈمخان ئېغىر خورسىندى، — يەنە شۇ گۈلبانۇمنىڭ دەردى بولمامدۇ.

— مۇئەتتەرخان دېگەن ھازازۇل خوتۇن يەنە كەلدىما؟

— ئۇ خوتۇننىڭ گېپىنى قىلماڭە زادى. ئىسمىنى ئاڭلىساممۇ يۈرىكىم سۇ، يۈرۈڭ ئىشنى باشلايلى.

ئۇلار بەلگىلەنگەن كوچىنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھارۋا بىلەن توشۇپ بولغۇچە كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى. رابىيەم گۈلسۈمخاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىدى، قىزىنىڭ ئاخشامقى ئىشىدىن كۆڭلى ئارامىدا يوق بۇ ئانا ئۆزرە ئېيتىپ ئۆيىگە قايتتى. ھېلىمۇ ياخشى بېدە بازىرىدا ئەسقەر يولۇقۇپ گۈلسۈمخاننى تىراكتورغا سېلىۋالدى. ئۇ تاڭ سەھەردە بىر قېتىم قاتناپ، ئەمدى ئىككىنچى قېتىم خۇمدانغا ماڭغانىدى. ئەنەيتۇللا ئاكىسى ئېلىپ بەرگەن بۇ تىراكتور گەرچە بىرەر يىلدەك ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسكەتىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ئەسقەر ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك سۈرتۈپ تازىلايتتى.

— سەن ئىشقا ماڭغاندا گۈلبانۇم ھەدەڭنى كۆردۈڭمۇ؟ — سورىدى گۈلسۈمخان ئەنسىرىگەندەك تەلەپپۇزدا، — ئورنىدىن تۇرۇپتىكەنمۇ؟

— چاي ئىچكىلى كىرسەم، كىيىملىرىگە دەزمال سىلىنىۋېتىپتىكەن.

گۈلسۈمخاننىڭ يۈرىكى «قارتلا» قىلىپ، چىرايى شۇ زامان ئۆڭدى. شۇنداقتىمۇ، ئەسقەرنىڭ ئالدىدا چاندۇرمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «مەن بارغۇچە بارمىدۇ ياكى يەنە قاچقانمىدۇ؟ ئەنە ئەر كېچىدە بىكارغا كەلمىگەن - دە» دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى.

— ئاپا، گۈلبانۇم ھەدەم ئاجراشسا، بالىسىنى ئاشۇ خەققە بېرىۋېتەرمىز؟

— بالام، بۇ دېگەن قانۇننىڭ ئىلكىدىكى ئىش، بىزنىڭ ھۆرۈ - پۆرۈ دەيدىغانغا ھەددىمىزمۇ.

— ئەگەر بىزگە بۇيرۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۇ شۇمنى ئاچىقىپ خەقلەرگە بېرىۋېتىمەن.

— يوق يېمە، ئۇ دېگەن ھەدەڭنىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا.

ئەسقەر بوينىنى تولغاپ، غوتۇلدىغانچە تىراكتورنى دەريابويى مەھەللىسىگە قايرىدى. ئۇ ئاپىسىنى دەرۋازا ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئالدىدىكى تار يول بىلەن خۇمدانغا مېڭىپ كەتتى.

گۈلسۈمخان ئۆيگە كىرىپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. گۈلبانۇم قىزى ئالىنۇرنى بۆشۈكتىن يېشىپ قۇچىقىدا ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. بىراق، دەزمال سىلىنغان كىيىملەر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار چۈشتە لەگمەن ئېتىپ يېگەندىن كېيىن ئادىتى بويىچە ئۇخلىماي «پەزىلەتبۇۋىگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى» دەپلا چىقىپ كەتتى. بىراق، ئۇ تالاغا قارىغان دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن مارىدى، گۈلبانۇم ئىچكىرىكى ئۆيدىن قاتلانغان كىيىملەرنى سومكىغا رەتلەپ سالدى. ئاندىن ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، بالىنىڭ لاتا - پۇتىلىرىنى پۈرلەپ تىقتى. «يەنە نېمىلەر ئۇنتۇلۇپ قالدى» دېگەندەك بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، سومكىنى ساندۇق ئارقىسىغا يوشۇردى.

گۈلسۈمخاننىڭ ئۆپكىسى كانىيىغا كەپلىشىپ قالغاندەك، نەپىسى بوغۇلدى، قەھر - غەزىپى تاشتى. ئۇ كىرگەنچە گۈلبانۇمنىڭ كاچىتىغا نەچچىنى ئۇرغۇسى كەلدى - يۇ، ئەمما ئاچچىقىنى يۇتۇپ چاندۇرمىدى. چۈنكى، ئۇ مۇئەتتەرخاننىڭ چاچقان يۇندىسىنى ئوغلىنىڭ بېشىغا تۆكمەكچى بولغانىدى. قۇدىسىنىڭ زەھەردەك تىل - ئاھانىتى ھازىرغىچە ئۇنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ، كۆڭلىدىن چىقماي تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كەچكىچە ئوغا يەپ، يىڭنە يۇتقاندەك بىر خىل تىت - تىتلىق ئىچىدە يۇرسىمۇ قىزىغا ئالىيىپمۇ قويمىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، ئەسقەر تىراكتورنى ھويلىغا توختىتىپ قويۇپ، تامىقىنى يېدى - دە، ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەكبەر بولسا مەشچىلىك دۇكىنىدا ياتاتتى. گۈلبانۇم ئاپىسى بىلەن ئۆزىگە ئارىلىق قالدۇرۇپ ئورۇن سالغاندىن كېيىن چىڭ زاكىلانغان ئالىنۇرنى ئۆزىنىڭ يوتقىنى ئىچىگە ياتقۇزدى. قورسىقىدا بىر تاغار گۇمان ساراسىمىگە سېلىۋاتقان گۈلسۈمخان بۇ ئەھۋالدىن زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.

— بالىنى نېمىشقا بۆشۈككە تاڭمايسەن؟ پۇتى دوناي چوڭ بولۇپ قالىدۇ.

— بايا كۇلتۇكنى يۇيۇۋېتىپ سۇندۇرۇپ قويغانىدىم، — گۈلبانۇم يۈزىنى قاچۇردى، — كىگىزنى بۇلغىۋەتمىسۇن دېدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — گۈلسۈمخان ئىچىدە «قارا بۇ قاغجالمىنى، ئۆزى قەستەن سۇندۇرغان گەپ» دەپ ئويلىدى، — ئەمىسە ئۇخلا، مەنمۇ ھېرىپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

تارسلا قىلىپ چىراغ ئۆچۈرۈلدى. ئۆيئىچى گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ، گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. پەقەت پەردە تارتىلغان تالا دېرىزىسى غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتكەندەك قىلاتتى. بۇ كېچىدە گۈلسۈمخان بىلەن گۈلبانۇمنىڭ پۈشۈلداش، قەستەن تارتىلغان خورەكلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئانىسىدىن قىزى

سەگەك، قىزىدىن ئانىسى بەكرەك سەگەك ئىدى. ئۇلار ئاشۇ كۆلكىلىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىنى بىخۇدلاشتۇرماقچى بولۇشاتتى ھەم ئىككىلىسىنىڭ قورسىقىدا تۈزۈۋاتقان پىلانلىرى «غەلىبە» ھەققىدىكى خىياللىرى ئۆزگىچە ئىدى.

... گۈلبانۇم ئەنزەر بىلەن بۇ قېتىم قېچىپ كەتسە بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتەلەرمۇ؟ ياكى ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن سوغۇقچىلىقلار ئۇلارنى ئىلمان ئەر - خوتۇنلاردىن قىلىپ قويارمۇ؟! ناۋادا كېيىنچە گۈلبانۇم ئەنزەردىن، ئەنزەر گۈلبانۇمدىن سوۋۇپ قېلىپ بىر بالىنى قولتۇقلاپ يېنىپ كەلسە، ئاپىسى، ئاكىسى ئەنەيتۇلىلا ئالدىدا نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلارمۇ ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىدۇ. ئەبەدىلئەبەد ئەسقەرنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ، ئۇششاق سۆز خوتۇنلارنىڭ سېسىق گەپلىرىگە قالىدۇ. كەتمەي دېسە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىغا، ئېرىگە پايلىمايدۇ، بولۇپمۇ ھەممە ۋابالىلىق ئاپىسىغا بولىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە مۇئەتتەرخاننىڭ يامان تىللىرىغا، خورلۇقلىرىغا چىداپ كەلدى، لېكىن ئەل - مەھەللە ئالدىدا يۈزى تۆكۈلدى. بىچارە ئانا نېمىدىگەن كۆتۈرۈشلۈك، نېمىدىگەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. ئۇ بۇرۇن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. پەقەت قىزى ئۈچۈنلا ئۆزىنى قۇربان قىلدى. بۈگۈن كېچە ئەنزەر بىلەن كېتىپ قالسا مۇئەتتەرخان يەنە كېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆتكەندە قىلغان گەپلىرىنى ھەممە خەق راست ئىكەن، دېيىشىدۇ. ھەممە گۇناھ گۈلبانۇمغا ئارتىلىپ بالا تۇغۇپ، بالا چوڭ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن بىچارە ئانا تاپا - تەنىگە قالىدۇ. ئاھ، خۇدا، قانداق قىلسا بولار؟ بىرەر ئاسايىشلىق يول يوقمىدۇر؟! ئەگەر بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا مەڭگۈ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. نادان ئانا ھېلىقى پىيەنچۈك ھادىلىنى بىكارغا ماختاۋاتقىنى يوق،

كىم بىلىدۇ ئۇلار ھازىر گۈلبانۇمنىڭ سودىسىنى قىلىپ، قول قېقىشىپ، تونىنى پىچىپ قويدىمۇ؟ گۈلبانۇمنىڭ ئۇ توكۇرغا تەگكىنىدىن يەرگە تەگكىنى ياخشىراق. بېشىغنى يەيدىغان ماي گەدەن، چېلەككە نان چىلاپ، ئامبۇردا قىسىپ يەيدىغان سۆرۈن تەلەت، جاھاندا خوتۇن يوقتەك گۈلبانۇم بىلەنلا قالدا.

گۈلبانۇم ھادىلىنىڭ ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى بەتبەشىرە تەلەتىنى، خوتۇنىنى ئۇرغان ۋاقتىدىكى ياۋۇزلۇقلىرىنى، بىر پۈتى ئويماندا، بىر پۈتى دۆڭدە دىڭگۇسلاپ، مۇرىلىرىنى ئېگىز – پەس چايقاپ مېڭىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ: «ياق، ياق، ئەنزەر بىلەن كېتىمەن، ئۇ چاپسانراق كەلسىيدى» دەپ ئىچىدە زىكرى قىلدى. گۈلبانۇم ئاچال يول گىرۋىكىدە نەگە مېڭىشنى بىلەلمەي، ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈرەش قىلىپ، ئاخىر ئەنزەر باشلىغان يولغا تەۋەككۈل قىلغان مۇشۇ دەقىقىدە گۈلسۈمخانمۇ ئىچىدە خامچوت قىلىۋاتاتتى. قېنى ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن، كىملەر بىلەن قورساق ئۇرۇشى قىلىۋاتىدىكىن، ئاڭلاپ باقايلى:

«... خەپ ئەنزەر ھارامزادە، بۈگۈن تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ئاناڭدىن ئالالمىغان ئۆچۈمنى سېنىڭدىن ئالمىسام، بېشىغنى يەيدىغان ھازازۇل خوتۇن! شۇنچە ئەل – مەھەللە، قولۇم – قوشنىلار ئالدىدا بىر تىيىنغا ئەرزىگۈسىز قىلىپ يۈزۈمنى تۆكتىڭا. ساڭا ئانىي بولىدىغان گۈلسۈمخان تېخى تۇغۇلمىدى. سەن مېنىڭ بېشىمنى ئاسان ئېزىۋەتكىلى بولىدىغان خېمىر چاغلاپ قالدىڭمۇ، كەلگۈندى، ئالتەشەدىن كېلىپ ساڭا نېمە يوغانچىلىق؟ گەپ قىلمىسام تېخى مېنى قەلەندەر – دىۋانە دەيسىنا، خەپ. خەپ، خەپ... ھېلىقى ھارامدىن بولغان شۇمۇلۈك كەلسۇن قېنى، ئاشۇ گەپلىرىڭنى بوينىغا تۇمار قىلىپ ئېسىپ قويمىسام گۈلسۈمخان بولماي كېتەي! ئادەمنى ئەجەبمۇ ئانىي تاپتا بىشەم خوتۇن، كوچىدا

يۈرگۈسىز قىلىۋەتتى. تۆت تول ـ تول خوتۇن بىر يەرگە يىغىلسىلا كۈسۈرلىشىپ، خىرقىرىشىپ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشىدۇ. قەۋەتلا سەتچىلىككە قالدىغۇ كىشى. ئام ـ نومۇس تەرەپتىن تالا ـ تۈزلەرگە ئىشەنچلىك چىقالمايدىغانلا بولۇپ كەتتىم. خەپ ئەنزەر دېگەن مۇناپىق كەلسۇن قېنى، كېچىكى تۈندە شۇنداق ۋارقىرايكى، كىمنىڭ ئارقىسىغا كىم كىرىۋالغانلىقىنى، كىمنى كىم ئازدۇرغانلىقىنى جىمى خەق ئاڭلىسۇن! ئاشۇ كۈسۈرلاشقان، پىخىلدىشىپ، خىرقىرىشىپ كۈلۈشكەن خوتۇنلارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ئىنامىغا پاتسۇن! قاچانغىچە تارتىمەن بۇ خورلۇقلارنى! تۇۋا، ماۋۇ رەسۋا قانجۇقمۇ ئەنزەرنىڭ ئارقىسىدا بىرنەچچە زامان يۈرۈپلا خۇددى سار پوقى يەۋالغاندەك كالۋالىشىپ كەتتى. ھېلىقى خوتۇننىڭ شۇنچە يولسىزلىقلىرىنى، كەلتۈرگەن خورلۇقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە شۇنىڭ موزىيى بىلەن قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان، ياغاچچى، ئاشپەز دېگەن قانچىلىك نېمىلەر ئىدى! مانا ھۈنەر دېسە ھادىلجاننىڭكىنى دېسە بولىدۇ. ھەر سالاپەتلىك شوپۇرلار تىراكتورلىرىنى تاراقلىتىپ ئەكىلىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساتقىلى كەلگەن دېھقانلار تېخى ئۇنى ـ بۇنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خۇشامەت قىلىۋاتقان، ئاددىيسى تىكىش ماشىنىسى، ۋېلىسىپىتلىرىنى ئەكەلگەنلەرمۇ يانچۇقىنى كولىشىۋاتقان... ھادىلجان بولسا شاگىرتلىرىغا «ئۇنى قىل، بۇنى قىل، ئانى تارت، بۇنى چىقار» دەپ بۇيرۇق قىلىپ ئۆزى بەگدەك قاراپ تۇرغان...»

گۈلسۈمخان بەگىمنىڭ خىياللىرىنى سۈرۈۋەرگەنمۇ بولاتتى. بىراق، ئۆگزىدىن كەلگەن «بوك» قىلغان ئاۋاز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ قىزىنى ھەرىكەت ئۈستىدە تۇتۇش ئۈچۈن، خورەك تارتقان بولۇۋالدى. ئۆيئىچىدە بىرنەچچە دەقىقە تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى. ئارقىدىن ئۆگزىگە يەنە چالما

چۈشتى. گۈلسۈمخان قىزىنىڭ ئورنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىنىنى، ساندۇق ئارقىسىدىكى سومكىنى تارتىپ چىقىرىپ يەرگە قويغىنىنى، ئاندىن زاكىلانغان بالىنى قولىغا ئالغانلىقىنى تۇيۇپ ياتتى. گۈلبانۇم پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئەمدىلا قەدەم ئېلىشىغا «توختا» دېگەن ئاۋازدىن يۈرىكى جىغلا قىلدى ـ دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، كىيىملىرى بىلەنلا ياتقان گۈلسۈمخاننىڭ قاراڭغۇدا پىچاقتەك قادىلىپ تۇرغان ئىزناسى كۆرۈندى. گۈلبانۇم دەرھال چىراغنى يېقىپ ئەنزەرگە بەلگە بەرمەكچى بولۇۋىدى، گۈلسۈمخان ئورنىدىن شارتلا تۇرۇپ قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— سېنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىڭنى پاتقاق بەتىنىكەڭ، كوچىدىكى ئىزلار تونۇگۈنلا ماڭا دەپ بولغان، — گۈلسۈمخان پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەۋاتاتتى، — سەن تېخى چىراغ يېقىپ ئاۋۇ مۇناپىق ئېرىڭنى قاچۇرماقچىمىدا؟ ئەگەر ھازىر بىرلا ۋارقىرىسام ئەسقەر قىيامەت بورىنىنى كۆتۈرىدۇ، ماڭە سۇپىغا چىق، بول دەيمەن، قانجۇق، بولمىسا ئەسقەردىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

گۇناھ ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان گۈلبانۇم ئىستائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇپ، قايتىدىن يوتقىنىغا كىردى. بۇ چاغدا ئالمان ـ تالمان چاپىنىنى كىيگەن گۈلسۈمخان ئۆيدىن ئوقچۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدا پالاقشىپ كېتىۋاتقاندا، گۈلبانۇم بالىسىنى كۆرپىگە ياتقۇزدى ـ دە، پەردىنى قايرىپ دېرىزە رامكىسىنى ئاچماقچى بولدى. ئەمما، داتلىشىپ كەتكەن ئىلغۇر بەكمۇ تەستە ئېچىلدى.

— ئەنزەر، قېچىڭ! — گۈلبانۇم قاراڭغۇلۇققا قاراپ ۋارقىرىدى. ئەمما، ئۇ كېچىككەن بولۇپ گۈلسۈمخان بىر كېچە ـ كۈندۈز پايلاپ ياتقان ئوۋۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغانىدى. ئەنزەرنىڭ قولىدا ئېغىر بىر چامادان تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ھەي ئوغرى، قانداق قېلىن نېمىسەن؟ قىزىمغا نېمانداق



www.uyghurkitap.com

سالجىدەك چاپلىشىۋالىسەن؟ دۇنيادا ساڭا باشقا خوتۇن تېپىلمامدا - ھە! — گۈلسۈمخان قولۇم - قوشنىلار ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئەتەي ئۇنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، كېچىكى تۇنىنى بېشىغا كىيدى، — تېخى ئاناڭ ھازازۇل بىزنى قەلەندەر - دىۋانىلەر دەيدا؟ سېنىڭ پۇلۇڭغا كۆز قىزارتقۇدەك سەن قانچىلىك نېمىدىڭ؟ بىلمىسەڭ بىلىۋال، بىر ئوغلۇم كاتتا سودىگەر، كىچىك ئوغلۇم تىراكتوردا شاراقلاپ پۇل تېپىۋاتىدۇ. قىزىم بولسا ماشىنىچى، مەن دېگەن دۆلەتنىڭ مائاشلىق ئىشچىسى، سەن ناھايىتى بىر ياغاچچىغۇ. قايسىمىز قەلەندەر - دىۋانە، خەلقئالەم ئوبدان بىلىدۇ. ۋۇي زېدى پەس كەلگۈندى، ھالىڭغا بېقىپ ھال تارتىپ، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتۇڭدىن خوتۇن تېپىۋال، مانا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىغۇ كىمنىڭ ئارقىسىغا كىم كىرىۋالغانلىقى! بۇ كېچىدە ئۆگزەمگە چالما تاشلاپ، قورۇدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيسەن، دەپ باقە، گۈلبانۇم سېنى يولدىن چىقاردىمۇ ياكى سەنمۇ؟...

گۈلسۈمخان يەنە قانچىلىك تىللايتتىكىن بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا قورساق كۆپۈكى بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەمما، شۇ چاغدا كونا دەرۋازىنى تاراقلىتىپ ئەسقەر ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى - دە، ئەنزەرنى قارىقويۇق ئۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان گۈلبانۇم ئەسقەرنى قۇچاقلىۋېلىپ كۈچ ئېلىشالمىغاندىن كېيىن ئەنزەرنى بەدىنى بىلەن توسۇۋالدى.

— قېنى مېنى ئۇرە، ئۇرمامسەن، بولمىسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، — گۈلبانۇم ئاپىسىغا قادالدى، — ماۋۇ لۈكچەك بالاڭنى ھاي، دېگىن، بولمىسا تامغا ئۇسۇپ ئۆلۈپ بېرىمەن. مەنمۇ بۇ جاندىن جاق تويدۇم.

گۈلبانۇم شۇنداق ۋارقىرىدىكى، دېرىزىلەرنى ئېچىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان قولۇم - قوشنىلار قورققىنىدىن دېرىزە قاپقاقلىرىنى يېپىۋالدى. باياتىن بېرى قىزىنى ماختاپ، ئەنزەرنى

چۈشۈرگەن گۈلسۈمخان خۇددى ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر يىكچە بولمىدى، دېگەندەك ئېرىگە چاپلىشىپ قۇغداپ تۇرغان گۈلبانۇمنى كۆرەر كۆزى يوق ھالدا، ئەسقەرنى ئىتتىرىپ ئەكىرىپ كەتتى.

— ئەكىلىڭ، يۈز - بۇرۇنلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېتەي، — گۈلبانۇم قول ياغلىقىنى ئالدى، — قاناپ كېتىپتۇ. سىزمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن نېمىشقا قول ياندۇرمايسىز؟

— خەقنى ئۇرۇپ ئادەتلەنمەپتىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىزنىڭ ئۆكىڭىز تۇرسا.

— ئۇ دېگەن بىر غالجىر ئىت، بىلەمسىز؟ توۋا، توۋا بۇ سەتچىلىكلەرنى، — مىچىلداپ يىغلاۋاتقان گۈلبانۇم بىر قارارغا كەلگەنىدى، — بولدى قايتىپ كېتىلى، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى.

— گۈلبانۇم، ئۇنداق دېمەڭ، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

— ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن يۈرەكتىن چىقمايدۇ. ئانىڭىزنىڭ تىللىرى ئاپام ھەم مېنىڭ يۈرىكىمنى جاراھەت قىلىپ بولدى. ھازىرقى قاباھەتلىك تىللار سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى خۇن قىلىۋەتتى. ئەمدى ئارىمىزدىكى ھايا - نومۇس، ئىززەت - ھۆرمەت، ئادىمىيلىك پەردىشەپلىرى يىرتىلدى. بۇلارنى ئۇنتۇماق، يۈرەكتىن چىقارماق ئاسان ئەمەس، قىسقىسى، بىر - بىرىمىزنىڭ يۈزىگە قارىيالمىغۇدەك قارا يۈز بولدۇق. پاھھوي، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، نېمىدېگەن زۇلمەتلىك كېچە بۇ! پاسكىنا ھاقارەت بىلەن بۇلغانغان بۇ كېچىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمىسام كېرەك.

گۈلبانۇم ئارقىسىغىمۇ قارىماي كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بالىسىنىمۇ قولىغا ئالماي ئىشىك تەرەپكە تىكىلىپ قالغىنىچە قېتىپ قالدى. گۈلسۈمخان ئۇنىڭ تاش ھەيكەلدەك سۈرلۈك چىرايىغا قاراپ ئەندىكتى. دەرۋەقە ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنگەن، ئەجەلگە تەۋەككۈل قىلغان ئادەملەرنىڭلا چىرايى مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىشى

مۇمكىن. گۈلسۈمخان: «سەل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىممۇ قانداق، نېمىلا بولسا ئۇ ياخشى كۆرگەن ئېرى ئەمەسمۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - يۇ، لېكىن مۇئەتتەرخاننىڭ، قىزىنىڭ ئۆيىدە ھەم ھويلىغا ئۈچ قېتىم بېسىپ كىرگەن ۋاقتىدىكى ئەلپازى، دەھشەتلىك خورلۇقلىرى، بۇزۇلغان ئېغىزى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن دەرھاللا خېمىغا ياندى.

— قىزىم گۈلبانۇم...

— بولدى گەپ قىلما، سەنمۇ بىر ئانا بولۇپ قاپسەن... مېنىڭ تېرىقچە يۈز - خاتىرەمنى قىلدىڭما؟ ئەمدى ئاجرىشىدىغان بولدۇم، خۇش بولغانسەن، مېنى ئەمدى ئىت - ئېشەك ئورنىدا سېتىپ خەجلە، مېنىڭ ئوشۇقچە گەپ ئاڭلىغۇم يوق...

گۈلبانۇم يوتقانغا پۈركىنىپ، باش - كۆزىنى چۈمكەپ يېتىۋالدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاپىسىغا نەپرەتلەنمەكتە ئىدى. گۈلسۈمخانمۇ قاننى قان بىلەن يۇيىمەن دەپ ئېغىر تەڭلىكتە قالدى. ئاۋۇ مىڭ ئېغىز تىللىسا بىر ئېغىز مىت قىلمايدىغان ياۋاش - يۇمشاق ئەنزەر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ جىم تۇرۇپ بەرگەن كىشىگە مۇشت ئېتىش نامەردىنىڭ ئىشى. كونىلار: «تىغ يارىسى ساقىيار، دىل يارىسى ساقايماس» دەپتىكەن. گۈلسۈمخاننىڭ بۈگۈن كېچە قىلغان نامەردلىكى قىزىنىڭمۇ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئۆچمەنلىك دېغىنى قالدۇردى. قارىغاندا، گۈلسۈمخانمۇ ۋىجدان ئازابى تارتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئەلھەق، قىلىۋالدىم، ئېيتىۋالدىم دەپ ئۆزىمىزنى خۇش قىلمايلى، بۇ ئۆتنە ئالەم، ھامان ياندۇ. شۇڭا، بىز مۇئەتتەرخان ۋە گۈلسۈمخانلارغا دانالارنىڭ مۇنۇ جەۋھەر غەزىلىنى ھەدىيە قىلىمىز:

ياندۇرۇپ كۆرسىتەر پەلەك ھەر ئەمەلنى كۆزۈڭگە،
غەيرىيگە قىلغىنىڭنى قىلغان بولۇرسەن ئۆزۈڭگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# كېچىككەن پۇشايمانلار



www.uyghurkitap.com

## 12

ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم قىزى قىرىق كۈنلۈك بولغان كۈنى ئاجراشتى. كىچىك ئالىنۇر گۈلسۈمخانلار ئائىلىسىگە قالدى. مانا ئۇنىڭغىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى. مۇئەتتەرخان بىلەن گۈلسۈمخاننىڭ مۇرادى ھاسىل بولدى. بىراق، بىتەلەي ئەر - خوتۇنلار نادامەت ئىچىدە ئۆرتەندى. گۈلبانۇم باشقىلا بىر گۈلبانۇمغا ئايلاندى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئەمەلى قىزىنى ئېمىتىش، لاتا - پېتەكلىرىنى يۇيۇش، بۆشۈككە بۆلەش، بۇلماق يېگۈزۈش بىلەنلا بولاتتى، ھەتتاكى قىزىنى ئەركىلىتىپ بولسىمۇ بىرەر - ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپىنى قىلىشتىن قالغانىدى. پەقەت كۈندۈزلىرى ئىككى پۈتى ئارىلىقىغا ياتقۇزۇۋالغان قىزىغا سائەتلەپ، كۈنلەپ تىكىلىپ قالاتتىكى، ئاپىسىغا، ئەسقەرگە، ئەكبەرگە قاش كۆتۈرۈپ قارىمايتتى. ناگان - ناگاندا كېلىپ قالغان ئەنەيتۇللا ئەھۋال سوراپ ھالى قالمىسا گۈلبانۇم پەقەت لاپىدە قاراپ قويۇپ يەنە قىزىغا قارىۋالاتتى. ئۇ تاماق - چايلىرىنىمۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ يېمەي، چىنىسىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە، ئاشخانىغا، پېشايۋانغا ئاچىقىپ كېتەتتى. گۈلسۈمخان يېلىنىپ - يالۋۇردى، پەند - نەسىھەت قىلدى، يىغلاپ، ئاچچىقلاپمۇ باقتى. ئەمما، قىزى گومۇشلاردەك بالىسىدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇراتتى. گۈلبانۇم ئەنزەردىن ئاجراشقاندىن كېيىن بايكۆللۈك تۇغقانلار بىر قېتىم ئەلچى كىرگۈزدى. قىزىنىڭ ئەھۋالى ئۆزىگە ئايان بولغان گۈلسۈمخان ئۇلارنى: «قىزىمىز ئۇياقتىن ئاجرىشىپ، بۇياقتىن توينى قىلساق، ئەل - مەھەللە ئىچىدە سۆز - چۆچەك بولىدۇ، ‹ئەسلىدە

بۇزۇلۇپتىكەن، دېگەن بەتنامغا قالمىمىز. شۇڭا، يەنە بىر ئاز سەۋر قىلىپ بېرىشەرلا» دەپ ياندۇردى. گۈلبانۇم ئەلچىلەرنى كۆردى، بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىدى، لېكىن ئاق ـ كۆك دېمىدى، غوۋغا كۆتۈرمىدى، ئاللا ـ كاللا دەپ يىغلىمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر نەپىس بۇيۇم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئېسىل گۆھەرنى (گەرچە پۇچۇلغان بولسىمۇ) ھەرقانداق كىشى ئالىدۇ. باھاسىغا يەتكەن خېرىدار كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قېرىمۇ، ياشمۇ، ئاقساق ـ چولاقمۇ، مېيىپمۇ، پەيلقۇش ساراڭمۇ ئېلىۋېرىدۇ ـ دە! گۈلسۇمخانمۇ كۆڭلى تارتقان ئادەمگە ساتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەرقانداق بۇيۇمنى ساتىدۇ. ئالىدۇ، ئالماشتۇرىدۇ، سوۋغا قىلىدۇ، ئۆتۈنىدۇ ئەمەسمۇ... شۇڭا باشقىلارنىڭ ھۆرۈ ـ پۇرۇ دەپ ئارىغا چۈشىدىغان ئىلا ـ تەتۈرى يوق!

گۈزەل بۇيۇم گۈلبانۇم مانا شۇنداق گاڭگىراش، ئېسەنگىرەش، تېڭىرقاش، ئۆكۈنۈش، تەڭرىدىنمۇ ئۈمىد كۈتمەسلىك ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۈنلىرى بىر ئۇندە، بىر تۈندە، ھەسرەت ـ نادامەتلىرى زەردابلىرىنى ئىچىش، جۇدالىق زەنجىرلىرىدە بوغۇلۇش، سۆيۈملۈك ئېرىنى سېغىنىش ئامبۇرلىرىدا قىسىلىش بىلەن ئۆتمەكتە. ئەلھەق، پۇشايمان ئوقلىرى ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى، سەرۋى سىيماسىنى غەلۋىردەك ئۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتتى. ۋادەرىخا، نېمىشقىمۇ ئاشۇ تىمتاس سەھرادىن قايتىپ كەلگەن بولغىيدى؟ سۆسۈن رەڭ سايىلەر پىنھانلاشتۇرغان ئېدىرلاردا چۆل گۈلى بولۇپ كەتسىچۇ. ئېتىز ـ قىرلاردىكى نام ـ ئەمەلى ئېنىق بولمىغان ئاشۇ ئوت ـ چۆپ ئىچىدىكى بىر قىياق بولسىچۇ كاشكى. ئەدناسى سەھرا يوللىرىنىڭ خەس ـ تۈپرىقى بولسىمۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەركىن ـ ئەمىن سېزەر ئىدى. پاھ، شەھەردىكى بەتبۇي ھاۋا، بۇلغانغان مۇھىت، كۆزلىرىگنى مانانلاشتۇرغان ئىس ـ تۈتەك،

يۈرىكىڭنى قىسقان ناھەقچىلىك، ئەسكىلىكلەر، ئادىيسى ئۆز ھويلىسىدىكى دىمىقتىلىق، سۇرلۇك زاۋال گۇگۇملۇقى ئىچىدە ھېلىقى سۆيۈملۈك پاكار لەمپىمۇ ئېرىپ كەتكەن! گۈلبانۇم تۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇ يەرگە قارايدۇ، قارايدۇ، ئەمما بىراۋلارنىڭ راۋابىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى، تاق - توق ئاۋازلىرى ئاڭلانمايدۇ. توۋا، بارلىق ناتىۋانلارنىڭ ئۆمرى زارىقىپ كۈتۈش، بىراۋلارنى تاقەتسىز سېغىنىش، باغرى ئۆرتىنىپ كۆيۈش، كۆزلىرى ئۆمۈرۋاقى ياش يۇقى ئۆتەمدىغاندۇ؟

كۆرۈڭ، بىزنىڭ سۆيۈملۈك قىزىمىز گۈلبانۇم ئەنە شۇنداق كۈنلەرگە قالدى! ئەمدى ئەنزەرچۇ؟ مېھرىبان يۈرەكتىن ئايرىلغان بۇ ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ دەريابويى كوچىسىدىن ئايلىنىپ كېتەلمىدى. تۈن كېچە، شامۇ سەھەرلەردە، ئاپپاق ئايدىڭلاردا «ئەنزەر، تېز قېچىڭ» دېگەن نىدا ئاڭلانغان دېرىزىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇماق ئايالى، تاتلىق قىزى ئاشۇ ئۆيدە ئىدى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس. ئۇلارنىڭ تەڭگە شىپا تىنىقلىرى دېرىزە روجەكلىرىدىن قىسىلىپ چىقسا نېمە؟! ئەنزەر تىنماي - تىنماي ھېدلىسا، دەردكە، جۇدالىق نادامىتىگە تولغان قەلبى ئارام تاپسا بولمامدۇ... بىردەملىك بولسىمۇ مەيلى ئىدى.

ئەنزەر دەريابويى كوچىسىغا تۆت - بەش كۈندە، بەزىدە بەك ئالدىراش ئىشلەپ چارچاپ قالغانلىرىدا ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم كېلەتتى. ھەر كەلگىنىدە قۇرۇق كەلمەيتتى. بىرەر يارتا گۆش، ماي، بەزىدە تۇخۇم، شېكەر، سۈت پاراشوكى، ئاي ئاخىرىدا بولسا گۈرۈچ، ئۇن، پۇل دېگەندەك نەرسىلەرنى سولىياۋ خالتىسى بىلەنلا دەرۋازا ئاستىدىن كىرگۈزۈۋېتەتتى. بۇ تەييار نېمەتلەر گۈلسۈمخانغا موكلا ياقاتتى. لېكىن، گۈلبانۇم بىلەن ئالىنۇرنى كۆرسەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەنزەر قېيىنئانىسىنى ئاقلايتتى، ھەتتا ھېلىقى كېچىدىكى ئۇنتۇلماس تىل - ئاھانەتلىرىنىمۇ كۆڭلىگە ئالمىدى. «ئانامنىڭ زۇلمى ئۆتۈپ كەتكەچكە،

قورسىقىغا سىغدۇرالمىدى. بۇ دېگەن ‹دەردىنى چىقىرىۋېلىش› دەپ چۈشەندى. ئۇ بەزىدە ئۆگزىگە چالما تاشلاپ باقماقچىمۇ بولاتتى، لېكىن يەنە بىر غوۋغانىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى بېسىۋالاتتى.

ئەنزەرنىڭ كېچىلەردە ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىشى كۆپەيگەنسېرى گۈلسۈمخان ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ: «مۇشۇ يېمەكلىكلەر ئىچىدە ئىسسىقلىق قىلىپ ئوقۇتقان ياكى جادۇ قىلىنغان نەرسىلەر بارمىدۇر» دەپ ئويلايتتى ھەم قىزىنىڭ قايتىدىن ئىش تېرىپ قويۇشىدىن يۈرىكى ئاغاتتى. گۈلبانۇمنىڭ پاتىراق تويىنى قىلىۋەتمىسە قۇلاق تىنچىمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن گۈلسۈمخان بۇ قېتىم ئەلچىلەر كىرسە «ماقۇل جاۋاب» بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەمما، ئەنزەر ئۇنداق ئويلىمايتتى. يېرىم يىل، بىر يىل، ھەتتا بەش - ئون يىل بولسىمۇ بىر كۈنى ئايالى بىلەن بولىشىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەر ئىككىلا ئانا مۇنداق تاش بېغىرلىق قىلىپ تۇرىۋەرمەس. ئۇلارمۇ ئادەم، بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى بالىلىرىغا ئىچى ئاغرىپ ئېرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئەنزەر سەۋر - تاقەت قىلسىلا مۇرادىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. بىراق، مۇئەتتەرخاننىڭ قىيىن - قىستاقلىرى ھەددىدىن ئاشماقتا ئىدى. ئۇ «گۈلنىسا بىلەن توي قىلىسەن» دەپ ھەر كۈنى كوتۇلداپ تويدۇرۇۋەتتى. ئۇلۇشكۈن ئۇلار ئاشخانىدا ئېشىپ قالغان لەڭمەن خېمىرىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى. گۈلنىساخان چەبدەسلىك بىلەن قورۇما قورۇدى. ئۇلار ئولاش - چولاش كەچلىك تامىقىنى يېيىشتى. ھازىر يېڭىسارلىق بۇ قىز ئەنزەرنى خۇددى ئۆز ئېرىدەك كۈتەتتى. ھېلى «ئۇسسىدىڭىزمۇ؟» دەپ چاي ئەكەلسە، ھېلى «دولىڭىزنى تۇتۇپ قوياي، ئوچاق ئالدىدا ئېڭىشىپ تېلىپ كەتكەندۇر» دەيتتى. غىجىقى كەلگەن ئابدۇسەمەت: «ھاي خېنىمەي، ئانامنىڭ قېشىغا چىقىڭا، تولا

ئادەمنىڭ قولتۇقىنى تەرلەتمەي» دەپ ئازادىلا يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى. لېكىن، بۇ قىز «تويىنى قاچان قىلىپ قويىسىلا» دېگەندەك مۆئەتتەرخاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تولا قارايدىغان بولۇۋالغانىدى.

كەچلىك لەڭمەن يېيىلىپ بولۇشى بىلەن مۆئەتتەرخان ساباھەت، گۈلنىسالارنى چىقىرىۋەتتى. ئۇ كانىيىنى قىرىپ گېلىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن ئەنزەرگە قارىدى.

— ئەنزەر، ئاجراشقىنىڭغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. قاچانغىچە ھېلىم دېۋانىدەك يۈرىسەن ـ ھە؟ گۈلنىساخان بىلەن تويۇڭلارنى قىلىۋەتسەم دەيمەن، — مۆئەتتەرخان بېشىنى ساڭگىلىتىپ زوۋان سۈرمەي ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ سەپرالىق تۆتتى، — زادى سېنىڭ نېمە غەرىزىڭ بار؟ كېچىلەردە بېرىپ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى، كىيىم ـ كېچەكلىڭنى قانغا بوياپ كەلدىڭ، ئاراڭلاردا ھېچقانداق ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھرى قالمىدى، يەنە نېمىگە تارتىشىسەن؟ ئاشۇ ئالۋاستى پاسكىنىغىما؟! — ئانىسىنىڭ گۈلبانۇمنى ھاقارەتلىشى ئەنزەرگە تېك كەلدى بولغاي، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالىيىپ قويدى.

— ھە، كۆزۈڭنى ھەلەپ يېگەن بۇقىدەك ئالايتىسەنغۇ تېخى، شۇنچە رەسۋاچىلىقلارنى قىلدىڭ، بالىكەن دەپ سەنىمگە ئالمىدىم. ئەمدى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قوياي دېسەممۇ يامانما؟ مەندەك ئىچ كۆيەر، مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانىنى كۆرگەنمۇسەن؟

— راست، ئانا، — دېدى ئابدۇسەمەت تەئەددى بىلەن، — سىلىدەك ئانىنى بۇ دۇنيادىن تاپماق بەسى مۈشكۈل.

— سەن ئاغزىڭنى يۇم، شاۋۇچى، ماۋۇ مۆرىمەسكە گەپ قىلىۋاتىمەن، — مۆئەتتەرخان يەنە ئەنزەرگە قادالدى، — گەپ قىلە، قوشۇلامسەن، يوق؟

— ئانا، ئاجراش دېدىلە، ئاجراشتىم، بىر قىزىم يېتىم بولدى، — ئەنزەر بېشىنى كۆتۈردى ـ يۇ، ئانىسىغا

قارىيالمىدى، ــ يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ مېنىڭ هازىرچە ئۆيلەنگۈم يوق.

ــ ئۆيلەنمەي كوچىغا قارايدىغان شاپاقچى بولماقچىما؟

ــ ئانا، ئېغىزلىرىنى بۇزمىسىلا، مېنىڭ قانداقلىقىمنى ئۆزلىرىگە ئايان، ئەخلاق چېكىدىن چىققىنىم يوق!

ــ سەن ماڭا ئايان بولغاچقا ئەنسىرەۋاتىمەن، ــ مۆئەتتەرخان ئىچىدىكىنى ئاياپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، ــ ئىلىخوغا كېلىپلا بىر جالاپ بىلەن قېچىپ، هارامدىن بالا تاپقىنىڭمۇ ئەخلاققا ياتامدا؟ قانغا مىلىنىپ قىلىقلىق تۇرۇقلۇقمۇ، خەقنىڭ بوسۇغىسىدا كۆرسۈك ئىتتەك يېتىۋالغىنىڭما ئەخلاقما؟ ئاننى قاقشىتىپ، قان يىغلاتقىنىڭما ئەخلاققا كىرەمدا؟ مىنە... ماۋۇ مايماق كېپىش نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ.

ــ هەي، دۇنيادا تېپىلمايدىغان ئىمانى كامىل، ئانا، ــ قىزىققان ئابدۇسەمەت زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، ــ ئېغىزلىرى تەرەتخانىدىن بەتتەر بولۇپ كەتتى دەيمەن، هايا قىلسىلا، ئۆزلىرى «هايا ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر» دېگەن قۇرئاننىڭ سۆزلىرىنى دائىم زىكرى قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئەمەل قىلمىسىلا، قاتتىق زىيىنى بار دەيمەن.

ــ سەن! ــ مۆئەتتەرخان هېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان ئابدۇسەمەتنىڭ قارچىغىدەك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئەندىكىپ قالدى، ــ سەن تېخى هايادىن گەپ ئاچىسەنغۇ؟

ــ ئەمىسە سىنەكەپ باقسىلا، شاپاقچى، جالاپ، هارامدىن بولغان، كۆرسۈك ئىت، مايماق كېپىش دېگەن قانداق گەپلەر ئۇ؟ سىلىدەك ئىچ كۆيەر، مېهرىبان، كۆيۈمچان ئانا ئۆز ئوغلىنى هاقارەتلەپ مۇشۇنداق دېسە قامىلىشارما؟... ئاشۇ ئېغىزلىرى بىلەن قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى ئوقۇسىلا خۇدا راۋا كۆرەرما؟...

ئاغزى ئىتتەك، كۆڭلى تۈز ئابدۇسەمەت ئانىسىنىڭ ئەڭ ئاجىز هالقىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ بىر ياقتىن ماختاپ تۇرۇپ قامچىلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىلاپ تۇرۇپ كاچىتىغا

سالغاندەك قىلغان گەپلىرى مۇئەتتەرخاننى تۇنجۇقتۇرۇۋەتتى. بۇ جاھىل ئانا دىمىققاندەك بولۇپ كۆزلىرى غىل ـ پاللىدى ھەم يۈزىنى دەرھال دېرىزە تەرەپكە ئۆرۈدى. ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۈنچىدىمۇ يوغىنىنى چىقىرىشىدىن قورقۇپ، ئۇشۇقچە بىرنىمە دېيەلمىدى. ئىنىسىنىڭ دادىللىقىدىن مەدەت ئالغان ئەنزەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا قارىدى:

— ئانا، ھەرقانداق گەپلىرى بولسا كۆتۈرىمەن، لېكىن گۈلبانۇمنى جالاپ، ئالۋاستى، پاسكىنا دېيىشلىرىگە چىداپ تۇرالمايمەن، ئۇ دۇنيادا ئەڭ پاك، ئەڭ سەممىي قىز، — ئەنزەر بېشىغا كەلگىنىنى كۆرەي دەپ ئويلىدى، — مەنمۇ شاپاقچى، كۇرسۇك ئىت، مايماق كېپىشمۇ ئەمەس. شۇنداقلا ھارامدىن بالا تاپقىنىممۇ يوق، بىز گۈلبانۇم ئىككىمىز ئاخۇنۇمنىڭ نىكاھ ـ پاتىھەسى، بىرنەچچە ئادەمنىڭ خۇدا يولىدا گۇۋاھلىقى بىلەن ۋە قانۇنلۇق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بىر ئۆيگە كىرگەن.

— ھىم ماقۇلە، ئۇ رەسۋا قانجۇقنى ماختاپ كەتكىنىڭگە قارىغاندا ھازىرغىچە رىشتىڭ ئۈزۈلمەپتۇ ـ دە؟ — مۇئەتتەرخان ئابدۇسەمەتتىن ئەدىپىنى يەپ تۇرۇپ يەنە ئاغزىنى بۇزدى، — ئۇنداقتا ئاشۇ قىلىن داپشاقا ئۇمىد ساقلاپ تۇرۇۋېتىپسەن، يارىشىۋېلىش نىيىتىڭمۇ يوق ئەمەس، شۇنداقما؟

— شۇنداق، يارىشىۋالىمەن.

— يوق يەپسەن، سەن تېخى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۈكۈلداۋېتىپسەن، گۈلنىساخان بىلەن توي قىلامسەن، يوق؟ بۈگۈن زادى ئوچۇق گېپىڭنى قىلىسەن.

— ھەي ئانا، نېمانداق قائىدە ئۇقمايلا دەيمەن، — دېدى ئابدۇسەمەت ئاچچىقىدا، — ئاكام ئاجراشقىلى ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. ئۇياقتىن ئاجرىشىپ بۇياقتىن خوتۇن ئالسا، ئەللەر: «بىرنى تەييار قىلىپ قويۇپ، بىرنى يولغا سالپتۇ، قەشقەرلىك دېگەن زادى خوتۇن قويۇپ، خوتۇن ئېلىپلا يۈرىدىغان خوتۇنباز خەق» دېمەمدۇ.

— ھەي ئىپلاس قوتا، كۇرۇك توخۇدەك ھۇرپىيىشەرمەي، غىت قىسىپ ئولتا، ماقۇما، مەن ئاكاڭغا گەپ قىلىۋاتىمەن.
— ئەمىسە سىلىمۇ تولا ۋارى - ۋارى قىلماي، ئۆيلىرىگە چىقىپ كۆزلىرىگە ئۇخلىسىلا، — «ئىپلاس قوتا، كۇرۇك توخۇ» دېگەن تىللار ئېغىر كەلگەن ئابدۇسەمەت بىردىنلا ھۇرپىيىپ، كۆزلىرىنى ئالايتتى، — بۇ كېچىكى تۈندە قوشنىلار ئاڭلىسا سۆز - چۆچەك قىلىشمامدۇ. ھېلىمۇ سىلىنىڭ دەستىلىرىدە مەھەللىدە باش كۆتۈرۈپ ماڭغۇسىز بولاپ كەتتۇق، ئا... چىقسىلا، ماڭسىلا، مەن ئۇخلايمەن، ئاكا، سەن ياتامسەن ياكى تىل - دەشنەم ئىشتىكۈڭ بارمۇ؟ ئۇنداق مەيلىڭ بولسا كوچىغا چىقىپ ئاڭلا.
مۇئەتتەرخان چىش يېرىپ بىرنېمە دېيەلمىدى. ئۇ گەرچە ئانىلىق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىشلەتكىنى بىلەن يەنىلا ئابدۇسەمەتتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. چۈنكى، ساراڭغا سوت يوق دېگەندەك، ئۇ غۇرۇر - ئىپتىخارىغا، ھۆرمەت - ئىززىتىگە، كۆڭلىگە تالىق شەخسىي مەخپىيىتىگە، بولۇپمۇ ھەق - ناھەق كۆزقارىشىغا سەللا تېگىدىغان ئىش بولسا، دادام ئىكەن، ئانام ئىكەن، ماۋۇ تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغان ئەمەلدار ئىكەن دېمەي شۇ ھامان سەكرەپ قوپاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق «قىپقىزىل تەلۋە»لىكىنى بىلگەن مۇئەتتەرخان ئۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئەنزەرنىڭ تاتابىنى تارتمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ھېلىقى چاغدىمۇ بۇ گەدەنكەش ئۇششۇق ھېچ ھېيىقمايلا: «بىلىپ قويسىلا، ياخشىلىق بىلەمدۇ، يامانلىق بىلەمدۇ روشەنگۈل بىلەن توي قىلغىنىم قىلغان، يامىنى كەلسە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرالا، يا ھازىرلا چىقىپ كېتەيمۇ؟ ئاشخانىلارغا يالالانسامۇ، قۇرۇلۇشلاردا ئىشلىسەممۇ جېنىمنى باقالايمەن...» دەپ ئانىسىنى ئېشەكتىن چۈشكەندەك قىلىۋەتتى. بۇ شاۋۇچى كۆكەرمە دېگىنىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا دادىسىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق، شوخ قېنى ئېقىۋاتقانلىقىغا مۇئەتتەرخانمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىقرار. ئەگەر، دادىسىنىڭ قېنى ئاققان بولسا ئەنزەردەك ياۋاش، مۆمىن بولغان بولاتتى. تېخى شۇ چاغدا ئۇنىڭ: «ئۇياليامىلا»، «خۇدادىن قورقامىلا»، «ئادەم تىلللىماي قورساقلىرىدىكى غۇمىنى دېسىلە»، «ئاكامنى پاراكەندە قىلىۋەتتىلە، ئەمدى نۆۋەت ماڭىما كەلدىما؟» «بىراق سىلىچۇ؟» دېگەندەك بازغاندىن ئېغىر، قىلىچتىن ئىتتىك سوئال ـ سوراقلىرى مۇئەتتەرخاننىڭ ئۇ قوۋۇرغىسىدىن ئۆتۈپ، بۇ قوۋۇرغىسىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇقلۇق تېخى ئاكىسىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۆرۈپ، ئىنىسىنىڭ تۇيىقىنى سىرقىراتماقچى بولغىنىنى كۆرمەمدىغان! ئاقىۋەت ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولغان چالمىسى ئۆزىنىڭ قاڭشىرىنى ياردى. شۇنىڭغا قارىغاندا، مۇئەتتەرخان بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىغان تەلۋە ـ ساراڭنىڭ ئۆزى بولۇپ قالمىدىمۇ؟!

ئابدۇسەمەتنىڭ سۆزلىرىدىن ئورنىغا مىخلىنىپ قالغان مۇئەتتەرخان ئېغىر تەۋرىنىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇسەمەت ئاكىسىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئەنزەرمۇ ئورنىغا كىرىپ ياتتى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈردى.

مىنۇتلار سائەتلەرنى، سائەتلەر كۈنلەرنى، كۈنلەر ھەپتىلەرنى قوغلىشىپ ۋاقىت كىرىپچىدىن ئۈزۈلگەن يا ئوقىدەك تېز ئۆتمەكتە. مانا كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەنزەر گۈلبانۇم بىلەن قىزىنى كۆرمىگەنگە ئۈچ ئاي ئون بىر كۈن بولدى. ھازىر ئالىنۇر سەككىز كۈن كەم بەش ئايلىق بولۇپ قالدى. ئۇ پەقەت سوتتا ئاجراشقاندا ئانا ـ بالا ئىككىسىنى بىر كۆرگەنچە قايتا كۆرمىدى. ئۇنىڭغا يۆگەك ئىچىدىكى قىرىق كۈنلۈك قىزىنىڭ دۇپدۇگىلەك، يۇمىران، قىزىل يۈزىنى بىر قېتىم سۆيۈۋېلىش ئىرادە بوپتىكەنمۇ نېمە، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ بەخت ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. قىز بالا ئاجىز بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ مېھرى ـ ئوتىنى ئاتىغا سالمىش. قىزىنىڭ دىدارىغا

قانمىغان ئاتا كېچىلىرى دەريابويى كوچىسىغا بېرىپ ئۆگزىگە چالما تاشلىغانىدى، گۈلسۈمخان تەرىپىدىن تىللاپ قوغلانىدى. ئەنزەر سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ ۋىسالىدىن مەھرۇم قىلىنىۋاتقان گۈلسۈمخان ئانىغا نەپرىتى قوزغالماقتا ئىدى. بۇ ئۆچمەنلىك گۈلبانۇم ھەم ئالىنۇرنى سېغىنغانسېرى بارا ـ بارا يۈرىكىگە لاتقىدەك ئۇيۇپ قالدى.

مانا جۇدالىق ئاتەشلىرىدە ئۆرتىنىۋاتقان ئەنزەر ھەپتە بولدى يەنە دەريابويى كوچىسىغا بېرىپ ئۆز مەھبۇبىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چالما تاشلاۋاتقىلى، يا ئۇرىدىغانلار، يا كۈلۈپ چىقىدىغانلار، ياكى بولمىسا قار ـ بوراندەك تىللاپ چىقىدىغانلار دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىشمىدى. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلار چىقسىمۇ مەيلى ئىدى. گۈلبانۇمنىڭ «تېز قېچىڭ، ئەنزەر» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىنى ئاڭلىۋالسا، قىزنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرسە بەس. ئەنزەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى دوغا تىككەن بولاتتى. ئاھ... نېمىدېگەن زېرىكەرلىك ھايات بۇ! نېمىدېگەن بۇرۇقتۇرمىچىلىق! نېمىدېگەن سەرسانلىق بۇ! ئادەم ئۆلسە ھېچنېمىنى بىلمەسمىش. بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمە ئىشلارنى قىلغان، قانداق ياخشىلىق ـ يامانلىقلار، ھەسرەت ـ خۇشاللىقلار قارار تاپقان، قانداق جەننەت ھۆزۈرى، دوزاخ ئازابى باشلىرىدىن ئۆتكەن، يەنە قانداق جۇدالىق ھەم ۋىساللار ھەقدادىغا يەتكەن، مەئىشەت بىلەن مەنپەئەت كويلىرىدا قانچىلىك قانلار چېچىشقان، خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك تېرىقتەك بايلىق ئۈچۈن كىملەرنى رەنجىتكەن... ھەممە ـ ھەممىنى بىلمەسمىش. ھەتتا بۇ دۇنيا سارىيىغا تۆت كۈنلۈك مېھمان بولۇپ چۈشكىنىنىمۇ بىلمەسمىش. پاھ! ھەممە ـ ھەممە ئۇنتۇلسا، شادلىق ھەم خاپىلىقلارمۇ تەڭ يوقىلىدىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، خۇدايىم بىلەن ئالىمغان ـ بەرمىگەن بولىدىكەنمىز. بۇ بەلكىم يوقلۇق ئالىمىدە غايىب بولۇش دېگىنى شۇ بولسا كېرەك ! ... بۇ نېمىدېگەن نادامەتلىك تىراگېدىيە، يۇمۇرلۇق كومېدىيە!! ئەنزەرمۇ بەزى

ھاللاردا شادلىق ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا ئۇنتۇغۇسى، شادلىقىدىن خاپىلىقى، تاتلىقىدىن ئاچچىقى، ۋىسالىدىن جۇدالىقى تولا بۇ ھاياتنى تاشلاپ كەتكۈسى، ئۇنتۇغۇسى كېلىدۇ. چۈنكى، ھاياتلىقتىكى جۇدالىق ئازابى لەھەتنىڭ ۋەھشىيىتىدىن يامان ئىكەن. ئىچ ـ ئىچىگىدىن ئۆرتىنىپ چىققان نىدادىن يۈرەك ـ باغرىڭ، قەلب باغلىرىڭ زەپىران قاقشاللىقىقا ئايلىنىدىكەن، دەردنى تولا ئىچىگە يۇتقانلارنىڭ ئۇلۇغ كېسەل (سىل كېسىلى) بولۇپ كەچ كۈزدە ئۈششۈك تەگكەن گۈل بەرگىدەك قۇرۇپ تۈگەپ كېتىشى شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك!

مانا قاراڭ، دەريابويى كوچىسىنىڭ چوڭقۇر سايىلىقىدا قاراڭغۇغا پۈركەنگەن بىر يىگىت ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. بۇ، جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ھەپتىدىن بېرى گۈلبانۇم ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چالما تاشلاۋاتقان ئەنزەر ئىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئۆيگە ئۇسۇپلا كىرىپ گۈلبانۇم ھەم قىزىنى كۆرۈش نىيىتىگىمۇ كەلدى. ئەمما، كېيىنكى ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى ئويلاپ، گۈلسۇمخاننىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويۇشتىن قورقتى.

«گۈلسۇمخان ئانىمىز ئۇخلىغانمىدۇر — ئەنزەر سائەتنى كۆز چانىقىغا ئەكېلىپ قارىغان بولسىمۇ قاراڭغۇدا نەچچە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى، — لېكىن گۈلبانۇم ئۇخلىمىدى. نەچچە كۈندىن بېرى تاشلىغان چالمام ئۇنىڭغا بېشارەت، بىراق ئانىسى چىقارغىلى قويمىدى ياكى گۈلبانۇم مېنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئازابلىنىشتىن قورقتى.»

ئەنزەر توغرا پەرەز قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاۋاتقاندا، گۈلبانۇم كىملەرنىدۇر ئىزدىگەندەك قاراڭغۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە، چىگىچ خىياللار تورىغا چىرمىلىپ قالغانىدى.

ھەپتىدىن بېرى ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان چالما گۈلبانۇم ھەم گۈلسۇمخاننىڭ نەزىرىدىن چەتتە ئەمەس. ئانا ـ بالا ئىككىسىلا

«بوك، بوك» ئاۋازنى تىڭشاپ ياتتى. شۇنداقتىمۇ، ئانا ھەم قىز ئېغىر تىنغىنىچە ئۇخلىغان بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشمىدى. گۈلسۇمخان يوگورۇپ چىقىپ ئۆتكەنكىدەك بىشەملىك قىلىشقا پېتىنالماس بولۇپ قالغانىدى. شۇ قېتىمقى غوۋغادىن كېيىن قىزى «گاچا» بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىغىنى يوق. ئۆزىمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلى غەش يۈردى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، قېيىنئانىسىغا بىر ئېغىز گەپ ياندۇرۇش ئەمەس، قاش كۆتۈرۈپ قارىمىغان بىر ياۋاش بالىنى شۇنچىلىك قاباھەتلىك تىللار بىلەن تىللاش ھاياسىز خوتۇنلارنىڭ ئىشى ئىدى. مۇسۇلمانچىلىقىمۇ توغرا كەلمەيتتى. چۈنكى، ئادەمنىڭ يۈزىگە خورلۇق يۈندىسىنى چاچىدىغان بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ دەردىنى ئۆزىمۇ مەرۇپ تۆمۈرچىدىن بولدى دېگۈچە تارتقان ھەم ئۇنىڭ تەمىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، گۈلسۇمخان نەچچە كۈندىن بېرى ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان چالمىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق جىم يېتىۋالدى. گۈلبانۇم بولسا قەستەن چىقمىدى. تېخىچىلا ئۆچمەيۋاتقان ئوتلارنىڭ قايتىدىن يالقۇنغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن قورقتى. ئەنزەرنى بىرلا كۆرسە يۈرەك جاراھىتى قايتىدىنلا ئېغىز ئېلىپ قاناپ كېتەتتى. ئېرىنىڭ سۆزلىرى، ئاشۇ مۆلايىم چىرايى، سەمىمىيەت نۇرلىرى چاقنىغان كۆزلىرى گۈلبانۇمغا شادلىقتىن تولا ھەسرەت ئەكېلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق ھېس ـ تۇيغۇلار ئىدى. بىراق، «ئەنزەر ھازىر نېمىلەر بولۇپ كەتكەندۇر» دېگەن سوئال ئۇنى بىئارام قىلاتتى، قىينايتتى. ۋاپادار ئېرىنىڭ ئايالى بىلەن قىزىنى سېغىنىپ تارتىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئويلىغاندا يۈرەك باغرى لەختە ـ لەختە قانغا تولاتتى. شۇڭا، گۈلبانۇم قىزىنى قېلىن زاكىلاپ بۆشۈككە تاڭدى، بالىنى ئېمىتىدىغان چاغدا ياندۇرىدىغان شام بىلەن سەرەڭگىنى سەرەمجانلاشتۇردى. ئۇ بۈگۈن بېشىغا بالا تىغى ياغسىمۇ قىزىنى دادىسىغا كۆرستىمىش نىيىتىگە

كەلگەندى.

مانا ئۆگزىگە چۈشكەن چالما گۈلبانۇمنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتاشتى. ئۇ ھېچقانداق ھودۇقماي، تەمتىرىمەي شامنى ياندۇردى. بالىنى يەشتى ھەم ئۇنى كۆرپىسىگە يۆگەپ شوينا بىلەن تاڭدى ـ دە، سەرەڭگىنى يانچۇقىغا سالدى.

— نەگە بارىسەن؟ — گۈلسۇمخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

— ئەنزەرنىڭ قېشىغا، بالىنى دادىسىغا كۆرسەتسەممۇ بولماسمىدى؟ مەن بۈگۈن چىققىنىم چىققان، — نەچچە ئايلاردىن بېرى گاچا بولۇپ قالغان گۈلبانۇمنىڭ بۇ تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىشى ئىدى. ئۇ بالىنى قارا بېسىپ ئالىلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۆشۈك بېشىغا تىقىپ قويغان يوغان پىچاقنى قولىغا ئالدى، — دەرھال ئاۋۇ ياۋۇز ئوغلۇڭ ئەسقەرنى باشلاپ چىقىپ ئانا ـ بالا ھەم ئەنزەر ئۈچىمىزنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەت. مەن بۈگۈن ھەممە ئىشنى بېشىمغا ئېلىپ قويدۇم.

گۈلبانۇم قولىدىكى پىچاقنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ پېشايۋان پەلەمپىيىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ دەرۋازا كىلىتىنى چىقىرىۋەتتى. ئەنزەر بالا قۇچاقلاپ چىققان سۆيۈملۈك ئايالىنى يىراقتىنلا تونۇدى. بۇ بەرنا سىيما ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىغا تىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇنى سىلىپ يىغلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ قىزى بىلەنلا قوشۇپ قۇچاقلىۋالدى. بۇ چاغدا گۈلسۇمخان ئۇلارنى دېرىزىدىن كۆزىتىپ تۇراتتى.

— ئاھ، بانۇ، تاتلىقىم، پەرىشتەم، كۆز قاراقلىرىمدىن يىتىپ كەتتىڭىزغۇ، سىزنىڭ ئىزلىرىڭىزنى دەريا بويلىرىدىن، ساي قۇيۇلۇش ئېغىزلىرىدىن، ۋاڭ قادىرنىڭ باغلىرىدىن ئىزدىدىم، ئىزدىدىم، تاپالمىدىم. كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ھىدلىرىڭىزنى پۇراش ئۈچۈن بوسۇغىڭىزدىن كەتمىدىم. بىزنىڭ

بەختلىك كۈنلىرىمىزمۇ بولغانمىدى دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورىدىم. بانۇ، بانۇ، گەپ قىلىڭا، سىزنىڭ ئاشۇ يېقىملىق ئاۋازىڭىزغا قانچىلىك تەشنا بولغىنىمنى بىلەمسىز؟ — ئەنزەر گۈلبانۇمنى بىرسى تارتىپ ئەكېتىدىغاندەك شۇنداق تېز سۆزلىمەكتە ئىدى — سىزسىز، سىزنىڭ كۈلكىلىرىڭىزسىز، پاكىز رۇخسارىڭىزسىز بۇ دۇنيا ماڭا ھارام بولىدىغۇ، بىزنىڭ مۇشۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىمىزغا، ۋابالىمىزغا، قىزىمىزنىڭ يېتىم قېلىشىغا بىلىمەن مېنىڭ ئانام سەۋەبچى. ئۇ نەچچە رەت كېلىپ ئەسكىلىك قىلمىغان بولسا، بۇنچىلىك كۈنلەرگە قالماس ئىدۇق. ئېيتىڭا، ئۆيدىن ئانام يەنە چىقىپ قالارمۇ؟ ئۇكىڭىز ئەسقەرچۇ؟

— بوشراق، ئەنزەر، بالا سىقىلىپ كەتتى، — ئايدىڭ كېچىدە گۈلبانۇمنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى، — ئالدىڭىزغا چىققىنىمدىن ئاپامنىڭ خەۋىرى بار. ئۇ بەلكىم دېرىزە تۈۋىدە.

ئەنزەر دەرھال گۈلبانۇمنى قويۇپ بېرىپ، يېرىم قەدەم ئارقىغا چېكىندى.

— راستىما؟ — ئەنزەر كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمەيتتى، — ئەگەر ئانام ئاشۇ رەسۋاچىلىقلارنى قىلمىغان بولسا ئاپىڭىزنىڭ ئۈنچىلىك جەھلى قاتمايتتى ھەم ئېرىپ قېلىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى.

— بولدى، ئەنزەر، ئۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، پۇرسەت ئۆتۈپ كەتمىسۇن، قىزىڭىزنى كۆرۈۋېلىڭ، — گۈلبانۇم ئالمىنۇرنىڭ يۈزىنى ئاچتى، — قىزىمىز ھازىر نېمىلەرنىدۇر گۈڭگۈرايدۇ، دە... دە... دېگىنىگە قارىغاندا، «دادا» دەپ تىلى چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ۋىلىقلاپ كۈلسە شۇنداق ئوماق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەنزەر ئاي يورۇقىدا قىزىنىڭ غۇۋا سىيماسىنى كۆردى. ئۇ گۈلبانۇم بەرگەن سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ قىزىنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكېلىپمۇ يەنە ئېنىق كۆرەلمىدى.

— يەنىلا ئوچۇق كۆرەلمىدىم، بانۇ.

— كۆزلىرىڭىزنى سۈرتۈۋېتىڭ، لىقمۇ لىق ياش تۇرسا قانداق كۆرەلەيسىز؟

ئەنزەر قىزىنى قولىغا ئېلىپ توغاچتەك مەڭزىلىرىگە سۆيدى، يۈزىنى يۈزىگە ياقتى ھەم زاكىلانغان ئالىنۇرنى دېرىزىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئايالىنىڭ مەڭزىگە بوشراق ئۆپۈپ قويدى. گۈلبانۇمنىڭ يالت - يۇلت قىلىپ دەرۋازىغا، دېرىزىگە قاراپ قويۇشىدىن ئۇنىڭ كىرىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەنزەر، بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭ. ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن، — گۈلبانۇم يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئەگەر ئانىمىز بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزنى قولۇم - قوشنىلاردىن ئاڭلاپ قالسا، ئاپامغا يەنە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. ئەمدى مەن تەقدىرگە تەن بېرىمەن. بىز ئەمدى... — گۈلبانۇم ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، — كۆرۈشمەيلى، كۆرۈشسەكلا ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن.

— گۈلبانۇم، بانۇ، ئۇنداق دېمەڭ، ساراڭ بولۇپ قالىمەن. بىر مەزگىل ساقلايلى، ھەر ئىككىلا ئانا ئەقلىنى تاپار. مەن سىزنى قانچىلىك ياشىسام شۇنچىلىك ساقلايمەن.

گۈلبانۇم سۈكۈت بىلەنلا جاۋاب بەردى. پەقەت ئاچچىقنا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— گۈلبانۇم، جاۋاب بېرىڭ، — ئەنزەر تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى.

— بىلىمەن، ئەنزەر، سىز ياخشى ئاتا، ۋاپادار ئەر. سىز بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم گەرچە قىسقا بولسىمۇ، پۈتۈن ھاياتىمنى بېزىگۈدەك سائادەتلىك كۈنلەر بولدى. بىراق، ئەمدى سىز بىلەن ئۆي تۇتالمايمەن، — گۈلبانۇم يەر بېقىپ سۆزلەۋاتاتتى، — چۈنكى مەندەك بىر بۇزۇق سىزنى ئازدۇرۇپ، يولىڭىزغا كۆز قىزارتىپ، سىزنى شىلىپ گاڭسا - جىنسا قىلمىغۇچە نەپسىم

قانمايدىغان قەلەندەر، دىۋانە تۇرسام. ھەتتا ئانىڭىز نەزىرىدە مەن سىزنىڭ يانچۇقىڭىزدىكى پۇلغا، گۈلدەك ھۆنىرىڭىزگە پايلىماي پوتلا ـ مىشقىمنى ئېقىتىپ يالۋۇرۇپ، نايىناقلاپ، غىلجىڭلاپ، قەستەن سۆۋىنىپ شەيتىنىڭىزنى قوزغاپ ئۆزۈمگە قارىتىۋالغان بىر پاھىشە بولدۇم. قىزىڭىز بولسا «ھاراملىق» بولدى. تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالىنى بۇنداق ھاقارەتلىگەن ئانىغا كېلىن بولۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلالمايمەن. مۇشۇ ياشلىغىن بولغۇچە ئاڭلىمىغان خورلۇق، ھاقارەتلەر مېنىڭ يۈرىكىمنى بىر پارچە مۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

— توغرا، گۈلسۈمخان ئانىمۇ ئىچىگە سىغدۇرالمىغاچقا، ئانامنىڭ ئەنت ـ قىساسىنى مەندىن ئالدى. شۇڭا، مەن ئاللىبۇرۇنلا كۆڭلۈمگە ئالمىغان، — ئەنزەر يەنىلا ئۈمىدلىنىپ تۇراتتى، — گۈلبانۇم، گەپنى ئۈزۈۋەتمەڭ، يەنە ئويلىنىپ كۆرسىڭىز.

— ئويلانغۇدەك نېمىسى قالدى، قاباھەتلىك ئەپسانە ـ تۆھمەتلەرنى، پاسكىنا خورلۇقلارنى يۈزۈمدە يۈندىدەك چېچىۋەتكەن ئادەمنى قوشاققا قېتىپ مەدھىيەلىسەم، مەندىكى ئىنسانىي غۇرۇر، ۋىجدان، پەزىلىتىم نەدە قالىدۇ؟ شۇڭا، بەختىمنى قۇربان قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپام سىزنى تىللىغاندىن بېرى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ پەيدا بولدى. خوش، ئەنزەر، ئامان بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خۇشاللىقىم، بەختىم، ھۇزۇرۇم سىزنىڭ خىيالىڭىز... سەھرادىكى كۈنلەر!...

— تۇتۇڭ بۇ پۇلنى، — ئەنزەر گۈلبانۇمنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزغانىدى، ئۇ ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— ئالالمايمەن، سىزمۇ ئانىڭىزدەك بىزنى قەلەندەر ـ دىۋانە كۆرۈۋاتامسىز؟

— تەتۈرلۈك قىلماڭ، بالىغا خەجلەپ بېرىڭ.

— سىزنىڭ بالا ئۈچۈن ئەكېلىپ بېرىۋاتقان

نەرسىلىرىڭىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، ــ گۈلبانۇم پۇلنى ئەنزەرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، ــ ئەگەر بالىنى كۆرگۈڭىز كەلسە ساباھەتنى كىرگۈزۈڭ.

گۈلبانۇم ھۇ تارتىپ يىغلىغانچە كىرىپ كەتتى.

ــ گۈلبانۇم، مەن سىزنى ساقلايمەن، ــ ئەنزەر گۈلبانۇمنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى، ــ ماڭا ئىشىنىڭ...

قاراڭ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا كۆرۈلگەن بۇ ئالامەتلەرگە: بىزدىكى قاشقاقلىق، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىمىز، يۇرتۋازلىق، تەپرىقىچىلىك، مەزھەپ، بۆلگۈنچىلىك، ئەبگارلىق، خاتا بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش قاتارلىق ئىللەتلىرىمىز پۇت ـ قوللىرىمىزنى چۇشەپ، ھەممىدىن قورقۇش، ئەندىكىش، جۈرئەتسىزلىك، غايىسىزلىك، نوقۇل ھۆرمەت قەپەسلىرىگە مەھكۇم قىلغان! ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنى ئەلۋەتتە قانۇن قوللايتتى. ئەمما، ئۇلار: «ئاتا ـ ئانىمىز قارغىۋېتەرمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالارمۇ، خەلق ئالدىدا يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەرمىز، بۇ دۇنياغا نېمىشقىمۇ تۆرىلىپ قالغاندىمىز، بوپتۇلا، ئاتا ـ ئانىدىن ئۇلۇغ ئادەم يوق...» دېگەندەك چۈشەنچىلەرگە بوغۇلۇپ قالغان ياشلاردىن ئىدى. ئۇلار ئەبەدىلئەبەد ۋاپادار ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇشنى خالىمامدۇ؟ مەڭگۈلۈك بەخت ئۇلارغا سوغۇق كېلەرمۇ؟ زادى سەھرادىن نېمىشقا قايتىپ كېلىشىدۇ؟ ھەر ئىككى ئانىنىڭ خۇي ـ پەيلى ئۆزلىرىگە بەش قولدەك ئايان تۇرسا! ئۇلار ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى كونا ئادەت كۈچلىرىنىڭ قۇلى! غۇلجىدا «ئاخۇنۇم سىزىق» دەيدىغان بىر مويسىپىت ئادەم بولىدىغان. باللار توپىغا سىزىق سىزىپ قويۇپ: «ئاخۇنۇم سىزىق» دېگەن ھامان، ئۇ سىزىقتىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي باشقا يەرلەردىن ئايلىنىپ ماڭاتتى. بىزنىڭ كونا، نامۇۋاپىق قائىدە ـ نىزاملىرىمىز، ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمنى ئەنە شۇنداق «ئاخۇنۇم سىزىق»لاردىن قىلىپ يېتىشتۇرگەنىدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئاشۇ ئىسكەنجىلەرنىڭ بوغۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي مۇھەببەتتىن، سۆيگەن كەسپىدىن، گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن، يېقىن دوستلىرىدىن، ھەتتا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋەتىنىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمما، ئۆمۈر بويى ئۇمىد ئۈزەلمەي ھاياتى ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ. بىر كۈنلەر كەلگەندە پۇشايمان قىلىدۇ، ئۆكۈنىدۇ، سېغىنىدۇ، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، كېچىككەن! كېچىككەندىمۇ باشلارغا قىروۋ چۈشكەن، بەللەر پۈكۈلگەن، كۆز گۆھەرلىرى تۆكۈلگەن، مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بەلغەم كانىيىدا خىر ـ خىر قىلىپ زادىلا كەتمىگەن، قانلىرى سوۋۇپ باقىيغا تەييارلانغان، ئۆمۈر مەنزىلى مۇساپىسىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە بېرىپ قالغان!... شۇڭا دەيمىزكى، ھەرقانداق ئادەمگە ئۆمرىدە بىر قېتىم بەخت ـ ئامەت كېلىدۇ. مانا شۇنى بىلەلىگەن، تۇتۇۋالالىغان ھەم قەدرىگە يېتەلىگەن ئادەملا بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كېتىدۇ!... تەڭرىنىڭ «يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگىنىمۇ نەق مۇشۇ ئۇلۇغ يەكۈن!

گۈلبانۇمنىڭ قارارىنى پەقەت مۇئەتتەرخانغا بولغان ئاچچىقتىن بولۇۋاتقان گەپ دەپ چۈشەنگەن ئەنۋەر ئۆز كۆڭلىنى ياساپ قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئاشخانىدا كەچكىچە خېلىلا مەمنۇن ھالدا ئىشلىدى. ئايالى بىلەن قىزىنى بىر قېتىم كۆرۈۋالغاچقىمۇ كۆڭلى تەسكىن تاپقانىدى. شۇنداقتىمۇ، گۈلبانۇمنىڭ «بەختىمنى قۇربان قىلىش قارارىغا كەلدىم» دېگەن سۆزى ئۇنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ گۈلبانۇم ئۇنى بىئارام قىلماي دېدىمۇ بەزى گەپلەرنى يوشۇرغانىدى. بايقۇللۇقلار ئەلچى كىرگۈزۈپ، توي رەسمىيەتلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. گۈلسۈمخان قىزىغا بىر كېچە نەسىھەت قىلدى، كۆز ياش تۆكتى، جىق ۋەدىلەرنى بەردى، ھادىل رېمونتچىنى ماختىدى. لېكىن، گۈلبانۇم يا ياق، ياكى ماقۇل دېمىدى. ئېرىدىن ئاجراشقاندىن بېرى «گاچا» بولۇپ قالغان گۈلبانۇمنىڭ غوۋغا كۆتۈرمەي،

ئۆندىمەي تۇرۇشىنى «رازى بولدى» دەپ چۈشەنگەن گۈلسۈمخان بىر كۈنى بايكۆلگە چىقىپ «خۇش خەۋەر» يەتكۈزدى. بۇلاردىن ئەنزەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇپ ھەممىسى كەتتى. پەقەت ئەنزەرلا خالات، پەشتامىلىرىنى سېلىپ، بىر قۇر تازىلىق قىلدى، ئاندىن قايتماقچى بولۇۋىدى، قارادۆڭ ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نىغمەت كىرىپ كەلدى. ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇم ئاجراشقان چاغلاردا، ئۇ «ئاھالە كومىتېتلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇش ھەم خىزمەت نىزاملىرىنى بېكىتىش» يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتكەنىدى. نىغمەت قايتىپ كېلىپلا «قارىمامسەن، ئۇكا، سېنىڭ بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە، خۇددى ‹ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئىتنىڭ سىيگۈسى كەپتۇ› دېگەندەك ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالغىنىمنى» دەپ ئۆزرە سورىدى. ئاندىن مۇئەتتەرخان بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى، ئەنزەر: ئانىسى مۇئەتتەرخاننىڭ ئىنتايىن نومۇسسىز ھاقارەتلىرىگە چىدىمىغان گۈلبانۇمنىڭ ئىلاجسىز ئۆزى ئاجرىشىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، دەپ بەرگەنىدى.

— ھە، ئەنزەر، ئاشخانىدا يالغۇز قاپسەنغۇ؟ يېگۈدەك بىرنېمەڭ يوقمۇ؟ — نىغمەت تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايتتى، — ئاھالە كومىتېتىدا يىغىن ئاچقان، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. يالغۇز جېنىمغا تاماق ئېتىشتىن ئېرىنىدىم.

ئەنزەر توك شامالدۇرغۇچنى ئېچىۋېتىپ ئوتنى ئۇلغايتتى ـ دە، تەييار لەڭمەن پىلتىسىنى تارتىپ قازانغا تاشلىدى، ئاندىن ئاشقان قورۇمىنى قىزىتىپ، بىر تەخسە لەڭمەننى نىغمەتنىڭ ئالدىغا قويدى. تاماق ئۈستەللىرىدە ئاچچىقسۇ، مۇچ قىياملىرى بار ئىدى.

— يائاللا، قولۇڭ بەك تېز جۇمۇ سېنىڭ، — نىغمەتنىڭ قورسىقى خېلىلا ئاچقاندەك قىلاتتى، — ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغۇچىلا تەييار قىلدىڭا.

— نېغمەتكا، تويمىسىڭىز چۆپ يەنە بار جۇمۇڭ، سېلىپ بېرىمەن، — دېدى ئەنزەر بىر چىنە ئاش سۇيىنى ئۈستەلگە قويۇپ، — قارىغاندا، بىر كۈن تاماق يېمىگەندەك قىلىسىز.

— تاپتىڭ، — نېغمەت كافكازچە قىرقىم بۇرۇتىنى سىيپاپ قويدى، — مۇشۇۋاغۇ قارا، ئادەم تەنھا بىرنېمە يېگۈسى كەلمەيدىكەن ھەم تاماق ئېتىشكە قېرىق بولۇپ كېتىدىكەن. مالمۇ كۆپ بولغانسېرى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئوتنى راسا يەيدۇ، يالغۇز بولسا نېزىقاپ تۇرۇۋالىدۇ. ئادەممۇ مالغا ئوخشاش بىرنېمە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز ياشىغانسېرى سەپرا، تېرىككەك بولۇپ قالىدىكەن.

ئەنزەر نېغمەتنىڭ «تەنھالىق»، «يالغۇزلۇق» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئابدۇسەمەتنىڭ «ئانام نېغمەتكام بىلەن بىللە بولۇپ قالسا بەك بەلەن بولاتتى» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. گەرچە ئۇ ئۆزىگە، ئاكىسىغا يول ئېچىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، بۇ بىر ساۋابلىق ئىش ئىدى. ئانىسىنىڭ بارغانسېرى ئاچچىقى يامان، تىرتەك، تېرىككەك بولۇپ كېتىشىمۇ ئاشۇ تۇللۇقتىن بولسا كېرەك. ئۇ ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە يېشىدىلا مەخەت ئەپەندىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تەنھالىق ئازابىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇمۇ ئەتىسى - ئاخشىمى مۇڭدىشىدىغان، ھال - مۇڭلىرىنى تۆكىدىغان، ھاياتىدىكى ئەسلىمىلەرنى ياد ئېتىدىغان بىر سىرداشقا، مۇڭداشقا، ھەمراھقا موھتاج. مۇئەتتەرخان باشقىلارغا قىر كۆرسەتكىنى بىلەن نېغمەتكە ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇنى كۆرسىلا ئۆچكە ياغلىرى ئېرىپ، بەھرى ئېچىلىپ قالاتتى. كۆڭۈلدىكى تۈگۈننى يېشىشكە ناھايىتى ئۇستا خۇش چاقچاق نېغمەتمۇ مۇئەتتەرخاننىڭ نېمىنى ئويلاپ، نېمىنى قويىدىغانلىقىغا پال سالغاندەك، نەق ئويلىغانلىرى ئۈستىدىن چۈشەتتى.

— نېغمەتكا، قورسىقىڭىز ئاچقاندا ئۆتتۈرلا بىزنىڭ ئۆيگە كىرسىڭىز بولىدۇ، — ئەنزەر ئۇنىڭ چىرايىغا چاندۇرماي قاراپ

قويدى، ــ ئانام بىلەنمۇ چىقىشقاندىكىن.

ــ ۋاي... ئەنزەر بالا، مۇئەتتەرخان بىلەن مەن كېلىشىمسەم باشقىسى بىكار. ئۇنىڭ ئاشۇ چۇس مىجەزى باركى، ھەرقانداقىنى جەك دېگۈزىدۇ، ــ نىغمەت باش چايقىدى، ــ بىراقىزەم مەن تۇكنى يېتىشىغا سىلاپ ئۇنى ئاچچىقلىتىپ قويمايمەن. مۇنداق ئېيتقاندا ئېپىم كېلىشىدۇ.

ــ توۋا دەيمەن، سىز كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيىمىزدە باشقىچە بىر ئىللىقلىق بولىدۇ. ئانامنىڭ ھېچقاچان ئاڭلىمىغان تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلايمىز. كۈلكىسىنى كۆرىمىز، بولمىسازە رۇكۇدىكى ئىمامدەك ھەممىمىز جىمىپ كەتكەن. بۇنداق تۇرمۇش بەك كۆڭۈلسىز بولىدىكەن دەڭا.

ــ سەن بىلمەيدىكەنسەن، ئەسلىدە ئاپاڭ ئۇنداق ئايال ئەمەس، ــ نىغمەت تامىقىنى يەپ بولۇپ تەخسىگە ئاش سۇيى قۇيدى، ــ پەقەت تۇرمۇشتىكى بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر، كېلىشەلمەسلىكلەر، ناھەقچىلىكلەر مۇئەتتەرخاننى ھەممىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان، ئېھتىياتچان قىلىپ قويغان. بۇنداق ئاياللارغا كۆڭۈلدىكىدەك تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرەر ئامىل بولسىلا، يەنە ئەسلىدىكى خۇش پېئىللىقىغا يانىدۇ.

ــ ئۇنداقتا سىز خىزمەت ئىشلەپ باقسىڭىز بولغۇدەك...

ــ پاھ، پاھ، تامىقىڭ ئوخشاپتۇ جۇمۇ، ــ نىغمەت پۇل تەڭلىدى، ــ رەھمەت ساڭا.

ــ نىمە قىلىۋاتىسىز، نىغمەتكا؟ بۇ ئاشخانىدا سىزنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسىڭىز بار جۇمۇڭ.

ــ قىزىق ئىكەنسەن، ئۇنداق مەرد بولۇپ كەتسەڭ، ئەتە - ئۆگۈن دەسمايەڭ غالتەككە چىقىدۇ جۇمۇ، ئېلىپ قويە بۇ تىيىننى.

ــ بۇنداق قىلسىڭىز ئاچچىقلاپ قالىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام پۇل ئالىدۇ. باشقىلىرىمىز بۇ ھوقۇقتىن بەھرىمەن ئەمەس.

نىغمەت بىلەن بولغان بۇ سۆھبەتتىن ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر چۈشلۈكى ئالىنۇرنى كۆرگىلى كەتكەن ساباھەت ئاشخانىغا ئۆگسۈرۈن كىرىپ كەلدى - دە، ئوچاق بېشىدا قورۇما قورۇۋاتقان ئەنزەرنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. شۇ ھامان ئەنزەرنىڭ چىرايى سامان قەغەزدەك سارغىيىپ، قولىدىن ساپلىق چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ تىزلاندى - دە، ئوچاق بېشىغا يۆلىنىپ قالدى. بۇ ھالدىن قورقۇپ كەتكەن مۇئەتتەرخان، ئابدۇسەمەت، گۈلنىسالار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىگەندى، سۇنۇلغان قوللارنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ماڭا قول تەگكۈزگۈچى بولمىسىلا، پۈتۈن تەنلىرىدىن نىجاسەت ھىدى كېلىۋاتىدۇ، — ئەنزەر ئانىسىنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى، — ئاھ، خۇدا، بۇ قىسمەتنى كىمدىنمۇ كۆرەرمەن؟!

مۇئەتتەرخان ساباھەتنى چەتكە تارتىپ كوچىلاپ سورىغانىدى، ئۇ دۇدۇقلاپ:

— گۈلبانۇم ئاچامنى بايكۆلگە ياتلىق قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ، — دەپ يىغلاپ سالدى.

مۇئەتتەرخاننىڭ ئىچى - ئىچىدىن ئىتىلىپ چىققان بىر خۇشاللىق يۈزىگە تەپتى.

## 13

مۇئەتتەرخاننىڭ خۇشاللىقى تېرىسىگە سىغمىسا، ئەنزەرنىڭ دەرد - ھەسرىتى يۈرىكىنى قۇرتتەك يەپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىدى. گۈلبانۇمنىڭ ئۇدۇمى ئۇنىڭغا ئۆتكەنمۇ نېمە، ئۇمۇ «گاچا» بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشخانىغا كىرمەي كوچا - كويلاردا لاغايلاپ يۈرگەچكە، ئابدۇسەمەت ئۇستامدىن بىرنى ياللىدى. ئەنزەر كېچىلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە چالما تاشلاپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بىر كۈنى دەريابويى كوچىسىغا بېرىپ گۈلبانۇمنىڭ قورۇسىغا ئۇسۇپلا كىردى. گۈلسۇمخان

دىمىققاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھازىر نىمە ئۈچۈندۇر پەسكويغا چۈشۈپ، ئۈندىمەس بولۇپ قالغانىدى. ئەنزەر بۆشۈكنى قۇچاقلاپ، قىزىنى سۆيدى ـ دە، يىغلىۋەتتى:

— قىزىم، سىز يېتىم بولدىڭىز، ئاپىڭىز ئىككىمىز ۋەيران بولدۇق. خۇدايىم بىزدەك باغرى قانلارنى نېمىشقىمۇ كۆرمەيدىغاندۇ؟! بوپتۇ ئۇخلاڭ، قىزىم، ئۇخلاڭ، بىر كۈنلەردە ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىگە كۆرسىتەر!

ئەنزەر يېنىدىكى بىر تۇتام پۇلنى قولتارتقۇ لاتىسىغا قىستۇرۇپ قويدى، ئاندىن ئۆيگە سەپسېلىپ قارىدى. ئەكبەر ھۈنەردە پىششىپ قالغاچقا ئۇستىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەشچىلىك دۇكىنى دالان ئۆينىڭ كوچىغا قارىغان تېمىغا يانداپلا سېلىنغان بولۇپ، بۇرۇنقى دېرىزە ئورنىغا كىچىكرەك بىر ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. ئەكبەر دۇكىنىنىڭ سىرتتىكى ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ، مۇشۇ كىچىك ئىشىك بىلەنلا دالان ئۆيگە كىرىپ تاماقنى يەيتتى. گۈلسۈمخان ئالىنۇرنى كۈندۈزلىرى ئۆزى باقاتتى، تاڭغا يېقىن بولمىقىنى يېگۈزۈپ، سۈت پاراشوكى تەڭشەپ ئىچۈرگەندىن كېيىن ئۇخلىتىپ قويۇپ ئىشقا كېتەتتى. ئۇ ئەتىگەنلىكى سائەت توققۇز ـ ئونلاردا قايتىپ كەلگۈچە ئەكبەر قاراپ قوياتتى. ئويغىنىپ يىغلىسا سوسكىنى ئاغزىغا تىقىپ، بۆشۈكنى تەۋرىتەتتى. ئانا ـ بالا ئىككىسى ئالىنۇرنى بېقىشنى ئەنە شۇنداق رەتكە سېلىۋالغانىدى.

— ئاپا، — دېدى جۈدەپ، كۆزلىرى گۆھەردەك ئولتۇرۇشقان ئەنزەر، — گۈلبانۇم قانداقراق تۇرۇۋېتىپتۇ، ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟

— ياخشى، — گۈلسۈمخان قىزىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالغان ئەنزەرگە ئىچىدە غىجىندى، — خاتىرجەم بولۇڭ، كۈنلىرى بەھۇزۇر راھەتتە.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مېنى چۈشلىرىم ئالداپتۇ ـ دە!...

گۈلسۈمخاننىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى. ئۇ بوغۇلۇپقىنا سورىدى:

— قانداق چۈش كۆرۈپسىز؟

— گۈلبانۇم ئۇ... قانداقتۇر مال سويىدىغان گوداڭلاردىن چىقالماي... ئۈستىبېشى قان... چاچلىرى چۇۋۇلغان... «ئەنزەر... ئەنزەر...» دەپ ۋارقىرىغۇدەك... ئاھ، خۇدا... چۆچۈپ، قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن... توۋا، جاپايىمنى بەك تولا تارتقان، ئەمما راھەت كۆرمىگەنىدى...

ئەنزەر چېكىلىرىنى قاماللاپ يىغلىۋەتتى، شۇ يىغلىغانچە يۈتلىرىنى سۆرەپ ئارانلا چىقىپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە گۈلسۈمخاننىڭ كۆڭلىدىن: «ۋاي خۇدايىم، مۇشۇ بالىنىڭ ئۇۋۋالىغا قالدىمۇ نېمە؟» دېگەن ۋەھىمىلىك ئوي كەچتى. بۇمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. گۈلبانۇمنىڭ تويى بولۇپ ھەپتە ئۆتكەندە شەرىپىخان قۇدا تۇغقانلارنى ھاردۇق چېيىغا چاقىردى. ئەمما، مېھمانلار ئارىسىدا گۈلبانۇم يوق ئىدى. گۈلسۈمخاننىڭ ئۇياق ـ بۇياققا قارىغانلىقىنى سېزىپ قالغان شەرىپىخان چىرايى ئۆزگەگەندەك بولدى ـ دە: «ھەي بۇ ياشلار قائىدە ـ يوسۇننى قاچانمۇ ئۆگىنەر؟ ھادىلجان بىلەن ئىككىسى ئۆيىگە بىر نەرسە ئالغىلى شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېدى. بىراق، ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقى ئۆڭسۆرۈن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلى ئۆيۈپ ئولتۇرالماي قالغان گۈلسۈمخان مېھمانلار تاماقتىن كېيىن راسا پاراڭغا چۈشكەندە تۇيدۇرماي سىرتقا چىقتى. پېشايۋانلىق سەككىز ئېغىز ئۆينىڭ ئەڭ چېتىدىكى گۈلبانۇمنىڭ يېڭى ھۇجرىسى ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. گۈلسۈمخان: «ھەدەم راست دەپتۇ، بۇ بالىلار شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، يېڭى توي بولغان قىزىنىڭ ئۆيىنىڭ قانداق جابدۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئويىدا دېرىزىدىن قارىدى. كۈتۈلمىگەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. چاچلىرى چۇۋۇلغان

گۈلبانۇم بىر بۇلۇڭدا تىزلىرىنى قۇچاقلىغانچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەسنادا شەرىپىخان چىقىپ قالدى. ئۇ ئالمان - تالمان مېھمانخانىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، گۈلسۇمخان ئاچچىقى بىلەن چاقىردى. ئىشىك قۇلۇپىنى ئاچۇردى. تۇۋا، تويى بولغىلى بىر ھەپتە بولغان قىزىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنى بۇ؟ گۈلبانۇمنىڭ ئېڭىكى، كۆز قۇيرۇقى كۆكىرىپ ئىششىغان بولۇپ، ئاغزىنىڭ جاۋىغىيدا قان قېتىشىپ قالغانىدى، چىرايى بولسا قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەختەك ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، گۈلبانۇم ئاپىسىغا قاراپمۇ قويمىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ساڭا نېمە بولدى، قىزىم؟ — گۈلبانۇم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمىدى، گۈلسۇمخان شارتلا ھەدىسىگە قارىدى، — بۇ... بۇ... زادى نېمە ئىش؟ ئۇنى ھايۋاندەك سولاپ قويغىنىڭ نېمىسى؟ گەپ قىلساڭچۇ؟

— ھادىلجان ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ سەل كەيپ بولۇپ قاپتىكەن، — شەرىپىخانىنىڭ كۆك كالپۇكلىرى تىترىدى، — ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەرگىشىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— تەرگىشىپ قالغانغا شۇنچىلىك بولۇپ كېتەمدا؟

— ئەمدى خوتۇن كىشى ئاغزىغا، ئەر كىشى قولىغا زورلايدىغان گەپ ئىكەن.

— گۈلبانۇم ھازىرغىچە بىركىمگە قاش كۆتۈرۈپ قارىغان قىز ئەمەس، مەن ئۇنىڭ ئەر بىلەن تەڭ تۇرۇشىغا ئىشەنمەيمەن، ئاھ، خۇدايىم قىزىمنىڭ كۆرمىشلىرى تېخى ئالدىدا ئىكەن - دە...

... گۈلسۇمخانىنىڭ: «ۋاي خۇدايىم، مۇشۇ بالىنىڭ ئۇۋالىغا قالدىممۇ نېمە؟» دەپ ئەندىككىنى مۇشۇ ۋەجىدىن ئىدى. تېخى قىزىنىڭ قانغا بويىلىشىنى ئەنزەرىنىڭ چۇشىدە ئايان قىلغانلىقى، ئەگەرى ئۇنىڭ دادىغا يېتىپ گۈلسۇمخانىنىڭ كۆزىگە كۆرسەتكىنى بولماي نېمە!

گۈلسۇمخان ئەنزەرنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى -

ده، قايتىپ كىرىپلا يىغلىۋەتتى.

ئەنزەر شۇ ماڭغانچە خەنزۇ بازىرىغا كەلدى. لېكىن، ئاشخانىغا كىرمىدى. ئۇ ئەخلەت ـ چاۋارلار دۆۋىلىنىشىپ، پاسكىنا سۇ يىغىلىپ قالغان تار كوچىغا قايرىلدى. ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغاچقا، ئەتراپ ساپسېرىق سارغايغان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاپ بولغان زەپىران ياپراقلار شىرتىلداپ تۆكۈلەتتى. ئەنزەر ئۆستەڭ قىرىنى ياقىلاپ يۇقىرى ئۆرلىدى. ياپيېشىل پاقا لەشلىرى ئېقىپ كېلىۋاتقان بۇ قاراسۇ ئۆستىڭى لەڭزىبېشىدىكى تىك، ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىز يارلار تۈۋىدىن لۆمشىپ كېلەتتى. يار ئۈستىدە كونا تاملىق قەدىمىي ئەسكى ئۆيلەر ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوقچىيىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقى تەتۈر سۆگەت، قارىياغاچ ھەم تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئالىقاندەكمۇ كۆن نۇرى چۈشمەيتتى. باھار ھەم ياز ئايلىرى بۇ ئېگىز ئۆستەڭ قىرىدىن پەسكە قارايدىغان بولسا يېشىل مەخمەل سېلىنغاندەك كەتكەنلا ئوتلاقلىق ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى توپ ـ توپ كۆكەرگەن سۆگەت، جىگدە، قارىياغاچ ھەم چاتقاللار شەھۋەتپەرەسلەر ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش پىنھانى بولالايتتى. تارىختىن بېرى لەڭزىبېشىنىڭ نامى ئانچە ياخشى ئەمەس. بۇ يەردىن نەشىكەش بەڭگىلەر، قىمارۋازلار، پاھىشىۋازلار ھەم دۇتار ـ تەمبۇرلىرىنى چېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئۇلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، قىرقىراپ كۈلۈشۇپ، دەتتىكام دەپ مەيدىلىرىگە قارسىلدىتىپ ئۇرۇشۇپ، مەستلەر بىر ـ بىرىنى مۇشتلاپ لەڭزىبېشىنى ئاۋات قىلىشاتتى.

ئەنزەر لەلەڭشىگەن ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىللىق ناخشىلىرىنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى، دۇتار ـ تەمبۇرنىڭ يۈرەكلەرنى مۇڭغا سالغۇدەك يېقىملىق ئاۋازى كېلىۋاتقان چوڭ ئىككى توپ سۆگەت تۈۋىگە كەلدى. بۇ يەردە ئون نەچچە يىگىت ھاراق ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتاتتى.

ئولتۇرغانلارنىڭ سەركىسى بولسا كېرەك، قارىمۇتۇق، قاتاڭغۇر يىگىرمە يەتتە ـ يىگىرمە سەككىز ياشلاردىكى بىر يىگىت سورۇننى باشقۇرۇپ هاراق قۇيۇۋاتاتتى. ئوتتۇرىغا يېيىپ قويۇلغان بىرنەچچە پارچە گېزىت ئۈستىدە گىردە پارچىلىرى، قۇرت، ئىككى هېجىر لەڭپۇڭ هەم يېيىلىپ بولغان كالا ـ پاچاق سۆڭەكلىرى تۇراتتى. ئەنزەر قاتاڭغۇر بالىنى تونۇغاندەك قىلدى. ئۇ قۇرۇلۇشلاردا تامچىلىق قىلىدىغان «قورۇق» لەقەملىك پەتتار بولۇپ، پات ـ پاتلا ئەنزەرنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يەيتتى.

— هوي، ئەنزەر غوجايىنغۇ بۇ، ئاغىنىلەر، سىغىلىڭلار، بىرەر كىشىلىك ئورۇن چىقسۇن. كېلىڭ، كېلىڭ، — ئەنزەر ئىككى بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆڭەتكە يۆلىنىپ ئولتۇردى، — ئەنزەر غوجايىن بۇنداق يەرلەر بىلەن هەپىلەشمەيدىغان ئادەم ئىدى، ئەجەب بۇگۈن توخۇ جىرىم غاجىغاندەك قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇ.

— زېرىكىپ دېمەمسىز، قارىسام نەغمە قىلىپ، ناخشا ئېيتىۋېتىپسىلەر.

— هەببەللى، ئويناپ تۇرغۇلۇق، پۇل تاپقان بىلەن هېساب ئەمەس، ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقالىغىنى ئوغۇل بالا، قانداق دېدىم، ئاغىنىلەر؟ قېنى ماۋۇ بىرنى كۆتۈرۈۋېتىڭ، — پەتتار ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىغا قويۇلغان هاراقنى سۇندى. ئەنزەر هاراق ئەمەس، تاماكىمۇ چەكمەيتتى. بىراق، بىرمۇنچە يىگىتلەر ئالدىدا ئوغۇل بالىلىقىنى كۆرسەتمىسە چېنىپ قالىدۇ ـ دە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىچىدە كۆيۈۋاتقان بىر ئوتقا تاقابىل تۇرالىغۇدەك نەرسە بولسا زەهەر بولسىمۇ ئىچىدىغاندەك تۇراتتى.

— قېنى ئىچىۋېتىڭ، سورۇن سوۋۇپ قالمىسۇن.

ئەنزەر كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. خۇددى بىر كەپكۈر قوقاسنى يۇتۇۋەتكەندەك ئىچ ـ باغرىنى كۆيدۈرۈپ كىرىپ كەتكەن ساپ جۇن بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈزىگە چىقتى.

— هۇششەرە ئوغۇل بالا، ئەسلىدە ئىچىملىكتىمۇ بار ئىكەنسىز ـ دە، — پەتتار يەنە بىرنى قۇيۇپ تەڭلىدى، —

بايىقىسى كىچىككەنلىكىڭىز ئۈچۈن، ماۋۇسى نۆۋىتىڭىز.

— مەن...

— ئىلىك، ئىلىك، — پەتتار قوڭغۇراقنى تۇتقۇزۇپ بولۇپ سورۇن ئەھلىگە قارىدى، — ئاغىنىلەر، ئەنزەر ئاغىنىمىزنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ خەنزۇ بازىرى ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ ئاشخانىنىڭ غوجايىنى. لېكىننزە، ئاغىنىلەر، مەرد نەرسە جۇمۇ، ئىشلەمچى باللارنىڭ دەردىگە يېتىدۇ. ئادەتتە بىر سوم يىگىرمە تىيىنلىق بىر تەخسە لەڭمەن ئالىمىز، لېكىن تويمايمىز، چۇنكى قارا ئىش قىلىمىز - دە. ئەنزەر غوجايىن «تەخسىڭىزدە قورۇما ئېشىپ قاپتۇ، ئۆستىگە چۆپ سېلىپ بېرەيمۇ» دەپلا بىكارغىلا يېرىم چويلا ئاش سېلىپ بېرىدۇ.

— مەنمۇ دەسلەپتە پۇل ئالمىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ياق دەپتىكەنمەن، — دېدى «قاتتىق» لەقەملىك كۆك كۆز، يىگىت، — كېيىن ئۇققاندىن كېيىن «ھە»لا دەيدىغان بولدۇم.

— موكلا ياقتى - دە، ساڭا، — دېدى كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ لەقىمىنى كەلتۈرۈپ، — تەخسەڭدىكى قورۇمىنى خالتاڭغا قۇيۇۋېلىپ، ھەپتىدىن كېيىن چۆپ تەلەپ قىلىدىغان نېمىسەن.

— ئاڭلىساق، شۇنىڭدىن بېرى ئۇ قېيىنئانا، قېيىنئاتام، خوتۇن - باللىرىنى ئاپىرىپ، بىر تەخسە لەڭمەن ئېلىپ ئون تەخسە چۆپ تەلەپ قىپتۇ، دېيىشىدۇ.

كۆك كۆز يىگىت ئۆزىگە چاقچاق قىلغۇچىنىڭ «ئېشەك» لەقىمىنى يانپاشقا ئالدى:

— قىسقا چاقچىقىڭ شۇ بولسا، ئۆزۈڭنى يۇدۇپ كېلەمسەن نېمە؟

سورۇندا ئارقا - ئارقىدىن كۇلكە كۆتۈرۈلدى. بىردەملىك بولسىمۇ ھەسرىتى ئۇنتۇلغان ئەنزەر ئۈچ قوڭغۇراق ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ئۆزىنى خۇددى كۆكتە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بايىقى تارتىنىش - قورۇنۇشلىرى نەلەرگىدۇر يوقالدى. بۇ ئەسنادا نۆۋىتى بويىچە يەنە بىر قوڭغۇراق ھاراق كەلدى.

— ئەمدى مەن...
— ئىچىڭ، ئىچىڭ، — پەتتار قورۇق قول سىلكىدى، — قاراڭ، ئادەم نامرات بولغانسېرى، يوقسۇزلۇق تارتقانسېرى بۇ نېمىگە شۇنچە مەيلىڭ تارتىپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، بەزىلەرنىڭ: «هاراق دەردنى كېسىدۇ، دەردنى ئالىدۇ، دەردنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېگەن گېپى ھەقمىكىن دەيمەن.
— بولىدۇ، خوشە، ئاغىنىلەر، شۇنداقلا بولىدىغان بولسا ئىچكىنىم ئىچكەن، — خېلىلا قىزىپ قالغان ئەنزەر يېنىدىن شارتلا يىگىرمە سوم چىقىرىپ پەتتارغا تەڭلىدى، — ئاغىنىلەر، داستىخىنىمىز قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ. سەل قويۇلدۇرمايلىما؟!
— بەللى، بەللى سورۇن كۆرگەن بالىلا، بوپتۇ كۆڭلىڭىزنى قويۇل قىلمىساق رەنجىيسىز، — دېدى جانلىنىپ كەتكەن پەتتار قورۇق، — ھەي ئىمىن قاتتىق، قوپە ئورنۇڭدىن، ئون سومغا تۆت بوتۇلكا پىچەت هاراق، قالغان ئون سومغا پىششىق گۆش، كاللا - پاچاق ئەكەل.
ئىمىن قاتتىق پۇلنى، سومكىنى ئېلىپ مېڭىشىغا، پەتتار قورۇق ئارقىدىن: «ھەي قاتتىق، پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلە، ئاشۇرۇپ قويما جۇمۇ» دەپ ۋارقىرىدى. بالىلار بىرنەچچە پەدە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتقۇچە، ئىمىن قاتتىقمۇ هاسىراپ يېتىپ كەلدى. تۆت بوتۇلكا «چۇنيىڭ» ماركىلىق هاراق سورۇنغا تىكلىنىپ، گۆش، كاللا - پاچاقلار پارچىلىنىپ بولۇشى سورۇن ئەھلى باشقىدىنلا قىزىدى.
— بۇ تاماكىنى بەك ھەۋەس بىلەن شوراۋېرىسىز، — كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئەنزەر يېنىدىكى ۋىجىك يىگىتتىن سورىدى، — ئۇ شۇنچىلىك مەززىلىك تاتلىق نەرسىمۇ؟
— بۇنىڭ خسلىتىنى سوراپ قالدىڭىز، قاراڭ، — دېدى ۋىجىك يىگىت چوڭ كۆزلىرىنى يېرىم قىسىپ، — بۇنى چەككەن ئادەم ئىچىدىكى دەرد - ئەلەمنى تۈتۈن بىلەن چىقىرىۋېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

يېپيېنىكلا بولۇپ قالىسىز، قېنى بىرنى چېكىپ باقامسىز؟

ئەنزەر سۆگەت غولىغا يۆلىنىپ، تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىۋاتقىنىدا، دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ تەڭكەش مۇڭىدا ناخشا باشلاندى. ناخشىنىڭ يېنىك ئەۋجى، كۆچىنىشلىرى، سەكرەتمە مۇڭلىرى دەردلىك كۆڭۈللەرنى لەرزىگە سېلىپ، باشقا كەلگەن ئېغىر كۈنلەرنى، ئالەمچە ئازابلارنى، ھەسرەتلىك پىراقلارنى ئېرىتىپ كۆزلىرىڭنى لىقمۇلىق ياشلارغا تولدۇرىدۇ. كەيپ بولۇپ قالغان ئەنزەر ناخشا دولقۇنلىرىدا ئېقىپ ئاستا تەۋرەنمەكتە، ناخشىمۇ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى.

ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلسەم،
ئۇنۇمدىن تونۇغان يارىم.
جاپايىمنى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كۆرمىگەن يارىم.

— بەرھەق، — ۋارقىرىدى ئەنزەر تىزىغا ئۇرۇۋېتىپ، — قېنى، پەتتار ئاغىنە ماڭا بىرنى قۇيىمامسەن... پاھ، پاھ، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئېسىل نەرسىلەر بارئىكىنە، ئەجەب غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ يۈرۈپتىمەن.

ئۇنتۇلۇپ - ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ،
خاماندا كۈرەك - ئارى.
ئايرىلىپ كېتەي دىسەم
باشتا ئويناشقان يارى.

— خوشە، ئاغىنىلەر! — خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان ئەنزەر قاتتىق ۋارقىرىدى، — باشتا ئويناشقان يار ئۈچۈن ئىچەيلى!

— خوشە! — سورۇن ئەھلى سېخىي غوجايىن بىلەن بىردەك

ۋارقىراشتى.

ئەنزەر بىر ياقتىن هاراق ئىچەتتى، بىر ياقتىن ئۈزمەي تاماكا چېكەتتى. ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان بۇ كەيپىلەر ئۇنىڭ ئەقلىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كىمگىدۇر ئېسىلىپ يىغلىغۇسى، كىمنىدۇر پۇخادىن چىققۇچە تىللىغۇسى، كىمنىدۇر ئۇرغۇسى كېلەتتى. ناخشىچى يىگىتلەر ئاۋازلىرىنى بارغانسېرى مۇڭغا تولدۇرۇپ، يۈرەكتىكى كونا يارىلارنى قوزغىماقتا ئىدى:

بارغۇلۇقەي بارغۇلۇق،
تامدىن قاراپلا يانغۇلۇق.
بەندىلىكتە چارى يوق،
ياقا تۇتۇپ يىغلىغۇلۇق.

ئەنزەر چېكىسىنى قاماللىغىنىچە يىغلىۋەتتى. بۇ چاغدا يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەست بولۇپ قالغانىدى. كۆپلىرى «مەن ساڭا ئېيتاي»غا چۈشۈپ مۇڭدىشاتتى، دەردلىرىنى تۆكەتتى، قوللىرىنى شىلتىپ غەزەپلىنەتتى. ئەنزەر بېشىنى كۆتۈرۈپ غاراڭ ـ غۇرۇڭ مەست ئاۋازى بىلەن نىمىلەرنىدۇر دەپ بىلجىرلىماقتا ئىدى.

— ھەي ئاغىنىلەر... «غۇلجىلىق بىلەن قەشقەرلىك بىر ئۇيغۇر ئەمەس، بىر مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، بىرسى چېركاۋدا، بىرسى بۇتخانىدا» دېگەن غەزەلنى ئېيتايلى... نىمە، ئۇنداق غەزەل يوقما، بار... بار... سەن ئاڭلىماپسەن، مانا مەن ئاڭلىغان... ئەمىسە «دۇنيانىڭ تۆۋرۈكى پۇل، مۇھەببەتنىڭ ئۆلىمۇ پۇل، ئاناڭ بىلەن داداڭمۇ پۇل، خوتۇنۇڭمۇ، ئاشناڭمۇ پۇل، پۇل، پۇل....» دېگەن مۇقامنى توۋلايلى...

ئەنزەرنىڭ ئالجوقا سۆزلىرىنى ئۆز مۇڭى بىلەن بولۇپ كەتكەن مەستلەرنىڭ كۆپلىرى ئاڭقىرالمىدى. بىرنەچچىسى بولسا چۈشەندىمۇ ياكى چۈشەنمىدىمۇ ئەيتاۋۇر كۈلۈشتى. پەتتار

قورۇق بىلەن ئىمىن قاتتىق ئىككىسى ئەنزەرنى يۆلەپ خەنزۇ بازىرىغا ئارانلا كەلدى ـ دە، بىر خادىكنى كىرا قىلىپ قارادۆڭكە ئەكەتتى. ھېلىمۇ ياخشى خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئەنزەر يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالمىدى. پەتتار قورۇق، ئىمىن قاتتىقلار ئۇنى دەرۋازىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئەنزەر بىر ـ ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ھويلا ئوتتۇرىسىغا يىقىلدى. مۇئەتتەرخان، ئابدۇسەمەت، گۈلنىسا، ساباھەتلەر ئۇنى بەكمۇ تەسلىكتە سۆرەشتۇرۇپ، ئاكا ـ ئىنىنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزغانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى.

— ۋۇي كاپىر ـ جوھۇت، سەن ئىچمىگەن ئەمدى ئىشەك سۈيدۈكى قالغانما ـ ھە؟ — مۇئەتتەرخان داپشىنىپ كەلدى، — قارىغىنا ئەپتىڭگە ھوي ئىپلاس شاۋۇچى!

— بولدى قىلسىلا، ئانا، — ئابدۇسەمەت قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — ھەممىنى قىلغان سىلى. ئاكامنىڭ مۇشۇ يولغا كىرىشىگە، مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئۆزلىرى سەۋەبكار.

— قارا، ئابدۇسەمەت ئۇكام، — ئەنزەر كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچتى، — سېنىڭ بىلەن مەن دادامنىڭ، ئانامنىڭ پەندى ـ نەسىھەتلىرىدىن چىقماي... نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەردىن قۇرۇق قاپتۇق. ھاراق دېگەن ھەسرەت ـ پىغانلىرىڭنى كۆيدۈرۈپ... ئازاب ـ ئازابلىرىڭنى ئۇنتۇلدۇرىدىكەن... ئەمىسە تاماكىچۇ دەپ سورىمايسەنغۇ؟... ئۇ، ئۇمۇ بولىدىغان بەلەن نېمىكەن... دەردلىرىڭ تۈتۈن بولۇپ چىقىپ كېتىدىكەن... ئاھ، خۇدا، مۇشۇنداق نېمەتلىرىڭدىن ئەجەبمۇ... ئەجەبمۇ قۇرۇق قويۇپسىنا... بۇ... بۇ... سېنىڭ ئادالىتىڭمۇ؟!

— ئاكا، يېتىپ ئارام ئالغىن، — ئابدۇسەمەت ئەنزەرنى يۆلەپ ياتقۇزدى، — بەك ئېغىر ئىچىپ قويۇپسەن...

— توختا، — ئەنزەر يەنە ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. — ئېيتە قېنى، غۇنچىنىڭغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم مورايىغا كەلمەمدا ـ ھە؟... سەن روشەنگۈلنى تاشلىۋەت... نېمە قىلسەن مەندەك كۈنگە قېلىپ... مانا مەن يامغۇرلۇق تۈنلەردە، سۆزۈك تاڭلاردا، شامۇ سەھەرلەردە بارىمەن... بارىمەن... بارىمەن... تامدىن قاراپلا يانىمەن، ئاھ، خۇدا، ئاشۇ ناخشىچى يىگىت مېنى چۈشىنىپتۇ، ھالىمغا يېتىپتۇ... يېتىمسىراپ قالغان بىچارە كۆڭلۈمنى بەزلەپتۇ... پاھ، پاھ... بېھىش نەدىدۇر... جەننەت قانداقتۇر دەپ يۈرۈپتىمەن... لەڭزىبېشى ئىكەن ئەمەسمۇ!...

ئەنزەر كارىۋاتقا گۈپپىدە يىقىلغىنىچە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ياشلىرى كۆز جىيەكلىرىدىن قۇلىقىغا، قۇلىقىدىن ياستۇققا ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى، سۆزلەيتتى: «بارغۇلۇقەي، بارغۇلۇق، تامدىن قاراپلا يانغۇلۇق، بەندىلىكتە چارە يوق، ياقا تۇتۇپ يىغلىغۇلۇق... شۇنداق، ئۇكام... مەن... مەن... ياقامنى تۇتۇپ يىغلاپ قالدىم... دېگىنە، قېنى مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە قويغان كىم، زادى كىم؟»

ئابدۇسەمەت ئانىسىغا خەنجەردەك قادالدى، زەھەردەك ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇرغان قارىچۇقلاردىن ئەندىككەن مۇئەتتەرخان گۈلنىسا، ساباھەتلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئەنزەر سۆزلە ـ سۆزلە ئاخىر ئۇخلاپ قالدى. لېكىن، ئابدۇسەمەت ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندا ئاكىسى ئورنىدا يوق ئىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى ھېلى كېلىپ قالار، مانا كېلىپ قالار دەپ، ئاشخانىدا قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەيلا قېلىشتى. بولۇپمۇ مۇئەتتەرخان خېلىلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. توغرا، ئۇ ئادەتتە ئائىلىدە ھەممىگە ئانىلىق ھۆكمىنى يۈرگۈزۈپ لەززەتلەنگىنى بىلەن، ئەدەپ ـ ئەخلاق يابىدا تەڭ يېتىلىۋاتقان ئىككى ئوغلىغا ئىچى ـ ئىچىدىن كۆيەتتى. بۇ ئۆزىگە تەئەللۇق سىر ئىدى. بۇ سىرنى بەكمۇ خۇپىيانە

تۇتۇپ، چىرايىدىن، يۇرۇش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىلىندۇرمەيتتى. يەنىلا سۇرلۇك، زوۋاندارلان ئانا بولۇپ يۇرۇۋېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، «ئىككى ئوغلۇم مېنىڭ بىر جۇپ گۆھىرىم» دەپ بىلەتتى. مانا ئاشۇ پەخىرلەنگەن ئوغۇللىرى بوگۇنكى كۈندە گېپىنى ئاڭلىمىسا، سىزغان سىزىقىدا ماڭمىسا، تۇر دېگەن يېرىدە تۇرۇپ، ئولتۇر دېگەن يېرىدە ئولتۇرمىسا ئانىغا ئەلەم بولمامدۇ؟! مۇئەتتەرخاننىڭ ئىنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئەنزەر تۆت ـ بەش ياش چاغلىرى بولسا كېرەك. بىر كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەردىكى بىر تۇغقىنىنىڭ تويىغا باردى. ئادەم شۇنداقمۇ جىق ئىدى. بولۇپمۇ ساراي ئۆيدىكى ئاياللار پانا قاققاندەك ئولتۇرۇشاتتى. ھېچقانداق كىچىك بالا كۆرۈنمەيتتى. مۇئەتتەرخان ھويلىدا جاۋىلدىشىپ، قوغلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، چېلىشىپ، ئۇرۇشۇپ ئويناۋاتقان باللارغا ئەنزەرنى قېتىپ قويۇشتىن قورقتى. كىچىكىدىن تارتىپ نېمىلا قىلسا «يامان بولىدۇ» دەپ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەن بۇ بالا بەكمۇ ياۋاش ئىدى. داۋاملىق باللاردىن تاياق يەپ، يىغلاپلا يۇرەتتى. مۇئەتتەرخان ئۇنى ھويلا بېغىغا ئەكىرىپ تام تۇۋىدىكى بىر چاشقان تۆشۈكىگە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ: «ئورنۇڭدىن تۇرما، تۇرساڭلا بۆبۆ چىقىدۇ» دەپ كىرىپ كەتتى. مۇئەتتەرخان ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان نازۇنېمەتلەر، دۇتار، ئۇسسۇل، ئاياللارنىڭ قىزىق ھەزىللىرىنى ئاڭلاپ ئوغلىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ كۈن قايرىلىپ قايتماقچى بولغاندىلا ئەنزەر ئېسىگە كەلدى ـ دە، باغقا كىردى. بىچارە بالا چاشقان تۆشۈكىنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ ئۇخلاپ قالغانىدى. مانا ئاشۇ ياۋاش، ئىشەنگەن، يۈرىكىنى توق تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئوغلى ئەنزەر ئانىسىدىن ھېيىقماي، ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچىپ كېلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرسە، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇزاق يىللاردىن بېرى تەستە تىكلىگەن ھۆرمەت ـ ئىناۋەت، ئىززەت ـ ئىكرام بىناسىنىڭ

مۇنارىدىن تاشلىنىۋەتكەندەك بولدا؟!... «ئانا» دېگەن ئۇلۇغ نامنى كاسات بازاردا بىر كۆشۈككە ئالغۇسىز قىلىنىۋەتتى. تۇۋا، تۇۋا، بۇ زاماننىڭ ياشلىرىغا نېمە بولۇپ كەتكەن؟!

مۇئەتتەرخان چۈشتىن كېيىن بولغاندا زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. شۇڭا، ئۇ ئابدۇسەمەتنى «ئاكاڭنى نەدىن بولسا تېپىپ كەل، ئۇ يەنە كوچا ـ كويلاردا يېتىپ قالمىسۇن» دەپ بۇيرۇدى. ئابدۇسەمەت ئاشخانا، كاۋاپخانا، كىچىك بوتكىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاكىسىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ: «جەننەت دېگەن لەڭزىبېشىكەن» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن قاراسۇ ئۆستىڭىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىدى. كىچىكىدىن تارتىپ قارادۆڭ، خەنزۇ بازىرىدا چوڭ بولۇپ تۇرۇقلۇق، قاتتىقراق ۋارقىرىسا ئاڭلىنىدىغان لەڭزىبېشىنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ پەسلىكتىكى سارغايغان چەكسىز چىمەنزارلىقنى، توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئولتۇرغان تاماشىچىلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بىر يەردىن ناخشا ـ ساز ئاڭلانسا، بىر يەردىن كەندىرنىڭ قاڭسىق ھىدى بىلەن ھاراقنىڭ پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلاتتى. «توۋت ئوشۇق»، «دۇدۇزە»① قىمار ئويناۋاتقانلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئابدۇسەمەت ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ تۇيۇقسىزلا ئاكىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئەنزەر تونۇگۈنكى سۆگەتكە يۆلىنىپ تەنھا ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى گېزىتتە كاللا ـ پاچاق بىلەن ئىككى بوتۇلكا ھاراق تىكلەنگەنىدى. ئابدۇسەمەت بىر بوتۇلكىدىكى يېرىملاشقان ھاراققا قاراپ قويۇپ ئاكىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى.

— ۋوي، ئابدۇسەمەتقۇ بۇ، بەللى، بەللى يارايسەن، ئۇكا، سەنمۇ بىر پەيزى قىلاي دەپسەن ـ دە، قېنى ئىچە، — ئەنزەر يېرىملاشقان بوتۇلكىنى ئىنىسىغا تۇتقۇزدى، — ھېلىقى ئاغىنىلەر بارمىكىن، دەپ بۇ نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلسەم، ئۇ

① دۇدۇزە — قارتا بىلەن ئوينايدىغان قىمارنىڭ بىر تۈرى.



www.uyghurkitap.com

رەپرەپلەر بۈگۈن كەلمەيتۇ ئەمەسمۇ.

— ئاكا، سىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، كېتەيلى.

— ئاۋۋال ئىچ، بۈنچۇ قارا، ئوغامبالىنىڭ ئوغامبالىسى ئىچىدىغان نېمە، قېنى ئىچ، بولمىسا بۈگۈن كېچە مەشەدە تۈنىگىنىم تۈنىگەن.

— مەن...

— ئەكە، ئىچمىسەڭ ئۆزۈم ئىچىمەن، — ئەنزەر بوتۇلكىنى تارتىۋېلىشىغا ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— بولدى مەن ئىچەي، ئەمدى سەن ئىچمە، ئېغىرلىشىپ قاپسەن، — ئابدۇسەمەت بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ بىر يۇتۇم ئىچىشى ئەنزەر يەنە تارتىۋالدى.

— مۇنداق ئىچمەمسەن، — ئەنزەر بوتۇلكىنى تىك قىلىپ غورتۇلدىتىپ ئىچىشى ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— جېنىم ئاكا، مەن ئىچسەم بولىدىغاندۇ، — ئاكىسىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئابدۇسەمەت بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئىچكەنچە تۇۋىدە ئازراقلا هاراق قالدى.

— هەببەللى، ئوغۇل بالىكەنسەن، ئەمدى ماۋۇ قېلىپ قالغىنىنى مەن ئىچىۋېتەي.

ئابدۇسەمەت ئاكىسى بوتۇلكىغا قول سۇنۇپ بولغۇچە، شارتلا ئالدى ـ دە هەممىنى ئىچىۋەتتى. بىراق، ئەنزەر ئابدۇسەمەتنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ دەسلەپتە ئۆزى كۆتۈردى.

ئىككىنچى بوتۇلكا يېرىملاشماي تۇرۇپلا مەست بولۇپ قالغان ئابدۇسەمەت بوتۇلكىنى پىرقىرىتىپ ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپ ئاكىسىنى تارتىپ تۇرغۇزدى. بۇ ئىككى مەست قايسىسىنى قايسىسى يۆلەپ ئەكېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. هېلىمۇ ياخشى ئەتراپنى قويۇق قاراڭغۇلۇق بېسىپ، ئەنزەرنىڭ تۈنۈگۈن ئۆيگە بارغان ۋاقتىدىكىدىن خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى.

— ئابدۇسەمەت، مەن بۈگۈن نەگە باردىم بىلەمسەن ـ هە؟ —

ئەنزەر دەلدۈگۈنۈپ بىرىپ ئۈستەك قىرىدىكى ئوتلاقنى ياندۇردى، — ھە، مەن... مەن نېمە دەۋاتاتتىم؟
— نەگە باردىم، بىلەمسەن؟
— توغرا، سەن بەك ھوشيار جۇمۇ، قارا مەن... سەھەر ماڭغانچە... بايكۆلگە باردىم...
— ئۇ... ئۇ يەردە... ساڭا... ھە ئاناڭنىڭ قوڭى... بارمۇ ـ ھە؟ — ئابدۇسەمەت بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى، — بىركىم... ھە بىركىم ساڭا سوۋۇتۇپ قويۇپتىمۇ؟
— ئۇ يەردە ئانامنىڭ قوڭى نېمىش قىلسۇن؟... ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە... ھا ـ ھا ـ ھا... — ئىككى مەست نېمە دەپ، نېمە قويۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، — ئۇ يەردە قارا، گۇلبانۇم بار... بىلەمسەن، گۇلبانۇم !...
— ئۇنىڭ دېگەن... ئې... ئېرى تۇرسا...
— ھەئە شۇ ئېرىنى... كۆر ـ كۆرگىلى باردىم... «زادى گۇلبانۇمنى ئالالىغۇدەك قانچىلىك... نېمىدۇ؟» دېگەن ئوي مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى.
— كۆر... كۆردۇڭما؟ بەزگەك...
— دۇكىنىنى تاپتىم... مايغا چىلىشىپ قالغان پىلتە قۇيماق ئىكەن، ھا ـ ھا ـ ھا... — ئۇلار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ خەنزۇ بازىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى، — بىر پۇتى ساز چالىدىكەن... مانا مۇنداق، — ئەنزەر دىڭگۇسلاپ مېڭىپ دوراۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، ئۆمىلەپ ئارانلا تۇردى، — ئۆزى ئېگىز بولغىنى بىلەن... خۇددى تام ئۈستىدە ئۈنگەن قومۇشتەك... لەلەڭلەپ تۇرىدىكەن.
— ئىسىت... زايە كېتىپتۇ دېمەمسەن.
ئۇلار دەلدۈگۈنۈپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ، بىر ـ بىرلىرىنى مۇرىلىرىدە ئىتتىرىشىپ كوچىغا كىرىپ كەلگەندە، ئىككى ئوغلىدىن ئەنسىرەپ ھالى قالمىغان مۇئەتتەرخان دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال كەلگىنىچە يۆلىمەكچى بولۇۋىدى،

ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

— نېمە قىلماقچىدىلە، ئانا، بىز يا مەست بولمىساق، نېرى تۇرسىلا دەيمەن.

— هاي گۈلنىسا، ساباھەت، تېز چىقىڭلار، — ۋارقىرىدى مۇئەتتەرخان ھويلىغا قاراپ، — ماۋۇ ئىككى كاپىر نېمە بولۇپ كەتكەن ئۆزى.

قىزلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلار ئاكا - ئىنىنى يۆلە - يۆلە قىلىشىپ ئاخشامقى ھۇجرىغا ئەكىرىشتى. ئەنزەر بىلەن ئابدۇسەمەت ئۆزىنىڭ كارىۋاتلىرىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا مۇئەتتەرخان ئاخشامقىدىن بەتتەر چالۋاقاپ كەتتى:

— ۋۇي رۇۋانى تۇتۇلغۇر مۇناپىقلار، دوزاختا يىلان، چايانغا يەم بولغۇرلار، ئىماندىن ئېزىپ نېمە قىلىشقىنىڭ بۇ؟ — مۇئەتتەرخان ئالىقانلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى، — يە چوڭى چوڭ بولمىغان، ياكى كىچىكى كىچىك بولمىغان، ئاراڭلاردىكى پەردىشەپ قېنى؟ سەن خەق ئاناڭلارنى رەنجىتىپ، قانداقمۇ كۆكلەرسىلەر؟ خۇدايىم سەرسان بولۇپ كېتىشەرسەن، ماڭا قىلغىنىڭلار بالىلىرىڭلاردىن يانار، ئىلاھىم.

— ئانام راست دەيدۇ، ئۇكا، ئانا قارغىشى ئوق دېگەننى ئاڭلىغانمۇسەن؟ — ئەنزەر تىللىرىنى كالۋالاشتۇرۇپ ئارانلا سۆزلەيتتى، — مەن... مەن دېگەن ئۇلۇغ ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خوتۇنۇمنى قويۇۋەتتىم. ئەمدى سەن... سەنمۇ روشەنگۈلنى قويۇۋەت، ھە مانا...

— كۆتۈر قاسقىنىڭنى... — ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەندى، — مەن سېنىڭدەك لاتىقاسقاس، لامزەللىدىن ئەمەس... ئىش دېگەننى جاڭ - جاڭ قىلىمەن.

— ئا... ئانامۇ لاتا قاسقاسلاردىن ئەمەس، شۇنداقما، ئانا، — ئەنزەرنىڭ سۆزلىرى گەرچە ئانىسىنى ماختىغاندەك قىلسىمۇ مۇئەتتەرخان نومۇستىن يېرىلاي دېدى. بۇ ئەھۋالدىن خىجىل بولغان گۈلنىسا بىلەن ساباھەت تۇيدۇرماي چىقىپ

كەتتى، — بىلەمسەن، ئۇكا، ئانام سېنىڭ تويۇڭغا ھەرگىز... ئۇ... ئۇنىمايدۇ.

— بىلىپ قوي، مەن سەندەك پوتلا - مىشقىمنى ئېقىتىپ، يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ ئولتۇرمايمەن... غاچچىدا ئۆيدىن چىقىپ... كېتىمەن - دە، سىرتتا تويۇمنى قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېرىمەن...

ئابدۇسەمەت ئېغىر مەستلىكتە كۆڭلىدىكىنى چىقىرىۋەتتى. مۇئەتتەرخانمۇ كىچىك ئوغلىنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ئىشىنەتتى. ئۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە: «ئانا، ئۆزۈمنىڭ ئۆيى بار جۇما، لېكىن سېنى يوقلاپ تۇرىمەن» دېيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئەتىسى ۋاقىچە تۇرغان ئەنزەر ئىنىسىنى ئويغاتتى، يۈزلىرىنى يۇيۇپ، پاكىز كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىشتى. ئۇلار ئاخشام مەستلىكتىكى گەپلىرىنىڭ تولىسىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا مەست - ئەلەس تۇرۇش، قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىش، ئانىغا تەركى ھۆرمەت بولاتتى. شۇڭا، ئاكا - ئىنى ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئانىسىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن كىچىك ھۇجرىغا كىرىپ كېلىشتى. مۇئەتتەرخان بۇلۇڭتىكى تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىمىدى. خىجالەتچىلىكتە قالغان ئەنزەر بىلەن ئابدۇسەمەت يەر باققىنىچە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى.

— ئانا، — ئەنزەرنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى، — ئاخشام بىرنەچچە ئاغىنىلەرنىڭ زورلىشى بىلەن قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپتىمىز. كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بوسىلىرى.

— ئەمدى، ئانا، بۇ ئىشلارنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرسەك، يەنە سىلىنى رەنجىتىپ قويغۇدەكمىز، — دېدى ئابدۇسەمەت تۇپتۇزلا قىلىپ، — شۇڭا سىلىمۇ كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە. بىزمۇ تەرگەپ يۈرمەيلى.

— ھەي پېسى شاۋۇچىلار، تەگىگىچىمۇ بارمىدى تېخى، —

مۇئەتتەرخان يىغلىۋەتتى، — تـوۋا قىلدىم خۇدايىم، بۇ ھارامىلارنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە دادىسى ئىككىمىز نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەندۇق. ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ، ئاق سۈت بېرىپ بېقىپ، كېچىلەردە تاتلىق ئۇيقۇمدىن كېچىپ سوغۇق بۆشۈكنى قۇچاقلىغان، توۋا، يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ باققاننىڭ سازايىمۇ بۇ؟ ھەرقايسىڭ تامنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ قالغانما؟ ئانىنى مۇشۇنداق قاقشاتساڭ خۇدايىم راۋا كۆرەرما؟

— خاپا بولمىسىلا، ئانا، بىزدىن ئۆتۈپتۇ، — ئەنزەر بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئاستا شىۋىرلىدى، — ئەسلىدە ئۇنداق قىلمىساق بولاتتى، لېكىن...

— ھە يەنە نېمە لېكىن - پېكىن ئۇ؟

— ئەمدى ئاكامنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئانا، قورساقنى كەڭ تۇتقان بولسىلىرى بۇ سەتچىلىكلەرمۇ بولماس ئىدى... — ئابدۇسەمەت ئىچىدىكى غۇمنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋالماقچىدى، ئەمما ئەنزەر ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويدى.

ئىككى ئوغلىنىڭ ياۋاشلىق بىلەن بويۇن ئېگىپ، كەچۈرۈم سوراپ كىرىشىدىن مۇئەتتەرخان خېلىلا يېنىكلەپ قالدى. ئۇ خىيالىدا «ئاش دەم يەپتۇ، ئەمدى لېگەنگە ئالساق بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى - دە، ئەنزەرگە مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

— جېنىم بالام، كىچىكىڭدىن تارتىپ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايتتىڭ، ھېلىمۇ شۇنداق ئېسىل خىسلەتلىرىڭنى يوقاتقىنىڭ يوق. گۈلبانۇم بولسا ياتلىق بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ياتلارنىڭ ئادىمى. كېيىنچە ئۆزۈممۇ پۇشايمان قىلىپ «بوپتۇلا» دېگەن ئويغا كەلگەن كۈنلىرىمدە ئۇ قىزنىڭ بىر كېچىدىلا تويىنى قىلىۋېتىپتۇ. ئامال قانچە، تەقدىر - پېشانەڭ شۇنداق ئوخشايدۇ، — مۇئەتتەرخاننىڭ ياش تۆكۈۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى، — ئەمدى خۇدانىڭ ئىرادىسىگە تەن

بەرگىن. بىچارە گۇلنىسا سىنىڭ دەردىڭدە ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ يۇرۇۋاتىدۇ. ئۇۋالىغا قالما، مەنمۇ سىنى ياخشى بولسۇن دەيمەن شۇ. گىپىمنى ئاڭلا، يەنە كەينىگە سۇرۇۋەرسەڭ گۇلنىسا بىچارە نىمە بولۇپ كىتەر؟

ـــ جىنىم ئانا، سىلى شۇنداق دەپ تۇرۇۋالغاندىكىن نىمە دەيمەن؟ ـــ ئەنزەرنىڭ چىرايى بەكمۇ مىسكىن ئىدى، ـــ مىنىڭغۇ زادىلا ئۆيلەنگۇم يوق ئىدى. ئەگەر سىلى خۇشال بولىدىغانلا بولسا سىلىنىڭ مەيلىلىرىچە بولسۇن. شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر ئاز سەۋر قىلساق.

ئەنزەرنىڭ مۇشۇنچىلىك جاۋابىنى ئاڭلاش مۇئەتتەرخان ئۇچۇن تىپىلغۇسىز ئامەت ئىدى. يەنە بىسىم ئىشلەتكەندە بۇ «ئامەت» خىيمغا يىنىپ قىلىشى مۇمكىن. «بوپتۇلا ،بىر كۇنلۇك ئەر ـ خوتۇندىمۇ يۇز كۇنلۇك مىھىر ـ مۇھەببەت ساقلىنىدۇ، دىگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى كۆرگەن خوتۇننى ئۇنتۇماقمۇ تەس، ھىلىقى ئالۋاستى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلگۈچە ئازراق سەۋر قىلايلى» دەپ ئويلىدى ئانا.

ئەنزەرنىڭ تويىنى كەينىگە سۇرۇشى ئۇ يەنىلا گۇلبانۇمغا ئۇمىد باغلايتتى. رەڭگى ـ رۇخسارى دائىم پاكىز يۇرىدىغان بۇ مەسۇم سەنەمنىڭ ئاشۇ قاسماق يۇز، ماي گەدەن، قوپال رىمونتچى بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. خۇدا يولىنى قىلغان ياخشى كۇنلەرنىڭ بىرىدە قىزى بىلەن ئايالىنى ئىلىپ يىراقلارغا كەتكۇسى بار ئىدى. ئەگەر ھادىل گۇلبانۇمنى قويۇپ بەرمىگەن تەقدىردە، گۇلبانۇم رازى بولسىلا ئىلىپ قىچىش نىيىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەنزەر بۇ خەتەرلىك پىلانىغا بىر قىتىم تەۋەككۇل قىلىشنى كۆڭلىگە پۇكتى. ئۇ بىرەر ـ ئىككى ئايغىچە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بايكۆلگە باراتتى، رىمونتچىلىق دۇكىنى ھەم شەرىپىخاننىڭ قورۇسى ئەتراپىنى ئايلىناتتى، كەتتىكى ماگىزىن ئالدىدا سائەتلەپ، كۇنلەپ تۇراتتى. ئۇنى ـ بۇنى ئالغىلى كەلگەن خىرىدارلاردىن يۇزىنى

قاچۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋالاتتى. گۈلبانۇم سودا قىلىشقا ياكى سۇ ئېلىشقىمۇ چېلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقمايتتى. ئەنزەر كۆڭلىدە: «بىر قېتىم قاچقان قىزغا كۈز ـ قۇلاق بول دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە، ئۇنى ھەرگىز تالا ـ تۈزلەرگە چىقارمايدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەر قېتىم بايكۆلگە كەلگىنىدە، شەھەردىن چىققان سۈت ئېلىپساتارلار، رىكشا، ۋېلىسىپىتلىرى بىلەن ئۆيمۇئۆي كىرىپ سۈت يىغاتتى. ئەنزەرنىڭ خىيالىدىن لىپ قىلىپ بىر كۆلەڭگە سايە سېلىپ ئۆتتى.

فېۋرال ئېيىنىڭ راسا قاتتىق سوغۇق بىر كۈنى بېشىغا قۇلاقچا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ھەربىيچە پاختىلىق چاپان كىيگەن ئەنزەر ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا چوڭ سولياۋ باكنى ئارتىپ شەرىپخاننىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.

ــ ھاي سۈت ئالىمەن، سۈت! سۈتۈڭلار بارمۇ؟ ــ ئەنزەر بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، ــ پاھ، پاھ، نېمىدېگەن سوغۇق بۇ!

ئەنزەر، گۈلبانۇم ئاۋازىمنى تونۇپ چىقمدۇ، دېگەن ئۈمىدتە قەستەن قايتا ـ قايتا ۋارقىرىدى. چەتتىكى دېرىزىدىن تونۇش بىر يۈز كۆرۈندى. ئەنزەرنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. بىراق، ئۇ چىقمىدى. بىچارە گۈلبانۇم ئىت ـ مۈشۈكتىنمۇ گۇمانلىنىدىغان قېينئانىسىدىن قورقۇپ چىقىشقا پېتىنالمىغانىدى. ئەمما، ئوتتۇرىدىكى ئىشىكتىن شەرىپخان ئالدىراپ چىقىپ كەلدى ـ دە، پېشايۋاندىن چۆشمەيلا ۋارقىرىدى:

ــ گۈلبانۇم، ھوي گۈلبانۇم، جۇۋاينىمەك ئۆلدىمۇ نېمە.

ــ ھە، ئاپا، مانا مەن، ــ گۈلبانۇم پېشايۋان سۇپىسىدا پەيدا بولدى. بىراق ئۇ دەرھاللا ئەنزەردىن يۈزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ــ نېمە ئىش ئىدى، ئاپا؟

ــ كۆرمىدىڭمۇ سۈت ئالىدىغانلار كەپتۇ. ئەتىگەن ساغقان سۈتنى نەگە ئەكىرىپ قويغان؟

— ئامباردىكى چوڭ چېلەككە تۆكۈۋەتكەن.
— تۈنۈگۈنكى كۆك سۈتچۇ؟
— ئۇمۇ ئامباردا.
— بولدى، ئۆزىمىز ئىچىدىغاننى بىرنېمىگە بۆلۈۋېلىپ قالغىنىنى ئاچىقاي، سەن يىقىلىپ كېتىپ ئىش تېرىپ بەرمە يەنە، — شەرىپىخان ھويلىنىڭ تەسكەيگە كولانغان قۇدۇقتىن ئۆتۈپ، يەر ئاستى ئامبىرىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ «يىقىلىپ چۈشۈپ ئىش تېرىپ بەرمە» دېگەن سۆزىدىن تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەن ئەنزەر گۈلبانۇمغا قارىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئانچە بىلىنىپ كەتمىسىمۇ، يۈزلىرىدىكى قوڭۇر رەڭ داغلار ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.
— گۈلبانۇم!
— ئەنزەر، نېمانداق يۈرىكىڭىز چوڭ سىزنىڭ، سىز بىرىنچى قېتىم ۋارقىرىغاندىلا ئاۋازىڭىزدىن تونۇغان. بىلەمسىز، بۇ ئۆيدە مەن كىشەنسىز تۇتقۇن! خورجۇنسىز دېۋانە، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ، بۇ ئىشىڭىز چېنىپلا قالسا مەن دۇمبا ـ تېپەك دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىمەن، — گۈلبانۇم ئامبار تەرەپكە قارىغانچە گەپلىرىنى بەك تېز دەۋاتاتتى.
— گۈلبانۇم، مەن تېخى سىزنى، مەن بىلەن... چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەنىدىم...
— ئەمدى تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. جېنىم ئەنزەر، ۋاپادار ئەنزەر... ماڭا شادلىق، بەخت ئاتا قىلغان ئەنزەر... قىزىمنىڭ دادىسى ئەنزەر... يۈرىكىمنىڭ قات ـ قاتلىرىغا دەپنە قىلىنغان ئەنزەر... — ئامبارنىڭ يەر ئاستى پەلەمپىيىدە شەرىپىخاننىڭ كەرىشىنىۋاي تور رومىلى غىل ـ پال كۆرۈندى. گۈلبانۇم ئالمان ـ تالمان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئەنزەرنىڭ ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئاشخاندا ئۈندىمەي ئىشلىدى. ئابدۇسەمەت ئاكىسىغا قارىسىلا يۈرىكى ئېچىشاتتى، دېمىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە

چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ئەنزەر بىر يەردە ئولتۇرسا سائەتلەپ تۇرمايتتى. بىر نەرسىگە تىكىلىپ قالسا خۇددى گۈمۈش، سارائىلاردەك كۆز ئۇزمەي قارايتتى. بەزىدە تۇيۇقسىز پوسۇققىدە ئاچچىق كۈلۈپ قويسا تۇرۇپلا «ھې» دەپ دىمىقىنى قاقاتتى، بىراق ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. مانا بۈگۈنمۇ باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە قايتقىلى نېكەم، لېكىن ئەنزەر تاماق ئۈستىلىگە جەينەكلىگەنچە خىيالغا پاتقانىدى.

— ئاكا، — دېدى ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — سەن بىلەن پاراڭلاشقۇم بار.

چوڭ ئوغلىنىڭ چۈشكۈن كەيپىياتىدىن ئەنسىرەپ قالغان مۇئەتتەرخان ھەپتىدىن بېرى ئابدۇسەمەتكە يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ نەسىھەت قىلماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇ: «ئاۋۋال توي قىلسۇن، ئەگەر ئېپى كېلىشمەي قالسا ئاجرىشىپ كەتسىمۇ بولىدۇغۇ» دېگەندەك يۇمشاق، يىرىك گەپلەر بىلەن ئابدۇسەمەتنى ئېرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا، بۇ مېھرىبان ئىنى ئاكىسىغا كۆيۈنگەن ھالدا، ئۇنىڭ ئۆيلىنىشىنى، بىر ئۆيلۈك بولغاندا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە دەرد - ھەسرەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى، ئانىسىنىڭمۇ خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئالدىرىماي سۆزلىدى.

— ياكى گۈلنىسانى ياخشى كۆرمەمسەن؟ — ئابدۇسەمەت سورىغان سوئالىدىن ئۆزى خىجىل بولۇپ قالدى، — ئەسلىدە بۇنداق ئىشلارغا ئىككىنچى بىر ئادەم ئارىلاشمىسا بولاتتى، بولۇپمۇ قېرىنداشلار.

— ياخشى كۆرۈش دېگەن ئۇ باشقا گەپ ئىكەن. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئوغرىلىقچە تاھىر - زۆھرە، غېرىب - سەنەم، پەرھات - شېرىن داستانلىرىنى ئوقۇغانىدىم. شۇ چاغدىكى كۆز قارىشىم: «ھەرقانچە بولسا شۇنچىۋالامۇ بولامدۇ؟ جاھاندا قىز دېگەن تولا نېمە تۇرسا» دەپتىكەنمەن، — ئەنزەر نەلەرگىدۇر تىكىلىپ ئاستا

www.uyghurkitap.com

سۆزلەۋاتاتتى، — بىراق مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەن ئادەم ئەقلىدىن ھالقىپ كەتكەن ئاجايىپ ئۇلۇغ ھېسسىي كۈچ ئىكەن! ئۇ شۇنچىلىك ئىزتىراپقا سالىدىكەنكىن، بەزى ھاللاردا ئەقىل ھېسسىياتقا يەم بولۇپ كېتىدىكەن. ئۆلۈپ ـ تىرىلىشنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەنسەن. ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، بىر شائىر مۇنداق دەپتىكەن: «مۇھەببەت ئۇ، ئوتتۇرا كېچىدە ئورنۇڭدىن چاچراپ تۇرۇپ، پالتىنى ئېلىپ كۆتەك يېرىشتىن بولار ئىبارەت». قارىغىنا، بۇ نېمە دېگىنى!؟ توغرا، مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ تەلۋە ئوۋچى سېنى ئوۋلىغىنىدا، سېنىڭ كۆزۈڭگە ئوت دېڭىزى ئۇچقۇنچە كۆرۈنمەيدىكەن. پىچاق بىسىدەك ئۆتكۈر تاغ ـ داۋانلار قەدەمچە بىلىنمەيدىكەن. مىڭ يىللىق قار ـ مۇز قاپلىغان كاچكۇل سۇيى گويا ھامام سۇيىدەك ئىللىق بىلىنىدىكەن... قىسقىسى، ئۇنىڭ يولىدا كۆرگەن ئازابلىرىڭنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق لەززەتلىك تۇيۇلىدىكەن... ئۇقۇپ قوي، بۇنداق بەخت ئوغۇل بالىغا ئۆمرىدە بىرلا قېتىم كېلىدۇ. نەق شۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋالالىغان يىگىت بەختلىكتۇر.

ئەنزەر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ مەيۈس كۆزلىرىدىن، ھەسرەت زەرلىرى ئىلىككىگە ئالغان يۈزلىرىدىن، ھەتتا ھارغىن ۋۇجۇدىدىن دەپ ئېيتقۇسىز دەرد ـ ئەلەم ئەلەڭلەپ تۇراتتى.

— ئابدۇسەمەت ئۇكام، ماڭا ھازىر ھەممىسى بەرىبىر، ھېلىغۇ گۈلنىسا ئىكەن، مەن كۆرمىگەن بەختىنىسا، مېھرىنىسا، تۇرنىسالار بولامدۇ، قانداقلىكى «سا»لار بولسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، مۇھەببەتسىز ئالغان قىزلارنىڭ ھەممىسى خۇددى باھاسىنى كېلىشىپ ئالغان مالغا ئوخشايدۇ. بىرلا پەرقى مالنىڭ ئۇچىسىنى سىلاپ، قۇيرۇقىنى تۇتۇپ، كۆتۈرۈپ دەڭسەپ بېقىپ ئالىسەن، قىزلارنىڭكىنى بولسا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ...

*　　　　*

مارت ئېيىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەنزەر بىلەن گۈلنىسانىڭ
ئاددىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تويغا مەھەللىدىكى قولۇم -
قوشنىلار، يېقىن - يۇرۇق تۇغقانلار قاتناشتى. نىكاھ - پاتىھە
ۋە قانۇنلۇق رەسمىيەتلەردىن كېيىن خۇددى تاشنى تاياقتا
تاڭغاندەك ئەر - خوتۇنلارنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇشتى.
ئەسلىدە بۇ ئۆي ئاكا - ئىنىنىڭ ياتىقى ئىدى. ئەمدى ئابدۇسەمەت
مېھمانخانىدا يېتىپ قوپىدىغان بولدى. بۈگۈن كېچىدىكى
مۇئەتتەرخاننىڭ خۇشلۇقى ئالەمچە ئىدى. توغرا، ئۇ خۇشال
بولماي كىم بولسۇن؟ ھەممىنى مەنپەئەت تارازىسىغا سالىدىغان
بۇ خوتۇن ئېنىدىنمۇ، بويىدىنمۇ پايدا ئالدى. توي ھەشەم -
دەرەمسىز بولۇپ، ساندۇق - ساندۇق ئېلىنىدىغان ماللار، ئالتۇن
زىبۇ - زىننەتلەر، يەرگە سېلىنىدىغان، تامغا تارتىلىدىغان
گىلەملەر، كېلىن چىلاپچا تۇتقاندا «چولتوككىدا» تاشلاپ
قويىدىغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، تويغا كېتىدىغان تورپاق،
قويلار، قىزنىڭ جەددى - جەمەتىگە قويۇلىدىغان بوسۇت
رەختلەر، قىسقىسى، ساناپ تۈگەتكۈسىز چىقىملار تېجىلىپ
قالدى. يەنە بىر ياقتىن، كېتىمەن دەپ پېشىنى قېقىپ
كېتەلمەيدىغان، ئىشلىدىمغۇ، دەپ ھەق تەلەپ قىلالمايدىغان،
«بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىم يۇلغان» دەپ ئاشخانىنىڭ گۆش،
كۆكتات، ماي، تۇخۇملىرىنى قويىنۇم ئوغرى، قونچۇم ئوغرى
قىلالمايدىغان، خۇددى سىغىز لايدا ياسىۋالغاندەكلا ئاشخانا
مۇلازىمى ئۆز ئايىغى بىلەن قاپقانغا ئىلىندى. بولۇپمۇ
مۇئەتتەرخاننىڭ «ئەڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى» گۈلنىسادىن ئىبارەت
ئۆز يۇرتلۇقىنى كېلىن قىلىۋالدى - دە!

مۇئەتتەرخان كۈلۈمسىرىگىنىچە تورۇسقا قاراپ خىيال
سۈرمەكتە. مانا كۆرۈڭ سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەندەك، سەۋر

قىلا، قىلا ئاخىر شىۋقەدرى كۈنلەرگە يەتتى. ئۇنىڭ نامازلىرىدا تىلىگەنلىرىنى ئاللا مەقبۇل ئەتتىمۇ نېمە، مۇراد - مەقسەتلىرى ھاسىل بولدى. ئوغۇللىرىغا ئىنساب - تەۋپىق ئاتا قىلدى. مانا ئۇلار ئانىكۇم - مۇنىكۇم بولۇپ، كۆرسىتىپ بەرگەن چاشقان تۆشۈكىگە قاراپ ئولتۇردى! مۇشۇ كۈنلەردە غورا قاپاق ئابدۇسەمەتمۇ ئىنامىغا پېتىپ، كوچا - كويلارغا ساراڭلاردەك پىرقىراپ چىقىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاغىنىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا، توي - مەرىكىلەرگە، كىنولارغا بارسا، ئانىسىغا دەپ قويۇپ، رۇخسىتىنى ئېلىپ ماڭىدىغان بولدى. مانا بۇ مۇئەتتەرخاننىڭ كېچە - كۈندۈز قىلغان تائەت - ئىبادىتىنىڭ خاسىيىتى ئەمەسمۇ!

«ئى ئاللا، مەن سېنىڭ ئاجىز بەندەڭمەن، — مۇئەتتەرخان ئاستا شىۋىرلاپ ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇدى، — ماڭا چەكسىز سەۋر - تاقەت، بالىلىرىمغا ئىنساب، دىلىغا ئىمان بەرگىنىڭگە مىڭ قەتلە شۈكۈر. سېنىڭ پەرز - سۈننەتلىرىڭنى بەجانىدىل ئۆتەپ كېتەلمىگىنىم ئۆزۈڭگە ئايان. خەير - ئېھسان قىلالمىدىم، پېقىرلەرنىڭ بېشىنى سىلالمىدىم (گۈلنىسادەك دىۋانىنىڭ بېشىنى سىلىغىنىم ھېساب بولار، دېگەن ئوي مۇئەتتەرخاننىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن بولسىمۇ، كەمتەرلىك قىلىپ تىلغا ئالمىدى) روزا - نامازلىرىڭنى قازا قىلغان گۇناھلىرىم بار. ئۆزۈڭ رەھىمدىلسەن، گۇناھىكەبىر[1]، گۇناھىسەغىر[2]لىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن.»

بۈگۈنكى تويدىن دەپ ئېيتقۇسىز مەمنۇن بولغان مۇئەتتەرخاننىڭ ئاللاغا سىغىنىشى پەلەككە يەتتى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ جايىنامازنى سالدى - دە، تەئەججۇد نامىزى[3]

---

① گۇناھىكەبىر — چوڭ گۇناھ.

② گۇناھىسەغىر — كىچىك گۇناھ.

③ تەئەججۇد نامىزى — كېچىسى ئوقۇلىدىغان ناماز.

ئوقۇشقا ئولتۇردى. بىراق، ناماز باشلىنار - باشلانمايلا يېڭى ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدە بوران كۆتۈرۈلدى. قاتتىق چىرقىراپ يىغلىغان، ۋارقىرىغان، قارس - قۇرس شاپىلاق ئاۋازلىرى بۇ تۈننىڭ جىمجىتلىقىدا ھەممىنى ئويغىتىۋەتتى. مۇئەتتەرخان يۈرىكى سالغان ھالدا پېشايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا ئابدۇسەمەت، ساباھەتلەرمۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ مارىشىپ تۇرۇشاتتى. قانداقتۇر نىجاسەت پۇرىقىدەك ھاياسىز ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەن مۇئەتتەرخان بىرلا شەرەت بىلەن باللىرىنى ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئاستا قەدەملەر بىلەن «مۇبارەك» ھۇجرا ئالدىدا توختىدى.

— ئېيتە، بۇزۇق، — بۇ ئەنزەرنىڭ ئاۋازى ئىدى، — سەن نەدە بۇزۇلغان - ھە؟ بۇزۇقلۇقۇڭ ئۆزۈڭگە ئايان تۇرۇقلۇق، مېنى نېمىشقا ئالدىدىڭ؟

— سىز... سىزنى بىر قېتىم ئۆيلەنگەندىكىن كۆڭلىگە ئالماس دەپتىمەن...

— مېنى سەن شوۋۇكەش چاغلاپ قالدىڭما، — قارس - قۇرس تەگكەن تەستەكتىن گۈلنىسا چىرقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى، — سېنىڭ سۈۋۈنىپ، نايناقلاپ كېتىشىڭدىن مەن بۇرۇنلا گۇمان قىلغان.

— مەن... مەن راستىنى ئېيتاي، لېكىن ئۇرماڭ... مەن ئەسلىدە...

— ئاغزىڭنى يۇم بۇزۇق رەسۋا، سېنىڭ ئۇ پاسكىنىچىلىقلىرىڭنى كىمنىڭ ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن. سەن ئۇنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش بۇزۇقلارغا سۆزلەپ بېرىپ شۇلارنى ھۇزۇرلاندۇر...

ئۆيئىچى بوش مىرقىراپ يىغلاش ھەم ئېغىر ھاسىراشتىن باشقا بىر پەس جىمىدى. ئاندىن ئەنزەرنىڭ خۇددى قىرائەت قىلىۋاتقاندەك يىغلامسىرىغان ئاۋازى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇردى.

«ئاھ، خۇدا، ئانامنىڭ گۇلبانۇمغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرى-نىڭ ھېسابىنى مەندىن ئېلىۋاتامسەن؟ ئۇ ناتىۋانىڭ ئاھ ـ زارى، ئاچچىق كۆز ياشلىرى ئائىلىمىزنى تۇتتىمۇ؟! بۇ نېمە خورلۇق؟ غۇرۇرۇمغا، ۋىجدانىمغا، پاك ئېتىقادىمغا يۇندى چاچقانلار زادى كىم؟ ئاھ، خۇدا، مۇشۇنداقمۇ ئانىلارنى يارات-قانمىدىڭ؟! ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئورا كولايدىغان، ئىمانى سۇس، كۆڭلى قارا ئانىلارمۇ ئۇلۇغ ئانىلار قاتارىغا كىرەمدىغاندۇ؟! مەن ئانىلارغا تىل تەگكۈزۈپ ئىماندىن ئازغان بولسام مېنى دوزىخىڭغا سال، كۆيۈپ بۇ دەردكە تولغان تېنىمدىن بىر سى-قىم كۈل قالسۇن! بىراق گۇلبانۇممۇ بىر ئانىغۇ، ئۇمۇ بىر ئانا! ئاشۇ ناتىۋاننى خورلاپ، ھاقارەتلەپ، ياخشى كۆرگەن ئې-رىدىن ئايرىۋەتكەن، پاك غۇبارسىز بىر نارەسىدىنى يېتىم قىلغان ئانىلار سېنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىڭدىن مۇستەسنا-مۇ؟! گۇلبانۇمنىڭ گۆرى زىندانغا مۇپتىلا بولۇپ، كىشەنسىز تۇتقۇنغا ئايلىنىپ، تۆككەن كۆز ياشلىرىغا كىم سەۋەبكار؟! ئەگەر ئۇ ۋاقىتسىز غازاڭ بولسا، ئۇنىڭ قاتىلى ئىككى ئانا دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟!»

ئۆيئىچى يەنە جىمىدى. پەقەت دەممۇدەم غەزەپلىك ھەم ھەسرەتلىك ھاسىراشلار ئاڭلىنىپ تۇردى، بىر ـ بىرىدىن ئېغىر ئىلتىجا، نىدا، خىتابلارنىڭ ۋەزنى ئاستىدا قالغان مۇئەتتەرخاننىڭ بىردىنلا تېنى شۈركۈنۈپ قورقۇپ قالدى. ئۇ بەش ۋاخ نامازنى نېمەدەپ ئوقۇدى؟ ئوتتۇز كۈن روزىنى نېمىشقا تۇتتى؟ شامۇسەھەرلەردە خۇداغا نېمىلەرنى دەپ نالە قىلدى؟ ئۆزىگە ئوخشاشلا ئوتتۇز بەش ـ ئوتتۇز ئالتە يېشىدا ئېرىدىن، يەتتە بالىسىدىن ئايرىلىپ، ئېغىر جاپالار ئىچىدە يانجىلغان بىر مەزلۇمەنى خەلقىئالەم ئالدىدا شەرمىسار قىلغىنىدا، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدى؟ ئوغلى بىلەن گۇلبانۇم بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكىنىدە: «بۇ خۇدا سالغان ئىشقى سەۋدا ئىكەن» دەپ قورساقنى كەڭ تۇتتىمۇ؟ ئەڭ يامىنى

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ ئاتىسىز ـ ئانىسىز قالغان نارەسىدە مۇئەتتەرخانغا نېمە گۇناھ قىلغان؟ ئۇنى قورساقتا چاغدا تىللىغىلى تۇرۇپتى، تا تۇغۇلۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقانغا قەدەر قارغىدى. «بۇ ئىشلار خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ» دېمەي، خۇداغا شەك كەلتۈردى! شۇڭا ئۇ، تەئەججۇپ نامىزىغا ئولتۇرۇشى بىلەن ئاللا ئاجايىپ كارامەت كۆرسەتتى، بېشارەت بىلەن ئۇنى سەگىتتى. ئەدناسى ئۇ ھېلىلا ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋېتىپ: «گۈلنىسانىڭ بېشىنى سىلىغىنىم ھېساب بولار» دەپ ئاللاغا ھېساب ـ كىتاب كۆرسەتتى. توغرا ئۇنىڭدىن دەھشەتلىك كۇپۇرلۇق ئۆتتى.

مۇئەتتەرخان قورقۇنچ ئىچىدە غال ـ غال تىترىدى. ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كېتىشىگىمۇ پۇتلىرى بويسۇنمىدى. ئورنىدا دەلدۇگۇنۇپ تۇرالماي تامغا يۆلىنىۋالدى، شۇ چاغدا ئوغلى ئەنزەرنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى:

— بولدى، سىزگىمۇ ئەيىب قويالمايمەن، ھەممە ئويۇننى ئانام ئوينىدى. گۇناھ شۇنىڭدا، لېكىن ھازىردىن تارتىپ سىزنى تالاق قىلدىم. ئەرگە تەگسىڭىز بولىدۇ. بۇ يۇرت، بۇ سۆيۈملۈك ماكان ماڭا ھارام بولدى. بۇ يەرلەردىن باش ئېلىپ كېتىمەن. ھەممىڭلارغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىمكى، سىلەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق!

— ئەنزەر، ئۇنداق قىلماڭ... مەن سىزگە ۋاپادار ئايال بولاي، بوسۇغىڭىزدىن كەتمىگەن ئىتتەك خىزمىتىڭىزنى قىلاي...

ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن مۇرىسىگە چاپىنىنى ئارتقان ئەنزەر ئېتىلىپ چىقتى. مۇئەتتەرخان قېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئەنزەر ئانىسىغا قاراپمۇ قويماي ئوتۇنخانىدىكى پالتىنى ئاچىققانچە دەرۋازا قۇلۇپىنى بىرلا ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشقىمۇ مادارى قالمىغان ئانا يېرىمى داغلاشقان ئايىغا قارىغىنىچە: «ئاھ، دەردمەن بالام، مەن بىلمەيتىمەن» دەپ پىچىرلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەنزەر ئەتىسى ئاشخانىغا كىرمىدى. مۇئەتتەرخان بىر چاغدىكىدەك بويىنىنى سوزۇپ يولغا قارىغان بولسىمۇ ئوغلىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، كەچكە يېقىن ئىشتىن يانغاندا، ئەنزەر ئىنىسى ئابدۇسەمەتنىڭ ئالدىنى توستى ھەم چېكىتە قانچىلىك پۇل بارلىقىنى سورىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى قىسقىلا چۈشەندۈردى.

— بولىدۇ، ئاكا، ھازىر بانكىدا يىگىرمە ئىككى مىڭ سومدىن ئارتۇقراق پۇل بار. ھەممىنى ئېلىپ كەت، ياقا يۇرتلاردا ئالدى ـ ئارقاڭغا قاراپ قالما.

— ياق، ماڭا ئون مىڭ سوم بەرسەڭلا بولدى. شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەن بانكىدىن كەلگەن ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ قولىغا ئون ئىككى مىڭ سوم پۇلنى تۇتقۇزدى ـ دە يىغلىۋەتتى.

— ئاكا، سەن نەگە ئىرادە قىلىۋاتىسەن؟

— ئۈرۈمچىگە بارىمەن. ئۇ يەردە ئىش ـ ئوقەتنىڭ تايىنى بولمىسا ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىمەن.

— ئىچكىرىنىڭ نەرىگە بارماقچىسەن؟

— بىلمەيمەن. قەيەردە كۆڭلۈم ياخشى ئۆتسە، شۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىمەن. بېيجىڭمۇ، شاڭخەيمۇ، گۇاڭجۇمۇ، ئەيتاۋۇر رىزقىم چېچىلغان يەرگە بارىمەن. ھازىرچە مېنىڭ كەتكىنىمنى ئانامغا ئېيتما.

ئابدۇسەمەتنىڭ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشكىنى شۇ بولۇپ قالدى. ئۇ ئەنزەرنىڭ خەنزۇ بازىرىدىكى ۋاژىلداپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدا قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە مۇئەتتەرخان گۈلنىسانى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، سوراققا تاتتى...

— قېنى ئېيتىپ باقە، سەن قىزلىقىڭنى قانداق يوقاتقان؟ نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق ماڭا دېمىگەن؟

— دېيىشكە يۈزۈم چىدىمىدى. مەن ئانام ئۆلگەندە سەككىز

ياشتا ئىدىم. دادام بىر يىلغا قالماي، كەنتىمىزدىكى پاتەمخان دېگەن ئايالنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئاچ - زېرىنلىق كۈنلىرىم باشلاندى...

## 14

دېمىناخۇننىڭ ئايالى بۇ دۇنيادا يەيدىغان رىزىق - نېسىۋىسى ئاياغلىشىپ قالغانلىقىنى بىلگەندەك، بىر قىز، بىر ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ چىقىرىۋېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قازا قىلدى. دېمىناخۇن كىچىك ئوغلى بىلەن بىر كۆن كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلەيتتى، چۈشلۈكى بەللىرىگە تۈگۈۋالغان زاغرىسىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ قورسىقىنى پومىلايتتى. ئۇلار كەچتە ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىدە توققۇز ياشلىق گۈلنىسا ئۇماچ، يوبدان، قوناق ئۇگرىسى دېگەندەك تاماقلارنى ئېتىپ كۈتۈۋالاتتى. ھەرھالدا ئاتا - بالا ئىسسىقسىز قالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، خوتۇن كىشىنىڭ مېھرى شۇنداق ئۇتلۇق بولامدۇ ياكى ئەر كىشى خوتۇنسىز دېغىراپ قالامدۇ، ئەللىك سەككىز ياشلىق دېمىناخۇن ئۆزىدىن يىگىرمە بىر ياش كىچىك پاتەمخاننى ئالدى. پاتەمخان گەرچە بەش ئەرنى «ئامان بولساق غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز» دەپ يولغا سېلىپ قويغىنى بىلەن يەنىلا سىن - سىپاتىدىن قالمىغان، كاساپەت كۆزلىرى تىكەندەك ھەرقانداق ئەرنى ئىلىپلا تۇرىدىغان شوخ ئايال ئىدى. «خوتۇن كىشى ئەركە بولسا، ئېرىگە تىكە بولار» دېگەن گەپنى قايسى ئاقىل دەپتىكىن، دېمىناخۇن دېگەن - ئەتكىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېرەتتى. پاتەمخان بۇ ئۆيگە كېلىپ بىرەر - ئىككى يىلغا قالماي ئېغىلدىكى بۇلماقتەك سەككىز قويدىن، تۆت پۇتى ئارانلا يەر دەسسەپ تۇرىدىغان بىر ئورۇق ساغلىق، شاتىراق قوزىسى بىلەنلا قالدى. ھويلا ئەتراپى، بېغىدىكى دەل - دەرەخلەر سېتىلىپ تۈگىدى. ماۋۇ

www.uyghurkitap.com

قىزىق ئىشنى كۆرۈڭ، بىر كۈن كەچكىچە قاقىرام ئاپتاپتا چوققىسىنى قاق سېلىپ ئىشلەپ بولالىغىنى قالمىغان دىمىناخۇن كەچتە خوتۇنىنىڭ پۇت - بەللىرىنى تۇتۇپ، گەجگىلىرىنى ئۇۋۇلايتتى. تېخى پاتەمخانىنىڭ توي - تۆكۈن، مەرىكىلەرگە ئامراقلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ. ئۇ كەنت ئىچىدىلا ئەمەس، يېزا، ناھىيە ئاتلاپ ئويۇن - تاماشىدىن قالمايتتى، ھەتتا بەزى كېچىلىرى «پالانى - پوستان تۇغقانلار تۇتۇپ قالدى» دەپ قونۇپمۇ قالاتتى. دىمىناخۇن خىڭشىلداپ: «بوپتۇ، ياش ئەمەسمۇ، ياشلار ئويۇنغا ئامراق كېلىدۇ» دەپ كۈلۈپ قوياتتى. بولمىسا ئۇ ئاغزى - بۇرنىغا چىۋىن ئولاشتۇرۇپ يۈرىدىغان دېۋەڭ، سىمىز تومپاي دېھقانلاردىن ئەمەس ئىدى. بېجىرىم - تىمەن، يونۇمىغان توغراقتەك بەستلىك، قىلغان سۆزلىرىدىن ۋەزخانلىق چىقىپ تۇرىدىغان، ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەم ئىدى. ئاياغىغا كېلىپ تالاغا چىقسا دانا، ئۆيگە كىرسە كالۋاغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ خوتۇنىغا شۇنچىلىك ئامراقكىن، ئەگەر پاتەمخان «تامبىلىمدا ناماز ئوقۇ» دېسە، ھېجىيىپ قويۇپ رۇكۇغا ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا خوتۇن كىشى دېگەنمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان سىرلىق نېمىكەن.

پاتەمخان بۇ ئۆيگە قاچان ئۇندى، گۈلنىساخانغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ياش ئايالنى ئىزدەيدىغان ئەر «تۇغقان»لىرى خېلىلا بار ئىدى ھەم ئۆزىنىڭمۇ كۆڭۈلدۈزى بارىدىغان «قىسقا سەپەرلىرى» چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۆيدە گۈلنىساخاندىن ئىبارەت بىر «قۇلاق»، تىكىلىپ تۇرىدىغان «كۆز» ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولاتتى. كېيىنچە دىمىناخۇن خوتۇنىنىڭ بەزى ئىشلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالدىمۇ ياكى ئىچى ئاغرىدىمۇ ئەيتاۋۇر پاتەمخانغا: «ئۆي ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي چارچاپ قالدىكەنسىز» دېدى - دە، قىزى گۈلنىساخاننى باشلانغۇچ مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ پاتەمخاننىڭ نەشتىرى تېخىمۇ تەيلىنىپ، ئۆگەي قىزىنى

بولۇشىچە خارلىنىدىغان بولدى. گۈلنىساخان ئۆي، ھويلا ـ ئاراننىڭ ئىشلىرى، ماللارنىڭ تېگىنى تازىلاپ، يەم تەييارلاش، ئېتىزدىن ئوت ئېلىش قاتارلىق بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن ئىشلار تۈپەيلىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاتەمخان يوقىلاڭ يەرلەردىن پۇتاق چىقىرىپ ئۇنى ئۇرۇپ، چىمدايتتى، چاچلىرىنى يۇلۇپ تۈۋرۈك بولامدۇ ياكى تام بولامدۇ ئۇستۇرەتتى، چۈشتە بىر پارچە زاغرىمۇ تاشلاپ بەرمەيتتى. قورسىقى ئېچىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن گۈلنىساخان كەچتە دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ پاتراق كېلىشىنى، بىرەر قاچا ئۇماچقا داخىل بولۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئۆگەي ئانىسىنىڭ تىل ـ تاياقلىرى ئاز كېلىپ قالغاندەك، دادىسىمۇ ئۇنى پات ـ پاتلا: «ئاناڭغا يېنىپسەنغۇ، ئىشقا بۇيرۇسا قىلماپسەنغۇ» دەپ ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. پاتەمخاننىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى دېسە دادىسى ئىشەنمەمدۇ، يوق. ئەلۋەتتە، قىزىغا قارىغاندا خوتۇنى تاتلىق ـ دە. يەنە بەرىبىر ئاشۇ ئۆگەي ئانا بىلەن قالىدىغان گەپ.

گۈلنىسا قورساق ئاچلىقتىن بارا ـ بارا قۇرۇپ، بىر تېرە ـ بىر ئۈستىخان بولۇپ قالدى. كىيىملىرى ئۆزىگە خوپ كەلمەي، سالپىيىپ تۇراتتى، بۇ چاغلاردا ئۇ ئون بەش ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. گەرچە ئورۇق ـ جۇدەڭگۈ بولسىمۇ كۆلگە قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا چىققاندا، ئېتىزدىن ئوت ئېلىۋاتقاندا، ياش دېھقان يىگىتلىرى ئۇنىڭغا ساقال تاشلاپ، پوخۇرلۇق قىلاتتى. بەزىدە كەنتتىكى ئۆزى دېمەتلىك قىزلار بىلەن بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشاتتى. يېزىنىڭ ئېغىر ئەمگىكىدە تالچىقىپ بالدۇرلا چىرايىدىن كېتىۋاتقان بۇ قىزلار ئۆزلىرىگە ئېچىنغان ھالدا: «يا، قورساق تويۇپ ئۆتمىگەن، يا ئۇچىمىزغا تۇزۇكرەك بىرنېمە ساپالمىغان، بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈدەك بولدىغۇ كىشى» دېسە، يەنە بىرسى: «ئۇرۇمچىلەردە ئۆي ئىشى قىلىدىغان، بالا باقىدىغان قىزلارنىڭ كۈنى گۈلدەك ئۆتىدىكەن» دەيتتى. بىر كۈنى تام

قوشنىسىنىڭ قىزى كۆل بويىدا يىغىلغان قىزلارغا:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، توختى سالپاڭ قۇلاقنىڭ قېچىپ كەتكەن قىزى ئۈرۈمچىدە ئاشخانىدا ئىشلەيدىكەن، ئۆتكەندە ئاتا-ئانىسىنى يوقلاپ جىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەپتىكەن، تونۇمايلا قاپتىمەن، خانىمنىڭ ئۆزى، ئۈرۈمچى دېگەن يۇرت قىز-چوكانلارغا ياقامدۇ نېمە، بولدۇرۇق مانتىدەك ھۇپپىدە سەمرىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

بۇ ئۇچۇرلار قورساق غېمىدە، تىل - تاياق خورلۇقىدا قالغان گۈلنىساخاننىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، ئۇيقۇسىنى ئاچماقتا ئىدى.

پاتەمخان بىر كۈنى گۈلنىساخاننى «قوي ئېغىلىنى تازىلاپ، كالا ئېغىلىنى ھاماچاڭغا ئاياپ قويدۇڭمۇ» دېگەن باھانىدە لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتتى، قان توختىماي، چاچ - بويۇنلىرىنى بويىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن رەھىمسىز ئانا ئۇنىڭ بېشىغا بىر پارچە خېمىر چاپلاپ قويدى. كېچىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىققان گۈلنىسا سەھەرلىكى كىيىملىرىنى بوپىلاپ، يالاڭ تامبال، كۆڭلەك ئۇستىدىن كىيگەن جىلىتكىسى بىلەنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ئەتىسى - ئاخشىمى ئېرىقلاردا، ئادەم، مال ئىزلىرىدا توختاپ قالغان سۇلار ئەينەكتەك مۇز توڭلاپ، كۈندۈزلىرى ئېرىپ كېتەتتى.

گۈلنىسا يېڭىسار بازىرىغا كىرىپ بىر قۇر ئايلىنىپ، ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاممىۋى ئاشخانا ئەتراپىنى ئايلاندى. يول چېتىدە قۇرۇق يەل - يېمىش تاغارلىرى بېسىلغان بىر يۈك ماشىنىسى تۇراتتى. ئۇ ئىچىدە: «شوپۇرى خەنزۇمىدۇ، ئۇيغۇرمىدۇ» دەپ ئويلىدى ھەم ماشىنا ئەتراپىدىن نېرى كەتمىدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئاشخانا پەلەمپىيىدىن يۈزىمۇ، ساقىلىمۇ قاپقارا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى تەمبەل ئۇيغۇر شوپۇر «گارتىندا» كېكىرىپ قويۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ گۈلنىساخاننىڭ رەڭگىرويىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدى - دە،

مايلاشقان قىلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى.

— قىزچاق، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىسىزغۇ؟ — شوپۇر قىزنىڭ ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تۇخۇمدەك كۆكسىگە تىكىلدى، — بىركىمنى ساقلامسىز؟

— ھەئە، ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغان.

— مېنىما؟ بەلەن گەپقۇ بۇ، نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۆزلىرى نەگە ئىرادە قىلدىلىكى؟

— غۇلجىغا.

— غۇلجىغا بارسىلا ئۇرۇمچىدىن ئۆتەملا؟

— قىزىق گەپ، ئۇرۇمچىدىن ئۆتمەي بولامدۇ؟

— ئەمىسە مېنى ئۇرۇمچىگە ئالغاچ كەتسىلە بوپتىكەن.

— نېمە، ئۇ يەردە تۇغقانلىرىڭىز بارمىدى؟

— ياق، ئىشلىگىلى بارىمەن.

— پۇلىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ بۇ چاغقىچە ئالتە پاي چاق بىكارغا مېڭىپ باققىنى يوق.

گۈلنىساخان ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە شۈمشىيىپلا قالدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئاكا.

شوپۇر قىزنىڭ ئاق سېرىق سۈزۈك ئۆڭىگە، قوڭۇر قارىچۇقلۇق يۇمىلاق كۆزلىرىگە، تۇرقىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرغان ئۆسكىلەڭ سىياقىغا خېلى بەك تىكىلىپ قالدى.

— بوپتۇ ئالغاچ كېتەي، ئېتىڭىز نېمە؟

— رەھمەت، ئاكا، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، — قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن بۇ ناتىۋان قىز يېنىش - يېنىشلاپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى، — ئېتىم گۈلنىساخان.

— گۈلنىسا دەڭا، كىچىككىنە تۇرۇپ «خان»نى قوشۇۋالغۇچە، قېنى چىقىڭ.

كابىنكا ئىسسىق ئىدى. گۈلنىسا خېلىلا راھەتلىنىپ

قالدى. ئۇلار چۈش پېشىندىن ئۆتكەندە قەشقەر كىرەمباغ دوختۇرخانىسىدىن ئۆتۈپ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاشخانا ئالدىدا توختىدى. شوپۇر ئىككى تەخسە لەڭمەن بۇيرۇتۇپ بىرسىنى گۈلنىساغا سۇندى. تونۇگۇندىن بېرى ئاغزىغا نانىنىڭ ئۇۋىقىنىمۇ سالمىغان گۈلنىسا تەخسىنى بىردەمدىلا قۇرۇقداپ قويۇپ، ئاش سۈيىدىن خېلىلا كۆپ ئىچتى. شوپۇر قىزنىڭ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىمۇ ئارقىدىن ئون زىخ كاۋاپ بىلەن ئىككى نان كەلتۈردى.

— ئېلىڭ، گۈلنىسا، تارتىنماڭ، «قورساق توق، كۆڭۈل شوخ» دېگەن گەپ بار. ئەمدى ئاتۇشتىن ئۆتۈپ كەچلىك تاماقنى مارالبېشىدا يەيمىز.

ماشىنا ئاتۇشتىن ئۆتكەندىن كېيىنلا كۈن ئولتۇرۇپ، گۇگۇم چۈشۈشكە باشلىدى. شوپۇر بىر قولىدا رولنى تۇتقاچ، قىزنىڭ بىردە ئېڭەك - يۈزلىرىنى سىيپاپ قويسا، بىردەم بىقىنلىرىنى چىمداپ قوياتتى. گۈلنىسا قورقۇپ ئۆزىنى تارتقانسېرى، ئۇ تۇكلۇك قوللىرىنى ئەڭ نومۇسلۇق يەرلەرگە سۇنۇپ مۇجۇيتتى... بۇ ئەھۋال يول بويى تەكرارلىنىپ، مارالبېشىغا جاھاننى تۇم قاراڭغۇلۇق باسقاندا يېتىپ كېلىشتى. شوپۇر تىك چوقچىيىپ تۇرغان تاغ باغرىدىكى يولۇچىلار بېكىتىگە ماشىنىسىنى قايرىدى. بېكەت هويلىسىدا يۈك ماشىنىلىرى، يولۇچىلار توشۇش ئاپتوبۇسلىرى تىزىلىپ كەتكەن بولۇپ، شوپۇر ۋە يولۇچىلار ئاددىي يەرلىك ياتاقلاردا بەزىلىرى هاراق ئىچىشىپ هاردۇق چىقىرىشسا، بەزىلىرى ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. شوپۇر گۈلنىسانى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ جىگموما بىلەن قورۇما يېيىشىپ يەنە يولغا چىقتى. ئەسلىدە هەرقانداق شوپۇر مۇشۇ يول بويى بېكەتتە قونۇپ ئەتىسى يولغا چىقىشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرى يوق گۈلنىسامۇ كابىنكىغا چىقتى. مارالبېشى بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز چۆل شوپۇرلار ئۈچۈن تۆت سائەتتىن

ئارتۇق جاپالىق يول ئىدى. يولدا بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ ياكى بۇزۇلۇپ يولدا قالغان ماشىنىلار ناگان ــ ناگاندا بىرەرسى ئۇچراپ قالمىسا، بۇ چۆل تاشيولى تىمتاسچىلىق ئىچىدە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. شوپۇر ماشىنىسىنى چەتكە ئاچىقىپ خوت يۆتكەش تۇتقۇچىنى ئالدى ــ ئارقىسىغا تارتقانىدى، ماشىنىنىڭ قەيىرىدۇر غارتىلداپ كەتتى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرىگە ئېگىشىپ قارىغان بولدى ــ دە، كابىنىكا ئىشىكىنى ئېچىپ گۈلنىساغا قارىدى.

— ماي تەگنىسى ئېقىپ قاپتۇ. قېنى چۈشۈڭ، سىز قولچىراغنى تۇتۇپ بېرىڭ، مەن بولتىلارنى چىڭىتاي، — دېدى شوپۇر ماشىنا ئۈستىدىكى تۆرتەكلەنگەن پالاسنى ئېلىپ.

شوپۇر ماشىنا تېگىگە ئۆمىلەپ كىرىپ پالاسنى سالدى. ئارقىدىن چىراغنى يورۇتۇپ كىرگەن گۈلنىساغا «ئوڭدا يېتىپ يورۇتمىسىڭىز بەزى يەرلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ» دەپ پىچىرلىدى. شوپۇر ئۇ يەر ــ بۇ يەرنى توكۇلدىتىپ ئۇرغان، چىڭىتقان بولدى ــ دە، بىردىنلا ئوڭدا ياتقان گۈلنىسانىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. بۇ ئاجىز قىز قارشىلىق قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تالما ئىشتانباغ يېشىلىپ تامبىلى تىزىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىيىگەن ئىچ كىيىملىرىمۇ يوق ئىدى. گۈلنىسا تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى...

شوپۇر «ماي تەگنىسى»نى ياساپ بولۇپ، كابىنكىغا چىقتى، لېكىن يىغلاپ تۆكۈلۈپ تۇرغان گۈلنىسا كوزۇپ ئۈستىدىكى قۇرۇق يەل ــ يېمىش تاغارلىرى ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. شوپۇر: «توڭلاپ ئۆلۈپ قالىسىز» دەپ قانچە يالۋۇرغان بولسىمۇ گۈلنىسا چۈشكىلى ئۇنىمىدى.

ماشىنا قانچە تېز ماڭغانسېرى بىر كۆڭلەك ئۈستىدىن جىلىتكا كىيىۋالغان گۈلنىسا ھە دېمەيلا جالاقلاپ تىترەپ، سوغۇق جان ــ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تاغارلار ئۈستىدە تۇگۈلۈپ يېتىپ باقتى، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى،

زادىلا بولالمىدى، كابىنكىنى ئۇرۇپ ماشىنىنى توختاتماقچى بولدى. بىراق، بايىقى تۇكلۇك يوتىلار، ئېغىر ماسىراشلار، قەيىرىنىڭدۇر ئېچىشىپ ئاغرىشى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن قولىنى ئاستا چۈشۈردى. ئۇ كۆڭلىدە بۇگۈن كېچە ماشىنا ئۈستىدە قېتىپ قالسام، شوپۇر مېنى مۇشۇ چۆللۈككە تاشلىۋېتەرمۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، يىغلىۋەتتى.

گۈلنىسانىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان شوپۇر ماشىنىسىنى بىر سائەتتىن ئارتۇق ھەيدىگەندىن كېيىن سول تەرەپتىكى ئۇلاغ يولىغا ئاستا قايرىپ، ئېگىز ئۆسكەن يۇلغۇن، ياۋا قومۇشلار چاتقاللىقىغا ئەكىرىپ توختاتتى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ كوزۇپتىكى كابىنكا تۆمۈر شادىسىغا باغلىۋەتكەن يوغان يۇك ـ تاقنى يەرگە چۈشۈردى.

— بىر پەدە ئۇخلىۋالمىسام بولمىدى. رولنى باشقۇرالمايلا قالدىم. يۇرۇڭ، قىزچاق، بىللە ئۇخلايمىز، — دېدى شوپۇر قوللىرىنى قولتۇقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان گۈلنىساغا قاراپ، — چۈشۈڭ دەيمەن، بۇ چۆلنىڭ كېچىلىك سوغۇقى ئادەم ئۆلتۈرىدۇ.

— يا... ق... — گۈلنىسانىڭ تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرىدىن «ياق» دېگەن سۆز ئارانلا چىقتى. ئۇ ھېلىھەم سوغۇق بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقتا ئىدى. ئەمما، شوپۇر شامال ئۆتۈشمىگۈدەك قېلىن يۇلغۇن توپلىرىنىڭ دالدىسىدا يۇك ـ تاقلىرىنى يېشىپ، چوڭ بىر بىزىنتنى يۇمشاق قومۇلۇققا يايدى ـ دە، ئورۇن سالدى. يوتقاننىڭ ئۈستىگە بولسا كېلەڭسىز جۇۋىنى تاشلىدى. شوپۇر قولچىراغنى ياندۇرۇپ يۇلغۇن شېخىغا ئىلىندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن تۇغما بولۇپ يوتقانغا كىردى. ئەمما، كوزۇپ ئۈستىدە سوغۇقنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇۋاتقان گۈلنىسا تىترەپ يۇرۇپ يەرگە چۈشتى ھەم ماشىنا ئەتراپىدا دۈگدىيىپ زەئىپ ئىڭرايتتى، ئالدى ـ ئارقىسىغا ماڭاتتى. ئوتتۇرا كېچە بىلەن سوغۇق شۇنداق بولدىكى زە-

ھەردەك چېقىۋاتقان ئاچچىق شامال قىزنىڭ نىمجان بەدىنىگە ھەرىدەك ئولاشتى. گۈلنىسانىڭ توختىماي «ۋۇ... ۋۇ... ۋۇ...» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ ئېڭەكلىرى تەڭ كاسىلدايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدەنلىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ تارتىشىۋاتقانلىقىنى، ئاجايىپ تاتلىق ئۇيقۇ بېسىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئادەم توڭلاپ ئۆلۈش ئالدىدا، شېرىن مۈگدەك باسىدىغانلىقىنى قەيەردىندۇر ئاڭلىۋالغان گۈلنىسا جېنىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شوپۇر بولسا خورەكسىز، ھەتتا پۇشۇلدىماي جىمىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ، ئەجەل بىلەن ئېلىشىۋاتقان بۇ يۇمران قىزنى كۆزىتىپ، تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

دۇنيادا تاتلىق نەرسىلەر كۆپ، لېكىن شۇلارنىڭ ئىچىدە جاندىن تاتلىق نەرسە بولمىسا كېرەك، گۈلنىسا بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ شوپۇر ياتقان يەرگە كەلدى ـ دە، يەردە ئولتۇرۇپ يوتقان ئىچىگە ئاۋۋال مۇز چوكىدەك بولۇپ قالغان پۇتلىرىنى تىقتى. ياھ، نېمىدېگەن راھەت. «قىشنىڭ گۈلى ئوت» دېيىشكەن مومايلار. دېگەندەك يوتقان ئىچىدىكى ئىسسىق شۇنچىلىك ھۇزۇر ئاتا قىلدىكى، گۈلنىسانىڭ تەنلىرى جىمىرلاپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ ساغرىسى بىلەن سىجىپ پۇتلىرىنى يوتلىرىغىچە يوتقان ئىچىگە تىقىشى ئېغىر ھەم ئىسسىق يوغان پۇت ئۇنىڭ يۇمران يوتلىرىغا مىندى. بىراق، ئۇنىڭ بەل ئۇستى يەنىلا جالاقلاپ تىترەپ، ئېڭەكلىرى كاسىلدىماقتا ئىدى. شوپۇر يوتقاننى قايرىپ «كېلىڭ» دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى. جان قايغۇسىدا قالغان گۈلنىسا قورقۇپراق يوتقان ئىچىگە كىرىشى جانغا راھەت ئىسسىق بىلەن تەڭ، ئاچچىق تەر ھىدى دىمىقىغا گۇپلا ئۇرۇلدى. شوپۇر ئۇنىڭ كۆڭلەك ـ تامباللىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ ئۇنى قىپىلىن، قاپقارا تۈكلەر بۇجغۇرلىشىپ كەتكەن مەيدىسىگە باسقىنىدا، لىغىرلاپ تۇرغان يۇمشاق يوتلىرى ئارىسىغا قاتتىق ئەمما قىزىق بىر نېمە ئۇرۇلدى...

www.uyghurkitap.com

ئۇلار تاڭ يورۇش ئالدىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سەھەر سوغۇقى، ۋىژىلداپ چىقىۋاتقان شامال تەنلەرنى شۈركەندۈرەتتى. شوپۇر چوڭ جۇۋىنى گۈلنىساغا كىيدۈرۈپ قويدى-دە، ئۆزى يوتقان - كۆرپىلىرىنى يېشىل بىرېزىنتكە ئوراپ تاڭدى.

ماشىنا چوڭ يولغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. شوپۇر گۈلنىسانىڭ سۈتتەك ئاقىرىپ قالغان چىرايىغا قاراپ كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ قويۇشى، قىزمۇ ئۆزى سەزمىگەن ھالدا مىيىقىدا تاتلىقىنا جىلمىيىپ، يۈزىنى ئۆرۈدى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى قەدىناسلاردەك پاراڭلىشىپ ماڭدى. گۈلنىسامۇ ماي تارتىپ ئولتۇرمىدى. شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ كۆڭلى يايراپ كەتكەن شوپۇر خۇشلۇقىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «ئۆزۈم ئاقسۇلۇق، ئىسمىم ئەخمەت، بۇ قېتىم خوتەنگە يۈك ئاپىرىپ قايتىشىمدا غۇلجىلىق سودىگەرنىڭ قۇرۇق يەل - يېمىشىنى ئېلىپ ماڭدىم» دېدى. گۈلنىسامۇ ئۆگەي ئانىسىنىڭ سالغان زۇلۇملىرىنى سۆزلەپ يىغلاپ سالدى. بۇ ئىككى «سىرداش» بىر - بىرىگە خېلىلا ئىچەركىشىپ قالدى بولغاي، ئارغىمچىدەك تاغلىرىنىڭ پىنھان روجەكلىرىدە، داۋانچىلىقنىڭ ئەگرى - بۈگرى يوللىرىدا ماشىنىنىڭ «ماي تەڭنىسى»نى ياساپ ماڭغان بولسىمۇ، گۈلنىسادا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرۈلمىدى.

ماشىنا ئۈرۈمچى ئاممىۋى مېھمانخانىغا چۈشتى. شوپۇر گۈلنىسانى «سىڭلىم» دەپ تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، بىر ياتاقتا ياتقىلى بىلەت كەسمىدى. شۇڭا، ئەتىسى خامۇش ئورنىدىن تۇرغان شوپۇر گۈلنىسانى يېقىن ئارىدىكى ماگىزىنغا ئەكىرىپ، ئاددىراس چاپان، يۇڭ ئىشتان ئېلىپ بەردى.

— قاراڭ، ئۇكام، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئىش ئىزدەپ كەلگەچكە ئۈرۈمچىدىن ئىش تاپماق تەس. شۇڭا، سىزنى غۇلجىغىلا ئەكەتسەم قانداق؟ — دېدى شوپۇر.

— ئۇ يەردىنمۇ ئىش تاپالماي قالسام قانداق قىلىمەن؟ —

گۈلنىسا شوپۇرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى، — ئۇ چاغدا كوچىدا قالىمەن شۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۈلتۈر مەن غۇلجىغا گىلەم يۆتكىگەندە، بىر ئاشخانا غوجايىنى بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، خېلىلا چىگىش ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالغان. سىزنى شۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويسام بولمىدىمۇ.

— راستما؟

— سىزگە يالغان ئېيتىپ نېمە قىلاي؟

— ئەمىسە بوپتۇ.

شوپۇر غۇلجا يولىدا بىرەر خالىي جاي تاپقان ھامان، پۈرسەتنى تۇتۇپ كۆڭۈل ئېچىپ كەلدى. گۈلنىسا ئۆزىگە ئىش تېپىپ بەرمەكچى بولغان شاپائەتچىسىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، «تولا قوپاللىق قىلماڭا» دەپ قويۇپ قۇچىقىغا تەكەللۇپسىزلا كىرىدىغان بولدى. خوتەندىن يېڭىسارغىچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالماي كەلگەن شوپۇر قىزنىڭ ھىممىتىگە جاۋاب قايتۇرماقچى بولغان بولسا كېرەك، ئۇنى غۇلجا يولۇچىلار توشۇش بېكىتىنىڭ ئالدىدىكى ئاشخانا غوجايىنىغا تاپشۇردى. غوجايىنىنىڭ ياش قۇرامى شوپۇرنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قاملاشقان يىگىت ئىدى.

— بولىدۇ، مەتنۇرى، ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئېلىپ قالاي، لېكىن گەپنى ئوچۇق دەپ قوياي، جىق پۇل بېرەلمەيمەن.

— قانچىلىك بىرنېمە بېرەرسەن؟

— ئايدا بىر يۈز ئەللىك سوم بېرىمەن. قىلغان ئىشى ئاشخانىنىڭ تازىلىقى ھەم قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ، ئەخلەت - يۇندىلارنى تۆكىدۇ.

— تامىقىچۇ؟

— سەن خوتەنلىكنىڭ بىر گېپى بولىدىغان، نېمىدى؟ —

www.uyghurkitap.com

غوجايىن يىگىت كۈلۈۋەتتى، ــــ ھە، توغرا، «مۇت»[1].

گۈلنىسا ھەيران بولدى، شوپۇر ئۆزىنى ئاقسۇلۇق، ئىسمىم ئەخمەت دېگەنىدى. لېكىن، مۇنۇ غوجايىننىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ئۇنىڭ يۇرتى خوتەن، ئىسمى مەتنۇرى ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇنداق قىلىدىغاندۇ؟ گۈلنىسادا بۇنىڭ تېگىگە يەتكۇدەك ئەقىل ـ دىت تېخى يېتىلمىگەنىدى.

گۈلنىسا غوجايىن نەزەرنىڭ ئاشخانىسىدا سەككىز ئاي ئىشلىدى. ئۇ بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، شۇنداقلا تۇرمۇشقا لازىمەتلىك داس، چېلەك، چىنە ـ قاچىلارنى ئېلىپ ئاشخانىنىڭ كىچىك ئامبىرىنى ياتاق قىلىۋالدى، نەزەر ياش بولغىنى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم يىگىت ئىدى. ئۇ گۈلنىسانىڭ ئۆز ئىشىدىن سىرت، بىكار بولسىلا جىم تۇرماي ھەممىنى قىلىدىغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان بولسا كېرەك، پات ـ پات ماختاپ قوياتتى ھەم بەزى ئايلاردا مۇكاپات دەپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز سوم قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. گۈلنىسا ئىسسىق ماكان، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئەمىن ھاياتى چۈشتىكى دەرەخ سايىسىدەك قىسقا بولدى. نەزەرنىڭ گۇاڭجۇ سەنيۇەنلىدە ئاشخانا ئاچقان بىر ئاغىنىسى ئۇنى بىرلا قىزىقتۇرۇش بىلەن ئاشخانىنى قەشقەرلىك تىجارەتچى ماموت قورساققا سېتىۋەتتى. ماموت قورساق ئېچىپ كەتكەن خېمىردەك تاسما بەلبېغىدىن خېلىلا ساڭگىلاپ تۇرغان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئىشلەيمەن دېگىنىڭ قېلىپ قال، مەيلىڭ يوقلىرىڭ كەتسەڭ بولىدۇ. ئەمما، ئىش ھەققىڭنى قايتىدىن بېكىتىپ چىقىمەن» دېدى ـ دە، تۇخۇمدەك پۇلتىيىپ چىققان پالكۆزلىرىنى ئالايتىپ، كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرغان ساقاللىرىنى سىيپىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

---

① مۇت ــــ بىكارلىق، ھەقسىز.

مامۇت قورساق ئاشخانىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇستام ھەم مۇلازىملارنىڭ ئىش ھەققىنى قايتىدىن بېكىتىپ چىقتى. گۈلنىسانىڭ ئايلىقى يۈز سومغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ غىڭ قىلماي ئىشلىدى. بارار، تۇرار يېرى ھەم تونۇش ـ بىلىشلىرى يوق بۇ قىز مۇشۇنچىلىك ئىش ئورنى ھەم ماكان تاپالماسلىقتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ مامۇت قورساقنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ ئۆتكەنمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇ، غوجايىنىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ قۇربانى بولدى. مامۇت قورساق بىر كۈنى كېچىدە ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن تاقالغان ئىشىكىنى قېقىپ، يېرىۋەتكۈدەك قىلدى. ئۇيقۇلۇق، ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ئۆندەرەپ چىققان گۈلنىسا: «نېمە ئىش ئىدى، غوجايىن» دەپ سورىشىغا، ئۇ «ئاشخانىدىن بىر نەرسە ئالماقچى، ئىشىكنى ئاچ» دەپ ۋارقىرىدى.

مامۇت قورساق ئاشخانىغا كىرگەنچە گۈلنىسانىڭ بىلىكىدىن قاماللاپ، ياتىقىغا سۆرەپ كىردى ـ دە، كۆتۈرۈپلا كارىۋاتقا باستى. ئۇ غوجايىن ئىكەنلىكىگە تەمەننا قويامدۇ، قىسقىسى بۆرىدەك ياماشتى. بۇ ئىش ھەپتە ئىچىدە ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. چىلىق ـ چىلىق سۇغا چىلاشقان قاپقارا سىمىز تەندىن كېلىۋاتقان تەر ھىدى، تاماكىدىن سارغايغان چىشلاردىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئېچىق پۇراققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن گۈلنىسا ئىچىدە: «بۇ قاسماق توڭگۇزدىن مەتنۇرىنىڭ ئۆلۈكى ئارتۇق ئىكەن» دەپ ئويلىدى. شۇڭا، ئۇ بىر سەھەرلىكى كىيىملىرىنى بوپلاپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى چىگىپ ئاشخانىدىن قېچىپ چىقتى ـ دە، كۈدە ـ كۆرپىلىرىنى قوشنا رېمونتخانىدا قالدۇرۇپ ئۆزى ئىجارىگە ئۆي ئىزدىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئىش ھەققىدىن تېجەپ يىغقان ئالتە يۈز سومدىن ئارتۇقراق پۇل بار ئىدى. گۈلنىسا چۈش پېشىن بىلەن «بوينىكېسىك»كە بېرىپ قالدى. ھويلىمۇ ھويلا كىرىپ ئۆي ئۇقۇشتى. ئاخىر تار خالتا كوچىدىكى كۆرۈمسىز بىر قورۇغا ئۇسۇپلا كىردى. قورۇنىڭ

ئىگىسى تۇل موماي ئىدى. ھەپسىلىسى يوق ئالتاڭ قورۇ ئىگىسى ياخشى قارىيالمىغانمۇ، ھويلا ئىچى بەكمۇ ۋەيرانە ئىدى. كۈنگەيدىكى پېشايۋانسىز ھەم لەمپىسىز پاكار ئىككى ئېغىز ئۆي كونىلىقىدىن يىقىلىپ چۈشەيلا دېگەنىدى. يامغۇر ـ يېشىنلاردا سارغىيىپ، قاغجىرىغان ئىشىكلىرىگە كونا كىگىزلەر قېقىلغان بولۇپ، ھويلىدىكى ئىككى كەيزە ئېتىزدىكى پەمىدۇر، مۇچ، پىدىگەنلەرمۇ سۇ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك ئۇسساپ قۇرۇپ قالغانىدى. شورا بولۇپ كەتكەن تام تۈۋىدە كۆل، چاۋار ـ چاتقاللار دۈۋىلىنىپ تۇراتتى.

موماي يوچۇنلا بىر كىچىك قىزنىڭ ئۆي ئىجارە ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ دەسلەپتە سەل تەئەججۈپ ئىچىدە گۇمانلاندى. بىراق، ئۇنىڭ ھارغىن چىرايىغا، مۆلدۈرلەپ تۇرغان مىسكىن كۆزلىرىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي:

— ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، چوڭ ئانا.

موماي قىزنىڭ شېۋىسىدىن بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

— بىر يىللىق ئولتۇرامسىز ياكى يېرىم يىللىقمۇ؟ يىللىق ئولتۇرسىڭىز ئىجارە ھەققى ئىككى يۈز ئەللىك سوم، — موماي دەرۋازا بېقىنىدىكى لاي ـ سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن كىچىك بىر ئېغىز ئۆيىنى كۆرسەتتى، — ئىچىدە ئازراق لاقا ـ لۇقا بار، ئاچىقىۋەتسەك بولىدۇ.

— چوڭ ئانا، مەن قەشقەردىن تۇغقانلارنى ئىزدەپ چىققان، — گۈلنىسا مومايىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يالغان ئېيتتى، — بىراق ئۇلار كۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇلارنى تېپىۋالغۇچە ئولتۇرىمەن. شۇڭا، ھەر ئايلىق پۇلنى ئۆتتۈرلۇق بەرسەم بولامدۇ؟

— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، قىزىم، مۇساپىر ئىكەنسىز، مۇساپىرنىڭ بېشىنى سىلىغان ساۋاب.



www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە قانچىدىن بېرەي؟
— چاغلاپ بېرىڭ.
— قېنى دەپ باقسىلا، ئۆي سىلىنىڭ.
— ئايلىقىغا يىگىرمە سوم بېرىڭ.

گۈلنىسا ئۆيىنى بىر قۇر تازىلاپ بولۇپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئەكەلگىلى رېمونتخانىغا كېتىپ قالدى. كونىلار: «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسا، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسا» دەپتىكەن. كوچىدا قالغان بۇ ناتىۋاننىڭ ئۈمىدىمۇ ئەتىسى-ئاخشىمى ياتقۇدەك يەرگە ئىگە بولۇپ، كۈندۈزلىرى ئىش ئىزدەش ئىدى...

مۇئەتتەرخان كىچىككىنە بىر قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى. ئۇ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يامغۇردەك ياش تۆكۈۋاتقان گۈلنىساغا نە خەيرخاھلىق قىلىشنى، نە نەپرەتلىنىشنى بىلەلمەي قالدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئىش ئىزدەپ تۆت-بەش ئاي ئۆتتى، — دېدى گۈلنىسا ئېسەدەپ، — ئۆي ئىشى قىلىدىغان، بالا باقىدىغان ئىشلارنى تاپقان بولسامۇ بەزىسىنىڭ خوتۇنى كۈنداشلىق قىلىپ قوغلىۋەتسە، بەزىلىرىنىڭ ئەرلىرى: «بۇنداق كەلگۈندىلەرنىڭ تولىسى ئوغرى كېلىدۇ» دەپ ھەيدىۋەتتى. بىر ئاشخانىدا يۇندىپۇرۇشلۇق ئىشلىرىنى قىلغانىدىم، ئادەم ياخشى ئىشلىسىمۇ بولمايدىكەن. باشقا مۇلازىملار: «غوجايىنىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىزنى سۆرۈن قىلدى، ئىشىمىزنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى» دەپ تىل-ئاھانەت قىلدى، مايلىق سۇپۇرگىلەر بىلەن ئۇردى. بولمىسا ئۇلار ئىشتىن چۈشكەندە، گۆش، ماي، گۈرۈچ، كۆكتات، تۇخۇم، ھەتتا لەڭمەن پىلتىلىرىغىچە ئوغرىلاپ مېڭىشىدۇ. بىر كۈنى مەن ئاتىكارچىلىق قىلىپ: «بۇنداق قىلىشقا كۆڭۈلۈڭلار قانداق كۆتۈرىدۇ» دەپ قويۇپتىمەن، ئۇلار بىرلىشىپ مېنى غوجايىنغا چاققانىكەن، غوجايىنمۇ سۈرۈشتە قىلمايلا «قولى ئەگرى ئادەمنى

ئاشخانىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» دەپ مېنى ھەيدىۋەتتى.

— ھە گەپ قىلە، كوچىدا قالغاندىن كېيىن، يەنە ناشايان ئىشلارنى قىلدىڭمۇ؟ — مۇئەتتەرخاننىڭ سۆزلىرى زەردە يىلەن چىقتى، — ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە دەپ، قىلماي قالامسەن؟

— ياق، ياق، ئانا، ھەرگىز ئۇ يولغا ماڭمىدىم، — گۈلنىسانىڭ پۈتۈن تېنى تىترەۋاتاتتى، — ئاشخانىلاردىن تاماق يەپ، يىغقان پۇللىرىمنى تۈگىدى. ئىجارە ھەققىنىمۇ تۆلىيەلمىدىم. كۆنلەپ - كۆنلەپ ئاچ قالدىم. شۇڭا، يېڭىسارىدىن كېيىپ كەلگەن كونا كىيىملىرىمنى كىيىپ مەھەللىمۇ مەھەللە تىلەمچىلىك قىلدىم. ئاخىر خۇدايىم مېنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزدى.

— ھېلىقى مامۇت قورساق دېگەننى قەشقەرلىك دېدىڭما؟ ۋۇي ئىپلاس مۇناپىق، قەشقەرلىكنىڭ شەنىگە ئولتۇرغان لامزەللە، — مۇئەتتەرخان گۈلنىساغا قادالدى، — ھە، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ، ئانا. ئۇراملا، تىللاملا ئىختىيار ئۆزلىرىدە.

— ئەمدى سېنىڭدەك بۇزۇق خوتۇننى ئېلىپ قالالمايمەن، — مۇئەتتەرخاننىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلدى، — نەگە كەتسەڭ كەت. بۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈمگە كۆرۈنمىسەڭلا بولىدى. سەنلا بولمىدىكەنسەن، ئەتزەر بالام بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا دەسسىمەيدۇ.

— جېنىم ئانا...

— مەن سېنى يوقال دەۋاتىمەن، — مۇئەتتەرخاننىڭ كۆز ياختىلىرى چاچراپ چىققۇدەك بولدى، — يەنە نېماندااق بېزىرىپ تۇرىسەن؟!

گۈلنىسا ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەي، ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، تېلىقىپقىنا بوسۇغا ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىشىككە پېشانىسىنى ياققان ھالدا غەم - تەشۋىش بىلەن تولغان بۇ دۇنيانىڭ

بىۋاپالىقىدىن رەنجىگەندەك ھەسرەتلىك شىۋىرلىدى:

«ئاھ، خۇدا، بۇ غېرىب بېشىمنى ئېلىپ نەگىمۇ بارارمەن؟ ياخشى كۆڭۈلەرگە ئېرىشتىم دەپ بېشىم كۆككە يەتكەندى. دىيانەتلىك، ئەھلى مۇسۇلمانلار ساخاۋەت ھەم شاپائەت قوللىرىدا بېشىمنى سىلىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇنچىلىك قىسقا بولۇشىنى بىلمەپتىمەن. ئۆگەي ئانامدىن باشلاپ، ئادەملەر مېنى خورلاپلا كەلدى، ئەمدى يەنە نەلەردە سەرسان بولۇپ، كىملەرگە يېلىنارمەن؟! — گۆلنىسا ئالىقانلىرى ئاغرىپ كەتكۈچە ئىشىكنى ئۇرۇپ زار - زار يىغلىماقتا ئىدى، — ھەممىگە شەپقەتلىك تەڭرىم، بۇ دۇنيادا ئىچ كۆيەر ئادەم قالمىغانمىدۇ؟! ئۇلارنىڭ دىللىرىغا پاك ئىمان، ئۆزلىرىگە ئىنساب ئاتا قىل. مەندەك غېرىب - بىچارە ناتىۋاننىڭ كۆز ياشلىرىغا ئىچى ئاغرىسۇن!»

گۆلنىسا بىردىنلا قايرىلىپ ئېتىلىپ كەلدى - دە، كارىۋاتقا تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان مۇئەتتەرخاننىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، ئېتەكلىرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ نالە - زار قىلىشقا باشلىدى:

— جېنىم ئانا، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، رەھىملىرى كەلسۇن، ئۆلسەممۇ سىلىنىڭ قوللىرىدا ئۆلەي... بوسۇغىلىرىدا ئىتتەك ئۆمىلەپ ئىشلەي... سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە قوللىرىم، كۆسەي، چاچلىرىم سۈپۈرگە بولسۇن! كۆز ياشلىرىم بىلەن ماڭار يوللىرىغا سۇ سېپەي...

گۆلنىسا يەنە نېمىلەرنى دەپ زارلىنىپ، قانچىلىك ياشلارنى تۆكەر ئىدىكىن بىلگىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىشىك چېكىلىپ ئابدۇسەمەت بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئانىسىغا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ گەپ باشلىدى:

— ئانا، گۆلنىساخاننى ھەيدىۋەتكەن بىلەنمۇ بەرىبىر ئاكام كەلمەيدۇ.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

www.uyghurkitap.com

— ئۇ كەتتى!

— نەگە؟

— ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىكى ئۆلكىلەرگە كەتمەكچى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن يولغا چىقتى.

— قاچان قايتىپ كېلىدىكەن؟

— بىلمەيمەن. ئۇ ئۆزىمۇ: «كىم بىلىدۇ، مېنى توپام تارتىپ ئەكېتىۋاتامدۇ» دېگەن گەپنى قىلدى.

مۇئەتتەرخان خېلى بىر ۋاقىتچە ئۈندىمەي جىم بىر كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ چىرايلىق چوڭ كۆزلىرىدىن سۇزۇك ياشلار تۆكۈلۈپ تۇردى. بۇ ياشلار پۇشايمان زەردابىمۇ، ئوغلى ئەنزەرگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت قان ـ يىرىڭمۇ ياكى ئېرى مەخەت، قىزى نۇرئامىنەمنى سېغىنىش شەربەتلىرىمۇ، ئەڭ بولمىسا ھەمراھسىز ئۆتكەن ياش ھاياتىغا، بېشىغا كەلگەن قىسمەتلىرىگە بولغان ھەسرەت قەترىلىرىمۇ، بۇ ئۆزى بىلەن تەڭرىدىن ئۆزگىگە مەۋھۇم ئىدى!

— ئانا، گۈلنىساخاننى ئېلىپ قالايلى، — دېدى ئابدۇسەمەت جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇ ئائىلىدىن بىراقلا ئىككى ئادەم تەڭلا يوقالسا، سىلىگىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلنىساخان ئاشخانىنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ئوبدانلا ئىگىلىدى.

جۇدۇنى قاتتىق، گېپى ئۇزە مۇئەتتەرخان بايىلا گۈلنىساخاننىڭ نىدانلىرىنى ئاڭلاپ شامدەك ئېرىپ كەتكەنىدى. «بۇ دۇنيادا ئىچ كۆيەر ئادەم قالمىغانمىدۇ؟» «مەندەك غېرىب ـ بىچارە ناتىۋاننىڭ كۆز ياشلىرىغا ئىچى ئاغرىسۇن» دېگەندەك ئاللاغا قىلغان ئىلتىجالىرى مۇئەتتەرخاننىڭ توڭلىغان يۈرىكىنى ئىللىتىپ، ئۆزىنى ئويغا سېلىپ قويدى. شۇڭا، ئۇ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ۋاللىدە ئېچىپ، گۈلنىساغا قارىدى ـ دە:

— بوپتۇ، بۈنىڭدىن كېيىن ئىنامىڭغا پېتىپ يۈر، — دېدى.

# 15

ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرى پۈتۈن جان - جانىۋار، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ، تاغ - دەريا، جىمى مەۋجۇداتقا يېڭى ھايات بەخش ئەتكەن جەۋھەر پەسىل، غوللىرىغا سۇ يۈگۈرگەن دەرەخلەرنىڭ چاشقان قۇلاق ياپراقلىرى تۈۋۈگە شالاڭ سايىلەرنى تاشلىغان ئىلى باغلىرى ھال رەڭ، ئاپپاق چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللار يېڭى تويى بولغان كېلىنلەردەك ياسانغانىدى، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى سۇلار قىن - قىنىغا پاتماي كۆۋرۈكلەر ئاستىدا گۈڭۈرلىشىپ، تار ئازمىلاردا كوركىراپ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ ئاقاتتى. ئەمدىلا پەيدا بولغان بۇلبۇللار قىزىلگۈلنىڭ ئېچىلىشىغا تەقەززا بولۇشسا، قەيەردىدۇر بېدىلىكتە بېدە كۆكى تېرىۋاتقان قىز - چوكانلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن كاككۇك مۇڭلۇق ئاۋازدا ئۆز مەشۇقىنى چاقىراتتى. باغلارنىڭ پىنھان روجەكلىرىدە مۈشۈكتىن ئۈركۈگەن قۇشقاچلار بەس - بەس بىلەن چاۋىلدىشىپ چېچەكلەرنى قار توزۇندىلىرىدەك يەرگە تۆكەتتى. پېشايۋان لاپاسلىرىدا، ئۆگزە قىرلىرىدا بۇقۇلدىشىپ جۈپتىنى قوغلاپ يۈرگەن كەپتەرلەر قىسقا تۇمشۇقلىرىنى سۈۋۈشىپ سۆيۈشەتتى، ھېچكىمدىن ھېيىقماي جۈپلىشەتتى... مانا بۇ قۇياشلىق، يېشىل ھاياتنىڭ مەنىسى، قىزىقى، قەدىر - قىممىتى.

بايكۆلنىڭ قەدىمىي ئىپتىدائىي دەرەخلەر شاخاراپ كەتكەن توپىلاڭ يوللىرىدا تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان گۈلسۈمخان پېشانىلىرى مونچاق - مونچاق تەرلىگەن ھالدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەر نۆۋەت قىزىنى يوقلاپ چىققاندا گۈلبانۇمنىڭ ئىنجىقلاپ ياتقىنىنى ياكى يۈز - كۆزلىرى تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ ئىششىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرەتتى. بۇ تۇغرۇلۇق ھەدىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم دېيىشىپمۇ قالدى. شەرىپىخان دەسلەپتە: «ياشلار دېگەن بىر ـ بىرىگە يول قويۇشمايدىكەن، قۇماچتەك ئېتىلغىلى ئارانلا تۇرىدىكەن. مەن ھادىلىغا نەسىھەت قىلاي» دەپ چىرايلىق گەپلەر بىلەن سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇردى. بۇ ئىش ئۇچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا شەرىپىخان ئاچچىقلاپ قالدى:

— ئوھۇش، قاچقان قىزىڭنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپ ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرگەنگە خۇش بولماي، نېمانچە تولا ۋارى ـ ۋارى بۇ. ئەر دېگەن خوتۇنىنى ئۇرۇپ باشقۇرامدۇ، سىلاپ ـ سىيپاپمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ھېلىغۇ سەن بىلەن مەن ئىكەنمەن، «ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىشىغا خانمۇ ئارىلىشالمايدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئارىسىغا كىرگەنلىك ـ قىلىچ ئارىسىغا كىرگەنلىك» دېگەن گەپنى بىلىدىغانسەن؟ سەنمۇ مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ دۇمبا ـ تېپىكىنى يەپ يۈرۈپ يەتتە بالا تۇغدۇڭ. نەچچە قوۋۇرغاڭنى ئۇشتۇۋەتسىمۇ، دېمىگىنى ئىچىڭگە يۇتۇپ يۈردۇڭغۇ؟ بۇ شۇنداق ئىش.

— جېنىم ھەدە، غەرەز ئۇقساڭچۇ، گۈلبانۇم ئېغىربوي تۇرسا.

— خۇدايىم رىزقىنى بەرسە تۇغۇلىدۇ، بولمىسا ئەكېتىدىغان گەپ.

ئوغلىنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك مەست كىرىپ خوتۇنىنى دۇمبالىشى، سىڭلىسىنىڭ تاپا ـ تەنە قىلىشىدىن زېرىككەن شەرىپىخان ئاخىر ئۆي ئايرىپ ھادىلىنى سىرتقا كۆچۈرۈۋەتتى. ئارىغا كىرىپ ئاجرىتىدىغان ئاپىسىدىن قۇتۇلغان بۇ پىيەنچۈك ئالىقاپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. شۇڭا، قىزىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكى ئېغىپ تۇرغان گۈلسۇمخان ئارا كۈندە كېلىپ گۈلبانۇمنى يوقلايتتى.

گۈلسۇمخان ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، گۈلبانۇم بىر بۇلۇڭدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چۈۋۇلغان

چاچلىرى يۈزلىرىنى قالايمىقان بېسىۋالغان بولسىمۇ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى تۇخۇمدەك ئىششىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىدىن، جاۋغىيىدىن ئاققان قان قېتىشىپ قالغان بولۇپ، ئاق كوپتىسىنىڭ ياقىلىرى قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنىدى.

— جېنىم قىزىم، يەنە ساڭا نېمە بولدى؟ — ئەندىكىپ سورىدى گۈلسۈمخان، — ۋاي خۇدايىم، ھەر كەلسەملا ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىڭنى قانىتىپ، ئىششىتىپ ئولتۇرىسەن.

گۈلبانۇم ھېچقانداق ئىپادىسىزلا جىلمىيىپ قويۇپ، كوپتىسىنىڭ ئارقىسىنى قايرىدى. دۈمبە، قورساقلاردىكى قىر - قىر چىققان تاسما بەلباغ ئىزلىرى ھەم چىنە ئاغزىدەك كۆكلەرنى كۆرگەن گۈلسۈمخان ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى.

— بېشىڭنى يەيدىغان توكۇر، ئېغىرلىشىپ قالغان ئايالنى شۇنچىۋالا ئۇرغان بارمۇ؟ بويۇڭدىن ئاجراپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟ قېنى ئۇ مۇناپىق!

— ئۇش ... — گۈلبانۇم بىگىز بارمىقىدا ئاغزىنى توسۇپ ئىچكىرىكى ئۆينى ئىشارە قىلدى، — تاڭ ئاتقۇچە ئۇرۇپ - تىللاپ ھارغانمۇ نېمە، ئەتىگەندىلا ياتتى. ئۇ مەستلىكتىن يېشىلگۈچە ئۇخلايدۇ.

— نېمە گۇناھ قىلغانغا شۇنچىۋالا ئۇرىدۇ؟ گۇناھىڭ زادى تۈگىمەي ئۆتەمدۇ سېنىڭ؟

— ئەنزەر بىلەن قاچقىنىم پېشانەمدىن كەتمەيدۇ.

ھادىل گۈلبانۇم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن مەست بولۇپ قالدىمۇ، كونا ئىشلارنى تاڭ ئاتقۇچە تەرگەپ، ئۇرۇپ - تىللاش ئارقىلىق دەردىنى چىقىراتتى. ئۇ: «مەن ئەلچى كىرگۈزگەندە، يۈزۈمنى تۆكۈپ قاچقانىدىڭ، ئاشۇ ئوغرىدىن بىر بالا تۇغدۇڭ. قىزلىق ئىشقىڭنى مەندىن ئايىدىڭ، مېنى توكۇر دەپ ياراتمىدىڭ» دېگەندەك، كۆڭلىگە ئۈيۈپ قالغان ئوغىنى قەھرى - غەزىپى بىلەن چىقىرىپ ئۆچ ئالاتتى. ئۇ ئۇرغاندا شۇنچىلىك

www.uyghurkitap.com

ياۋايىلىشىپ كېتەتتىكى، كۆزلىرى ئادەم قورققۇدەك ئالىيىپ، ئېغىزلىرىدىن كۆپۈك قايناتتىپ، قول - پۇتلىرى پىرىدەك ھەرىكەتكە كېلەتتى. ھەتتا غىچىرلاپ تۇرغان ياغاچ پۇتىمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ سادىق قورالى ئىدى. ئۇ ۋەھشىيلەشكەندە «ماۋۇ ئانام ئىكەن، ماۋۇ قېرىندىشىم ئىكەن» دېمەي مۇشت سالاتتى، تېپەتتى، بايا گۈلبانۇمنىڭ «ئۇش ...» دەپ ئاپىسىنى ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ يۈرەككىئالدى بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ نىشانى ئىدى.

— تووۋا، تووۋا، — گۈلسۇمخان ياقىسىنى تۇتتى، — كونا ئىشلارغا نېمانچىۋالا ئېسىلىۋالدىغاندۇ؟ ئۆزىمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى خوتۇننى يولغا سالغان تۇرسا ئۇ خوتۇنباز.

— كۆيۈئۇغلۇڭنى تىللىساڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كاچاتلىغاندەك بولىسەن، ئاپا، — گۈلبانۇم ھالسىز ئىڭرايتتى، — ئېسىڭدىمۇ: «ھادىلجان ئۆز يۇرتلۇقىمىز، غۇلجىلىق تارانچى، قەشقەرلىكلەردىن ئۆلۈكى ئارتۇق» دېگىنىڭ. راست كۆردۈم، ئۆلۈكى مىڭ مەرتەم ئارتۇق ئىكەن...

بۇ قامچا گۈلسۇمخاننىڭ نەق يۈرىكىگە تەگدى. راست ئەمەسمۇ، ئەنزەر قىزىنىڭ قانچىلىك ھۆرمەت - ئىززىتىنى قىلدى، ئاسرىدى، پەپىلىدى، خۇددى كىچىك بالىدەك ئەركىلىتىپ روھىنى كۆتۈردى. بۇ گۈلسۇمخانغا ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىق تۇرسا. ئۆزى شۇنچە ھاقارەتلىك تىللار بىلەن غورۇرىغا تىغ ئۇرغاندا، ئۇ مىت قىلىپ جاۋاب ياندۇردىمۇ؟ ياق! ۋاي دەردىڭەي، گۈلسۇمخان ئۆزىنى پايلىماي شىلتىنىڭ ئېتىپ بىر ئاق كۆڭۈل يىگىتنى نېمىشقىمۇ رەنجىتكەن بولغىيدى؟! قىزىنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىنى بىلىپ - تارتىپ قالسا، ئەنزەر گۈلسۇمخاننى نېمەدەپ ئويلار؟ نېمىلەرگە ئوخشىتار؟! «خوپ بولدى» دەرمۇ، ھەيتاڭەي، ئۇنداق دېمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ھاياتىدىن ئەزىز كۆرگەن ئايالىنىڭ ئانىسىنى قارغىيدىغان بالا

ئەمەس!

گۈلسۈمخان مەيدىسىنى تۇتۇپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ بىرەر ئىشتىن قاتتىق خاپا بولسا ياكى ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە ئازابلانسا، دەرھاللا غولى بىلەن ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتەتتى. مەھەللە دوختۇرى ئۇنىڭغا: «سىزدە ئۆت ياللۇغى بار، بىر ئىشلارنى تولا ئويلاپ، چېچىلىپ قالماڭ، بۇ نېرۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دېگەنىدى. شۇڭا، كونىلارنىڭ: «ئاچچىقىم كېلىپ ئۆتۈم يېرىلىپ كېتەي دېدى» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە.

— ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىڭغۇ؟

— ھېچنېمە، قىزىم، مەن... مەن قايتاي، لېكىن... سەن...

— مەندىن ئەنسىرىمە، سېنى خۇش قىلىش ئۈچۈن تەگكەنىكەنمەن، ئۇنىڭ تايىقى ئاستىدا ئۆلسەم نېمە بوپتۇ؟ مەن شۇ كۆڭلەرنى كۆتۈۋاتىمەن. شۇڭا، ئەنزەر قىشتا مېنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇنىمىدىم.

— نېمە، ئەنزەر كەلدىما؟ نېمە دەيدىغانسەن، قىزىم، — گۈلسۈمخان دەرھاللا ئىچكىرىكى ئۆيگە قارىدى، — ۋاي بىچارە بالا.

— سۇت ساتقۇچى سىياقىدا ياسىنىپ كىرىپتۇ. ئۇ مېنى سىز رازى بولسىڭىز، — گۈلبانۇم يىغلىۋەتتى، — دېۋىدى... مەن... مەن ئۇنىمىدىم.

— پاھ، پاھ، بۇ بالىنىڭ ئېتىقادىنى، ئەجەبمۇ پوق يەپتىكەنمەن...

بىر ئېغىز گەپ گۈلسۈمخانىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى، ياق، چىقىپ كەتمىدى، بۇ يۈرەك قاتلىرىدىن چىققان چىن سۆز، ئەمما بۇ سۆز بەكمۇ كېچىكىپ چىقتى. ئۆز قولى بىلەن قىزىنى گۆرى زىندانغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يىلان ـ چايانلار يامىشىپ، زەھىرىنى سانجىپ جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندە، ئەزرائىل يېنىدا ھازىر بولغاندا چىقتى. ئادەم دېگەن

www.uyghurkitap.com

شۈنداق نەرسە ئوخشايدۇ، خۇدا جەننەتنى ئاتا قىلسا، دوزاخنى سېغىنىدىغان، دوزاخقا ئەكىرىپ قويسا، جەننەتنى ياد ئېتىدىغان! مانا قارالە، قىزىمنىڭ بەخت - ئامىتى، خۇشلۇقى، ئارزۇ - تىلەكلىرى مۇجەسسەملەنگەن گۆھىرى قولىدا چېغىدا قەدرىگە يەتمەي يەرگە ئۇرۇپ چاقتى. گۈلبانۇمدىن ئىبارەت كۆز چاقچۇدەك ياقۇتنى ئەرزىمەس بىر داشقالغا تېگىپ قويدى، ئاقىۋەت قىزىمنىڭ ئوت ئۇۋۇلىغا قالدى.

— قىزىم، بالاڭنى سورىمايسەنغۇ؟ ئۇ بۈگۈن بىر ياشتىن ئاشتى، — گۈلسۈمخان ئازابلىق خىياللاردىن نېرى بولۇش ئۈچۈن گېپىنى يۆتكىدى، — ئەكبەرگە شۇنداقمۇ ئامراق. ھە راست، ساباھەت ئالىنۇرغا «ئانام تىكىپ بەردى» دەپ ئىشتانپايپاق، پوسما ئەكەپتىكەن.

— ئەنزەر قانداق تورۇۋېتىپتۇ؟ ئۇ ئۆيلىنىپتىمۇ؟

— ئۇ... — قىزىنىڭ جاراھىتىنى تاتىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن گۈلسۈمخان دەرمەھەل گەپ قىلالمىدى.

— زادى نېمە بوپتۇ؟ دېگىنە.

— ساباھەتنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئانىسىدىن رەنجىپ كۆلىغا كىرىپ كېتىپتۇ... بۇ قىشتا بولغان ئىش ئىكەن.

— بىلىدىم... — گۈلبانۇم مىچچىدە يىغلىدى، — ئۇ قىشتا كەلگىنىدە: «چوك ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەنىدىم» دېگەندە مەن قەتئىي رەت قىلغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ، كېتىپ قالغان.

— كەتسەڭمۇ بوپتىكەن، قىزىم، بۇ كۆنلەرگە قالماس ئىدىڭ.

— قورسىقىمدىكى بالام بىلەمنا؟

تۇنجۇقۇپ قالغان گۈلسۈمخان ئالمان - تالمان داستىخاننى ئېچىپ ئىككى دانە گۆشناننى لېگەنگە ئېلىپ قىزىغا سۇندى.

— گۆشنانغا ئامراق ئىدىڭ، سېنى دەپلا ئالاھىدە پىشۇرۇپ كەلدىم.

— قويۇپ قويغىن، هادىل پىيەنچۈك يېسۇن. ئۇ سىنىڭ بىر يۇرتلۇقۇڭ، غۇلجىلىق، قەشقەرلىكلەردىن ئۆلۈكى ئارتۇق، ئامراق كۈيۈئوغلۇڭ ئەمەسمۇ...

قىزىنىڭ تەئەددى، كىنا - كۇدرەتلىرىگە تويغان گۈلسۈمخان قۇرۇق تاۋۇقىنى داستىخانغا ئوراپ كېتىپ قالدى. ئۇ تا شەھەرگە كىرىپ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە پۇشايمانلىق، ئۆكۈنۈش، ئازابلىق خىياللاردىن نېرى بولالمىدى. گۈلبانۇمنىڭ تارتىۋاتقان كۈنلىرى يۈرەك زېدىسى بولۇپ، ئاچچىق تىللىق بولۇپ قالغانلىقى، پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى دەپنە قىلغان چۈشكۈن هالىتى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا ئۆزىنى قويار جاي تاپالمايتتى. ئامال قانچە؟ «چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەس» دېگەن گەپ بارغۇ؟ ئەمدى كېيىنكى قىسمەن - كۆرمىشلەرگە ئەلهۆكمىللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق.

گۈلسۈمخان ئۆيىگە كىرگەندە، بۇدرۇق قوللىرىنى چىقىرىۋالغان ئالىنۇر بۆشۈكتە ياتاتتى. ئۇ ئېڭىشىپ پەشمەت چاپىناپ يېگۈزۈۋاتقان ئەكبەرنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ - تاتىلاپ نېمىلەرنىدۇر دەپ گۈڭرايتتى.

— مەشەدە... گىدىك... گىدىك قوللىرى بار... هە، هە، مور... مورلايدىغان... تىمىقى بار... سىز... سىز... مىياڭ... مىياڭ... ئاسلانمۇ، هەۋ -، هەۋ... قولۇمنى چىشلەيدىغان كۈچۈكمۇ؟

ئەكبەر داۋاملىق پەشمەت چاپىناپ يېگۈزۈپ، كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ، بۆشۈكنى تەۋرىتىپ ئۆگىتىپ قويغاچقا ئالىنۇر ۋىلىقلاپ كۈلەتتى، گۈڭۈلداپ ئەكبەرنىڭ ئاغزىغا كىچىك بارماقلىرىنى تىقاتتى.

— بالام، پەشمەت يېگۈزۈۋەرمە، ئىسسىق كېلىپ ئاغرىپ قالمىسۇن، — دېدى گۈلسۈمخان تىلى كەمتۈك ئەكبەرگە، — مەن كەتكەندىن كېيىن يىغلاپ ئاۋارە قىلدىمۇ؟

— ئاپپا، مەن داس... داسنى تاڭ... تاڭ قىلىپ ئۇرسام...

www.uyghurkitap.com

ئۇ... يىغلىدى.

ئەكبەر دۇكانغا ئىچىۋالغان ئىشىكتىن مەشچىلىك دۇكىنىغا چىقىپ كەتتى. گۈلسۈمخان ئالىنۇرنى يېشىپ كۆرپىگە ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، كۆلتۈك بىلەن شۇمەكنى پاكىز يۇيۇپ شامالغا سېلىپ قويدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن لاتىلارنى داسقا سېلىپ يۇدى، ئاندىن بۆشۈكنىڭ قولتارتقۇ، كۆرپە، ياستۇقلىرىنى رەتلەپ تەييار قىلىپ قويۇپ، كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئالىنۇر سوسكىسىنى ئىمىپ كۆرپە ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئوينىماقتا ئىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن گۈلسۈمخان ئالىنۇرغا كېچىدە يېگۈزىدىغان بولماقنى ئېتىپ قازاندىكى يېرىم قايناق سۇغا قاچىنى چىلاپ تۇۋاقنى يېپىپ قويدى، بۇنداقتا بولماق سوۋۇپ قالمايتتى.

ئەكبەر مەشچىلىك دۇكىنىدىكى كارىۋىتىدا يېتىپ قالدى. بايىكۆلگە چىقىپ كىرگۈچە ھېرىپ قالغان گۈلسۈمخانمۇ پاتلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپ ئالىنۇرنىڭ بولمىقىنى يېگۈزۈپ، ئىمىزگۈدە سۈت ئىمىتتى. بۇ ئىش ئادەتكە ئايلانغاچقىمۇ ئالىنۇرمۇ نەق شۇ چاغدا ئويغىنىپ گۈڭراپ ياتاتتى ياكى مىرقىراپ يىغلايتتى. گۈلسۈمخان ئۇنى بۆشۈكتىن يېشىپ ئاستىنى بىر قۇر قۇرۇقداپ قايتا تاڭغاندىن كېيىن پاتلا ئۇخلاپ قالدى.

گۈلسۈمخان مۆھىت ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ كىيىمنى كىيىپ، چىغ سۈپۈرگىسىنى مۆرىسىگە سالغان ھالدا مەدرىسەنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھەمراھى رابىيەم ئىشنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇلار بىرلىكتە سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھارۋىغا ئېلىپ توشۇدى، بارغانسېرى تاڭمۇ سۈزۈلۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ ئوتقاشتەك قىزارماقتا ئىدى. گۈلسۈمخان گەرچە شارتىلدىتىپ يەر سۈپۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، كاللىسىدا ئەنسىز خىياللار قاينىمى پىرقىرايتتى. گۈلبانۇمنىڭ «ئۇنىڭ

تايىقى ئاستىدا ئۆلسەم نېمە بوپتۇ؟ مەن شۇ كۈنلەرنى كۆتۈۋاتىمەن»دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك - جىگەرلىرىنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ قوقاسقا تۇتقاندەك بولدى. شۇنداق! قائىدە - يوسۇنلۇق، يۈزى تۆۋەن، گەپ - سۆزلىرى سىلىق، ئادەمنىڭ دەردىگە يېتىدىغان قىزى بىر هاراقكەش مەلئۇننىڭ قولىدا تۈگىشىپ كېتەرمۇ؟! تېخى ھەدىسى بولغان دەججال: «ئەر دېگەن خوتۇننى ئۇرۇپ باشقۇرامدۇ، سىلاپ - سىيپامدۇ ئۆزىنىڭ ئىشى» دەپ ئوغلىغا يەل بېرىپ كۈشكۈرتۈۋاتسا، «ئەر - خوتۇن ئىشىغا خانمۇ ئارىلىشالمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئالدىغا توغان سېلىۋاتسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟

توغرا، گۈلسۈمخان تاياق - توقماقنىڭ، دۇمبا - تېپىكنىڭ دەردىنى بولدى دېگۈچە تارتقان. ئەلۋەتتە، تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ. ئەمدى بۇ ئاندىن قىزىغا ئۆدۈم بولۇپ قالارمۇ؟ بەس! بۇ يەردە ئۆدۈم - پۈدۈم دەيدىغان كونا ئەقىدە مەۋجۇت ئەمەس! قىزىنى ئاپئاشكارا ئوتقا تاشلىغان ئۆزى. قىزىنىڭ نام - ئەمەلى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان تۇرۇپ، ئۇنىڭ تاللىغان يولىغا، لايىقىغا نېمىشقا قارا سىنغاندۇ؟! ئاھ، خۇدا، ئاشۇ ياۋاش قىزىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! ئۇ تېخى ياش ئەمەسمۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا قانمىغان بىر ناتىۋان!

تۇيۇقسىز گۈلسۈمخاننىڭ ئىككى كۆكسى ئارىلىقىغا بىراۋلار تۆمۈر تىرناقلىرىنى تىقىپ قاماللىۋالغاندەك، يول چېتىگە يىقىلدى. ئۇنىڭ گەجگىسىمۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە تېلىپ ئاغرىماقتا ئىدى. دەرھال يېتىپ كەلگەن رابىيەم قول ھارۋىسىغا چاپىنىنى يېيىپ سېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ياتقۇزدى - دە، ئۆز ئۆيىگە ئەكەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قورۇسى بەيتۇللا كوچىسىدىن ئۆدۈللاپ چىققاندا بىردەمدىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى.

رابىيەمنىڭ قورۇسى كىچىك بولغىنى بىلەن پاكىز، كۆركەم

ئىدى. ھويلىنىڭ ئىككى يان ئۇدۇلىغا كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئالدى ئۈچ تەرەپكە بوي تارتقان تال بوستان بولۇپ، قىيما شادىلىق پېشايۋانلارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى، ئىشىك، دېرىزە راملىرى ھاۋارەڭ سىرلانغانلىقتىن كىشىگە ئازادىلىكنى ھېس قىلدۇراتتى. رابىيەم گۈلسۇمخاننى يۆلەپ، پەلەمپەيلەردىن تاراقلاپ چىقتى ـ دە، ئۇدۇلدىكى پەرلىك پاسوندا جابدۇلغان ئۆيگە ئەكىردى ھەم گىلەم ئۈستىگىلا قوش كۆرپە سېلىپ ياتقۇزدى. ئاندىن دەرھال قىزىق چاي دەملەپ گۈلسۇمخانغا ئىچۈردى. ئىككى پىيالە چاينى ئىچىپ ھەم بىر بۇردا يۇمشاق توقاچنى يەپ خېلىلا ئەسلىگە كەلگەن گۈلسۇمخان پەي ياستۇققا جەينەكلەپ ئولتۇردى. رابىيەم بۇلۇڭدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپتىن ئۇششاق ئاق تابلېتكىدىن ئىككى، سېرىقىدىن بىر تال ئالدى. ئەتىگەن ئۇ گۈلسۇمخاننىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ كۆڭلىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئىشقا چۈشكەندىمۇ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك «شامال ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن، ئاۋۇ دۆۋىلەكلىك ئەخلەتنى ئېلىۋېتىڭ»، «رابىيەم، ئېرىڭىز ئۈرۈمچىدىن قانداق رەختلەرنى ئەكەپتۇ؟»، «ئۆمەرجاننىڭ ئوقىتى قانداقراق؟» دېگەندەك سوئاللارنىمۇ سورىماي ئۈن ـ تىنسىز يەر سۈپۈردى، كېيىن بىردىنلا مەيدىسىنى تۇتۇپ يىقىلدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭدا «ئۆت كېسىلى» بارلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. چۈنكى، ئۆزىمۇ ئاچچىقنى تولا ئىچىگە يۇتقاچقا، بىرەر ئىشتىن خاپا بولسا ياكى چېچىلىپ قالسا دەرھاللا ئۆتى بىئارام قىلاتتى.

— گۈلسۇمخان ھەدە، سىزدە ئۆت كېسىلى بار ئىكەن، — دېدى رابىيەم دورىنى ئۇنىڭ ئالىقانلىرىغا تۆكۈپ، — قېنى ئىچىۋېتىڭ.

— سىز قانداق بىلىسىز؟ كوچىدا بۇنداق بولۇشۇم بىرىنچى قېتىم تۇرسا.

— ۋاي... جېنىم ھەدە، دەردنى تولا تارتىپ قاقباش بولۇپ

كەتتىم، — رابىيەم تاماق شىرەسىنى قويۇپ تاتلىق ـ تۈرۈم تىزدى، گىلاس ھەم تاغ مالىناسى مۇرابباسى خونچىلىرىنى ئەكەلدى، — مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئاچچىق يۇتمۇپ ئۆت كېسىلى بولۇپ قالغان.

كېسىلىنى ئەق تاپقان رابىيەمگە ھەيران بولغان گۈلسۈمخان مەھەللە دوختۇرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئويلاپ تۇرۇشىغا ئۆيگە ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا چىغقا ئۆتكۈزۈلگەن خوراز كەمپۈت بار ئىدى. بالا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك ئوماق بولۇپ، يۈزلىرى سۈت قۇيۇپ ياققان توقاچتەك ئاپپاق، قوڭۇر يۇمشاق چاچلىرى بۇجغۇر، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. رابىيەمنىڭ: «ئون سەككىزگە كىرگەن قىزىم لەھەلبۇۋى ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتتى، ئون ئالتە ياشلىق كىچىك قىزىم جۆھەربۇۋى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ» دېگىنىگىمۇ ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. ئەمدى بۇ كىچىك بالا ئۇنىڭ نەۋرىسىمىكىنە؟ بىراق ئۇ ياتلىق قىلغان قىزىم بار دېمىگەنىدىغۇ؟

— بالام رەخمەتجان، ھەدەڭ جۆھەر قېنى؟ — سورىدى رابىيەم بالىدىن، — ئەجەب يالغۇز يۈرۈپسەنغۇ؟

— ھەدەم ماگىزىندىكى ھەدەش بىلەن گەپ قىلىشىۋاتىدۇ.

— ماڭ، ھەدەڭنىڭ قېشىغا چىق، ئۇ سېنى ئويناتسۇن، بولامدۇ؟ ئۇبدان بالا مېھمان بار ئۆيگە ئۇسۇپ كىرمەيدىغان.

بىز ئالدىنقى بابلاردا قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق، رابىيەم ئەسلى سەككىز يېشىدا دادىسى بىلەن قەشقەردىن چىقىپ غۇلجىغا ئورۇنلاشقان. ئۇ ئون يەتتە يېشىدا ياتلىق بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم ناتىۋان. رابىيەم گۈلسۈمخان بىلەن ئوخشاش بىر كوچىدا مۇھەببەت ئاسراش ئىدارىسىگە تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ كىرگەن. ئۇ چاغلاردا رابىيەم شوخ، گەپدان، قىزىقچى، چاچلىرى قاپقارا، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چوكان ئىدى. بىراق، بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا

www.uyghurkitap.com

چېكە چاچلىرى سۇۋارى ئاقىرىپ كەتتى. بۇلتۇر كۆزدە ئۇنىڭ: «ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا چاپچىپ تۇرغان چوكان ئىدىم، مانا ئەمدى موماي بولدۇم» دېگەن سۆزلىرى گۈلسۈمخاننىڭ ھېلىمۇ يادىدا تۇرۇپتۇ. لېكىن، رابىيەم ئاغزى چىڭ ئايال بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ سىرلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، چېچىنىڭ بىر كۈندە دېگۈدەك ئاقىرىپ كېتىشى گۈلسۈمخان ئۈچۈن بىر سىر ئىدى.

— گۈلسۈمخان ھەدە، بايا سىز رەخمەتجاننى كۆرۈپ، «نەۋرىسىمىكىن» دەپ قالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ — رابىيەم كىشىنىڭ چىرايىغا قاراپلا كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا ئۇستا ئىدى، — لېكىن ئۇ مېنىڭ بالام.

— ئەجەب يامان ئىكەنسىز، — دېدى گۈلسۈمخان كۈلۈپ قويۇپ، — توغرا، ھەيران بولدۇم. قىزلىرىڭىز ئۆزىڭىز بىلەن تەڭلا چوڭ بوپتۇ. بىراق ئوغلىڭىز... سىزمۇ تۇغماي ـ تۇغماي ئون نەچچە يىل ئۆتكەندە «تاغار قېقىندىسى»دىن بىرنى تۇغۇۋاپسىز ـ دە.

— شۇنداق... — رابىيەم ئاچچىققىنا كۈلدى، — بىراق مېنىڭ چېچىمنى ئاقارتىۋەتكىنى مۇشۇ بالا، ياشلىقىمنى نابۇت قىلىپ، تۇرمۇشۇمنى ۋەيران قىلغىنىمۇ مۇشۇ بالا...

— نېمە؟! — گۈلسۈمخاننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى...

*          *

ھاپىزۋاينىڭ سارىيى ئالدىدا ياماقچىلىق قىلىدىغان كېرىم ئاخۇن ئۆزىنىڭ ۋىجىكلىكى، توختىماي يۆتىلىپ تۇرۇشىغا باقماي تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئالدىغا كونا ئاياغلار دۆۋىلىنىپ، ئىشى بېسىق بولۇپ قالغان قاتىلاڭ چاغلاردا ئون ئالتە ياشلىق قىزى رابىيەمنى تاماكىغا ئەۋەتەتتى.

— قالا، رابىخان قىزىم، «توغرا كۆۋرۈك»تىن ئۆتۈپ «كۆككۆۋرۈككە»كە بارىدىغان يولنى بىلەمدىغانسەن؟

— بىلىمەن، دادا، سەۋىتىسكى دوختۇرخانىغا بارىدىغان يول.

— ھەببەللى، رۇس گىمنازىيە دوقمۇشىدىن قايرىلىپ، ئىسھاقبەك كولۇبى ئالدىغا بارساڭ، ئۇدۇلدىكى جەينەكتە ئۆمەرجان دېگەن تاماكا ساتىدىغان بالا بار، — كېرىم ئاخۇن يۆتىلىپ - قېقىلىپ گەپ قىلىۋېرەتتى، — ئۇنىڭ تاماكىسى بەلەن، ساختىلىق ئىشلەتمەيدۇ، شىمشىكا ياغىچى، ھەرە كېپىكى دېگەندەك نېمىلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ. ھەم ئەرزان، ھەم مەرد يىگىت. ئون تىيىنلىق موخۇركا ئالساڭ يەنە بىر ئۈچ قېتىپ بېرىدۇ. ئا... بولدىلا بۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلاي. ئەمما، «مەن قەشقەرلىك كېرىم ئاخۇن ياماقچىنىڭ قىزى» دېگەننى ئۇنتۇپ قالما، مەن ئۇنىڭ بىلەن كونا چۆپقەت، ھە راست، كۆك پەۋازدىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇۋەتسۇن.

— ۋاي خۇدايىم، دادا، يىگىرمە - ئوتتۇز تىيىنلىق تاماكا ئالىدىغانغا شۇنچىۋالا گەپ كېتەمدا، بىر تاغار گەپ قىلىدىكەنسەن.

رابىيەم ئىككى قېتىم تاماكا ئالغىلى بېرىپ ئۆمەرجان بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قالدى. ئون سەككىز ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ ياش تاماكىچى ئۇستىخىنى چىرايلىق، ئاپپاق رەڭگى - رۇخسارى پاكىز، قوشۇما قاشلىرى قاغا پېيىدەك قاپقارا، چاسا يۈزلىرىدىن، چوڭ كۆزلىرىدىن خۇش پېئىللىقى يېلىنجاپ تۇرغان چاقچاقچى بالا ئىدى. رابىيەم ئىككىنچى قېتىم تاماكا ئالغىلى كەلگەندە ئۆمەرجان ئۇنى گەپكە سالدى:

— ھەي، ھەي، كېرىم ئاخۇن دوڭغاق قېرىنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق قىزى باركەنە. بۇ خۇددى سۇندۇكنىڭ ئۇۋىسىدىن كاككۇك بالىسى چىقتى دېگەندەكلا گەپ - دە.

— تولا دادامنى تىللىمىسىلا، ئادەمنى رەللە قىلىپ، — رابىيەم قوي كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، يۈزىنى ئېلىپ قاچتى.

— ۋۇي خاپا بولدىڭىزما؟ مەن ناماقۇل، ئەمدى سىزگە

www.uyghurkitap.com

زوقۇم كېلىپ دەپ ساپتىمەن، ــ ئۆمەرجان ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان قىزنىڭ چېچىنى بوشراق تارتىپ قويدى، ــ ئۇكام، ئېتىڭىز نېمە؟

ــ رابىخان.

ــ ئا... قويۇڭا نېرى، ــ ئۆمەرجان قول سىلكىدى، ئىلىخونىڭ تورغىيىدەك قىزمۇ چوڭ خوتۇنلاردەك «خان» دەپ قوشۇۋالامدا؟ رابىيەم دەڭا، رابىيەم.

ــ ئاشۇنداق دېسەم بولاما؟ ــ بۇ ئىسىم ئۆزىگە يېقىپ قالغان قەشقەرلىك قىز قاقاھلاپ كۇلۇۋەتتى، ــ غەلىتە تۇرماسمۇ؟

ــ نېمىگە غەلىتە تۇرىدىكەن؟ قېرىغاندا «خان»نى قوشۇۋالسىڭىزمۇ ئۇلگۇرىسىز، خانقىز.

ــ مەن دېگەن قېرىمايمەن تازا.

ــ ئوھۇ، جاھانغا تۇۋرۇك بولارسىز.

ــ بولسىمۇ مەندەك ئادەم بولار.

ئۆمەرجان رابىيەمگە مەھلىيا بولۇپ قالدى. قىزنىڭ ئىخچام سىيماسى، تۇخۇمدەك ناۋات رەڭ ئۆڭى، ئويناپ تۇرغان قوي كۆزلىرى، توم ئىككى ئۆرۈمە ئۇزۇن چاچلىرى، بېشىغا قوندۇرۇۋالغان چىمەن دوپپىسى ئۇنى ساھىبجامال پەرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىلىقى ئۆمەرجاننى ئوتتىن ئېلىپ سۇغا، سۇدىن ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. بىرەر چاقچاقنى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا مۇرىلىرىنى قىقىپ، يەر تېپىپ ئارقىسىنى قىلاتتى ـ دە، يەنە ئاستا يېرىم قايرىلىپ كۆز قاقاتتى، قىقىپ بولۇپلا ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسىۋالاتتى. ئۇ ئالىقانلىرىنى چۇشۇرگەندە قەشقەر ئانىرىدەك قىزارغان كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان ھالەتتە يەر بېقىپ تۇراتتى. ئۆمەرجان ئىچىدە: «توۋا، ئادەمنىڭمۇ كۆزى گەپ قىلىدىكىنە» دەيتتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆمەرجان رابىيەمنىڭ يولىغا قارايدىغان بولدى. كوچىدا كېتىۋاتقان قىز ـ چوكانلارغا تەلمۈرۈپ،

ئوخشىتىپ باقاتتى. خولقى جاننى ئالىدىغان قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر بىر كۈنى تاماكىغا كەلگەن رابىيەمنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس مېڭىپ، كېرىم ئاخۇننىڭ ياماقچىلىق قىلىدىغان ئورنىنى كۆرۈۋالدى. ھاپىزبايىنىڭ سارىيى يولنىڭ سول قانىتىدا بولۇپ، ئۇدۇلىدا بەيتۇللا مەدرىسەنىڭ مېھراب شەكىللىك قوۋۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوۋۇقنىڭ يېقىنىدىلا ناغرىخانا بار ئىدى.

رابىيەمنىڭ ئايىغى سېلىككەنسېرى ئۆمەرجاننىڭ ئايىغى چىقتى، پات - پاتلا بەيتۇللانىڭ ئالدىغا بېرىپ كېرىم ئاخۇننىڭ ئىش ئورنىنى كۆزىتەتتى. چۈش ۋاقتىدا رابىيەم دادىسىغا تاماق ئەكېلەتتى. بىر كۈنى ئۇ بىكارلانغان چىننى داستىخانغا ئوراپ ناغرىخانىدىن ئۆتۈشىگە، ئۆمەرجان يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى. چۆچۈپ قارىغان قىز يالتىتىدە قاراپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى - دە، قىزىرىپ كەتتى.

— رابىيەم، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — ئۆمەرجاننىڭ كۆرۈشىلا قىلىدىغان چاقچىقى يوق ئىدى، — شۇڭا خالىيراق بىرەر جايغا بارساق.

— بىزنىڭ ئۆيگىلا بارىلى، ئۆيدە مەندىن بۆلەك ئادەم يوق.

ئۇلارنىڭ ئۆيى سۇدەرۋازىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتا ئىدى. ئانچە چوڭ بولمىغان ھويلىدا، كونىلىقىدىن يىقىلىپ چۈشەيلا دېگەن ئىككى ئېغىز ئۆي بولۇپ، تال بوستان ياكى بىرەر تۈپ ئالمىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆي ئىچىمۇ كونا كىگىز، تامغا تارتىلغان چىت زەدىۋال بىلەن كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى. بىر بۇلۇڭدا يوتقان - كۆرپىلەر تىزىقلىق تۇراتتى.

— چاي قىلايما؟ — تارتىنىپ سورىدى رابىيەم، — غۇلجىلىق دېگەن چاي دېسە ئۆلەپ بېرىدۇ.

— بولدى، چاي قىلماڭ، — ئۆمەرجاننىڭ چاقچاق، كۈلكىلىرى نەگىدۇر يوقالغانىدى، — مۇنداق ئىش ئىدى ... دادىڭىز كېلىپ قالماس؟

— خاتىرجەم بولسىلا، دادام كەچتە بىراقلا قايتىپ كېلىدۇ.

ئۆمەرجان رابىيەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى بەكمۇ ئەستە ئۇقتۇردى. چىن سۆيۈش ئادەمنىڭ تىلىنى لال قىلىپ، ئۆزىنى گاچا قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، ئىشقىلىپ، ئۆمەرجان مىلىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ، قىزىرىپ - تاتىرىپ، دۇدۇقلاپ، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقى، بىر سىڭلىسى بىلەن ئىككىسى كىچىك ئاپىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانلىقى، رابىيەمنى كۆرگەندىن بېرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىدى. ئەمما، رابىيەم ئىشىك تاپىسىدا تەتۈر قاراپ، ئۇزاقىچە ئۈندىمەي تۇردى.

— دۇنيالىقتا يالغۇز بىر دادام بار، قالسىلا، ئۇ هازىرغىچە مېنى قەشقەرلىككە بېرىمەن، دەپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ساددا رابىيەم تۈپتۈزلا قىلىپ، — شۇڭا دادام بىلەن سۆزلەشسىلە.

— دادىڭىز بىلەنغۇ سۆزلىشەرمەن، ئەمما ئۆزىڭىز نېمە دەيسىزكىن؟

— مېنىڭغۇ مەيلىم بار، لېكىن قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز؟

— غۇلجىلىق دېگەن دىمىقى ئۈستۈن خەق. يېرىم يولدا «ئامان بولسىلا، خېنىم» دەپ يۈزسىزلىك قىلىشتىن يانمايدۇ.

— مەن قەسەم قىلىپ بېرەي، نان دەسسەپ بېرەي، قۇرئان تۇتۇپ بېرەي...

ئۆمەرجان شۇ كۈندىن باشلاپ كېرىم ئاخۇننىڭ پېيىگە چۈشتى. ئۇ جۈمە نامىزىنى باهانە قىلىپ بەيتۇللا مەدرىسەگە كېلىدىغان بولدى. بىر كۈنى كېرىم ئاخۇننى تاسادىپىي كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قورۇنۇپقىنا كەلدى. كېرىم ئاخۇن نەق بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قوندۇرۇۋالغان كۆزئەينىكىنىڭ ئىككىلا بېغى سۇنغانمۇ نېمە، قوپال باغلىغان لاتىلىرى تولا تۇتۇۋەرگەنلىكتىن

كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۆمەرجان ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىدى، ئىش - ئوقىتىغا بەرىكەت تىلىدى.

— كىرىماخۇنكا، مەشەدە ھۈنەر قىلىدىكەنلا - دە؟

— شۇنداق، تىرىكچىلىك تۇرمۇشىنىڭ زىنىنىتى دەپتىكەن، قالىسىلا، — كىرىم ئاخۇن «تۇفى» دەپ چەمگە تۈكۈردى، — ھە، ئۆمەرجان بالا، بۇ تەرەپلەرگە پايقەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ، نىمە ۋەجىدىن؟

— جۇمە نامىزىنى داۋاملىق بەيتۇللا مەدرىسەدە ئۆتەيمەن.

— ئەھلى - مۇسۇلمانىكەنلا، خۇدايىم، ئىمانلىرىنى سالامەت قىلسۇن. ھازىر بارغۇ، قالىسىلا، ياش - ھوپپۇماق باللا بۇزۇلۇپ ھەررەڭ - سەررەڭ بولاپ كەتتى جۇما.

ئۆمەرجان ھەر جۇمە كۈنى كەلگەندە بىرەر بولاق تاماكا ئەكىلىشنى ئۇنتۇمايتتى. كىرىم ئاخۇنمۇ «ھەشقالىلا» دەپ ئېلىۋېرەتتى. ئۇچرىشىش قويۇقلاشقانسېرى سۆھبەتمۇ چوڭقۇرلىشىپ بەزىدە بىرەر ئاش پىششىمغىچە مۇڭدىشىپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئۆمەرجان «رابىيەمنىڭ ناھايىتى ياخشى قىز» بولغانلىقىنى ماختاپ كىرىم ئاخۇننى خۇش قىلىۋەتتى ھەم «بۇنداق ياخشى قىزلارنىڭ خۇدايىم بەختىنى بەرمىسە بىكار» دەپ مەقسەتكە يوچۇق ئاچتى، ئاندىن «بىرەر لايىقى يوقتۇر» دەپ چېكىپ كۆردى. كىرىم ئاخۇن كۆكىرىپ يېرىلغان تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ يۆتەلگەچ، ئاياغ ئاپقۇتىغا دەرەپشىنى سانجىپ گەپ باشلىدى:

— ئەمدى قالىسىلا، ئۆمەرجان بالا، ئىلىمخودا يۇرتلۇقلىرىمىز تولا دېسىلە، ئىنشائاللا بىرەر قەشقەرلىككە تەقدىر ئىراده قىلغان بولسا ئەلھۆكمىللا دەيمىز. قىز بالا دېگەن پىششىق گۆش، ئۇزاق تۇرۇپ قالسىلا سېسىپ پۇرايدىغان گەپ. شۇڭا، يېگى ئۆزگەن پىدىگەندەك چىڭ ۋاقتىدا بىرەر مۇسۇلمان بەندىگە تاپشۇرمىساق بولمايدۇ دېسىلە.

— ئەگەر تەقدىر ئىراده غۇلجىلىقنى نېسىپ قىلىپ قالسا

www.uyghurkitap.com

نېمە دەرلا؟

— توۋا دېسىلە، ئىلىخولۇققا قىز بېرىپ مېنىڭ پېشىمنى ئېشەك غاجىلىۋالمىغان. ئىلىخولۇق دېگەن ئىمانى سۇس خەق. ئائىلىسى، بىر قەشقەرلىك بىلەن بىر غۇلجىلىقنى بىر يەردە قويسا، غۇلجىلىق چايغا يۇگۇرىدۇ، قەشقەرلىك نانغا. نان دېگەن ئىمان ئەمەسما.

— كېرىماخۇنكا، مانا مەنمۇ غۇلجىلىققۇ، ئەمما ئىككىمىز بىر نەچچە يىللاردىن بېرى ئىسسىق سالاملىشىپ ئۆتۈۋاتىمىزغۇ.

— سىلى غۇلجىلىقما، مانە، — كېرىم ئاخۇن ئاغزىغا ئېگىلگەن ئۇچلۇق ئۆچكە ساقىلىنى تىترىتىپ ھېجايدى، ئۇنىڭ لىكىلداپ قالغان تۆت تال چىشى تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەنىدى، — جۇمە نامىزىنى قازا قىلماي ئۆتكەنلىرىگە قاراپ، سىلىنى ئالتە شەلىكمىكىن دەپتىمەن. خاپا بولمىسىلا، غوجام. بىراقزە ئۆزلىرى ئىلىخولۇققا ئوخشمايدىكەنلا.

— نەرىم ئوخشمايدىكەن؟

— ئىلىخولۇق دېگەن بىسمىللا دەپ كۆرۈشكەن ئادەمنى ئەسكى ئىشتاندىن بىر نېمە چىققاندەك «سەن»، «سىز» دەپ بىھۆرمەتلىك قىلىدۇ. مانا ئۆزلىرى بولسا بىر چىرايلىق «سىلى، ئۆزلىرى» دەپ چوڭلارنىڭ ھۆرمەت - تۆسىپىنى قىلىدىكەنلا.

ئۆمەرجان ھەر جۇمە كۈنى كېرىم ئاخۇن بىلەن سىرى ئەسرا بولۇپ، زىمىستان قىشلار چىقىپ كەتتى. خويمۇ ئىللىق باھار - يازلار يېتىپ كەلدى. بىراق، بۇ جاھىل قېرى ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. داۋاملىق قەشقەرلىكنىڭلا گېپىنى قىلاتتى. بۇ گەپ كۆپ تەكرارلانغانسېرى ئۆمەرجان بىئارام بولۇپ، ئۆزىنى قويار جاي تاپالمايتتى. ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بىر كۈنى كېرىم ئاخۇن گەپ باشلاپ قالدى:

— قالىسىلا، مۇشۇ قارادۆڭ دېگەن يۇرتتا، قەشقەرلىكلەر جىق ئەمەسما، بىر ھەقەمسايەم بۇرادىرىمىز، ئوغلىغا سۆز ئېچىپ قالدى. موكلا بېرىۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— نېمە؟! — ئۆمەرجان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى، — بۇ ... بۇ ... بۇنداق قىلسىلا قانداق بولىدۇ؟ رابىيەم ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن تۇرسا؟

— ھەي ... ئۆمەرجان بالا، بىزنىڭ يۇرتلاردا قىز بالا ئون بىر - ئون ئىككى يېشىدىلا جىگدە چېچىكىدەك پۇراپ قالىدۇ ئەمەسما، ئون يەتتە ياشنى كىچىك دېگىلى بولمايدۇ. قىز بالا نومۇس قىلىپ ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن ئىچىدە ئاتا - ئانىسىنى تىللايدۇ، — كېرىم ئاخۇن بىر ئەسكى ئاياغنىڭ باشلىقىغا سۇ پۈركۈگەندى؟ سۇ شۆلگەي بولۇپ ساقاللىرىدىن سارقىپ چۈشتى، — سىلىگە مەن بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىر مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ يالغۇز قىزى بار ئىكەن. ئۇ بويىغا يېتىپ پەرزىنى ئادا قىلىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جامائەت مەزىن ئاخۇنۇمغا: «پەرزىنى ئادا قىلىپ قىزلىرىنى تالالىق قىلىۋەتسىلە، بولمىسا يامان بولىدۇ» دەيدىكەن. بىراق، ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان قىزىغا كۆزى قىيمايدىكەن. بىر كۈنى مەزىن ئاخۇنۇم «بويىنۇمدىن گۇناھ سارقىت بولسۇن» دەپ ئويلىدىمۇ، قىزىدىن: «قىزىم، ئەرگە تەگكۈڭىز كەلدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇياتقۇسى كەلگەن قىز يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپتۇ: «پىت چاققانچىلىك كەلدى» دەپتۇ. مەزىن ئاخۇنۇم «پىت چاققانچىلىك كەلگەن بولسا ھېچقانچە كەلمەپتۇ» دەپ بەخىرامان يۈرگۈدەك، ئاچچىقى كەلگەن قىز يوغان بىر پىتنى دادىسىنىڭ پايتىمىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. مەزىن ئاخۇنۇم نامازغا قوپۇپ، رۇكۇغا ئولتۇرغاندا پۇتى شۇنداق قىچىشىپ، قىمشىپ كېتىپتۇكى زىنھار ئولتۇرالماي قاپتۇ - دە، مەسىسىنى سېلىپ قارىسا، يوغان بىر پىت تۇرغۇدەك. «پاھ، پاھ، — دەپتۇ مەزىن ئاخۇنۇم، — پىت مۇشۇنداق چاقىدىغان بولسا قىزىمنىڭ خېلى بەك ئەرگە تەگكۈسى كەپتۇ» دەپ تالالىق قىلىۋېتىپتىكەن.

ئۆمەرجان ئالجىغان قېرىنىڭ سۆزلىرىدىن نە كۈلۈشنى،

www.uyghurkitap.com

نە خاپا بولۇشنى بىلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ رابىيەمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. بىراق، كېيىن ئاخۇن خىر - خىر - خىر قىلىپ ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى مەززە ئېلىپ كۈلمەكتە ئىدى. بۇ ماي بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى بولغاچقا، ھەممە ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپلەر ئىشىك ئالدىلىرىغا ھەر خىل زىننەت بايراقلىرىنى قاداپ، لوزۇنكىلارنى ئېسىۋاتاتتى. ئۆمەرجان ئەتىسى رابىيەمنى باشلاپ چىقىپ قاينام بازارلارنى ئايلاندۇردى. قولىقىدىكى كۆك مونچاقنى ئېلىۋېتىپ سوۋېت ھالقىسىدىن بىرنى سېلىپ قويدى. ئاندىن گارمون ئېتەك يوپكا، مەيدىسى كەشتىلەنگەن ئاق يېپەك كوپتا، بېشىغا ھاۋارەڭ ھىلھىلە ياغلىق ئېلىپ بەردى. چۈشلۈك تاماقنى ئاشپۇزۇلدا يېيىشتى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئالىيېشىل زىننەتلەنگەن ۋاك قادىر بېغىغا باردى - ده، بۇك ئاكاتسىيە كۆچەتلىرى ئارىسىغا شۇڭغۇدى. قىز ئۆمرىدە نائىل بولمىغان تاماشىدىن ھەم سوۋغاتلاردىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۆمەرجان ئۇنىڭدىن ئۆتەر خۇشالدەك قىلاتتى. قاراڭ، خۇدايىمنىڭ تەقدىرى بىلەن قەشقەرنىڭ بىر قىزىلگۈلىنى بۇ ئىلى دەريا ۋادىسىغا رىزقى سۆرەپ كەپتۇ.

— ئۆمەرجان، — قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، — ئەگەر دادام ئۇنىماي قالسا، ئېلىپ بەرگەن سوۋغاتلىرىنى ئېلىۋالامال؟

— ئۇنداق نامەردلىكنى خۇدا يولاتمىسۇن، بىراق سىزنى ئالغىنىم ئالغان، ئەگەر دادىڭىز قوشۇلمىسا سىزنى ئېلىپ قاچىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، دادام مېنى دىۋانىگە بەرسىمۇ قاچمايمەن، — قىز يالغان ئېيتىپ ئالداشنى بىلمەيتتى، — قاچىدىغانغا مەن غۇلجىلىق قىز بولمىسام؟

رابىيەم گەرچە كونا قائىدە - يوسۇنلار ئاسارىتىدىن قۇتۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇچۇن ئۆزىنى

قۇربان قىلالايدىغان يەكدىللىك روھى ئۆمەرجاننى ھەيران قالدۇردى. بۇنداق روھنى ھازىرقى ياشلاردىن تاپماق تەس ئىدى.

— بۇنداق دېسەم ئىشتانباغلىرى يانغا ئۆتۈپ قالمىسۇن يەنە، — رابىيەم نۇرانە كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلدى، — سىلى دادامغا ئەلچى كىرگۈزسىلە، دادامنىڭ تىلى ئاچچىق بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق. ئۇ مەندىن سورىماي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا مەن راست گېپىمنى قىلىمەن.

— راستما؟!

رابىيەم بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۆمەرجاننىڭ كۆڭلىگە چىراغ يېقىۋەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئۆمەرجاننىڭ كىچىك ئانىسى مەريەمخان بىر ئايال، ئىككى ئەرنى باشلاپ كېرىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە باردى. رابىيەم ئۇلارنى كۆرۈپلا ياندىكى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. كېرىم ئاخۇن پەتنۇسلاردىكى تەييار كۆڭلەك، تامباللىق، مېغىزرەڭ توپلەي، سوۋېتنىڭ مەسە - كالىچى، ئىككى كىيىملىك يىپەك رەخت ھەم مانچېستېر دوپپىنى كۆرۈپ ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ قىزىنىڭ ئۆمەرجان بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ بولغانىدى.

— ھەرقايسىلىرى چىم بولۇشىدىلا؟ ئەجەب كايىپ كېتىشىپتىلا، — كېرىم ئاخۇن قەستەن خۇپسەنلىك قىلدى، — بىرەر گەپ كالىچى بار ئوخشىمامدا، قېنى دېسىلە ئاڭلاپ باقاي.

بۇ ئەسنادا رابىيەم داستىخان سېلىپ، مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتتى.

مەريەمخان ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سىپايىلىك بىلەن چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۆمەرجاننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپ قارا يېتىم بولۇپ قالغانلىقى، سىڭلىسى بىلەن ئىككىسىنى ئۆزى بېقىپ قاتارغا قاتقانلىقى، ئۆمەرجان كىچىك تۇرۇپلا ئوقەتكە

بىرىلىپ ئەل - جامائەت ئالدىدا چىراي سارغايتماي كەلگەنلىكى قاتارلىق جەريانلارنى ئالدىرىماي بايان قىلدى.

— بومماسكىن مانا، — كىرىم ئاخۇن كۆزئەينەك قىزارتىۋەتكەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ قويدى، — كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىسىلا، مەن مۇشۇ ئىلىخولۇققا راستا ئىشىنىپ كەتمەيمەن دېسىلە.

— ئاڭلىسام، ئۆزلىرى بالام بىلەن تونۇگۈنكى تونۇشلاردىن ئەمەس ئىكەنلا، — دېدى مەريەمخان ئىشەنچ بىلەن، — نەچچە يىللاردىن بېرى ئاتا - بالىدەك ئۆتۈشۈپلا، ياكى ئۆمەرجاننىڭ ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتكەن يېرى بارمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، بىئەمدۇللا ئۇنداق ئىش يوق، ئەمما - زە، — كىرىم ئاخۇن جىمىپ قالدى، — مەنغۇ ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان چىراغ، كېيىنچە هاڭگا ئېشەك تەخىيىگە ئىگە بولمىغاندەك، كۆتىگە تەپسە، قىزىم بارار - تۇرار يېرى يوق، دىشۋارچىلىق تارتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— بىز غۇلجىلىقلار خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇشنى ئىنتايىن يامان كۆرىمىز، — دېدى مەريەمخان، — خۇدايىم بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇپ كېتىشىنى نېسىپ قىلسۇن. شۇنداق بولۇپ كېتىشىگە ئىمانىم كامىل. چۈنكى، ئۆمەرجاننى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ ئۇنداق پەزىلەتسىز بالا ئەمەس.

— ئۆمەرجان بالىغۇ ماڭىمۇ ئايان، شۇنداقتىمۇ...

ئۇلار مۇشۇنداق تاقارىشىپ كېچە بىر ۋاق بولۇپ كەتتى. هەر تەرەپتىن توسۇلۇپ قېلىۋاتقان كىرىم ئاخۇن ئاخىر بىر قارارغا كەلدى:

— هەرقايسىلىرىغا مەلۇم، ئىسلام شەرىئىتىدە، ئوغۇل - قىزلارنى ئۇلار خالىمىغان بىرسى بىلەن توي قىلىشقا زورلاش جايىز ئەمەستۇر، — قارىغاندا، بۇ كۆرۈمسىز ياماقچىنىڭ ئىسلام مىزانلىرىدىن خېلىلا خەۋىرى باردەك قىلاتتى، — بۇ هەقتە پەيغەمبىرىمىز: «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ

رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار» دەپ تەسىھەت قىلغان، شۇڭا قىزىمنىڭ زوۋانىنى بىر ئۇقۇپ جاۋاب بەرسەم قانداق؟

— ئەپۇ قىلسىلا، كېرىم ئاخۇن، — دېدى چار ساقاللىق ئەلچى، — ئۆمەرجان بىلەن رابىخان قىزىمىز كېلىشمىگەن بولسا بىزمۇ كېلىپ ئولتۇرمايتتۇق. پەقەت ئۆزلىرىدەك بىر ئاتىنىڭ مۇبارەك لەۋزىنى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك ئۇلۇغ بىلگەچكە سىلىگە ئىشىنىپ ئولتۇرۇپتىمىز. بۇنىڭغا پۈتمىسىلە قىزلىرىدىن سوراپ كۆرسىلە.

— ھاجەتسىز... — كېرىم ئاخۇن ساقىلىنى تۇتاملاپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن پىسىڭدە كۈلۈپ قويدى، — مەن ياماقچى بولغىنىم بىلەن ھوش - كاللام جايىدا ئادەم. بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى بىر يىل بۇرۇنلا سېزىپ بولغان. شۇڭا، ئۆمەرجاننىڭ رايىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن غۇلجىلىق بۇرادەرلەرنى يامان دەپ تىللىدىم. بىر ھەقەمسايەمنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى دەپ يالغان ئېيتتىم، لېكىننزە بۇ بالا سالجىدەك چاپلاشتى. بىر يىلدىن بېرى ئۇ گەپ قىلىپ تېرىكمىدى، مېڭىپ زېرىكمىدى. مەنمۇ خۇپسەنلىك قىلىپ تېرىكمىدىم، زېرىكمىدىم...

* *

ئۆمەرجان بىر يىلدىن ئارتۇق جاپالىق رىيازەت ئارقىلىق ئالغان ئايالى رابىيەم بىلەن ئۆي تۇتقان يىگىرمە تۆت يىل بىر كۈندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئوشۇق گەپلەرنى قىلىش نېمە ھاجەت، ئۇلار تەسەۋۋۇردىن سىرت ئامراق ئەر - خوتۇنلار ئىدى. رابىيەمنىڭ تۇنجىسى ئوغۇل بولۇپ، بىر يېشىدا قىزىل چىقىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان بىر جۈپ قىزى چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ.

ئىش - ئوقەتلەر بوغۇلۇپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ قوغلاپ، تۇتۇپ يۈرگەن يىللاردا، ئۆمەرجانمۇ

بىر مەزگىل گاڭگىراپ قالدى. شۇ چاغلاردا مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىگە كىرىۋالغان رابىيەم ئۆيىنىڭ يوقسۇزلۇقىنى بىلىندۇرمەي، ئۆمەرجاننى يەرگە قاراتماي بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ چىرايىنى سارغايتمىغانىدى. كېيىنچە بازارلار قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۆمەرجان تىجارەت ئىشلىرىدا ئەمدىلا يول تېپىپ مېڭىۋاتقان كۈنلەردە، بۇ ئامراق ئەر - خوتۇنغا كۆز تەگدى بولغاي، ئائىلىدە كۈتۈلمىگەن قارا بوران كۆتۈرۈلدى. ياخشى ئىشنىڭ، ياخشى ئادەمنىڭ كۈشەندىسى بولغاندەك، ئۆمەرجاننىڭ سىڭلىسى رازىيە رابىيەمنى ۋە ھازىرقى ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنى زادىلا كۆرەلمەيتتى، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ھەتتا ئايدا - يىلدا مېھمانلاپ كەلگىنىدە سورۇن تاللىماي زەھىرىنى سانجىيتتى، كۆيدۈرگۈلۈك قىلاتتى. خۇددى ھەسەتخورنىڭ كۆزى جەننەتتە، كۆڭلى دوزاختا دېگەندەك، رابىيەم ھېيت - بايراملاردا مۆرىلىككىنە بىرەر كىيىم كىيدىمۇ رازىيەنىڭ تۇمشۇقلىرى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرى ئالىيىپ، غوتۇلداپ ئاياللارغا كۇسۇرلايتتى، قەستەن، يالغانلاردىن قاقاھلاپ كۈلەتتى ياكى ئاكىسىنىڭ ياش چاغلىرىدا، ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ قانداق قىز - چوكانلار بىلەن ئوينىغانلىقىنى باشقىلارغا دەپ بېرىپ، رابىيەمنىڭ يۈزىنى تۆكەتتى. بىراق، رابىيەم ئۆمەرجاننىڭ ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى.

بىر كۈنى ئۆمەرجاننىڭ نەۋرە سىڭلىسىنىڭ تويىغا ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىلغانىدى. رابىيەم ئۈچىسىغا شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك كىيىپ، ئۈزۈك، ھالقا، بىلەزۈكلەرنى تاقاپ باردى. خوتۇنلار ئارىسىدا ئولتۇرغان رازىيە يېنىدىكىلەرگە نىمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلايتتى، ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلەتتى، غىل - پال قىلىپ رابىيەمگە قاراپ قوياتتى. ئاياللارمۇ ئېغىزلىرىنى قىيسايتىپ ھىجايسا، بەزىلىرى مەسخىرە بىلەن قارايتتى. ئۆزى توغرۇلۇق قانداقتۇر غەيۋەت - شىكايەت

بولۇۋاتقانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان رابىيەم سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ «ئادىمەتچىلىك»نى قويۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىشىغا، ئارقىسىدىن رازىيە يۈگۈرۈپ چىقتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن شۈملۈق يېغىپ تۇراتتى.

— توختاڭا، ھەدە، سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى، — رازىيە چىرايىغا ئەتەي سىپايىلىك تۇسىنى بەردى، — سىزنىڭغۇ مېنى كۆرەر كۆزىڭىز يوق. شۇنداقتىمۇ، كۆڭلۈم تۇز بولغاچقا يەنىلا سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— گېپىمنى ئاڭلاپ ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، — رازىيە ھىيلىگەر كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى، — مەنمۇ دەسلەپ ئىشەنمىگەنىكەنمەن. بىراق، ئۆز كۆزۈم كۆرگەندىن كېيىنلا راستلىقىغا ئىشەندىم.

— زادى نېمە ئىش ئىدى؟ چاققانراق دەڭا، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي.

— ئەمىسە ئايلىنىپ يىقىلىپمۇ قالماڭ، ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ، — رازىيەنىڭ ئۆچ ئېلىش ئىنتىقامىدىن ھۇزۇرلانغانلىقى خۇنۇك تەلەتىدىن بىلىنىدى، — ئاكامنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن نىكاھ قىلىپ ئالغان خوتۇنى بار.

— شۇ گەپمىدى، — رابىيەم مەسخىرە بىلەن كۈلدى، — بۇنداق گەپلەرنى سىزدىن تولا ئاڭلاپ قۇلاقلىرىممۇ ياداپ كەتتى. خوش، مەن كەتتىم.

— توختاڭ، — ۋارقىرىدى رازىيە، — ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز زىيان تارتىسىز، ھەتتا ئۇ خوتۇننىڭ قورسىقىدا بار.

— ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، ئاكىڭىز ئۇنداق كېلىش - پەخەش ئادەملەردىن ئەمەس. نومۇس قىلمامسىز ئۆز قېرىندىشىڭىز ئۈستىدىن تۆھمەت توقۇشقا؟ — رابىيەم شارتلا قايرىلىپ يولىغا ماڭدى. لېكىن، رازىيە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— سىزنى شەرمەندە قىلغان ئۇ خوتۇننىڭ ئۆيى «تۆت

دۇكان»دا. ئىسمى باھار چىڭداڭ.

رابىيەم گەرچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ ئىچى تارتىلدى. ئەجەبا مەھەللىسى، ئىسمى، لەقىمى، ئەدناسى ھاملىدار ئىكەنلىكىگە قەدەر دەپ بېرىۋاتىدا. ئەگەر «چېقىۋېلىپ دەردىنى چىقىرىش» نىيىتىدە دېگەن بولسا شۇنداق ئېنىق دەرمىدى؟ ئاكىسىنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن قورقمامدۇ؟ رابىيەنىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئاغدى.

«خەپ توختاپتۇر، ئاخشاملىقتا سۈرۈشتۈرمىسەم، — رابىيەم بۇ ئويىدىن دەرھاللا ياندى، — بۇ تۆھمەت بولۇپ قالغىنىدا ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن. ئاكا ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ، قېرىنداشلار ئارازلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۆمەرجان: ‹ماڭىمۇ ئىشەنمەمسىز› دەپ قالسا لەت بولۇپ قالامدۇ. شۇڭا، دەسلەپ ‹تۆت دۇكان›غا بېرىپ سۈرۈشتۈرگىنى تۈزۈك ئىكەن.»

رابىيەم زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە كەچكىچە خامۇش يۈردى. ياتارغا يېقىن ئۆمەرجان كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھاراق پۇراپ تۇرغاچقا ئايالىدىن يىراقراق تۇرۇپ كىيىملىرىنى سالدى. يوتقانغا كىرىپ بولغاندا رابىيەمۇ ئۇنىڭغا گۇمانلىق نەزىرىنى تىكىپ ئالىيىپ ياتاتتى.

— ئەجەب كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ — رابىيەم ئۆزىنى بېسىۋالدى، — دۇكاننى شۇنچە كەچ تاقىدىڭىزما؟

— نېمە ئالا كۈچۈكلەر كېلىپ قالدىكىن دېسەم شۇ ئىشمىدى؟ — ئۆمەرجان ئۆزىنى تارتىپراق ياتتى، — نېسىگە توپ گەز مال ئالغانلار بار ئىدى، پۇلنى سۈيلەپ ئۆيىگە باردىم. ئۇ: «ۋاقتىنى سەل ئۇزارتىپ بەر، ماللىرىم ياخشى سېتىلماي تۇرىدۇ» دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى، ئاندىن تاماققا تۇتتى.

— سىزنى تاماققا تۇتۇۋالىدىغانلار خېلى بار ئوخشىمامدۇ؟ — رابىيەمنىڭ گۇمانى سۇسلاشماي تۇراتتى، — پات ـ پاتلا كېچىدە كېلىسىز، بەزىدە تېخى دۇكاندا قونۇپ قالىسىز.

— زادى سىزگە نېمە بولدى؟ — ئۆمەرجان يادىدا يوقلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىغا ئېغىشتى، — بۇنداق گۇمانخورلۇق قىلمايتتىڭىز، ئەجەب بۈگۈن بۆرە جۈۋىڭىزنى تەتۈر كىيىپسىز.

— بولدى، ئۇخلاڭ، — رابىيەم ئېرىگە زەردە قىلدى. چۈنكى، ئۆمەرجان ئېغىشكەندە ئۇنىڭ بۇرنىغا گۈپلا قىلىپ هاراق هىدى ئۇرۇلغانىدى، — مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولۇپ كېتىۋاتىسىز كىنتاڭ...

رابىيەمنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، چۈنكى ئۇنىڭ گۇمانى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۆمەرجان تاماكا، هاراقنى ئاغزىغا ئالمايتتى. مانا تۆت ـ بەش ئاي بولۇپ قالدى، يېنىغا تاماكا سالىدىغان بولدى، بەزىدە ئاغزىدىن هاراقمۇ پۇراپ قالاتتى، هەتتا ئۇ بىر قېتىم مەست كېلىۋىدى، رابىيەم ئۇنى چوڭ قىزى جۆهەربۇۋى بىلەن ئارانلا ئورنىغا ياتقۇزغانىدى. بۇ ئادەمگە كىملەر تاماكا، هاراقنى ئۆگەتكەندۇ؟ ئۇنىڭ داد ـ مۇئامىلە قىلىدىغان سودىگەر بۇرادەرلىرىنىڭ تولىسى دېگۈدەك هاجىم، بەش ۋاخ ناماز، قائىدە ـ يوسۇنلۇق، دىيانەتلىك ئادەملەر. ئۇلار داۋاملىق: «ئادەم پاك بولمىسا، سودا يۈرۈشمەي، پالاكەت باسىدۇ» دەپ ئۆزلىرىنى ناشايان ئىشلاردىن چەكلەپ تۇرۇشىدۇ. بۇرۇنلاردا ئۆمەرجانمۇ ناماز ئوقۇيتتى، تەرەتسىز يۈرمەيتتى، ئەتىگەنلىكى ئۆيدىن چىقسا «بىسمىللا» دەپ بوسۇغا ئاتلايتتى. ئۇرۇمچىگە ياكى ئىچكىرىگە مال ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققاندا بىرەر پاقلان، ئەڭ بولمىسا توخۇنى قان قىلاتتى. ئەجەبا ئۇ يېرىم يىل ئىچىدە ئەجەب ئۆزگىرىپ كەتتى.

گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار دېگەندەك، رابىيەم ئەتىسى تۆت دۇكانغا بېرىپ «باهار چېچەكلىرى»نى سۈرۈشتە قىلدى. مەهەللىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ چوكاننى تونۇمايدىكەن. رابىيەم بىرنەچچە قورۇلارغا كىرىپ ئەهۋال ئۇقۇشۇش جەريانىدا مەهەللە ئامانلىق قوغداش خادىمى «چۇقۇر كوچىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

مەيمۇنەم دېگەن تول خوتۇن بىر ئىغىز ئۆيىنى ياشقىدا بىر چوكانغا ئىجارىگە بەرگىنى راست، بىراق ئۇ چوكاننى كېيىنچە ئۇچراتمىدۇق» دەپ ئېيتىپ بەردى.

رابىيەم چۇقۇر كوچىسىدىكى مەيمۇنەمنى تېپىپ سۆزلەشتى.

— ئۇ چوكانغا ئۆينى بىر يىللىق ئىجارىگە بېرىپ قويۇپ، ئۆزۈممۇ سەل ئارىسالدى بولۇپ قالدىم، — دېدى مەيمۇنەم پۇشايمانلىق تەلەپپۇزدا، — دەسلەپتىلا سەل تەكشى ئايال ئەمەستەك كۆرۈندى. كېيىن ئېگىز بوي، قاملاشقان بىر ئادەم كېلىپ كۆسۈرلىشىپ يۈرۈشتى. بەزىدە باشقا ئەرلەرمۇ ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر - ئىككى ئېغىز جېنىدىن ئۆتكۈدەك گەپ قىلدىم. نېمە بولدى، تۆت ئاي ئىلگىرى تەرەپبال كۆچۈپ كەتتى.

— ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن ئېگىز بوي، قاملاشقان ئەرنىڭ يېشى نەچچىدە باردۇ؟

— قىرىق بىلەن قىرىق بەشنىڭ ئارىلىقىدا بولسا كېرەك.

— قوشما قاش، چاسا يۈزلۈك، ئاقپىشما ئادەممۇ؟

— ئۇ تەرەپلىرىگە ئانچە زەن سالماپتىمەن. بىراقزە شۇ، — مەيمۇنەم ئاسماقچىلاپ سوراپ كەتكەن بۇ يوچۇن ئايالدىن سەل گۇمان قىلىپ قالدى، — ئۆزىڭىز نەلىك؟ ئەجەب بۇ چوكاننى سۈرۈشتە قىلىپ قاپسىز؟

— ئۇ خوتۇندا بىر ئېلىشىم بار ئىدى، قېچىپ يۈرىدۇ، — رابىيەم ئۆزىنىڭ قايسى مەھەللە قايسى كوچىدىن ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىشى مايمۇنەم كۈلۈپ كەتتى.

— سىز توگە مىنىپ، توگە ئىزدەپ يۈرۈپسىز، سىلەرنىڭ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئامانگۇل دېگەن چوكان تازا ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ باھارخاننى ئىزدەپ بىرنەچچە قېتىم كەلگەندە مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان. كېيىن ئامانگۇلمۇ كەلمەس بولدى.

رابىيەمنىڭ گۇمانى ئاشتى. مەيمۇنەمنىڭ ھېلىقى ئەرنى سۆرەتلەپ بېرىشى، ئۆمەرجاننىڭ تۆت ـ بەش ئايدىن بېرى باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشلىرى بۇنىڭ ئېنىق دەلىلى ئىدى. ئۇنداقتا ئامانگۈل بىر مەھەللىدە تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۇندىمىگەندۇ بولمىسا رابىيەم بۇ چوكانغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان. ئامانگۈلنىڭ ئېرى جامال ساتىراش بىر ماشىنىچى ئايالغا بۇزۇلۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانىدى. رابىيەم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدى، ئىككى بالىنى يېتىم قىلماسلىق ھەققىدە تەربىيە ئىشلىدى. ھەتتا ماشىنىچى ئايالنى تېپىپ دېمىگەن ـ ئەتمىگىنى قالمىدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساختا مۇناسىۋەتكە خاتىمە بېرىپ، بىر ئائىلىنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالغانىدى. شۇڭا، ئامانگۈل رابىيەمنى كۆرسە بۆلەكچىلا كۈچۈكلىنىپ كېتەتتى.

رابىيەم جامال ساتىراشنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، يوتقان كۆكلەپ ئولتۇرغان ئامانگۈل دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى ـ دە، يوتقاننى قاتلاپ بىر چەتكە ئالدى.

— رابىيە ھەدە، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ، — ئامانگۈل رابىيەمنىڭ چىرايىدىن ئەندىكىپ قالغانىدى، — بىزنىڭ ئۆيلەرگە كىرمەسلا بولۇپ كەتتىڭىز.

— بولدىلا، سۇپىدا ئولتۇراي، بىر گەپنى ئۇقۇۋالسىلا چىقىپ كېتىمەن. سىز باھار چىڭداڭ دېگەن ئايالنى تونۇمسىز؟

— باھارنى دەمسىز؟

ئامانگۈلنىڭ چىرايى ئۆڭسۈرۈن بولۇپ، ئۆزىنى قاچۇردى. شۇ ھامان كاللىسىدىن «ھېلىقى ئىشلارنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي ئۆتۈشى بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدىلا تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە يا ئاق، يا قارا دېمەي تۇنجۇقۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ شۇ چاغقىچە سىر ساقلاپ يۈرگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلدى.

— شۇنداق، ئاشۇ باھار چىڭداڭنى دېيمەن، — رابىيەم مىختەك قادالدى، — ئەجەب سىز بىلىپ تۇرۇقلۇق مەندىن نېمىشقا يوشۇرىسىز؟

— مەن ئۇ بۇزۇقنىڭ ئۆمەرجىنىكام بىلەن بولغان ئىشىنى بىلگەندىن كېيىنلا ئالاقەمنى ئۈزگەن.

رابىيەمنىڭ پۈتۈن تېنىدىكى قان يۈزىگە تەپكەندەك ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كېيىن قىزدۇرغان مىس تەلەڭگىدەك قوڭۇررەڭ ھالغا كىردى. يۈرىكى بولسا خۇددى بىغىچىدىن ئۈزۈلۈپ ئوتقا چۈشكەندەك تولغىنىپ كەتتى. كۆڭلىدە: «ئاھ، خۇدايىم، بۇ لەنىتى ۋاپاسىزنى» دەپ نالە قىلىشى بىلەن تەڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىدى. ئۇنىڭ گۇمانى راستقا ئايلانغانىدى.

— ئۇ نېمە قىلىدىغان خوتۇن؟ — رابىيەمنىڭ تومانلىق كۆزلىرىگە ئامانگۈلنىڭ گىرىم - سىرىم ئىزناسىلا كۆرۈندى، — نېمە ئۇچۇن ئۇنى چىڭداڭ دەيدۇ؟

— چۈنكى ئۇ غۇلجا، ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى چىڭداپلا قالماي، ئىچكىرىنىڭ ھەممە يېرىنى چىڭداپ چىققان، — ئامانگۈل ئوتتۇرا بارمىقىدىكى ئويماقنى ئوينىغاچ يەرگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ گۇۋاڭجۇغا يىگىرمە كىلوگىرام نەشە ئەكىرىپ تۇتۇلۇپ، بىر يىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان، ئاندىن ئۈرۈمچىدە ياشانغان بىر كادىرنىڭ ئۆيىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغاندا، ئۇنىڭ قىز - ئوغۇللىرى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپتۇ. باھار چىڭداڭ قورققىنىدىن بىر شوپۇرغا يېلىنىپ غۇلجىغا قېچىپ كېلىۋاپتۇ.

— سىزنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرىڭىز بار تۇرۇقلۇق، ماڭا نېمە ئۇچۇن دېمىدىڭىز؟

— دەي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن ئىككى ئوتتۇرىدا گەپ توشۇغان بولۇپ قالىدىكەنمەن، ئەڭ يامىنى ئىناق ئائىلەڭلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقتۇم.

— ئۇ خوتۇن ھازىر نەدە؟

— ئۇ... — ئامانگۈل رابىيەمنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— قېنى دەڭا، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىپ يۈرىسىز؟

— ئۆمەرجاننىڭ يېڭى ھايات مەھەللىسىدە ماپۇگۇر دېگەن بىر تۇڭگاننىڭ قورۇسىدىن ئۆي تۇتۇپ بېرىپتىمىش.

— ئۇ پاسكىنىنىڭ قورسىقىدا بارلىقى زادى ئېنىقمۇ؟

— مەنمۇ كېيىن ئاڭلىدىم...

رابىيەم خوشمۇ دېمەي چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەقلى ھېچنېمىگە ئىشلىمەيتتى، خۇددى كاللىسىغا ئوچۇملاپ ئەينەك قىرىندىلىرىنى قۇيۇپ قويغاندەك سانجىلىپ بېشىنى ئۇياق - بۇياققا بۇراشقىمۇ قورقاتتى. توۋا، ئېرىنىڭ تۆت - بەش ئايدىن بېرى بۇتتەك سۇرلۇك، تۇز كىرىپ، تۇز چىقىپ يۈرۈشلىرىدىن، سالاپەت بىلەن يۆتىلىپ قويۇشلىرىدىن «بۇ نېمانداق تەقۋادار ئىماملاردەك بولۇپ قالدى» دەپ گۇمانمۇ قىلماپتىما؟! تېخى ئۇنىڭ بۇ ئىخلاسمەن ئەپتىنى كۆرۈپ، «دۇكاندا ياتىمەن» دېسە گۇمانسىز قوشۇلغىنىنى كۆرۈڭ. بۇ رابىيەمنىڭ ئەقىل كۆزىنىڭ كورلۇقى ھەم كۆڭۈلشىمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان دەردىسە. ئۇ تېخى دەسلەپتە، «ھازىرچە ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئېرىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولغانىدى. مانا ئەمدى ھارامدىن بىر بالىسىمۇ بوپتۇ.

بۈگۈن كېچە رابىيەمگە ئۇيقۇ ھارام بولدى. ئۇ تورۇسقا تىكىلگىنىچە قارا خىياللار ئىسكەنجىسىدە قالغانىدى. قىزى جۆھەربۈۋى ئاپىسىدىن ئەنسىرەپ بىر - ئىككى قېتىم چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ: «ئاپا، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ دوختۇرغا ئاپىرايمۇ؟» دېگەنىدى. رابىيەم: «ماڭە، ئۆيۈڭگە چىقىپ ئۇخلا، ماڭا ھېچ ئىش بولمىدى» دەپ سىلكىپ چىقىرىۋەتتى.

ۋاقىت خۇددى بىر ئىزىدا ئۇيۇپ قالغان يېلىمدەك بەكمۇ ئاستا ئۆتمەكتە. رابىيەم تەقەززالىق ئىچىدە ئېرى ئۆمەرجاننى

كۆتۈپ تاقىتى تاق بولدى. مانا تامدىكى ئاسما سائەتمۇ كېچىلىك ئون بىرگە داڭ ئۇردى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن: «ھازىر ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئىپلاسنىڭ ئۆيىدە» دېگەن خىيال كېچىشى بىلەن، ئەيش ــ ئىشرەت شەھۋىتىگە چۆمۈلگەن ئىككى شەھۋەتپەرەسنىڭ كارىۋات ئۈستىدىكى ھەرخىل شەرمەندىلىكلىرى كۆڭۈل ئەينىكىدە ئەلەڭلەپ كۆرۈندى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كىيىملىرىنى ئالمان ـ تالمان كىيىپ ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. قىزى جۇھەرىۋۇنىڭ تامغا يۆلەكلىك تۇرغان ۋېلىسىپىتىنى جالاقلىتىپ سۆرىگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

رابىيەم ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالىنى غەزەپ بىلەن تېپىپ، تاشلەپكە كوچىسىدىن ئايلىنىپ، يېڭىھايات مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەندە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، دۇمبە، قولتۇق ئاستىلىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇچرىغانلا دېرىزە، دەرۋازىلارنى قېقىپ ماپۇگۇر تۇڭگاننىڭ قورۇسىنى سورىدى ھەم ئانچە ھايال بولمايلا تاپتى. ئۇ ھەيۋەتلىك يېشىل دەرۋازىنى ئۇرۇپ مۇشتۇملىرى ئاغرىپ كەتكەندىلا ھويلا ئىچىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن: «سىز شۇ كىم بولىدۇ، ئوتتۇرا كېچىدە كېلىدۇمۇ، دامىڭنى دۇمباق قىلىپ چالىدۇمۇ شۇ» دېگەن بۇزۇپ ئېيتىلغان ئۇيغۇرچە سۆز ئاڭلاندى.

ــ ئىشىكنى ئاچ، سەن ئىجارىگە بەرگەن باھار جالاپنىڭ ئۆيىگە كىرىمەن.

رابىيەم ماپۇگۇر كۆرسىتىپ بەرگەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ زادىلا ئاچالمىدى. ئاخىر قولىغا چىقىپ قالغان يېرىم خىشنى بىر ئېتىشتىلا دېرىزە جاراڭلاپ چېقىلىپ، خىش پارچىسى ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ــ ھەي، ھەي، سىز شۇنداق قىلسا بولىدۇمۇ شۇ ـ ھە؟ ــ ماپۇگۇر يۈگۈرۈپ كەلدى، ــ ئەمدى ئەينەكنى شۇ، تۆلىسۇڭ شۇ.

— ئۆتەپ بار، سولامچى قېرى، پۇلنى دەپ ئۆيۈڭنى پاھىشىخانا قىلىپ بەردىڭما؟ خەپ سېنى ساقچىغا بېرىپ دېمەيدىغان بولسام.

— ھەي سىز شۇ ئاغزىنى يامان قىلمۇسۇڭ، — ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەن ماپۇگۇر ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ھورىدىن چۈشتى، — ئۇلار ئەر - خوتۇڭ دېگەشكە شۇ، مەن ئىشەندى ئەمەسما.

رابىيەم ئىشكىنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋەتتى. ئارقىدىن كىرگەن تۇڭگان چىراغنى ياقتى. چىرايى تامدەك بولۇپ كەتكەن ئۆمەرجان ئۆي ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. چالا - بۇلا يىغىشتۇرۇلۇپ ئۈستىگە ئەدىيال يېپىپ قويۇلغان كارىۋاتتا باھار چېڭداڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پاخپايغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرگەنىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ دەرۋازا قېقىلغان چاغدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى. رابىيەم ئالدىغا كەلگەن ئېرىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى - دە، باھار چېڭداڭنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ، كارىۋاتقا باستى ھەم قارىقويۇق ئۇرغىلى تۇردى. ماپۇگۇر قورققىنىدىن يېقىن كېلەلمىدى. ئېغىر سۇپۇرگىلەردە يەر سۇپۇرۇپ چېنىقىپ كەتكەن قوللارنىڭ ئامبۇردەك پەنجىلىرىدىن قۇتۇلالمىغان باھار چېڭداڭ قانچە چىرقىراپ، يىغلىغان بولسىمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. ئۆمەرجان يېلىنغان بولسىمۇ، رابىيەمنى سۆرەپ تارتالمىدى. بىردەمدىلا باھار چېڭداڭنىڭ يۈزى تىرنا سالغان ئېتىزدەك تىرناق زېدىسى، ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ چىرقىرىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يۈزىنى بۇلغىۋەتكەن قان سارقىپ بويۇن، مەيدە، ئەدىياللارنى بويىغىلى تۇرغاندىلا تۇڭگان بىلەن ئۆمەرجان رابىيەمنى كارىۋاتتىن تارتىپ چۈشۈردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ھاسىراپ، داپشىنىپ، ئېتىلىپ تۇراتتى.

— ھەي ئايلاڭزا، — دېدى ماپۇگۇر يالۋۇرۇپ، — سىز شۇ

خاپا بولمۇسۇڭ، مەن شۇ، بۇ ماۋلۇزى (ئېشەك)لەرنى ئەتىلا كۆتىگە تېپىك بولسۇڭ، ھەي، ھەي سەنلەر شۇ سىڭگۇ (ھايۋان)مۇ، ھە؟

— ھەي ئۆمەرجان دېگەن لامزەللە، ھازازۇل خوتۇنۇڭ شۇنچىۋالا قىلىۋەتكۈچە قاراپ تۇرىسىنا، — باھار چىڭداڭ ئۆكۈز سويغان گوداڭدىن چىققاندەك بولۇپ كەتكەنىدى، — قارىغىنا يۈزلىرىمگە.

ئىككى ئەرنىڭ قولىدىن بۇلجۇنۇپ چىققان رابىيەم ئېتىلىپ كەلگەنچە ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنى تەپتى ـ دە، ئاغزىنى بۈركۈتتەك قاماللىدى ھەم ئېڭەك، يۈز، مەيدىلىرىگە نەچچە مۇشت سېلىۋەتتى.

— يەنە ئاغزىڭنى بۇزە، بۇزۇق، ساڭا بوزەك بولىدىغان رابىيەم ئېخى دۇنياغا تۇغۇلمىدى. ھېلىغۇ سەندەك بىر چۈپرەندە ئىكەن، نەچچە ئەرگە ئېتىغۇچىلىكىم بار.

رابىيەم ھېچ ئايانماي دەرغەزەپتە قاتتىق ئۇرماقتا ئىدى. ئۇنى ئىككى ئەرمۇ تارتىۋالالمىدى. ئۆزىنى پايلىماي شىلتىناڭ ئېتىپ قويغان باھار چىڭداڭ رابىيەمنىڭ خوتۇنلاردەك ئاغزىغا زورلىماي، خۇددى لۈكچەك ئەرلەردەك پۇت ـ قولىغا زورلايدىغانلىقىدىن قورقۇپ قالغانىدى. ئۇ ئېيىقتەك ئۈستىگە مىنىۋالغان بۇ خوتۇندىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ۋاي جېنىم ھەدە، بولدى قىلىڭ، مەن پوق يەپتىمەن. ئېرىڭىز ئازدۇرمىغان بولسا بۇ يولغا كىرەرمىدىم. مەن ئۆلەي... ئەمدى ئۇرماڭ... مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

ماپۇگۇر بىلەن ئۆمەرجان رابىيەمنى تارتىپ چۈشۈردى. ھېلىھەم دەردى چىقماي تۇرغان رابىيەمنىڭ كۆزلىرى قارچىغىنىڭكىدەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— ھەي رەسۋا، ئۆلسەڭمۇ راست گەپ قىلساڭ بولمامدۇ، — ئۆمەرجان باھارنىڭ تۆھمىتىگە چىداپ تۇرالمىدى، — مېنى

ئۆيۈڭگە «مال بار» دەپ ئالداپ ئەكېلىپ، چايغا نېمىنى قوشۇپ ئىچۈرۈپ، ئاغزىمنى ئاچقۇسىز قىلدىڭا؟...

ماپۇگور، ئۆمەرجان بىلەن رابىيەمنى ئىتتىرىپ ھويلىغا ئاچىقتى، ئاندىن ئۇلارغا يېلىنىپ دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى. ۋېلىسىپىت يېتىلىگەن رابىيەم ئالدىدا، ئۆمەرجان ئارقىدا كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلار ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگۈچە كالپۇك يېرىپ بىرنېمە دېيىشمىدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنلا رابىيەم يىغىنى سالدى، ئۇ بىر ياقتىن ئۆگزىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك يىغلىسا، بىر تەرەپتىن تىل دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى:

— ھەي مۇناپىق، سەن مېنى دادامنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرەي، نان دەسسەپ بېرەي، قۇرئان تۇتۇپ بېرەي دەپ مىڭ بالالىقتا ئېلىپ، مۇشۇنداق خورلىساڭ بولامدا؟ ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ چوڭ بولۇۋاتقان قىزلىرىڭدىن نومۇس قىلمىدىڭما؟ مەن سەن گۇيدىن شۇنى كۈتكەنمىدىم؟ ئاشۇ شاپاقچىدىن مېنىڭ نەرىم كەم، ئېيتقىنا قارايۈز ئىپلاس؟

— رابىيەم، خۇش بولۇپ كېتەي، پەسرەك ۋارقىراڭ، جۆھەربۇۋى ئاڭلاپ قالمىسۇن، — نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولغان ئۆمەرجان نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى، — مەن گۇناھ قىلدىم، سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ قىلتاقتا قانداق ئىلىنىپ قالغانلىقىمنى سېزەلمەيلا قالدىم.

— ھەي ۋاپاسىز توڭكەي، نومۇس قىلمىدىغان ئادەم شالتاقتا دوم چۈشەمدا؟ قىزىڭدىن ھېيىقمىسەنۇ، ئەل - جامائەتتىن ئۇيالمامسەن؟ ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان لەھەل ئاڭلىسا، ئامىراق قىزىڭنىڭ ئالدىدا نېمىمۇ دەرسەن؟ ھوي شەھۋەتپەرەس بۇزۇق، ھوي پاھىشىۋاز سولتەك...

— جېنىم رابىيەم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بوشراق سۆزلەڭ، جۆھەربۇۋى ئاڭلاپ قالسا بولمايدۇ، — ئۆمەرجان يىغلامسىراپ يېلىنماقتا ئىدى، — ۋارقىرىغاندىن كۆرە مېنى ئۇرۇپ دەردىڭىزنى چىقىرىۋېلىڭ. راست، مەن سىزگە،

www.uyghurkitap.com

بالىلىرىمغا يۈز كېلەلمەيمەن، سىلەرگە خىيانەت قىلدىم.

رابىيەم پەس بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۆمەرجاننىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى، كۆزىدىن تېمىۋاتقان ياشلىرى، ئايالىنىڭ يۈزىگە سۈۋىغان نىجاسەت، يۈرىكىگە سالغان خورلۇق دېغىنى يۇيۇشقا قۇربى يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆمەرجان گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپ كەچۈرۈم سورىغانسېرى، ئەل ـ يۇرت ئالدىدا كوچا چىڭداپ «چىڭداڭ» دەپ نام ئالغان بىر بۇزۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن قىلمىقسىزلىقلىرى، شەرمەندە ئويۇنلىرى كۆز ئالدىدا مۇئەللەق تۇرۇۋېلىپ، رابىيەمنىڭ بارغانسېرى جەھلىنى قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇ، «ھۇ» تارتىپ يىغلىغانچە ئۆمەرجاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. جېدەل تۈن نىسپىدىن ئۆتكۈچە داۋاملاشتى. تاڭ سەھەر رابىيەم سۈپۈرگىسىنى ئېلىپ ئىش ئورنىغا ماڭدى. چۈنكى، بەلگىلەنگەن ئورۇن سەۋەبسىز بىر كۈن سۈپۈرۈكسىز قالسا بەش كۈنلۈك ئىش ھەققىنى تۇتاتتى. رابىيەم ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئونلاردا كەلگەندە ئۆمەرجان ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ دەرھال تاشلەپكىدىكى دۇكانغا باردى ـ دە، شۇ يەردىلا تىل سالدى. ئايالىنىڭ ئاسانلىقچە دەردى چىقمايدىغان ئىشنى قىلغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئۆمەرجان ئۇنى باشلاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. يان ئۆيدە تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان جۆھەر چىققانىدى، رابىيەم ئۇنى بىرلا ۋارقىراپ كىرگۈزۈۋەتتى.

— گەپ قىلە بۇزۇق، كوچىدا قالغان شاپاقچى، مەن سەن بىلەن ئاجرىشىمەن. ئاجرىشىش ئارقىلىق بۇ نومۇسنى يۇيىمەن. ئۆيدىن چىق، بۇ قورۇدا ئاناڭنىڭ ھەققى يوق. مەن ئىككى قىزىمنى مۇشۇ قورۇدا گۈلدەك باقىمەن.

رابىيەمنىڭ بۇنداق دېيىشىدە ئاساس بار ئىدى. كىرىم ئاخۇن ياماقچى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا: «باللىرىم، ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق، دەپتىكەن، خەقلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىجارىگە ئولتۇرغانمۇ كۆنمۇ؟ سىلەر مۇشۇ قورۇغا كۆچۈپ

كېلىپ، مېنىڭ چىرىغىمنى ياندۇرۇپ ئولتۇرۇشلار. كېيىنچە ئانچە - مۇنچە تۇزەشتۇرۇۋالساڭلار، بىر چىرايلىق قورۇ بولىدۇ» دېگەنىدى. دېگەندەك ئۆمەرجان بىلەن رابىيەم تىرىشىپ - تىرمىشىپ، تويلۇق ھالقا - ئۈزۈكلىرىنى سېتىپ ئۆيلەرنى يېڭىلاپ، مۇشۇنچىلىك ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

— ماڭ جۇرۇ، پاھىششۇاز، سوتقا بارىمىز، — رابىيەم ئۆمەرجاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — مەن سەندىن ئاجراشمىغۇچە بۇ نومۇسنى، بۇ خورلۇقنى ئۇنتۇيالمايمەن.

— جېنىم رابىيە، — ئۆمەرجان يىغلاپ سالدى، — ئاجرىشمەن دېگەن گەپنى قىلماڭ. مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن، بىر قېتىم مېنى كەچۈرۈڭ، بىر چىرايلىق ئىككى قىزىمىز بار.

— مېنىڭ ئۈستۈمدىن خوتۇن ئالساڭ، ئۇ پاسكىنىنىڭ قورسىقىدا بالاڭمۇ تۇرسا، يەنە تېخى كەچۈر دەيسەنغۇ؟ كەچۈر دېگەن گەپ قانداق ئاغزىڭغا پاتتى؟ — رابىيەم بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — ۋاي خۇدايىم، ۋايتوۋا، تېخى ئالغان خوتۇنىنى كۆرمەمدىغان، ئىچكىرىگە نەشە ئەكىرىپ تۇتۇلۇپ بىر يىل تۈرمىدە ياتقان، ئۇرۇمچىدە ياشىغان كادىرنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ بالىلىرىدىن ئۆلگۈچە تاياق يەپ، غۇلجىغا قېچىپ كەلگەن، كىرمىگەن كوچا، يېمىگەن پوق قالماي «چىڭداڭ» دەپ لەقەم ئالغان بىر ئەۋرەز پاقىسىغا دوم چۈشكىنىنى كۆرمەمدىغان.

رابىيەم ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ سوتقا بېرىشقا قىستاۋاتقاندا، جۆھەربۇۋى كىرگەنچە ئاپىسىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇ رابىيەم ئوتتۇرا كېچىدە چىقىپ كېتىپ تا دادىسىنى باشلاپ كەلگەنگە قەدەر ئۇخلىماي ئۇلارنىڭ دەتالاشلىرىنى ئاڭلىغانىدى. مانا بۇگۈنمۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ ئىمانچىۋالا چالۋاقاپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىنىڭ سىرىنى ئۇقتى.

— جېنىم ئاپا، دادامنى بىر قېتىم كەچۈرۈڭ، ئۇ بەك

ياخشى دادام ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئېزىپتۇ. ئۇنى ئەسكى ئاياللار ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ. سوتقا بارسىڭىز، دادامنى «قۇش نىكاھلىق» بولغان دەپ قولغا ئالىدۇ، ئەڭ بولمىغاندا ئېغىر قانۇنىي جازا بېرىدۇ، — جۆھەربۇۋى ئېسەدەپ يىغلىماقتا ئىدى، — ئەگەر ئاجرىشىپ كەتسىڭىز ئۆرۈمچىدىكى ھەدەم قانداقمۇ خاتىرجەم ئوقۇيسۇن؟ ئۇنداقتا مەنمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن.

— بولدى، ئوبدان قىزىم، يىغلىماڭ، — ئۆمەرجان ئۆزى يىغلاپ تۇرسىمۇ، قىزىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — ئاپىڭىز ئاچچىقىدا شۇنداق دەۋاتىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئاجراشمايمىز. مېنىڭ، چىقىپ دەرسىڭىزنى تەكرارلاڭ.

جۆھەربۇۋى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رابىيەم بىر ئاز پەسكارىغا چۈشتى. قىزىنىڭ: «ھەدەم قانداق خاتىرجەم ئوقۇيدۇ، مەنمۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، دادامغا قانۇنىي چارە كۆرىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئۇنى ئەنسىرىتىپ قويغانىدى. دېمىسىمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ تالادا قالغان، ئۆگەي قولىدا خارلانغان قىزلاردىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىۋالغان، زەھەر ئىچىۋالغان، باشقىلار بىلەن قېچىپ كەتكەنلىرى كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە رابىيەمنىڭ بۇنچىلىك ئازابلىنىشىمۇ ئېرىگە پايلىمىغانلىقتىن بولۇۋاتاتتى.

— ئېيتە قېنى، قانداق قىلماقچىسەن؟ — رابىيەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇراتتى.

— بۈگۈن ئەتىگەن جاۋابىنى بېرىۋەتتىم. ئالاقىمىز ئۈزۈل ـ كېسىل ئۈزۈلدى.

— ئۇنداقتا قورساقتىكى بالىچۇ؟

— دوختۇرخانىدا ئالدۇرۇۋەتمەكچى.

— قاچان؟

— يۈزىدىكى جاراھەتلىرى سەل ياخشى بولغاندىراق.

— بولمايدۇ، ئەتىلا بارىسەن.

— ئەتە يەكشەنبە، ئۆگۈنلۈككە باراي.

بۇ چېدەل بېسىقىپ، ئۇچىنچى كۈنى ئۆمەرجان كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، بالا قورساقتا تۇرۇپ قۇرۇپ، يىگىلەپ قاپتىمىش. رابىيەم ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى. ئۇ ئۆزى سۇرۇشتە قىلماقچى بولغانىدى، يەنە بىرەر جېدەل چىقىپ، بۇ ئىشنىڭ كوچا ـ كويلارغا يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئۆمەرجان: «بولدى بارماڭ، دوختۇر ئايالنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم» دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئەگەر ئۇ پاسكىنا دوختۇر خوتۇنلارغا ئارقا ئىشىك قىلىپ گېلىنى مايلىغان بولسىچۇ؟

— بۇنداق قىلسا ئۇنىڭغا نېمە پايدا؟

— سودىگەر تۇرۇپ شۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭىزما؟ — رابىيەم جېدەل چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئېرىنى «سىز» دەپ سۆزلىدى، — بۇنداق جاھان كۆرگەن پاسكىنىلار پۇل ئۈندۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ تۇغۇشنى ئويلايدۇ.

ئىش رابىيەمنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك بولدى. بىر كۈنى «باھار چىڭداڭنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى ئالتە ئايدىن ئېشىپتۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ھەپتىگىچە ئىزدەپ ئۇنى تاپالمىدى. تاپقان بىلەنمۇ دوختۇرلار بۇنداق چوڭقىيىپ قالغان بالىنى چۈشۈرگەندە، ئانىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشىدىن قورقاتتى.

رابىيەم ئەۋلىيادەك پەرەز قىلغانىدى. باھار چىڭداڭ ئوغۇل تۇغدى. ئۇ بىر كۈنى بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، رابىيەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە، زەھەردەك كۈلدى:

— قېنى ئۇرمامسەن؟ قانلىرىمنى ئېقىتىپ، بالىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل سوتقا بارىمەن. مەن جاھان كېزىپ، كۆرمىگەننى كۆرگەن، يۈزۈم تۆكۈلۈپ ئەل ئاغزىدا «چىڭداڭ» دېگەن نامغىمۇ قالغان ئايال، — بۇ ئائىلىنىڭ ئاجىز ھالقىسىنى تۇتۇۋالغان باھار ئەيمەنمەي سۆزلەۋاتاتتى، — بىلىپ قوي، ئۆردەك سۇدىن قورقمىغاندەك، مەن كۆرمىگەن سوت، مەن ياتمىغان تۈرمە قالمىدى. مەنغۇ بىرنەچچە ئېغىز تىل ئىشىتىپ يېنىپ چىقىمەن. لېكىن، ئېرىڭ «قوش نىكاھلىق» بولغان جىنايىتى

ئۇچۇن جاۋاب بېرىشى كېرەك.

— ئېيتە قېنى، نېمە دېمەكچىسەن؟ — جېدەل چىقىرىپ ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىغانلىقىنى بىلگەن رابىيەم تەقدىرگە تەن بەردى، — مەقسىتىڭ پۇلدۇر؟

— سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەللىك مىڭ سومنى قوش قوللاپ ئالدىمغا قويىسەن!

— ماڭ، سوتقا بار، ساڭا بېرىدىغان ئۇنچىلىك پۇلۇم يوق، — تەشكىلدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان رابىيەمنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىدىن خەۋىرى بار ئىدى، — شۇنى ئېسىڭدىن چىقارما، سەن ئېرىمنى قانداق ئالداپ ئۆيۈڭگە ئاپاردىڭ، نېمىلەرگە نېمىلەرنى قوشۇپ ئىچۈرۈپ يالىڭاچلىدىڭ، گۇۋاڭجۇغا نەشە ئاپىرىپ نەچچە يىل تۈرمىدە ياتتىڭ، ئۈرۈمچىدە كىملەرنى ئازدۇرۇپ غۇلجىغا قانداق قېچىپ كەلدىڭ، ھەممىنى دەيمەن. سېنىڭ بۇ چاغقىچىمۇ ئازدۇرغان ئەرلىرىڭ ئاز ئەمەس. بىراق، ئېرىم جازالىنىدىكەن، سەن بىر تىيىنسىز قالىسەن، چۈنكى جازا بىلەن تەڭ، تۆلەممۇ بىردەك ئۆلىدۇ.

جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ شۇنچە كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلغان باھار چىڭداڭ رابىيەمدىن قورقتى. ئۇنىڭ تەڭ كەلگىلى بولمايدىغان رەقىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، تۆت مىڭ سومغا شۈكۈر قىلىپ، بالىنى تاشلاپ قويۇپ كۆزدىن يوقالدى.

ئائىلىدە كۆتۈرۈلگەن بۇ قارا بوران رابىيەمنىڭ كەڭ قورساقلىقى، ئەپۈچانلىقى بىلەن خەيرلىك ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، بىراق بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۆمەرجان ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىدى، ئۇ مال ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ سانجىغا كەلگەندە كىچىك ماشىنا چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىغا سوقۇلدى. ئۆمەرجاننىڭ يوتا، ئوقۇرەك سۆڭىكى شۇنداقلا ئۈچ قوۋۇرغىسى سۇنۇپ، مېدىتسىنا دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىندى. رابىيەم دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئېرىنى قىرىق كۈن باققاندىن كېيىن غۇلجىغا يۆتكەپ كەلدى. ئۇ تۆت ئايغىچە ئورۇن تۇتۇپ

ياتقان ئۆمەرجاننى كىچە - كۈندۈز پەرۋىش قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. تەڭلىك، خىجىللىق، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئىلكىدە ئازابلانغان ئۆمەرجان بىر كۈنى يىغلاپ تۇرۇپ:

— رابىيەم، سىز مېنى كەچۈردىڭىز، ئەمما خۇدا كەچۈرمىدى، — دېدى.

رابىيەمنىڭ ئۇزۇن ھېكايىسىنى ئاڭلىغان گۈلسۈمخان ئۆزىگە تەسەللى تاپقاندەك بولدى. ئۇ كۈندىشىنىڭ ھەم ئىشەنگەن ئېرىنىڭ خورلۇق ئازابىنى تارتقان بۇ قەشقەرلىك ئايالغا چىن كۆڭلىدىن خەيرخاھلىق قىلدى. شۇنداق، رابىيەمگە بۇ دەرد - ئەلەم گۈلسۈمخان چوقۇنغان بىر يۇرتلۇقلىرىدىن كەلگەنىدى. ئۇ مۇئەتتەرخاننىڭ كۈيۈئوغلى تاشمەمەت، ئۆمەرجان، باھار چىڭداڭلارنى نەپرەت بىلەن ئەسكە ئالدى.

— كۆردىڭىزمۇ، گۈلسۈمخان ھەدە، — دېدى رابىيەم ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئۇھسىنىپ، — بايا كىرگەن ئۈچ ياشلىق ئوغۇل مېنى دوزاخ ئازابىدا كۆيدۈرگەن كۈندىشىمنىڭ بالىسى. خۇدا مېھرىنى شۇنداق سالامدۇ، بىلمىدىم، بۇ بالىنىڭ ماڭا ئامراقلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ.

گۈلسۈمخان رابىيەمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ نەچچە كۈنلەرگىچە خامۇش يۈردى. رابىيەمنىڭ كۆرگەن خورلۇقلىرى كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى. مەرۇپ تۆمۈرچىنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنى سەيدىنىساخاننىڭ: «ئاچا، سىلى ئۇچۇنلا ئاجرىشىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ئەنزەرنىڭ قىزى، گۈلبانۇمغا بولغان مېھىر - ۋاپاسىنى ياد ئەتتى. لېكىن تۇغقىنىم، بىر يۇرتلۇقۇم دەپ تاغدەك ئىشەنگەن ھادىلىنىڭ قىزىغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىمۇ ئېسىدىن زادى كەتمىدى. بولۇپمۇ قىزى گۈلبانۇمنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغان ھاياتى ئۇنى كۈنسېرى ئەنسىرەتمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ پات - پاتلا مۇنداق زىكىر قىلىدىغان بولۇپ قالدى:

«ئاھ خۇدا، بۇ نېمە نادانلىق؟! ئەسلىدە ھەممىمىز ئۇيغۇر، مۇسۇلمان ئەمەسمىدۇق؟!...»

www.uyghurkitap.com

## 16

ئۆكتەبىر كىردى، ئەتىسى ـ ئاخشىمى دولا قورۇغۇدەك سوغۇق بولاتتى، پات ـ پاتلا يامغۇر يېغىپ تاڭ سەھەرلىكى چۈشكەن ئۈششۈك گۈل بەرگىلىرىنى سولاشتۇرۇپ، باغدىكى ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللارغا سېرىق قىزغۇچ، قوڭۇر تونلارنى كىيدۈرەتتى. بىراق، ئۆكتەبىر تولىمۇ خاسىيەتلىك ئاي بولدى. گۈلسۈمخاننىڭ نەۋرىسى ئالىنۇر بىر يېرىم ياشقا كىردى. ئۇ ھويلىدا پىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرىدۇ. ئالىنۇر ئەنەيتۇللانى «ئەنەي دادام» دېسە، ئەكبەرنى «پەشمەت ئاكام» دەپ تىلى چىقتى. گۈلبانۇمنىڭ ھادىلىدىن تۇغۇلغان ئوغلى رىشاتمۇ ئون ئايلىق بولۇپ قالدى. يەتتە ئاي ئىلگىرى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئەنزەرنىڭ تالاق قىلغان ئايالى گۈلنىسانىڭ قورسىقىدىكى بالىسىمۇ يەتتە ئايلىق بولدى. ئەنزەر كېتىپ بىر ئاي بولار ـ بولمايلا گۈلنىسا قۇرۇق ھۆ بولۇپ، ھامىلىدارلىقى مەلۇم بولغانىدى. مۇئەتتەرخاننىڭ ئائىلىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ئابدۇسەمەت ئانىسىغىمۇ دېمەي روشەنگۈل بىلەن توي قىلىۋالغىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئۇ دېگىنىنى قىلدى، بىرەر كىمگە بىلدۈرمەي ـ يالۋۇرمىدى. توي تەييارلىقىنى قىز تەرەپتە قىلىپ روشەنگۈلنى «ئۈچدەرۋازا»دىكى ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە ئەكەتتى. تويغا كەلگەنلەر ئۇنى «ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم بالا ئىكەن» دېيىشتى. مۇئەتتەرخان سەپرا پەيلىگە ئېلىپ جېدەل ـ ماجىرا قىلمىدى. ئۇمۇ مۇشۇ كۈنلەردە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. «بىر يۇرتلۇقۇم، ئۆزۈمنىڭ قەشقەرلىكى» دەپ ئېلىپ بەرگەن گۈلنىسا ئەنزەرنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈ ئۆچمەس نومۇس دېغىنى سېلىپ، ئوغلىنى ئانىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇ بىچارە بالا بۇ خورلۇقتا

چىدىماي ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟ ئەمدى كۆلۈنسانىڭمۇ ئېپپەت - نومۇسىنى پايخان قىلىپ خارلىغانلار مەتنۇرى، مامۇت قورساقتەك ئالتە شەلىك بىر يۇرتلۇقلىرى. راست ئەمەسمۇ، مۇئەتتەرخان ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى» دەپ تاختىپەرگە ئاچىقىپ كۆرەشكە تارتقان، يۈزىگە قازان قارىسى سۈۋاپ سازايى قىلغان، تېخى قوتۇر ئېشەككە تەتۈر مىندۈرمەكچى بولغانلار ئۆز يۇرتلۇقلىرى، يەنە كېلىپ ھەر كۈنى ئىسسىق سالاملىشىدىغان قولۇم - قوشنا، يارۇبۇرادەرلىرى! ئەنە شۇنداق، ئائىلىنىڭ تەقدىرى قىل ئۈستىدە تۇرغاندا ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ ئىلىغا ئەكەلگىنى شەمشىدىن دېگەن غۇلجىلىق شوپۇر. مانا ئاشۇ چۇشىدىمۇ كۆرمىگەن شوپۇر ئۇلارنى يول بويى مېھمان قىلىپ: «ۋاي مۇئەتتەرخان ھەدە» دەپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۈز كۆڭلى بىلەن ئېيتقان لاپلىرى، چاقچاقلىرىچۇ تېخى. مۇئەتتەرخان قەشقەردە كۆرگەن غەم - ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇدى. ئەمدى مۇنۇ ھەزىلگە خۇمار، خۇش پېئىل نېغمەت مۇدىر چېغىدا قانچىلىك ساخاۋەت قولىنى سوزمىدى؟! مۇشۇ قورۇ - جايلار شۇنىڭ شاپائىتىدىن ئۆرە بولدى! بولمىسا مۇئەتتەرخاننىڭ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ قويغىنى بارمىدى؟ ياق! ئۇ پەقەت ياخشى كۆڭلى بىلەن قىلدى. غۇلجىلىق باللارنى باشلاپ كېلىپ ھاينى ھۇي، موزاينى ئۇي دەپ بولغۇچە تاملارنى قوپۇرۇپ، ئۈستىلىرىنى ياپتى. ئۆزى ئىشلەشتىن سىرت، «ئاۋۇنى ئۇنداق قىل، ماۋۇنى تارت، ئۇنى چۇشەر» دەپ خۇددى بىر تۇغقان قېرىنداشىدەك كۆڭۈل بۆلدى. ئاۋۇ بۇرنى كۆپكەن ئابدۇسەمەتنى: «ئاپاڭنى قاقشاتما، ئاداش، بولمىسا بۇرنۇڭنى ئېلىۋېتىمەن» دەپ نوخلىسىنى ئېلىپ تۇردى. تۇۋا، مۇئەتتەرخان مۇشۇ خەيرخاھلىقلارنى نېمىشقىمۇ ئۇيلىمىغان بولغىيدى؟ بۇ كاج پەلەكنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسا، ئۇيقۇسى

بالدۇرراق ئېچىلغان بولمامتى؟ قارىماي سىغان غورا قاپاق ئابدۇسەمەت ئۆيلىنىپ بىر قېتىممۇ كېلىپ ئانىسىنى ھالىنى سورىمىغان ئىچۇك دېمىدى، بوسۇغىغا دەسسىمىدى. ئەمما، بىر پوتنوس شېكەر سېپىلغان سامبۇسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن روشەنگۇل كۈلۈپ كىرگىنىچە قېيىنئانىسىنىڭ پەيلىدىن قورقماي قۇچاقلىدى ھەم بىر ئىللىق تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئاپا، ئۇرسىلىمۇ، تىللىسىلىمۇ ئالدىلىرىغا باش ئېگىپ كەلدىم. ئابدۇسەمەت ئىككىمىز ئۆزلىرىنىڭ رايىسىز توي قىلىپ چوڭ گۇناھ قىلدۇق. ئەپۇ قىلغان بولسىلا، كۆڭۈل ـ كۆكسىلىرىنىڭ كەڭ، باغرىلىرىنىڭ يۇمشاق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بىزنى كەچۈرۈشلىرىگە ئىشىنىمەن، — دەپ مۇئەتتەرخاننى ھەر ھالدا ئانا ئاتارىدا كۆرۈپ ھۆرمىتىنى قىلدى. گەرچە مۇئەتتەرخان ئۆزىنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ، تاتلىق ـ ئاچچىقنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ دەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى: «ئۆزۈڭ مۈشتەك تۇرۇپ، نېماداق گېپىڭ سېسىق نېمىسەن» دەپ گەجگىسىگە مۇشتلاپ چىقىرىۋەتمىدى. ئەكسىچە:

— ئىزلىرىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالماي ئورنۇڭدىن تۇر دەيمەن، تۇر، ئۆزۈڭ تومۇچۇقتەك بالىكەنسەن، ئەجەب گەپكە كۆز چىقىرىشقا ئۇستىكەنسەن ئەمەسما، مىنە كۆزلىرىڭ كۈلۈپ تۇرىدۇيۇ، ياش ئاققىنى نېمىسى؟ — دېدى.

ئەسلىدە گۈلبانۇمۇ بەلەن قىز ئىدى. ئۇ مۇئەتتەرخاننىڭ رايىغا بېقىپلا ئۆز بەختىنى قۇربان قىلدى. ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ قاتىلى ئۆزى بولۇپ قالدى. ئىككى ياشنىڭ ئوت ئۇۋالى زادى كىمگە؟ بۇ مۇئەتتەرخانغا ئايان. ھېلىقى چاغدا ئۇلارنىڭ بىر يىللىق توتقان ئۆيىگە بېرىپ: «غىلجىڭ، نايناق، ئەرلەرگە سۈۋىنىپ، شەيتىنىنى قوزغاپ» دېگەن سېسىق تىللىرىنى ئاڭلاپ، گۈلبانۇم گەرچە ئاغرىپ كەتكەن قورسىقىنى تۇتۇپ، جايىدا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، قېيىنئانىسىغا قاش

كۆتۈرۈپ قارىمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ: «ئەنزەر... ئەنزەر... ئۇ...» دەپ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالدى. بىئەمدۇللا ئىشق سەۋداسى دېگەن دورىسى يوق كېسەلگە ئوخشايدۇ. توغرا، ئۇنىڭ دورىسى يوق، تېۋىپى يوق كېسەل ئىكەنلىكىنى مۇئەتتەرخان ئوبدان بىلىدۇ. مەخەت ئەپەندى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە مۇئەتتەرخان ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى. بىر ئامالالاپ سۆۋىنىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ شەيتىنىنى قوزغىغان ئۆزى. بىراق، مۇئەتتەرخاننىڭ ئاتا - ئانىسى: «ئۇ پۆپۈكباش ئەپەندىگە تەگمەيسەن» دەپ قەتئىي قوشۇلمىدى. ھەتتا ئانىسى سۇپۇرگە، نوغۇچلار بىلەن ئۇرسىمۇ، ھايا - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ: «تەگكىنىم تەگكەن» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. بولمىسا مەخەت ئەپەندى ئۇنىڭدىن ئون ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئەمدى ئەنزەر بىلەن گۈلبانۇمغا كەلگەندە، نېمىشقا شۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىكىنە؟ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، پەقەت تاشمەمەتكە بولغان ئۆچمەنلىك ئاداۋىتى ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىنى خىرەلەشتۈرۈپ، دېۋەڭ مەزلۇمغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا، ئۇ ئىككىلا ئوغلىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىراپ قالدى. گۈلبانۇمنىڭ قانلىق ياشلىرىغا سەۋەب بولۇپلا قالماي، گۈلسۇمخاننىڭمۇ يۈرەك - باغرىنى جاراھەت قىلدى. ئۇ ئەمدىلا مەرھۇم مەخەت ئەپەندىنىڭ: «دېڭىزنى خۇدا، ئازاب دېڭىزىنى ئىنسانلار ياراتقان» دېگەن سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتتى!

مۇئەتتەرخاننىڭ ئوغلى ئابدۇسەمەتنى ھويلىسىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ باللىرى بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇش ئۈمىدى زور ئىدى. لېكىن، دىمىقىنىڭ ئۇستۇنلۇكى، بوينىنىڭ قاتتىقلىقى بالا ئالدىدا ئېگىلىشكە قويمايتتى. مانا قارا، ئاۋۇ نېغمەت مۇدىرمۇ سايىسىنى كۆرسەتمەسلا بولۇپ كەتتى. ئىككى يىل ئالدىدا ئۇ: «ئېرىم دەۋەرمەمسىز» دەپ چاقچاق قىلغاندا، مۇئەتتەرخان «بۇنداق گەپلەرنى قىلسىلا بوسۇغامغا دەسسىمىسىلە» دېگەنىدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ نېغمەت مۇدىرنىڭ كېلىشى شالاڭلاپ كەتتى. كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆيگە كىرمەي، تالادىلا: «ھاي مۇئەتتەرخان، بارمۇسىز، تېنىڭىز ساق، ئوبدان تۇرغانسىز» دەپ ھال سوراپلا كېتىپ قالىدۇ ياكى: «ئاھالە كومىتېتىدا يىغىن بار، قاتنىشىپ بېرەرسىز» دەيدۇ، خالاس. ئۇنىڭ قوپال بولسىمۇ ھەزىل — چاقچاقلىرىنى خويمۇ سېغىنىدى كىشى. ئەسلىدە: «بوسۇغامغا دەسسىمىسىلە» دېگەن گەپنى ئايال كىشىنىڭ نازى دەپ چۈشەنسە بولمامدۇ ئۇ دېۋەڭ؟! كونىلارنىڭ: «يارىمنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى» دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىمىغان ئوخشايدۇ. ھۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن شاۋۋچى مۇدىر.

مۇئەتتەرخان نېغمەت مۇدىرغا غايىبانە، لېكىن تاتلىققىنا دومسىيىپ زەردە قىلىۋالدى، شۇنداقتىمۇ ئابدۇسەمەتنى ئەكېلىۋېلىش ئىشىدا يەنىلا شۇنىڭغا تېۋىنمىسا بولمايتتى. نېغمەت مۇدىرلا ئوغلىغا گېپىنى يېگۈزەلەيتتى. مەيلى ئۇ ئاچچىقلىسۇن، چاقچاق قىلسۇن ياكى تەنبىھ بەرسۇن، ئابدۇسەمەت ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايتتى، بەلكى ئەۋلىيادەك كۆرەتتى. ئۇ داۋاملىق: «نېغمەت مۇدىر بولمىسا بۈگۈنكى كۈنىمىز، مۇشۇ قورۇ ـ جاي، ئاشخانىلىرىمىز بولمايتتى» دەپ ئانىسىغا ماختاپ بەرگەنىدى.

مۇئەتتەرخان كۆزلۈك يېلىنىڭ پەلتوسىنى كىيىپ، چۆچىلىق بۆرتمە رومالىنى ئارتىپ، نېغمەت مۇدىرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. خۇدايا تووۋا، نېمە ئىشتۇ؟ ئۇ دەرۋازا ھالقىسىغا قول ئۇزارتقاندا، يۈرىكى بىردىنلا سېلىپ، نەپسى بوغۇلغاندەك بولدى. ياشلىقىدىكى گۈزەللىك تېخى ئۆچمىگەن رۇخسارى ئوت ئېلىپ، قىزارغانلىقى ئۆزىگە مەلۇم بولدى. خۇدۇكسىنىپ ئەتراپىغا قارىدى ـ دە، ھالقىنى شاراقلاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھويلىدىن «ھە، مانا كەلدىم» دېگەن ئاۋازدىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلدى.

— پاھھوي مۇئەتتەرخانغۇ بۇ. نېمانداق دەرۋازا ئالدى يوروپ

كەتتىكىن دېسەم، مەھەللىمىزنىڭ شەمسى ـ قەمەرى بوسۇغىمىزغا قونۇپتىكەن ئەمەسمۇ، قېنى كىرىڭ.

مۇئەتتەرخان تال بوستانلىق، پېشايۋان، لاپاسلىرى ھەيۋەتلىك چوڭ قورۇغا قەدەم ئالدى. ئۇ نېغمەت مۇدىرنىڭ يول باشلىشى بىلەن ساراي ئۆيگە كىرىپ نەگە ئولتۇرۇشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. تاختايلىق پولغا تولدۇرۇپ گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئۇزۇن تاماق شىرەسىنىڭ ئەتراپىغا يېشىل موۋۇتلۇق دىۋانلار قويۇلغانىدى. بۇ دىۋانلار ئەمدىلا ئۆزلىشىۋاتقاچقا كۆپ ئائىلىلەردە يوق ئىدى.

— قېنى مۇئەتتەرخان، تۆرگە، ئەزىز مېھمان دېگەن تۆرنىڭ زىنىنىتى، — نېغمەت ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچ قىرلىق تور پەردىلەر تارتىلغان دىۋاننى ئىشارە قىلدى.

مۇئەتتەرخان ئايىغىنى سېلىۋېتىپ دىۋانغا چىقتى ـ دە، رومىلىنى بويىنىغا چۈشۈرۈپ قويدى.

— نېغمەت جۇرېن، دەرۋازىدىن كىرىپ بولغۇچە كۆن بىلەن ئايىغا ئوخشاتتىلە، — بۇ سۆپەتلەشلەردىن جېنى سۆيۈنۈپ كەتكەن مۇئەتتەرخان قەستەن تەكرارلىدى، — ئەمدى بولسا «ئەزىز مېھمان» دەۋاتىدىلا، بۇ گەپلەر نەدىن چىقىۋاتىدۇ؟

— يۈرەكتىن، مۇئەتتەرخان، يۈرەكتىن. يۈرەكتىن بولغاندىمۇ قات ـ قاتلىرىدىن دەڭا!

— ھەيتاڭەي، ئىشەنمەيمەن جۇما. ئۇنداق ئادەم ئىيۇن ئېيىنىڭ قىزىل قولتۇق پاقىسىدەك يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

— ھەببەللى، گەپنى ئۆزىڭىز تەشتىڭىز، ئەمدى مەندىن رەنجىمەڭ، — نېغمەتنىڭ ئاۋازىدىن راست ئارىلاشقان چاقچاق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى، — سىز بىلەن راسا بىر ئۇرۇشقۇم بار ئىدى. بىر ئاز سەۋر قىلىڭ. شورپىغا كەسمە چۆپ تاشلاپ قورساقنى پۇملىدىم. قانداق قىلىمەن، بويتاقچىلىق. گۆشنى سۇزۇپ قويغانىدىم، غاچچىدا ئەكىرەي، تېتىپ بېقىڭ.

نېغمەت چىقىپ كېتىپ بىر لېگەن گۆش كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

كىردى ـ دە، پىچاقتا توغراپ، قوۋۇرغىلارنى پارچىلىدى ھەم ئېلىڭ، بېقىڭ، قېنى ئۆزلىرىمۇ دېيىشىپ مايلىق سۆڭەكلەرنى شىلىپ يېيىشتى. نېغمەت چاي دەملەشكە ئېرىنىدىمۇ چايدانىدىن ئىستاكانلارغا قايناق سۇ قۇيۇپ قويدى. گۆش بىر قۇر يېيىلىپ قوللارنى سۈرتكەندىن كېيىن، مۇئەتتەرخان: «نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشماقچىدىڭ» دېگەندەك نېغمەتنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى.

— يادىڭىزدا بارمۇ؟ — گەپ باشلىدى نېغمەت، — بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ئەنزەرنى ئاجراشتۇرۇۋالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ سىزگە: «مۇشۇنداقلا باغرىڭىزنى قاتتىق قىلسىڭىز، باللىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالىسىز» دېمىگەنمىدىم. مانا، ئەنزەر بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، قاچان قايتىپ كېلىشى ناتايىن، بۇنى ئاز دەپ ئابدۇسەمەت سىزدىن تاندى. ئەمدى مەن ساباھەتتىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

مۇئەتتەرخاننىڭ بېشى مەيدىسىگە ئېگىلدى. راست، ئەنزەرنى ئاجراشتۇرغان چاغلاردا نېغمەت ئۈرۈمچىدە يىغىندا ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ خېلىلا چېچىلىپ قالدى. بىرمۇنچە قائىدە ـ نىزام، نىكاھ قانۇنلىرىنى تىت ـ تىت بولغان قىياپەتتە چۈشەندۈردى. ئۇ: «زادى سىزچۇ ھەممە باللىرىڭىزدىن ئايرىلىپ، بۇرنىڭىزغا سۇ كىرگەندىلا ئادەم بولىسىز» دەپ قويۇپ، ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ نېغمەت مۇدىرنىڭ ئايىغى سېلىكىپ بۇ ئائىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى.

— سىزنىڭ ئەنزەر مەسىلىسىدە گەپ ئوينىتىپ، «قىزنىڭ ئىش ئورنى يوق ئىكەن، ئانىسى كوچا سۈپۈرىدىكەن، بەك نامرات ئىكەن، مەرۇپ تۆمۈرچى كۆپ خوتۇن ئالغان خوتۇنباز» دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يالغان. سىزدىكى بىردىنبىر خاھىش يۇرتۋازلىق. مەن بۇنى بۇرۇندىن تارتىپ سېزىپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، كۆڭلىڭىزنى ئاياپ گەپ قىلمىدىم، — نېغمەتنىڭ سۆزلىرىدىن مۇئەتتەرخان ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلەلمەي

قالدى، — شۇڭا مەنمۇ غۇلجىلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم. «مىننەتلىك ئىشىڭدىن قارنىمنىڭ ئىچى ياخشى» دېگەن ماقالنى ئويلاپ قالسىڭىزمۇ مەيلى. مەن سىزگە شۇنچە يىللاردىن بېرى قەشقەرلىك دېمەي، ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر، بىر يىپقا تىزىلغان مارجانلار دەپ ياردەم قولۇمنى سوزۇپ كەلدىم. ئەجەبا سىز؟...

مۇئەتتەرخان بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. بولۇپمۇ نېغمەتنىڭ: «مەنمۇ غۇلجىلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم» دېگەن سۆزى ئۇنى ئىزا تارتقۇزۇپ تېخىمۇ بىئارام قىلدى. نېغمەتنىڭ شۇنچىۋالا ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئېغىز يىدىن چىقارماي كەلگىنى ئەلۋەتتە مۇئەتتەرخاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىقى ئىدى.

— سىزنى ئاھالە كومىتېتىمىزدىكى خېلى - خېلى ئاياللارغا تەڭ قىلمايمەن، — مۇئەتتەرخاننىڭ بەكمۇ ئوسال ھالەتتە قالغانلىقىنى سەزگەن نېغمەت ئۇنىڭ ئورنىنى سەل كۆتۈردى، — «ئالتۇننىڭ ھورىدا مىسمۇ ئالتۇندەك پارقىرايدۇ»، «ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېڭى يۇقىدۇ» دېگەندەك، مەخەت ئەپەندىم بىلىملىك زىيالىي بولغاچقىمۇ، سىزمۇ خېلىلا سەۋىيەلىك ئايال. ئەمما، بىر ئەسكىنىڭ ئەنت - قىساسىنى دەپ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسىڭىز، سىزنىڭ مۇشۇ سالاپىتىڭىزگە توغرا كېلەرمۇ؟ مۇسۇلمانچىلىقتىمۇ «ئاداۋەت تۇگۇچىنى يەشكۈلۈكى، تۇگكۈلۈك ئەمەس» دېيىلىدىغۇ؟

نېغمەت مۇئەتتەرخاننى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويغا سېلىپ قويغان خىياللىرىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتاتتى. دېمىسىمۇ «ئۇ يۇرت، بۇ يۇرت» دەپ تارتقان زىيىنى، كۆڭۈل ئاغرىقى ئازمۇ؟ بۇ خۇددى ھەرقانداق باغنىڭ يەل - يېمىشلىرىگە كېسەل تەگكەندەك، ھەممىلا يۇرت خەلقىنىڭ ئىچىدە قۇرتى، سېسىقى، زېدىسى بارلار بولىدۇ - دە.

— مەنمۇ ئوغۇللىرىمدىن ئايرىلغاندىن بېرى ناھايىتى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كـۆپ ئويلـىـدىم، ــ مۇئەتـتەرخان ئۆكـۇنۇش ئىچـىدە ئاسـتـا سۆزلىدى، ــ ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنىڭ قانداق تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. ئايال كىشىنىڭ ئەقلى قىسقا، چېچى ئۇزۇن بولىدۇ، دېگەن گەپلەرنى خويما توغرا دەپتىكەن، جۇرېن، لېكىن بەك كېچىكىپتىمەن.

ــ قاراڭ، مۇئەتتەرخان، ــ سۆزىنى ئۈلىدى نېغمەت، ــ سىزنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگىنىڭىز ماڭا ئايان، مەن ئابدۇسەمەت بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ: «بىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدۇق، ئانىمىزنىڭ سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ قورۇدا ئولتۇرغۇم يوق» دەپ قەتئىيلا رەت قىلدى. شۇڭا، مەن: «ھەر ئايدا ئىجارە تۆلەپ نېمە كەپتۇ؟ ھويلامدا ئالتە ئېغىز ئۆي بار، شۇنىڭ ئىككى ئېغىزىدا سەن ئولتۇر، ناھايىتى بىرلا كوچا ئاتلىسا ئاناڭمۇ كېلەلەيدۇ. سەنمۇ ھەر كۈنى يوقلاپ تۇرالايسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش كۈنلىرى ئۆگزە، ھويلىلارنىڭ قارلىرىنى يالغۇز تازىلاپ بولالمايدىكەنمەن» دېۋىدىم، ئۇ دەرھاللا قوشۇلدى.

ــ راستما؟ ــ مۇئەتتەرخاننىڭ چىرايى ۋاللىدە ئېچىلدى. ئابدۇسەمەت نېغمەتنىڭ قورۇسىغا كۆچۈپ كەلسە خېلىلا ئوڭشۇلۇق بولاتتى، ئۇنلۇكرەك ۋارقىرىسا ئاڭلىنىدىغان ئىككى قەدەم ئارىلىق تۇرسا.

ــ چىنپۇتمىسىڭىز كۆچۈپ كەلگەندە كۆرەرسىز، ــ نېغمەت ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغان مۇئەتتەرخاننىڭ كۆڭلىنى ياساش بىلەن بىللە چېكىپ بېقىشنى ئويلىدى، ــ كىم بىلىدۇ، ئابدۇسەمەت مەڭگۈ مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرۇپ قالامدۇ.

ــ نېمىشقا ئەمدى؟

ــ ئىككىمىز سىزنىڭ ھويلىڭىزنى ئاۋات قىلمامدۇق...

ــ ۋاي خۇدايىم نېغمەت جۇرېن، نېمانداق چاقچاقلارنى قىلىپ يۈرىدىلا؟ ــ مۇئەتتەرخاننىڭ يۈزى لاپپىدە ئوت ئېلىپ، پۈتۈن تېنى جىمىرلاپ كەتتى، ــ «ئاۋات» قىلىدىغان ئادەم ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمەيدۇ.

— بولدى، ئۇنداق بولسا كۆدە – كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ ئاخشاملىقىلا بېرىۋالاي...

— ۋايتوۋا، — مۇئەتتەرخان بىردىنلا ياشلىقىغا قايتقاندەك، يۈرىكى سىلىپ، ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل شېرىن تۇيغۇ بەدەن – بەدەنلىرىنى لەرزىگە سالدى، — نېمانداق قېلىن بولاپ كەتتىلە، جۆرېن، يۈزلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشلىرىدىن قورقاملا؟

— سادىغاڭ كېتەي، مۇئەتتەرخان، ھەر ئىككىلىمىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكىدىغان ۋاق بولۇپ قالدى. قاچانغىچە تەنھالىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، يالغۇز – يېگانە، ھېلىم دىۋانىدەك يۈرىمىز دەيمەن؟

— بۇنچىۋالا ئالدىراپ نېمە كەپتۇ؟ — مۇئەتتەرخان چىرايلىق كۆزلىرىنى دېرىزە تەرەپكە ئاغدۇردى.

— ئالدىرىمىسام سىزنى ئۇچۇرۇپ قويىدىغاندەك تۇرىمەن.

— ئالجىمىسىلا تولا.

بىر كۈنى ئاھالە كومىتېتى ئىشخانىسىغا پېنسىيەگە چىققان سالاپەتلىك بىر كادىر نىغمەتنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئاغزىنى تەمشىپ، ئىنجىقلاپ، بىر چاغدىلا زوۋانى ئېچىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مۇئەتتەرخاننى بىرنەچچە قېتىم ئۆستەڭبويى ئاشخانىسىدا كۆرۈپ، سۈرۈشتە قىلغانلىقى، تول ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سالاپەتلىك كادىر بۇ ئايالنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشنى نىغمەت مۇدىردىن ئۆتۈندى. نەچچە يىللاردىن بېرى مۇئەتتەرخانغا خام تەمەدە يۈرگەن نىغمەت ئىككەنمەيلا:

— بۇ ئىشتىن قول ئۈزسىلە، ئۇ ناھايىتى ھازازۇل، بىشەم ئايال، ئوغۇللىرى بىر – بىرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن لۈكچەك. ئۆتكەندە سىلىدەك بىر كادىر ئەلچى

كىرگۈزۈپتىكەن، بالىلىرى ئۇرۇپ «ئاغزىڭ قاياقتا، بۇرنۇڭ ماياقتا قىلىۋېتىپتۇ» دەپلا ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى، — دېدى.

— قاراڭ، مۇئەتتەرخان، قاچۇرۇۋەتكىنىم يامان بوپتۇمۇ؟

— ئۆتەپ باسىلا، جۇرېن، ئېشىپ - تېشىپ پېنسىيەگە چىققان قېرىلارنىڭ كۆزى چۈشۈپتىما ماڭا؟ — مۇئەتتەرخان نېغمەتنىڭ مەزمۇت گەۋدىسىگە ۋە يارقىن چىرايىغا كۆز تاشلىدى.

— بىراق، ئۇ سىزنىڭ بىر يۇرتلۇقىڭىز، قەشقەرلىككەن ئەمەسمۇ؟

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ناتونۇش قەشقەرلىك. ئۆزۈم تونۇمىغان، بىلمىگەن ھەم خۇي - مىجەزىنى چۈشەنمىگەن ئادەملەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

— ھەببەللى، مۇئەتتەرخان، ئەسلىدىمۇ سىز ئەقىللىك، ھوشيار ئايال، — دېدى نېغمەت ئۇنى ماختاپ، — ئەگەر بۇرۇنراق مۇشۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، ئەنزەر، گۈلبانۇم، ئابدۇسەمەتلەر بوگۇنكىدەك كۈنلەرگە قالماس ئىدى.

مۇئەتتەرخان بۇ ھويلىدىن ناھايىتى خۇشال چىقتى. ئۇ يەردە مېڭىۋاتامدۇ ياكى ئۇچۇۋاتامدۇ، ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى. كۆزىنىڭ يېغىنى يېگۇدەك چىرايلىق سىيماسى ئۇقار پېيىدەك پېپىيىنىك، قەدەملىرى تېز، كۆزلىرىدە يالقۇن، چېھرىدە كۈلكە جىلۋىلىنەتتى. «ھايۋان تۇياقتىن سەمرەر، ئادەم قۇلاقتىن» دېگەن گەپنى قايسىبىر دانا دېگەن بولغىيدىكىن، نېغمەتنىڭ خاپىغاندەك قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ مىڭ يىللىق ئەلەملىرىنى، تۈمەن مىڭ يىللىق نادامەتلىرىنى يۇيۇۋەتكەندەك بولدى. توۋا، كۆڭۈل دېگەن شۇنچىلىك بىر نېمىكەنغۇ؟ قارىمۇقىنىڭ قاسرىقىدەك كىچىك بىر ئىشتىن ياداپ، كۈنجۈتتەك تاتلىق گەپتىن ياشىرىپ كېتىدىكەن. مانا ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن سېغىنغان، خۇماردىغان (سەل قوپال بولسىمۇ) نېغمەتنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بۆلەكچىلا

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەتتى... خۇددى تەشتەكتىن باغقا كۆچۈرگەن گۈلدەك بىردىنلا ياشىرىپ، چاقناپ-چاڭقىغان يۈرەك رىشتىلىرى باھار يامغۇرىغا قانغاندەك بولدى! بۇ خۇشخۇي ئادەم گويا مۇئەتتەرخانىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈنلا يارالغاندەك قىلاتتى. بالىلىرىنىڭ ئۆز ئاتىسىدەك كۆرىدىغىنىچۇ تېخى. ئەگەر نېغمەت قۇلىقىنى تولغىمىغاندا، ئابدۇسەمەت دېگەن توڭكاي ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئىلىك ئالمايدۇ. ياخشى كۆرگەن خوتۇنىنى دەپ ئانىسىدىن تېنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ۋاي دەردىڭگەي، ھازىرقى زامانىنىڭ ياش بالىلىرى نېمانداق ئۆز بېشىمچى، ئاتىكارچى، گەپدان، بىلەرمەن بولۇپ كەتتىكىنتاڭ؟! ئىسلاھات، قويۇۋېتىش، ئېچىۋېتىش دېگەندەك بىرنېمىلەر يولغا قويۇلۇپ جاھان كەڭتاشا بولۇپ كېتىۋىدى، بۇرۇن ياڭاق شۆپۈكىگە كولۇپ كىلىپ قالغان ئادەملەر ئەمدى ئالەمگە پاتماي قېلىشىۋاتىدۇ. خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئىت لوقمىنى چاينىماي يۇتقاندەك، گېلىنىڭ يىرتىلىپ كېتىشىدىن كارى يوق، ھەممىنى بىلسەم، ئىگىلىسەم، يېسەم - ئىچسەم، كىيسەم، ياخشى كۆنلەرگە ئېرىشسەم، ئامەتلىك بولسام، خامانىنىڭ موما ياغىچىدەك كۆزگە كۆرۈنسەملا دېيىشىدىكەن. بىزنىڭ زامانىمىزدا كىيىم ياماق بولسىمۇ، قورساق تويغانغا شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ئاتا - ئانىمىزنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆتۈشەتتۇق. بىراق، ھازىرقى ياشلار ئۇنداق - مۇنداق نەرسىلەرگە قانائەت قىلىشمايدۇ. تېخى ئابدۇسەمەت دېگەن بۇرنى كۆپكەن ئوغرى، توي قىلىشنىڭ ئالدىدا ھېچ ئەيمەنمەي: «ھەي ئانا، ئەرگە تەگكىلىرى بارما؟ تويلىرىنى قىلىپ قويىلى» دەۋاتامدا. ئەرۋاھى قېرىق گەز ئۆرلىگەن مۇئەتتەرخان: «ھۇ ئاغزىغا مەرەز چىققۇر دىۋانە، ئانىغىمۇ شۇنداق گەپ قىلغۇلۇقما؟» دەپ قولىغا نوغۇچنى ئېلىشىغا، ئانىسىنىڭ قولىنى كاپلا تۇتۇۋېلىپ:

«ھەي ئانا، تولا تە بولمىسىلا دەيمەن، قۇرئاندا، تەنھا قالغان ئاتا - ئانىلارنى ‹ئۆيلەپ قويىلىمۇ، ھەمراھلىق بولۇۋالسىلا، يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىلا دەپ تۇرۇش ئوغۇل - قىز پەرزەنتىنىڭ پەرزى› دېيىلگەن. مەن بۇ گەپنى ئاللا يولىدا دەۋاتىمەن جۇما» دەپ مۇئەتتەرخاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. بۇ شۇم كىمنى كۆزلەپ شۇنداق دېگەن بولار؟ دۇرۇس، ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دېگەندەك، نىغمەت ئۇنى دۆشكەلەپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ تۇرسىمۇ يەنىلا شۇنىڭغا سۇۋىنىپ، «ئاكا» دېگەن سۆز ئاغزىدىن ئانارنىڭ ئۇرۇقىدەك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ھىم، ئەمدى روشەن بولدى، بۇ كاساپەت ھىيلىگەر مېنى غۇلجىلىققا سايە قىلىپ، ئۆزىگە يول ئاچماقچى ئىكەن - دە، مىنە بۇ قارا مەدەكنىڭ ئۇستاتلىقىنى كۆرۈڭ.

بۇ قېتىم مۇئەتتەرخان قاغا پېيىدەك قاشلىرىنى يىمىرىپ، كۆزلىرىنىڭ ئەستەر - پاختىسىنى چىقىرىپ ئاچچىقلاپ قېلىشىنىڭ ئورنىغا، غەرەزسىزلا بىر چىرايلىق كۈلۈۋەتتى، كۈلگەندىمۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۈلدى. بۇ كۈلكە يۈرىكىنىڭ ئەڭ پىنھان يەرلىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى. شۇ كۈلگەنچە يۈزلىرىنى ئالىقانلىرىدا توسۇپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. چۈنكى، بۇ كۈلكە ئۇنىڭ يۈز - بويۇنلىرىنى سىلاۋاتقاندەك، ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئەركىلىتىۋاتقاندەك، ئۇزاق يىللار ئايرىلغان، لېكىن زادىلا ئۇنتۇيالمىغان نەرسىنى يادىغا سېلىۋاتقاندەك... قانداقتۇر بىر نېمە تاتلىق غىدىقىنى كەلتۈرۈۋاتقاندەك تومۇر - تومۇرلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. بولۇپمۇ نىغمەتنىڭ: «ئىككىمىز ھويلىڭىزنى ئاۋات قىلامدۇق»، «ئاخشاملىقتا بېرىۋالاي»، «ئالدىرىمىسام سىزنى ئۇچۇرۇپ قويغۇدەكمەن» دېگەن سۆزلىرى مۇئەتتەرخاننىڭ پۈتۈن تېنىنى سىمابتەك ئېرىتىپ، كۆكرىكىنىڭ تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقان شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ گۈللىرى تىترەپ تۇراتتى. ھەتتا نىغمەتنىڭ كۈنداشلىق

قىلىپ ھېلىقى پېنسىيونېر كادىرغا: «بىشەم، ھازازۇل» دەپ يامانلاپ بەرگەن ھاقارىتىگىمۇ مۇئەتتەرخاننىڭ غەزەپ قېپىي يېرىلماي، بەلكى جانلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى... مانا بۇ «گۆرۈچتىن خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپ قاپتۇ» دېگەنلىك - دە.

مۇئەتتەرخان مۇشۇنداق باش - ئۇچى يوق خۇشاللىقلار ئىچىدە ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە نېغمەت ھاسىراپ كىرىپ كەلدى - دە، ھويلىدىلا ۋارقىرىدى:

— ھاي مۇئەتتەرخان، ئوغلىڭىز كۆچۈپ كەلسە، ھال سوراپ ئالدىغا چىقىپمۇ قويمايسىزا؟ يا قولىڭىزنى ئەگرى قىلغۇڭىز يوقمۇ؟

— ۋاي ئۇنداق بولامدىغان، ئالتۇن جۇرىن، خالىزىم بولۇپ، بۈگۈن كۆچۈپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپلا قاپتىمەن.

ئۇلار كەلگەندە، ئابدۇسەمەت، روشەنگۈل نەرسە - كېرەكلىرىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ ھويلىغا دۆۋىلەپ قويغانىدى. روشەنگۈل ئېتىلىپ كېلىپ قېينئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. ئابدۇسەمەت سۇسلا ئېگىلىپ سالام قىلىۋىدى، نېغمەت بىرلا ئالىيىپ ئىشارە قىلىشىغا مۇئەتتەرخاننىڭ قېشىغا تېلىقىپقىنا كەلدى:

— ئانا، ئۆزىمىزنىڭ ھويلىسىغا كەلمەكچىدىم، — دېدى ئابدۇسەمەت نېغمەتكە كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — ئويلاپ باقسام، گۈلنىسا يەڭگىمىزنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭغىمۇ بىر ئۆي كېتىدۇ. ساباھەت بار. شۇڭا، سىلەرنى قىستاپ قويماي دېدىم. نېغمەتكامنىڭ شۇنچە ئۆيلىرى بىكار ئىكەن، شۇڭا كۆڭۈللىرىگە ئالمىغان بولسىلا.

— ئۇنداق بولامدىغان، بالام، نېغمەتكاڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش، ناھايىتى يۆتەلسە ئاڭلانغۇدەك ئارىلىق تۇرسا.

— راست، ئاپا، — دېدى روشەنگۈل ئېرىنى ياقلاپ، —

ئەسلىدە سىلىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرماقچىدۇق، لېكىن ئۆزلىرىنى تەڭلىككە سىلىشنى خالىمىدۇق.

— ۋاي بوپتۇ، قىزىم، تېگىل بولدى، ماڭا تېگىل بولدى، — نىغمەت بىلەن ئۆزىنىڭ قورۇسىنى «ئاۋات» قىلىش شەيتىنى قورسىقىغا كىرىۋالغان مۇئەتتەرخانغا بۇ ئەپلىك پىلان بەكمۇ ياققانىدى، — ئارىلىق يېقىن بولغاندىكىن ئەتىسى - ئاخشىمى تاماق سۇنۇشۇپ، ھالىڭ نېچۇك دەپ يورۇشسەك ماڭا شۇ كۇپايە.

ئۇلار ئولۇشكۇن ئاھالە كومىتېتىدىكى ياش باللار ئاقارتىپ، سىرلاپ قويغان ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيلەرنى كۆرۈپ خوشال بولۇشۇپ كەتتى، بولۇپمۇ روشەنگۇلنىڭ قەۋەتلا مەمنۇن بولغانلىقى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— نەرسە - كېرەكلەرنى بىز ھە - ھۇ دېيىشىپ ئەكىرىۋالىمىز، — دېدى نىغمەت مۇئەتتەرخانغا، — سىز ئۆيگە بىرىپ قەشقەر پەدىسىدە راسا قاملاشتۇرۇپ بىر مەنپەر تاشلىمامسىز. ئۆز قولىڭىزدا ئەتكەن ئاشنى ئىچمىگىلىمۇ ئۇزاق زامانلار بوپتۇ.

— مەنپەر ئىچكۈسى بار ئادەم ئېگىز بويىنى پەس قىلىپ كىرىدىغان گەپ، — ئىككى كۈندىن بېرى تاتلىق خىياللار بالاسىمۇ، مۇئەتتەرخان باللارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغانىدى، — خۇددى نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك، بىلىمىزگە شال تېڭىۋالغاندەك گىدىيىۋالماي.

ھەممىسىنى كۆلدۈرۈۋەتكەن مۇئەتتەرخان دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە بېرىپلا تاماققا تۇتۇش قىلدى. ھازىر ئاشخانىنىڭ كاسسىرلىقىنى ئېغىربوي گۇلنىسا قىلاتتى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كەتكەنىدى. ئەنزەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ بىرەر ئاي ئۆتمەيلا ئېغىر تۇمۇ تەگكەن مۇئەتتەرخان ئۆيگە يېنىپ كېلىۋالغانچە

www.uyghurkitap.com

بارمىدى. چۈنكى، ئۆي - ھويلىلار ئادەمسىز چۆلسىرەپ قالاتتى. ھازىر ئابدۇسەمەت بىر ئۇستام، ئەككى مۇلازىمەتچى يالالاپ ئىشلەتكەچكە، ساباھەتمۇ ئانچە چارچاپ كەتمەيدىغان بولدى.

«تەلەيسىز تالقان يېسە شامال چىقىپ ئۇچۇرۇپ كېتەر، تەلەيلىك تالقان يېسە يامغۇر يېغىپ نەمدەپ بېرەر» دېگەن تەمسىل تولىمۇ توغرا ئېيتىلغانىكەن. مانا تەلىيى ھەر تەرەپتىن ئوڭ كېلىۋاتقان مۇئەتتەرخان گويا قىزلىقىغا يانغاندەك چەبدەس بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مەنپەرنى يىراق تۇرۇپ قارىسىلدىتىپ تاشلىدى، دورا - دەرمەكلىرىنى تەڭشەپ، قىپقىزىل شەلپەردەك ئاش سۈيىگە قورۇتۇلغان پىننە تالقىنىنى سەپتى. ئۇ ئەمدىلا تۈزىنى تىتىپ تۇرۇشىغا نېغمەت، ئابدۇسەمەت، روشەنگۈللەر كىرىپ كېلىشتى - دە، كۈلكە - چاقچاقنى باشلىۋەتتى. ئۇلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك تاماق شىرەسى ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ پىننە ھىدى گۇپۇلدەپ دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان مەنپەرنى ئىچىپ ئولتۇرۇشىغا ساباھەت كىرىپ كەلدى. ئۇن يەتتە ياشقا كىرگەن بۇ قىز بوي تارتىپ رەڭگى - رۇخسارى سۇزۇلۇپ رەسىدە بوسۇغىسىغا قەدەم ئالغانىدى.

— ۋاي - ۋۇي قالتىسقۇ سىلەر، كۈلكەڭلارنى تالادا تۇرۇپلا ئاڭلىدىم، — ساباھەتنىڭ قوي كۆزلىرى يېنىپ تۇراتتى، — بۇ ھويلىدا ئۇنداق خۇشاللىقلار بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولغان كىشى، نېغمەت دادام بار يەردىغۇ، ھازىمۇ تويغا ئايلىنىدۇ.

تاماق ئىچىلىپ، قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن نېغمەت ئالدىراپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇ چۈشتىن كېيىن ئاھالە كومىتېت كادىرلىرى بىلەن يىغىن ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى. مۇئەتتەرخان ئۇزىتىپ ماڭغانىدى، روشەنگۈل بىلەن ساباھەتمۇ ئورنىدىن تۇردى.

ئەمما، ئابدۇسەمەت ئىككىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ـ دە، «چىقماڭلار» دېگەندەك ئىشارە قىلدى. بۇ ئىشتىن دەسلەپتە ھەيران بولغان قىزلار ئابدۇسەمەتنىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ، بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. ئاڭغىچە كوچىدىن مۇئەتتەرخاننىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازى كېلىشى بىلەن ئۇلار ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— ساباھەت، — دېدى ئابدۇسەمەت ئانىسى كىرگەندىن كېيىن، — سەن چۈشتىن كېيىن ئاشخانىغا بارماي گۈلسۈمخان ئانىنى يوقلاپ كەل، ئاكامنىڭ قىزى ئالىنۇرغا ئىككى ئايدىن بېرى ھېچنېمە ئاپىرىپ بېرەلمىدۇق. ئۇلارمۇ ئېغىز ئېچىپ بىرنېمە دېمىدى.

ئابدۇسەمەت سىڭلىسىغا ئەللىك سوم تۇتقۇزدى.

— ئوبدان ئويلاپسەن، بالام، — مۇئەتتەرخان قونغان شېخى مىدىرلىسا، دەرھال باشقا شاخقا يۆتكىلىدىغان ئاياللاردىن ئىدى، — بىر بالىغا كېتىدىغان چىقىم ئاز بولمايدۇ. ئۇلارمۇ ياخشى خەقلەر ئىكەن، ھازىرغىچە بالىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىزگە سالمىدى.

«ياخشى خەقلەر ئىكەن» دېگەن سۆزنى ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ئابدۇسەمەت بىلەن ساباھەت خۇددى كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراشتى. مۇئەتتەرخان بۇ سۆزنى بالىلىرىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلگەنلىك خۇشاللىقىدا دەۋەتتىمۇ ياكى نېغمەتنىڭ يۈرىكىدە ئويغاتقان شېرىن تۇيغۇلار سادىغىسى ئۈچۈن دېدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ نۇرلىنىپ، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي قالغىنىغا قارىغاندا كېيىنكى ئېھتىمال يېقىن ئىدى. ئابدۇسەمەت ئىچىدە: «بۇرۇنراق مۇشۇنداق دېگەن بولساڭ، ئەنزەر ئاكام بىلەن گۈلبانۇم ئاچام ئېغىر كۈنلەرگە

www.uyghurkitap.com

قالارمىدى» دەپ ئويلىدى.

ئىككى ئايدىن بېرى ئالىنۇرنى كۆرمىگەن ساباھەت كىچىك سىڭلىسىنى سېغىنغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشىغا، مۇئەتتەرخان بىر كىيىملىك يىپەك رەختنى گېزىتكە ئوراپ دەرۋازا ئالدىدا ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ـ دەپ

ـــ قىزىم، گۈلسۈمخاندىن مەن ئۈچۈن قاملاشتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپ قوي. مۇنۇ بىر كىيىملىك رەختنى ئۆزۈم كىيەرمەن، دەپ ساقلاپ يۈرەتتىم، بۇنى ئالىنۇرغا كىيىم قىلىپ بەرسە زايە بولۇپ كېتىدۇ. ئۆزى تىكتۈرۈپ كىيسۇن. مېنىڭ «ئاشخانىدىن بىرەر مىنۇت ئايرىلالمايدۇ» دەپ قويارسەن، ئەگەر رازى بولسا ئالىنۇرنى ئەكەلگەن بولساڭ كۆرۈپ باقسام، ئۇمۇ كۆز ئېچىپ كۆرگەن نەۋرەم ئەمەسمۇ، ـــ دەپ ئۆچكە ياغلىرى ئېرىپلا كەتتى.

ـــ بولدى، ئانا، ئېرىپ ئىچۈرمىسىلىمۇ نېمە دېيىشنى ئوبدان بىلىمەن.

«توۋا، ماۋۇ ئانامنى؟» ساباھەت يولدا كېتىۋېتىپ ئاستا پىچىرلىدى. دېمىسىمۇ بۇگۈنكى دەرقەمتە يېيىلگەن بىر ۋاخلىق تاماقتىكى پاراڭ، كۆلكىلەر ياقا تۇتۇپ ھەيران قالارلىق خۇشاللىق ئىدى. ئەنزەر كېتىپ ئۆزىنى تىڭشاپ قالغان مۇئەتتەرخان كەم سۆز، قولى ئىشقا بارماس، سەھەر تۇرماي يوتقاندا خېلى ۋاقلارغىچە خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۆي ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قىلىشىدىغان پاراڭلارمۇ ئازىيىپ كەتكەنىدى. ئابدۇسەمەت ئانىسىدىن يوشۇرۇن توي قىلىپ، ئۈچ ـ دەرۋازىدا ئولتۇرۇۋاتقان كۆنىلەردىن باشلاپ، مۇئەتتەرخاننىڭ قاپىقىغا قار بۇلۇتلىرى كۆچۈپ كەلگەنىدەك زادىلا ئېچىلماي ئۆتۈپ كەتتى. بۇرۇنقى ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىدىغان «نېمە تاماق ئېتىمىز»، «ئانى ئال، مانى قوي» دېگەندەك گەپلەر بىردىنلا يوقىلىپ، ئانا، كېلىن، قىز ئۈچى «گاچا» بولۇپ قېلىشقانىدى. گۈلنىسا بىلەن ساباھەت نېمە

قىلىشماقچى بولسا ئىما ـ ئىشارىلەرنى قىلىشاتتى ياكى مۇئەتتەرخان ياتقان ئۆيگە قاراپ قويۇپ، پەس ئاۋازدا شىۋىرلىشاتتى. قىسقىسى، بىر كۈندە بىر قېتىممۇ ئاۋاز ئاڭلانمايدىغان ساداسىز لەھەتكە ئايلانغانىدى. بۇ بۇرۇقتۇرمىلىق، دىمىقتىلىق، ئۈنسىز جىمجىتلىقتىن ئىچى سىقىلىپ چىدالمىغان گۈلنىسا بىلەن ساباھەت چاپسانراق ئاشخانىغا كىرىشنى ئويلايتتى ھەم تالاغا چىققان ھامان كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئەركىن نەپەس ئالاتتى. مۇئەتتەرخاننىڭ بەزى كۈنلىرى قاپىقىدىن قار ـ مۇز يېغىپ تۈتۈلۈپ كەتسە، بەزى كۈنلىرى ئوتقاشتەك قىزارغان كۆز ـ قاپاقلىرىدىن كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقىنى بىلىۋالماق ئانچە تەس ئەمەس، ئىدى. توغرا، ئۇنىڭ نېمىدىندۇر ئازابلىنىپ، ھەسرەت ئىچىدە پۇچىلىنىۋاتقانلىقى، پۇشايمان زەردابلىرىنى ئىچىۋاتقانلىقى ئېغىر ھەرىكەتلىرىدىن، يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن، مىسكىن چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. مۇئەتتەرخان نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاشىق ـ دەرۋىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى؟ بۇ زىھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدىن چەتتە ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز ئالدىنقى سەھىپىلىرىمىزدە قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ چاغلاردا بۇ جاھىل ئانا ھاياتىدىكى قىسمەت ـ كەچمىشلىرىنى، ياش چاغلىرىدىكى مۇھەببىتىنى، بېشىغا كەلگەن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى، ياخشىلىق ھەم يامانلىقلارنى يۇرتۋازلىق تارازىسىدا ئەمەس، بەلكى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ ئازابلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرى ئىدى. بۇ ھەقتە رومىن روللان: «ئازابلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ساپان بىر تەرەپتىن يۈرىكىڭنى تىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھاياتىڭنىڭ يېڭى بۇلىقىنى قازىدۇ» دەپ بەكمۇ توغرا ئېيتقان. ۋىجداننىڭ سوئال ـ سورىقى ئالدىدا يۈرىكى ئۆرتىنىپ، يۈزى قىزارغان مۇئەتتەرخان نېغمەتنىڭ ھىممىتىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ئۆيگە باردى.

بۇ خۇش پېئىل، خۇشناۋا مۇدىر ئۆزىنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈمەل، قىرتاق تەنبىھلىرى بىلەن ئۇنىڭ تەييارلا بولۇپ قالغان جاراھىتىنى ئېغىز ئالدۇرغان بولسا، مەنىلىك ھەزىللىرى ئارقىلىق مۇئەتتەرخاننىڭ چاڭقىغان قەلب باغلىرىغا سۇ باشلاپ ياشنىتىۋەتتى...

ساباھەت دەريا بويى كوچىسىغا قايرىلغاندىمۇ يەنىلا خىيالىدىن باش ئالالمىدى. ئۇ ئىككى ـ ئۈچ ئايدا بىرەر قېتىم ئالىنۇرنى كۆرگىلى بارغاندا مەشچى ئەكبەرنىڭ ئالىنۇرنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن، پەشمەت يېگۈزۈۋاتقان ھالدا كۆرەتتى. گۇلسۇمخان ئانىسىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر تىراكتورچى ئوغلى بار ئىمىش، لېكىن ساباھەت ئۇنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باققىنى يوق. چۈنكى، ئۇ قۇرۇلۇشلارغا خىش، شېغىل، قۇم توشۇپ كىراكەشلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە كېچىلىرى كېلىدىكەن، بولمىسا سىرتلاردا قونۇپ قالىدىكەن. ساباھەت تولىمۇ ئەقىللىك قىز. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە گۇلسۇمخانغا: «ئانام ئۆزلىرىدىن بەكمۇ خىجىل، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېرىپ كەچۈرۈم سورايمەن» دەيدۇ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. كۆڭۈل دېگەننىڭ دورىسى تاتلىق ـ يۇمشاق گەپلەرمۇ، بىلمىدۇق، ھەر ھالدا گۇلسۇمخانمۇ كونا ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ، لەپپىدە ئېرىپ قالاتتى ـ دە: «رەھمەت» دەپ قوياتتى. مانا بۈگۈن بۇ بىر كىيىملىك رەختنى بەرسە، ساباھەتنىڭ توقۇغان لاپلىرى راستقا ئايلانامدۇ!

ساباھەت ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە چىغ سۇپۇرگىنىڭ بوشىشىپ قالغان سىم چەمبىرىنى ئامبۇردا چىڭىتىپ ئولتۇرغان گۇلسۇمخان سۇسلا كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ساباھەت ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرۇشىغا، سۇپىدا ئويناۋاتقان ئالىنۇر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ساباھەت قىزنى باغرىغا بېسىپ كۆزلىرىگە ياش

www.uyghurkitap.com

ئالدى.

— بۇنى سىزگە ئەكەلدىم، — ساباھەت ئالىنۇرنىڭ قولىغا ئەللىك سومنى تۇتقۇزدى، — بۇنىڭغا نېمە ئالىسىز؟

— پەشمەت ئاكام ماڭا... ماڭا مەشمەت ئېلىپ بېرىدۇ، — قىز ئۇچىسىدىكى گۈللۈك پوپايكىنى كۆرسەتتى، — مېنىڭ هاي ـ هاي كۆينۇكۇم بار. بۇنى ئەنەي دادام بەردى.

— مەن بىلەن بازارغا بارامسىز؟

— ياق، مومام يىغلايدۇ.

ساباھەت گېپىزىتكە ئورالغان رەختىنى گۈلسۇمخانغا تۇتقۇزدى.

— ئانام بۇنى سىزگە ئەۋەتكەنىدى، لايىقىڭىزدا بولمىسىمۇ.

— رەھمەت، قىزىم، قوبۇل قىلالمايمەن، بەلكىم بۇنى، مېنى قەلەندەر ـ دىۋانە كۆرۈپ ئەۋەتكەندۇ. بىراق، ھۆكۈمەت بېرىۋاتقان مائاشىم ماڭا ئازادە يېتىدۇ.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، گۈلسۇمخان ئانا، — ساباھەت يىغلىۋەتتى، — راست، سىزنى بەكمۇ رەنجىتتۇق. ھازىر ئانام ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ ئازابلىنىپ يۈرىدۇ. بۇنى ئالمىسىڭىز «مېنى كەچۈرمەپتۇ، مەڭگۈ ئاداۋەت تۇتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆڭلى تېخىمۇ بىئارام بولىدۇ.

گۈلسۇمخان خورلۇق تۇيۇلۇۋاتقان بۇ سوۋغىنى ھەرگىز قوبۇل قىلغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، ئۆزىنىڭمۇ ئەنزەرگە دېمىگەن ـ ئەتمىگىنى قالمىدى. ئىككى ياشنىڭ بىھۇدە ئايرىلىپ كېتىپ، بىرسىنىڭ ئازاب ئىچىدە خورلىنىشىغا، بىرسىنىڭ سەرسان بولۇشىغا سەۋەب بولغان گۇناھى ئۆزىگە ئايان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرىدا بىر بالا بار. ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر يىغلا ـ قاقشا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يىرىكلەشتۈرۈشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسى يوق ئىدى.

گۈلسۇمخان بىلەن ساباھەت يېرىم سائەتتەك پاراڭلىشىپ

ئۇلتۇرۇشتى. بۇ كۆڭلى تۈز، ئاق كۆڭۈل قىز ئانىسىنىڭ قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى، جايلىمىزدا ئولتۇرۇپ سەھەرلەردە خۇدادىن گۇناھىنى تىلەيدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئەنزىر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تولىمۇ مىسكىن، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى قاتارلىق راست ـ يالغاننى قوشۇپ سۆزلەپ گۈلسۇمخاننى خېلىلا يۇمشىتىپ قويىدى. كونىلاردا: «ئۆزى ئۈچۈن قىلىنمىغان ئوغرىلىق ئوغرىلىق ھېسابلانمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، بۇمۇ ساباھەتنىڭ ئىككى ئائىلىنى كىنە ـ كۇدرەتلەردىن خالىي قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ياخشى كۆڭلى، ئەلۋەتتە.

— ھەي... شۇنداقمۇ دەيمىز، — دېدى گۈلسۇمخان بېشىنى چايقاپ، — ئازماس ئاللا، ئازغۇن بەندە ئەمەسمۇ، ئازمايدىغان كىم بار؟ مانا مەنمۇ ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ، ئوغا يۇتقاندەك بولۇپ كېتىمەن.

— ئانامنۇ نەچچە ئاي گاچا بولۇپ قالغاندەك ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كېچىلىرى يىغلاپ كۆز ـ قاپاقلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتتى. خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك ئاھ ـ ئۇھ قىلا چۈشۈپ قالدى. كۆڭۈل قويغىلى نەچچە قېتىم تەمشىلىپ، خىجىل بولغىنىدىن ئالدىڭىزغا كېلەلمىدى.

— خۇدا ئالدىدا تانالمايمىز، مۇئەتتەرخان ئىككىمىز بالىلىرىمىزنىڭ ئوت ئۇۋالىغا قالدۇق، — گۈلسۇمخان كۆزلىرىگە رومىلىنى باستى، — بىزنىڭ چىرىغىمىزنى ئۆچمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئەمما ئىككى بالىنىڭ گۇناھىنى قىيامەتكىچە يۇدۇۋالدۇق.

ئىككىسى خېلى بىر پەس جىمىپ قالدى. بىر چاغدىلا ساباھەت بېشىنى كۆتۈردى.

— گۈلسۇمخان ئانا، ئانامنىڭ ئالىنۇرنى بىر كۆرگۈسى بار. ئەگەر ئىشەنسىلە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي، بولمىسا مەيلى.

— بۇپتۇ، — دېدى بايىقى سۆزلەردىن ئېرىپ قالغان گۈلسۈمخان، — نەۋرىسى بولغاندىكىن ياق دېگىلى بولامدۇ.
— ئەتە ئەتىگەندە ئۆزۈم ئەكېلىپ قويىمەن.

ساباھەت بىلەن ئالىنۇرنى ئۇزىتىپ قويغان گۈلسۈمخاننىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى، لېكىن: «بۇپتۇلا، بۇگۈن كەچ ئەسقەر كېلىپ قالسا يەنە دۆشكەلەيدۇ» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن ئۆتتى. دېمىسىمۇ ئالىنۇر تۇغۇلۇپ مۇشۇ ئۆيدە بېقىلىۋاتقاندىن بېرى ئەسقەر ئۇنى كۆرسىلا تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلەتتى. ئېتى يوقلا «قەشقەرلىكنىڭ بالىسى» دەپ چاقىراتتى. «مۇشۇ هارامىلىقنى بېقىۋالدىڭ» دەپ ئاپىسىغا تاپا - تەنە قىلاتتى. ئالىنۇرمۇ ئۇنى كۆرسە «بۆبۆ ئاكا كەلدى» دەپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا مۆكۈۋالاتتى. بۇ ھەقتە ئەنەيتۇللا ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ، ئاكىسى سودا ئىشى بىلەن يوقالدىمۇ، ئەسكىلىكنى قويمايتتى.

شۇ كۈنى كەچتە قايتىپ كەلگەن ئەسقەر تىراكتورنى ھويلىغا توختىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ئاپىسىدىن ئالىنۇرنى ئەكەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى.

— ئەمدى ئۇ قانجۇقنى ھەرگىز ئەكەلمەيلى، ئاپا. ئەنزەرنىڭ پۇشتىنى بېقىپ نېمە كەپتۇ — دېدى ئەسقەر گۈركىرەپ، — ئۇ شۇمنى كۆرسەملا ئوغام قاينايدۇ. چوڭ بولغانسېرى كىيىمى، گېلى بىزگە يۈك بولىدۇ.

— يوق يېمە، مەن نەۋرەمنى ئۆز مائاشىم بىلەن بېقىۋاتىمەن، — گۈلسۈمخانمۇ ۋارقىرىدى، — سېنىڭ قولۇڭغا قاراپ قالغىنىم يوق. ئەگەر بۇ پەيلىڭدىن يانمىساڭ، ئۇدۇل داداڭنىڭ قېشىغا كەت. سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

ئەسقەر پۇشاڭشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئاپىسىغا بېسىم ئىشلەتمىگىنى بىلەن، ئالىنۇرنى يالغۇز ئۇچراتتىمۇ پېشانىلىرىگە نوقۇپ، تىل سالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئۈچىنچى قىسىم

# مۇزلىغان يۈرەك



www.uyghurkitap.com

## 17

يىللار تەگرىتاغ چوققىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن بۇلۇتلاردەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئالدىراش ئۆتمەكتە. تىمەن يۇرگەن قىرىلار ھالسىز خىر - خىرىشىپ ئەتىسى - ئاخشىمىغا كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. چاچ - ساقاللىرى قاچاندۇر ئاقىرىپ كەتكەنلىكى ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان مويسىپىتلار ھاسىسىغا ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. چېكىلىرىنى قىرووۋ باسقان ئوتتۇرا ياشلىقلار يەنىلا تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە. ياشلار گويا قېرىماسلىقنىڭ دورىسىنى يەۋالغاندەك غەمسىز، ئەندىشىسىز يۈرۈپتۇ. قىز - چوكانلار بولسا يىللار ھەر نۆرى سوۋغا قىلغان قورۇقلارغا قاراپ ئاھ ئۇرۇشىدۇ. بىراق، ھەر باھار ئادەملەرگە ئۈمىد چىرىغىنى ئەكېلىدۇ. دالا - قىرلار ياپيېشىل ئوتلار بىلەن قاپلىنىدۇ. گۈل - گىياھلار ئېچىلىدۇ. سۇلار تاشقىنلاپ شادلىق ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. ھەممە - ھەممە مەۋجۇدات قۇياشلىق كۆك ئاسمانغا قاراپ قېنىشمايدۇ. ئەپسۇس، بۇ خۇشاللىق كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە تاڭدىكى تۇماندەك تارقىلىپ، ئۆمۈرنىڭ بەرگى خازان پەسلىنى كۈتۈۋالىدۇ. پەلەك چاقى تۇغۇلۇش، ياشاش، ئاخىرلىشىشتىن ئىبارەت ئويۇننى ئەبەدىلئەبەد داۋاملاشتۇرۇپ ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

پاھ، بۆشۈك قۇچاقلاپ، شۇنچە مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقان كىمدۇ؟!

بەختى قارا ئاناڭنىڭ، ئەللەي بالام، ئەللەي،
يۈرەكلىرى خۇن بولدى، ئەللەي بالام، ئەللەي.
ھاياتىدا بىر كۈلگەن، ئەللەي بالام، ئەللەي،
ياش ئۆمرى خازان بولدى، ئەللەي بالام، ئەللەي.

*                    *

خۇدا كۈلۈپ باقماسمۇ، ئەللەي بالام، ئەللەي،
قىيا كۆزىن سالماسمۇ، ئەللەي بالام، ئەللەي.
ماڭا زۇلۇم سالغانلار، ئەللەي بالام، ئەللەي،
ئۇۋالىمغا قالماسمۇ، ئەللەي بالام، ئەللەي.

ئەللەي مۇڭى شۇنچىلىك مىسكىن، شۇنچىلىك غېرىب ئىدىكى، كىشىنىڭ كۆزلىرىنى لىققىدە ياشلارغا تولدۇراتتى. گويا بۇ ھەسرەتلىك ئاۋاز بوتىلىقىدىن ئايرىلغان ئانا تۆگىنىڭ سوزۇپ بوزلىشىغا، چۆلدە ئانىسىز تەنها قالغان ئاھۇ قوزىسىنىڭ نالىسىگە ئوخشايتتى. ئۇنداقتا بۇ نادامەت كۈيىنى ئېيتىۋاتقان قايسى ناتىۋاندۇ؟! يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ چىقىۋاتقان بۇ پىغانلىق ئەللەي ناخشىسى ئەلەم چەككەن مەزلۇمەنىڭ ئاللاغا قىلغان نىداسىمۇ؟!

ئايال بۆشۈكتىن بېشىنى كۆتۈردى. پاھ، ئۇنىڭ دىردىيىپ قالغان چوڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن يامغۇردەك ياشلاردا چۈۋۈلغان چاچلىرى ھۆل بولۇپ يۈزلىرىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ! ئېڭەكلىرى قوزۇقتەك ئۈچلىنىپ، قوۋۇزلىرى چۆككەن، بۇرۇن قىرلىرى قىڭغىراق بىسىدەك، ئىككى مۈرىسى بولسا تۆگە لوكىسىدەك چوقچايغانىدى! ئۇ قىسقا - قىسقا ئاجىز يۆتىلىپ كېتىپ قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىۋىدى، ئالقىنىدا ئىككى تامچە قان كۆرۈندى! ئايال قولىنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن سۇپىدىن چۈشتى. توۋا، ئۇ ئەرۋاھنىڭ ئۆزىلىغۇ، پۇتلىرى قوناق شېخىدەك، قوللىرىنىڭ كۆپكۆك تومۇرلىرى پۆلتىيىپ چىققان، ئۇرۇق گەۋدىسى ئالدىغا سەل ئېگىشكەن بولۇپ، مېڭىشلىرى ئەلەڭ - سەلەڭ.

ئاپتور مېھرى - مۇھەببەت شەربەتلىرى تېمىپ تۇرغان

قەلبىمى ئارقىلىق مەدھىيەلىگەن بۇ ئايالنى ئاخىر تونۇدى! ئۇ گۈلبانۇم ئىدى! قېنى ئۇنىڭ سۆزلەشنى، كۈلۈشنى بىلىدىغان يۇمىلاق قوي كۆزلىرى؟ ھەربىر خۇي - پەيلىدىن مەنىلەر خەزىنىسى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان پاكىز روخسارىچۇ؟! ئايسىماننى ئاي يۈزلىرىنىڭ نۇرلىرى نەلەردە قالغاندۇ؟ خۇش پىچىم، سەرۋى سىيما بويلىرى قايسى لاي سۇلاردا ئېقىپ، چوڭقۇر لەھەتلەرگە كۆمۈلدى؟! يېقىملىق كۈلكىلىرى بۇلاق سۇلىرىدەك ئېتىلىپ چىقىدىغان ھال رەڭ لەۋلەرنى گەز باغلىغان!

گۈلبانۇمنى زادى قانداق كۈچ بۇنچىۋالا تېز ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟ توغرا، ۋاقىت، ۋاقىت نېمىلەرنى ئۆزگەرتمىگەن؟ ئۇنىڭدىن ئارتۇق رەھىمسىز قاتىل يوق! ياق، ياق! ھەرھالدا ۋاقىت سەۋر - تاقەتلىك، ئۇ ئاستا - ئاستا، سىلىق - سىپايىلىق بىلەن ئۆز زالىملىقىنى قىلىدۇ... بىراق گۈلبانۇمنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان گۈلىنى پاتلا توزۇتۇۋەتكەنلەر ئادەملەر! ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قەدىرلىك نەرسىلىرىنى يوقىتىشتا ۋاقىتتىنمۇ ۋەھشىي قارا كۈچ!

گۈلبانۇمنىڭ ھادىلدىن تۇغۇلغان ئوغلى رىشات بۇ يىل بەش ياشقا كىرگەن نارەسىدە بولسىمۇ ئوڭ قولىقى ئاڭلىمايدۇ. بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى مەست ھادىل گۈلبانۇمنى كىگىز ئۈستىدە يۇمىلىتىپ ئۇرۇپ خېمىردەك قىلىۋەتكەن چاغدا قورقۇپ كەتكەن رىشات ئاپىسىنى قۇچاقلىۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمىدى. غالجىر ئىتتەك ۋەھشىيلەشكەن ھادىل ئوغلىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سېلىشىغا بالا چىرقىراپ كەتتى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا بالىنىڭ قۇلىقىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ بىر ئايغىچە توختىمىدى. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، قاتتىق بېسىم بىلەن كىرگەن يەل قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتكەنىدى. ھازىر رىشات ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلىمايدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىلا بويىنىنى تولغاپ سول قۇلىقىنى تۇتىدۇ. ئەمدى مۇنۇ

بۆشۈكتىكى بەش ئايلىق قىزى مۆنىرەنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ چوڭ بولغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟

گۈلبانۇمنىڭ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىز تېگىگە يېتەلەيدۇ. بۇ بىتەلەي ئايالنىڭ سىل كېسىلى (ئۆپكە تۇبېركۇليوزى) بولۇپ قېلىشىمۇ دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىگە تولا يۇتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە ئىدى. ئۇ ھادىلىغا ياتلىق بولۇپ بىرەر كۈنمۇ ئاسايىشلىق كۆرمىدى. تىل ـ ئاھانەت، دۇمبا ـ تېپىك دەستىدىن، شۇنداقلا ئائىلىدىكى تۈگىمەس جاپالار ئۇنى ئاسانلا قېرىتىۋەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سۇلىشىپ سارغىيىۋاتقان ياش ھاياتى بىرلا نەرسىدىن سۇ ئىچىپ ئۆزىگە مادار تاپاتتى. ئۇ بولسىمۇ ئەنزەر بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ئىدى. ئۇ چاغلار ھاياتىنىڭ ئەڭ مەنىلىك، بەختلىك، سائادەتلىك كۈنلىرى خاتىرىسى سۈپىتىدە ھېلىمۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە يېلىنجاپ تۇرۇپتۇ. گۈلبانۇمنىڭ ئەنزەرنى ئەسلىمەيدىغان بىرەر كۈنىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن چۈشلىرىدە پات ـ پاتلا ئايان بولاتتى. ئۇ ئەنزەرنى كۆرەرمەنمىكىن دېگەن خام تەمەدە كېچە ـ كۈندۈز قوپماي ياتقۇسى كېلەتتى. شۇنداق، ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى خىيال، بىراۋلار بىلەن دىدارلاشتۇرىدىغان دوستى چۈش ئىدى. قىسقىسى، گۈلبانۇم ئۈچۈن ھەر كۈنى كېسەل رەڭگىدەك ساپسېرىق تاڭلار ئاتاتتى، بىرەر قېتىممۇ بىنەپشەرەڭ شەپەق بىلەن تاۋلانغان سۈزۈك ئاسماننى كۆرۈپ باققىنى يوق!

خىيال تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغان گۈلبانۇم ئىشىكنىڭ تاراقىدە قىلىپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ قارىدى. بۇنداق چۆچۈش، قورقۇش، ئەندىكىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ھويلىدىن «تىرىق» قىلىپ ئاڭلانغان بىرەر شەپە، ئەدىناسى چاشقاننىڭ چىرىكلىشىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كېتەتتى.

ئىشىك بوسۇغىسىدا پاكار بويلۇق، قارا قۇمچاق، سىققىدە سېمىز، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر چوكان كۆرۈندى. هادىل بۇ چوكاننى بىر ئاي ئىلگىرى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ: «سەن بولساڭ كېسەلچان، سارەم ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىدۇ ھەم بالىنى بېقىشىپ بېرىدۇ» دەپ ئەكىرىپ قويغاندىن بېرى ئۇ ياندىكى كىچىك ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. سارەم كۈلكىسى ئەرزان، كۆزى ئىتتىك شاللاق چوكان ئىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقلىرى كۆز جىيەكلىرى ئىچىدە توختىماي پىلدىرلاپ ئويناپ يۈرسە، ئاغزى بېسىقماي كۈلەتتى.

— گۈلبانۇم ھەدە، مۇنىرەنى يەشمىدىڭىزما؟ — سارەم ئىپادىسىزلا ھىجايدى، — بوپتۇ ئەمىسە، مەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەي.

سارەم چىقىپ كېتىپلا ئارقىسىدىن گۈلبانۇمنىڭ قېيىنئانىسى ھاسىراپ كىرىپ كەلدى. سارەم مۇشۇ ئۆيگە قاچان ئۇندى، شەرىپخان شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ ئوغلىغا: «بۇ پاسكىنىنى چىقىرىۋەت، ئۆيۈڭنى پالاكەت باسىدۇ» دەپ تاپا ـ تەنە قىلاتتى. گۈلبانۇم گەرچە ھادىل بىلەن سارەم ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ئىشلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئېرىنىڭ بىر كۈن، بىر كېچە نېرى تۇرۇشىنى، ئۇنىڭ بەتبەشىرە تەلەتىنى ئىلاجى بار كۆرمەسلىكنى خالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرۈۋېرەتتى.

— قىزىم گۈلبانۇم، — شەرىپخان سۇپىدىلا ئولتۇردى، — مەن ئوغلۇم دېگەن ئىتنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن. مۇنۇ سارەم دېگەن بۇزۇقنى نېمىشقا ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمايسەن؟

— ئوغۇللىرى «ئۆيگە ياردەملىشىدۇ، بالىغا قارايدۇ» دەپ ئەكىرىپ قويسا مەن نېمىمۇ دەيمەن؟ مېنىڭمۇ تاياق يەپ، ئاھانەت ئىشىتكۈم يوق، بىر ـ يېرىمدەم بولسىمۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى ياخشى.

— سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇ رەسۋا بايكۆلدە تۆت

ئائىلىنى بۇزۇپ، تۇزغاقتەك تۇزۇتۇۋەتتى. سارەم شاپاق دېسە تونۇمايدىغىنى يوق. بۇنداق خوتۇن تۇرغان ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ، ئىش - ئوقىتى ئاقمايدۇ، ھەرخىل بالا - قازا، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەت چاپلاشقىنى چاپلاشقان...

— ئاپا، بۇ گەپلەرنى ئوغلىڭىز ھادىلغا دەڭ، مەن دېسەم ئۆيدە بوران چىقىدۇ، — گۈلبانۇم ئۇھسىنىپ بۆشۈكتىكى قىزىغا قارىدى، — مېنىڭ ئوشۇقچە دەرد تارتقۇچىلىكىم قالمىدى.

— ئەمىسە ئىككى بالاڭ بولغاندا، ئۆيۈڭ بۇزۇلۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟

— ئۇنى بىلمىدىم.

— خەپ، ئىپلاس توكۇر، — شەرىپىخان ئوغلىنى تىل- لىدى، — ئەسكىلىكىڭدىن پۇتۇڭدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى بې- شىڭنى يەرسەن. بۇ دورەم دۇكىنىڭغا بېرىپ سەن بىلەن بىر زاكۇنلاشمىسام.

شەرىپىخان ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ چىقىپ كەتتى. «بۇ دەججال قېرى ئارىغا مېنى چېتىپ يۇرمىسە بولاتتىمغۇ» دېگەن ۋەھىمە كۆڭلىدىن ئۆتكەن گۈلبانۇم ئويغىنىپ كەتكەن قىزىنى يېشىپ كىگىزگىلا ياتقۇزۇپ قويدى - دە، ھۆل لاتىلارنى يۇيۇپ، تالاغا ئېسىۋەتكەندىن كېيىن كۇلتۇك، شۇمەكلەرنى تازىلاپ ئاپتاپقا قاقلاپ قويدى، ئاندىن ئۆيلەرنى بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ، بالىنى قايتىدىن بۆشۈككە تېڭىپ ئېمىتتى.

گۈلبانۇم ئەمدىلا چۈشلۈك چاينىڭ غېمىنى قىلىش ئۈچۈن لىگىزىغا كۆمۈر سېلىپ تۇرۇشىغا، دەرۋازىدىن غىچىرلاپ كىرىپ كەلگەن ھادىل دىڭگۇسلاپ ئىگىز - پەس ماڭغىنىچە گۈلبانۇمنىڭ چېچىدىن قاماللاپ ئۆيگە سۆرەپ كىردى - دە، ھېچ گەپ - سۆز يوقلا پۇت - قوللىرى ھەرىكەتكە كەلدى. ھادىل گەرچە مەست بولمىسىمۇ تەلەتى خۇددى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك پۇرۇشۇپ، قىياق كۆزلىرىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى. ئورۇق،

نىمجان، كېسەل دەردىدە قۇرۇپ قالغان گۈلبانۇم زەئىپ
ئىڭراپ، بەزىدە چىرقىراپ كىگىز ئۈستىدە يۇمىلانماقتا ئىدى.
بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈزلىرى كۆكىرىپ، چېكىسىدىن ئاققان قان
يۈزلىرىنى بويىۋەتتى.

— سەن تېخى، بىر ئوبدان خىزمىتىڭنى قىلىۋاتقان
سارەمنى ئاپامغا چاقتىڭما؟ ھۇ، سېنىڭ شۇ ئاغزىڭغا... — ھادىل
گۈلبانۇمنىڭ ئاغزىغا بىر مۇشت سېلىۋىدى، ئۇنىڭ بۇرنى
قاناپ، كالپۇكى يېرىلىپ كەتتى. ئۆيدىكى ئۇپۇر - توپۇر،
ۋارقىراش، چىرقىراشلاردىن ئويغىنىپ كەتكەن بوۋاقمۇ
قىرقىراپ يىغلىماقتا ئىدى.

— ھادىل، مەن ئاپامغا ھېچنېمە دېمىدىم، قەسەم قىلىپ
بېرەي. ئۇ ئۆزى...

— ئاغزىڭنى يۇم، ئاپام كىرسە پوتلا - مىشقىڭنى ئېقىتىپ
نېمە دېدىڭ؟

— ھادىل، گېپىمگە ئىشىنىڭ، مەن بىر ئېغىز گەپ قىلغان
بولسام ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ مەيلى، — گۈلبانۇم لەۋ
سىزنىقلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان قاننى قولىنىڭ ئارقىسىدا
سۈرتكەنىدى، تاتىراڭغۇ مەڭزلىرى بويىلىپ كەتتى، — قارىڭا،
بالىمۇ قورقۇپ كەتتى، مۇشۇ قىزىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ
بولسىمۇ ئۇرماڭ.

— سەن تېخى مۇشۇ بالاڭ بىلەن مېنى قورقۇتماقچىما، مانا
ئەمىسە.

ھادىل بۆشۈكنى كۆتۈرۈپ سىرتقا بىر ئاتقانىدى. بۆشۈك
پېشايۋان ئۈستىدە چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. قاتتىق قېقىلىپ
كەتكەن بوۋاق قىرقىرىغىنىچە قولتارتقۇلىرى بىلەن بۆشۈك
بالدىقىدا ئېسىلىپ تۇراتتى.

— ۋاي جېنىم بالام، — گۈلبانۇم دەھشەتلىك چىرقىراپ،
بۆشۈكتىن بالىسىنى قولىغا ئالدى - دە باغرىغا باستى. بۇ چاغدا
ھادىل ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى، — ئاكاڭغۇ كىچىك تۇرۇپلا

قولىقى ئاڭلىماس مېيىپ بولدى. سەن قىز بالا تۇرساڭ قانداق قىلارمەن؟

بوۋاق يىغلا - يىغلا ئاۋازى پۈتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كىچىك، قىپقىزىل يۇمران ئاغزىنىڭ يوغان ئېچىلىپ، پۇت - قوللىرىنىڭ تېپچەكلىشىدىن قەيىرىنىڭدۇر قاتتىق ئاغرىقىغا چىدىماي يىغلاۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. گۈلبانۇم قىزىنى باغرىغا بېسىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگىنىدە ئۆيگە گۈلسۇمخان توققۇز ياشلىق نەۋرىسى ئالىنۇرنى باشلاپ كىردى. ئۇ گۈلبانۇمنىڭ تەرتىپسىز چۇۋۇلغان چاچلىرىغا، قان بىلەن بويىلىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن يۈزلىرىگە، قان ئۇيۇتمىلىرى قېتىپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ ياقا، مەيدىلىرىگە قاراپ قورقۇپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى، نېمە دېيەرىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئالىنۇر «جېنىم ئاپا» دېگىنىچە گۈلبانۇمنى قۇچاقلىۋالغاندىلا ئۇ ھوشىنى يىغىپ زۇۋانغا كەلدى.

— جېنىم قىزىم، باغرىم، جىگىرىم، بۇ نېمە ئىش؟ قانداق ئالامەت؟ نېمە بولۇپ كەتتىڭ زادى؟ — گۈلسۇمخان ئازاب ئىچىدە قالغان بالىنى قولىغا ئالدى، — بۇ بالىنىڭ ئاۋازى چىقمايدىغۇ، تېلىقىپ قالغۇدەك نېمە بولدى ئۇنىڭغا؟

— غۇلجىلىق ئامراق كۈيئوغلۇڭنىڭ ئانا - بالا ئىككىمىزگە كەلتۈرگەن ساخاۋىتى!

— جېنىم بالام، تاپا - تەنە قىلىدىغان ۋاق ئەمەس بۇ، ئېيتقىنا، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — گۈلسۇمخان پېشايۋاندىكى بۆشۈك پارچىلىرىغا قاراپ بىردىنلا كۆزلىرى چەكچەيدى، — ۋاي خۇدايىم، بالىنى بۆشۈك بىلەن تالاغا ئاتقان ئوخشىمامدۇ؟

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گۈلسۇمخان ھادىل، شەرىپىخانلار بىلەن تۇتۇشماقچى بولۇپ مېڭىشىغا گۈلبانۇم قاتتىق ۋارقىرىدى:

— سەن مېنى كەچتە تاياقتىن ئۆلسۇن دەمسەن؟ سەنغۇ كېتەرسەن، ھەممە بالا - قازاغا مەن قالىمەن.

— قارىغىنا تۇرقۇڭغا، بۇرۇنقى كېپتىڭ نەگە كەتتى؟ سەن شۇنداق قىزمىدىڭ؟

— بۇنى مەندىن سورىماي ئۆزۈڭدىن سورا!

— بۇنداق دوزاختا ياشىغاندىن، ئاجرىشىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟

— ئۈچ بالا بىلەن ساڭا يۈك بولىمەنما؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مەشەدە ئۆلگىنىم ياخشى. ھازىر مېنىڭ كۈنلىرىم ئەزرائىلنى كۈتۈش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ.

— جېنىم ئاپا، بىز بىلەن كەتسىڭىزچۇ، — چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئالىنۇرنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى، — ماقۇل دەڭا، ئاپا، ھەر قېتىم كەلگىنىمدە سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدە ياشتىن باشقا نەرسە كۆرمەيمەن.

— ئالىنۇر قىزىم، سىز تېخى كىچىك، بىلمەيسىز، مەن بۇ ئۆيدىن كەتمەيمەن. پۈتۈن خورلۇق، ئازابلىرىمنى ئۆلۈم بىلەن يۇيىمەن...

گۈلسۈمخانغا ھەممە ئىش ئايان. گۈلبانۇمنىڭ يۈرىكىدە ئادەملەرگە نىسبەتەن مۇھەببەت تېرىقچە قالمىدى، ھەممە ـ ھەممىگە ئويغانغان نەپرەت كۆڭلىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇ ئاپىسىنىمۇ كۆرەر كۆزى يوق. گۈلبانۇم شادلىقتىن خاپىلىقى تولا بۇ دۇنيادىن پاتراق كەتسە، ھەممە ـ ھەممىنى يوقلۇق ئالىمىدە ئۇنتۇسا، ھەسرەت ـ نادامەت، پىغان زەردابلىرى ماكان ئەتكەن ئاشۇ سەرۋى بويىدىن لەھەت ئىچىدە بىر سىقىم توپا قالسا... قۇياشلىق بۇ جاھاننى، ياپيېشىل ھاياتلىقنى كۆرمىگەن، بىلمىگەن، ئاڭلىمىغان ھالدا غايىب بولسا بەس!... بولدى ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمىسۇن، كۆز ـ ياش تۆكۈپ ئەلەمزەدە بولمىسۇن. ئۇ بۇ دۇنياغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىش ئۈچۈن تۆرەلگەن. ئۇنىڭ بەرنا سىيماسىنى، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان مۇشتۇمدەك يۈرىكىنى، ئالەم بوستانىنى سەيلە قىلىدىغان كۆڭلىنى، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ شادلىقى،

خۇشلۇقى، مەئىشىتى ھەتتا ئاداۋەت، ئەنت ـ قىساسلىرى يولىدا سەدىقە قىلىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۆلچەمدىن تاشقىرى قۇربان بېرىشتىن گەپ ئاچقىلى بولامدۇ؟!

— ئاپا، كەت، ئالىنۇرنى ئېلىپ دەرھال كەت، — دېدى گۈلبانۇم قىزىنىڭ يۈزلىرىگە يۈزلىرىنى ياققان ھالدا، — چۈشلۈك چايغا ئاۋۇ ئاغزى قان بۆرە كېلىپ قالسا، سېنىمۇ تالايدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە تۈكى بار. ئۆز ئاپىسىغا قول ياندۇرغان يەردە، سېنى ئاياپ قويامتى.

— بالام، قىزىڭنىڭ بېشى تەڭ بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى گۈلسۇمخان يېلىنىپ، — تۇخۇم بولسا ئەكەل، مەن تەڭلەپ قوياي.

— ياق، ياق بولدى، ئۆزۈم قىلىۋالىمەن، — گۈلبانۇم تام تەرەپكە قارىۋالدى، — مەن سېنى كەتكىن دەۋاتىمەن، كەت. مېنى ئازراق بولسىمۇ يالغۇز قوي، ئارامىمنى بۇزما.

— قىزىم، مەن ساڭا، ئەسقەر ئۇكاڭنىڭ بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنى سۆزلەپ بەرمەكچىدىم.

— بولدى، ئاڭلىغۇم يوق، مېنىڭ دەردىمگە كىم يېتىپتىكەن؟ مەن ئۇچۇن ھەممىسى دۇشمەن، ھەممىسى رەقىب!

گۈلسۇمخان تاۋاقتىكى بولدۇرۇق مانتىنى ئويۇقتىكى تەخسىگە دۈملەپ قويغاندىن كېيىن، ئالىنۇرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يولدا بارغۇچە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ماڭدى. ئالىنۇرمۇ پات ـ پاتلا قولىنىڭ ئارقىسىدا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قىزارتىۋەتتى. «قەشقەرلىكتىن ئۆلۈكى ئارتۇق» كۈيۈئوغلىدىن كېلىۋاتقان راپائەت شۇ بولغاندىكىن ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئەلھۆكمىلىللا دېيىشتىن باشقا چارە يوق ! قىزىنىڭ ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈشىمۇ بۇ نادان ئانا ئۈچۈن دەھشەتلىك قامچا! ئۇ بىر ئوبدان قىزىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ؟ گۈلبانۇمنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇشىمۇ نېمە ۋەجىدىن؟ بەلكىم گۈلسۇمخان

ئانا خۇداغا ئارتىپ قويۇشى مۇمكىن. ياق، قىزىغا كېسەلنى چىللاپ ئەكەلگىنى ئۆزى! بۇنى ئۇ چۈشەنمەيدۇ ئەمەس، چۈشەنگۈچىلىكى بار. چۈنكى، قىزىنىڭ بەخت ـ ئىقبالىنىڭ قاتىلى كىم ئىكەنلىكى ئۆزىگە ئايانغۇ! بىز خەق يامان بولغان گۇناھلىق ئىشلارغا قەدەم ئېلىپ، خەتەرلىك ئاقىۋەتكە قالغاندىلا «تەقدىرى ئەزەل»، «رىزقى شۇنچىلىك»، «پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بالا ـ قازا» دېيىشىپ خۇداغا ئارتىپ قويىمىز. چۈنكى، خۇدايىم كۆتۈرۈشلۈك ـ دە!

گۈلسۈمخان ئەيىب ـ سەۋەنلىكلىرىنى بويىنىغا ئېلىپ يەنە قانچىلىك خىياللار پاتقىقىغا پاتقان بولاتتىكىن، لېكىن ئۇنى نەۋرىسى ئالىنۇر خىيالدىن سەگىتتى.

ـــ موما، سىنىپىمىزغا سۇپۇرگە، تازىلىق چېلىكى، داس، دوسكا سۈرتكۈچلەرنى ئالىدىكەنمىز، ـــ دېدى ئالىنۇر مومىسىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قاراپ، ـــ ھەربىر ئوقۇغۇچىنى بىر سوم ئەللىك تىيىن ئەكېلىسىلەر دېدى.

ـــ بولىدۇ، قىزىم، مەن بېرەي بولامدۇ.

ـــ موما، كەچكە يەنە تاماق ئېتەمدىم؟

ـــ ياق، ئەتىگەندە قىلغان بولدۇرۇق مانتا بار، شۇنى ئىسسىتىپ يەيلى.

ـــ ئەمىسە بۈگۈن مەھەللىدىكى دوستلىرىم بىلەن ئوينىۋالاي.

ئالىنۇر خۇشال چىقىپ كەتتى. گۈلسۈمخان بىر چىنە سوغۇق چاينى گۇپۇلدىتىپ ئىچكەندىن كېيىن «ئۇھ» دېدى ـ دە، قوش ياستۇقنا يانپاشلىدى. «قارا، ئەسقەر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىلى ئاتايىن بارسام، ئاڭلىغۇسى كەلمىدا بۇ بالىنىڭ» پىچىرلىدى گۈلسۈمخان قىزى گۈلبانۇمدىن رەنجىپ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ خىيال يىپلىرى ئۇنى لەگلەكتەك ئۇچۇرۇپ، بىر يىل بۇرۇنقى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئېلىپ كەتتى.

*           *

... بىر كۈنى ئەتىگەندە گۈلسۈمخان بىلەن رابىيەم كوچىلارنى تازىلاپ، سۈپۈرگىلىرىنى ئەمدىلا مۈرىسىگە سېلىپ تۇرۇشى، ئارقىسىدىن «بوڭ» قىلغان دەھشەتلىك قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر جىپ ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىپ، گۈلسۈمخاننى سوققانچە يول چېتىگە ئېتىۋەتتى. ئەسلىدە ماشىنىنىڭ ئالدى چاقى ئېتىلىپ كەتكەچكە شوپۇر رولنى باشقۇرالماي كېلىپ سوقۇلغانىدى. گۈلسۈمخاننىڭ بىر قولى ھەم ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنغان بولۇپ، دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي ياتتى. بارلىق چىقىم ھەم ئوزۇقلىنىش پۇللىرىنى شوپۇرنىڭ ئىدارىسى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مانا بۇ ئەسقەرنىڭ تويىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغلاردا يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىك ئىدى. ئائىلىنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىش، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇش ئالىنۇرغا قالغانىدى. ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بۇ كىچىككىنە ئەقىللىك قىز چۈشتە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيىگە كېلەتتى ـ دە، چاي قايىنىتىپ، سۈت، تۇزلىرىنى تەڭشەپ ئەتكەنچاي ئېتەتتى. ئەكبەر غىڭ قىلماي ئىچەتتى. بىراق ئەسقەر: «قايمىقى يوققۇ، ئۆزۈڭ يەۋالدىڭمۇ؟»، «ھەي قەشقەرلىقنىڭ بالىسى، بىر تەخسە ياغيۇ قورۇساڭ بولمامدۇ»، «ئاسمان كۆرۈنگۈدەك يۇندى چايغۇ بۇ» دەپ قەستەن قۇسۇر تېپىپ تىللايتتى. ئالىنۇر چۈشتىن كېيىنكى دەرسلىرى تۈگىگەن ھامان ھاپىلا ـ شاپىلا تاپشۇرۇقلىرىنى سىنىپتا ئىشلەيتتى ـ دە، ئۆيىگە چاپاتتى. چۈنكى، كەچلىك تاماق سەللا كېچىكىپ قالسا، ئەسقەرنىڭ سېسىق گەپلىرىگە قالاتتى. بويى ئوچاق بېشىغا ئارانلا يېتىدىغان ئالىنۇر ئاياغ ئاستىغا خىش تىزىپ قورۇما قورۇيتتى، ئاش تاشلايتتى. شۇڭا، ئۇ ساۋاقداش ھەم مەھەللىدىكى دوستلىرى بىلەن ئويناشتىن پۈتۈنلەي قالدى. مومىسى دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ: «ئەمدى تاماق

ئەتمەيدىغان بولدۇم» دەپ خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاش ـ تاماق، كىر ـ قاتلار بۇ كىچىك قىزغا چاپلىشىپ قالدى. چۈنكى، مومىسىنىڭ بىر قولى گىپىسلانغان بولۇپ، قورساقلىرىمۇ تېڭىلغانىدى. ئالىنۇرنىڭ ئوقۇش ھەم ئائىلە بېسىمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. مانا شۇ كۈنلەردە گۈلسۈمخانىنىڭ ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان نېغمەت بىلەن مۇئەتتەرخان بەش ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئابدۇسەمەتنىڭ ئايالى روشەنگۈلنىڭ كۆزى يورۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلىشقانىدى. ئىككى كۈشەندە كونا خامانلارنى سورۇشمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇئەتتەرخان يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى. گۈلسۈمخانمۇ سەۋەن ـ خاتالىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، بىر چاغلاردا شەپقەتسىز دۈشمەنلىك قالدۇرغان داغلارنىڭ ئاسارىتى ئىدى. شۇڭا، ئەۋلىيا ـ دانىشلىرىم دوستلۇق ھەم دۈشمەنلىك توغرىسىدا بىز ئەۋلادلىرىغا مۇنداق نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان:

بولماسلىق كېرەك دوستلۇقتا ئۇنداق،
ئىككى ئارىغا سىغمىغۇدەك موي.
دۈشمەنلىكمۇ ھەم بولمىغاي ئۇنداق،
ئالالمىغۇدەك مۇھەببەتتىن بوي.
ھەر ئىككى تەرەپنى ئەيلىگەي رازى،
بولسا ھەر كىمدە مۆتىدىلراق خوي...

نېغمەت بىلەن مۇئەتتەرخان ئالىنۇر ئەتكەن لەڭمەننى يەپ كەچلەپ قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار كېتىپ ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، ئەسقەر ئالماقچى بولغان قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سوغۇق چۈشۈپ كەتكۈچە توينى قىلىشىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشتى.

ئۆكتەبىر بايرام كۈنى ئەسقەرنىڭ تويى بولۇپ قىزنى كۆچۈرۈپ كەلدى. گۈلسۈمخان ھادىسىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىدا ئەسقەر ئۇچۇن ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ تەييارلاپ قويۇشقانىدى. خۇشاللىقىدىن تېنى تېرىسىگە سىغماي قالغان گۈلسۈمخاننىڭ كونا كېسىلى تۇتۇپ، قولۇم ـ قوشنا، يېقىن ـ يورۇقلارنى كۆرسىلا: «ۋاي مېنىڭ كېلىنىم سەنەۋەر غۇلجىلىق تارانچى، ئۆزى خەلق ھۆكۈمىتىدە كادىر» دەپ ماختىنىدىغان بولدى. دېمىسىمۇ سەنەۋەر «خىزمەتكە ماڭدىم» دەپ كۈندە ئەتىگەندە سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى. «ئەسقەر ئاكام خوتۇن ئالدى، ئەمدى تاماق ئەتمەيدىغان بولدۇم» دەپ قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ئالىنۇرنىڭمۇ شادلىقى سۇغا چىلاشتى. چۈنكى، سەنەۋەر: «مەن تاماق ئېتىشنى بىلمەيمەن، كىچىكىمدىن تارتىپ ئاپام ئۆگەتمەپتىكەن» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. جاپاكەش كىچىك ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىلىقىدىكى يول خۇددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشىدىغان مەيدانغا ئايلاندى. تاماق سەللا كېچىكىپ قالسا ئەسقەر بىلەن سەنەۋەرنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قالاتتى. ئۇلارنىڭ شۇم ئېغىزىدىن پاسكىنا تىل ـ ئاھانەت خۇددى قوي قۇمىلىقىدەك تۆكۈلۈپلا تۇراتتى.

ئەسقەر سەنەۋەر بىلەن يەتتە ئايلا ئۆي تۇتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۆيگە يوپۇرۇلۇپ كىرگەن ساقچىلار سەنەۋەر ھەم ئەسقەرنىڭ قولىغا كويزا سالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ يېڭى تۇتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە چاپراس قىلىپ تامغا بېسىلغان قەغەز لېنتىنى چاپلىدى ـ دە، يېڭى ئەر ـ خوتۇننى ماشىنىغا سېلىپ ئەكېتىشتى. ساقچىلار ئەتىسى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى رەڭسىز تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، ۋېلىسىپىت، گىلەم قاتارلىق نەرسىلەردىن باشقا، سەنەۋەرنىڭ ئالتۇن بۇيۇم، زىبۇ ـ زىننەت، تويلۇق كىيىملىرىنى مۇسادىرە قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئوڭ سېپىنى تاپالمايلا قالغان گۈلسۈمخان ساقچىغا بىرنەچچە قېتىم قاتراپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقتى. سەنەۋەر: «مەن خەلق

ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيمەن، بالىڭىزنى ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ بېرىمەن»، «بېيىدىن شەھەرگە يۆتكەپ قوياي»، «خىزمەت ئورنى تېپىپ بېرەي» دېيىش ئارقىلىق ھاجەتمەنلەردىن يوقىرىسى بەش مىڭ، تۆۋىنى ئىككى مىڭ سومدىن ئېلىپ ئالدامچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغانىدى، ھەتتا ئۇ دەريابويى كوچىسىغا كەلگەن يەتتە ئاي ئىچىدە بەش ئائىلىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئون ئالتە مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلغا ئېرىشكەن. ھازىر ئەسقەر بىلەن سەنەۋەرنى ئەكىرىپ كەتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئۇلاردىن ھېچ خەۋەر يوق.

... قوش ياستۇققا يانپاشلاپ ياتقان گۈلسۇمخان يامانلىق ئوتى يامان دېگەندەك ئەسقەرنى سېغىنغانىدى ھەم ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپمۇ تۇراتتى. «ئەگەر ئاشۇ جىنايەتنى سەنەۋەر بىلەن بىرلىشىپ قىلغان بولسا، ئەڭ بولمىسا خەۋىرى بولۇپ قالسا، بالام كېسىلىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىسىلا يۈرىكى سىيلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى ئەسكى بولغىنى بىلەن ئائىلىنىڭ كەم ـ كوتىلىرىغا كەلگەندە قولى ئوچۇق ئىدى. ئوغلىنىڭ سولىنىپ قېلىنىشى گۈلسۇمخانغا خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆتەر نومۇس كۆچى ئۇنىڭ يۈزىنى يەر بىلەن تەڭ قىلدى. «مېنىڭ كېلىنىم غۇلجىلىق، تارانچى، خەلق ھۆكۈمىتىدە كادىر» دەپ بەش كۈن بۇرۇن ناغرا چالمىسا بوپتىكەن. خۇددى ئەجىلى يەتكەن بىر ئۆلەر، ئابرۇيى كەتكەن مىڭ ئۆلەر دېگەندەك، تالا ـ تۈزلەرگىمۇ چىقالماي خۇددى ئۆزى ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك دەرۋازىدىن ماراپ كوچىلارغا قارايدۇ. ئىشەنچلىك قەدەم ئېلىپ قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن مۇڭدىشالمايدۇ. مانا بۈگۈنمۇ تاڭ سەھەردە ئالمىنۇرنى ئويغىتىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەيلا ئۆيدىن غىپپىدە چىقتى ـ دە، بايكۆلگە يۈرۈپ كەتتى.

«تۇۋا، بۇ نېمە كېلىشمەسلىك؟ قانداق بالا ـ قازادۇر ـ



www.uyghurkitap.com

هە؟ — گۈلسۇمخان پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ بىر يىلدىن بېرى دەم ئېلىۋاتىمەن، ئۆيىنىڭ ھەممە ئېغىرلىقى مۇشتۇمدەك قىزغا قالدى. سەنەۋەر دېگەن قارا نىيەتنىڭ شورىدىن ئەسقەر سولاقتا. ئۇنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئاكىسى ئەنەيتۇللا ئەجەبىمۇ يوقىلىپ كەتتى. ئۇ كەلگەن بولسا، ئىنىسىنى پۇل خەجلەپ بولسىمۇ ئاچىقىۋالار ئىدى.»

— موما، مەن ئويناپ كىردىم، — ئالىنۇرنىڭ ئاۋازىدىن خىيالغا پاتقان گۈلسۇمخان چۆچۈپ كەتتى، — مانتىنى جىمبىلغا سېلىپ ئىسسىتايمۇ؟

— خويمۇ ۋاقتىدا كىردىڭ، بالام، مانتىنى ئاكاڭ ئەكىبەر يەۋېتىپتۇ. چاچتەك كېسىپ ئۇگرە ئەتكىنە، — گۈلسۇمخان ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىنجىقلىدى، — ھېچ مىجەزىم يوق، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرگە كۆڭلۈم تارتىپلا تۇرىدۇ.

— موما، باللار سەنەۋەر بىلەن ئەسقەرنى ئاتىدىكەن دەپتى، ئۇرۇشۇپ قالدىم.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە شۇم، — گۈلسۇمخان شارتتىلا بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۇ گەپنى مەن دېمىدىم، — دومسايدى ئالىنۇر، — تېخى ئۇلار «موماڭنىڭمۇ شېپىگەرچىلىكى بار ئىكەن، لېكىن ئۇنى ماشىنا دەسسىۋەتكەچكە ئۆيگە قويۇپ بېرىپتۇ» دېيىشىۋاتىدۇ.

گۈلسۇمخان ماختانغان كېلىنىنى ئىچىدە تىللىدى، يەتمىش پۇشتىغىچە قارغاپ، خېلى بىر ۋاقىلارغىچە كالپۇكلىرى مىدىرلاشتىن توختىمىدى. پەقەت ئالىنۇرنىڭ تاماق شىرەسىنى يۇملىتىپ كىرىپ، «موما، تاماق پىشتى، ئۇسسايمۇ؟» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا ئارانلا ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا يۆلەندى. ئاڭغىچە ئەكبەرمۇ ئۆيگە ئېچىلغان كىچىك ئىشىكتىن ئېڭىشىپ كىرىپ كەلدى.

ئۇلار ئۇگرىنى پۇۋلىشىپ ئىچىۋاتقاندا ھېچكىم ھېچنېمە

www.uyghurkitap.com

دېيىشمىدى. ئۇي ئىچىدىن پەقەت خالاپ ـ خۇلۇپ قىلغاندىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. لېكىن، دەرۋازىنىڭ تاراقشىدا ئېچىلىشى، شۇنداقلا ئالدىراپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى كېلىش بىلەن گۈلسۈمخان ئەندىكىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە «ساقچىلار يەنە كېلەرمۇ، بىزنىڭمۇ ئۆيىمىزنى مۇسادىرە قىلسا، بۇ باشنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن، يەنە قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ قالار» دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ: «قىزىم، قارىغىنا، ئەنەي دادىڭ كەلدىمۇ؟» دەپ تۇرۇشى، ئۆيگە «ئاپا...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئەسقەر كىرىپ كەلدى. ئالمان ـ تالمان تاپىسىغا چۈشكەن گۈلسۈمخان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ پېشانىلىرىگە سۆيدى، كۆز ياش قىلدى. ئاڭغىچە ئالىنۇر قىپقىزىل شەلپەردەك تاۋلانغان ئوگرىدىن بىر ئاپقۇر كۆتۈرۈپ كىرىپ شىرەگە قويدى.

— ئەسقەر ئاكا، ئۆي تامىقى سېغىنغانسەن، قېنى ئىچە، — دېدى ئالىنۇر سەل قورقۇپراق، — مەن ئەتتىم، سەنگۇ مېنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىمدىن قەستەن قۇسۇر چىقىرىسەن.

— قارا ماۋۇ قەشقەرلىكنىڭ گەپدان بولۇپ كەتكىنىنى، — ئەسقەر ئۆيدىكىلەرنى سېغىنغانىمۇ تۇز كۆڭلى بىلەن ئالىنۇرنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ قويدى، — قېنى ئىچىپ بېقىپ بىرنېمە دېمەيمەنمۇ.

— بالام، قېچىپ چىقتىڭمۇ، قويۇپ بەردىمۇ؟ — گۈلسۈمخان كۆڭۈل توختىتالماي تۇراتتى، — سەنەۋەرچۇ؟

— ۋاي ئاپا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، ئۇ يۈرىكى قاپتەك بار نېمىكەن ئەمەسمۇ، — ئەسقەر ئېشىنى ئىككى قوشۇق ئىچىپ «ھىم قالتىس ئوخشاپتۇ» دەپ قويدى، — ئۇ تونۇش ـ بىلىش، يېقىن ـ يورۇق، بىزنىڭ كوچىدىن بولۇپ ئەللىك مىڭ سومدەك پۇلنى ئالدامچىلىق قىلىپ ئاپتۇ. ئۇنىڭ: «خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيمەن» دېگىنى قىپقىزىل يالغان ئىكەن.

— ۋاي ئانىمەي، — گۈلسۈمخان پېشانىسىگە پاققىدە

ئۇردى، — ھۆكۇمەتتىن قورقماي قىلىپ يۈرگىنىنى قارا.
نېمىدېگەن يامان نېمە ھۇي ئۇ؟ بالايىئىزىمىنىڭ ئۆزلىكەنغۇ.
ھە، دېگىنە، ئۆزۈڭ قانداق بولدۇڭ؟

— ۋاي ئۇنى بىردېمە، بىر كۈن سورايدۇ، ئۈچ كۈن يوقىلىپ كېتىدۇ. ئىككى كۈن سورايدۇ، ھەپتە جىمىپ كېتىدۇ، — ئۆي تامىقى سېغىنغان ئەسقەر شالاپلىتىپ بىردەمدىلا چىنىسىنى بىكارلاپ ئالىنۇرغا سۇندى ـ دە، ئېشىڭ بارمۇ دەپ قويدى، — بىر قېتىم سورىغان گەپنى ياندۇرمىلاپ ئوتتۇز قېتىم سورايدىكەن، ئاخىر مېنى: «ئايالىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوق، مۇناسىۋەتسىز» دەپ قويۇۋەتتى.

— شۇ، شۇ ھۆكۇمەت دېگەن قىلىنى قىرىق يارىدۇ، «ئادىل پادىشاھ يېرىم خۇدا» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە، كونىلار.

— لېكىن، سەنەۋەر مېنىڭ نىكاھىمدا بولغاچقا، مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ خىيانىتىگە ھېساب قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— بوپتۇ، بالام، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، ئايىغىڭدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرغاندىكىن قىلىۋالسەن، — دېدى گۈلسۇمخان كۆڭلى تەسكىن تاپقان ھالدا، — بالام، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— نېمىنى دەيسەن؟

— سەنەۋەر بىلەنچۇ؟

— ئاپا ئۇنى كېسىدۇ، كەسمىگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بىر ئۆيدە بولالايمەن؟ — ئەسقەر ئالىنۇر ئەكەلگەن ئاشقا تۇتۇش قىلدى، — كوچا ـ كويلاردا باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولارمۇ؟ ھېلىمۇ شۇنچە رەسۋاچىلىقلار يېتىپ ئاشار.

— توغرا ئويلاپسەن، بالام.

— ئاپا مەن سولىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خىروئىن ساتقان بىر بالىنى تۇتۇپ كېلىشتى، — دېدى ئەسقەر ئېشىنى پۈۋلەۋې- تىپ، — ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياتتۇق. ئۇ ئەنزەرنى تونۇيدىكەن.

www.uyghurkitap.com

— ھە دېگىنە، ئەنزەر ھازىر نەدىكەن؟ — سورىدى گۈلسۇمخان، — نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟

— ھېلىقى بالىنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئۇ ھازىر قىلىقسىز بېيىپ كېتىپتىمىش. ئۈرۈمچى، گۇاڭجۇ، بېيجىڭدىكى ۋاڭفۇجىن دېگەن يەرلەردە ئاشخانا، كاۋاپخانا، سامسىپەزخانىلىرى بارىمىش.

— ئۇ بالا قانداق بىلىدىكەن؟

— بۇرۇن ئەنزەرنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەپتىكەن ئەمەسمۇ، كېيىن يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغان ئەنزەر ئۇنى ھەيدىۋېتىپتۇ.

— ۋاي بىچارە، — گۈلسۇمخانىنىڭ ئەنزەرگە ئىچى ئاغرىغانلىقى يۈزىدىن بىلىنىدى، — نەدە بولسا ئامان بولسۇن، ئىنسابلىق، دىلىدىن ئىمانى بار بالىلارغا خۇدايىم ئاشۇنداق يول بېرىدۇ، ھىممەت قولىنى سوزىدۇ.

بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالغان ئالىنۇر يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن گۈلسۇمخان بىلەن ئەسقەر بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

ئەسقەر ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بىر ئاي ئۆتكەندە ئالتە يىللىق كېسىلگەن سەنەۋەرنى ئۈرۈمچىدىكى ئاياللار تۈرمىسىگە يۆتكەپ ئەكەتتى.

## 18

يەنە بىر باھار يېتىپ كەلدى. ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالۇچا، گىلاسلار ئاق، ھال رەڭ، قىزغۇچ چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، ئىلى باغلىرى ئۆزگىچە ھۆسن بىلەن ياساندى. كۆپكۆك كوكات بىلەن قاپلانغان ئېرىقلاردىن بۇلتۇرقى غازاڭلارنىڭ چىرىگەن ھىدى كېلەتتى. شاپتۇل، ئۆرۈك ئۆرۈقچىلىرىنىڭ ئېچىلغان ئاغزىدىن قىپقىزىل مېغىز

ئۆندۈرمىلىرى يەر بېتىنى تېشىپ چىقىپ، قۇياش نۇرىغا تەلپۈنەتتى. قىشچە ئۆچەكتە يېتىپ زېرىككەن قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئوزۇق ئىزدەش، ئۇۋا ياساش بىلەن ئالدىراش. قۇشلارمۇ جورا ئىزدىشىپ تىنماي سايرىشىدۇ. يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان تايچاق ـ قوزىلار ساي بويلىرى، بېدىلىكلەردە قىيغىتىشىپ سەكرىشىپ ئانىلىرىنى زوق ـ شوق بىلەن ئېمىشىدۇ. قىسقىسى، كائىنات جانلانغان، ھەممە مەۋجۇدات باھار پەيزىنى سۈرمەكتە. بۇ ھادىس گۈزەل، ماتەنەتلىك باھار نېمىتىدىن ئەسقەر «توڭگاي»مۇ قۇرۇق قالمىدى. ئۇ «گۈل مەشۇق» ئاھاڭىغا غىڭشىپ، تىراكتورىنى ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇرۇن ئۈنچىلىك خۇشال يۈرمەيدىغان، داۋاملىق چىشى ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك قاپىقىنى ئۈششۈتۈپ يۈرىدىغان بالا ئىدى. توۋا دېسە بولىدۇ، ئەتىيازنىڭ لەگلەك شامىلى پايدا قىلدىمۇ نېمە، باھار كىرگەندىن بېرى بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گېپى، كۈلكىسى، چاقچىقى كۆپىيىپ، «قەشقەلىك» دەيدىغان گېپى ئازىيىپ كەتتى، ھەتتا ئۇنتۇپ قالدى. «ئۇكام ئالىنۇر، پۇل بېرەيمۇ؟»، «سىڭلىم، قولۇمغا سۇ قۇيۇۋەتكىنە»، «مۇنۇ كۆڭلىكىمگە دەزمال سېلىپ بېرەمسەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئالىنۇرنى خۇش قىلاتتى، تېخى ئىشتىن بالدۇر قايتىپ كېلىپ، ئالىنۇر يۇيۇپ، دەزمال سېلىپ قويغان كىيىملىرىنى كىيەتتى ـ دە، بىر قېشىنى لىككىدە ئېتىپ، كۆزىنى قىسقانچە «كىنوغا» دەپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ سىرلىق ھەرىكەتلىرىدىن گۇمانلانغان گۈلسۈمخان: «بۇ توڭگاي بىرەرسى بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرەمدۇ يا» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى.

«ئەسقەردەك ئاغزى ئەسكى، كاللىسى قاتمال، مۆرىتى كەلسە ئاپىسىغا يانىدىغان بۇنداق قوپال جىسمىنى زادى قانداق نەرسە ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟» دېگەن سوئال ئاپتورنى ھەيران قالدۇرغىنىدەك، ئوقۇرمەنلەرنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرۇشى تۇرغانلا گەپ. قېنى كۆرۈپ باقايلى، بۇ لۈكچەكنى قانداق قۇدرەتلىك

كۆچ، خۇش پېئىل، خۇشناۋا يىگىتكە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن سەل ئارقىمىزغا چېكىنىپ، بىر تاسادىپىي ۋەقەگە زەن سالايلى.

ئەسقەر بولتۇر خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ، يەنىلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ قۇرۇلۇشلارغا خىش، شېغىل، قۇم، سېمونت، قومۇش قاتارلىق ماتېرىياللارنى توشۇيتتى. بىر كۈنى شوپۇر ئاغىنىسى بىلەن ياشلار كىنوخانىسىغا كىنو كۆرگىلى باردى، ئۇلار قايتىشىدا يول چېتىدىكى بوتكىغا كىرىپ، پوكەيگە يۆلەندى ـ دە، خاسىيەت مېغىزى بىلەن ئىككى سەردىن قېقىۋالدى، ئاندىن ئاستا لەلەڭلەپ مېڭىشتى. لېكىن، «كونسۇل ئىستىۋا»غا كېتىدىغان قاراڭغۇ كوچىدىن بىر ئايالنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. ئەسقەر يۈگۈرگىنىچە چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، دەرھاللا يېتىپ باردى ۋە بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ يولنىڭ قاسنىقىدىكى دەرەخلەر ئاستىدا بىر ئايالنى ۋاقىلدىتىپ سىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بارغانچە بىر مۇشت سېلىپ ئۇنى ئارقىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. «ئىككى سەر» ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىمۇ قانداق، قىزىپ قالغان ئەسقەر ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ھېلىقى ئەرنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ يەنە بىرنەچچىنى سېلىۋەتتى.

— ھوي ئاغىنى... سەن گويالارنىڭ دەستىدىن قىز ـ چوكانلار كېچىسى ماڭالامدا؟ — ئەسقەر مۇشتۇمىنى يەنە كۆتۈرۈشكە، ياش چوكان ۋارقىرىۋەتتى:

— بولدى ئۇرماڭ، ئۇ مېنىڭ يولدىشىم بولىدۇ.

بۇ ئەسنادا ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن شوپۇر ئۇنى قۇچاقلاپ تارتىپ تۇرغۇزۇۋالدى.

— ئېرىڭىز بولامدا؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئەسقەر، — ھېلىقى ئېرىڭىز ئىكەن، پادىشاھ بولسىمۇ ئايال كىشىنى ئۇرسا بولامدۇ؟ ئەرلەردىن قورقىدىغان خوتۇنلىرىنى ھارغۇچە دۇمبالايدىغان بۇنداقلارنى ئەر دېمەيمىز، زەيپانە، ھېجىقىز

دەيمىز.

يول چېتىدىكى چىراغنىڭ نۇرىدا بىر يۈزى سۈس ھاۋا رەڭ يوروپ تۇرغان ياش چوكان قول ياغلىقى بىلەن بۇرنىدىكى قاننى تازىلىغاچ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. ئەسقەر ئىچىدە: «توۋا، شۇنداق چىرايلىق ئايالنى ئۇرۇشقا قانداق قولى بارىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئاغىنچە شوپۇر ئاغىنىسى ئۇنى ئىتتىرىپ ئەكەتتى.

ئارىدىن تۆت - بەش ئاي ئۆتتى. ئەسقەر ئۇ چوكاننى ئۇچراتمىدى ھەم ئويلاپمۇ قويمىدى. راست گەپنى قىلغاندا كېچىدە يۈز بەرگەن بىردەملىك ئىش كىمنىڭ يادىدا قالسۇن؟ بىراق بۇ يىل باش ئەتىياز كىرىشى بىلەن دۆلەتباغ مەھەللىسىگە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇغان ئەسقەر خەنزۇ بازىرىنىڭ كېچىلىك قىزىق بازىرىدا تىراكتورىنى توختىتىپ قويۇپ، بىر كاۋاپچىنىڭ ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كاۋاپ، يۇمشاق نان، ئاچچىق دەملەنگەن چاي بىلەن قورسىقىنى پوملاپ ئەمدىلا مېڭىشىغا بىر چوكان ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى سولياۋ خالتىدا توڭلاپ ئېرىگەن تاۋۇزنىڭ يېرىم پارچىسى قىزىرىپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، سىز ھېلىقى بالىغۇ؟ — دېدى كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان چوكان، — مېنى تونۇمىدىڭىزما؟

— خاپا بولماڭ، زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم، — ئەسقەر چوكاننىڭ لاتاپىتىدىن ئەيمىنىپ قالدى.

— مېنى ئۇنتۇپ كېتىپسىز - دە، لېكىن مەن سىزنى ئەسلەپ تۇردۇم، — چوكان بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشتىن بەك مەمنۇندەك قىلاتتى، — ئەسلەپ بېقىڭا، بۇلتۇر كونسۇل ئىستىۋا كوچىسىدا بولغان كېچىدىكى ئىشنى.

— ۋاي مۇنداق دەڭ، سىز شۇمۇ، توۋا يادىمغا ئالالمىغىنىمنى كۆرۈڭ، — چوكاننىڭ ھۆسن - جامالىغا قاراشقا پېتىنالمىغان ئەسقەر گەدىنىنى قاشلىدى، — مەن تېخى سىزنىڭ يولىڭىزنى توسۇپ بوزەك قىلىۋاتقان لۈكچەك ئوخشايدۇ، دەپ تاسلا

قاپتىمەن قاتتىق ئۆرۈۋەتكىلى.

— ھېلىمۇ تازا ئەدىپىنى بەردىڭىز ئۇ لامپىلىلىنىڭ.

— ئېرىڭىز ئۆرغۆدەك نېمە گۇناھ قىلغاندىڭىز؟

— ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوقلا ئىش، — چوكاننىڭ قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك قاپقارا، ئىنچىكە قاشلىرى مىژژىدە تۈرۈلدى، — كىنودىن چىقىشىمىزغا بىرسى مورەمگە سوقۇلۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئارقامغا قايرىلىپ بىر ئالايدىم. لېكىن، ئېرىم دېگەن لۆم - لۆم ئاشۇ ئەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي، مېنى: «ئۇنىڭغا نېمىشقا قارايسەن؟ تونۇمىساڭ ئاتايىن قارامتىڭ» دەپ يولدا ئۆرۈشۈپ كەلدى. ئاخىر قاراڭغۇ كوچىغا كىرگەندە تۇيۇقسىزلا ئۆرۈپ كەتتى دېسە.

— كۆزلىرىڭىز بەك چىرايلىق ئىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا كۇنداشلىقى تۇتۇپ قاپتۇ - دە، ئۇ ئاداشنىڭ...

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — «كۆزلىرىڭىز بەك چىرايلىق ئىكەن» دېگەن سۆزدىن خىجىل بولغان چوكان ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — ئىت - مۇشۈكتىنمۇ كۇنلەيدۇ، دەڭا، شۇڭا بۇلتۇرلا ئاجرىشىپ كەتتىم. ئۆزىڭىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟

— ھەر قېتىم ئىشتىن يانغاندا، مۇشۇ يەردە كاۋاپ بىلەن قورساق پومىلايمەن.

— بىرەر يەردە ئىشلەمسىز؟

— ياق، — ئەسقەر كېچە چىراغلىرىدا قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان تىراكتورنى ئىشارە قىلدى، — ئاشۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشلارغا ماتېرىيال توشۇيمەن.

— تىراكتور تەشكىلىنىڭمۇ؟

— ئۆزۈمنىڭ.

— مۇنداق دەڭ، — چوكان ئەسقەرگە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى، — مەن ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشخانىدا ئىشلەيمەن. ئانامغا تۇمۇ تېگىپ قاپتىكەن، توڭلىغان تاۋۇزنىڭ سۈيى پايدا

قىلىدۇ، دېگەچكە شۇنىڭغا كەلگەنىدىم.

ھۆسن ـ جامالىغا يەتكەن چوكان بىلەن بولغان بىر دەملىك سۆھبەت ئەسقەرنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىپ، تەنلىرىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇ تىراكتورىنى كىچىككى تۈندە تاتاتىلىتىپ مەھەللىسىگە كىرىپ كەلگەندىمۇ يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان شوللۇق چوكان كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمىدى. ئۇنىڭ يۇمىلاق مورىلىرى، ئىنچىكە بەللىرى، تولغان ساغرىلىرى يارىشىملىق كىيىملەر ئىچىدە تېخىمۇ جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇ كېچە ئەسقەرنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئادەتتە بەك چارچاپ كەتكەچكە ياستۇققا بېشىنى قويار ـ قويماي پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، چوكاننىڭ شىرىن ـ سۇخەن سۆزلىرىنى، ناۋات رەڭ سۇزۇك چىرىنى، تۇخۇمسىمان يۈزىنى، قارا قاشلىرىنى، ھەتتا كۈلۈپ تۇرۇپ يەر باقىدىغان سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، كەلتۈرگەنسىرى تولغىنىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلەتتى.

«ۋاي ئىسىت، نېمىشقىمۇ ئىسمىنى سورىۋالمىغاندىمەن؟ — شىۋىرلىدى ئەسقەر، — يا ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى، بويتاقلىقىمنى دېمىگىنىمنى قارا. ئۇ مېنىڭ بىر قېتىملىق قىلغان ياخشىلىقىم ئۈچۈن شۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلدىمۇيا؟ ئۇنداقتا: ‹مېنى ئۇنتۇپ كېتىپسىز ـ دە...› دېگەندە ئاھاڭى خاپا بولغاندەك چىقتى. ئەمما، ‹مەن سىزنى ئەسلەپ تۇردۇم› دېگەن سۆزنى قىلغاندا كۆزلىرىدە دەپ بولغىلى بولمايدىغان تاتلىق بىر نەرسە پاللىدا ياندى... ئاپلا، چاقچاق قىلغان بولۇپ: ‹ماڭا تېگەمسىز يا› دەپ چېكىپ باقسام بوپتىكەن. يا ـ ياق، بۇنداق يېنىكلىك قىلغىلى بولمايدىغان چوكاندەك قىلىدۇ. تۇرقىدىنلا چىقىپ تۇرمامدۇ، لېكىننزە ئاجايىپ پەيزى نېمىكەن ـ دە! ئائىلىسى مۇئەللىم ياكى كاتتا زىيالىي. خەپ، ئەتە ئىشتىن چۈشۈپلا تۇنۇگۇنكى يەردە ساقلاي، ئەگەر ماڭا راستلا مەيلى بولسا، چوقۇم كېلىدۇ. پاھ، پاھ، ‹ھەر كۈنى ئىشتىن يانغاندا مۇشۇ يەردە كاۋاپ

يەيمەن، دەپ ئەۋلىيادەك گەپ قىپتىمەن ـ دە.»

ئەسقەر يەنە شۇنداق قاغا پۇتى خىياللارنى قىلىپ، قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ يەنە ئىشقا ماڭدى. ئۇنى خۇددى پەرىشتىلەر يۆلىگەندەك شۇ كۈنى ھېرىپ ـ چارچىغاننى بىلمىدى، قۇرۇلۇش ئورنىغا بىر يول ئارتۇق ماڭدى، تىراكتور ئۈستىدە تۇرۇپ پەستىكىلەرگە كۈلۈپ قوياتتى، ياشانغانلارنى كۆرسە يېقىملىق سالام قىلاتتى. ئەدناسى ئۇنىڭغا تونۇغان ـ تونۇمىغاننىڭ ھەممىسى «ھېلىقى ئىشنىڭ خەيرلىك بولسۇن...» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئەسقەر پات ـ پاتلا كۆزىنى قىسىپ كۈنگە قارايتتى، بىراق كۈن ئۇيۇپ قالغان ئاۋات قىيامىدەك پارقىراپ بىر يەردىن قوزغالماي تۇراتتى.

مانا بىر كۈن كەچكىچە ئەسقەرنى تاقەتسىزلەندۈرگەن قۇياشمۇ سۈۋادان تېرەكلەر ئارقىسىدا غايىب بولدى. كەچلىك گۈگۈم بىلەن تەڭ دۆلەتباغ مەھەللىسى تەرەپتىن «قىزىل بۇقىسى»نى ئۈركۈتۈپ كەلگەن ئەسقەر كەچلىك بازارنىڭ ئەپلىك بىر يېرىدە توختاپ كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ كاۋاپ يېگەچ، چاي ئوتلىغاچ ئەتراپىغا قارايتتى. كۆز قەپىسى ئىچىدە تورغايدەك پىلدىرلاپ يۈرگەن قارىچۇقى ھېلى ئۇيانغا، ھېلى بۇيانغا يۈگۈرۈپ ھالى قالمىدى. بىراق، ھېلىقى مەھەلىيا قىلغۇچى ئۇياتچان چوكان كەلمىدى. ئەسقەر قانچە ئالدىرىماي يېگەن بولسىمۇ ئاخىر ئالدىدىكى كاۋاپ، نان، چايلارمۇ تۈگىدى. خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن، كەچلىك بازار ئۈستىدىكى ئۆمۈچۈك توردەك ئېسىلىپ كەتكەن ئېلېكتىر چىراغلار ئەتراپىنى ئاپپاق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەسقەر تىراكتور ئۈستىگە چىقىپ ئۇياق ـ بۇياققا بويۇنداپ قارىدى. مانا بىرىنچى قېتىملىق كىنودىن قايتقانلارنىڭ ئايىغى سېلىنكتى، بارغانسېرى كەچلىك بازارمۇ شالاڭلاپ قالدى. ئۈستەڭ بويىدىكى ئاشخانىلارمۇ ئالىلقاچان تاقالدى.

بىردىنلا پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، ھاردۇق يەتكەندەك

سالپىيىپ قالغان ئەسقەر ئارقىسىغا قارىغاچ يولىغا ماڭدى. تۇيۇقسىزلا ئېغىر كېسەل تەگكەن ئادەمدەك قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئاھ ـ ئۇھقىلا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، غۇدۇرىغىلى تۇردى. چىقمايدىغان ھالىغا نېمىشقا ئادەمنى ئومۇلدۇرۇپ «مەن سىزنى ئەسلەپ تۇردۇم» دەيدۇ؟ تېخى «مېنى ئۇنتۇپ كېتىپسىز» دەپ كونا ئاشنامدەك گەپ قىلىپ كەتكىنىنى كۆرەي، خەپ بۇ قېتىم ئۇچراپ قالسا، «ئۇنتۇپ قالغان سىزمۇ، مەنمۇ؟» دېمەيدىغان بولسام، توغرا، بىر سەمىگە سېلىپ قويغانىنىڭ زىيىنى يوق. ۋۇي راست، ئۇغۇ گەپ ئارىسىدا تۇيدۇرماي ئاجراشقانلىقىنى دەۋالدى. مەن نېمىشقا دېمىگەندىمەن. ھە، ئەمدى بىلدىم، ئۇ مېنى «خوتۇنى، بالىلىرى بار ئىكەن» دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ ـ دە. ئاپلا، ماۋۇ قاپاق كاللامنى كۆرۈڭ.

ئەسقەر ئىككىتايىن خىياللار بىلەن ئەتىسىمۇ بىر كۈن كەچكىچە تېرىكىپ يۈردى. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا يەنە كەچلىك بازارغا كەلدى. ئۇ كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كېلىشى ھېلىقى چوكان شۇ يەردە تۇراتتى. ئەسقەرنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان دەۋالماقچى بولغانلىرى، ئويلىغانلىرى نەدە قالدى، ئۆزىگە نېمە بولدى بىلەلمەي قالدى. ئۇ قىزىرىپ، بوزىرىپ، ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلىدى ھەم گەپنى نەدىن باشلاشنىمۇ، ھال سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ دۇدۇقلىدى:

— كاۋاپ ئالسام يەمسىز؟

— ياق، مېنىڭ قورسىقىم توق، سىزنى كەلگەنمىكىن دەپ چىقىپ بېقىشىم.

— تۈنۈگۈن ئوتتۇرا كېچىگىچە ساقلىدىم، چىقمىدىڭىزغۇ؟

— يۈرۈڭ، تىراكتورىڭىزنىڭ يېنىغا بارايلى، ئاشۇ يەر تىنچتەك قىلىدۇ، — ئۇلار تىراكتورنىڭ كوزۇپى كەينىگە ئۆتتى، — تۈنۈگۈنكى گەپنى قىلماڭ، ئىككى مەست ئۇرۇشۇپ ئاشخانىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى. بىر كېچىدە ئاران

www.uyghurkitap.com

رەتلەپ بولدۇق.

— مۇنداق دەڭ، قاراڭ، تونۇشۇپ قالدۇق، لېكىن ئىسىملىرىمىزنى بىلىشمەيمىز، — دېدى ئەسقەر غەيرەتكە كېلىپ، — مېنىڭ ئىسمىم ئەسقەر، سىزنىڭچۇ؟

— ساباھەت.

— ساباھەت؟ — ئەسقەرگە بۇ ئىسىم بەكلا تونۇشتەك ئاڭلاندى، — ئەجەب چىرايلىق ئىسىم ئىكەن.

ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۈپ تۇرۇشىغا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا بىر ساراڭ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كونا ھەم كىرلىكىدىن رەڭگىنى يوقاتقان مايسا رەڭ ئۇزۇن پەلتوسىنىڭ يانچۇق، قولتۇق - يەڭلىرى، مۈرىلىرى سۆكۈلگەن بولۇپ، يىپلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مەيدىسىگە ئېسىلغان ماۋزېدۇڭنىڭ ھەر خىل ئىزناكلىرى، قەلەي تۈگمە، قوتا ئېغىزلىرى، سولياۋ گۈللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن پەلتونىڭ ئالدىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ساراڭنىڭ چارلىشىپ ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇزۇن چىگىش ساقاللىرى مەينەت يۈز - بويۇنلىرىنى قاپلاپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى خۇددى ئۇرۇشتا بۇيرۇق بېرىۋاتقان قوماندانلاردەك ئالدىغا سوزدى:

— ئالدىغا بۇرال، ئالغا قاراپ ئاتاكا، ھۇررا!... گېنېرال بولۇشنى ئويلىمايدىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس! قېنى ئوردېن - مېداللار بىلەن شان - شۆھرەت قازانغان گېنېرالغا سەدىقە - پېتىر ئاتا قىلىڭلار.

ساباھەت بۇ ئادەمنىڭ بەتبەشىرە چىرايىدىن قورقۇپ تۈگۈلۈپلا قالدى. ئەسقەر يېنىدىن بىر سوم چىقىرىپ ساراڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. لېكىن، ساراڭ يەنە بېزىرىپلا تۇراتتى.

— ئەمدى كەتمەمسەن، — دېدى ئەسقەر ئاچچىقلاپ، — پارچە پۇلدىن شۇ بار ئىكەن.

— ئەگەر مېنىڭ قىزىم ساباھەت بولغان بولسا، سىلەردەك پىششىقلىق قىلمىغان بولاتتى، — ساراڭ ئارقىسىغا بۇرىلىپ

كېتىۋېتىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرگىنىچە ۋارقىرىدى، — قېنى سەن، ئوماق قىزىم ساباھەت!... تاتلىق تىللىرىڭ بىلەن «دادا» دەپ چاقىرساڭچۇ مېنى!

ساباھەت ساراڭنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق لەۋلىرى سۇس تىترەپ، بوش پىچىرلىدى:

— ئادەمنىڭ شۇنداقمۇ كەيپىنى ئۇچۇردا بۇ ساراڭ. نەدىن پەيدا بولدى، خۇدايىم.

— قورقماڭ، تاش ساراڭ دېگەن شۇ، ئۇ داۋاملىق خەنزۇ بازىرى، تاشلەيكە، بەيتۇللا ئالدىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، جىمجىت كېچىكى تۇندە كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ، خوتۇنىنىڭ، قىزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرارىمىش، — ئەسقەر قول سىلكىدى، — بولدىلا، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى. ساباھەت، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، سىزغۇ غۇلجىلىقلاردەك سۆزلەيدىكەنسىز، لېكىن بەزى سۆزلىرىڭىزدىن قەشقەرلىكمىكىن دەپ قالىمەن... شۇنداقمۇ؟

دادىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقلىرىنى ئاڭلىغان ساباھەت ئۇنى تىرىك دېگۇسى كەلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن غۇلجىغا كەلگەنلىكى، بىر يېشىدىن باشلاپ مومىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— شۇ، مەنمۇ قەشقەرلىكمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

— قەشقەرلىك بولسا بولمامدىكەن؟

— قاراڭ گېپىڭىزنى، ھەممىمىز بىر ئۇيغۇر، بىر مۇسۇلمان تۇرساق، — چىن سۆيۈش ئەسقەرنى مىڭ گىرادۇس پىرقىرىتىۋەتكەنىدى، — قاراڭ، ساباھەت، مەنمۇ تۇرمۇشتا ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز...

گەپنىڭ ئۇرانىغا يەتكەن ساباھەتنىڭ بېشى چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى.

— مەن بۇلتۇرقى ئاشۇ كېچىلا سىزگە مايىل بولۇپ قالغان، — دېدى ساباھەت پەس ئاۋازدا، — سىزنىڭ: «پادىشاھ بولسىمۇ ئايال كىشىنى ئۇرسا بولامدۇ»، «ئەرلەردىن قورقىدىغان خوتۇنلىرىنى دۇمبالايدىغان ئەرلەرنى ئەر دېمەيمىز، ھېلىقى بىر نېمە دەيمىز» دېگەن سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، مۇنداقمۇ ئەرلەر بولىدىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، سىز ئۇنتۇپ كەتكەن بىلەن مەن داۋاملىق ئەسلەپ تۇردۇم...

— ساباھەت، مەن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

— سوراڭ ...

— مومىڭىز قوشۇلارمۇ؟ — ئەسقەر ھەدىسى گۈلبانۇمنىڭ پاجىئەسىنى ئويلاپ قالغانىدى، — بەزى ئاتا - ئانىلار يۇرت سۆرۈشتە قىلىپ ئۇنىمايدىكەن.

— ھازىر مومام ئۇنداق ئەمەس... ئۇ، ئۆزىمۇ... — ساباھەتنىڭ «غۇلجىلىققا تەگدى» دېيىشكە تىلى كۆيدى، — ئۆزىڭىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭمۇ ئاپام ھازىر ئۇنداق ئەمەس...

... بۇ ئۇزۇن ئەسلىمىدىن ئويغۇرمەنلىرىمىز، ئەسقەرنى «قانداق نەرسە» بۇنداق تېز ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، مۇھەببەت ئەنە شۇنداق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئۇلۇغ روھ! ئۇ ساپ، غۇبارسىز، غەيرىي غەرەزلەردىن خالىي بولغىنىدا سېھرىي كۈچى ئارقىلىق تاشنىمۇ يۇمشىتالايدۇ. قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇپ، ئاداشقانلارنىڭ يولىغا نۇر - شولىلار چاچالايدۇ. ئەسقەر ساختا كۆڭۈلنىڭ شورى بىلەن ئىككى ئايدىن ئارتۇق سولىنىپ ھەممە ئىشنى ئويلىدى. سەنەۋەر ئۇنىڭ بىلەن پاك جۈپتى ھالاللاردىن بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەرلىمەي تۇرۇپ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا نائىل بولۇش، ئېرىنىڭ تاپقىنىنى ئالىقىنىدا چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئەركىن يايراپ ئوينىشى، ئوغرىلىقچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە توشۇش ئۈچۈن ئەسقەرگە تەگكەن. «قىزىل بۇقا»نىڭ تۆت پاي چاقى پىرقىراپلا

تۇرىدىكەن، پۇل دېگەن سەنەۋەرنىڭ ئازمىسىغا كوركىراپ چۈشىۋېرىدۇ ـ دە. بىراق، ئىش ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى. ئەسقەر تاپقان پۇلنى چىڭ تۇتۇپ، تېجەشلىك بىلەن بەش جانلىق ئائىلىگە تەڭ قانات ياپاتتى. سەنەۋەرنىڭ: «تاغار باينىڭ، ئېشەك باينىڭ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن» دېگىنىگە يول قويمايتتى. شۇڭا، بۇ ھىيلىگەر قىز گۈلسۇمخاننىڭ ئۇتتۇرلۇق جان ئېتىۋاتقان ئائىلىسىگە كېلىپلا نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ «تاماق ئېتىشنى بىلمەيمەن» دېيىش ئارقىلىق كېلىنلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشنى خالىمىدى. «خىزمىتىم بار» دەپ كۈندە ئاپىسىنىڭ كەمپۈت ئوراش ئىشىغا ھەمقان بولۇپ ئەسقەرنى، گۈلسۇمخانلارنى ئالدىدى، كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئائىلىنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتتى. شۇنداقلا ئەسقەرنى «سولانغان» دېگەن يامان ئاتاققا قويدى. ئەسقەر ساباھەت بىلەن تونۇشقان ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، كۈن ئارىلاپلا ئۇچرىشىپ تۇردى، مۇڭداشتى، سىرداشتى، ئەرلىرىنىڭ، خوتۇنلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى سۆزلىشىپ دەرد تۆكۈشتى. خۇددى بولىدىغان مېۋە چېچىكىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ساباھەتنىڭ تەربىيەلىك، ئەخلاقلىق، شەرم ـ ھايالىق ھەم قولى ئىشلىق قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. بولۇپمۇ ئەسقەرنى مەھلىيا قىلىۋالغىنى ساباھەتنىڭ ئادەم يېنىكلىك بىلەن چاقچاق قىلغىلى بولمايدىغان لاتاپىتى، تولغان ھۆسن ـ رۇخسارى ئىدى.

گەرچە ئۇلار ئەنە شۇنداق قەدىناس سىرداشلاردىن بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى زېدە قىلمايلى دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، بىرسى ئاپىسىنىڭ، يەنە بىرسى مومىسىنىڭ باللىرىنى بەختسىز قىلىپ قويۇشتەك نادانلىقلىرىنى چۇۋۇپ ئولتۇرۇشمىدى. بولۇپمۇ ئەسقەر بۇ تەرسا نادانلىقنىڭ جاھىل ۋارىسلىرىدىن بولغانلىقى ئۆزىگە مەلۇم ئىدى.

مانا ئەمدى تىراكتور ئۈستىگە قونۇۋالغان ئەسقەرنىڭ «گۈل

www.uyghurkitap.com

مەشۇق» ناخشىسىنى دىمىقىدا غىڭشىپ خۇشال ـ يايراپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى تېخىمۇ روشەن بولغاندۇ؟ ئۇ بۈگۈن ساباھەت بىلەن توي توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ قايتقانىدى. ئەمدى ئاپىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسا بولامدۇ؟

ئەسقەر تىراكتورىنى ھويلىغا توختىتىپ تۇرۇشىغا ئالىنۇر چۆگۈندە سۇ، لۆڭگە كۆتۈرۈپ كەلدى. «مانا، مانا مېنىڭ قەشقەرلىك ئوبدان ئوكام بەك ئىشچان جۇمۇ» دەپ چاقچاق قىلدى ئەسقەر، ئۇنىڭ «قاشقالىق» دېگەن سۆزىنىڭ «قەشقەرلىك»كە ئۆزگەرگىنىچە ئىككى ئايدىن ئاشقانىدى.

ئەسقەر كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاپىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكىردى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، خەنزۇ بازىرىدا بىر چوكان بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىغا ئىككى ئايدىن ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ سالا ـ سۈپىتى، بىر ئەرلىك بولۇپ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ بەردى. سەنەۋەرنىڭ ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن نومۇسسىزلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن گۈلسۈمخان ئارىسالدى بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئەسقەرنى ئۆيلەپ قويمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئايالىدىن ئاجراشقىنىغىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ كەتتى.

— بالام، ئوبدان ئويلاپسەن، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭمۇ بولۇپ قالدى. يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلسۈمخان، — ئۇ چوكاننىڭ ئىش ئورنى بارمىكەن؟

— خەنزۇ بازىرى ئۆستەڭ بويىدىكى ئاشخانىدا ئىشلەيمەن، دەيدۇ.

— ئىسمى نېمىكەن؟

— ساباھەت.

— نېمە، ساباھەت؟ — گۈلسۈمخاننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — مۇئەتتەرخاننىڭ نەۋرىسى، ئەنزەرنىڭ سىڭلىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

— شۇنداقمۇ؟ — ئەسقەرنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — نېمانداق ئىسمى تونۇشلا دەيمىنا.

— سەن داۋاملىق سەھەر چىقىپ كېتىپ، كېچىدە كەلگەچكە كۆرمىگەن. ئۇ قىز ئالىنۇرنى كۆرگىلى ئىككى - ئۈچ ئايدا بىر قېتىم بىزنىڭكىگە كېلەتتى، — گۈلسۇمخاننىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى بولغاي ۋارقىرىۋەتتى، — ھەي سارالڭ، بىر قېتىم «ساباھەت ئالىنۇرنى كۆرگىلى كەپتۇ» دېسەم، ئەمىسە ئۆيگە كىرمەيمەن دەپلا ھويلىدىن چىقىپ كەتمىدىڭمۇ. مانا ئەمدى ئېغىزىڭ چۇشۇپ قالغۇدەك ماختاۋاتىسەن.

— ۋايتوۋا ... — ئەسقەر بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، بېشى چۈشۈپ كەتتى، — خۇدانىڭ ماۋۇ تەقدىرىنى...

— ۋادەرىخا، گۈلبانۇم بىلەن ئەنزەرنىڭ دەردى ئۈنتۈلماي تۇرۇپ، ئەمدى ما ئىشنى كۆرۈڭ، — گۈلسۇمخان ياقىسىنى تۇتۇپ، مەيدىسىگە تۈپكۈشلىدى، — توۋا قىلدىم، توۋا قىلدىم خۇدايىم، ئۆتكۈزگەن كۇپۇرلۇقلىرىمىز ئۈچۈن ئىككى مۇسۇلمان ئائىلىسىنى بىر يىپقا باغلاپ قويۇپ، كۆزىمىزگە كۆرسىتىۋاتامدۇ، نېمە؟!

— ئاپا، ئۇ چاغلاردا ھەممىمىزنى قارا باسقان، — دېدى ئەسقەر تەسەللى بېرىپ، — ساباھەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مومىسى قوشۇلغۇدەك.

— ئەمدى قوشۇلمىسا قارا يۈز بولۇپ كېتەر. ئۆزىمۇ غۇلجىلىق جۇرېنىغا تەگكەن تۇرسا، — گۈلسۇمخان يەنىلا لىڭگىرپاي خىيالدا ئىدى، — ئەممازە شۇنچە سەتچىلىكلەر بولۇپ ئۆتتى. قان چېچىشمىدۇق ئۇنىڭ بىرىسى بولدى. ئەمدى قانداقمۇ تۇغقانچىلىق قىلارمىز؟ قايسى يۈزىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزگە قارارمىز؟ ۋاي ئۆلدۈم، ۋاي ئۆلدۈم. بۇ خۇدانىڭ بىزگە بېرىۋاتقان جازاسى!

دانا پازىللار مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

«كىشى بىلەن ئالدىرىمايراق دوست بول، دۈشمىنىڭگە

ئالدىرىمايراق دۈشمەنلىك قىل... ئالەم ئەھلىنىڭ دوستلۇقى ۋە ئاداۋىتى خۇددى باھار يامغۇرىغا ئوخشاش گاھى ياغىدۇ، گاھى توختايدۇ. ئۇ دائىمىي ۋە مەزمۇت بولمايدۇ.» بۇ ئىبرەتلىك سۆزلەرنىڭ قۇدرەتلىك مەنىسىنى گۈلسۈمخانىنىڭ ئۆكۈنۈشلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا مۇئەتتەرخان ئىككىسىگە ئوخشاشلا بېرىلگەن جازا. ئۇلار يەنە ئۇرۇق - تۇغقان بولۇشماقچى. لېكىن، ئەنزەر، گۈلبانۇملارغا سالغان زۇلۇم داغلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ھەربىر ئەسرا بولۇشقىنىدا، ئەقەللىيسى ئالىنۇرنى كۆرۈشكىنىدە، يۈزلىرى دەرھال ياققاندەك كۆيىدۇ، خۇدۇكسىنىپ يەر باقىدۇ، يۈرەكلىرى ئېچىشىدۇ...

* *

بىر كۈن بۇرۇن خەۋەر تاپقان نېغمەت بىلەن مۇئەتتەرخان ئەلچىلەرنى ئوچۇق - يورۇق، ئىسسىق سالام بىلەن كۈتۈۋالدى. بىساتىدا بارىنى ئايىماي قىزغىن مېھمان قىلىشتى ھەم «ماقۇل جاۋاب»نى ئاڭلىغان ئەلچىلەرمۇ مەمنۇن بولۇشتى. ئۇلار توينى بەكمۇ سوزماي پات - ئارىدا قىلىشقا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئەلچىلەرنى ئۇزىتىپ قويۇشتى.

جۇۋان تويى بولغاچقىمۇ توي ھەشەم - دەرەمسىز، ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلار بىلەنلا چىرايلىق ئۆزىتىلدى. ساباھەت دەريابويى كوچىسىغا ياتلىق بولۇپ كەلگەندىن بېرى ئەسقەر بىلەن بولغان يېڭى تۇرمۇش شادلىق، خاتىرجەملىك مۇجەسسەملەنگەن بەخت ئىچىدە ئۆتمەكتە. ئۇلار ئەتىگەندە تۇرۇپ بىرلىكتە ناشتا قىلغاندىن كېيىن، ئەسقەر تىراكتورىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئىشقا ماڭىدۇ. ساباھەت تويلۇق ۋېلسىپىتىنى مىنىپ ئاشخانىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەتتە چۈشتە كەلمەيدۇ، كەچتە بولسا بالدۇرراق كېلىپ قېيىنئانىسىغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشىدۇ. تاماق

يېيىلىپ بولغاندا ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىردەم مۇڭدىشىپ، ئىككى ياش ئەر ـ خوتۇن ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشىدۇ ھەم تاتلىق كۈلكىلەر، شېرىن پىچىرلاشلار بىردەم ئاڭلانغاندىن كېيىن ھۇجرا جىمىپ قالىدۇ...

ئەسقەر ھېيت ـ بايرام ھارپىلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە خوتۇنى بىلەن بىللە ئويناشقا بەك ئامراق، ئۇ ساباھەتنى دەريا بويلىرى، ۋاڭ قادىر بېغى، زەيىمكا، ساي قۇيۇلۇش ئېغىزلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتىدۇ. بازار كۈنلىرى ساباھەتنىڭ «پۇلنى بۇزماڭ» دېگىنىگە باقماي كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ «قاراڭلار، مېنىڭ قانداق ئايالىم بار ئىكەن» دېگەندەك نوپۇزلۇق ئەرباپلار پەدىسىدە گىدىيىپ ماڭىدۇ. توغرا، ئۇ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق! سالاھى ـ سۈپەتلىك، چېھرىدىن پەزىلەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان، شۇنداقلا سۇمباتلىق بىر ئايال ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېتىۋاتسا ئۇنىڭ روھى ئۆسمەي كىمنىڭ ئۆسسۇن؟!

ئادەم خۇشال، ئەمىن ياشىغانلىرىدا كۈنلەر خۇددى كۆچكەن يۇلتۇزدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. موھتاجلىق، بىئاراملىق، ئەلەملىك كۈنلەر گويا بىر قورام تاشتۇركى، قوزغالمىقى بەسى مۇشكۇل. مانا كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە سېنتەبىر ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. بىر كۈنى گۈلسۈمخان، ئەسقەر، ساباھەت، ئالىنۇرلار چۈشلۈك چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئۆيگە مەخپىي سىپىرلىق چاققانغىنا چامادان كۆتۈرگەن، سالاپەتلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇ قوڭۇر رەڭلىك، كەڭ قارا دەستىلىك كۆزئەينەك تاقىۋالغانلىقى ئۈچۈن سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئەت رەڭ كۇزلۇك پەلتوسى، پارقىراق گالىستۇكى، مېغىزرەڭ ئايىغى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۇ كۆزئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ سالام قىلىشىغا، ساباھەت يىغلىغانچە ئېتىلىپ كەلدى:

ــ ئەنزەر ئاكا! بۇ دۇنيادا بارمۇ سەن، ئاكا، شۇنچىمۇ

ئەنسىرەتتىڭغۇ بىزنى... — ساباھەت ئەنزەرگە ئېسىلىپ قارىقويۇق سۆيۈپلا كەتتى.

— ھەممىڭلار ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟ — ئەنزەرنىڭمۇ كۆزلىرىدە يالتىرىغان يالقۇن كۆرۈندى، — ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ئوبدان، بالام... ئوبدان، — يىغلامسىرىغان گۈلسۈمخان ئەنزەرگە ئېسىلىپ پېشانىسىگە سۆيدى. بۇ ئارىلىقتا ئەسقەر ئېلىقىپقىنا ئىككى قولىنى سوزۇپ كەلدى. ئەنزەر ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مۇبارەك بولسۇن، — ئەنزەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — سىڭلىم ساباھەت بىلەن توي قىپسىز...

ئەنزەرنىڭ كۆزى بىردىنلا سۇپىدىن چۈشمەي يېتىرقاپ تۇرغان ئون بىر - ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئوماققىنا قىزغا كۆزى چۈشتى - دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى.

— قىزىم ئالىنۇر، — دېدى گۈلسۈمخان قىزغا، — ئۇ سېنىڭ داداڭ ئەنزەر بولىدۇ، تېز بول، كۆرۈشكىن، «دادا» دېگىن.

قىز ئورنىدىن قوزغالماي يەنە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئاستا كەلدى - دە، بوش ئاۋازدا «دادا» دېيىشىگە، ئەنزەر ئۇنى بوشقىنا باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويدى.

— قىزىم، شۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كېتىپسەن... مەن كەتكەندە تېخى ئىككى ياشقا توشمىغانىدىڭ. پاھ، ئاپاڭنىڭ ئۆزىلا بوپسەن. ئوقۇۋاتامسەن؟

— ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن.

ئۆيدە خۇشاللىق ئارىلاشقان يىغا - زار ھەم خىجىللىق بىر پەس ھۆكۈم سۈردى. بولۇپمۇ ئەسقەر، گۈلسۈمخانلار ئانچە - مۇنچە ھال - ئەھۋال سوراۋاتقان بولسىمۇ يۈزىنى كۆتۈرەلمىدى. ئەنزەر بۈگۈن ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇدۇل ئۆيگە ماڭغانىدى.

خەنزۇ بازىرىدا تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدىمۇ دەريابويى كوچىسىنى كۆرۈش، بىراۋلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى چۈشكەن، مۇبارەك تىنىقلىرى تارقالغان، ئىسسىق ياشلىرى قوشۇلۇپ تەك ئاھ ئۇرۇشقان ئەزىز يەرلەرنى تاۋاپ قىلىش ئىستىكى بىلەن قىزىنى باغرىغا بېسىش ئارزۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ تاكسى كىرا قىلىپ خەنزۇ بازىرىدىنلا كەينىگە ياندى. بۇ تاكسىلار ئەمدىلا پەيدا بولۇپ، بىر قەدەم ماڭسىمۇ ئون سوم ئالىدىغان چاغلار ئىدى. شۇڭا، كۆپ ئادەملەر قىممەت كۆرۈپ، خادىك هارۋىلارغا چۈشەتتى.

— ئۇنداقتا، — گۇلسۇمخانىنىڭ «بالام» دېيىشكە تىلى كۆيدى، — چوڭ ئۆيگىمۇ بارماي ئۇتتۇرلاپ مۇشۇ يەرگە كېلىشىڭىز ئىكەن ـ دە؟

— شۇنداق، — ئەنزەرنىڭمۇ «ئاپا» دېيىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، — ساباھەت بىلەن ئەسقەر تويى قىپتۇ. بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى تەبرىكلەشنى كەينىگە سۈرسەم بولامدۇ (ئەنزەرنىڭ ئاۋازىدا ئاچچىق تەئەددى ھىدى بار ئىدى)، بۇ خۇددى زۇلمەتلىك كېچىدە قۇياشنى كۆرگەندەكلا ئىش ـ دە!...

ئەنزەرنىڭ يا خۇشال بولغىنىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ شۇنچىلىك كەم سۆز ئىدىكى، بىر يەرگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتسە، گويا كۆزىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر كۆزى باردەك ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ قويۇاتتى. بۇرۇنقى خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان يۈزىنى بىر خىل خىرەلىك قاپلىغان، نۇرانە قارىچۇقلىرىدىكى چېقىنلارمۇ سوغۇق ھەم سۇرلۇك ئىدى.

ئەنزەر سوغۇقلا خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇ كىملەردۇر كۆلۈپ چىقىپ كېلىدىغاندەك پېشايۋان پەلەمپەيلىرىگە، چايخانىلارغا تويماي قارىدى. ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ھېلىقى مېھرى ئۇتلۇق لەمپە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا ئەسقەر ئۇچۇن سېلىنغان

ئىككى ئېغىز ئۆي تۇراتتى. ھەممىدىن رايى قايتقان ئەنزەر «بايۋەچچە» ئۇن يىلدا بىر كەلگەن تۇرۇقلۇق ھېچقانداق سوۋغات سوۋغا قىلماي، جانجىگەر قىزىغىمۇ يىپ قاتارلىق بىر نەرسە تۇتقۇزماي، ھەتتا پېشانىسىگە سۆيۈپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن ساباھەت خىجىللىق ئىچىدە ئۆرتەندى.

ئەنزەر ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندىمۇ يەنىلا شۇ مەبۇتەك سۇرلۇك ئىدى. مۇئەتتەرخان ئېسىلىپ سۆيۈپ ھالىدىن كەتتى. ئابدۇسەمەت «جېنىم ئاكام» دېگىنىچە ئاكىسىنى قۇچاقلىدى. بولۇپمۇ گۈلنىسا زادىلا قويۇپ بەرمەي، تېلىقىپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىدى. لېكىن، ئەنزەر مەككىدىكى خاسىيەتلىك تاشتەك تۇرۇپلا بەردى. باشقىلار خۇددى ساۋاب تاپماقچى بولغاندەك ئۇنى سۆيدى، قۇچاقلىدى، باغرىغا باستى، كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. پەقەت نېغمەت دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندىلا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ ۋىللىدە ئوچۇق چىراي ئاچتى.

— قارا، بالام، بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەختەم بولىدۇ، — دېدى مۇئەتتەرخان، يۇمىلاق ئاق يۈزلۈك، قوشما قاش بالىنى كۆرسىتىپ، — بۇ يىل توققۇز ياشقا كىردى. ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

— بالاڭ؟! ... — ئەنزەر بىر ئانىسىغا، بىر گۈلنىساغا تىكىلدى، — بۇ... بۇ...

— قېنى مېھمانخانىغا كىرەيلى، — دېدى نېغمەت گەپنى ئۈزۈپلا، — ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمايمىزمۇ، قېنى گۈلنىسا، سىز دەرھال تاماققا تۇتۇش قىلىڭ.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ تاماق شىرەسى ئەتراپىدىكى كۆرپىلەردە ئولتۇرۇشتى. گۈلنىسا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قەنت ـ گېزەكلەر بىلەن سىنچاي قىلدى، ئاندىن چاي چۆگۈنىنى مۇئەتتەرخانغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئەنزەر مۇئەتتەرخانىنىڭ يېقىنىدا ئولتۇرغان ئەختەمگە نەزەر سالدى. قارىغانسېرى ئۆزىنىڭ كىچىك چاغلىرى، شۇ چاغدا چۈشكەن

خاتىرە سۈرەتلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. دېمىسىمۇ ئەختەم ئەنزەرنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى چىرايىنى كېيىپلا چىققانىدى. ئۇنداقتا نىغمەتنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بالا كىم بولىدۇ؟ ئەنزەرنىڭ ھەيران بولۇپ قارىغىنىنى سېزىپ قالغان نىغمەت چاقچاقلا يۆلەپ دەۋالدى:

— بۇ ئوغلۇم، قاراڭ ئەنزەر، غۇلجىلىق بىلەن قەشقەرلىكنىڭ بىر تال تەۋەررۈكى دەڭا. ئىسمى ئىلدوس. قانداق، مەنلىكمىكەن؟

سۆھبەت زادىلا قولاشمىدى، مۇئەتتەرخان، ئابدۇسەمەت، نىغمەتلەر قىزىققان سوئاللارنىڭ تولىسى جاۋابسىز قالدى. ئەنزەردىن «ھەئە، ياق»تىن باشقا جاۋاب يوق ئىدى. تېخى بېشىنى چايقاش، گىلدىڭلىتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان يېرىگە كەلگەندە، ئۇ: «ئۈرۈمچى، گۇاڭجۇلاردا ئاشخانا، سامسىخانام بار. بېيجىڭ ۋاڭفۇجىڭدا بىر كاۋاپخانا ئېچىۋالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى غۇلجىلىق، قەشقەرلىك بالىلار ماڭدۇرۇۋاتىدۇ» دەپ قويۇپ يەنىلا يەرگە قارىۋالاتتى. گۈلنىسا ئەكىرگەن ھاردۇق ئېشىمۇ كۆڭۈلسىزلا ئىچىلدى. نىغمەت دۇئاغا قول كۆتۈرگەندىن كېيىن مۇئەتتەرخانغا قاراپ:

— يول ئازابى — گۆر ئازابى دېگەن گەپ بار، ئەنزەر ھېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەمدى ئارام ئالسۇن، — دېدى.

ئەنزەر ھويلىغا چىقىشىغا ئارقىدىن پالاقلاپ چىققان مۇئەتتەرخان ئۇنى چەتكە تارتتى - دە، گۈلنىساخانىنىڭ ئۆز ھۇجرىسىغا ئورۇن سېلىپ قويغانلىقىنى دېيىشى ئەنزەرنىڭ غۇژلا ئاچچىقى كەلدى.

— ئانا، مەن ئۇنى تالاق قىلغان، — دېدى ئەنزەر قاپىقىنى تۈرۈپ، — مۇسۇلمانچىلىقتا توغرا كېلەرمۇ؟

— جېنىم بالام..

— بولدى قىلسىلا.

— ئانا، گەپلىرى تۈگىدىما قانداق؟ — دېدى پېشايۋان

ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ تىڭشىغان ئابدۇسەمەت، — مەن بۈگۈن كېچە ئاكام بىلەن مۇڭدىشىپ ياتاي دەيمەن، خاپا بولمايدىغانلا؟
— سىنىڭ ئۆيۈڭ نەدە؟ — سورىدى ئەنزەر.
— نىغمەتكامنىڭ چوڭ قورۇسى ئوڭچە ماڭا قالدى، ئۆي دېگەن ساماندەك.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇسەمەت بىلەن روشەنگۈل ئىشقا مېڭىشتى. ئەنزەر ئۆيگە قايتىپ كەلدى. نىغمەت خېلى بۇرۇنلا ئاھالە كومىتېتىغا كەتكەنىدى. گۈلنىسا ئۇنىڭغا چاي قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆيدە ناشتا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى. گۈلنىسانىڭ كۆز - قاپاقلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەختەم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى ئەنزەر نەلەرگىدۇر قاراپ، — ئانامچۇ؟

— ئەختەم مەكتەپكە كەتتى، — گۈلنىسامۇ ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاريالمىدى، — ئانام سىزنى ساقلاپ مېھمانخانىدا ئولتۇرىدۇ.

ئەنزەر مېھمانخانىغا كىرگەندە، ئېگىز تىرەپ خىيالغا پاتقان مۇئەتتەرخان ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى - دە، «قېنى ئولتۇر» دەپ كۆرپىنى ئىشارە قىلدى. ئانىسىنىڭمۇ چوڭ كۆزلىرىنىڭ ئوتقاشتەك قىزارغانلىقىنى كۆرگەن ئەنزەر كېچىچە كىرپىك قاقمىغانلىقىنى بىلدى. راست، مۇئەتتەرخان كېچىنى خىيال بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى. دەرۋەقە ئۇ ئەنزەرگە بەكمۇ ئۇۋال قىپتۇ. بىچارە ناتىۋان گۈلبانۇمنىڭ بەخت - ئىقبال چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، لەختە - لەختە قان يىغلاشلىرىغا سەۋەب بوپتۇ. ماتا بۇ ئاغزىدىن خۇدانى چۈشۈرمەيدىغان، بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلماي ئۆتەيدىغان، ئوتتۇز كۈن روزىنى ساق تۇتىدىغان تەقۋادار ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ يۈرىكىگە سالغان مەڭگۈ ئۆچمەس زۇلۇم دېگى! ئۇنىڭ ياشلىقى بولمىغانمىدى؟ مەخەت ئەپەندى

ئۇچۇن تالاپەت تارتمىغانمىدى! ئىشقىي سەۋدانىڭ قۇدرىتىنى بىلمەمدۇ يا؟! «ئىشقىي ئوتىنىڭ ئالدىدا، دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق» دېگەن غەزەللەرنى ئېيتمىغانمىدى؟! ھەممىنى بىلىدۇ، تېخى تۇنۇگۇندەكلا ئېسىدە تۇرۇپتۇ. مەخەت ئۇچۇن ئاتا - ئانىسىدىن سۈپۈرگە، نوغۇچ، لاخشىگىردا ئۇرۇلغىنى! تېخى قىرىق ئالتە يېشىدا نېغمەتكە مەيلى چۇشۇپ قېلىپ يوشۇرۇن ئۇھسىنىپ، سېغىنىپ يۈرگەنلىرىچۇ؟ خۇددى كەچ كۈزدە پىشقان تاغ ئۆرۈكىدەك چۇچۇمەل، قىرتاق بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك شېرىن - لەزىز تېتىمىدى! ئەمىسە بۇ جاھىللىق، مۇتەئەسسىپلىك، تاش بېغىرلىق ئۇنىڭغا نەدىن ياماشقاندۇ؟! ياق، مۇئەتتەرخاننىڭ تاشمەمەتكە بولغان ئۆچمەنلىك ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى، ئېستېتىك تىلەكلەرنى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋەتكەن! قارىمامدىغان ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ كەملىكىنى، تەدبىرىنىڭ سۇسلۇقىنى! خۇددى تاشقا تاياقنى تاڭغاندەك: «گۈلنىسانى ئېلىپ بەرسەم ئەنزەرمۇ كۆز چانقىمىدىن نېرى بولمايدۇ. سۆڭەك ئىزدىگەن لالما ئىتتەك ئۇچرىغان ھويلىغا كىرىپ كەتمەيدۇ، ھېلىقى ئېزىتقۇنى كۆرمىگەندىكىن بارغانسېرى كۆڭلى سوۋۇپ ئۇنتۇيدۇ...» دەپ ئويلىغانلىرىچۇ! مانا شۇنچە يىللار ئۆتتى، ئەنزەر گۈلبانۇمنى ئۇنتۇيالىدىمۇ؟ زىنھار ئۇنتۇيالمىدى، ئۇنتۇيالمىدى ئەمەس، بەلكى يۈرەكتىكى ئوت پەسەيمىدى. مۇئەتتەرخان ئوغلىنى نېمىگە ئۆزگەرتىپ قويدى؟ قائىدە - يوسۇنلۇق، پەزىلەتلىك، خۇش پېئىل بىر بالا خۇددى ھېسسىياتسىز، ھېچنېمە بىلەن ھەپسىلىسى يوق، سۆزلەشمۇ ئېغىر كېلىدىغان تاش مەبۇدىگە ئايلىنىپ قالسا يۈرەك - باغرىڭ ئۆرتەنمەمدۇ؟!

ئېڭىكىنى تۇتۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان مۇئەتتەرخان ئۇنسىز يىغلىۋەتتى. باياتىن بېرى بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىمىپ كەتكەن ئەنزەرمۇ ئانىسى بىرنېمە دېمىگۈچە زۇۋان ئاچمىدى.

— بالام ئەنزەر، مەن نەچچە يىل بولدى كۆپ ئويلاندىم، —

مۇئەتتەرخاننىڭ ئاۋازىدا ئۆكۈنۈش ئىغىر ئىدى، — ئۆزۈمنىڭ بىلىپ - بىلمەي قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغانلىقىمنى، سېنى، گۈلبانۇمنى ئوتقا ئىتتەرگەنلىكىمنى بىلدىم. مېنى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ. ئەمدى سەنمۇ كەچۈرمەمسەن؟

— ئانا، بۇ گەپلەرنى ئەمدى قىلغاننىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق، — ئانىسىنىڭ يېلىنىش بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئەنزەرگە تەسىر قىلغانىدەك ئەمەس ئىدى، — باشقا سۆزلىرى بولسا قىلسىلا، بولمىسا مېنىڭ بارىدىغان يەرلىرىم بار.

— بولىدۇ، بالام، بولىدۇ، — مۇئەتتەرخان ياۋاشلىق بىلەن باش لىڭشىتتى، — ئەمدى سەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ گۈلنىساخان...

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، ئابدۇسەمەتتىن ئاڭلىدىم.

— گېپىمنى ئاڭلىغۇڭ كەلمىسىمۇ، زېھىن قويۇپ تىڭشاپ باق، بالام، گۈلنىساخاننىڭ ھەرقانچە گۇناھى بولسىمۇ، ئون يىلدىن بېرى يۈيۈلۈپمۇ تۈگىمەگەندۇر. ئۇ سېنى ھازىرغىچە ئۈمىد بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئاشۇ بىچارە ناتىۋانغا ئۇۋال قىلمىغىن، — مۇئەتتەرخان ئېغىر تىنىپ قويدى، — ئالتۇندەك بىر ئوغلۇڭ بار. ئۇ يېتىم بولۇپ قالمىسۇن. ئايالىڭنى تالاق قىلغان بولساڭ، بۈگۈن ئاخشاملا ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ ئۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى.

ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەنزەر ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخشاملا ئابدۇسەمەتتىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇققاچقا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. خىجىللىق ئىچىدە دېيىلىۋاتقان پەند - نەسىھەتمۇ خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى. ئەمما، مۇئەتتەرخاننىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەختەم يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە دادىسىغا ئېسىلدى:

— دادا، بىزنى بايراملىق قويۇۋەتتى. مېنى باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەمسىز؟ — ئەختەمنىڭ قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، — ئاخشام مەن بىلەن

ياتامدىكىن دېسەم، ئابدۇسەمەت كىچىك دادام سىزنى ئەكېتىپتۇ.

— بالام ئەختەم، داداڭ سېنى ئەتە بايرام كۈنى ئوينىتىپ كەلسۇن، — دېدى مۇئەتتەرخان بۇ كۆرۈنۈشتىن سۆيۈنگەن هالدا، — هازىر تالادا ئوينىغاچ تۇرغىن، كۆرمىدىڭمۇ داداڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىمنى؟

بالا دادىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. پەرزەنت مېهرى شۇنچىلىك ئوتلۇق بولامدۇ، ئەنزەرنىڭ ئاللىبۇرۇن مۇزلىغان يۈرىكى ۋىللىدە ئىللىغاندەك بولدى هەم تۇنۇگۈن يېتىرقاپ يېقىن كەلمىگەن ئەختەمنىڭ بۈگۈنكى سۆيۈنىشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى.

— مەهەللىمىزدىن بىرنەچچە مويسىپىتلارنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرساق، دەيمەن. ئاخشام نېغمەت ئاكاڭ بىلەن شۇنداق قارارغا كەلگەنىدۇق، — مۇئەتتەرخان ئوغلىنىڭ ئىپادىسىز چىرايىغا قارىدى، — سەن قانداق قارايسەنكىن؟ ئوغلۇڭنى يېتىم بولۇپ قالمىسۇن دەيمىنا.

— بوپتۇ، سىلەرچە بولسۇن، ئەزەلدىن تارتىپ تەقدىرىمنى ئۆزلىرى بەلگىلەپ كەلگەن ئەمەسمۇ، — ئەنزەر ئورنىدىن تۇردى، — مەن كىچىككىمدىن باشلاپلا هەرقايسىلىرىنىڭ تەربىيەلىرىنى ئېلىپ بۈگۈنكىدەك ئامەتلىك بولغان...

مۇئەتتەرخاننىڭ بېشىغا تەگكەن بۇ هۆل تاياق ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتتى.

ئەنزەر ئەتىسى ئوغلىنى تاكسىغا سېلىپ دەريابويى كوچىسىغا كەلدى. ئۇ ئالىنۇرنى چاقىرىپ چىققاندىن كېيىن ئىككى بالىسىنى ماشىنا بىلەن «قىزىلبايراق» ماگىزىنىغا ئەكەلدى هەم قىممەت باهالىق بالىلار كىيىملىرىنى ئېلىپ بەردى. بالىلىرى كىيىم ئالماشتۇرۇش بۆلۈمىدە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن كونا كىيىملەرنى سولىياۋ سومكىغا قاچىلىدى ـ دە، دەريا بويىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار سۇ بويلىرىدا، كاتېرلاردا قانغۇچە ئوينىغاندىن كېيىن، يەنە تاكسىغا چۈشۈپ

ۋاڭ قادىر بىغىغا كەلدى. ئالىنۇر بىلەن ئەختەم مۇشۇ يېشىغىچە كۆرۈپ باقمىغان باللار ئويۇنلىرىنى ئوينىدى، مىنىسگەن ياغاچ ئات، ئۇچمىغان ئىلەڭگۈچ، چۈشمىگەن باللار ماشىنىلىرى قالمىدى. ئەنزەر كەچتە قىزىنى دەريابويى كوچىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئەختەم بىلەن ئۆيگە قايتتى.

چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، تېتىكلىشىپ قالغان مۇئەتتەرخاننىڭ «بۈگۈن تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقى، نىكاھنىڭ ئەتە كەچتە ئۇقۇلىدىغانلىقى»نى ئاڭلىغان ئەنزەر مېھمانخانىدا يېتىپ قالدى. ئۇ پەي ياستۇققا تاشلانغان بىلەكلىرىگە باش قويغىنىچە قاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ شۇنداق چوڭقۇر تىندىكى، كۆكرىكى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تاشلاندى.

توغرا، ئۇنىڭ ئادەملەردىن رايى يانغان، خۇددى گۈلبانۇمدەكلا ھاياتنى دوغا تىكىپ قويدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرسۇن، كۈنلىرى يەر ئاستى ئېقىنلىرىدەك سىرلىق ھەم خۇپىيانە ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇشاللىق ئۇنىڭ يۈرىكىدىن مەڭگۈلۈككە كۆچكەن! شادلىقنى، تىلەكلىرىنى ئادەملەر زۇلۇم بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتى. ھېچ ئايانماي قارا يەرگە دەپنە قىلدى! ھەتتا ئۇ قىزى بىلەن ئوغلىغىمۇ ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيدۇ. بۈگۈن ئۇلارنى ئويىنىتىشىمۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىش. چۈنكى، ئادەملەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر پارچە ئېرىمەس مۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھەممە ئىشلارنى بىپەرۋا قارشى ئالىدۇ، ماختاش ھەم تىللاشلارغىمۇ مېيىقىدا زەھەردەك كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشلارمۇ تومۇرى ئۈزۈلگەن بۇلاقلاردەك قۇرۇغان – قاغجىرىغان. ئەمىسە تۈنۈگۈن گۈلسۇمخاننىڭ ئۆيىدە نېمە ئۈچۈن كۆز ياش قىلدى. نەلەردە تېنەپ قالغان ياشلار ئۇ؟! ئۇ ھەرگىز تېنەپ قالغان ياشلار ئەمەس، بەلكى پارتلاپ چىققان سىغىنىش شەربەتلىرى! گۈلسۇمخاننىڭ ئۆيىدىن ئۇنتۇيالمىغان يارنىڭ تىنىقلىرى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ، چاڭقىغان دىللارغا مەلھەم بولدى. ئۇ تاماق

سۇنغان لېگەن ـ تەخسىلەر «بىز ئېسىڭدىمۇ؟» دېگەندەك سىرلىق شىۋىرلىدى. چېۋەر قىزنىڭ ئىزلىرى كۆزلىرىگە كۆرۈندى. «پاھ، ئاپاڭنىڭ ئۆزىلا بوپسەن» دېگىنىدە، مىسكىن يۈرىكىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتكەن باغى تاشلار كۆز ياشلىرى ئارا ئايان بولدى! مۇرادىغا مۇيەسسەر بولغان ئەسقەر بىلەن ساباھەتنى كۆرگىنىدە: «ئاھ، خۇدا، مېنى نېمانچە شورلۇق ياراتقانسەن؟» دەپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. شۇنداق! كۆڭۈل رىجىلىرى تۈنجى بىخ سۈرگەن يار ھويلىسىدا يىغلىماي، نەدە يىغلىسۇن؟! بۇ يىغا ئەمەس، بەلكى شېرىن ئەسلىمىلەر قارار تاپقان، جۇدالىق شىرنىلىرى!

مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئەنزەر بۇرۇنقى ئەنزەر ئەمەس. ئۇنىڭ خۇشاللىقى، مۇھەببىتى، بەختى، خوتۇنى، ئاشنىسى — پۇل! پۇل بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ، تەسكىن تاپىدۇ. ھەر قېتىم كۆپ پۇل تاپقىنىدا بىر سۆيگۈگە ئېرىشكەندەك، ۋاپادار خوتۇنىنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولغاندەك خۇشال بولىدۇ ـ يۇ، پۇرسەت ئۆتمەي ھەممىدىن زېرىكىدۇ... شۇنىڭغا قارىغاندا، پۇل تېپىش بىر ئەرمەك. بۇ ئەرمەكنىڭ ھاياجىنى، ھىيلە ـ مىكرى، جىددىيچىلىكى، ئىزتىراپقا سېلىشلىرى ئۇنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقا، ئۆچمەنلىككە تولغان يۈرىكىنى بىردەملىك بولسىمۇ بەزلەيدۇ، ئۇنتۇلدۇرىدۇ... گۈلنىسانى قايتا نىكاھلاپ قويۇش ئىشىدا ئۇنچىۋالا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇش كەتمەيتتى. بىراق، ئانىسى بىلەن ئابدۇسەمەت بەكمۇ جوۋاپ كەتتى. ھازىر ئەنزەر ھەممىگە كۈنۈك، بۇرۇنمۇ شۇنداق كۈنۈك ئىدى. شۇ مىجەزى بىلەن نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمدىكى زىيان ھەرقانچە بولسىمۇ، بۇرۇنقىسى ئالدىدا ياماقچە بولالماس!

ئەنزەر سوغۇق نىكاھتىن كېيىن، ئۈچ كۈنگىچە بازار ئارىلىدى. ئۇ گۇاڭجۇ، بېيجىڭلاردا تىجارەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدىلا ئاڭلىغان خەۋەرلىرىدىن غۇلجىدا نېمە ئىش قىلسا

www.uyghurkitap.com

مەنپەئەت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. شۇڭا، بۇ قېتىم چوڭ بىر ئىشنى تۇتۇش كويىدا تولۇق تەييارلىق بىلەن كەلدى. بازارلاردىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئۆز پىلانىنىڭ ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەندى. بازار ئىگىلىكى ئەركىن رىقابەتكە قەدەم ئالغاندىن بېرى غۇلجىغا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان سودىگەرلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر، ئېلىپساتار ھايانكەشلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار چوڭ مېھمانخانىلاردا يېتىش ئۈچۈن بەزىلىرىنىڭ قۇربى يېتەتتى، بەزىلىرى قىممەت كۆرۈپ ياتمايتتى. ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغىنىدا، قورۇ ئىگىسى ئۇلارنىڭ كېچىلەردە دەرۋازا قېقىشىدىن، مال ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەسلىكىدىن بىزار بولۇشاتتى. شۇنداقلا ئەكەلگەن گىلەم، خام مال، قۇرۇق يەل - يېمىش، گەز مال، دورا - دەرمەك قاتارلىق ماللىرىنى قويۇشقا ئامبار قىيىنچىلىقى تارتاتتى. ھەتتا ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ غوجايىنلار سوغۇق، سالقىن، نەم، يەر ئاستى ئامبارلىرىنى تاپالماي، نەچچە يۈزلىگەن يەشىك ئاپېلسىن، بانان، ئاناناسلىرىنى سېسىتىۋەتكەنىدى. بەزىلىرى پۇشايۋان لاپاسلىرىنى، تەسكەي ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ماللىرىنى بېسىپ قويۇشاتتى. بىراق، ئۆزلىرى ئوغرى - يالغاندىن ئەنسىرەپ تالادا يېتىشاتتى. شۇڭا، ئەنزەر يەر ئاستى بۆلۈمچىلىرى بولغان ئۈچ قەۋەتلىك مېھمانخانا سالماقچى بولدى.

ئەنزەر بازار ئارىلىغانىنىڭ بەشىنچى كۈنى مۇۋاپىق ئورۇن ئىزدەپ، بىر كۈن لاغايلاپ يۈردى. ئۇ نەتىجىدە خەنزۇ بازىرىنىڭ ئايىغى، دۆلەتباغ مەھەللىسىگە كېتىدىغان دوقمۇشتىكى قورۇنى ساتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. قورۇ چوڭ بولسىمۇ لېكىن ئۆيلىرى ئاتمىش - يەتمىش يىللار ئىلگىرى سېلىنغان بولغاچقا تولىمۇ ۋەيران ئىدى. ئەنزەرنىڭ خېرىدار بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇققان قورۇ - جاي دەللاللىرى چاي پۇلى ئېلىش ئۈچۈن يەڭ سودىسىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئەسنادا ياندىكى چاققانغىنە قورۇنىڭ

ئىگىسىمۇ جايىنى ساتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئەنزەر سالماقچى بولۇپ پىلانلىغان قۇرۇلۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. ئىككى جاي سودىسىدىن خېلىلا چاي پۇلى تېگىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇشقان دەلاللار خېلى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەنزەر چوڭ قورۇدىن يىگىرمە مىڭ، كىچىك قورۇدىن ئون مىڭ چۈشۈرۈپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىر قايتماقچى بولۇۋىدى، ئۇلار ئەتە يەنە كېلىشنى ئۆتۈندى. ئەنزەر سودىدا گىرىلىك قىلماي ئېلىۋېتەي دەپمۇ ئويلىدى، بىراق بۇنداق ئەپلىك جايغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش سېلىشقا رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىقىنى ياكى شەھەر قۇرۇلۇشى پىلانىدا بار - يوقلۇقىنى بىلمەي تۇرۇپ بۇ ئىككى قورۇ - جاينى ئېلىپ قويغاندا كېيىنچە بىر تەرەپ قىلماق ئاسان ئەمەس ئىدى، ھەتتا زىيىنىغا سېتىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىلىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. ئۇلار شۇ كۈنىلا ئادەم ئاجرىتىپ ئىككى قورۇ - جاينى كۆرگىلى كەلدى. كەلگەن كادىرلار «شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىگە ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ، قۇرۇلۇش سالسىڭىز قانۇنلۇق بولىدۇ» دەپ بېكىتىپ بېرىشتى.

بىر كۈن كەچكىچە پالاقلاپ چارچاپ كەتكەن ئەنزەر شۇ كۈنى كەچتىلا ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاكىسىنىڭ پىلانىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئابدۇسەمەت ئۇنى باشلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدى - دە، نېغمەتكە مەسلىھەت سالدى. ئەنزەرنىڭ پىلانىنى زەن قويۇپ ئاڭلىغان نېغمەت ئۇنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بۇ ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكە پىلانلىمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى نېغمەت جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ جۇمۇ.

— ھازىرچە يۈز تۈمەندىن ئارتۇق پۇل ئەكەلدىم.

— بىر مىليوندىن ئارتۇق پۇل بار دېگىنە. ھەي سەن بوش ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن جۇمۇ.

— ماتېرىيال سېتىش ئورۇنلىرى بىلەن توختاملىشىپ قويۇپ، ئارىلىقتا ئۈرۈمچى، گۇاڭجۇ، بېيجىڭلارغا بېرىپ يەنە پۇل يۆتكەپ كەلمەمدىم. قىسقىسى، خاتىرجەم بولۇڭلار، قۇرۇلۇشنى بېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقتا ئىشەنچىم كامىل.

— ئاكامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، — دېدى ئابدۇسەمەت، — بۇ چوڭ مېھمانساراي، رېستورانلارغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش ئەمەس. ئائىلىلىكلەر ئىجارىگە ئولتۇرالايدىغان، شەخسىي تىجارەتچىلەر ياتاق ھەم ئامبار قىلالايدىغان، يەر ئاستى ئامبارلىرىدا ئىسسىقتا چىدامسىز يېمەكلىكلەرنى ساقلىيالايدىغان ئۈنۈمپەرسال قۇرۇلۇش.

— ئابدۇسەمەت توغرا دەيدۇ، — ئەنزەر قوشۇمچە قىلدى، — ئۈستۈنكى بىر قەۋەتتى بىر ئېغىزلىق ياتاق ئۆيلەر بولىدۇ. ئامبار قىلسىمۇ ئەپلىك. قالغان ئىككى قەۋەتتىكى ئۆيلەر ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، ئائىلىلەر ئىجارىگە ئولتۇرسىمۇ، بىرنەچچە تىجارەتچى بىرلىشىپ ياتاق، ئامبار قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

نېغمەت «ئەنزەر سودا - تىجارەت ئىشلىرىدا پىشىپتۇ» دەپ ئويلىدى، بولۇپمۇ ئۇ ماتېرىيال ھەققى، قۇرۇلۇش ھەققى، ياغاچچىلىق، سىرچىلىق، توكچىلىق، ھەتتا ھەربىر قەۋەتكە بىردىن ياسىلىدىغان تازىلىق ئۆي ماتېرىياللىرىغىچە قانچىلىك ئىقتىساد كېتىدىغانلىقىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ چىققانىدى.

— بولىدۇ، — دېدى نېغمەت كېسىپلا، — ئەمما سەن ئەتىدىن باشلاپ ئىككى قورۇ - جاينى ئالىمەن دەپ بېرىپ يۈرمە، ئابدۇسەمەت ئىككىمىز سۆزلىشىپ ئالايلى. ئۇلار سېتى كۆرسە كاتتا لاۋبەن ئىكەن دەپ ئاسمانغا تېپىپ تۇرۇۋالىدۇ.

— ئاكا، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سۆزلىشىپ ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەشەم كېتىدۇ ھەم كۆپ ئاۋارىچىلىك تارتىپ

قالـسەن، ــ دېدى ئـابـدۇسەمەت، ــ شـۇڭـا بىرەر قـۇرۇلـۇش شىركىتىگە ھۆددىگىلا بەرسەك قانداق؟ بىنا پۈتكەندىلا سان ـ سۈپەت جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىمىز.

ــ بۇمۇ ئاۋارىچىلىكى يوق بولىدىغان گەپ، ــ ئەنزەر سەل ئىككىلەندى، ــ لېكىن نېغمەتكام دېگەندەك ئاسمانغا تېپىپ تۇرۇۋالامدىكىن؟

ــ ئۇنى مۇۋاپىق سۆزلىشىمىز، دېتىمىزغا ياقسا ئەنە، بولمىسا مانا، ــ دېدى نېغمەت ئىشەنچلىك ھالدا.

نېغمەت، ئەنزەر، ئابدۇسەمەتلەر قۇرۇلۇش باشلىنىش بىلەن سۇ تۇرۇبىلىرىنى بىللە بېكىتىپ مېڭىش، ھەربىر قەۋەتنە بىردىن يۇيۇنۇش ئۆيلىرى بولۇش، بىرىنچى قەۋەتكە قاراۋۇلخانا بۆلۈمىدىن بىرنى سېلىش قاتارلىق ئەسلىھەلەر ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئىغىر ئەلياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى.

## 19

نويابىر ئايلىرىمۇ ئۆتتۈرۈلىشىپ قالدى. غۇلجىنىڭ ئاق يېغىنلىرى قارغا ئالماشتى. ئۇششاق ئۇچقۇنلاپ چۈشۈۋاتقان ئاپپاق قار كۈندۈزلىرى ئېرىپ ئەگىزگە ئايلانسا، كېچىلىرى يوللار سۇۋارى توڭلاپ كېتەتتى. ئەنزەر بىناسىنىڭ يەر ئاستى بۆلۈملىرى ئۈستىگە سېمونت تاختىلار قويۇلۇپ، بىرىنچى قەۋەت تاملىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. شەھەر قۇرۇلۇش شىركىتى ئىسمىنا ئالماشتۇرۇپ جىددىي تۇتۇش قىلغاچقىمۇ قۇرۇلۇش كۈندىن ـ كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتى. نېغمەت، ئابدۇسەمەت، ئەنزەرلەر بىكار بولسىلا كېلىپ بىنانىڭ، ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ مەسلىھەتلەرنى بېرىشەتتى. ئەمما، غۇلجىغا كەلگەندىن بېرى گۈلبانۇمنى كۆرۈش، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئېغىز بولسىمۇ مۇڭدىشىش كويىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان

ئەنزەر كۆندىن ـ كۈنگە جىمىغۇر، كەم سۆز، كەم دىدار بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۆيگە قايتمايتتى، كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇزاق ئولتۇرمايلا يەنە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ئەنزەرنىڭ بۇنداق چەددىيلىشىۋاتقىنى ئىچكىرىگە مېڭىش ئالدىدا گۈلبانۇم بىلەن بىر قېتىم دىدار كۆرۈشۈۋېلىش ئۈمىدى زور ئىدى. چۈنكى، قورۇلۇش كېلىشىمىدە بىنا پۈتكەندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى ئوتتۇز پىرسەنت پۇلنى تاپشۇرۇش بېكىتىلگەنىدى. ئەنزەر ئۇرۇمچى پويىز ئىستانسىسىدىكى، گۇاڭجۇ نەنخەيدىكى ئاشخانىلىرىنى، بېيجىڭ ۋاڭفۇجىڭدىكى كاۋاپخانىسىنى قول ئاستىدىكى شاگىرتلىرىغا ھۆددە بېرىپ كەلگەنىدى.

ئەنزەر بىر يىلى سوت ساتقۇچى قىياپىتىگە كىرىپ، گۈلبانۇمنى بىر نۆۋەت كۆرۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولغانىدى، بۇ قېتىممۇ يەنە تەۋەككۈل قىلىشقا بەل باغلىدى. ئەنزەر بىر كۈنى ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ، ئالىنۇرنى باشلاپ چىقتى. خېلى ئۇزاقتىن بېرى دادىسىنى كۆرمىگەن قىز ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىدى.

— قىزىم، ئەتە يەكشەنبە سېنى بايكۆلگە ماشىنا بىلەن ئاچىقىپ قوياي، — دېدى ئەنزەر يۇمشاق تەلەپپۇزدا، — ئاپاڭنى سىرتقا ئاچىقالامسەن؟

— نېمەدەپ ئاچىقىمەن؟

— مومام ئاغرىپ قالدى، دەپ ئاچىقساڭ ماشىنا بىلەن شەھەرگە ئەكىرىمىز.

— ۋاي، ھەرگىز بولمايدۇ، — ئالىنۇر قورققىنىدىن بېشىنى چايقىدى، — دادا، سىز ئۇقمايسىز، ھادىل دېگەن ئادەم بەكمۇ زالىم، ئاپامنى شەھەرگە يالغۇز كىرگىلى قويمايدۇ. ئاۋادا توي ـ نەزىرلەر بولۇپ قالسىمۇ ئۆزى ئەكېلىپ، يەنە ئالدىغا سېلىپ ئاچىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، داۋاملىق مومام ئىككىمىز بېرىپ يوقلاپ كېلىمىز.

— مۇنداق دېگىن، قىزىم... قارا بۇ توكۇرنىڭ

ئەسكىلىكىنى.

— ئۇنىڭ ئەسكىلىكىنى بىر دېمەڭ، يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ بىر قولىقى پاڭ، تۆت ياشلىق قىزى مۇنىرەنىڭ بىر پۇتى قىسقا، ئاسقاقلاپ ماڭىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئاشۇ ئادەم ئۇرۇپچۇ. رىشات ئۇكام تۆت ياشلىق ۋاقتىدا شاپىلاق بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، قولىقىنىڭ پەردىسى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. مۇنىرەنى بۆشۈك بىلەن تالاغا ئېتىپ بىر تال سۆڭىكى بىرقانداق بولۇپ قاپتۇ.

— پاھ مۇندامۇ ئادەملەر باركىنە، — ئەنزەرنىڭ غەزەپتىن مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، — كىچىك نارەسىدىلەرنى مېيىپ قىلىپ قويسا، بۇ دۇنيانىڭ سورىقى يوقمۇ؟ قانۇن دېگەن زادى نەدە؟

— دادا، خاپا بولماڭ، ئەمدى ئاپامنى ئاۋارە قىلمايلى، ئۇ كېسەلچان.

— نېمە كېسەل ئىكەن ئۇقمىدىڭمۇ؟

— كالتە - كالتە يۆتىلىدۇ، يۆتەلسىلا قان تۈكۈرىدۇ. مومام، دەردتىن بولغان كېسەل — دەيدۇ.

— ئۇقتۇم، دەرد - ھەسرەتنى ئىچىگە يۇتۇشتىن بولغان سىل كېسىلى.

ئەنزەر قايتىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ ئىچكىرىگە مېڭىش تەييارلىقىنى قىلدى. لېكىن، ئابدۇسەمەتنىڭ ئايالى روشەنگۈلنىڭ كىچىك ئاپىسى توگەپ كەتكەنلىك خەۋىرى كېلىپ قالدى. ئەگەر بۇنىڭغا قاتنىشىپ بەرمىسە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئالدىدا ياخشى نامغا قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇسەمەتنىڭ ئاكىسىدىن رەنجىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى، روشەنگۈلنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ تەس بولاتتى. شۇڭا، ئەنزەر يەتتە نەزىرگىچە قاتنىشىپ يولغا چىقىشنى قارار قىلدى. مېيىت ئۈزۈلۈپ، يەتتە نەزىر بېرىلگەندە دېكابىر ئايلىرىمۇ كىرىپ قالغانىدى.

ئەنزەر دېكابىر ئېيىنىڭ باشلىرى يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئاشخانىسىغا چۈشتى. ئۇ يەردە ھېساب - كىتاب

قىلىشىپ تېگىشلىك پۇلنى ئالغاندىن كېيىن بانكىغا قويۇۋەتتى.
ئاندىن بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ يېقىن - يورۇقلىرىدىكى پۇللارنى
يىغدى. بەزىلىرىنى ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگۈچە تەييارلاپ
قويۇشنى تاپىلاپ گۇاڭجۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى
ئاشخانىنى يۈرگۈزۈۋاتقان بالا غۇلجا سۈيدۈڭلۈك بولۇپ، بەش
ۋاخ ناماز ئۆتەيدىغان دىيانەتلىك يىگىت ئىدى. ئۇ ئەنزەرنىڭ
غۇلجىغا چوڭ قورۇلۇش سېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ تولىمۇ خۇشال
بولۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇ يىگىت كېيىنچە يۇرتىغا بېرىپ
تىجارەت قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئەنزەرگە تاپشۇرىدىغان
پۇلدىن باشقا، ئۆزىنىڭ پۇلىدىن ئەللىك مىڭ سوم بەردى.
گۇاڭجۇدا ھەپتىدەك تۇرغان ئەنزەر ئەتىسىلا بېيجىڭغا قاراپ
يولغا چىقتى. ۋاڭفۇجىڭدىكى كاۋاپچى بالىلار غوجايىنىنى كۆرۈپ
قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمان
قىلىشتى. ئەنزەرنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان گەنجياكۇ[1]دىكى
تىجارەتچى بالىلار، سودىگەر ھاجىملار ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن
چاقىرىپ كۈتۈۋالدى. غۇلجىدىن چىققانلىقىغا ئۈرۈمچى، يول
سەپىرى، گۇاڭجۇ، بېيجىڭلاردا بولۇپ، بىر دەمدىلا بىر ئايدىن
ئارتۇق ئۆتۈپ كەتتى. بىراق، بېيجىڭدىكى بەزى ئاغىنىلىرىدىن
ئېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇللارنى تولۇق يىغىپ بولالمىغانىدى.
بىر كۈنى گەنجياكۇدا ئىمام داڭگال دەيدىغان بايكۆللۈك
تىجارەتچى بالا ئۇچراپ قالدى. ئۇ سەھرالىق بولغاچقىمۇ ئەل -
ئاغىنىلىرى «داڭگال» لەقەم بىلەن چاقچاق قىلىشاتتى. ئۇلار
قىزغىن سالاملىشىپ، بىرنەچچە ئېغىز ياسىما تىللاشتى.

— ئەنزەر، سېنى غۇلجىغا كەلدى دەپ ئاڭلاپ، شەھەرگە
كىرىپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، — دېدى ئىمام داڭگال
جىڭمومىدەك دۈپدۈگىلەك سەپكۈنلۈك يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، —
يەنە بىرەر تارانچى قىزنى ئەپقېچىپ سەھرالارغا
يوشۇرۇنۇۋالدىمكىن دەپمۇ ئويلىدىم.

---

① گەنجياكۇ — بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار توپلاشقان قايناق بازارنىڭ ئىسمى.

— تارانچى قىزلىرى مايماق ـ سايماق بولساڭمۇ سەندەك داڭگاللاردىن ئاشامدا، — دېدى ئىچى پىغان بىلەن توشقان ئەنزەر، — ھە، قاچان كەلدىڭ؟
— تۈنۈگۈن كېلىشىم، — ئىمام ئەنزەرنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ يول چېتىگە چىقتى، — قارا، ئەنزەر، گۈلبانۇمنىڭ كېسىلى ئېغىر جۇمۇ، بۈگۈن ـ ئەتە دېگەندەكلا بولۇپ قالدى.
— نېمە؟ — ئەنزەر چۆچۈپ قارىدى، — سەن قانداق بىلىسەن؟
— ھادىل پىيەنچۈك ھاراقكەش ئاغىنىلىرىدىن باسەت، تېلەش، خالزات قاتارلىق ئاغىنىلىرىنى چاقىرىپ ئۆيىدە ئولتۇرۇش قىپتىكەن، مېنىمۇ چاقىردى. سەن بىلىسەن، مەن ھاراق ئىچمەيمەن، قارىسام، ھەممىسى مەست بولۇپ «سەن توختا، مەن ئېيتاي»غا چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا، غىپپىدە تىكىۋېتەي دەپ دالان ئۆيگە چىقسام، بىچارە گۈلبانۇم بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ تۇرغانىمۇ نېمە، «ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەنزەرگە بېرىپ قويۇڭ» دېدى ـ دە، ئالمان ـ تالمانلا چىڭ تۈگۈلگەن بىر پارچە قەغەزنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. سېنى ئىزدەپ ئىنىڭنىڭ ئاشخانىسىغا بارسام ئىچكىرىگە كەتتى، دېدى.
— قېنى ئۇ قەغەز؟ — ئالدىراپ سورىدى ئەنزەر.
ئىمام داڭگال قويۇن يانچۇقىدىن پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ، نەچچە قاتلانغان قەغەزنى ئالدى. ئەنزەر ئاغىنىسىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ خوشلىشىپ ماڭدى. ئۇ ياتىقىغا كېلىپلا تەقەززالىق ئىچىدە چاقماقلىق قەغەزنى ئاۋايلاپ ئاچتى، ئانىلار ئاداۋىتىنىڭ قۇربانى بولغان گۈلبانۇم قېرىنداش بىلەن مۇنۇ ھەسرەتلىك پىغانلىرىنى قالدۇرغانىدى:

«ئەنزەر، ئەزرائىل مەندەك بىر بىتەلەي ئايالنىڭ ھالىغا يەتكەنمۇ نېمە، بۇ خەتنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. خەت دېگەننى يېزىم دىدار دېيىشىدىكەن. شۇڭا، كېتەر

چېغىمدا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى دەۋالسام، سىز بىلەن غايىبانە سۆزلەشكەندەك تەسكىنلىك تاپىدىكەنمەن. گەرچە ئاشۇ نۇرانە يۈزلىرىڭىزنى كۆرەلمىسەممۇ، يۇمشاق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىيالمىساممۇ ھەر ھالدا كېسەل چاققان زەئىپ تېنىم شىپالىق تاپقاندەك يېنىكلەپ قالىدىكەنمەن. تۇرۇپلا ئويلاپ قالىمەن، سەپەرگە چىقىش ئالدىدا سىزنى بىرلا قېتىم كۆرۈۋالسام، ئاشۇ ۋاپادار كۆزلىرىڭىزگە قېنىۋالسام، مېھىر ــ مۇھەببەت نۇرلىرى چاقنىغان چېھرىڭىزنى كۆڭۈل بېغىمغا كۆچۈرۈۋالسام، ھارارەتلىك قوللىرىڭىزنى تۇتۇۋالسام، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كۆز يۇمغان بولاتتىم. خۇددى جەننەت گۈللىرىنى ھىدلىغاندەك ئامانەتنى خاتىرجەم ئىگىسىگە تاپشۇرغان بولاتتىم ھەم لەھەت ئىچىدە يۈرىكىم پۈتۈن، كۆڭلۈم توق، يۈزۈم نۇرانە، لەۋلىرىمدە كۈلكە، چېھرىمدە ئەمىنلىك بىلەن پۈتلىرىمنى ئۆزۈن سۇنۇپ ياتقان بولار ئىدىم!... ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، مۇمكىنمۇ بۇنىڭغا ئاخىر!...

ئەنزەر، بۇ بىۋاپا دۇنيا كىملەردىن قالمىغان، كىملەر تاشلاپ كەتمىگەن؟ دېسەملا ئۈمىد چىراغلىرىم قاراڭغۇ كۆڭلۈمنى يورۇتۇپ ئۆتىدۇ. نېمىشقا دەپ سورىمايسىزغۇ؟ ھەئە شۇنداق، «بىر كۈنلەر كېلىپ ئەنزەر قېشىمغا قايتىپ كېلىدۇ (جانابىي ئاللا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن). ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا مەھشەرگىچە بىللە بولىمەن. ھاياتلىقىمدا دېيەلمىگەن گەپلىرىمنى دەيمەن. بۇ يەردە ئۆچ ــ ئاداۋەتلەر يوق! بىزنى زۇلۇم بىلەن ئايرىۋېتىدىغان ئادەملەرمۇ يوق! پەقەت سۈكۈت بىلەن مۆڭدىشىدىغان مېھرىبان ئەرۋاھلارلا بار» دېگەندەك خىياللار كۆڭلۈمنى شادلىققا تولدۇرىدۇ. شۇنداق، مەن ئىككى ئانا ياۋۇزلارچە بەربات قىلغان، پانىيدىن تاپالمىغان بەختىمنى، شادلىقىمنى باقىي دۇنيادىن تاپماقچىمەن!

ئەنزەر، مېنى كەچۈرەلەمسىز؟ ئەمما شۇنى

ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ، تېنىم باشقىلارنىڭ بولغىنى بىلەن روھىي شادلىقىم، روھىي ھۇزۇرۇم، روھىي مۇھەببىتىم سىز بىلەن بىللە، ھامان بىللە، ھامان بىللە!!... تا تاڭلا مەھشەرگىچە بىللە! ... تەقدىر ـ قىسمەت سىزنى مېنىڭدىن تارتىۋالغىنى بىلەن يۈرىكىمدىكى بۇ ئۇلۇغ قۇدرەتنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ ھەم كۆچۈرەلمەيدۇ! تەن دېگەن قانچىلىك نېمىدى؟ ناھايىتى بىر سىقىم توپا!

ئۇھ... كەچۈرۈڭ، ئەنزەر، يۆتەل قىستاپ كەتتى. قېرىنداش تۇتقان قوللىرىممۇ تىترەپ مادارسىزلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىچىمدە دەيدىغانلىرىم كۆپ ئىدى. ئامالىم يوق، مەن كەتكەندىن كېيىن قەبرەم بېشىغا بېرىپ: «مەن كەلدىم، بانۇ» دەپ قويالارسىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ «بانۇ» دېگەن ئەركىلىتىشلىرىڭىزنى شۇنداق ئاڭلىغۇم بار. چوقۇم شۇنداق دەڭ. مەن ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ ياتىمەن. خوش!...

سىزنى باقىي ئالەمدە ئەسلەپ تۇرغۇچى ئايالىڭىز —
بانۇدىن.»

... ئەنزەر «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ياتاق ئىچىدە قول ياغلىقىنى يۈزلىرىگە باسقان ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، خۇددى تاۋۇت ئەتراپىدا ھازا ئېچىۋاتقان ھازىداردەك بوزلاپ يىغلىماقتا ئىدى. خەت يۈزىدىكى ئىككى تامچە قان دېغى، «سىزنى بىرلا كۆرۈۋالسام» دېگەن ئىلتىجا ئەنزەرنىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردا قىسقاندەك ئازابلىدى. ئەڭ دەھشەتلىك بولغىنى، گۈلبانۇمنىڭ: «ئىككى ئانا ياۋۇزلارچە بەربات قىلغان بەختىمنى» دېگەن سۆزى ئەنزەرنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئۇششۇك تەگكەن كۆڭۈل بوستانىنى بىر يولىلا توڭلىتىۋەتتى. ئىككى ئانىغا نىسبەتەن قاتقان بىر پارچە ئۆچمەنلىك مۇزى بىردىنلا كېڭىيىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىدى. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى دەرھال يىغىشتۇردى ـ دە شۇ كۈنىلا كەچلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. يول بويى ئۆيقۇدىن قالغان ئەنزەر: «بىرلا قېتىم دىدارلىشىۋالغۇچە ئۆمۈر ئاتا قىل» دەپ خۇداغا نەلە قىلىپ ماڭدى ھەم گۈلبانۇم بىلەن قانداق كۆرۈشۈش چارىلىرىنى ئىزدەندى. «بېشىمغا كەلگىنىنى كۆردۈم» دەپ ھادىلىنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرمەكچىمۇ بولدى. بىراق، جان سەكراتىدا ياتقان گۈلبانۇمنى بىئارام قىلىشنى خالىمىدى، ئۇنداقتا دەيدىغان گەپلىرىنى دېيەلمەيتتى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا پويىز شىنجاڭغا كىرگەندە ئەپلىك چارىدىن بىرنى ئويلاپ، كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەنزەر پويىزدىن چۈشۈپلا، بانكىدىكى پۇللىرىنى ئاجرىتىپ، قەرزلىرىنى يىغقىنىنى يىغقانچە، قالغىنىنى كېيىنكە قالدۇردى ـ دە، شۇ كۈنىلا تاكسى كىرا قىلىپ غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۈچ يولۇچىدىن پۇلنى كۆڭلى تىنغۇدەك ئالغان شوپۇر تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن غۇلجىغا كىرىپ كەلدى. ئەنزەر ئانىسى، گۈلنىسالار بىلەن پاراڭلىشىپمۇ ئولتۇرماي يەنە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ناشتىمۇ قىلماي تاكسى ياللاپ بايكۆلگە باردى. ئىمام داڭگالنىڭ دەپ بەرگەن سۆزلىرى ئېسىدە بولغاچقىمۇ ھادىلىنىڭ هاراقكەش ئاغىنىلىرى باسىت، تىلەش، خالزاتلارنى سىرتىدىن قانداق سۈرۈشتە قىلىشنى، كىمدىن سوراشنى ئويلاپ مېڭىشىغا ئىشىك ئالدىدا قارلارنى تازىلاۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ پىپى ئورىغان تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە، كۈرەك بىلەن قار ـ مۇزلارنى ئېرىق ئىچىگە ئېتىۋاتاتتى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـــ دېدى ئەنزەر قولىنى سوزۇپ، ـــ ئىشىك ئالدىلىرىنى تازىلىۋېتەي دەپسىز ـ دە؟

ـــ شۇنداق، ئۇكا، شەھەردىن چىققان ئوخشىمامسىز؟

ئەنزەر ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇنۇۋىدى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

ـــ پاھۇي، كادىر تاماكىسى چېكىدىكەنسىز جۇمۇڭ. بىز

دېھقانلار بۇنداق ئېسىل تاماكىلارنى چېكىش دېگەن تېكەستە بەنى.

— ئەگەر چەككۈڭىز بولسا ئېلىڭ، — ئەنزەر ئەمدىلا ئېچىلغان بىر قاپ تاماكىنى تۇتقۇزۇپ قويدى، — مەن تاماكا سودىسى قىلىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ ھە، ئەتىگەن قاق پودىلا چىقىپ قاپسىز، بايكۆلدە بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ نېمە؟

ئەنزەر ئۇستىلىق بىلەن گەپ تۇتقۇدى. ئۇ باستى، خالزاتلارنىڭ شىرىك ئوقەت قىلىلى دەپ ئارقىسىغا كىرىۋالغانلىقى، لېكىن ئۇلارنى تونۇمىغانلىقى ئۇچۇن كۆڭۈل توختىتالماي قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشىگە، دېھقان «تۇفى» دەپ يەرگە تۇكۇردى - دە، قايناپ كەتتى:

— پوقنىڭ ئىسسىقنى يەپتۇ ئۇ لۆم - لۆملەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىش دېسە چىپىغا تارتىدىغان، ئاش دېسە چوكىنى تارتىدىغان راسا بىكار تەلەپ، ئويۇنپەز نېمىلەر، — دېدى دېھقان ئاچچىقى بىلەن، — بولۇپمۇ باستى دېگەن لىگىتاسىمنى بايكۆللۈكلەر «باستى زابوي» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بوتكىغا بېرىپ، بىر - ئىككى رومكا ھاراقنى بوتكىچىنىڭ دەپتىرىگە پۈتۈپ قويۇپ ئىچىۋالمىسا، بىر كۈن كەچكىچە قول - پۇتلىرى بەزگەكتەك تىترەپ تۇرالمايدۇ.

— مۇنداق دەڭ، تاس قاپتىمەن - دە قىلتاققا دەسسىگىلى.

— ھەرگىز ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمەڭ، — دېھقان بىرەر يۈز قەدەم يىراقلىقتا كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى ئىشارە قىلدى، — كۆردىڭىزما، دېگىنىمدەك باستى زابوي يەنە بوتكىغا ماڭدى.

ئەنزەر دېھقانغا رەھمەت ئېيتىپ، بايكۆل بازىرى تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ بوتكا ئالدىدا قوللىرىنى پاختىلىق چاپىنىنىڭ يەڭلىرىگە كەپلەپ تىققان، كەپكە شەپكىسىنىڭ چۆرىسىدىن چىقىپ قالغان چاچلىرىنى پاخپايتىپ كېلىۋاتقان باستى زابويغا قاراپ تۇردى. ئۇ كېلىپ بولغۇچە ئەنزەر يېرىم ئىستاكان ھاراقنى ئېلىپ ئالدىرىماي ئوتلاۋاتقان قىياپەتكە

كىرىۋالدى. باسىت زابوي پوكەيگە جەينەكلىرىنى قويۇپ، ئېمىلەرنىدۇر پىچىرلىۋىدى، بوتكىچى ئاچچىقلاپ قالدى:

— قانداق ئېمىسەن؟ كۈزدە بوغداي ساتقاندا بىرىمەن دېگەنىدىڭ، كۈزمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مانا قىشمۇ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرىمۇ توشۇپ كەتتى.

— ئەمدى قاراڭ، ئاكا... — باسىتنىڭ ئېڭەكلىرى كاسىلداپ، تىزلىرى تىترەۋاتاتتى.

— بولمايدۇ دېدىم، بولمايدۇ...

— مانى ئىچىڭا، باسىت، — ئەنزەر ئىستاكاننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — قېنى تارتىنماڭ.

— رەھمەتە، خۇشە ئەمىسە، — باسىت يېرىم ئىستاكان هاراقنى بىرلا كۆتۈرۈۋېتىشى تىترەكلىرى بىردىنلا يوقالدى، — ۋۇي سىزنى ئەجەب يادىمغا ئالالمىدىما، مېنى قانداق تونۇيسىز؟

— سىزنى كىم تونۇمايدۇ، — دېدى ئەنزەر ئىشەنچلىك هالدا، — ئولتۇرۇش، مەشرەپ، تويلارنى چاقچاقلىرىڭىز بىلەن قىزىتىدىغان قىزىقچى تۇرسىڭىز.

— بەللى، بەللى، مۇنداق دەڭا، قالتىس ئىكەنسىز جۇمۇڭ، هەي، هەي، ئولتۇرۇپ بىر پەيزى قىلىمدىغان يېرىگە كېلىپ قالغان.

— پۇرسەت دېگەن جىق، باسىت، — ئەنزەر ئۇنىڭغا يەنە يېرىم ئىستاكان هاراق ئېلىپ بەردى. يۈزلىرى خورازنىڭ تاجىدەك قىزارغان باسىت كونا قەدىناسلاردەك ئەنزەرنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تالاغا چىقتى.

— قەرەڭ ئەكە، هەرقانداق ئىشىڭىز بولسا «هايت»لا دەڭا، مانا مەن ئۇنىمەن، بايكۆلدە باسىت گاڭگۇڭ دېسە تونۇمايدىغىنى يوق.

ئەنزەر باسىتنى بوتكىنىڭ ئارقىسىغا تارتىپ ئۇنىڭ سالپاڭ قۇلىقىغا بىرمۇنچە پىچىرلىغاندىن كېيىن يېنىدىن ئىككى يۈز سوم چىقىرىپ قولىغا تۇتقۇزدى. باسىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئوڭۇمۇ ياكى چۈشۈمۇ دېگەندەك بىر پۇلغا

قارىسا، بىر دەلدۈشتەك ھالڭ قېتىپ ئەنزەرگە قارايتتى.

— ئاكاۋۇي، خاتىرجەم بولۇڭا، ناھايىتى شەھەرگە ئەكىرىپ مېھمان قىلىدىغان گەپ ئىكەنغۇ شۇ، — دېدى باسىت مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — ئۇ گۇيلار «يۇنداڭنى ئىت كۆرمەيدىغان دىۋانە» دەپ تاپا - تەنە قىلىشاتتى. مانا ئەمدى ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمىسام.

— ھادىل بارمايمۇ قالارمۇ؟ — ئەنزەرنىڭ ئەنسىرەپ تۇرغىنى شۇ ئىدى.

— نېمانداق دېلىغۇل بولىسىز، ئاكا، ئۇ توكۇر جاھاننى سۇ باسسا، يېرىم بوتۇلكا ھارىقىم قاپتۇ دەپ قايىنامغا بېشىچە شۇڭغۇيدىغان نېمە ئۇ.

— ئۇنداقتا كەچ سائەت بەشتىن بۇرۇن قايتىپ كەلمەسكە كاپالەتلىك قىلىسەن. ئەتىلەتىن ھادىلنى ئىزدەپ كىرگەن بولۇپ، گۇلبانۇمدىن يەنە ئىككى يۈز سوم ئېلىۋالىسەن.

— چاتاق يوق، ئاكا، بۈگۈن چۈشتىلا ئاغىنىلەر رېمونت دۇكىنىغا يىغىلىدۇ. ھەممىسىنى خادىك كىرا قىلىپلا شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىمەن، — باسىت بىردىنلا ئېڭىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى، — چاتاق، ئاكا، چاتاق...

— نېمە چاتاق ئۇ؟ — ئەنزەرنىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى.

— ئۇ توكۇرنىڭ گۇلبانۇمنىڭ ئۈستىدىن ئالغان سەرەم دېگەن، يەنە بىر خوتۇنى بار.

— نېمە؟ — ئەنزەرنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۇدەك بولدى، — بۇ... بۇ... زادى مۇمكىنمۇ؟

— كۆرۈنۈشتە ئۇي خىزمەتچىسى، ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنى.

— گۇلبانۇم بىلمەمدۇ ئۇنى...

— ۋاي جېنىم ئاكا، ئاشۇ خورلۇقلار گۇلبانۇمنى تۇگەشتۇرۇۋەتتى، — باسىت بىردىنلا جانلاندى، — توغرا، سارەمگە: «شەھەرگە ئولتۇرۇشقا ماڭدۇق، بۈگۈن كېچە

كېلەلمەدۇق، يوق» دەپلا قويسام، ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا دېگەندەك، ئۇمۇ يوقىلىدۇ.

— نەگە بارىدۇ؟

— شۇنىڭمۇ تەكتىگە يېتەلمىدىڭىزما؟ بۇ بىر - بىرىمىزنى ئالداپلا ئۆتىدىغان جاھان ئىكەن دەڭا، — باسىت ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىستى، — ئۇ خوتۇنغا بۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنىڭ ئۆزى تېپىلغۇسىز غەنىيمەت. شۇڭا، ئۇنى خەق بىكارغا سارەم شاپاق دېمىگەن - دە.

بۇگۈنكى زىياپەت، قانغۇچە ھاراق ئىچىش، بىكاردىن كەلگەن تۆت يۈز سوم پۇلدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولغان باسىت زابوي پەيدەك ئۇچۇپ كېتىپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى ناشتا قىلمىغان ئەنزەر تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدى. ئالدىرىماي چاي ئىچكەچ دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇردى. باسىت زابوي ھادىلىنىڭ قورۇسىدىن ئالدىراپ چىققانچە رېمونتخانا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا توزدەك ياسانغان سارەم شاپاقمۇ دەرۋازىدىن چىقتى - دە، يولنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بىر قارىۋېتىپ، ساغرىسىنى چايقىغىنىچە شىپىلداپ تۆت كوچا ئېغىزى تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئاشخانا دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە ئەنزەر باسىت زابوينىڭ ھاراق بىلەن ئادىمىيلىك ئەقلىنى يوقاتقان كاللىسىنىڭ بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە چاقماقتەك تېز ئىشلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئاچچىققىنا كۈلدى. «بۇ بىر - بىرىمىزنى ئالداپلا ئۆتىدىغان جاھان ئىكەن». دەرۋەقە بۇ سۆزنىڭ مەنە بايلىقى بەكمۇ تېرەن ئىدى. ئەقىل كۆزۈڭ بىلەن رەزىللىككە تولغان بۇ جاھانغا زەن سېلىپ قارىساڭ، ئازاب - ئوقۇبەتلەر بەزى ھاللاردا كومېدىيە تۈسىنى ئالغان بولىدىكەن. ئەنزەر پۇل بىلەن باسىتنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇۋېتىدى. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ سارەم شاپاقنى شاپاققا تېپىلدۇرۇپ يولغا سالدى. ئەمدى ھادىلىنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى. ھادىل گۈلبانۇمنى خورلاپ ھۇزۇرلانسا، سارەم ھادىلغا يۈندى ئىچۈرۈش ئۇچۇن ئاشنىسىنىڭ ئۆيىگە

دىكىلداپ ماڭدى. مۇنداق قارىغاندا، بۇ ئالەمدە بىرسىنىڭ بىرسىدە قالمايدىكەن.

ئەنزەر ئاشخانىدىن چىقىپ، يولنىڭ چەتلىرى بىلەن رېمونتخانا كۆرۈنگۈدەك يەردە توختىدى. دۇكان ئالدىدا يەتتە - سەككىزدەك ئادەم نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ قوللىرىنى سىلكىيتتى، كىملەرنىڭدۇر دولىسىغا ئۇراتتى. ئەنزەر: «ئۇلار بىر كىمنى ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، يېڭىدىن ئېلىنغان يان كوچىدىن بىر خادىك ھارۋا قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ چىقىپ كەلدى. ھارۋىدىن باسىت سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ توزغاق كالتىكىدەك دىقماق گەۋدىسىنى تونۇۋالماق ئاسان ئىدى. ئۇلار بىردەم ئۇنى - بۇنى دېيىشكەندىن كېيىن، خادىك ھارۋىدا پانا قاققاندەك تىقىلىشىپ ئولتۇرۇپ شەھەر يولىغا راۋان بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئەنزەر يەنە ئون مىنۇتتەك ساقلىغاندىن كېيىن ھادىلىنىڭ قورۇسىغا غىپپىدە كىردى - دە، دەرۋازىنى ھىم يېپىپ قويۇپ، ئۆي ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. مەشىنىڭ تۈۋىگىلا يوتقان - كۆرپىلەر سېلىنغان بولۇپ، قىزىل گۈللۈك ئاق رومالدا بېشىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان گۈلبانۇم قوش ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچلۇق ئېڭەكلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىك يۇمۇلغان كۆزلىرى، بۆرتۈپ چىققان مەڭز سۆڭەكلىرى، ئولتۇرۇشقان قوۋۇزلىرى، دېرىزىدىن چۈشكەن قىش قۇياشىنىڭ ئاجىز نۇرىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئاغزىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ئەنزەر گۈلبانۇمنىڭ بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يۇزلىرىنى ئاستا سىلىدى، سىلىغانسېرى كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— ئەنزەر... ئەنزەر... كەتمەڭ... مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، بولدىلا، ئۆگزىگە چالما تاشلاۋەرمەڭ... — گۈلبانۇم زەئىپ جۆيلۈمەكتە ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى پاللىدە ئېچىلغان بولسىمۇ، چۈشىدە ئايان بولۇۋاتقان ۋاپادارىنى قايتا كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك كۆزلىرىنى يەنە يۇمدى.

www.uyghurkitap.com

— گۇلبانۇم... بانۇ... كۆزىڭىزنى ئېچىڭ... — ئەنزەر ئېسەدەپ كەتتى، — بۇ چۈشىڭىز ئەمەس، مەن كەلدىم... سىزنى كۆرەي دەپ كەلدىم...

— كىم ئۇ يىغلاۋاتقان؟... — گۇلبانۇم كۆزلىرى يۇمۇق هالدا ئاستا شىۋىرلىدى، — تووۋا، يۆتەلدىن قورقۇپ گەپ قىلالمايۋاتىمەنا.

— بانۇ... بانۇ... بۇ مەن ئەنزەر، — ئەنزەر ئۇنىڭ جانسىز قوللىرىنى ئالقىنىغا ئالدى، — ئاھ، خۇدا، نېمانچە جۇدەپ كەتكەنسىز؟

گۇلبانۇم كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىگە شۇنداق يېقىن ئولتۇرغان ئەنزەرگە قارىدى. لېكىن، ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ يۈزلىرىدە هېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قايتا يۇمدى - يۇ شۇ هامان ۋاللىدە ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى:

— سىز... سىز ئەنزەرمۇ؟! بۇ... بۇ چۈشۈم ئەمەستۇر، مەن سىز هېلىلا... — گۇلبانۇم ئەسلىگە كەلگەندەك، — سىز قانداق قىلىپ... ۋاي خۇدايىم... نېمانداق قاراملىق قىلىسىز؟... هېلىلا ئۆيدە قارا بوران چىقىدۇ...

ئەنزەر بېيجىڭدا ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يولغا چىققانلىقى، ئاندىن ئىمام داڭگالنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە باستىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈپ، هادىل بىلەن سارەمنى يولغا سالغانلىقىغا قەدەر سۆزلەپ گۇلبانۇمنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار بۈگۈن قاراڭغۇ چۈشكۈچە كېلەلىسە چوڭ گەپ.

ئەنزەرنىڭ قوللىرىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، چىڭ تۇتۇۋالغان گۇلبانۇم ئۈن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى. ئەنزەر ئۇنىڭ قولاق تۈۋلىرىدىن ساقىۋاتقان ياشلىرىنى ئېرتىپ ئۆلگۈرتەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، بۇنى خۇشاللىق، مىننەتدارلىق، ۋىسال شەربەتلىرى دېيىشمۇ بولاتتى. گۇلبانۇم ئەنزەرنى بىر كۆرۈۋېلىشنى، ئۇنىڭ قوللىرىنى ئاخىرقى بىر قېتىم تۇتۇۋېلىشنى، ۋاپادارلىق نۇرلىرى چاقنىغان كۆزلىرىگە قېنىۋېلىشنى شۇنچە ئارزۇ

قىلغانىدى. خۇدا ئۇنى تىلەكلىرىگە يەتكۈزدى.

— توۋا، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ - ھە، — گۇلبانۇم ئۇزۇپ - ئۇزۇپ سۆزلەيتتى، — ئويلاپ باقسام، خۇشاللىق كۈنلىرىمىز تولىمۇ ئاز بوپتۇ، ئەمما ئاجايىپ تاتلىق ئۆتۈپتۇ.

— شۇنداق، بانۇ، بىزنىڭ سەھرادا ئۆتكەن چاغلىرىمىز بەختلىك چاغلىرىمىز ئىكەن. نېمىدېگەن ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر.

— راست دەيسىز، ئەنزەر، ھەپتىلىك، بىر يىللىق ئۆي تۇتقان كۈنلىرىمىزمۇ دەككىدە - دۈككىدە ئۆتكەنىدى، — گۇلبانۇم ھاسىراپ بىردەم توختىۋالدى، — توۋا، بۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، سىزنى كۆرۈپ بىر ئوبدانلا بولۇپ قالدىما، يۆتەلمۇ تۇتمىدى. ئەنزەر... ئەنزەر، بىز ئايرىلغاندىن كېيىن دەريا بويلىرىغا... بېرىپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن ئۇ جايلارنى داۋاملىق چۈشلىرىمدە كۆرىمەن.

— بىرنەچچە نۆۋەت بېرىپ دەردىمنى ھاراق، تاماكىدىن ئېلىپ، ئىككىمىز بىللە ئولتۇرغان ئوتلاقتا يېتىپ ئۇخلاپ، سەگىگەندە قايتىپ كەلگەن چاغلىرىم بولدى. بەزىدە مۈزلاپ ئويغىنىپ كەتسەم، چاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقان، ئۈستۈمدە ئاينىڭ ھەمراھ بولغانلىقىنى كۆرىمەن، كېيىن ئۈمىدلىرىم ئۈزۈلگەندە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتىم.

گۇلبانۇمنىڭ ئەنزەرنىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھاراق ئىچىشنى، تاماكا چېكىشنى داۋاملىق ئەيىبلەيدىغان بىر ئادەمنىڭ ئەمدى ئۆزىنىڭ گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن گۇلبانۇمنىڭ يۈرەك - باغرى ئۆرتەندى.

— شۇ چاغدا سىز... «ھايات نېمىدېگەن گۈزەل، ياشاش قانچىلىك بەخت» دېگەنىدىڭىز...

— سىز: «بۇنىڭغا خاتىرجەملىك قوشۇلۇپ كەلسە، تېخىمۇ مەنىلىك بولغۇسى» دەپ توغرا دەپتىكەنسىز. خاتىرجەمسىز ھايات

راستلا دوزاخ ئازابىدىن بەتتەر بولىدىكەن.

— ئۇھ...— گۈلبانۇم چارچىغانمۇ نېمە، بىر دەم جىمىپ قالدى، — ئەۋلىيالار: «بۇ دۇنيا مۆمىنلەرنىڭ زىندانى، يامانلارنىڭ بوستانى» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن.

— شۇنداق، بانۇ... بىزنىڭ ئاق كۆڭلىمىز، كونا ئەقىدىلەرگە بولغان ئېتىقادىمىز، ياۋاش - مۆمىنلىكىمىز بەختىمىزنىڭ قاتىلى بولدى. بىراق، بىزنى بەختسىز قىلىپ قويغانلار ئۆز بېشىغا كەلگەندە ھەممىنى ئۇنتۇدى.

— راست دەيسىز، ئەسقەر قەشقەرلىك دېمەي ساباھەت بىلەن توي قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئاپام قەشقەرلىك رابىيەم دېگەن ئايال بىلەن يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ. پىغانى ئۆرلىسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال - مۇڭ تۆكۈپ كېلىدىكەن. ئەمدى مۇئەتتەرخان ئانىمىز بولسا غۇلجىلىق ئىكەن دېمەي نېغمەت ئاكام بىلەن نىكاھ قىلىنىۋالدى، — گۈلبانۇم سەل ھاياجانلاندى، — بىزمۇ نېمىشقا ئابدۇسەمەت، روشەنگۈللەردەك تۇرگۇن بولالمىغاندىمىز؟

— شۇڭا، ئادەملەردىن رايىم يېنىپ كەتتى، — ئەنزەر قول سىلكىدى، — ئۇلارنى كۆرەر كۆزۈم يوق، ھەممىسى بىر توپ يىرتقۇچلار.

ئۇلار باشلىرىنى سېلىپ جىمىپ قېلىشتى. لېكىن، بىر - بىرىدىن كۆز ئۈزمەي، كۆڭۈل سۆھبىتى قىلىشۋاتاتتى. گۈلبانۇم ۋاپادارىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ، قويۇپ بەرمەيتتى. ئەنزەر بولسا ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىغا قاراپ تويمايتتى. لەمپە ئاستىدىكى ئۇچرىشىشلارنى، ۋاڭ قادىر بېغى، دەريا بويلىرىدىكى سەيلىلەرنى، شېرىن سۆھبەتلەرنى، ئۆگزىگە چالما تاشلاپ ئويغاتقانلىرىنى، تەڭ كېچىدىكى ئەنسىز، ئەمما شېرىن ۋىساللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

قىش كۈنلىرى نېمىدېگەن قىسقا، گويا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش سايىسىدەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا ئولتۇرۇۋاتقان

قوياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى دېرىزىدىن قىيپاش چۈشۈپ، ئىككى شور پېشانىنى ئەنسىزلىككە سالماقتا. گۈلبانۇم بىلەن ئەنزەر بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق، بەخت غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىدىكى ئەسلىمىلەرنى ياد ئېتىشسە، يۈرەكتىكى مۇڭلىرىنى تۆكۈشسە، بىللە كۈلۈپ، تەڭ يىغلاشسا بۇ نەقەدەر كۆڭۈللۈك بولار ئىدى - ھە؟! بىراق...

— ئەنزەر، رەھمەت سىزگە، مىڭ مەرتەم رەھمەت، — گۈلبانۇم ھاسىراپ ئېغىر نەپەسلەندى، — خېتىمنى كۆرۈپلا بېيجىڭدەك يىراق يەردىن ئۇچۇپ كەپسىز. بۇگۈنكى بۇ ۋىسالغا جەننەت ھۆزۈرىنى تەڭ قىلمايمەن... مەن ئەمدى خاتىرجەم، كۈلۈپ تۇرۇپ خۇداغا ئامانەتنى ئارمانسىز تاپشۇرىدىغان بولدۇم. قارىمامسىز تەڭرى - قىسمەتنىڭ بىزگە يار - يۆلەكتە بولغىنىنى. ھادىل، سارەملەرنى سىز يولغا ساپسىز. قېيىنئانام بۇگۈن ئەتىگەن شەھەرگە تويغا كىرىپ كەتكەن، بولمىسا ئىككى مېيىپ بالىنى كۈندە ئەكېلەتتى.

— قانداق خەق بۇ، ھالىڭىز شۇ تۇرسا، سىزگە ھەمراھ بولغۇدەكمۇ ئادەم بولمىسا.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئادەملەرنى خالىماس بولۇپ قالدىم، ھەتتا ئاپام بولسىمۇ...

— ئەمدى بىز... — ئەنزەرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— تاڭلا مەھشەر كۈنى...

— بۇ پۇلنى ئېلىپ قېلىڭ، — ئەنزەر مىڭ سومنى گۈلبانۇمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — ئەتە ياكى بۇگۈن كەچتە باسىت كىرىپ قالسا ئىككى يۈز سومنى ئۇنىڭغا بېرىڭ. مەن ۋەدە قىلغان. قالغىنىنى ئۆزىڭىزگە قۇۋۋەت بولغۇدەك نەرسىلەرگە ئىشلىتىڭ.

— قاراڭ سىزنىڭ كىچىك بالىدەك خىيالىڭىزنى، — گۈلبانۇم ئىككى يۈز سومنى ئايرىۋېلىپ قالغىنىنى ئەنزەرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، — ھادىل «بۇ پۇلنى نەدىن ئالدىڭ» دېسە نېمە دەيمەن؟ ئۇ مېنى ئەجىلىمدىن بۇرۇن ئۆلتۈرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بىراق، باستىقا ۋەدە قىلىپ قويۇپسىز. شۇڭا، بۇنى ئۇنتۇغىلى بېرىپ قوياي. ئەمدى كېتىمەن، كېتىمەن، ئەنزەر... ئاخىرقى قېتىم مېنى بىر قۇچاقلاپ قويۇڭ.

ئەنزەر گۈلبانۇمنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە ئۆپكىنىچە ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ چۇشۇۋاتقان ياشلىرى ئەجەل ئالىقىنىدا تولغىنىۋاتقان ناتىۋاننىڭ ئاپپاق پېشانىسىنى ھۆل قىلىپ، تاتىراڭغۇ يۈزلىرىدىكى قەتىرىلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى.

گۈلبانۇم بىلەن ئەنزەرنىڭ قوللىرى خېلىغىچە ئايرىلمىدى ۋە ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ، ئالىقانلار سىيرىلىپ، نازۇك بارماقلار، كۈچلۈك بارماقلار بىلەن ئۇچراشتى ـ دە، بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى...

ئەنزەر قايتىپ كېتىپ ئۈچ كۈنگىچە قۇرۇلۇشچىلار بىلەن بىللە بولدى. ھازىر بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتى پۈتۈش ئالدىدا تۇراتتى. لېكىن، تۆتىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن قۇرۇلۇش مەيدانىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئالىنۇر دادىسىنى كۆرۈپلا پاڭگىدە ئېتىلىپ كەتتى. كۆڭلى سېزىپ بولغان ئەنزەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى.

— ئاپام... ئاپام... — ئالىنۇر تېلىقىپ قالدى، — ئاخشام... ئاخشام...

— بولدى، قىزىم، يىغلىماڭ، — ئەنزەر قىزىنى يېتىلەپ خەنزۇ بازىرىغا كېلىپ تاكسىغا چۈشتى ـ دە بايىكۆلگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە تاۋۇت كۆتۈرگەن بىر توپ ئادەم قەبرىستانلىققا قاراپ مېڭىشقانىدى. ئەنزەر قىزىنى ھازا بولغان ئۆيگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى جامائەت بىلەن بىللە ماڭدى. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ، لەھەت ئېغىزى كېسەك بىلەن بېكىتىلگەندىن كېيىن توپا تاشلاندى. ئوتتۇز ئۈچ ياشقا كىرىپ ھاياتنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن، ئىككى ئانىنىڭ قۇربانى بولغان گۈلبانۇمنىڭ گۈل سىيماسى قاپقاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالدى. ئۇ ناتىۋان، ۋاپاسىز دۇنيانىڭ كەلگەن ۋە كەلمىگەن

تەشۋىشلىرىنى، ئاداۋەت ۋە ئەنت ـ قىساسلىرىنى، زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى. مۇڭلۇق قىرائەت تەسىرىدە يۈرىكى ئېزىلگەن ئەنزەرنىڭ ياشلىرى ياقا ـ مەيدىلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟! گەرچە گۈلبانۇم بىراۋلارغا تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى يۈرگىنى ئەنزەر ئۈچۈن خۇشاللىق ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ دىل پىنھانىنى يورۇتۇپ تۇرغان گۆھىرىدىن ئايرىلدى.

— ئاكا، سەۋر قىلىڭ، يىغا بىلەن گۈلبانۇمنى تىرىلدۈرەلمەيسىز، — ئارقىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان باستى زابوينىڭ تەسەللىسى ئەنزەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى قىيانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، — بۇ شۇنداق جاھان ئىكەن، قەدرىنى بىلگەنلەرگە گۆھەر نېسىپ بولمايدىكەن. ئادەملەر قەدىرسىزلەرنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ بېرىپ خارلايدىكەن. بىراق، ئاكا، ھەممىسى ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

— رەھمەت، ئۇكا، رەھمەت، — ئەنزەرنىڭ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقتى.

— خۇدا رەھمەت قىلسۇن، گۈلبانۇم شېھىت كەتتى دەڭلا، شېھىت. بۇۋىلەر شۇنداق دەيدۇ، — باستى سىلجىپ ئەنزەرگە يېقىنلاشتى، — جان ئۈزۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەرھۇمنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىققان قان تا سۇغا ئالغاندىمۇ توختىمىغان، كېپەنلىرىمۇ قىپقىزىل بويىلىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدۇ.

جامائەت تارقىدى. ئەنزەر قەبرە بېشىدا يالغۇزدىن يالغۇز قېلىپ قالدى. ئۇ توپىغىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە. لەمپە ئاستىدىكى قايرىلىپ بېقىشلار، كۈلۈپ قېچىشلار، دەريا بويىدىكى شېرىن سۆھبەتلەر، سەھرادىكى قىرىق كۈنلۈك تاتلىق ئۆتكەن كۈنلەر، دەريابويى كوچىسىدىكى ئۇچرىشىشلار، قىسقىسى، گۈلبانۇم بىلەن بولغان قىسقىغىنا ھاياتىدىكى ھەممە ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە. ئانىسى مۇئەتتەرخاننىڭ ھويلىغا بېسىپ

كىرىپ دېگەن ـ ئەتكەن قاباھەت تىللىرى، ھاقارەت قامچىسى بىلەن گۈلبانۇمنى ھوشىدىن كەتكۈزۈشى، گۈلسۈمخانىنىڭ بېسىمى، كېچىدە ئەنزەرنى ئىشىك ئالدىدىن ئىتتىنى قوغلىغاندەك قوغلاشلىرى، ئىككى ئانىنىڭ «ھەپتىلىك»، «بىر يىللىق» دېيىشىپ ئىككى مۆمىن ياشنىڭ تەقدىرىنى خۇددى دەللاللاردەك سودىلىشىپ ھەل قىلىشلىرىنى خىيال ئەلگىكىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزگەن ئەنزەر ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قەبرە توپىسىنى نەمدەپ، ياقىلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

«گۈلبانۇم، كېتىپمۇ ياخشى قىلدىڭىز، ئەمدى سىزنى ھېچكىم ئويۇنچۇق ئېتەلمەيدۇ، خار ـ زارلىققا سالالمايدۇ. سىز غەمسىز ـ ئەندىشىسىز تىنچ دۇنيادا ئارام تاپتىڭىز، ـــ ئەنزەر ئاستا پىچىرلىماقتا ئىدى، ـــ مانا سىز كېتىپ، قالغانلىرىمىز ياقا تۇتۇپ يىغلىشىپ قېلىشتۇق. سىزگە خەيرخاھلىق قولىنى سوزغانلارمۇ، زۇلۇم سالغانلارمۇ ھازا ئېچىشتى. ھەيرانمەن ‹ئاق كۆڭۈل قىزىم، مېھرىبانىم› دەپ زار ـ زار قاقشىغانلار ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيدى؟ ئۇلار ئويلىمايتتى، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ مەنمەنلىك، ئاداۋەتخورلۇق، قىساسكارلىق ياۋۇز تەبىئىتى ـــ ئىمانىنى، مىللىتىنى، ئۆز قوۋمىنى نابۇت قىلىشقا ئۈندەيتتى. بۇ يولدا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايتتى.»

ئەنزەر تۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن خۇددى قان ئۇيۇتمىسىدەك ئاستا پېتىۋاتقان قىپقىزىل قۇياشقا قارىدى. قارىغانسېرى گۈلبانۇمنىڭ قانغا چىلىشىپ ياتقان سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

«گۈلبانۇم، سىز شېھىت كەتتىڭىز. قىسقىغىنا ھاياتىڭىزدا كۆرگەن كۆرمىشلىرىڭىز قان ـ زەرداب بولۇپ ياندى. ئۇنى سىزگە زۇلۇم سالغان بۇ دۇنياغا قايتۇرۇپ بەردىڭىز. بەرھەق پاك كەتتىڭىز. ئاھ، خۇدا، ئۆز نەرسىلىرىمىزنىڭ قەدرىگە قاچانمۇ يېتەرمىز؟ خەلقىمىز ئاشۇ باسىت زابويچىلىك ئويلىيالىغان

بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى؟! دەرۋەقە شۇنداق ئەمەسمۇ! ئۆز گۆھىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز، ئۇنى قانداقتۇر لەنتىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىغا تاشلاپ بېرىپ خارلايمىز!... مانا بۇ بىزدىكى كەچۈرگۈسىز پاجىئە!»

ئەنزەر كەچ گۈگۈملۈكى بىلەن قارايغان ئاسمانغا قارىدى — دە، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلىنى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك، يۈرىكىدە قىنىقماس ئۆچمەنلىك يۇلتۇزلىرى چاقنىدى!

«كەچۈرۈڭ، گۈلبانۇم، مەن ھەر ئىككى ئانىغا ئەمدى خەيرخاھ كۆزلىرىم بىلەن قارىيالمايمەن! يۈرىكىم بىر پارچە قارا تاشقا ئايلاندى. سىز راست دەپتىكەنسىز. ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا، بىرسى قەشقەرلىكنى كېلىن قىلىپ ئەتىۋارلىسا، بىرسى غۇلجىلىق دېمەي تەگدى. قارا كۆڭۈل ئەسقەر چېغىدا نومۇس قىلماي قەشقەرلىك قىزغا ئۆيلەندى. ئەجەبا ئۇلارغا خۇدايىم پەتىۋا ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بېرىپ، بىزگە تاقىۋالغانمىدۇ؟ زادى ئىككىمىزنى نېمە ئۈچۈن قۇربان قىلىشتى؟! — ئەنزەر كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئارانلا تۇردى، — خوش، گۈلبانۇم، مەن بۇ يەرلەردىن يۈرىكىمگە ئۆچمەنلىك، قىساس ئوتلىرىنى تولدۇرۇپ ئەبەدىلئەبەد يوقىلىمەن. ئەگەر كەلدىم دېگەندىمۇ پەقەت سىزنى يوقلاش ئۈچۈنلا كېلىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن كۆڭلۈمنى سىزگىلا تاپشۇرغان، باشقىلارغا بەرگۈدەك مەندە ھېچنېمە قالمىدى.»

گۈلسۈمخان بىلەن مۇئەتتەرخاننىڭ نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ، پۇشايمان زەردابلىرىنى ئىچكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئەنزەر، يۈرىكىدە ئىككى ئانىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك بىخلىرىنى ئۈندۈرۈپ شەھەرگە پىيادە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى چۈشتە بىنا قۇرۇلۇشىدىن قايتىپ كەلگەندە سىڭلىسى ساباھەت ئانىسىنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قورسىقى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ، ئېغىر ھاسىرايدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇئەتتەرخان ئەنزەر ھەم قىزى بىلەن ئەھۋاللىشىپ تۇرۇشى سىرتتىن ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ئابدۇسەمەت ئىشىكنى قىيا ئېچىپ

ئانىسى بىلەن ئاكىسىنى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆگسۈرۈن چىرايى، سىرلىق ئىشارىلىرىدىن كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن ساباھەت تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

مۇھىم بىر خەۋەرنىڭ شەپىسىنى سەزگەن مۇئەتتەرخان ئىككى ئوغلىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. ئەنزەر ئىنىسىنىڭ بىر ئىشنى دېيەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئانىسىغا قاراپ قويدى:

— دېمەمسەن نېمە ئىش ئىدى؟ — سورىدى ئەنزەر تاقەت-سىزلىنىپ، — ياكى ماڭىلا دەيدىغان گەپمىدى؟

— ئانامۇ ئاڭلىمىسا بولمايدۇ، — ئابدۇسەمەت مۇئەتتەر-خانغا قاراپ قويدى، — تاش سارائ كېچىدىن توڭلاپ ئۆلۈپ قاپ-تۇ. بايا ساقچىلار ماشىنىغا سېلىپ ئەكەتتى.

— ھەي، مۇشۇ گەپمىدى، — مۇئەتتەرخان شاپىلا ئورنىدىن تۇردى، — مەن تېخى قورۇلۇشتا بىرەر ھادىسە تۇغۇلغان چېغى دەپتىمەن.

— ئانا، ئولتۇرسىلا، — دېدى ئەنزەر، — بىز بۇ چاغقىچە سىلىدىن بىر ئىشنى يوشۇرۇپ كەلگەن. تاش سارائ ئەسلىدە سىلىنىڭ كۆيۈئوغۇللىرى تاشمەمەت بولىدۇ.

— نېمە؟! — مۇئەتتەرخان چۆچۈپ كەتتى، — مەھەللىمىزگە بەزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان ھېلىقى چاڭگا ساقال دېۋانىما؟

— شۇنداق، — ئەنزەر ئەستايىدىل چۈشەندۈردى، — تاشمەمەتنى جازالاپ قايتۇرغاندىن كېيىن سارائ بولۇپ قاپتىكەن. بىز غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەلگەن چاغدىلا ئابدۇسەمەت ئىككىمىز ئۇنى كۆرگەن، ئەمما سىلىگە دېمىگەن.

مۇئەتتەرخان ياقىسىنى تۇتقىنىچە «توۋا، خۇدا كارامەتلىرىڭ-گە تەسەننا» دېگەن سۆزنى قانچە قېتىم تەكرارلىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. مەخەت ئەپەندى تاشمەمەتنى «مۇناپىق كاززاپ، خار-زار بولۇپ، ئۆلۈكۈڭ كوچىدا قالىدۇ» دەپ تىللىغانىدى. مانا بۇ-گۈنكى كۈندە ئۇ كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپتۇ. بۇ خۇدانىڭ ئۇنىڭغا

بەرگەن جازاسی بولمای نېمە؟ ئۇ، «کىمنىڭ خار ـ زار بولۇپ ئۆ-لۈشىنى ئىنقىلاب بەلگىلەيدۇ» دەپ خۇداغا شەك كەلتۈرگەننىدى. ئاقىۋەت ئاللا ئۆز قۇدرەت ـ كارامىتى بىلەن ئۇنى مۇشۇ كۈن-لەرگە قالدۇردى.

— ھە، ئۇ ئۆلسە سەن نېمانچە تېپچەكلەپ كەتتىڭ؟ مۇئەتتەرخاننىڭ ئاچچىقى كەلدى، — خوپ بوپتۇ، ئۆز قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىپتۇ.

— ئانا، ئۇنى يۆيۈپ ـ تاراپ، يەرلىككە قويغۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يوق، — دېدى ئابدۇسەمەت، — شۇڭا...

— يوق يېمە، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قىزىم نۇرئامىنەمنى خارلاپ قىلمىغىنى قالمىغان، دەردكە چىدىمىغان ئاچاڭ ئۆزىنى تۈمەن دەرياسىغا تاشلىۋالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ داداڭنى قانداق قىيناپ ئۆلتۈردى، بۇ ھەرقايسىڭغا ئايانغۇ؟

— ئانا، خاپا بولغانلىرى يوللۇق، — دېدى ئەنزەر، — بىراق ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلاشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى بىلىدىلا، مۇسۇلمانچىلىقتا ئاداۋەتكە شاپائەت قىلىش دېگەن گەپمۇ بار. خۇدا ئۇنى قىلمىشىغا تۇشلۇق دىشۋارچىلىققا سالدى. ھەرقانچە گۇناھى بولسىمۇ يۆيۈلۈپ تۆكىگەندۇ؟ ئەڭ مۇھىمى ئۇ ساباھەتنىڭ ئۆز دادىسى.

— ئۆيلەپ باقسىلا، ئانا، — ئابدۇسەمەت قوشۇپ قويدى، — ئون نەچچە يىلدەك پۇشايمان زەردابىنى ئىچىپ، تۈن ـ كېچىلەردە ئايالى بىلەن قىزى ساباھەتنىڭ ئىسمىنى تۈۋلاپ كەچۈرۈم سوراشنىڭ ئۆزى ئاسان گەپمۇ؟

ئىشىك ئارقىسىدا ھەممىنى ئاڭلىغان ساباھەت ئېتىلىپ كىردى ـ دە، مۇئەتتەرخانغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئېسەدىگىنىچە، ئەسقەر بىلەن خەنزۇ بازىرىدا تۇرغىنىدا تاشمەمەتنىڭ سەدىقە تىلەۋېتىپ «قىزىم ساباھەت بولغان بولسا، سىلەردەك پىششىقلىق قىلمىغان بولاتتى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق نەچچە كۈنلەرگىچە ئۆزى كۆرمىگەن دادىسىنى سېغىنىش تۇيغۇسىدا ئەسلىگەنلىكىنى

ئېيتىپ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى.

ساباھەت! تاتلىق تىللىرىڭ بىلەن ‹دادا› دەپ چاقىرساڭچۇ مېنى» دەپ يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى، — ساباھەت يىغىدىن بوغۇلۇپ قالدى، — ئەگەر ئۇنىڭ دادام ئىكەنلىكىنى ئۇققان بولسام، ئاياغلىرىغا يىقىلغان بولار ئىدىم. چۈنكى، ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ ئۇ مېنىڭ دادام!

مۆئەتتەرخان قىلغان گەپلىرىدىن ئۇيالدى بولغاي، ساباھەتنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنى بەزلىدى.

— راست دەيسەن، بالام، ئۆز دادا دېگەننىڭ مېھرى باشقا بولىدۇ، كونا ئىشلار كەتتى — تۈگىدى، — مۆئەتتەرخان ئوغۇللىرىغا قارىدى، — سىلەر ساقچى بىلەن سۆزلىشىڭلار، ئۇنى بىز يەرلىكىگە قويايلى. گۈلبانۇم بىلەن ئىككىسىگە ئاتاپ نەزىر بېرەيلى.

تاشمەمەت مۇسۇلمان قائىدىسى بويىچە يەرلىكىگە قويۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى جامائەتكە چوڭ نەزىر بېرىلدى.

* *

باھار كېلىش بىلەن ئەنزەرنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك بىناسى پۈتتى. ئىجارىگە ئولتۇرىدىغان ئائىلىلەر، شۇنداقلا مال ياسىدىغان سودىگەرلەر ئامبار، ئۆيلەرنى ئىگىلىدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر، كېلىپ - كېتەر يولۇچىلار بىر ئېغىزلىق ياتاقلارنى ئىجارىگە ئېلىشتى. ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن قاراۋۇل ھەم مۇلازىمەتچى تەكلىپ قىلىنىپ مائاشى بەلگىلەندى. ئىجارىگە بېرىلمىگەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز ئۆي قالغاندا، ئەنزەر بىنانى ئىنىسى ئابدۇسەمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۇنىڭغا ياخشى باشقۇرۇشنى تاپىلىدى. گۈلبانۇم ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ يەرلەردە تۇرۇشقا، ئىككى ئانىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ھەپسىلىسى قالمىغان ئەنزەر ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئوغلى ئەختەم، ئايالى گۈلنىسالارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## تۆتىنچى قىسىم

# كىچىك ناتىۋاننىڭ كەچمىشلىرى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 20

ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى. ئەنزەر ئىيۇلنىڭ باشلىرى تۇيۇقسىزلا غۇلجىدا پەيدا بولدى. ئۇ بۇ قېتىم قىزى ئالىنۇرنى ئۇرۇمچىگە ئەكېتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. گۈلسۈمخان تۇمشۇق تىرەپ ئوقۇتۇپ، ئوننىچى سىنىپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان نەۋرىسىنى دادىسىغا بېرىشكە كۆزى قىيمىدى. ئەنزەر بىرنەچچە قېتىم كېلىپ سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، شۇڭا ئارىغا كىشى قويۇشقا توغرا كەلدى.

بىر كۈنى پەزىلەتبۇۋى مەھەللىدىكى ياشانغان، مۆتىۋەر ئاياللاردىن ئايچىۋەر ھاجىم، ئەختىرىم بۇۋىملەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن چاي ئىچكەچ گۈلسۈمخانغا پەند - نەسىھەتلەرنى باشلىۋەتتى:

— ھېلىمۇ تۇل جېنىڭىزدا مۇشۇ بالىنىڭ چىرايىنى سارغايتماي، يەرگە قاراتماي شۇ دېمەتلىك قىلدىڭىز، بۇ ئاسانمۇ؟ — دېدى ئايچىۋەر ھاجىم ئورۇق، ئۇزۇن ئاق يۈزلىرىنى سىيپاپ قويۇپ، — خويمارا دەيمىز ئىچىمىزدە، بەزى چاغلاردا بالىنىڭ ئوقۇش پۇلى، دەپتەر - قېرىنداش، مەكتەپ فورمىسى دېگەندەك چىقىملار ھاسىرىتىپ قويغان يەرلىرىمۇ بولىدىغۇ دەيمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەختىرىم بۇۋىم.

— ئىنشائاللا راست دەيلا، ئايچىۋەر ھاجىم، — ئەختىرىم بۇۋىم موچىن تەگمىگەن قىزغۇچ يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈردى، — بولۇپمۇ مەكتەپلەر ھەر پەيدىگە كەلتۈرۈپ سېلىقلارنى سېلىۋېرىدىغان بولدى. گۈلسۈمخان بەزى چاغلاردا قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ كىردى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

— شۇنداق بولمامدىغان، بولدى، — گۈلسۈمخان باش

چايقىدى، — بۇ بالىنى ئوقۇتقۇچە يەيدىغىنىمىز چۆللەردە، ئىچىدىغىنىمىز كۆللەردە بولۇپ كەتتى دېسىلە.

— ئى - ئە... تۇل خوتۇننىڭ ئېشى پىشماس، ئېشى پىشسا، قازىنى ئوچاق بېشىدىن چۈشمەس دېگەن شۇ - دە، — ئايچىۋەر هاجىم ئۇزاققىچە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇردى، — پۈتۈن ئۆينىڭ كاكۇنچىلىقى، بالىلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقا غېمى بېشىغا كېلىپ قالغاندىن كېيىن نېمە بولماقچىدى؟

— شۇ، شۇ، ئەمەسمۇ، — ئەختىرىم بۇۋىنىڭ ئىچ ئاغرىتى-قانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — مەن قىلارمەن ئوتتۇز، خۇدايىم قىلار توققۇز دېگەندەك، ئۇنى تاپسا، بۇ تۇرغان، دولىنى ياپسا قوڭ تۇرغان.

ئىككى موماي بۇ ئۆيگە نېمىگە كىرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك هال تۆكۈشۈپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ «ئى - ئە، مىئە»لىرىدىن زېرىككەن پەزىلەتبۇۋى قىمىشىپ ئولتۇرالمايلا قالدى، شۇڭا ئۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى پوسۇققىدە چىقاردى.

— گۈلسۈمخان هەدە، ئالىنۇرنى ئەتىلىمە گۆش ۋاقتىدىن تارتىپ باققاچقا چىدىمايدىغانلىقىڭىز راست، — دېدى پەزىلەتبۇۋى گەپنى ئەگىتمەيلا، — لېكىن ئويلاپ بېقىڭ، قىز بالا چوڭايغانسېرى دەردىمۇ بىللە چوڭىيىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك چىقىملىرىنى دېمەيلى، كىيىم - كېچەكى، ئالىي مەكتەپ چىقىمى، ئەڭ مۇھىمى تويى، بۇلارنى قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىساد كېتىدۇ.

— پەزىلەتبۇۋى راست دەيدۇ، — دېدى ئەختىرىم بۇۋىم، — سىلىنىڭ ئازغىنا پېنسىيە مائاشلىرى نېمىگە دال بولىدۇ؟

— خويمۇ ئوبدان گەپ بولدى، — ئايچىۋەر هاجىم گەپكە كۆز چىقىرىشقا ئۇستا ئىدى، — ئەلۋەتتە ئۆردەكنى ييسەك، غازنىڭ پېيىدە بول دېگەن گەپ بار. كېيىنىنى ئويلىماي بولامدۇ؟ هالا بىر كۈنى كېلىپ ئۆزۈمنى پايلىماي شىلتىنىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالاسقا يۆگىنىپ ئۆچ كۈن يېتىپتىمەن دەپ

بىر قولىمىزدا ئالدىمىزنى، بىر قولىمىزدا ئارقىمىزنى تۇتۇپ قالساق ئورنىغا كەلمەيدۇ ـ دە.

گۈلسۈمخان ئويلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇنى ئالىنۇرنىڭ ئالىي مەكتەپ چىقىمى، تويى راستىلا ئەنسىزلىككە سېلىپ قويغانىدى. دېمىسىمۇ هازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن هەر ئايلىق تاماق پۇلىدىن باشقا، يىلدا بىر تۆلەيدىغان ئوقۇش پۇلى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا گۈلسۈمخاننىڭ قۇربى يېتەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر تويلار تېخىمۇ هەشەمەتلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بىر تۇل خوتۇننىڭ يىغىپ قويغان قانچىلىك دۇنياسى بار؟ بۇ ئەلۋەتتە «كەلگەندە كۆرەرمەن» دەپ سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس. ئالىنۇر هېلىتىنلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئۇ بولىمەن، بۇ بولىمەن دەۋاتسا.

— گۈلسۈمخان هەدە، ئەنزەر ئۆز دادىسى تۇرسا نېمانچە ئەنسىرەيسىز؟ — دېدى پەزىلەتبۇۋى گەپنى كېسىپلا، — بىرنەچچە يىل ئوقۇپ يەنە يېنىڭىزغا قايتىپ كېلىمەمدۇ.

— هەببەللى، — ئايچۈرەر هاجىم ئالقانلىرىغا ئۇردى، — قوزىلارمۇ ئانام دەپ مەرەيدۇ، تايچاقلار ئانىسىنى سېغىنىپ كىشنەيدۇ. قۇش باللىرى چېغىدا ئانىسىنى كىنەپ سايرايدۇ.

ئۈچ خوتۇننىڭ «ئۇ، بۇ» دېيىشى ئارقىلىق گۈلسۈمخان نەۋرىسى ئالىنۇرنى دادىسىغا قېتىپ قويىدىغان بولدى. بىراق، بۇ قىز دادىسىغا: «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتساڭ بارىمەن، بولمىسا بارمايمەن» دېگەن شەرتنى قويدى. «بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ» دېدى ئەنزەر سوغۇققىنا كۈلۈپ. ئۇ گەرچە غۇلجىغا كەلگىنىگە هەپتە بولۇپ قالغان بولسىمۇ مېهمانخانىدا يېتىۋاتاتتى. ئانىسى مۆئەتتەرخان ئوغلىنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى، كۆز ياش تۆكتى. «بەختىڭنى چىگىپ قويدۇم» دەپ يالۋۇردى. بىراق، ئەنزەر بىرەر ئېغىز گەپ قىلماي جىم ئولتۇردى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن هەممىدىن بەزگەنلىكى، زېرىككەنلىكى، هەرقانداق يىغا، نەسىهەت، چىرايلىق سۆزلەردىن

بىزار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىسى بايكۆل قەبرىستانلىقىغا چىقىپ، گۈلبانۇمىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن مېڭىش تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئابدۇسەمەتنىڭ «بىنادىن قىلىنغان بىر يىللىق كىرىم» دەپ ئەكېلىپ بەرگەن پۇلىنى چامادانغا قاچىلىدى. ئىنىسى ھەر يىلى قاراۋۇل، مۇلازىمەتچى مائاشى، بىنانىڭ رېمونت ھەققى، توك، سۇ، باج رەسمىيەتلىرى قاتارلىق ھېسابات تالونى بىلەن بىنا كىرىمىنىڭ بىر بۆلىكىنى ئاكىسىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى.

قىزى ئۇنىنچى سىنىپنى پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىنى بېرىپ بولغۇچە ساقلىغان ئەنزەر بىر كەچلىكى ئۇنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغقىچە بايكۆلنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىگەن ئۇن يەتتە ياشلىق ئالىنۇر يول بويى ئۇخلىماي ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قارايتتى. كەڭسايىنىڭ قارىغايزارلىقلىرى، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى، تەلكىنىنىڭ يىلان باغرى داۋىنى، خۇددى ئاسماننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆپكۆك سايرام سۈيى، ئۇنىڭ ئوتلاقلىق باغرىدا يايرىشىپ يۈرگەن قوي، كالا، يىلقىلار، ھەرخىل ياۋا گۈللەر قاپلىغان تاغ غوللىرىنى كۆرگەن ئالىنۇرنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ياش تۆكۈپ قالغان مومىسىنى، خورلۇق ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىسىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇدى. بولۇپمۇ ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى بولدى. بىر - بىرىدىن بوي تالاشقان ھەيۋەتلىك بىنالار، خۇددى ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل ئاپتوموبىللار، رەڭگارەڭ كىيىنگەن قىز - چوكانلار، يول بەندەرلىرىگە پىرامىدا شەكىللىك تىزىلغان تەشتەك گۈللەر، ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر ئالىنۇرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. بولۇپمۇ شەھەر كۆرۈنۈشىدىن، ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ تۇرقىدىن، پاكىز - رەتلىك كوچىلاردىن بىر خىل يۇقىرى مەدەنىيەت ھىدى كېلىپ تۇرغان ئۈرۈمچى ئالىنۇردا ئۇلۇغ ئىستەكلەرنى تۇغدۇردى. ئۇ كۆڭلىدە: «ياخشى ئوقۇپ

كەلگۈسىدە يازغۇچى بولىمەن، موماممنىڭ، ئاپامنىڭ، دادامنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى يازىمەن» دەپ ئويلىدى.

ئاپتوبۇس پويىز ئىستانسىسىنىڭ كەڭ مەيدانىغا كىلىپ توختىدى. قاتارسىغا تىزىلغان كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسلارنىڭ ئالدى ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. چامادان، سومكا، سولياۋ خالتىلارنى كۆتۈرۈشۇۋالغان يولۇچىلار ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشاتتى. يولۇچى تېپىپ بىرىپ ھەق ئالىدىغان ياش باللار ئۇچرىغانلا ئادەمگە ئېسىلىۋېلىپ نەگە بىرىشىنى سورايتتى ھەم ئاپتوبۇستا تېلېۋىزور، VCD بارلىقىنى ئېيتىپ قىزىقتۇراتتى. تۆرۈپلا پويىزنىڭ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ بەرگەن گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئەنزەر ئالىنۇرنى باشلاپ شەخسلەرنىڭ سودا دۇكانلىرى، بوتكىلار، ئاشخانىلار قاتارى ئالدىدىن ئۆتۈپ، سولغا قايرىلدى. بۇ بارغانسېرى پەسلەپ كەتكەن يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تىك چوڭقۇرلۇق ئورمان باغچىسى بولۇپ سول تەرەپ يول قاسنىقىدا رەت كەتكەن ھەر خىل مۇلازىمەت دۇكانلىرى بار ئىدى. ئۇلار دەرپەردىلىك دېرىزىلەر ئالدىدا، كاۋاپدانىدىن پۇرقىراپ بۇس كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاشخانا ئالدىدا توختاشتى. كاۋاپچى بالا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئەھۋال سوراپ، ئەنزەرنىڭ قولىدىن چامادانىنى ئالدى ھەم ئىچكىرىگە قاراپ: «ئاپا، دادام كەلدى» دەپ ۋارقىرىدى. كاۋاپچى بالىنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك ھېس قىلغان ئالىنۇر ئۇنىڭ «دادام كەلدى» دېگەن سۆزىدىن ئەختەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى، ئەنزەر ئۇلارنى كىچىك چاغلىرىدا دەريا بويىدا، باغچىلاردا ئوينىتاتقان يېرىم كۈن ئىچىدە، ئىنىسىنى بىرلا قېتىم كۆرگەن ئالىنۇرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

ئەنزەر ئايالى بىلەن سۆسلا باش لىڭشىتىپ سالاملاشقاندىن كېيىن ئەر - ئايال ئاشپەز - مۇلازىملار بولۇپ بەش - ئالتە ئادەم بىلەن كۆرۈشتى. گۈلنىسا لىغىرلاپ تۇرۇپ: «ئامان - ئېسەن كېلىپ قاپسىز» دېدى - دە، ئالىنۇرنى بوشقىنا قۇچاقلاپ

قويدى. ئەنزەر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، چاقماق كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى. ئاڭغىچە ئەختەم شامالدۇرغۇچنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋېتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. گۈلنىسا كېرىلىپ ئولتۇرغان پوكەينى ھېسابقا ئالمىغاندا سەككىز ئۇستەللىك بۇ ئاشخانىنى ئانچە كىچىك دېگىلى بولمايتتى. ئالىنۇر گۈلنىساغا قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ، ئورۇق، ئېگىز، تولىمۇ مۇلايىم، چاققان چوكان ئىدى. لېكىن، مۇنۇ ئولتۇرغان گۈلنىسا بۇرۇنقىسىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە سېمىز بولمىسىمۇ، تولۇق تاشتەك راسا يېتىلگەن، ئورۇق - تاتىراڭغۇ يۈزى ئايدەك تولۇپ، چەكتۇرگەن قاش، كۆز جىيەكلىرى ئاق قەغەزگە تۆكۈلگەن قارا سىياھتەك ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى، كېسىپ بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە بويىلىپ، ئاپپاق بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. كىيىۋالغان ئېسىل يوپكا - كوپتىلىرى شۇنچىلىك تار ئىدىكى، مۇڭگۈزدەك چىڭ كۆكسى، قويغان ئۆپكىدەك چوڭ ساغرىلىرى دەستىدىن چەك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. خەيرىيەت، گۈلنىسانىڭ ھۆسن - رۇخسارىغا خېلى كۆپ ئۆزگىچىلىكلەر قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بىرلا نەرسە، مۇلايىملىقىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ گىرىم بىلەن بويالغان چىرايىدىن بىر خىل قېلىنلىق، مەنسىتمەسلىك، مەمەدانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرسا، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ھاياسىزلىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— مەن ئالىنۇرنى ئۆيگە ئاپىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلەي، — دېدى ئەنزەر ئورنىدىن تۇرۇپ، — قايسى ئۆيدە يېتىپ - قوپسا بولار؟

— ۋىيىەي، تېنەپ قالغۇدەك ئايۋان - سارايلىرىڭىز باردەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ — گۈلنىسا قاپاقلىرىنى سۈزدى، — ئەختەم مېھمانخانىدا ياتسۇن، شۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ.

خوتۇننىڭ تەئەددىسىدىن بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئەنزەر گۈلنىساغا دەھشەتلىك ئالىيىپ قويدى ـ دە، ئالىنۇرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار بارغانسېرى چوڭقۇرلىۋاتقان چۈشۈپ كېتىدىغان پەلەمپەيلەر ئارقىلىق يەر ئاستى يولىغا كىردى. ئاندىن تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى سىرلىرى ئۆڅۈپ كەتكەن ئالتە قەۋەتلىك سېرىق بىنانىڭ ئىككىنچى ئىشىكىگە كىرىپ كەتتى. تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئەنزەرلەرنىڭ بولۇپ، گۈلنىسانى ئۇرۇمچىگە ئەكەلگەن يىلى سېتىۋالغانىدى. ئەنزەر ئوغلى ئەختەمنىڭ يوتقان ـ كۆرپە، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مېھمانخانىغا ئاچىقىپ قويۇپ، بىر كىشىلىك كارىۋاتنى جابدۇپ بەردى.

— ئەتىدىن باشلاپ ئاشخانىغا ياردەملەشكىن، — دېدى ئەنزەر قاپىقىنى ئاچماي، — مۇلازىملار يېتىشمەيدۇ، بىر ئادەمنى ياللىسا ئايلىقى پالانچى پۇل.

— بولىدۇ، — ئالىنۇر دادىسىنىڭ چىرايىدىن ئەندىكىپ قالدى، — تەتىل تۈگىگۈچە زېرىككىيمۇ قالغۇدەكمەن.

— ئاۋۋال تەتىل توشسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر گەپ بولار.

— ئۇكام ئەختەم بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان بولسام بەك ياخشى بولاتتى. ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىنى بىلمىگەندىكىن.

— ئەختەم ئوقۇمايدۇ. بەشىنچى سىنىپنى پۈتكۈزمەيلا ئاچىقىۋالغان، بىر ئوبدان كاۋاپچىلىق قىلىۋاتامدۇ.

دادىسىنىڭ سۆزلىرى ئالىنۇرنىڭ كۆڭلىگە سىغمىغان بولسىمۇ، جاۋاب ياندۇرمىدى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ ئاشخانىغا باردى. چۈش، كەچلەردە مېھمانلار ئىنتايىن كۆپ بولاتتى. ئالىنۇر تاماق توشۇش، قاچا يىغىش، ئۈستەل سۈرتۈش بىلەن پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي قالاتتى. باشقا چاغلاردا چوڭ داسلارغا چىلانغان تەخسە، لېگەن، چىنە، قوشۇقلارنى يۇيۇپ، يۇندىپۇرۇشلۇق قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، پوكەيدە كېرىلىپ

ئولتۇرغان گۈلنىسا: «ئالىنۇر، پولنى يۇيۇڭ»، «ئالىنۇر، قارىڭا، پاسكىنا قەغەز، چوكىلار دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ»، «ئالىنۇر، نېمانداق سۆرەلمىلىك قىلىسىز، قولىڭىزدىكى ئىشنى توگىتىپ كۆكتات ئادالاڭ» دېگەندەك بۇيرۇقلارنى ئارقا - ئارقىدىن قىلىپ تۇراتتى. مېھمانلار شالاڭلاپ، كېچە بىر ۋاق بولغاندىلا ئاشخانىنى تازىلاپ، ئەتىسىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ توگەتكەن ئالىنۇر ئۆيگە قايتاتتى. ئۇ بېشىنى ياستۇققا قويغاندىلا بەل - پۇتلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىغا چىدالماي قالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق چارچاپ ھالىدىن كېتىشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. «ھەقسىز مەدىكار»غا ئىرىشكەن گۈلنىسا ئالىنۇر كېلىپ ئەتىسى بىر مۇلازىم ئايالنى ھەيدىۋەتتى. ئەنزەر بولسا كۆپ ھاللاردا ئاشخانىدا بولمايتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئۇن، گۈرۈچ، ماي، گۆش، كۆكتاتلارنى ئەرزان باھادا ئېلىش ئۈچۈن ئوپتىۋاي[①] بازارلىرىدىن كەلمەيتتى، ھەتتا ئۇن - يىگىرمە تىيىننى قوغلىشىپ مىچۇەن، سانجى، قۇتۇبىلاردىن ئۇن، گۈرۈچ، ماي ئەكېلەتتى. يەنە پات - پاتلا گۇاڭجۇ، بېيجىڭلاردىكى ئاشخانا، كاۋاپخانىلىرىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەملىرى بىلەن سائەتلەپ يانفوندا سۆزلىشىپ كېتەتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ ئائىلىنىڭ چار داستىخىنىنى كۆرگەن ئالىنۇر ئۆزىدە كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل غەشلىك ھېس قىلدى. ئۇنى قەۋەتلا ھەيران قالدۇرغىنى ئەنزەر گۈلنىسا بىلەن كارى يوق ئىدى، بىرنەچچە كۈندە بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايتتى. گۈلنىسامۇ ئېرىنى نەدە تۇردۇڭ، نەدە قوپتۇڭ، دېمەيتتى. بىرقانچە كۈنلەپ يوقىلىپ كەتسىمۇ ئەنسىرەش ئۇياقتا تۇرسۇن، قاش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايتتى. ئەمدى ئەختەم بولسا گويا تامنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ قالغاندەك، ئاتا -

---

① توپ تارقىتىش بازىرى.

www.uyghurkitap.com

ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ گەپ قىلمايتتى، چىرايىنى بەرمەيتتى، تامىقىنى مالاچىلىتىپ يەپ ھېچكىمگە قارىمايلا چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئۇچىنىڭ خۇددى بىر ـ بىرىنىڭ زۇۋانىنى بىلىشمەيدىغان يات مىللەتلەردىن بەتتەر قىلىقلىرى ئەقىلگە سىغمايتتى. بۇ خىل دىمىقتىلىق، سۇرلۇك تۇرمۇش ئالىنۇرنىڭ ئىچىنى سىقىۋەتتى. خۇددى ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، گۇلنىسانىڭ قىرىچە ـ يېنىچە تېگىشلىرى جان ـ پېنىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. ئالىنۇر: «بوپتۇلا، تەتىل توشسا، مەكتەپكە كېتىمەنغۇ» دەپلا ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. مانا سېنتەبىر ئېيىمۇ كىردى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەرگە تۈركۈملەپ مېڭىشتى. بىراق، ئەنزەر قىزىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك خىيالى يۇرەتتى.

ــ دادا، ــ دېدى بىر كۈنى ئالىنۇر، ــ مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلاپ بوپتۇ. مېنى قاچان ئاپىرىپ بېرىسىز؟

ــ ھازىر باللار يىغىلغان بىلەن چوڭ تازىلىق، يىغىن، ئوقۇش باشلاش تەييارلىقى دېگەندەك مەشغۇلاتلارنى قىلىشىپ ھەپتە لاغايلاپ يۈرۈشىدۇ، ــ ئەنزەر خۇشياقمىغاندەك ئەلپازدا ئىدى، ــ ئالدىراپ نېمە كەپتۇ؟ ھازىرچە ئاشخانىدا ئىشلىگەچ تۇرغىن.

ئەنزەر ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى قىزىغا ئوچۇق چىراي ئاچمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. دادىسىنىڭ سۇرلۇك تەلەتىگە قاراپ سېنتەبىر ئېيىمۇ چىقىپ كېتەي دېدى. ئەنزەر بەزىدە ئەلياتقۇدا پەيدا بولۇپ، سەھەر چىقىپ كەتسە بىرنەچچە كۈن قارىسىنى كۆرسەتمەيتتى. ئوقۇش توغرۇلۇقلا گەپ ئېچىلسا، سەپراسى ئۆرلەيدىغان گۇلنىساغا بۇ توغرۇلۇق گەپ ئېچىش خۇددى تۆگىنىڭ قوڭىغا چالما ئاتقاندەك بىر ئىش ئىدى. تاقەتسىزلەنگەن ئالىنۇر بىر كېچىسى ئىشىك ئالدىدا دادىسىنى ساقلىدى. تۈن نىسپىدىن پەيدا بولغان ئەنزەر قىزىنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىر پۇشۇلدىدى. ئۇ مەست بولمىسىمۇ ئاغزىدىن

ھاراق پۇراپ تۇراتتى.

— بۇ كىچىدە ئۇخلىماي نېمە ئىش قىلىسەن؟ — ئەنزەرنىڭ ئاۋازى خېلىلا قاتتىق چىقتى، — گەپ قىلمىسا ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتامسەن قانداق؟

— مەن سىزنى ساقلاپ.

— مېنى نېمىشقا ساقلايسەن؟

— سېنتەبىر ئېيىمۇ چىقىپ كەتتى. مەن دەرسلەردە قانداق يېتىشىمەن؟

— شۇ گەپمىدى، ھەي، ساڭا ئوقۇشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئاشخانىدا ئىشلەۋەرسەڭ بولمىدىمۇ ـ ھە؟ كېيىنچە مائاش بېكىتىپ بەرسەم.

— مېنى ئاشخانىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەكەلگەنمىدىڭ؟ — ئالىنۇر قورقمايلا سەنلىدى، — بولدى، ئەتىلا يولغا سېلىپ قوي، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ قېچىپ بولسىمۇ كېتىمەن.

— قايسى پۇلۇڭ بىلەن كەتمەكچىسەن؟

— شوپۇرلارغا يېلىنىمەن، ئالدىمغا ئاق قەغەزدىن بىرنى چاپلاپ دىۋانچىلىك قىلىمەن.

ئەنزەر دىمىقىپ بىردەم جىم تۇردى، ئۇ ئالىنۇرنىڭ دەشنەم ـ ئەلەم يەپ بوزەك بولىدىغان بوشاڭ قىزلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەگەر ئۇ غۇلجىغا كېتىپ قالسا ئۆيدىكى ئىشلارنى تالاغا يېيىپ سېسىتىۋەتسە، ئەنزەر ـ نىڭ غۇلجىدىكى ئىناۋىتى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇنىڭ بۇ پەيـ ـ لىگە قارىغاندا، «دادام» ئىكەن دېمەي پاختىسىنى ئېتىپ ئاسـ ـمانغا سورۇيدىغان ئوخشايدۇ.

— بولىدۇ، مەن ئەتە مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرەي.

— راستىما؟

— مەن ئۇيغۇرچە گەپ قىلدىم، شۇنداقتۇ، ماڭ، ئۇخلايلى.

ئەنزەر ئەتىسىدىن باشلاپ «مۇزاكىرىلىشىپ باقماقچى»، «مەكتەپ مۇدىرى يىغىنغا كېتىپتۇ»، «ئالدىمىزدىكى ھەپتە جاۋاب

www.uyghurkitap.com

بەرمەكچى» دېيىش بىلەن يەنە ئۈچ ھەيتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۆكتەبىر ئېيىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. بىر كۈنى ئەنزەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئالىنۇرنىڭ ئەتىگەنلىك چايدا يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ كارىۋات ئۈستىگە بىر پارچە خەت تاشلاپ قويغانىدى. خەتتىكى: «دادا، خوش، مەن كەتتىم، سىزنىڭ بۇنچىلىك قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن. سىز پۇللا بولسا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز، لېكىن مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىستەك غەرىزى بولىدۇ» دېگەن سەھىپىلەرنى ئوقۇغان ئەنزەر چاپىنىنى كىيدى ـ دە، پويىز ئىستانسىسى، يولۇچىلار بېكىتىگە ئۇچقاندەك يېتىپ باردى، لېكىن بۇ يەردىن قىزىنى تاپالمىدى. ئۇ تاكسىغا چۈشتى ـ دە، نيەنزىگۇ يولۇچىلار توشۇش چوڭ بېكىتىگە يۈرۈپ كەتتى. «قارا بۇنىڭ يامانلىقىنى، شەخسىي ھۆددىگە ئالغان، شۇنداقلا پۇل تېپىشقا تۇرغان شىركەت ماشىنىلىرىنىڭ بىكارغا سالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرغان گاراژغا كەتكىنىنى، بۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ماروق ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئەنزەر. ئۇ بېكەت ھويلىلىرىنى بىر قۇر چۆرگۈلەپ ماشىنا بەلگىلەش ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئوچۇق ئىشىكتىن ئالىنۇرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىككى ساقچى، بىر خەنزۇ باشلىقتا يىغلاپ تۇرۇپ ھال تۆكۈۋاتاتتى.

— دادىڭىزنىڭ گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئاشخانا، كاۋاپخانىلىرى، غۇلجىدا مېھمانخانىسى تۇرۇقلۇق ئوقۇتقىلى ئۇنىمىدىما؟ — دېدى چېكە چاچلىرى ئاقارغان خەنزۇ باشلىق، — توۋا، قانداق قارا قورساق، بىلمىسىز نىرسە ئۇ... ھازىر بەزى تىجارەتچىلەر پۇل تاپقانسېرى ئاچ كۆزلىشىپ كەتتى، — ساقچى ئېچىنغان ھالدا قوشۇپ قويدى، — ئۇلارغا پۇللا بولسا بولىدۇ، بالىلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن كارى يوق.

ئەنزەر ئىشخانىغا قورۇنۇپقىنا كىرىپ كەلدى.

— كەچۇرۇڭلار، قىزىم ئۆگەي ئاپىسى بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قېلىپ قېچىپ چىقىپتۇ، — دېدى ئەنزەر خىجىللىق ئىلكىدە، — يۇرۇڭ كېتەيلى، ئوقۇش ئىشىڭىز ھەل بولغان تۇرسا، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلارسىز؟

قىزنىڭ بۇنداق يەكدىللىك روھىدىن چۆچۈپ قالغان ئەنزەر ئەتىسىلا سۆزلىشىپ شەھەرلىك ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويدى. گەرچە ئوقۇش باشلاپ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىگە ئىشەنگەن ئالىنۇرنىڭ خۇشلۇقى ئالەمچە ئىدى. ئۇ ئۆتۈلۈپ بولۇنغان ئىككى ئايلىق دەرسنى ساۋاقداشلىرىدىن كۆچۈرۈپ، كېچە - كېچىلەپ تەكرار قىلدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۆگەندى. بىراق، دادىسى ئىچكىرىگە كېتىپ ئۇنىڭ كۈنلىرى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۆيگە كەلسە گۈلنىسانىڭ ئەرزىمەس ئىشلارنى باھانە قىلىپ تىللاپ - دۆشكەلەشلىرى، مەكتەپكە كەلسە ئوقۇش ماتېرىياللىرى پۇلى، بەدەل پۇلى، كونسپىك پۇلى، تازىلىق قوراللىرى پۇلى، باسقۇچلۇق، مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تارقىتىلىدىغان سوئاللار پۇلى دېگەندەك ھەر ئايدا چىقىپ تۇرىدىغان بېسىم پۇللىرى ئالىنۇرنى تاغدەك باستى. گۈلنىسادىن بىر تىيىن ئېلىش يولۋاسنىڭ بېشىدىن پىت ئىزدىگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. كېچىلىرى يىغلاپ چىققان ئالىنۇر ئەتىسى مەكتەپكە كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىغان ھالدا باراتتى. كۆڭلى يۇمشاق سىنىپ مۇدىرى رازىيە بىر - ئىككى قېتىم ئۆزى تۆلەپ، ئۇنى ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. بىر كۈنى زادىلا ئامالى قالمىغان ئالىنۇر گۈلنىساغا يېلىندى:

— ھەدە، مەكتەپتىن ھەربىر بالىغا ئاتمىش سومدىن ئەكېلىڭلار دېگەن، شۇڭا...

— پۇل، پۇللا دەيدىكەن، — ۋارقىرىدى گۈلنىسا ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، — دۇكاننىڭ ئىجارىسىنى بېرەلمەي

قالغاندا، نەدىكى پۇل ئىكەن ئۇ... پۇل لازىم بولسا ئاشخانىدا ئىشلە...

— ئەمدى دادام بولمىغاندىكىن قانداق قىلىمەن؟ ھېلىمۇ بىرنەچچە قېتىم سىنىپ مۇدىرىمىز تۆلەپ قويدى.

— داداڭ دېگەن بىلىنىڭ ئاستىغا سۇيۇقئاش بارمىغان لامزەللە، ئايلىق كىرىمنى بەلگىلەپ بېرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھېسابىنى سەن بېرەمسەن، مەنمۇ؟ قانداق دېگەن نېمە ئۇ، چىدىمىغان بولساڭ موماڭ دېگەن دەججالنىڭ ئۆيىگە كەت.

گۇلنىسا پۇلنىڭ گېپى چىقسىلا ئاچچىقلاپ قالماي، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ قاچىلارنى پاكىز يۇماپسەن، كىيىملەرنىڭ كىرى چىقماپتۇ، نېمىشقا پەردىلەرگە دەزمال سالمىدىڭ دېگەندەك باھانىلەر بىلەن قەستەن ئاھانەت قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ «غۇلجاڭغا كەت»، «موماڭ دېگەن دىۋانە باقالمىدىمۇ يا» دېگەندەك گەپلەرنى كۆپ تەكرارلايتتى. ئالىنۇر كەتسىمۇ كېتەتتى، لېكىن مەۋسۇملۇق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغاندا نەگە باردۇ؟ يىل بېشىدا ئىككى ئاي ئوقۇشتىن قالدى، ئەمدى ئوتتۇردا ئوقۇشنى ئۈزۈلۈپ قالسۇنمۇ؟ بۇلارمۇ بىر سەۋەب، ئەڭ مۇھىمى ئالىنۇر گۇلنىسانىڭ كۆزىگە تىكەندەك سانجىلىپ تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، ئۇ بەزىبىر ناشايان ئىشلارنى چىلىقتۇرۇپ قالغاچقا، بىۋاپا، قارا كۆڭۈل دادىسىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى قوغدىماقچى بولدى. مەتنۇرى ئىسىملىك تەمبەل بىر شوپۇر گۇلنىسانى داۋاملىق ئىزدەپ كېلەتتى، بەزىدە تېلېفون بېرەتتى. گۇلنىسا تېلېفوننى ئالغان ھامان ياسىنىپ ـ تارىنىپ چىقىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئالىنۇرمۇ قورقماي تاكاللىشىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغانىدى.

ئەتىسى كەچتە ئەختەم ئالىنۇرغا سىرتنى ئىشارە قىلىپ ئۆزى بالدۇر چىقىپ كەتتى. ئۇلار يان كوچىغا قايرىلىپ، ئىستولبا چىرىغىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئەختەم يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ، كاللەكلىشىپ كەتكەن بىر سىقىم پۇلنى ئالدى ـ

دە، ئالىنۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— بۇ پۇللارنى نەدىن ئالدىڭ؟ — ئەندىكىپ سورىدى ئالىنۇر، — ئوغرىلىق قىلمىغانسەن؟

— ئوغرىلىق قىلساممۇ ھالال پۇل، لېكىن قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان ئاتمىش سوم چىقىپ قالار.

ئىشىك ئالدىدا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ئەختەم ئاپىسى ئېغەكلىرىنى ساقال باسقان مەتنۇرى شوپۇر بىلەن سىرتتا راسا كۇسۇرلىشىۋاتقاندا تارتمىدىن بىر سىقىم پۇلنى ئېلىپلا خالتىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغانىدى.

— جېنىم ئۇكام، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ — ئالىنۇر راستىلا قورققانىدى، — ئەگەر بىلىپ قالسا بۇ ئۆيدە ساڭا كۈن يوق.

— كىم ئۇنى كاسسىنى تاشلاپ سىرتتا ئەرلەر بىلەن كۇسۇرلاشسۇن دەپتۇ؟ — ئاپىسىنىڭ ئىشلىرى ئەختەمگە تىك كەلگەندەك قىلاتتى، — ئاشخانىغا كىرىپ - چىقىۋاتقانلار كۆپ تۇرسا قايسىبىرىدىن گۇمانلىنىپ بولسۇن؟

خۇددى ئۆزى ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك، يۈرىكى دۈپۈلدەپ تۇرغان ئالىنۇر ھۇجرىسىنىڭ ئىچىدىن تاقاپ، پۇلنى سانىغانىدى، سەكسەن ئالتە سوم چىقتى. ئۇ ئەتىسى مەكتەپكە شۇنداق خۇشال باردىكى، يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تەبرىكلەپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك، ئەتراپتىكى بىنالار تېخىمۇ ئېگىزلەپ، قۇياش پەسلەپ كەتكەندەك، ھەتتا توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارمۇ: «سالام، ئالىنۇر» دەپ سىگنال بەرگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ھەممە پۇلنى سىنىپ مۇدىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى - دە، ئاشقىنىنى ئۆتكەنلەردە تۆلەپ قويغان پۇللارغا ھېساب قىلىشنى ئېيتقانىدى، سىنىپ مۇدىرى: «مەن ئۇنى خالىسانە تۆلەپ قويغان، بۇ ئاشقان پۇلنى ئوبدان ساقلاپ قويۇڭ، كېيىن كېرەك بولىدۇ» دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ

قويدى. ئەمما، خۇشاللىقنىڭ ئۆمرى قىسقا بولامدۇ نېمە، ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتمەيلا ئالىنۇرنى مالىيە بۆلۈمىدىن چاقىرىپ قالدى. بوغالتىر تارتمىسىدىن بىر پارچە ھۆججەتنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— دادىڭىز مەكتەپ يۆتكىلىش رەسمىيىتى ئۈچۈن تۆلەيدىغان سەككىز يۈز سومنى ئەتىلا ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ ھۆججەت يېزىپ بەرگەنىدى. لېكىن، ھازىرغىچە بۇ پۇل تاپشۇرۇلمىدى، — بوغالتىر ئالىنۇرنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىدى، — ئاڭلىساق، سىنىپ مۇدىرىڭىزنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلاپ پۇل تۆلەپسىز، يىل ئاخىرىدا ھېساب بوغۇلىدىغان گەپ، بۇ مېنىڭ زىممەمگە ئارتىلىپ قالمىسۇن يەنە.

— مەن سىنىپ مۇدىرىغا تاپشۇرغان پۇلنى، — ئالىنۇر دۇدۇقلاپ قالدى، — قوشنىمىزدىن ئېلىپ تۇرغان.

— ئاڭلىساق، دادىڭىز گۇاڭجۇغا كېتىپتىكەن، تېخى كەلمىدىمۇ؟

— ياق، كەلمىدى، بۇ قېتىم دادام كەلسىلا ئۆزى تۆلىۋېتىدۇ.

— ئۇرۇمچى يويىز ئىستانسىسىدىمۇ بىر ئاشخاناڭلار بار ئىكەنغۇ؟

— ئۇ ئۆگەي ئاپامنىڭ قولىدا، ئۇ...

— چۈشىنىشلىك، — بوغالتىر بېشىنى چايقىدى، — دادىڭىزغا خەت يازامسىز، ئەڭ ياخشىسى تېلېفون بېرىڭ. دەرھال كېلىپ رەسمىيەتنى بېجىرىۋەتسۇن.

ئالىنۇر بوغالتىر ئىشخانىسىدىن خۇددى ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك ھالسىز قايتىپ چىقتى. ئەنزەرنىڭ قۇرۇق ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قىزنى تەڭلىكتە قالدۇرۇشى بىر ئاتىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس ئىدى. ھەرقانچە باغرى تاش ئاتىنىڭمۇ يۈرىكىدە ئۆز جىگىرىگە نىسبەتەن ئازراقمۇ مېھىر -

شەپقەت بولمىسا ئۇنى قانداقمۇ ئاتا دېگىلى بولسۇن؟! بۇنداق قارا كۆڭۈللۈك ئەقىلگە ھەرگىز سىغمايدۇ – دە!

ئالىنۇر سىنىپقا ئارانلا ئۈلگۈردى. ئۇ پارتىغا بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى. بۇ چۈشلۈك تەنەپپۇس ۋاقتى بولغاچقا، قايسى ئوقۇغۇچى يەتكۈزگەن، سىنىپ مۇدىرى رازىيە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالىنۇرنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ، دوختۇرغا ئاپىراي دېۋىدى، ئۇ ئۇنىمىدى.

— ئەمىسە چۈشتىن كېيىن ئارام ئېلىڭ، ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالسىڭىز تېخى ياخشى، بولمىسا دوختۇرغا ئاپىرايلى، — رازىيە مۇئەللىم چىقىپ كەتتى.

ئالىنۇر ئونىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ بىردەمدىلا ئۆيىگە يېتىپ باردى. قار ئوبدانلا يېغىۋاتاتتى. ئۇ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىشى ئىشىك ئالدىدىكى پۇت قېقىپ چۈشۈرگەن ئاياغ ئىزلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاياغتىن چۈشكەن قار تولۇق ئېرىپ كېتەلمىگەن بولۇپ، ئىككى كىشىنىڭ ئىزى ئىكەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى. ئۇ كۆڭلىدە «چوقۇم ھېلىقى شوپۇر بار» دەپ ئويلىدى ھەم تۈز قۇلۇپقا ئاۋاز چىقارماي ئاچقۇچ سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى – دە، ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى. گۈلنىسانىڭ ھۇجرىسىدىن گۇدۇڭشلىغان ھەم پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ئالىنۇر پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىشىك يوچۇقىغا قۇلاق ياقتى.

— مەتنۇر، بىر ئايدىن بېرى يوقىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟

— خوتەنگە قاتناپ كەلسەم، شىركەتتىن قەشقەرگە بېرىشىمنى ئۇقتۇردى، — مەتنۇرنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلىدى، — بولۇپمۇ ھېلىقىنى پۇل قىلىش ئاسانغا چۈشمىدى.

— قانداق، سۇ قىلالىدىڭىزمۇ؟

— قىلىشنى قىلدىم، بىراقزە دەككە – دۈككىدە جېنىم تۇمشۇقۇمغا كەلدى.

— بۇ يەردىمۇ دەھشەت چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. مەن قورقۇپلا

قالدىم، — گۈلنىسانىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلدى، — ھېلىقىلار ئۈچكىرىدىن يەنە ئەكەپتىكەن، قايتۇرۇۋېتەيمىكىن دەيمەن.

— ياق، تۇرغاچ تۇرسۇن، — مەتنۇرىنىڭ ئاۋازىمۇ ۋەزىنلەشتى، — ھەي گۈلنىسا، ھېلىقى «كۆز - قۇلاق» تېخى كەتمىدىمۇ؟

— نەدىكىنى، ئىتنى چاخ دېسىمۇ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ بېزەڭ كېتىدىغاندەك ئەمەس.

— سىرتتىن بىرەر ئېغىز ئۆي ئېلىپ قويساق بولامدىكىنتاڭ.

— شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، ئەنسىزچىلىكمۇ يوق. نېمە كۈن بۇ، شاپۇر - شۇپۇر ئىشنى تۈگەتكەن، كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك ياتالمىغان كىشى.

ئالىنۇر بىر تەپكەنچە ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىۋەتتى. قاپقارا تۈكلۈك پۇتلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋالغان مەتنۇرى شارتتىلا قىلىپ يوتقانغا يۆگىنىۋالدى. گۈلنىسامۇ بېشىچە شۇڭغۇدى.

— ھۇ ئىپلاس ھايۋانلار، — ئۆمرىدە ئادەم تىللاپ باقمىغان ئالىنۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى، — ھەي، گۈلنىسا دېگەن پاسكىنا، خەپ توختاپتۇر، دادامغا دەپ سېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ ئۆيدىن قوغلاتمىسام، سەن تېخى ئويۇڭدا تەييار ئاشخانا، تەييار خەزىنىگە ئېرىشتىم دەپ تېرەڭگە پاتماي قالدىڭما؟ ئاناڭنىڭ ھەققى يوق، بۇزۇق!

ئالىنۇر شاپپىدە ئۆرۈلدى - دە، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ، كارىۋاتقا دۈم چۈشكىنىچە يىغلىۋەتتى. ئۇ قانچىلىك ياتقىنىنى بىلمىدى. بىر چاغدىلا گۈلنىسا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە چوقچىيىپ ئولتۇردى.

— ئالىنۇر، ئەيىب مەندە، خاپا بولماڭ، — گۈلنىسا ئاستا سۆزلىمەكتە ئىدى، — مەنمۇ بىر ئايال، دادىڭىز ئۆرۈمچىگە كەلگەندىن بېرى ماڭا قارىمايدۇ. ئۆزى سىرتلاردا ئويناپ، كېچە - كېچىلەپ كەلمەيدۇ. بۇ ماڭا ئېغىر



www.uyghurkitap.com

كەلمەمدۇ؟ مەن هازىرغىچە بۇ خورلۇقنى تارتىپ كېلىۋاتىمەن، مېنىڭ كۆڭلۈم دوزاختا ئۆرتىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ هازىرغىچە بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ باققىنىم يوق، سۇرلۇك كىرىپ، سۇرلۇك چىقىپ كېتىۋاتقان. ئەنزەرنىڭ بۇنچىلىك ئاداۋەتخور ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، بۇرۇنلا توي قىلمىغان بولاتتىم. مانا هازىرغىچە قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باققان ئەر ئەمەس.

گۈلنىسا مىچىلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئانا ــ بالىلىق پەردىشەپنى قايرىپ قويۇپ قىلىۋاتقان سۆزلىرى، قىزلىق ئىپپىتىگە تىك كەلگەن ئالىنۇر شاپپىدە ئورنىدىن تۇردى ــ دە، چاپىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

گۈلنىسا كۆڭلىگە لاتقىدەك ئۇيۇپ قالغان سىرىنى «مەنمۇ بىر ئايال...» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئۇنىڭ تەكتىدە قانچىلىك خورلۇقلار، دەرد ــ ئەلەملەر ياتقانلىقىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ. ئون يەتتە ــ ئون سەككىز يىل مۇقەددەم ئۆگەي ئانا زۇلۇمىدىن قېچىپ چىقىپ، ئەركەك هايۋان مەتنۇرى شوپۇرنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ قىزلىق ئىپپەت چېچەكلىرى ئاقسۇنىڭ چۆللىرىدە ئېچىلىپ توزۇپ كەتتى. ئۇ غۇلجىدا مامۇت قورساقنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەپ ئېيتقۇسىز خورلاندى، خۇددى ئاداپقا تويمىغان توڭگۇزدەك بۇ شەهۋەتخور خارقىراپ، پۇشۇلداپ، ئىنجىقلاپ قىينىغانلىرىدا، گۈلنىسا بىردىنلا مەتنۇرى شوپۇرنى ئەسلەپ قالدى. هەر هالدا ئۇنىڭ تەر، بېنزىن پۇرىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ كىچىك قىزدا تۇنجى قېتىم ئۇنتۇلغۇسىز ئەستىلىكلەرنى قالدۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلنىسا بۇنداق جان سۆيۈندۈرىدىغان شېرىن تۇيغۇغا نائىل بولغىنى يوق. خەيرىيەت، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئەنزەرنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭدا يەنە شۇنداق «شېرىن تۇيغۇ» ئويغاندى. ئۇ ئەنزەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. بىراق،

توي كېچىسى ئۇنىڭ شېرىن چۈشلىرى تاڭدىكى تۇماندەك تارقىلىپ غايىب بولدى. ئەر ھەمدى بۇرنىغا پۇراپ، كۆكلۈلگە تالىق تاتلىق ئارزۇلار بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بۇ ياش چوكان ئىرىدىن ئون يىل ئايرىلىپ قالدى. ئۇ بۇ ئون يىلنى يۈز يىلدەك ئازابتا ئۆتكۈزدى، تېنىگە ئەركەك چىۋىن قوندۇرمىدى، تاڭ ئاتماس قىش كېچىلىرى يوتقىنىغا پۈركىنىپ يىغلىدى. قانچە ـ قانچە قاراڭغۇ تۈنلەر ھەسرەتلىك يىغا بىلەن ئۆتتى، ياستۇقلىرى ھۆل بولدى، بۇنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ. گۈلنىسا تاقەتسىز سىغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ جۇدالىق يىللار ئوقۇبەتلىرىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزى! بىئەمدۇللا خۇدا بۇ «ئەر قەلەندەرى»نىڭ ئەجىر ـ جاپالىرىنى كۆردى بولغاي، ئۇنىڭغا ھىممەت ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، يەنە ئەنزەرنىڭ باغرىغا سىڭدى! ئەمما بۇ بەخت ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى ئاجىز نۇرىدەك تېزلا ئۆچتى! قاچانكى گۈلبانۇم بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلنىسادىنمۇ بەخت ـ ئامەت خوشلاشتى. ئەنزەر خۇددى دۇم كۆمتۈرۈلگەن قازاندەك ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، نەشتەردەك قادىلىپ قويۇپ ئۈنچىقمايدىغان، داۋاملىق يۈزىنى قاچۇرۇپ، نەلەرگىدۇر قارىۋالىدىغان، بىر كۈن كەچكىچە دىمىقىپ يۈرىدىغان باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلاندى.

گۈلنىسا توغرا ئېيتىدۇ، ئۇ بىر ئايال! يەنە كېلىپ ئوتتۇز تۆت ياشلىق، ئېستېتىك تىلەكلەرگە زوقمەن، كۆڭۈل رىجلىرى راسا مەۋج ئۇرغان، يۈرەكتىكى ئوتلار دەممۇ دەم كۆتۈرۈلۈپ ئىزتىراپقا سېلىۋاتقان ئالتۇن دەۋر! كىيىم ـ كېچەكلىقۇ ماگىزىندا بار، يېمەك ـ ئىچمەك دۇكاندا، بىراق بۇلار روھىي ئاچلىق ئورنىنى باسالامدۇ؟... ياكى ئەرلەرنى پوكەيلەرگە تىزىپ قويۇپ ساتمىسا. ساتقان بىلەنمۇ كۆڭۈلگە خوپ كېلىدىغىنىنى تاپماق تەس ـ دە! يۈرەك گەرچە مۇشتۇمدەك گۆش بولغىنى بىلەن، ئۇ تولىمۇ نازۇك، خورىكى ئۈستۈن، شەرتى ئېغىر،

سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان، قارىمۇقىنىڭ قاسىرىقىدەك ئىش ئېغىر كېلىدۇ ـ يۇ، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ ئازاب تېغى تېرىقچە بىلىنمەيدىغان سىرلىق ئەڭگۈشتەرا!...

ئۇلار ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، يېرىم يىلمۇ ئۆتمىدى بولغاي، گۈلنىسا راسا زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ، ئۇھسىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشخانىدا تۇيۇقسىزلا شوپۇر مەتنۇرنىڭ ئېگىز، بەستلىك گەۋدىسى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ چۈشتىن كېيىنكى خېرىدارلار سېلىككەن ۋاقىت ئىدى. يۈرىكى بىردىنلا تېز سېلىپ كەتكەن گۈلنىسا كۆزلىرىنى يالت ـ يۇلت ئويناتتى ـ دە مەتنۇرنى گەپ قىلدۇرغىلى قويمىدى.

— ۋاي خۇدايىم، مەتنۇراخۇن ئاكامغۇ بۇ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، — گۈلنىسا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان مۇلازىملارغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، — بۇ مېنىڭ چوڭ دادامنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ھە، يۇرتتىن قاچان چىققان؟ ئۆيدىكىلەر تىنچ ـ ئامانلىقتۇ؟

— ھەممىسى تىنچلىق، — يوشۇرۇن ھىيلىنى سەزگەن مەتنۇرمۇ گۈلنىساغا ماسلاشتى، — ئەمما كىچىك دادام كېسەلچان بولۇپ قالدى، سىزنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

— نېمە، دادام كېسەلما؟ — گۈلنىسا ياش چىقمىسىمۇ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى، — ئانچە ئېغىر ئەمەستۇ؟ ھەي باللار، مەتنۇراخۇن ئاكامغا ئوخشىتىپ تاماق تەييارلاڭلار.

— بولدى، مەن ھېلىلا تاماق يېدىم، — مەتنۇرى شوپۇر نېمىگىدۇر تاقەتسىزلىنىپ، قاپقارا قېلىن كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى، — سىلەرنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئىزدىمىگەن يەر قالمىدى. مەنمۇ ئۈچ ئايدەك بولدى، ئۈرۈمچىلىك بولۇپ قالدىم.

— راستمۇ؟ — مەتنۇرنىڭ يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان گۈلنىسانىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— گىلەم بازىرىدا گىلەمچىلىك قىلىمەن، يۇرتتىكىلەر ئاچىققان ماللىرىنى مېنىڭ دۇكىنىمغا تاشلايدۇ. مەن ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ساتىمەن.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، — گۈلنىسا تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ بىردەمدىلا قۇرۇپ كەتكەن كانىيىنى نەمدەپ قويدى، — يۇرۇڭ ئۆيگە باشلاي.

— رەھمەت، مەن قايتاي، — مەتنۇرى قەستەن سۇلكەت قىلدى، — بىراق دادىڭىز ئەۋەتكەن بىر خالتا ئۈزۈم، ياڭاق، گۈلە - قاق، مونەك دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى، ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن سىزگە ئۆينى كۆرسىتىپ قويۇپلا قايتىپ كېلەي، يەنە بىر كەلگىنىڭىزدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرمەيسىز.

گۈلنىسا مەتنۇرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئاشخانىدىكى مۇلازىملارنىڭ ھېچقايسىسى گۇمانمۇ قىلمىدى، ھەتتا «گۈلنىساخان ھەدەم تۇغقىنىنى كۆرۈپ ئېچىلىپلا قالدى» دەپ خۇش بولۇشتى.

مەتنۇرى ئۆيگە كىرىپ ئىشىك يېپىلىشى بىلەنلا گۈلنىسانى قاتتىق قۇچاقلاپ، سۆيۈپلا كەتتى. گۈلنىسامۇ ئۇنى قانماي - قانماي سۆيمەكتە ئىدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ ھۇجرا ئۆيگە كىردى. تاقىتى تاق بولغان مەتنۇرى كارىۋات قىرىدىلا ئىشنى تۈگەتتى... چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ھاسىراپ تۇرغان گۈلنىسا ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈردى - دە، مەتنۇرىدىن:

— راست يۆتكىلىپ كەلدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى.

مەتنۇرىمۇ:

— بىر يىلدەك بولدى، يۇك توشۇش ئاپتوموبىللىرى كالونىغا يۆتكىلىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىن...

— ئۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، ھە راست، ئېرىڭىزچۇ؟

— ئۇ گۈش ئالغىلى سەيماچاڭغا كەتتى، لېكىن... — گۈلنىسا سائىتىگە قارىدى، — ۋۇي بولۇڭ تېز، ئەختەمنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

مانا شۇنىڭدىن بېرى گۈلنىسا ئەنزەردىن تاپالمىغان كۆڭۈل خۇشلۇقىنى مەتنۇردىن تېپىپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتسىمۇ ھەرھالدا قوپال بىر ئەرگە ئىگە بولدى.

* *

ئالىنۇر كەچتە ئۆيگە كەلگىنىدە كارىۋىتىدا ئۈچ يۈز سوم پۇل تۇراتتى. ئۇ خورلۇق ھىدى پۇراپ تۇرغان بۇ پۇلنى گۈلنىسانىڭ يۈزىگە ئاتماقچى بولدى - يۇ، ئويلىنىپ قالدى. دادىسى ھۆججەت بېرىپ، تۆلىمىگەن پۇلنى مالىيە بۆلۈمىدىن ئالدىرىتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ بىر يىللىق ئاتچوت ئەڭ كېچىككەندە ئىككىنچى ئاي ئىچىدە بوغۇلۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، ئۈچ يۈز سوم پۇلنى تاپشۇرۇپ، قالغىنىغا يېڭى ھۆججەت يېزىپ بەرسىمۇ، يۈزى بىرقەدەر يورۇق بولاتتى.

پۇلنى تۆلەپ تۇرغان ئالىنۇرنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ زادى قاچانغىچە مۇشۇنداق ئىسكەنجە ئىچىدە ئۆتىدۇ؟ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ ئوقۇش راسخوتى، كىيىم - كېچەك، تاماقلىرىغىچە مومىسى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئالىنۇرنىڭ ئەڭ قورقىدىغان، يۈرىكى ئېغىپ تۇرىدىغان ئەندىشىسى مۇئەللىملەرنىڭ: «پۇل ئەكېلىڭلار» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى ئىدى. گۈلسۈمخاننىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك سوم پۇلى بىر ئائىلىگە نېمىگە دال بولاتتى؟ شۇڭا، پۇل دېيىشكە ئاغزى كۆيگەن ئالىنۇر نەچچە كۈنلەرگىچە چىرايى ساماندەك سارغىيىپ جىمىپ كېتەتتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن يىلى مەكتەپتىن ئۈچ يۈز سوم ئەكېلىشنى ئۇقتۇردى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم دەپ شادلىقى ئىچىگە پاتماي قالغان ئالىنۇر بىر كېچىدىلا ئۇششۇك

www.uyghurkitap.com

تەگكەن مايسىدەك سولىشىپ قالدى. بۇنچە تۇرغۇن پۇلنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ گۈلسۇمخانىمۇ بىر ئۇلتۇرغانچە كەچ بولدى. ئۇ بىرنەچچە قوشنىلىرىغا يالۋۇرۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئامالىنى قىلالمىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىملانغان بالىلار پۇل تۆلەپ سىنىپلارغا ئورۇنلىشىپ بولدى، ھەتتا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرمۇ ئۈچ يۈز سوم تاپشۇرۇپ مەكتەپ ئۆرلىدى. لېكىن، ئالىنۇر چىراي سارغايتىپ بارمىغان يېرى قالمىدى. ئەنەيتۇللا سودا ئىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكىنىگە يېرىم يىلدىن ئاشقانىدى. مانا ئوقۇش باشلاپ ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ئۇ خەنزۇ بازىرى ئۆستەڭ بويى ئاشخانىسىدىكى ئابدۇسەمەتنى ئىزدەپ باردى ھەم ئۇنى كۆرۈپلا يىغلىۋەتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بۇ ئاق كۆڭۈل بالا كاسسىسىدىن ئۈچ يۈز سوم پۇلنى ئېلىپ ئالىنۇرغا تۇتقۇزدى. بۇنداق تەڭلىك، خىجالەتچىلىك، پۇل ئۈچۈن يۈز سۆرۈن بولۇشتەك ئىشلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققانغا قەدەر قانچىلاپ بولغاندۇ؟! ئۇ «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيۇم كاپالەتكە ئېرىشتى» دەپ دادىسىغا تاغدەك ئىشەنگەنىدى. بىراق، ئۇ قىزىنى يۇندىپۇرۇشلۇقتا سېلىش كويىدا قارىسىنى كۆرسەتمەي يۈرىدۇ. مانا ئەمدى ئالىنۇر: «ئاشنامنى سىر تۇت» دەپ بەرگەن پاسكىنا پۇلغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق؟!

ئالىنۇر ئۈچ يۈز سوم پۇلنى مەكتەپكە تۆلەپ، قالغان بەش يۈز سومغا قولىدىن ھۆججەت بەرگەندىن كېيىن كۆڭلى بىر ئاز ئورنىغا چۈشتى. ئۇ قىشلىق تەتىلدە ئاشخانىدا ئىشلىدى، لېكىن ئىش ھەققى بېرىش شەرتىنى قويدى. بۇرۇنقىدەك غالۋاراپ كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان گۈلنىسامۇ ئامالسىز قوشۇلدى. قىشلىق تەتىلمۇ توشتى. گۈلنىسا ئۇنىڭ قولىغا بىر يۈز يىگىرمە سوم تۇتقۇزدى. پۇلغا ئۇزاق قاراپ كەتكەن ئالىنۇر چوڭقۇر تىندى ــ دە:

— قىرىق كۈن ئىشلىگەنگە مۇشۇنچىلىك پۇل بېرەمسىز؟ — دەپ سورىدى. چىرايى ئۆڭگەن گۈلنىسا تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— سەن مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى ئەمەستەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ ئاش - تامىقىڭ، كىيىم - كېچەك، ياتاقلىرىڭنى خۇددى بىر كىم بېرىۋاتقاندەك، — دەپ ئالدىنى توسۇپ قويدى.

ئالىنۇر بۇ پۇل بىلەن يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ چىقىملىرىنى تۆلىۋالدى. لېكىن گۈلنىسا ئىچىدە: «خەپ قانجۇق، بىر كۈنى ئاغزىڭنى ئاچالماس قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي» دەپ بىر شۇملۇقنى ئىچىگە پۈكتى.

باھار ئايلىرى ئاياغلىشىپ، چېچەكلەر توزۇشقا باشلىغاندا ئالىنۇرنىڭ ئەندىشىلىرى چېكىگە يەتتى. مەكتەپ مالىيە بۆلۈمىدىن ئۇنى نەچچە قېتىم چاقىرتىپ بەش يۈز سومنى تۆلىۋېتىش ھەققىدە ئارقا - ئارقىدىن بېسىم ئىشلەتتى. ئىيۇن كىرىش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش تەييارلىقى باشلاندى. مەكتەپ مالىيە بۆلۈمى باشلىقى ئالىنۇرنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىردى:

— سىزنىڭ ئوقۇشىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ بىر يىلدىن بېرى ئېتىبار قىلىپ كەلدۇق، — دېدى مالىيە بۆلۈمى باشلىقى قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — ئەمدى بۇ پۇلنى كۆتۈرۈۋېتەيلى دېسەك، سىز قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك نامرات ئائىلىدىن ئەمەس. دادىڭىزنىڭ ئېچكىرى ئۆلكە، ئۈرۈمچىلەردە بولۇپ ئۈچ ئورۇندا تىجارەت دۇكانلىرى بار. بۇنداق باللارنى قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلگەندە مەكتەپتىكى تەسىرنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بەش يۈز سوم پۇلنى تاپشۇرۇۋېتىڭ.

ئالىنۇرنىڭ يىغلاشتىن باشقا يەنە نېمە ئامالى بولسۇن؟ بۇ قەرز ئاز كەلگەندەك ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش رەسمىيەتلىرى، تەييارلىقلىرى ئۈچۈنمۇ ئىقتىساد كېرەك. زادى

قانداق قىلغۇلۇق؟

— بولىدۇ، — دېدى ئالىنۇر ئېسەدەپ، — مەن ئىككى كۈنگىچە تاپالىسام، تاپتىم، تاپالمىسام، قولۇڭلاردىكى ھۆججەتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر كۈنى چوقۇم كېلىمەن.

ئالىنۇر ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ھارپىسىدا مەكتەپتىن چېكىنىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىش ئىزدەپ ئاخىر سەندۇقچىي، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتناش بېكىتى يېنىدىكى بىر ئاشخانىدىن يۇندىپۇرۇشلۇق خىزمىتىنى تاپتى. ئوتتۇرا ياشلىق ئاقسۇلۇق غوجايىن ئايدا ئىككى يۈز ئەللىك سوم بېرىدىغان بولدى. ئالىنۇر گۈلنىساغا مەكتەپتىن چېكىنگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئۇ ئەتىگەندە مەكتەپكە بارىمەن، دەپ چىقىپ كېتىپ كەچتە يوپكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرەتتى. ئۇ ئەمدى غۇلجىغا كېتىشتىنمۇ يالتايدى. چۈنكى مومىسىنىڭ، ئاكىلىرىنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ بارىدۇ؟ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئون بىرىنچى سىنىپىدا قايتا ئوقۇسىچۇ؟! بولدى بەس، باشقىلارنىڭ: «ئۇرۇمچىگە بېرىپ ياخشى ئوقۇماي قوغلاندى قىپتۇ»، «ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇ»، «چاتاق چىقىرىپتۇ» دېگەن سۆز ـ چۆچەكلىرىگە قالغاندىن كۆرە، مۇشۇ يەردە ئىشلەپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئېچىلغان قىسقا كۇرسلاردا ئوقۇپ بىلىم ئالسىمۇ ئوخشاشلىغۇ.

ئالىنۇر ئاۋغۇست ئېيىنىڭ يىگىرمىنچى كۈنى ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىنى ئېلىپ، مەكتەپنىڭ قەرزىنى تۆلىۋەتتى. ئۈچىنسىدىن تاغ ئاغدۇرۇلۇپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالغان بۇ ئىچى كۆچلۈك قىز يەنىلا ئۆچتاشتىكى ئاشخانىدا ئىشلەپ قالدى. ئۇ ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا ئوقۇش ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىقتىساد يىغىشنى ئويلىغانىدى. ئەمما، سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەنزەر كېلىپ قالدى. ئۇ قىزىنىڭ قانداق ئوقۇغانلىقى، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينالغان ـ

قىنالمىغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ مۆرەپ قويمىدى. ئالىنۇرمۇ دادىسىدىن ئەھۋالمۇ سورىمىدى ھەم چىرايىغىمۇ قارىمىدى.

ئەتىسى سەھەر گۈلنىسا ئاشخانىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەمدىلا ھۇجرىسىدىن چىققان ئالىنۇرمۇ ناشتىمۇ قىلماي سىرتقا مېڭىشىغا، يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىققان ئەنزەر ئېغىر قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ھەي، يەنە نەگە، ئوقۇيدىغان ئىشلىرىڭ تېخى تۈگىمىدىما؟

— ئىشقا، — ئالىنۇر كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ۋارقىرىدى، — ئوقۇتماسلىق مەقسىتىڭگە ئەمدى يەتكەنسەن؟ سەن شۇنى كۈتكەن. مېنى كۆرۈنۈشتە مەكتەپكە كىرگۈزگەن بولدۇڭ، لېكىن كۆزگە كۆرۈنمەس دارغا ئېسىپ قويۇپ، مەكتەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇرلىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

ئۆينىڭ كارىدورىدا كېچىلىك كىيىمى بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئەنزەر گويا قىزىنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك ھەم ئۇنىڭدىن خەۋىرى باردەك چۆچۈپمۇ كەتمىدى، چىرايىدا ئەندىككەندەك ئالامەتمۇ كۆرۈلمىدى.

— نەدە ئىشلەۋاتىسەن؟

— ئاشخانىدا يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىۋاتىمەن.

— ئاشخانىدا؟ — ئەنزەرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — ئۆز ئائىلەڭنىڭ ئاشخانىسى تۇرۇقلۇق خەقلەرنىڭكىدە ئىشلەۋاتامسەن؟ ھىم ماقۇل، دانىنى مەندىن يەپ، تۇخۇمنى باشقىلارنىڭ كەتكىگە قويۇۋېتىپسەن - دە.

— سېنىڭ ئاشخاناڭدا قىرىق كۈن ئىشلەپ يۈز سوم ئالغاندىن، باشقىلارغا بىر ئاي ئىشلەپ ئىككى يۈز ئەللىك سوم ئالغىنىم يامانمۇ؟

— قىز بالا تۇرۇقلۇق پۇلغا نېمانچە بېرىلىپ كەتتىڭ - ھە؟

www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭ ماڭا ئارتىپ قويغان قەرزلىرىڭىزنى تۆلەش ئۈچۈن، — قاتتىق ۋارقىرىدى ئالىنۇر، — مەكتەپتىكى قەرزىڭنى تۆلىۋەتتىم، ئەمدى يەنە قانداق قەرزلىرىڭ بار، دېگىنە قېنى؟ تېنىمنى سېتىپ بولسىمۇ تۆلەي!

ئەنزەر قىزىنى بىر كاچات سېلىۋەتتى. لېكىن، ئالىنۇرنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى. ئۇ ئىشىكنى تۇتقانچە ئورنىدىن تۇردى ــ دە، سىرتنىڭ ئىشىكىنى بىر تېپىپ جاڭگىدە ئېچىۋەتتى. ئىچى دەرد بىلەن توشۇپ كەتكەن ئالىنۇر هايا ــ نومۇسىنى بىر ياققا چۆرۈپ تاشلىدى ھەم ئىشىك بوسۇغىسىدا تۇرۇپ دەھشەتلىك ۋارقىرىدى:

— قېنى ئۇر، ئۇرمامسەن، دەردىڭنى خوتۇنۇڭدىن ئالالماي مېنىڭدىن ئالامسەن؟ دۇنيادا سەندەك غورۇرسىز، ئىززەت ــ نەپسىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئاتا بولامدا؟

ئەنزەر ئالمان ــ تالمان كېلىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئۇ قىزىنى بىر كاچات ئۇرغىنىغا پۇشايمان قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ چېقىلغىلى بولمايدىغان جورئىتىدىن، تىلىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن، قەھرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن قورقۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيەسىگە ئىگە، ئاق ــ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئون سەككىز ياشلىق قىز ئىدى!

— ئالىنۇر، خاپا بولما، قولۇم تېگىپ كەتتى، — ئەنزەر قىزىنىڭ دولىسىدىن بوش ئىتتىرىپ، بوسۇغىدىن يىراقلاشتۇردى، — راست، مەكتەپنىڭ پۇلىنى تۆلىگۈچە گۇاڭجۇغا كېتىپ قالدىم. ئۇ يەردىكى ئىشلار بەك مالىمان بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پات كېلەلمىدىم.

— ئادەم دېگەن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالسىمۇ راست گەپ قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ لەۋزىدە تۇرمىغان ئەرلەرنى نېمە دېيىش كېرەك؟ — ئالىنۇرنىڭ ئاچچىقى پەسىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — سىزنىڭ تۇرغان تۇرقىڭىز ئادەم ئەمەس، قىلمىشلىرىڭىز ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ.

— يائاللا تىلىڭ نېمىدېگەن سېسىق، ئۆز داداڭغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامسەن؟

— ئەمىسە سەن دادىدەك گەپ قىلدىڭما؟ — ئالىنۇر ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى، — «داننى مەندىن يەپ» دېگىنىڭ نېمىسى؟ مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئىچى ياخشى دەپ، دېنىڭنى يېمىسەم بولىدىغاندۇ؟

ئەنزەر بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ھەر تەرەپتىن توسۇپ زەربىگە ئۆتكەن قىزىنىڭ بۇنچىلىك سۆزمەن، كىچىككىنە ئوشۇق كەتكەن سۆزمۇ نەزەر دائىرىسىدىن چەتتە قالمايدىغان زېھنىياتىدىن ھەزەر ئەيلەپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىنۇرنىڭ «غۇرۇرسىز، ئىززەت - نەپسىنى دەپسەندە قىلىدىغان» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى تارقىماي تۇرغان زەھەرنى يۇرىكىدىن مەڭگۈ كۆچمەس ئوغىدەك تىندۇرۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئەنزەر ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ پەسكارىغا چۈشتى.

— مەكتەپتىكى ئىشلىرىڭمۇ تۈگەپتۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئاشخانىمىزغا كېلىپ ياردەملەشكىن، — دېدى ئەنزەر سىپايىلىك بىلەن، — ئوبدان كىيىم - كېچەكلەرنى قىلىپ بېرەي، ئاياللار موتوسىكلىتىدىن بىرنى ئېلىپ بەرسەم، نەگە بېرىپ ئوينايمەن دېسەڭ ئويىنىيالايسەن، تېخى ئۈرۈمچىنىڭ كۆپ يەرلىرىنى كۆرمىدىڭ.

— ماڭا كىيىم - كېچەك، موتوسىكلىت لازىم ئەمەس، ئويناشنى بولسا ئەسلا خالىمايمەن، — ئالىنۇر پەيلىدىن يانماي تۇراتتى، بىراق ئاۋازى سەل پەسلىدى، — مەن يەنە سىرتتا ئىشلەپ پۇل تېپىشىم كېرەك. بالىسىغا بەرگەن داننى مىننەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ قولىدا ئىشلەپ، ھېچقانچە پۇل تاپالمايمەن.

— پۇلغا زادى نېمانچە ھاجەتمەن بولۇپ قالدىڭ؟

— ئالىي مەكتەپلەردە ئېچىلغان قىسقا كۇرسلاردا ئوقۇيمەن. بىرقانچە قارار ئوقۇسامغۇ ئالىي مەكتەپ سەۋىيەسىگە

يېتەرمەن، — ئالىنۇر تامدىكى ئاسما سائەتكە قاراپ — دە، ئالدىراپ ماڭدى، لېكىن ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە بىردىنلا توختىدى، — كۆرۈپ تۇر، «ئاتا - ئانىلارغا يوللىنامە»مۇ يوقىرى بىلىم ئالغىلى بولامدۇ» دېگەن ماقالە يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلىمىسام.

ئالىنۇر چىقىپ كەتتى. ئەنزەر بېشىنى سىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇ ئىچىدە قىزىنى: «ئاتىكارچى، مەمەدان، شور تۇمشۇق، بىشەم» دەپ تىللىدى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك قاغجالما، تىلى شورلۇق بولۇپ كېتىشىنى يەنىلا كۆلسۇمخاندىن كۆردى. ئاشۇ دەججال قېرى گەپ ئۆگىتىپ، قۇلىقىنى تولغاپ ئەۋەتمىسە ئۇ بۇنچىلىك هازازۇل بولۇپ كېتەرمىدى؟ بۆرىنى ئەمگەن ئىت كۈچۈكى بۆرىنىڭ خۇيى - پەيلىنى ئالماي قالامدۇ؟ ھېلىقى كېچىدە ئۇنىڭ: «ھەي ئوغرى، قانداق قىلىپ نىمىسەن؟ قىزىمغا نىمانداق سالجىدەك چاپلىشىۋالىسەن، ھوي زېدى پەس كەلگۈندى...» دېگەن ئاھانەتلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن كىشى؟! ئەمما، بۇ ناكەس خوتۇنغا ئاچچىق قىلىپ، ئالىنۇرنى «نىمە قىلساڭ قىل» دېگىلى بولمايدۇ. بۇلتۇر يولۇچىلار بېكىتىدىكى خەنزۇ باشلىقنىڭ «دادىڭىزنىڭ گۇاڭجۇ، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئاشخانا، كاۋاپخانىلىرى بار، كاتتا تىجارەتچى تۇرۇپ ئوقۇتقىلى ئۇنىمىدىما؟ قانداق قارا قورساق بىلىمسىز نەرسە ئۇ...» دېگەن سۆزىدىنلا ھەممە ئىش ئايانغۇ. تېخى ئۇنىڭ گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىمەن دەۋاتقىنىنى قارا. ئۇخلاپ چۈشەكەپسەن، سېنىڭ يازغان پەلىپەتش بىرنېمەڭنى باسىدىغان گېزىتخانا تېخى قۇرۇلماپتۇ.

ئەنزەر گەرچە ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ خىياللىرىغا ئۆزىمۇ راسا كۆڭۈل توختىتالمىدى. بۈگۈنكى قىزى بىلەن بولغان مۇنازىرە ئۇنى خېلىلا تەرلىتىپ، زەمچىگە باسقانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يەنىلا چىشىغا تېگىدىغان بولسا، ئەنزەرنىڭ كىمگىزىنى قېقىپ توپىسىنى تۇرپانغا توزۇتۇۋېتىشتىن يانمايتتى. شۇڭا، ئۇ بالىنىڭ

تىرنىقى كېسىلسە، ئانىنىڭ يۈرىكى تىلىنىدىغان ئەپلىك چارىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئەتىسى بىر كۈن يوقىلىپ كەتكەن ئەنزەر كەچلەپ كەلگەن ئالىنۇرنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ خەنزۇچە ئوقۇشلۇققا قادىلىپ قالغان قىزىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، ئورۇندۇقنى تام تۈۋىگە سۈردى. بىراق، ئالىنۇر دادىسىغا قاراپمۇ قويماي نېمىلەرنىدۇر ھەجىلەپ ئوقۇيتتى.

— سېنىڭ ئوقۇش ئىشىڭنى سۆزلىشىپ كەلدىم، — دېدى ئەنزەر بېشىنى كۆتۈرمەي، — قانداق، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى»دە ئوقۇمسەن؟

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ تېخنىكوم دەرىجىلىك مەكتەپتە ئوقۇش سەل ھار كەلسىمۇ، ئالىنۇر كۆڭلىدە يەنىلا خۇش بولدى. ئەلۋەتتە، بىلىم ئىگىلەش ھەم ئۇنى پەللىمۇ پەللە چوڭقۇرلىتىش ئوقۇغۇچىنىڭ تىرىشىشىغا، شىجائىتىگە باغلىق ئىش. تېخنىكوم دېگەن قالپاق ئىزدەنگۈچىنىڭ يولىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمايدۇ.

— ئۇ مەكتەپتە دادامنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى ئوقۇتقۇچى، ئايالى بولسا ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، — دېدى ئەنزەر ئىشەنچلىك ھالدا، — ئۇ مەكتەپنى ياراتمامسەن يا؟ سېنىڭ ئون بىرىنچى سىنىپنى پۈتكۈزگەنلىكىڭنى دېۋىدىم، كىچىك دادامنىڭ ئوغلى مەكتەپ مۇدىرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلىپ بەردى.

— بوپتۇ ئوقۇي، — ئالىنۇرنىڭ چېھرىدە رازىمەنلىك ئىپادىلەندى، — رەھمەت، دادا، تۈنۈگۈنكى گەپلىرىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن، كۆڭلۈڭگە ئالمىغىن.

— بولدى ئۇ ئىشلارنى دەپ يۈرمىگىن. مەنمۇ ئېسىمدىن چىقىرىۋەتتىم، — ئەنزەر «ئېسىمدىن چىقىرىۋەتتىم» دېگەندە كۆزلىرىدىن سوغۇق چېقىن چاقنىدى، — ئەتە سېنى ئۆزۈم ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىمەن.

— دادا، راستلا خاپا بولمىغىن، — ئالىنۇر بىردىنلا ئېرىپ قالدى، — مېنىڭمۇ سېنىڭ بىلەن تاكاللاشقۇم يوق ئىدى، بىراق بىر يىلدىن بېرى تارتقان كۈنلىرىمنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، بىلمەسەن، ئىتنىڭ خورلۇقىنى تارتتىم.

ئەنزەر غەلىتىلا كۈلۈپ قويۇپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى...

## 21

ئالىنۇر شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. دادىسىنىڭ تۇغقىنى تۇرغۇنجان مەكتەپ بويىچە ئىناۋىتى بار، بىلىملىك مۇئەللىم بولۇپ، ئايالى رامىلە ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئوخشاشلا خۇش پېئىل، ئوچۇق ـ يورۇق، بىساتىدىكىنى ئايىمايدىغان مەرد ئادەملەر ئىكەنلىكى گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

ئالىنۇر مەكتەپكە كېلىپ ھەپتە ئىچىدىلا سىنىپىدىكى قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن چىقىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەرىخە، سائادەت، بەختىيارلار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولۇپ قالدى. پەرىخە سودىگەرنىڭ قىزى بولغاچقىمۇ داۋاملىق ئەپچىل ياسىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بويۇن، بىلەك، قۇلاق، بارماقلىرىدا ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ نومۇرى كەملەپ قالغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. سائادەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، تەقسىمات بويىچە كەلگەنىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە زېھنى ئۆتكۈر، ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىدىغان، داۋاملىق قولىقىدىن تىڭشىغۇچنى ئايرىمايدىغان، ئۆزىنى سالاپەتلىك تۇتىدىغان ئېگىز بوي، ئاق سۆرۈك يۈزلۈك، قاپقارا قاشلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان «مەستانە»

لەقەملىك ئوقۇغۇچى بەختىيار ئىدى. ئۇ ئىنگلىز تىلىغا شۇنچىلىك مەھلىيا بولۇپ كەتكەنلىكى، ئاشخانا، دەرسخانا، مەكتەپ بېغى، ھەتتا يېشىنى ياستۇققا قويغاندىمۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ بىر قېتىم تەرەتخانىدا ئولتۇرۇپ كىملەر بىلەندۇر سۆزلەشكەندەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان باللار ئۇنىڭغا «مەستانە» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. بەختىيار ئالىنۇر كەلگەن كۈنلا بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئىسمىڭىز ئەجەب چىرايلىقكىنە سىزنىڭ. «ئالىي نۇر»، راست دەۋاتىمەن، ئاجايىپ مەنىلىك.

— رەھمەت سىزگە، — ئالىنۇر ۋىللىدە قىزىرىپ باش ئەگدى.

— بەختىيار، خېلى - خېلى قىزلارنى بۇنداق ماختىمايتتىڭىز، ئالىنۇر كېلەر - كەلمەي كۆزىڭىز چۈشتىمۇ نېمە؟ — پەرىخە چاقچاق قىلدى، — بۇ قىز توغرۇلۇق ئىنگلىزچە شېئىر يېزىپ يۈرمەڭ يەنە.

— يازسا ئەرزىيدۇ، — بەختىيار يەر بېقىپ تۇرغان قىزغا لاپپىدە قاراپ قويدى، — ئالىنۇر، سىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تەقسىمات بويىچە كەلدىڭىزمۇ؟ ئەجەب كېچىكىپ قاپسىز.

— مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن كەلدىم، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان چاغدا ئاغرىپ قېلىپ، ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغان.

— بۇ جەھەتتە ئىككىمىز تەقدىرداش ئىكەنمىز.

بەختىيار ئونىنچى سىنىپقا كۆچكەن يىلى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ بىر پۇتى ئۇچ يەردىن ئېغىر سۇنغانىدى. ئۇنىڭ پۇتى داس سۆڭەكى بىلەن قوشۇلۇپ گىپسلىنىپ بەش ئاي ياتتى، قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ بىر يىلدەك ئۆرە بولالمىدى. بەختىيارنىڭ دادىسى ئامېرىكىدا ئوقۇغان بولۇپ، ئىستاتىستىكا ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. ئۇ خەلقئارالىق مالىيە

باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ئەڭ ئىقتىدارلىق زىيالىي ئىدى. بەختىيار ئىككى يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىش جەريانىدا دادىسىنى ئۇنىڭغا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتتى ھەم يانچۇق ئۈنئالغۇسى ئېلىپ بېرىپ تىڭشىغۇچ ئارقىلىق ئۇنىڭ تەلەپپۇز قىلىش، ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ ماڭدى. ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈپ قويغان بەختىيار بۇ يىل مۇشۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى.

شۇ كۈنى ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى بازاردا يېيىشتى. مەردلىكى تۇتۇپ كەتكەن بەختىيار ئۈچ قىزغا بىر تەخسىدىن لەڭمەن ئېلىپ بەردى. مەكتەپ ئالدىدىكى ئۇزۇن كوچا ئاشخانا، ناۋايخانا، تېلېفون بوتكىسى، كۆكتات، يەل ـ يېمىش دۇكانلىرى بىلەن ئاۋات بولۇپ ھەممە نېمە تېپىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى چۈشلۈك تامىقىنى مۇۋاپىق كېلىشىپ ئاشخانا غوجايىنلىرىغا ئايدا بىر قېتىم ھەق تۆلەيتتى، ئەتىگەن ـ كەچتە بولسا نان بىلەن چاي ئىچەتتى. ئالىنۇر مەكتەپكە كىچىككىنە كەلگەچكىمۇ بىر ئايغىچە ئۆيگە قايتماي قېلىپ قالغان دەرسلەرنى تەكرارلىدى، پەرىخە، بەختىيارلارمۇ ياردەم قىلىشتى. لېكىن، دادىسىنىڭ بەرگەن ئازغىنا پۇلى ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئېلىش، تاماق يېيىش بىلەن تۈگىدى.

بىر جۈمە كۈنى ئالىنۇر دادىسىدىن تاماق پۇلى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۆيگە باردى. ئۇ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىش ئارىلىقىدا ئىشىك قىيا ئېچىلىپ گۈلنىسانىڭ يۈزى كۆرۈندى ـ دە، شارتلا تارتىۋالدى. بىر نىجاسەتنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا ئۇرۇلغان ئالىنۇر ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىشى تامغا چاپلىشىپ تۇرغان مەتنۇرى ئالمان ـ تالمانلا سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. ئارقىدىن قوغلاپ چىققان ئالىنۇر كارىدور پەلەمپىيىدە تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن تىللىدى:

ــ ۋۇي پاسكىنا زىناخور ئوغرى، سەنلەر قاچانغىچە دادامنى

ئەخمەق قىلىشىسەن؟ خەپ توختاپ تۇر، سەن مۇناپىقنى ساقچىخانىغا دەپ ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام...

قولۇم - قوشنىلاردىن ئوغرىلىقچە كۆكۈل ئىچىۋاتقان گۈلنىسا قورققىنىدىن ئالىنۇرنى قۇچاقلاپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئاڭغىچە بىنا ئىچىدىن «گۇپ - تاراق»، «جاڭگىدە» زەرب بىلەن يېپىلغان ئىشىكلەرنىڭ ئاۋازى ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلاندى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان گۈلنىسا دەرھال بېرىپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى.

— جېنىم ئالىنۇر، ئۇنچىۋالا ۋارقىرىماڭ، — گۈلنىسا ھەر قېتىم تىلى تۇتۇلغاندا سىزلەپ گەپ قىلسا، ئالىنۇر سەنلەپ تىل سالاتتى، — ھېچ ئىش بولغىنى يوق، ناھايىتى بىردەم ئەھۋاللىشىپ كەتتى شۇ.

— ھەي پاسكىنا بۇزۇق، ئاۋۇلار نېمە؟ — ئالىنۇر كارىۋات ئۈستىدىكى چەيلەنگەن يوتقان - كۆرپىلەرنى، يەردىكى تازىلىق قەغەزلىرىنى كۆرسەتتى، — سەنلەر مېنىڭ قۇلىقىمنى قاتۇرۇپ، يۈزۈمنىمۇ قىلىنلاشتۇرۇۋەتتىڭ. دادام قېنى؟

— ئۇ... ئۇ سىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ ئەتىسىلا ئىچكىرىگە سەپەر قىلغان.

— شۇڭا، بۇ ئۆينى ئوگچە قالدى دەپ پاھىشىخانىغا ئايلاندۇرۇپسەن - دە، — ئالىنۇرنىڭ كۆڭلىدىن بىر ئىش كەچتى، — خەپ، بۇ ئىشنى ئەختەمگە دەپ سەن بۇزۇقنى نېمە قىلىمەنكىن؟!

ئالىنۇر سىرتقا مېڭىشىغا، گۈلنىسا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ئالىنۇر، ئەختەمگە دېگۈچى بولماڭ. ئۇ ئىچى كۆچلۈك بالا، بۇ ئۆيدە قانلىق جېدەل چىقىدۇ. مېنى بوغۇزلىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

— ھەي، نومۇس قىلساڭ بولمامدۇ، پۈتۈن ئاشخانا ساڭا قالدى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، پۇل - پۇچەك

ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. يەنە سىنىڭ نېمەڭ كەم؟ ئەگەر دادامغا مەيلىڭ بولمىسا ئاجرىشىپ كەت.

— ئۇ... ئۆزى ئۇنىمايدۇ ياكى ئەرلەردەك بولمايدۇ...

— بولدى، ئەمدى شۇنچىلىك لاۋزىلاشقىنىڭمۇ يېتەر، — ئالىنۇر ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — دادام ماڭا تاماق پۇلى تاشلاپ كەتمىدىمۇ؟

— ياق، بىر ئېغىز گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى، — گۈلنىسا يىغلىغاچ يانچۇقىدىن يۈز سوم چىقىرىپ ئالىنۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — بۇنى خەجلىگەچ تۇرۇڭ.

— سىنىڭ مەينەت پۇلۇڭنى خەجلىمەيمەن، — ئالىنۇر پۇلنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى، — چېكەڭگە تاڭ.

ئالىنۇر ئۇقتەك ئېتىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ تۆت كوچا دوقمۇشىدا بىردەم گاڭگىراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇچتاشتىكى ئاشخانىغا مېڭىپ كەتتى. ئالىنۇر تاسادىپىيلا مەكتەپكە كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئون بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى قالغانىدى. مانا دادىسى يەنە قېچىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا تاماق، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ھەم تۇرمۇش خىراجەتلىرى ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلگەنىدى. ئەنزەرنىڭ خىيالى زادى نېمىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز پۇشتىدىن بولغان قىزىنى بۇنچىلىك ئازابلايدۇ؟ غۇلجىغا كېتىشكە ياكى ئۇرۇمچىدە ئوقۇتۇشقا قويمىسا، بۇ ئادەمنى تەتۈر قىيىنىغانلىقمۇ؟ ئالىنۇر ئوقۇشنى قانداق داۋام ئېتەر؟ گۈلنىسادىن پۇل ئېلىش ئۇنىڭ ناشايان ئىشلىرىغا شېرىك بولۇش بىلەن باراۋەر. بۇ خۇددى ئوغرىنىڭ قازناقچىسى بولغاندەكلا ئىش. توۋا، ئاجايىپ ئەرلەر بولىدىكىنە، خوتۇنىغا مەيلى يوق، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. بۇزۇقچىلىقلارنى بىلىپ تۇرۇقلۇق كۆرمەسكە سالىدۇ. ئەگەر بىلمىسە «غۇرۇرسىز، ئىززەت ـ تەپسىنى دەپسەندە قىلىدىغان» دېگەن ھاقارەتنى ئاڭلاپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلامدا؟!

ئالىنۇر باش ـ ئاخىرى يوق خىياللار بىلەن ئۇچتاشتىكى

ئاشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئاقسۇلۇق غوجايىن ھەم مۇلازىملار ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ قىزغىن ئەھۋاللاشتى. ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تەبرىكلەشتى. ئالىنۇر ئون بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى سوراشتىن ئۇيىلىپ «دادىسىنىڭ ئىچكىرىگە كەتكەنلىكى، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغانلىقى، شۇڭا بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن ئۈچ كۈن ئىشلەپ بېرىشكە كەلگەنلىكى»نى تەستە دېدى.

— بەك ئوبدان قىپسىز، قىزىم، — دېدى ئاقسۇلۇق غوجايىن، — ئورنىڭىزغا بىر چوكان ئالغان، تېخى ئىككى كۈن ئالدىدا يولغا سېلىپ قويدۇق. خۇدايىم بار، جوزا سۈرتسە، قولىدا دەسمال ئۇخلاۋاتقان، كۆزىنىڭ جىيىكىگە ئەكېلىپ ئاقلىغىلى تۇرسا بىر باش سامساقنى يېرىم كۈن ئاقلىغان، قاچا - قۇچىلارنى يۇسا بىز ئارقىدىن چايقاۋاتقان... جېنىمىزدىن جاق تويدۇردى.

— بوپتۇ، ئۈچ كۈن بولسىمۇ ئىشلەڭ، ئۆتكەندە ئون بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىڭىز قالغان، قوشۇپلا بېرەيلى.

ئالىنۇر يەكشەنبە كۈنىگىچە سەھەر كېلىپ، كەچ قايتىپ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن سىرت مەنقۇلات ئامبارلىرى، چىنە - قاچا تىزىدىغان ئىشكاپلار، تاماق ئۈستەللىرىنىڭ پۇتلىرىغىچە يۇيۇپ تازىلاپ پارقىرىتىۋەتتى. ھەتتا، ئاشپەز ۋە مۇلازىملارنىڭ خالات - پوسمىلىرىنى يۇيۇپ غوجايىنىنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ قايتىدىغان ۋاقتىدا غوجايىن ئۇنىڭ ئون تۆت كۈنلۈك ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر يۈز ئەللىك سوم بەردى.

ئالىنۇرنىڭ يۈرىكى پۇتۇن، كۆڭلى توق ھالدا مەكتەپكە كەلدى، شۇنداقتىمۇ بۇ پۇل تېجەپ خەجلىگەندە بىر ئايلىق تاماق راسخوتىغا ئارانلا يېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىش پارستىسى، سوپۇن، قىزلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئالىنۇر كۆپ كۈنلىرىنى ئۈچ ۋاخ نان، قايناق سۇ بىلەن ئۆتكۈزدى. بەزىدە رامىلە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ

قىلاتتى. بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا كى ھېيت - بايرامدەك تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى تۇرغۇنجان مۇئەللىم، رامىلە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى ئوغلى بولۇپ بەش ئادەم چۈشلۈك تاماق يەۋېتىپ، رامىلە گەپ ئېچىپ قالدى.

— ئالىنۇر، بۇنىڭدىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپلا كۆكتاتلارنى ئادالاپ، گۆشلەرنى توغرىغاچ تۇرسىڭىز، ئىككىمىز قول - قولچە تۇتۇشساق بالىلارمۇ مەكتەپكە كېچىكمەيدۇ. ئۆزىڭىزمۇ چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بازارغا قاتراپ يۈرمەيسىز، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ھەدە، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلاي.

بۇنداق خەيرخاھلىق، تاماق پۇلى كويىدا پۈچىلىنىۋاتقان ئالىنۇرغا مايدەك ياقتى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئائىلىنىڭ ئاش - تامىقىغىلا ئەمەس، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇش، ئۆيلىرىنى تازىلاشتەك ئىشلارنى باشلىۋەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى كۈنلەپ يىغىلغان كىيىملەرنى كىرئالغۇدا يۇيۇپ ياياتتى، دەزمال سالاتتى، پەردىلەرنى تارتاتتى، ئەينەك ئىشكاپ، دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتەتتى. رامىلە بۇنىڭدىن بەكمۇ رازىمەن ئىدى.

— ئالىنۇر، دادىڭىز بىرەر قېتىممۇ كېلىپ قوياي دېمەيدا، — دېدى رامىلە بىر كەچلىكى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، — ئىشى شۇنچە ئالدىراشما؟

— دادام مېنى مەكتەپكە ئەكېلىپ قويۇپلا ئۆزى ئېچكىرىگە كېتىپتۇ، مەنمۇ... — ئالىنۇر يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ۋىيەي، غەلىتىلا ئادەمكىنە ئۇ، — رامىلە ئېرى تۇرغۇنجانغا لاپىپىدە قارىدى - دە، قوشۇملىرى تۈرۈلدى، — سىزنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلىڭىز ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سومغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، پۇلنى تاپشۇرمايلا كەتكىنى نېمىسى؟

— بۇنىڭدىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق ئىكەن، — كۆز يۇمۇپ -

ئاچچىقىدا ئالىنۇرنىڭ يۈزى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتتى، — مەن دادامنى مۇشۇ مەكتەپتە كۆرگەنچە قايتا كۆرمىدىم.

— قىزىق گەپقۇ بۇ، دادىڭىز «ئەتە - ئۆگۈن ئىچكىرىدىن نۇرغۇن پۇل كېلىدۇ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە تاپشۇرىمەن» دېگەنىدى، — رامىلەنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكى قاش - كۆزلىرىدىن بىلىنىدى، — شۇڭا تۇرغۇنجان ئىككىمىز ئارىغا چۈشۈپ مەكتەپ رەھبەرلىكىنى ماقۇل كەلتۈرگەن.

— ئەنزەر يېقىن ئارىدا كېلەلمىگەندەكمۇ؟ — سورىدى تۇرغۇنجان، — ئىچكىرىدىن پۇل كەلمىگەندىن كېيىن ئۆزى بېرىپ ئەكەلمەكچى بولدىمىكىن.

— مەن... مەن ئۇنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمەيمەن، — ئالىنۇر ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى، — ئۇنىڭ مەقسىتى مېنى ئوقۇتماي ئاشخانىسىدا ئىشلىتىش.

— ۋۇي بولدى يىغلىماڭ، — تۇرغۇنجان خىجىل بولۇپ قالدى، — ئۇنداقمۇ قىلماس، كېلىپ قالار.

دادىسىغا بولغان نەپرەت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىغان ئالىنۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن تۇرۇقلۇق بۇ مەكتەپكە قانداق كېلىپ قالغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ بەردى، تۇرغۇنجان بىلەن رامىلە ياقىلىرىنى تۇتقىنىچە، ئۆزئاقچە زوۋان سۈرمىدى.

— ئاقسۇلۇق غوجايىن بەرگەن بىر يۈز ئەللىك سوم پۇلنى ھەر كۈنى قورۇق نان يەپ مۇشۇ كۈنگىچە يەتكۈزدۈم، — دېدى ئالىنۇر ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ، — ئۆگەي ئاپام بولسا پۇل ئەمەس، ئاشۇ ئۆيدە تۇرۇشۇمىدىنمۇ بىزار، مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغان يىڭناسىقۇ بولۇپ قالدىم...

— بولدى يىغلىماڭ، ئەنزەرنىڭ بۇنچىلىك بولۇپ كەتكىنىگە ھەيرانمەن، — تۇرغۇنجاننىڭ ئالىنۇرغا ئىچى ئاغرىپ قالغانىدى، — مەن ئوقۇش پۇلىڭىزنى كېيىنكىگە سۈرۈپ تاپشۇرۇشنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئېيتاي.

www.uyghurkitap.com

— ئاڭغىچە ئەنزەر ئۆزىمۇ كېلىپ قالار، — دېدى راملە، ئالىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدىن يەڭ.

شۇ كۈندىن باشلاپ نومۇسقا چىدىمىغان ئالىنۇر بۇ ئۆيگە قەدەم باسمىدى. بىرنەچچە قېتىم راملە ئۇنى چاقىرىپ ئەكىرىپ تاماق بەرگەن بولسىمۇ، يۈزى تۆۋەن بۇ قىز خىجالەتچىلىكتە ئۇلارغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. بىراق، ئۇ قورساقتىن قاتتىق قىينالماقتا ئىدى. بەختىيار، پەرىخەلەر ئانچە - مۇنچە ياردەم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارغا داۋاملىق يۆلىنىۋېلىشقا غۇرۇرى قويمىدى. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئوقۇغۇچى - دە. ئالىنۇرنى يەنە بىر تەڭلىككە سېلىپ تۇرغىنى ئايدا، پەسىلدە مەكتەپ تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغان ماتېرىيال پۇلى ئىدى. ئۇ پۇل تۆلىيەلمىگەچكە، پەرىخە، سائادەت، بەختىيارلارنىڭ ماتېرىياللىنى ئېلىپ، ئۇلار ئۇخلىغاندا، كارىدوردىكى چىراغ يورۇقىدا كۆرۈۋاتاتتى. ئەتىسى بولسا بېشى ئاغرىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، سىنىپتا تەس ئولتۇراتتى.

ئالىنۇر كۈنلەپ قايناق سۇ ئىچىپ، قورسىقى ئاچ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسىنى چۈشەپ قالدى، ئۇ ئۆزىچە تەبىر بېرىپ: «تاڭ سەھەر كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ، دەيدىغان ياكى دادام كېلىپ قالغانمىدۇ؟ كەلگەن بولسا تېخى ياخشى، ئەگەر كەلمىگەن بولسا گۈلنىسا دېگەن خوتۇندىن بىر ئامال قىلىپ پۇل ئالمىسام بولمايدۇ» دېدى - دە، جۈمە كۈنى دەرستىن چۈشۈپلا ئاپتوبۇس بېكىتى ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ مەكتىپى شەھەر سىرتىدا بولغاچقا ئىككى ئاپتوبۇس ئالمىشىپ باراتتى. ئالىنۇر بېلەت ئالماقچى بولۇپ، قول سومكىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىشى تۆت قاتلانغان بىر پارچە خەتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ بەختىيارنىڭ بىر ئاي بۇرۇن يازغان مۇھەببەت خېتى ئىدى. خەت تولىمۇ سەمىمىي يېزىلغان بولۇپ، بىر ساپ يۈرەكنىڭ ئەينەن سايىسىدەك تەسىر بېرەتتى. ئالىنۇر گەرچە

بەختىيارنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئوقۇش غايىسى كاپالەتكە ئېرىشەلمەي تۇرغىنىدا بۇنداق كۆڭۈلگە تالىق تۇيغۇلار ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمايتتى. شۇڭا، ئۇ بەختىيارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ: «ئويلىنىپ باقاي» دەپ بىر ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى. شۇنداقلا بۇ خەت قاچانكى قولىغا تەگدى، شۇنىڭدىن باشلاپ بەختىيارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئالىنۇر خەتنى ئۇششاق پارچىلاپ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا توزۇتۇۋەتتى.

ئالىنۇر ئۆيگە كىرىپ كىيىم ئاسقۇغا قاراپلا دادىسىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى. دىۋاندا گازىر چاقىقاچ پۇتىنى ئالماپ، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان گۈلنىسا ئۇنىڭغا قاراپ: «ئەجەب ئۇزاق يوقىلىپ كەتتۇقۇقۇ» دەپ قويدى. ئالىنۇر بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن مەكتەپتە تارتىۋاتقان كۈنلىرىنى سۆزلەپ، تاماق پۇلىدىن قىسىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. گۈلنىسا ئىچىدە: «خېلى ياۋاشلاپ قاپتۇغۇ بۇ قىلتاقچى، هەي گال، هەي گال، ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ» دەپ ئويلىدى هەم مەتنۇرى ئىككىسى ئاللىبۇرۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى هېس قىلىپ كەتتى.

— ئاشخانىنى قايتىدىن زىننەتلىگەن، نەق پۇلنىڭ هەممىسى تۈگىدى، — دېدى گۈلنىسا چىرايىغا سەممىيلىك تۈس بېرىپ، — سىرتتا بىر ئېلىشىم بار ئىدى، ئەتە چۈشتىن كېيىن بىللە بېرىپ ئالايلى، شۇ پۇلدىن بەرسەم بولار.

— ئەتە ئەتىگەن بولماسمۇ؟

— ئاشخانىغا ئىشلەۋاتقان ئۇستىلار بىلەن ماتېرىيال ئېلىشقا خۇالىڭ بازىرىغا بارماقچىدۇق، — دېدى گۈلنىسا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — ئۇلار ئەتە ئەتىگەن مېنى ساقلىماقچى.

«نەق پۇل تۈگىدى دېگەنىدى، ماتېرىيالنى قايسى پۇلغا ئالىدىكىنە» دېگەن ئويغا كەلگەن ئالىنۇر گۈلنىساغا گۇمان بىلەن قارىدى. بۇنى سەزگەن گۈلنىسا دەرهاللا گېپىنى تۈزەتتى.

— ئۇستىلارغا هۆددىگە بېرىپ، پۇلنى ئالدىن

تاپشۇرۇۋەتكەن، مەن پەقەت ئۇلار ئالغان ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىنى زىغىرلاپ بەرسەم بولىدۇ.

ئالىنۇر ئەتىسى چۈشكىچە ساقلىغان بولسىمۇ گۈلنىسا كەلمىدى. «بۇ خوتۇن زادى نېمە ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرىدۇ» دېگەن خىيال بىلەن چۈشتىن ئۆتكەندە ئاشخانىغا بارماقچى بولۇپ تۇرۇشى گۈلنىسا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇستىلارنىڭ تام ئىشكاپىنى بۇزۇپ قويغانلىقى، ئۇنى قايتىدىن چۈۋۈپ ياسىغانلىقى ھەققىدە بىر مۇنچە ۋالاقلىغاندىن كېيىن، يېڭى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مۇنچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق ھايال بولۇپ چىققان چېغىدا يۈزىدىكى قويۇق گىرىمدىن تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى. گۈلنىسا ئالىنۇرنىمۇ گىرىم قىلىشقا قىستىغانىدى، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.

گۈلنىسا ئالىنۇرنى تاكسىغا سېلىپ ئەكەتتى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغاچقا شوپۇرغا نېمىلەرنىدۇر دەپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنا «چاڭجياڭ» يولىدا ئازراقلا مېڭىپ سولغا قايرىلدى ـ دە، بارغانسېرى كونا بىنالار، يەرلىك ئۆيلەر جايلاشقان ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىككى قەۋەتلىك ئۆي ئالدىدا توختاشتى. ئالىنۇرنىڭ كۆڭلى ئۇيگەندەك بولۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى. ئىشىك بېشىغا «زۇلەيخا مېھمانخانىسى» دېگەن قوپال ۋۇۋىسكا ئېسىقلىق تۇراتتى. گۈلنىسا ئالىنۇرنى باشلاپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆرلىدى. ئۇلار كارىدور بويلاپ مېڭىپ چەتتىكى ئۈچىنچى ئىشىكنى چېكىپلا كىردى. بۇ ئۆيلەر ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى ئېغىز بولۇپ، ھەربىرىگە ئىككىدىن كارىۋات قويۇلغانىدى. ئالىنۇر ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپلا بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، يېشىل مووۋت قاپلانغان دىۋاندا مەتنۇرى شوپۇر بىلەن يەنە بىرسى ياشراق، يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن بوغما خورۇم چاپانلىق بىرسى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى چاي ئۈستىلىگە توخۇ گۆشى، سوغۇق سەي، نەشپۈت، ئالما، ئاپېلسىن، تونۇر كاۋىپى قاتارلىق يېمەكلىكلەر

تىزىلغان بولۇپ، ئۈستەل تېگىدە قىزىل، ئاق ھاراق ھەم پىۋىلار ئېگىز - پەس تىزىلىپ تۇراتتى. ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئالىنۇر شارتلا ئارقىسىغا بۇرىلىشى گۈلنىسا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. ئاڭغىچە مەتنۇرىمۇ يېتىپ كېلىپ ئالىنۇرنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ سۆرىدى.

— نەگە بارىسىز؟ بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز شۇ.

ئالىنۇر پۇتى يېنىدىلا تۇرغان ئىچىلمىگەن پىۋىنى ئېلىپ مەتنۇرىنىڭ بېشىغا بىرنى سىلىۋىدى، چېچىنىڭ ئارىسىدىن چىققان قان يۈزىنى بويىۋەتتى. «دانىخورەك» بىلەن گۈلنىسا ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ قالغان پۇرسەتتە ئالىنۇر قېچىپ كارىدورغا چىقىشىغا، ئېتىلىپ كەلگەن گۈلنىسا ئۇنى ئارقىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئالىنۇر بوتۇلكىنى دېرىزە قىرىغا بىر ئۇرۇۋىدى، قولىدا يېرىم سۇنۇق بوتۇلكا قالدى. يەرگە تۆكۈلگەن پىۋىدىن ۋاشىلداپ كۆپۈك قايناشقا باشلىدى. كارىدورنى بېشىغا كىيىپ قاتتىق چىرقىراۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغان بىرنەچچە ئادەم ياتاقلىرىدىن چىقىپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى. قورقۇپ كەتكەن گۈلنىسا ئۇنى قويۇۋېتىشىگە ئالىنۇر قولىنى بىر شىلتىگەنىدى، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئېغىز جاۋىغىيىغىچە كېسىلىپ قان يامراپ چىقتى.

ئالىنۇر ئەسەبىيلەرچە چىرقىراپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئۆتتۈر كەلگەن بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. كوچىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭدىن داجىپ يىراق مېڭىشاتتى. بىر چاغدا ئۇ قولىدىكى سۇنۇق بوتۇلكىنى كۆرۈپ، يول چېتىگە تاشلىۋەتتى، ئاندىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ئۆتكەنلەردىن يول سوراپ ماڭدى. ئالىنۇر ماڭە - ماڭە «جەنۇبىي شىنخۇا يولى»غا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى قالايمىقان غەزەپلىك خىياللار چىرمىۋالغانىدى.

ئالىنۇرغا ئەمدى دادىسىنىڭ ئۆيى ھارام بولدى. ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم بېسىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەتنۇرىنىڭ سەنتۇرۇلۇپ كارىۋاتقا يىقىلىشىدىن شۇنى جەزملەش مۇمكىنكى، ئۇنىڭ بېشى ئۇنداق – مۇنداق يېرىلمىدى. گۈلنىسانىڭ قولاق تۈۋىدىن ئېغىز جاۋغىيىدىن ئاۋۋال ئاپپاق يېرىق ئېچىلدى، ئاندىن قان تىرتىلداپ ئېتىلىپ چىقتى، دەقىقە ئۆتمەي بويۇن، مەيدىلىرى قىپقىزىل بويالدى. ئەمدى ئۇ ئالىنۇردىن ئۆچ ئالماي قالارمۇ؟ ھەر خىل بەھوشلاندۇرۇش دورىلىرىنى چېيىغا سېلىپ بېرىپ، يەنە قانداقتۇر ئادەملەرگە تۇتۇپ بەرسىچۇ؟! بۇ شەرم – ھايالىق قىز ئېيپەت – نومۇسۇمدىن ئايرىلدىم، دەپ بىر ەر يەرگە داد – پەرياد كۆتۈرۈپ بارالامدۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇ ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئاھ، ئىست، دادىسىنىڭ ھىيلە – نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ نېمىشقىمۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەن بولغىيىدى؟ قانچە جاپا – مۇشەققەت تارتىسىمۇ غۇلجىدىن ئايرىلمىغان بولسا، مۇشۇ ئىپلاس خورلۇقلارنى كۆرەرمىدى؟! ئەنەيتۇللا، ئابدۇسەمەتتەك ئاق كۆڭۈل، قولى ئوچۇق شاپائەتچىلىرى تۇرسا ئۇنى ئوقۇتماي قويارمىدى؟! ئاھ، ئەنزەر، ئەنزەر، سەن قانداقمۇ دادا بولۇپ قالغانسەن؟ سېنىڭ ئاتا بولۇش سالاھىيىتىڭ بارمۇ؟ قىزىڭ قانداق كۈنلەرگە قېلىۋاتىدۇ. سەن ئۇنى دوزاختا قىيناش ئۈچۈن ئەكەلگەنمىدىڭ؟ ناتىۋان قىزىڭنىڭ كۆز ياشلىرى سېنى تۇتماسمۇ؟!

ئالىنۇرنىڭ ھەسرەتلىك خىياللىرى داۋاملاشقانمۇ بولار ئىدى، لېكىن بىرسى ئۇنى چاقىرىپ قالدى. قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرىنى ئارقىدىن بوغۇۋالغان، ئاپپاق توقاچ يۈزلۈك، زىلۋا بوي بۇ قىز ئالىنۇرنىڭ ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى يېقىن دوستى گۈلمېھرە بولۇپ، ئۇ شۇنچىلىك خۇشخۇي ئىدىكى، داۋاملىق سۈزۈك چېھرىگە ئىللىق بىر تەبەسسۇم يار ئىدى.

— ۋىيىەي، ئالىنۇر، سەن ئۇرۇمچىدە بارمۇ زادى؟ — دېدى گۈلمېھرە قېلىن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، —

تايلىغىن دادىسىغا خاپا بولۇپ، غۇلجىغا كەتتىمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم.

— ھازىر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىمەن.

— ھە، مانا بوپتۇغۇ، سەن دېگەن بەك تىرىشچان، بەك ئىزدىنىسەن، چوقۇم ئىستىقبالىڭنى تاپالايسەن.

— ئاشۇ مەكتەپنى پۈتكۈزۈشۈمگە كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— داداڭ يەنە قارىمايۋاتامدا؟

ئالىنۇر دادىسىنىڭ كۆرۈنۈشتە مەكتەپكە ئەكىرىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە قانداق شۇملۇقلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ يىغلاپ سالدى. گۇلمېھرە ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تەسەللى بەرگەنسېرى ئالىنۇر تېخىمۇ ئېسەدەپ كەتتى.

— توۋا قىلدىم، قانداق ئادەم ئۇ؟ بىزنىڭ مەكتەپكىمۇ ھۆججەت يېزىپ بېرىپ قېچىپ كەتكەن، بۇ قېتىممۇ يەنە شۇنداق قىپتۇ، — گۇلمېھرەنىڭ ھال رەڭ، نېپىز لەۋلىرى دومسايدى، — ئەمدى باشقىلارنىغۇ ئالدىسۇن، ئۆزىنىڭ قىزىنىمۇ ئەخمەق قىلسا بولامدۇ؟ بولدى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئەگەر راستىلا ئاخىرىغىچە ئوقۇپ كېتىشكە كۆزۈڭ يەتمىسە، بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەل. ئاپامنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۆزۈڭگە ئايان.

— سىلەرنى پاراكەندە قىلارمەنمۇ؟

— ۋىيەي، سەن پاراكەندە قىلغۇدەك ئۆيىمىزدە ئون جان يوق. ناھايىتى ئاپام ئىككىمىزلا، — گۇلمېھرە پارقىراپ تۇرغان قىزلىق بۇرنىنى سىلاپ قويدى، — ئۆيلىرىمىز كەڭتاشا، تۆت ئېغىزلىق ئۆينى تازىلاپ بولالماي جۇلۇقۇم چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىككىمىز بىر ئۆينى تۇتۇۋالساق گۇلدەك ياسىۋېتىمىز دېگىنە. كۈندە كىتاب ئوقۇيمىز، تېلېۋىزور كۆرىمىز، ناخشا ئېيتىمىز.

گۇلمېھرە ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئالىنۇر بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ،

گۈلمىھرە ئالىنۇردىن بىر قارار تۆۋەن سىنىپتا ئوقۇيتتى.

— سىنىڭ ئوقۇشۇڭ قانداق؟ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىسەنغۇ دەيمەن؟ — سورىدى ئالىنۇر.

— شۇنداق، — گۈلمىھرەنىڭ چىھرىدىن ئىشەنچ تېمىپ تۇراتتى، — چوقۇم مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن.

— سەنغۇ مەكتەپ بويىچە ئەلاچى ئىدىڭ، شۇنداقتىمۇ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ نومۇر چەكلىمىسى بەك يۇقىرىمىشقۇ؟

— ئىشەنچىم كامىل.

— ئاپاڭ پەزىلەت ئاپپاينىڭ ئىزىنى باساي دەپسەن ـ دە.

گۈلمىھرەنىڭ ئاپىسى پەزىلەت شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتكۈزگەن ئىستېداتلىق ئايال ئىدى. ئۇ بېيجىڭدا بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يولدىشى مىركامىل بىلەن ئىككى ئوغلى، بىر قىزىنى ئېلىپ تۈركىيەگە چىقىپ كەتتى. تۈركىيەنىڭ ھاۋاسى خىل كەلمىدىمۇ ياكى ئانا يۇرت مېھرى ئۇنى قاتتىق سېغىندۇردىمۇ، پەزىلەت ئۈچ يىل ئاران چىدىيالىدى. ئۇ ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشتە چاڭ تۇرۇۋالدى. ئېرى مىركامىل ئىستانبۇل بويىچە داڭلىق دوختۇر ئىدى. ئىككى ئوغلى بولسا تۈرك تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيتتى. شۇڭا، ئۇ بالىلارنىڭ چوڭى گۈلمىھرەنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇن ئىشلىگەن دوختۇرخانىغا قايتا بېرىشنى ھار ئالدىمۇ شەخسىي دوختۇرخانا ئېچىپ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۈچ يىل ئالدىدا ئۇ قىزى بىلەن تۈركىيەگە بېرىپ ئېرىدىن قۇرۇق يىغىنە بىلەن ئورۇقلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، «پەزىلەت دوختۇر داۋالاش، ھۆسن تۈزەش، تەربىيەلەش مەركىزى»نى قۇرۇپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرمەكتە ئىدى.

— ئالىنۇر، — دېدى گۈلمىھرە دوستىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، — ئەگەر ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت

بولمىسا «ھۆسن تۈزەش» كەسپىنى ئۆگىنەمسەن؟

— خاپا بولما، گۈلمېھرە، — ئالىنۇر ئۆزرە ئېيتتى، — مېنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇغۇم بار.

— ئەمىسە بوپتۇ، لېكىن ئېسىڭدىن چىقارما، بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ھامان بىزنىڭكىگە قايتىپ كەل.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

ئالىنۇر گۈلمېھرە بىلەن خوشلىشىپ مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى. ئاپتوبۇستا كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرغۇن سوئال بەلگىلىرى پەيدا بولدى: بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ ھەم قورقۇنچلۇق بولغىنى «ئەتە قانداق قىلىمەن؟ ئۆگۈنلۈككىچۇ؟ ئاندىن كېيىنچۇ؟» دېگەن سوئال ئىدى. مەكتەپتىن تارقىتىدىغان ماتېرىياللارنى ئالماي، ياشقىلارنىڭكىنى ئارىيەت ئېلىپ پايدىلانسىمۇ بولىدۇ، ئەمما قىشلىق تەتىلگە يەنە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بار، قورساق ئىشىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئۆز ئۆيىگە ئاچلىقتىن ئۆلسىمۇ بارمايدۇ. تۇرغۇنجان، رامىلەلەر بەك ئاق كۆڭۈل ياخشى ئادەملەر. لېكىن، دادىسى ئۇلارنىڭ ياخشىلىقى بەدىلىگە ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سوم پۇلنى گەدىنىگە ئارتىپ قويۇپ ئالداپ قېچىپ كەتتى. ئەمدى قايسى يۈزى بىلەن تاماق يەيمەن، دەپ كىرەر؟ مۇشۇ چاغقىچە پەرىخە، بەختىيارلار قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى. ئۇلارغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتسا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى كاتتا بايلاردىن ئەمەس. پەقەت ھەر ئايدا كېلىۋاتقان تاماق، تۇرمۇش پۇلىدىن قىسىنىپ ئالىنۇرغا قانات ياپتى. «ئۆلسەممۇ غۇرۇرۇمنى، ئىززەت - نەپسىمنى خار قىلمايمەن» دەپ ئويلايدىغان بۇ قىز: «بىر كۈنلەر كەلگەندە چوقۇم ئۇلارنىڭ ساخاۋىتىنى شاپائەت بىلەن قايتۇرىمەن، بولمىسا يۈزۈم قارا بولۇپ كېتىدۇ» دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئەھدە قىلىدۇ.

ئالىنۇر خۇددى دان ئىزدىگەن قۇش بالىسىدەك ھەممىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاخىر ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ ئەپلىك چارىدىن

www.ughurkitap.com

بىرسى يادىدىن كەچتى. جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەنبە، يەكشەنبە ئىككى يېرىم كۈن، باشقا چاغلاردا چۈش ھەم كەچلەردە مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرەرسىگە ياردەملىشىپ بەرسە ئۇلارمۇ خۇش بولار. ئالىنۇر ئىش ھەققى ئالمىسىمۇ مەيلى، قورسىقىنى باقسىلا بولىدى. قىشلىق تەتىلدە ئۈچتاشتىكى ئاقسۇلۇق غوجايىنغا ئىشلەپ بېرىپ كېيىنكى يېرىم يىلنىڭ تاماق پۇلىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ھەل قىلىۋالامدۇ.

ئوقۇش ھەم قورساق خاپىلىقىدا قالغان ئالىنۇر خىيال بىلەن مەكتىپىگە كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا بەختىيار ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى ھېلىمۇ ئازراق ئاقساقلايتتى. ئالىنۇرغا «خەت يېزىپ»، «سۆز تاشلاپ» ئۇچۇق جاۋاب ئالالمىغان بۇ بالا ئىنگلىز تىلىغىلا «مەستانە» بولماي، بەلكى ئالىنۇرغىمۇ «مەستانە» بولۇپ قالغانىدى. بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىنۇر تىرىشچان، ئەخلاقلىق، سەمىمىي بۇ بالىنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى قاتتىق چەكلەيتتى ھەم بەختىيارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپتتى. ئالىنۇرنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقىنى مۇھەببەت ئوتى بولماي، بەلكى غايە يالقۇنى ئىدى. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇسا، چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرسا، تەتقىقاتچى، دوكتور، دوتسېنت بولسا... ئوقۇسا... ئوقۇسا... چاچلىرى ئاقارغۇچە ئوقۇسا... بۇ نەقەدەر مەنىلىك ھايات بولار ئىدى ـ ھە!

— ئالىنۇر، مەن سىزنى تۈنۈگۈن كەچتىن بېرى ساقلاۋاتىمەن، — دېدى بەختىيار قىزنىڭ خامۇش چىرايىغا قاراپ، — نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ قانداق؟

— بەختىيار، مېنى ئارامىمدا قويۇڭ، بېشىم يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرىۋاتىدۇ، — ئالىنۇر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق دېدى، — مەن ياتاققا كىرىپ ئارام ئېلىشىم كېرەك.

— مەن تېخى سىز بىلەن شەھەرگە كىرىپ...

— كەچۈرۈڭ.

— مەن سىزگە ھەمراھ بولايمۇ ياكى دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟

— رەھمەت، بىردەم ئۇخلىسام ئوڭشىلىپ قالىمەن.

ئالىنۇرنىڭ راستىلا سارغىيىپ قالغان چىرايىنى كۆرگەن بەختىيار ئۇشۇقچە بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈن شەھەرگە كىرىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، ئالىنۇر مەكتەپ ئىچىگە كىردى ـ دە، دەرۋازا يوچۇقىدىن ئۇنى كۆزەتتى. ئۆز جايىدا مىخلىنىپ قالغان بەختىيار ئاستا يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشتى ـ دە، كېتىپ قالدى. ئالىنۇر دەرۋازىدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇ مەكتەپ ئەتراپىدىكى ئاشخانا غوجايىنلىرى بىلەن قىسقىلا سۆزلىشىپ، يەنە بىر ئاشخانىغا كىرىپ كېتەتتى. يېتىمنىڭ ئىشىنى خۇدايىم ئوڭلايدۇ، دېگەندەك، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى غولجىلىق غوجايىن ئۇنىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى ئۆزۈمنىڭ يۇرتلۇقى ئىكەن دەپ ھىممەت قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئالىنۇرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

— مېنىڭ ئىسمىم رەخىمجان، ھەدىگىزنىڭ ئىسمى، — غوجايىن ئىشتىك تۇۋىدە پۇل يىغىپ ئولتۇرغان قارا قۇمچاق ئايالغا قارىدى، — تۇرسۇنئاي. ئاشخانا شەنبە، يەكشەنبە، بولۇپمۇ ھەر كۈنى چۈشتە بەك بىسىق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇقۇۋالدىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، رەھمەت سىلەرگە.

ئالىنۇر شۇ كۈنىلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئەتىسى يەكشەنبە پۈتۈن بىر كۈن ئىشلىدى، دۈشەنبە كۈنىدىن باشلاپ ھەر چۈشلۈكى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە تاماق توشۇش، ئۈستەل سۈرتۈش، خېرىدارلارنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. كەچ تەرەپلەردە بولسا قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ، قازان باشلىرىنى، ئاشخانىلارنى تازىلاپ بىر كېچىدىلا بىكار بولاتتى. ئالىنۇر كەلگەندىن بېرى ئاشپەز، مۇلازىملارمۇ بەك خۇشال

ئىدى. چۈنكى، ئاشخانا بىردىنلا پاكىز، رەتلىك بولۇپ، سەرەمجانلىشىپ قالغانىدى. ئەسلىدە تامىقىنىلا ھۆددىگە ئالغىنىدىن خۇشال بولغان رەخىمجان ھەپتە بولغاندا ئالىنۇرنىڭ قولىغا يىگىرمە سوم تۇتقۇزۇپ قويدى.

بىر كۈنى چۈشلۈكى ئالىنۇر ئاشخانىدا ئالدىراش مۇلازىمەتلىك قىلىۋاتقاندا تاماق يېگىلى كىرگەن بەختىيار ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ لەڭمەنگە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئالىنۇر تاماق سۇنۇش تۆشۈكىدىن ئىچكىرىگە قاراپ: «يەنە بىر لەڭمەن» دەپ ۋارقىرىدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىكىلىپلا قالغان بەختىيار قاچانلاردا ئالدىغا تاماق كەلگىنىنىمۇ سەزمەي ئولتۇراتتى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ئالىنۇرنىڭ شەنبە، يەكشەنبە ھەم ھەر كۈنى چۈش، كەچلەردە نېمە ئۈچۈن يوقىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەنىدى.

— سىز؟!

— بولدى گەپ قىلماڭ، مەكتەپ ئالدىدا مېنى ساقلاڭ.

چۈشتىكى جىدديلىك سىلىككەندىن كېيىن ئالىنۇر رەخىمجان بىلەن تۇرسۇنئايغا: «ئەمىسە مەن دەرسكە باراي» دەپ قويۇپ ئاشخانىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان بەختىيارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — بەختىيار خاپا بولغاندەك قىلاتتى، — ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ باشقىلارغا يېلىنىپ ياشىغاندىن ئەمگەك قىلىپ ياشىسا نومۇسما؟ — ئالىنۇرنىڭ غۇرۇرى زەرەرلەنگەنىدى، — كونىلارنىڭ «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن سۆزىنى نېمەدەپ چۈشەندۈرىسىز؟

— يا، ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، — بەختىيار قىلغان سۆزىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلاندى، — سىز ئوقۇغۇچى ئىكەنسىز، ۋەزىپىڭىز ياخشى ئوقۇش، دەرسلەردە

چىكىنىپ كەتسىڭىز قانداق قىلىسىز؟
— ياخشى ئوقۇش ئۈچۈن قورساق توق بولۇش كېرەك، «قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇسىز؟
— ئالىنۇر، سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، — دېدى بەختىيار يېلىنىغان هالدا، — بىزدەك دوستلىرىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز تۇرسا سىزنى تەڭلىكتە قويارمىزمۇ؟
— رەهمەت سىلەرگە، مەن بۇ هەممىتىڭلارنى چوقۇم قايتۇرىمەن، — ئالىنۇر نەلەرگىدۇر قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — لېكىن «ئالماقنىڭ راهىتى، تىلىمەكنىڭ جاپاسىغا ئەرزىمەس» دېگەن گەپ بار. داۋاملىق سىلەرگە يۆلىنىۋالسام، ۋىجدان ئازابى تارتىپ قالىدىكەنمەن. بۇنداق كۆڭگە قالغىنىمدىن تەرەتخانا تازىلاپ، بىر پارچە ناننى ئىشەنچلىك، يۈزۈم قىزارماي يېيىشىم ئەۋزەل ئىكەن.
بۇ كۆڭۈلسىز سۆهبەتتىن كېيىن بىر هەپتە ئۆتتى. ئالىنۇر چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرستىن ئەمدىلا چۈشۈپ ياتىقىغا كېلىشىگە ئىنىسى ئەختەم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇلۇتتەك تۇتۇلغان چىرايى، ئېغىر نەپەس ئېلىشى، غەزەپلىك قىسىلغان كۆزلىرىدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن ئالىنۇر ئۇنى سىرتقا باشلاپ چىقتى. ئۇلار قىزىغان بازار كوچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ چوڭ يول بويىدىكى ئاكاتسىيەلىككە كەلدى.
— قورسىقىڭ ئاچمۇ؟ تاماق ئېلىپ بېرەي.
— ياق، گېلىمدىن سۇمۇ ئۆتمەيدۇ.
— ئۆيدە بىرەر ئەھۋال يۈز بەردىمۇ؟ غەلىتىلا كۆرۈنىسەنغۇ.
— ئاپام... ئاپام ئادەم ئەمەس ئىكەن. مەن بۇ يەردىن كېتىمەن.
غەزەپ قېپى يېرىلغان قېنى قىزىق ئەختەم هايا - نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بۇگۈن چۈشتە كۆرگەن رەسۋاچىلىقنى سۆزلەش بىلەن يىغلىۋەتتى.

ئاشخانىغا ناگان ـ ناگاندا بىر كىلىپ قارىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېتىدىغان مەتنۇرى شوپۇرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئايىغى ئۈزۈلدى. بىراق، گۈلنىساخان ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىر قېتىم بىلىكىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ، ئۆيىگە كېتەتتى. ئۇ ئەختەمنىڭ كاۋاپدانىنى تاشلاپ بىر يەرگە كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ سائەت ھايال بولۇپ پەيدا بولاتتى. ئەختەم ئەقلىنى بىلگەندىن تارتىپ مەتنۇرى شوپۇرغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بېزەك چىرايىغا قارىسىلا تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلەتتى. بۇ لەنىتى قارا ئېيىقنىڭ ئاپىسى بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئەختەم پۈرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئاشخانا ئېچىلىپ، چۈشكە ئاز قالغاندا گۈلنىسا كاسسا تارتمىسىغا قولۇپنى سالدى ـ دە، ئەختەمگە «ئەمدى كەلگەن خېرىدارلاردىن پۇلنى سەن يىغىپ قوي» دەپلا كېتىپ قالدى. كاۋاپ بۇيرۇتقان تۆت خېرىدارنىڭ ئوتتۇز زىخ كاۋىپىنى چالا ـ بۇلا پىشۇرغان ئەختەم تەخسىلەرگە تىزىپ ئەكىرىپ بەردى ـ دە، دەم ئېلىپ ئولتۇرغان مۇلازىم بالىغا كاۋاپدانىنى تاپشۇردى. ئۇ ھەر خىل پەرەزلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ بىنا ئالدىغا كەلدى، پۈتنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ پەلەمپەيلەردىن ئۆرلىدى. ئاچقۇچنى قولۇپقا شەپە چىقارماي سېلىپ ئاۋايلاپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن ھوجرا ئىشىكىگە قولاق ياقتى. بۇ چاغدا ئىچكىرىدىن «ۋوي گۈلنىسا، بىر شەپە باردەك قىلىدىغۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەتنۇرىنىڭ زۇۋانى بېسىقماي تۇرۇپ ئەختەم ئۆيگە بېسىپ كىردى. مەتنۇرى بىلەن گۈلنىسا يوتقان ئىچىدە يېرىم يالىڭاچ ئىدى. ئۇلار قورقىنىدىن جالاقلاپ تىترىدى ـ يۇ، ھېچنېمە دېيەلمىدى.

— ئاناڭنى... بۇزۇقلار، — ياڭاق گۆشلىرى لىپىلداپ، چىشلىرى گىچىرلاۋاتقان قىزىققان ئەختەم يوتقاننى بىر

www.uyghurkitap.com

تارتقانىدى. گۆلنىسا نېپىز مايكىسى بىلەنلا چىرقىراپ تۈگۈلۈپ قالدى. قىپيالىڭاچ مەتنۇرى بولسا بىر يۇملىنىپ كارىۋاتتىن چۈشتى ــ دە، ئارىلىقتىكى قىسىلچاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەختەمنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك ئالاق ــ جالاق ھەر تەرەپكە قارايتتى. ئەگەر مۇشۇ تۇرقىدا چەيدو ياكى پالتا بولغان بولسا ئاقىۋەت ــ پاقىۋەت بىلەن ھېسابلاشماي ھەر ئىككىلىسىنى چانىۋەتكەن بولاتتى. بېشىنى ئىككى كۆكسى ئارىسىغا تىقىۋالغان گۆلنىسا: «جېنىم بالام ئەختەم... مېنى كەچۈر... دېگەن سۆزدىن باشقىنى قىلماي يىغلىماقتا ئىدى. ئەختەمنىڭ بىردىنلا بۇلۇڭ ئۈستىدە گىدىيىپ تۇرغان لوڭقىغا كۆزى چۈشتى ــ دە، ئۇنى ئېگىز كۆتۈرگەنچە پۈكۈلۈپ ئولتۇرغان شەھۋەتخورنىڭ كاللىسىغا ئۇردى، كۈكۈم ــ تالقان بولۇپ كەتكەن لوڭقا شاراقلاپ ئاياغ ئاستىغا تۆكۈلدى. مەتنۇرىنىڭ سەككىز يېرى تىكىلىپ، ئەمدىلا قەقەچ باغلىغان جاراھىتى يەنە يېرىلىپ، قان تەرەپ ــ تەرەپتىن يالاپ چۈشتى. مانا بۇ زىناخورنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. كۆز يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە يۈز، بويۇن، يالىڭاچ بەدەنلىرى پەرق ئەتكۈسىز قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەن مەتنۇرىنىڭ بېشى مۇرىسىگە ساڭگىلاپ، تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۆمرىدە بۇنداق كۆپ قاننى كۆرمىگەن بۇ ياش نودەر سەل قورقتى بولغاي، بۇلۇڭ ئۈستەل ئۈستىدىكى ئالتۇن زەنجىر، بىلەزۈك، ھالقا ھەم بەش تال ئۈزۈكنى يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن مەتنۇرىنىڭ كىيىملىرىنى ئاختۇرۇپ پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇللا ئاشخانىغا كەلدى، قولۇپىنى قايرىپ سۇندۇرۇپ، تارتمىدىكى ھەممە پۇلنى پۇرلەپ قوينىغا تىقتى.

... نومۇس ھەم غەزەپ ئىچىدە تولغىنىپ تۇرالماي قالغان ئالىنۇر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق دېگىن، ھەدە، — ئەختەمنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى، — ئۇ، «دېرىزە سۇرتۇۋېتىپ، ئەينەك پارچىسى يۈزۈمگە چۈشتى» دېسە مەنمۇ ئىشىنىپتىمەن، دوختۇرخانىدا ئون ئالتە يىپ تىكتى.

— ئەمدى نەگە كەتمەكچىسەن؟

— ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىمەن، بۇ پاسكىنا ئۆيگە قەدەم باسمايمەن.

— ئۇكام، ئويلاپ باق، سەن ئون ئالتە ياشقا كىردىڭ، يول تاپالماي يامان يوللارغا كىرىپ كېتىسەن.

— مەيلى، بۇ يەردىكى خورلۇقتىن ياخشىدۇ. يا ئېتىلارمەن، يا سولىنارمەن، كەتكىنىم كەتكەن، — ئەختەم ھەدىسىگە قارىدى، — قانداق، پۇلدىن قىينالغان بولساڭ بېرەيمۇ؟

— ياق، بولدى، سەن كېتىمەن دەۋاتساڭ، مۇساپىرچىلىقتا پۇل ساڭا ھەمراھ. مەن دېگەن بۇ يەردە ھەر نېمە قىلسام جېنىمنى جان ئېتەلەيمەن.

ئەختەم خوشلىشىپ مېڭىشىغا ئالىنۇر ئارقىدىن ۋارقىرىدى:

— ئۇكام ئەختەم، يامان ئادەم، ئەسكى ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالما، ئۆزۈڭگە پۇختا بول.

ئەختەم كېتىپ، ئالىنۇر بىر ئايلارغىچە ئۇنى ئويلاپ يۈردى. ئۇ ئويلا ـ ئويلا بۇ ۋەيران بولغان ئائىلىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى دادىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئالىنۇر جاپا تارتىسىمۇ قىشلىق تەتىلگىچە تاماقتىن قىينالمىدى. ئۇ يېرىم يىللىق ئىمتىھاننى كۆڭۈلدىكىدەك بېرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىرى يۇرتىغا قايتىشىپ، مەكتەپ ئىچى مازارلىقتەك جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى. ئەمدى ئۇ نەگە بېرىشى كېرەك؟ ئۆيىگە ئەسلا بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇچتاشتىكى ئاشخانىدا ياتقۇدەك يەرمۇ يوق. بولغان تەقدىردىمۇ بىر قىز بالا ئۇچۇن ئىشەنچلىك ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

يەنىلا شۇ دوستى گۈلمېھرەگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە، پەزىلەت ئاپپاينىڭ ئۆيىگە پاناھلىق تىلەپ بېرىشى كېرەك.

*　　　*

كۆڭۈل خۇش، خاتىرجەم ھايات باشقا بولىدىكەن. پەزىلەت ئاپپاينىڭ ئۆيىدە ئۆتكەن كۈنلەر شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتتىكى، قىرىق كۈنلۈك قىشلىق تەتىلنىڭ قاچانلاردا توشۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئالىنۇر ئۇچتاشتىكى ئاشخانىغا سەھەر كېتىپ، كەچتە بىراقلا قايتىپ كېلەتتى. دەم ئېلىش ھەم ئارىلىقتىكى ۋاقىتلاردا گۈلمېھرە ئىككىسى تۆت ئېغىز ئۆينى تازىلاپ، پەردىلەرنى يەڭگۈشلەپ، ئەينەك ئىشكاپتىكى فارفۇر قاچىلارنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتەتتى. ئالىنۇرنىڭ ئىشچانلىقىدىن، چېۋەرلىكىدىن سۆيۈنگەن پەزىلەت: «ۋاي ئىسىت، ئوغلۇم بولغان بولسا ئۆزۈملا بالا قىلىۋالىدىكەنمەن، دەپ چاقچاق قىلاتتى. مانا ئەمدى ئالىنۇر مەكتىپىگە قايتماقچى بولۇۋىدى، ئانا ـ بالا ئىككىلىسىنىڭلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، سولتىيىپ قالدى، ھەتتا پەزىلەت ئاپپاي: «ئارىلىق يىراق بولمىغان بولسا، مۇشۇ يەردە يېتىپ، بارسىڭىزمۇ بوپتىكەن» دېدى.

ئالىنۇر قىشلىق تەتىلدە ئىشلەپ تاپقان ئۈچ يۈز سوم پۇلنى ئېلىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئۇ يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى ئۈچۈن تارقاتقان ماتېرىياللارنى تولۇق سېتىۋېلىپ، ئاشقان پۇلنى تاماق، تۇرمۇش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ قويدى، شۇنداقتىمۇ رەخمىجان غوجاينىڭ ئاشخانىسىدىكى مۇلازىملىقنى تاشلىمىدى.

ئوقۇش باشلىنىپ بىرەر ئاي ئۆتمەيلا خۇددى ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىكىگە ئوخشاشلا ئالىنۇرنى مالىيە بۆلۈمىگە چاقىردى. ئىشخانىدا مالىيە بۆلۈمى باشلىقى، كاسسىر، بوغالتىرلار ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇرۇن بىر قېتىم بېشىدىن

ئۆتكەن ئوڭايسىزلىنىش، خىجىللىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى.

— ئالىنۇر، مانا يېرىم يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى باشلىق سىپايىلىك بىلەن، — ئوقۇش پۇلىنى بۇنداق ئارقىغا سۆرىۋەرسەك بولماس. بۇ بىر تۈزۈم، كۆتۈرۈۋېتىشكە شەرتىڭىز توشمايدۇ. دادىڭىزنىڭ نەچچە يەردە تىجارەت ئورۇنلىرى بار.

— قانداق قىلىشىمنى مەنمۇ ئۇقالمىدىم، — دېدى ئالىنۇر بېشىنى سالغان هالدا، — دادام كېلىپ قالسا بېرىۋېتەتتى.

— بېرىدىغان نىيىتى بولسا گەپ - سۆزسىز قېچىپ كېتەمدۇ؟ — سۆز قىستۇردى بوغالتىر بالا، — ئەڭ بولمىسا تېلېفون بېرىپ ئۆزرىسىنى سورايدىغان گەپ، ئۇنىمۇ قىلمىسا.

— تۇرغۇنجان بىلەن راملىغا دېسەك، — دېدى كاسسىر ئايال قاپىقىنى ئاچماي، — «مائاشىمىزدىن تۇتۇڭلار» دەيدۇ. ئەمدى سىزگە ياخشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلار زىيان تارتسۇنمۇ؟ ئىككى بالىسى ئوقۇۋاتسا.

— مەن مەكتەپتىن چېكىنەي، — ئالىنۇر يىغلىۋەتتى، — بۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمەڭلار، سىلەرگە ئۆز قولۇمدىن هۆججەت بېرىمەن. ئاشخانا، رېستورانلاردا ئىشلەپ تۆلىۋېتىشكە كۆزۈم يېتىدۇ.

— نەدە تەييار تۇرغان ئىش ئورنىكەن ئۇ؟ — كاسسىر ئايالنىڭ بۇ ئاچچىق گېپى باشلىقنى ياقمىدى بولغاي، كۆز ئىشارىسى قىلدى.

— مەن بىر قېتىم تەتىلدە ئىشلەپ ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەككىز يۈز سوم پۇلىنى تۆلىگەن. مۇشۇ تەتىلدىمۇ ئۈچ يۈز سومغا ئىشلىدىم، — ئالىنۇر ئورنىدىن تۇردى، — قەغەز بولسا بېرىڭلار، ئۆز قولۇمدىن هۆججەت بېرىپ ئاندىن كېتەي، تۆلىمىسەم ئىت بولۇپ كېتەي.

— توختاڭ، ئالىنۇر، مەكتەپتىن چېكىنىمەن دېگەن گەپنى قىلماڭ، بىز يەنە ئارقىغا سۈرەيلى، — دېدى مالىيە بۆلۈمى

باشلىقى ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە، — ئاڭغىچە دادىڭىز كېلىپ قالسا تېخى ياخشى.

كۆنلەر ئەندىكىش، دەككە ـ دۈككىدە ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ تاماقتا ئېشىنىپ ئېلىپ قويغان پۇلىمۇ تۈگىدى. شۇڭا، دەم ئېلىش كۈنلىرى، ھەر كۈنى چۈش ھەم كەچلەردە رەخمىجاننىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ ئىشلەپ، كېچىلىرى دەرس تەكرارلاپ سائەت ـ مىنۇتلارنى قان ـ ياش تۆكۈپ ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئالىنۇر ئەمدى دادىسىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئەگەر ئۇ كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئېگىلمەيدۇ، يېلىنمايدۇ. دەرۋەقە دادىسىنىڭ ئالا كۆڭلى، قارا نىيىتى بەش قولدەك ئايان بولدى. ئالىنۇر ئوقۇماي، دادىسىغا ھەقسىز ئىشلەپ بەرسە، ئۇنىڭ بىر پۇلى ئون، ئون پۇلى يۈز بولسىلا بولدى، بەس. قىزىنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالى بىلەن نېمە ئىشى؟!

ئالىنۇر غەم ـ تەشۋىش ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى قىسمىتى بىلەن قالغاندا، خۇددى «ئېشىكى ئۆلۈۋاتسا، كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك، بەختىيار ھەر كۈنى خەت سۇنۇپ، جاۋاب تەلەپ قىلىپ ئۇنى بىزار قىلىۋەتتى.

— مەن نېمە غەمدە، سىز نېمە كويدا؟ — ۋارقىرىدى ئالىنۇر، — بۇنىڭدىن كېيىن تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماڭ. مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇنىڭسىزمۇ تارتىۋاتقان كۈنلىرىم ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشىدۇ. دادام دېگەن قارا نىيەتنىڭ دەردىنى تارتايمۇ؟ ئۆگەي ئاپام گۈلنىسا بۇزۇقنىڭ خورلۇقىنى تارتايمۇ؟ مەكتەپنىڭ بېسىمى ئۇنىڭدىن ئېغىر... ئەمدى سىزنىڭ قىستاشلىرىڭىزغا قالدىممۇ؟! ھازىر مەن ئۇچۇن كۆڭۈل، يۈرەك، مۇھەببەت دېگەن نەرسىلەر بىر پارچە نانغا ئەرزىمەيدۇ.

بۇ ناتىۋان قىزنىڭ يەلكىسىگە ئۇست ـ ئۇستىلەپ ئارتىلىۋاتقان روھىي ۋە ماددىي بېسىملار ئۇنى ئاچچىق تىللىق قىلىپ قويغانىدى. ئۇ غەزىپىدە، ئائىلىسىدىكى كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنىمۇ قوشۇپ دەۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئالىنۇر

قىلغان قوپاللىقىدىن ئازابلىنىپ يۈرگەن بىر كۈنى، بەختىيارنىڭ شىشەندىكى بىر ئالىي مەكتەپكە يۆتكىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولدى. بىراق، ئۇنى ئىزدەپ بېرىشقا غۇرۇرى ئۇنىمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئۇمىدلەندۇرۇپ قويۇشتىن قورقتى. ئالىنۇر شۇ كۈنى رەخىمجاننىڭ ئاشخانىسىدىن كەچلەپ قايتىپ كېلىپ ياتىقىدا دەرس تەكرارلىدى. تۈزۈم بويىچە ئۇخلاشقا سىگنال چېلىنىشى بىلەن قىزلار ئورۇنلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئالىنۇر ئۇلارنىڭ دەم ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تۇيدۇرماي سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ مەكتەپ بېغىدىكى چىراغ تۈۋىگە كېلىپ، ماتېرىياللىرىنى سېمونت ئورۇندۇققا يايدى. ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. بىر چاغدىلا يېنىدا بىر سايىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن ئالىنۇر چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى. مىسكىن چىراي بەختىيار ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا بىر دەستە ماتېرىيال تۇراتتى. بالىلار ھەممىسى ئۇيقۇغا چۆككەن بۇ كېچىكىدە ئۇنىڭ ئاتايىن ئىزدەپ كېلىشى كىم ئۈچۈن ھەم نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىدى. ئالىنۇر بەختىيارنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە، روھسىز سىماسىغا قاراپ، ئۆتكەندە قىلغان قوپال گەپلىرى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆكۈندى. ئەلۋەتتە، تۇرمۇش ئاچاللىرىدا ئامالسىز تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگىنىدە، گۈلنىسانىڭ يۈزىگە نىجاسەت سۈۋىماقچى بولغانلىقى، مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن بېسىم قىلغانلىقى، دادىسىنىڭ ئۇنى ئالدىغانلىقى قاتارلىق قاتمۇ قات كەلگەن ئەلەملەر دەستىدىن ئۇ نېمە دەۋەتكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. بۇنداق قوپاللىق خاتىرجەم ھاياتتا يۈز بەرگەن بولسا، دەرۋەقە بۇ ئىنسانىي پەزىلەت ئەمەس ئىدى.

— ئاڭلىسام، شىشەندە ئوقۇيدىغان بوپسىز، — دېدى ئالىنۇر ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ، — سىزنى تەبرىكلەيمەن.

— ئۇخلىسام چۈشۈمدىمۇ يوق ئىش ئىدى، — بەختىيار

بەكمۇ مەيۈس كۆرۈنەتتى، — دادام ئىستاتىستىكا يىغىنىغا
قاتنىششقا بېرىپ، شىئەن «چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى»
بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىپ كەپتۇ. ئىنگلىز تىلى
فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان ئوخشايمەن.
— قاچان ماڭىسىز؟
— ئەتە مەكتەپتىن كەتمەكچى، شۇڭا سىزگە دەيدىغان
گەپلىرىم بار ئىدى.
— بەختىيار، بولدى دېمەڭ، ماڭا ھەممىسى چۈشىنىشلىك، —
ئالىنۇر كەسكىن رەت قىلدى، — ئۆتكەنكى قوپاللىقىم ئۈچۈن
سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. مېنى ئەپۇ قىلىڭ، نېمىلەرنى دەپ
سىزنى رەنجىتكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان.
— مەن ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم، — دېدى بەختىيار، — ئۇ
چاغدا سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز ياخشى ئەمەس ئىدى، بىراق
مەن ئۇنى ئويلىمايلا...
— توغرا چۈشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزدىن مىننەتدار-
مەن، — ئالىنۇر قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى، — ئەمما ئىك-
كىمىزنىڭ ئىشى ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر چۈش. ئويلاپ كۆ-
رۈڭ، مېنىڭ تەقدىرىم خۇددى گۆردەك ئۆزۈمگە قاراڭغۇ. بۇ-
نىڭدىن كېيىن نېمە بولۇپ كېتىشىم، قانداق يوللارغا كى-
رىپ، نەلەردە تاسقىلىپ، قايسى كوچىلاردا قايمۇقۇپ، يىقىلىپ
قېلىشىمنى بىلمەيمەن. مەن ياشاشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەن-
لىكىنى ئەمدىلا ھېس قىلدىم. ئۆلمەك ئاسان ئىكەن، ئېسىل-
ساڭمۇ، دورا ئىچسەڭمۇ، سۇغا تاشلىساڭمۇ ھاياتتىن ۋىدالى-
شىش بىردەملىك ئىكەن، ئەمما ياشاش، جاننىڭ چىقمىقى تەس
ئىكەن! ئۇنىڭغا خورلۇق، ئازاب، كۈلپەت، نادامەت چېكىشلەر-
دىن ئىبارەت بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىكەن. ھازىر ماڭا
مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈن بىر پارچە نان، يې-
تىش ئۈچۈن ئۆڭكۈر بولسىمۇ بىر ماكان لازىم. مەن ئەمدى
مۇشۇنداق قارا تەقدىرىمگە ئالتۇندىن ھەل بېرىپ ياسالما بو-

لۇپ ياشاشنى، ئۆزۈمنى ئالداشنى خالىمايمەن!
— ئالىنۇر، مەن سىزنى چىن دىلىمدىن... مەڭگۈگە...
— بۇنداق چىرايلىق گەپلەر كىتابلارغا يېزىلىشقا يارىشىدۇ، — ئالىنۇر تەئەددى بىلەن كۈلدى، — بەختىيار، كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، مەن گەرچە ئاشۇنداق بىقۇۋۇل بىنەزەر، گاڭگىراش ئىچىدە قالغان قىز بولساممۇ لېكىن ئىچىمگە پۈككەن پىلانلىرىم، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم، يەتمەكچى بولغان مەنزىللىرىم شۇنچە كۆپ، شۇنچىلىك ئۇزاق، يېتەلەمدىم، ئېرىشەلەمدىم، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. شۇ جەرياندىكى ئازاب ـ جاپالارغا يەنە بىر كىمنى ئورتاق قىلىپ بەختسىزلىك گىردابىدا قىينىغۇم يوق!
— ئالىنۇر، گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەن سىزنى...
— دېدىمغۇ، بۇنداق گەپلەر ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ دەپ. مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — ئالىنۇر ئورنىدىن تۇردى، — خوش ئەمىسە، مېڭىپ قالسىڭىز ئاقيوللۇق بولۇڭ.
— ئالىنۇر، توختاڭ، — بەختىيار قولتۇقىدىكى بىر باغلام بولاقنى ئالىنۇرغا تۇتقۇزدى، — بۇ ماتېرىياللار سىزدە قالسۇن، ئەمدى ماڭا لازىمى قالمىدى.
بەختىيار كېتىپ، ئالىنۇر ئۇزاق ئۆتمەيلا چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر كۈن كەچكىچە روھسىز، مادارسىز ئاشخانىغا، دەرسخانىغا قاترايتتى. ئاشخانىغا ئۆلمەسلىك ئۈچۈن بارسا، سىنىپىغا رەسمىيەت ئۈچۈنلا كىرەتتى. خۇددى روھى چۈشكەن ئادەمنىڭ ئېتىمۇ چاپالماس بولۇپ قالغىنىدەك، ئۇنىڭ زېھنىياتىمۇ گاللىشىپ، تۆۋەنلەپ بارماقتا ئىدى. ئۆتۈلگەن دەرسلەر غەيرىي خىياللار، ئەندىشە، ئەنسىرەش، قورقۇنچلار بىلەن ئارىلىشىپ كاللىسىغا كىرمەيتتى. جاراھەتلەنگەن يۈرىكىدە يېتىمسىراش، تەنھالىق، غېرىبلىق، مىسكىنلىك روھىي ئەلەملىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ ئاستا ـ ئاستا يېقىن ـ يورۇقلىرىدىن يىراقلاشتى. يالغۇزلۇقنى كۆڭلى تارتىدىغان،

بىرەر كىم بىلەن پاراڭلىشىشنى، ئىچىدىكى پىغانلىرىنى تۆكۈشنى خالىمايدىغان ھەم يېلىنىپ ـ يالۋۇرمايدىغان تىنىق كۆل سۈيىدەك بىسىقىپ قالدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئالىنۇر ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدا زورۇقۇپ ئوقۇشتىن رايى ياندى، شۇنداقتىمۇ يىللىق ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بىراق، ئىيۇلنىڭ ئالتىنچى كۈنى بوغالتىرىيە بۆلۈمىگە كىرىپ، ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سومغا ھۆججەت يېزىپ قولىنى قويدى، ئاندىن كونا ھۆججەتنى يىرتىپ دادىسىنى قەرزدىن خالاس قىلدى. ئۇ ئوقۇشتىن چېكىنىپ مەكتەپنىڭ پۇلىنى تۆلەش قارارىغا كەلگەنىدى، چۈنكى يېڭى ئوقۇش يىلى ئۇچۇن يەنە ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سوم تۆلەشكە توغرا كېلەتتى.

ئالىنۇر بوغالتىرىيە بۆلۈمىدىن يىغلىغانچە چىقىپ، ياتىقىغا كىردى ـ دە چامادان، سومكىلىرىنى ئېلىپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىگە، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى قاراۋۇل ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى. ئالىنۇر، بەختىيارنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھاللا ئاچتى ـ دە، دەرۋازا دالدىسىدا ئوقۇشقا باشلىدى. خەتتىكى: «كۆيدۈم ـ پىشتىم ـ سېغىندىم، ئۇنتۇيالمىدىم...» دېگەندەك مۇھەببەتكە تالىق سەھىپىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئاخىرقى قۇرلارنى ئالدىرىماي ئوقۇدى:

«سۆيۈملۈك ھەم قەدىرلىك ئالىنۇر، مەن شىئەن چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى يېرىم يىللىق ئىنگلىز تىلى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇۋاتىمەن. 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ‹توفېل› (TOFFEL) ئىمتىھانىغا قاتناشماقچىمەن. بۇ ئىمتىھاننى چەت ئەل پىروفېسسورلىرى سوئال چىقىرىپ ئۆزلىرى ئالىدىغان

www.uyghurkitap.com

يۇقىرى دەرىجىلىك ئىمتىھان ئىكەن. بۇ ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەنلەر چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدىكەن. لېكىن، مەن سىز ئۈچۈن ئوقۇش پۈتكۈزۈپ شىنجاڭغا قايتىمەن ۋە دەرھال مەكتەپكە بېرىپ سىزنى ئىزدەيمەن.»

ئالىنۇر ئۆزىنى ھاياجان ۋە ئىزتىراپقا سالالمىغان، شېرىن ھېس - تۇيغۇلار ئاتا قىلالمىغان، ياشلىق يۈرىكىدىكى ئەنسىزلىك داغلىرىنى يۇيۇشقا قۇربى يەتمىگەن بۇ خەتكە سوغۇق نەزەردە باقتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئاۋايلاپ سومكىسىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار كېتىپ چۆلسىرەپ قالغان مەكتەپكە كۆز قىيالماي ئاخىرقى قېتىم قارىدى. ئاشۇ چوقچىيىپ تۇرغان ئوقۇتۇش بىناسى، قوش بالىلىرى ئۇچۇپ بولغان ئۇۋىدەك ھۇۋۇلداپ قالغان تۆت قەۋەتلىك ياتاق ئۆيلەر، مازار بېشىدەك سۈرلۈك كۆرۈنگەن مەيدان، تالاي كېچىلەر ھەمراھ بولغان كىچىككىنە باغچىدىكى يالغۇز چىراغ ھەممە — ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك سۈكۈتتە ئىدى. راست ئەمەسمۇ، ئۇ بۇ مەكتەپكە دىلىنى بىلىم بىلەن تولدۇرۇپ، ھىدايەت نۇرىنى كۆرىمەن، دەپ نىمە ئۈمىدلەر بىلەن كەلمىدى؟! ئەپسۇس، ئۇنىڭ كۆڭلى ھەسرەت - نادامەت، خورلۇقلارغا لىپمۇ لىپ تولدى. شۇنداقتىمۇ، مەكتەپ يەنىلا مېھرى ئىسسىق، كۆيۈمچان ئانىدەك بىلىندى.

ئالىنۇر بازارنىڭ ئۇزۇن كوچىسىدىن ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ كېتىپ قالدى. ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى، ئەمدى نەگە بېرىشى كېرەك؟! گەرچە ئۇنىڭ يۈزى دەزمال ياققاندەك كۆيۈپ تۇرسىمۇ، بىئامال ھالدا دوستى گۈلمېھرەنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «پەزىلەت ئاپپاينىڭ ئۆيىدە تۇرغاچ، ئېغىر ھەم پاسكىنا بولسىمۇ پۇلى ياخشىراق ئىش ئورنى تېپىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىككى خىل

مەقسەت ئۈچۈن چاچرىتىپ تۇراتتى. بىرى، پۇل تېپىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئېچىلىۋاتقان كۇرسلاردا بىرنەچچە قارار ئوقۇپ مۇكەممەل بىلىم ئېگىلەش، يەنە بىرسى بولسا مەكتەپنىڭ قەرزىنى تۆلەش.

## 22

ئالىنۇر ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئىش ئورنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىكى تام ـ تاختايلارغا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە چاپلانغان خىلمۇخىل ئېلانلارنى كۆرەتتى ھەم ئادرېس بويىچە ئىزدەپ باراتتى ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال ئۇقۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، پالانچى مىڭ سوم زاكالەت تاپشۇرىسەن دېسە، بەزىلىرى كىملىك ھەم نوپۇسۇڭ يوق ئىكەن، دەپ قايتۇراتتى. ھەتتا كومپيۇتېر ئىشلىتىش ياكى بوغالتىرلىقتەك ئىلمىي ئىش تۇرىدىكىلەر دىپلوم سورۇشتە قىلاتتى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ئالىنۇر كەچتە قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن باش كۆتۈرمەي يېتىپ چىققان «بىردىنبىر چىقىش يولى ئالىي مەكتەپكە كىرىشمۇ؟» دېگەن ماقالىسىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ، جۇملىلىرىگە ئىشلەپ تەييار قىلدى. ئۇ ئەتىسى ئىش ئورنى ئىزدەشكە بارماي «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىگە كەلدى ھەم مەسئۇل مۇھەررىر يالقۇن بىلەن كۆرۈشۈپ ماقالىسىنى بەردى. بۇنداق پاكىز مۇھىت، نەپىس خىزمەت ئۇستەللىرى، رەتلىك كىيىنگەن مۇھەررىرلەر خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشخانىلارغا كىرىپ باقمىغان ئالىنۇر قورۇنۇپ ئولتۇردى. بۇ ئازادە، كەڭ ئىشخانا شۇنچىلىك تىنچ ـ تىۋىشسىز ئىدىكى، بۇ سۈرلۈك جىمجىتلىقنى پەقەت قەلەملەرنىڭ كىرتىلدىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان، قاپقارا چاچلىرىنى پارقىرىتىپ ئارقىسىغا

تارىغان ئاق يۈزلۈك، قارا قاشلىق مۇھەررىر يالقۇن ماقالىنى ئىچىدە ئوقۇپ تۈگىتىپ بېشىنى كۆتۈردى:

— ئوبدان ماقالە بوپتۇ، بىز ئىشلىتەيلى، — دېدى يالقۇن ئالىنۇرغا گۇمان بىلەن قاراپ، — سىز بۇرۇن ئانچە-مۇنچە يېزىپ باققانمۇ؟

— ياق، لېكىن گېزىت-ژۇرناللارنى كۆپ كۆرىمەن.

— نەدە ئىشلەيسىز؟

— مەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئوقۇغۇچى. ئىش ئورنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

— مۇنداق دەڭ. ماقالىڭىزدە ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر نۇقتىنى شەرھلەپسىز، — يالقۇن باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە تەسىرى بولمىسۇن دېگەندەك پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى، — ھەقىقەتەن بىرنەچچە نومۇر سەۋەبىدىن ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمەي قالغان باللار بىردىنلا چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھى كەم.

— قانداق، باسامسىلەر؟ — ئالىنۇر ساددىلىق بىلەن سورىدى، — دېمەكچى بولغىنىم سىزگە يارىدىمۇ؟

— بايا دېدىمغۇ، چوقۇم ئىشلىتىمىز، بەلكىم گېزىتىمىزنىڭ كېلەر ھەپتىلىك سانلىرىغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. تۇرۇشلۇق ئورنىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بېرىڭ.

ئالىنۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن شۇنداق خۇشال چىقتىكى، گويا قانات ياساپ ئۇچىدىغاندەك يېنىكلەپ قالغانىدى. بۇ ئاي، بۇ يىللاردا كۆڭۈل خۇشلۇقى، خاتىرجەملىك، شادلىق دېگەندەك ھېسسىي تۇيغۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، غەم-تەشۋىشلەر ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مانا بۈگۈن مۇھەررىر يالقۇننىڭ بىر ئېغىز لەۋزى بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلىدى. تۇۋا، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ زىل نەرسە-دە. ئالىنۇر يالقۇننىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلاش بىلەن يۈرىكىدىكى غەم تۇمانلىرى تارقىلىپ

ئۇنىڭ ئورنىنى شادلىق شولىلىرى قاپلىدى. كۆزلىرى كۈلۈپ، چېھرى قىزىلگۈلدەك ئېچىلدى، ھەتتا ئۇ قانداقتۇر شوخ بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى دىمىقىدا غىڭشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئالىنۇر شۇ كېچىسى، ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىدە پىشۇلدۇرۇپ كېلىۋاتقان بالىلار تېمىسىغا قەلەم تەۋرەتتى. ئۇ بۇ «ئەسىرى»نى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىغا بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ كېچىلىرى يېزىپ، كۈندۈزلىرى يەنىلا ئىش ئورنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى «ئۈمىد ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى»گە خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ باردى. بىراق، دىرېكتور رايىدىن ئۇنى «كىملىكىڭىز ھەم نوپۇسىڭىز يوق ئىكەن» دەپ ياندۇردى. كۆڭلى غەش ھالدا قايتىپ كەلگەن ئالىنۇر ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. تېلېفوندا مۇھەررىر يالقۇننىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. ئۇ ئالىنۇرنى «تەھرىر بۆلۈمىمىزگە تېز كېلىڭ» دەپ ئۇقتۇردى.

ئالىنۇر «بۇ شۇم خەۋەر بولۇپ قالارمۇ؟ ئەستايىدىل كۆرسەك، ئىشلىتىشكە بولمايدىكەن دېسىچۇ» دېگەندەك ئويلار بىلەن تەھرىر بۆلۈمىگە قورقۇپراق كىرىپ كەلدى. ئەمما، يالقۇن ئۇنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى ھەم «قېنى ئولتۇرۇڭ» دەپ ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلدى، ئاندىن بىر سان گېزىتنى ئېلىپ سۇندى.

— قېنى كۆرۈپ بېقىڭ، كۆپ قىسقارتىلمىدى.

ئالىنۇر گېزىتنىڭ ئوتتۇرىغا چوڭ قىلىپ ئېلىنغان: «بىردىنبىر چىقىش يولى ئالىي مەكتەپكە كىرىشمۇ» دېگەن ماۋزۇنى كۆرۈپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ خۇشاللىقىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يېزىپ تۇرۇڭ، — دېدى يالقۇن ئىلھام بېرىپ، — ھە، «ئىش ئورنى ئىزدەپ يۈرىمەن» دەۋاتاتتىڭىز، تاپالىدىڭىزمۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ياق، تېخى تاپالمىدىم، — ئالىنۇر ئېغىر تىنىپ قويدى، — «ئۈمىد ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى»گە ئادەم ئالدىكەن دەپ بارسام، كىملىكىڭىز يوق ئىكەن، دەپ قايتۇرۇۋەتتى.

— دىرېكتور رايىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— ئاشۇ ئادەم ئۇنىمىدى، — ئالىنۇر ئىشخانىدىكى بىرنەچچە مۇھەررىرلەرگە قاراپ قويۇپ گېپىنى يۇتۇۋەتكەنىدى، يالقۇن ئۇنى كارىدورغا باشلاپ چىقتى ھەم «قېنى سۆزلەڭ» دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى. ئالىنۇر بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەۋېتىپ يىغلىۋەتتى. كىچىككىنە بىر قىزنىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلىغان يالقۇننىڭ چىرايىنى ئېچىنىش ھەم غەزەپلىنىش تۇمانلىرى قاپلىدى.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئىشخانىدىكىلەرگە دەپ قويۇپ چىقاي، — يالقۇن كىرىپ كېتىپ، ھايال بولمايلا چىقتى، — يۈرۈڭ، ئەمدى مەن سىزنى رايىدىننىڭ قېشىغا ئاپىراي. ئۇ مېنىڭ يېقىن تونۇشۇم بولىدۇ.

يالقۇن ئالىنۇرنى تاكسىغا سېلىپ ئەكەتتى. ئۇلار جەنۇبىي ئازادلىق يولى ئارقىلىق بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى. «ئۈمىد ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى» دېگەن چوڭ ۋىۋىسكا ئېسىلغان دۇكان ئىچى ئىنتايىن چوڭ ھەم ئازادە بولۇپ، ئېسىل بېزەلگەنىدى. ئىشىك تۈۋىدىكى مۇرىلىرىگە چاپراس قىزىل شەلپەر ئاسقان ئىككى قىز كىرگەن خېرىدارلارغا ئېگىلىپ سالام قىلاتتى ھەم «خۇش كەپسىز، مەرھەمەت» دەپ ئىللىق چىراي كۆرسىتىۋاتاتتى. ھەر خىل پاسوندا تىزىلغان ئەينەك پوكەيلەر ئىچىدىكى خىلمۇخىل ئالىي كەمپۈت، پېچىنە، بولكا، قات - قات، باقالى، تۇش، مېرىنكا، دورىلىق ئالاھىدىلىكى بار يېمەكلىكلەردىن ھۆممەل چاي، چامغۇر، ساپ نوقۇت، سۈتلۈك نوقۇت قۇۋۋەت تالقانلىرى قاتارلىق تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن سانىنى، تۈرىنى ھەم ئىسمىنىمۇ دەپ بەرگىلى

بولمايتتى، ھەتتا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن تاتلىق - تۈرۈملارمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

يالقۇن مۇلازىم قىزلاردىن رايىدىنىنىڭ ئىشخانىسىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، بۇلغار قاپلانغان ئىشىكنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. ھايال ئۆتمەي ئىچكىرىدىن ئىجازەت بېرىلدى. يالقۇن بىلەن ئالىنۇر ئەيمىنىپقىنا كىرىپ كەلگەندە ئوتتۇز يەتتە - ئوتتۇز سەككىز ياشلارنىڭ قارىسىنىڭ ئالغان، ئاق يىشماق، دوغىلاق، ئوتتۇرا بوي، چوققا چاچلىرى سەل شالاڭلاشقان رايىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ يالقۇن بىلەن كۆرۈشتى. ئالىنۇرغا بولسا باش ئىشارىسى قىلىپ قويدى. ئىشخانا ئۆزگىچە زىننەتلەنگەن بولۇپ، يېرىم ئاي شەكلىدە ياسالغان قوڭۇر رەڭلىك خىزمەت ئۈستىلى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. يالقۇن دىرېكتور بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئالىنۇرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداشلىق، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىدىغان روھىنى ئالاھىدە تەرىپلەپ ئۆتتى.

— مانا كۆرۈپ باق، — دېدى يالقۇن گېزىتنى سۇنۇپ، — بۇ ئالىنۇرنىڭ يېقىندا يازغان ماقالىسى. شۇنچىۋالا بېسىملار ئىچىدە تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۇزۇكسىز ئىزدەنگەن.

دىرېكتور ماقالىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن چىرايى ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇ كىملىكى، نوپۇسى يوق قىزلارنىڭ تۇرار جايى ئېنىق بولمىغاچقا ئىشەنچىسىز بولىدىغانلىقى، شىركەتتە ھەر خىل ئەھۋاللارنى تۇغدۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كېتىدىغانلىقى، ساقچى ئورۇنلىرىنىڭمۇ بۇنداق ئاساسى يوق باللارنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇشى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

— بوپتۇ، سەن بۇ قىزغا كېپىل بولغاندىن كېيىن ئېلىپ قالاي، — دېدى رايىدىن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، — لېكىن بىرەر چاتاق چىقسا سېنى تۇتىمەن جۇمۇ.

www.uyghurkitap.com

— خاتىرجەم بول، سېنى ئاۋارە قىلمايلا ساقچىغا ئۆزۈم بارىمەن.

مەسئۇل خادىمدىن بىر قۇر خىزمەت كېيىمى تاپشۇرۇۋالغان ئالىنۇرنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بېرىپ گۈلمېھرەنى قۇچاقلاپ سۆيۈپلا كەتتى. گۈلمېھرەگە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىن چاقىرىق كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلار قايتىدىنلا كارىۋات ئۈستىدە يومىلاقلىشىپ، ۋارقىرىشىپ، چىرقىرىشىپ كېتىشتى. بۇ خۇشاللىقتا ئىككىسى قولىغا دەسمال ئېلىپ ئۆي جاھازلىرىنى سۈرتتى، ئۆمىلەپ يۈرۈپ پوللارنى دەسماللىدى، ئازغىنا ئىسلىشىپ قالغان دېرىزە پەردە، چامادان، دىۋان ياپقۇچلىرىنى كىر ئالغۇغا سېلىپ يۇيۇشتى، كەچتە ئۆزلىرىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ يېتىپ قېلىشتى.

ئالىنۇر تورت ساتىدىغان پوكەيدە مال ساتقۇچى بولۇپ قالدى. دۇكان غوجايىنى ئۇنىڭغا خېرىدارلارغا قانداق مۇلازىمەت قىلىش، زېرىكمەسلىك، تېرىكمەسلىك، «نېمانچە كۆپ سورايسەن» دەپ قوپاللىق قىلماسلىق قاتارلىق نۇرغۇن قائىدە - نىزاملارنى ئەسكەرتىپ سۆزلىدى. ئالىنۇرمۇ: «چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، ھەدە» دەپ ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈردى.

گەرچە ئۇنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئوقۇش ئىشى سۇغا چىلاشقانىدى. چۈنكى، دۇكان خادىملىرى كەچ سائەت ئونلاردا ئىشتىن چۈشەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئېچىلغان كەچ كۇرسلاردا ئوقۇشقا پۇرسەت چىقمايتتى. كېچە - كۈندۈز ئوقۇش كويىدا كۆيۈپ پىشىۋاتقان بۇ قىز ئۆزى ئىشلەۋاتسىمۇ كۆڭلى بىلىم يۇرتلىرىدا پەرۋاز قىلاتتى. بۇنداق تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش، ئارزۇ - تىلەككە يېتىش داۋاملىشىپ ئىككى ئاي ئۆتتى. بىر دەم ئېلىش كۈنى ئالىنۇر سوپۇن،

چىش پاستىسى، لۆڭگە دېگەندەك تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن دۆڭكۆۋرۈكتىكى ماگىزىنغا كەلگەندە، غۇلجا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بايكۆللۈك ساۋاقدىشى مەۋلۇدە ئۇچراپ قالدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى. ئالىنۇر ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ بىرىنچى يىللىق سىنىپتا ئوقۇيتتى.

— قاچان كەلدىڭ؟ — سورىدى ئالىنۇر، — شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

— كەلگىلى يىگىرمە كۈندەك بولدى، — مەۋلۇدە بەك ساددا قىز ئىدى، — ئىككى يىل ئۇدا نومۇرۇم كەملەپ قېلىپ قايتا پۇل تۆلەپ ئوقۇدۇم. خۇدايىمنىڭ رەھمى كەلدىمۇ نېمە، بۇ يىل ئۆتۈپ قالدىم دېسە، ھە، سەنچۇ؟

— ئىشلەۋاتىمەن، قانداق، غۇلجىدىكى تۇغقانلار تىنچلىقتۇ؟

— موماڭ بايكۆلدىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە نەۋرىلىرىنى كۆرگىلى چىقىپتىكەن، شۇ چاغدا بىر كۆردۈم، چاچلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كېتىپتۇ. سېنى خەت يازمىدى، دەپ ئاغرىنىپ قاپتۇ.

— يازمىدىم ئەمەس، يازدىم، لېكىن پەقەتلا جاۋاب يوق. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساۋاتسىز بولغاچقا خەت يېزىپ بېرىدىغان ئادەم تاپالمىدۇ، ئۇقمىدىم، ئاخىر مەنمۇ يېزىۋېرىپ زېرىكتىم.

— ھە راست، رىشات ئۇكاڭنى قولىقى ئاڭلىمايدۇ دەپ مەكتەپكە بەرمەي، ھادىلكام ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋاپتۇ، — دېدى مەۋلۇدە ئېچىنغان ھالدا، — سىڭلىڭ مۇنىرە بولسا شەھەردە بىر كادىرنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتىدۇ.

— نېمە؟ — ئالىنۇر چۆچۈپ كەتتى، — ئۇنىڭ بىر پۇتى ئاجىز تۇرسا.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئاڭلىساق ئۇ قىز سەل خارلىنىپ قاپتۇدەك.

— راستىما؟ — ئالىنۇرنىڭ كۆزلىرىگە يىغا ياماشتى، — ئېنىقراق دېگىنە.

— ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ خېلى ياخشى ئادەملەر دېيىشىدۇ، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىككى قىزى بار ئىمىش، ئۇلار: «هوي توكۇر، ئايغىمنى تازىلاپ بەر»، «هوي توكۇر، ئەخلەتنى تۆكمەمسەنغۇ» دەپ دۆشكەلەپ، ئىسمى يوقلا توكۇر دەر ئىمىش.

ئالىنۇرنىڭ يۈزىدىن قان قاچتى، ئاچچىق هەم ئېچىنىش تۇيغۇسى بىر دەمدىلا پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ كۆزلىرى لىپمۇلىپ سۇزۇك ياشلارغا تولدى. ئۇ مەۋلۇدە بىلەن خوشلىشىپ، پەزىلەت ئاپپاينىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمىدى، پەقەت ئىككى قىزنىڭ سىڭلىسىنى خورلاۋاتقانلىقى كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى. كەچتە بىر ئائىلە كىشىلىرى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇشقىنىدا پەزىلەت دوختۇر ئۇنىڭ خامۇش چىرايىدىن سەل گۇمانلىنىپ گەپ سورىۋىدى، ئالىنۇر يىغلاپ سالدى هەم ئاجىز سىڭلىسىنىڭ خورلۇق ئىچىدە تارتىۋاتقان كۈنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— قېنى دەڭا، قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — سورىدى پەزىلەت، — قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالامسىز يا؟

— هەئە، رايىدىنكامدىن بىر هەپتىلىك رۇخسەت سوراپ غۇلجىغا بارىمەن، — ئالىنۇر قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى، — ئۇ تېخى ئون بىر ياش تۇرسا. ئوقۇتمىغاننى ئاز دەپ، كىچىك تۇرۇپلا كىشىلەر بوسۇغىسىدا ئېزىلىپ كەتسە بولامدۇ؟

— ئۇبدان ئويلاپسىز، سىلەر دېگەن قېرىنداش ئەمەسمۇ، — دېدى پەزىلەت دوختۇر، — بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىپ قويسىڭىز، مەكتەپكە بەرمەيمىزمۇ؟

— رەهمەت، سىڭلىمنى ئەكەلگەن تەقدىردە ئۆي ئىجارىگە ئالىمەن. هېلىمۇ سىلەرنى كۆپ ئاۋارىچىلىككە سالدىم.

— بۇ گەپ ئاغزىڭدىن قانداق چىقتى؟ — گۈلمېهرە خاپا

بولدى، ــ قوشكىزەك ھەدە ـ سىڭىللاردەك ئۆتۈۋاتمايمىزمۇ.
ــ گۇلمېھرە راست ئېيتتىدۇ، بىر بالا دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق، ــ دېدى پەزىلەت، ــ ئۆيلەر كەڭتاشا تۇرسا، يەنە نېمىدىن قورۇنىسىز؟
ئالىنۇر ئەتىسى دىرېكتور رايىدىن بىلەن سۆزلەشتى. بىراق، باشلىقنىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ تەتۈرسى بولدى.
ــ ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتى تولۇق كېپىللىككە ئېرىشەلمەي تۇرغىنىدا ئۆگەي سىڭلىڭىزنى ئەكېلىپ، يۈكىڭىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاتماقچىمۇ؟ ــ دېدى رايىدىن جىددىي تەلەپپۇزدا، ــ باشقىلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇۋاتىسىز، ئەمدى سىڭلىڭىزغا قارامسىز، بۇ يەردىكى خىزمىتىڭىزنى قىلامسىز، ئالىي مەكتەپتىكى كەچ كۇرستا ئوقۇمسىز؟ زادى قايسىبىرىگە يېتىشىپ بولالايسىز؟
ــ بىر قورساقتا ياتقان سىڭلىم، بىر ئاجىزەنىڭ تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ بۇ يەردە قانداقمۇ قولۇم ئىشقا بارسۇن؟ ــ دېدى ئالىنۇر، ــ ئەكەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىمەن.
ــ توغرا، پەزىلەت دوختۇر دىيانەتلىك، ھىممەتلىك ئايال بولغاچقا، خەيرخاھلىق قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن، ئىككىڭلار تەك ئادەم ئۇ ئۆيدە تۇرساڭلا سىزنىڭمۇ يۈزىڭىز قىزىرىدۇ، ــ رايىدىن چوڭقۇر ئويلىغاندى، ــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم توۋت پۇتىڭىز يەر دەسسەپ تۇرالىغۇدەك، ئالايلى: مۇقىم خىزمەت ئورنى، تۇرالغۇ جاي، ئاز بولسىمۇ زاپاس ئىقتىساد بولغاندا ئەكەلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟
ــ ئۇ چاققىچە سىڭلىم خورلۇق ئىچىدە ياشامدۇ؟ مەن... مەن ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.
رايىدىن ئالىنۇرنىڭ ئىرادىسىگە، قېرىنداشلىق مېھرىگە، ھەرقانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرىدىغان تۇرگۇنلۇكىگە ئىچىدە

ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇنداقتىمۇ، سىڭلىسىنى ئەكەلسە ئۇنىڭ يەلكىسىگە يەنە بىر تاغ ئارتىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئالىنۇر پەزىلەت دوختۇر ئائىلىسىنىڭ كۆپ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، شىركەتتىكى ئىشىمۇ ئېغىر ئىدى. ھەر كۈنى ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي كېچىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەتتى. ئەمدى سىڭلىسىنى ئەكەلسە، ئۇنىڭ كىر ـ قاتلىرى، تامىقى، ئوقۇشى، ئۇستىبېشى قاتارلىق غەم ئۇنى ئۇستىلەپ باساتتى. رايىمدىن بۇ دىشۋارچىلىقلارنى ئويلاۋاتقىنىدا كۆڭلىگە لىپلا قىلىپ بىر شولا چۈشكەندەك بولدى.

— ئالىنۇر، مۇنداق قىلساق قانداق؟ مەن سىزگە ئون كۈنلۈك رۇخسەت بېرەي، — دېدى رايىمدىن خىيال بىلەن، — سىز غۇلجىغا بېرىپ سىڭلىڭىزنى نۇرتاي ھاجىمنىڭ مەكتىپىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ كەلسىڭىز قانداق؟

— راست، مۇشۇ ئىش ئەجەب ئېسىمگە كەلمەپتا، — ئالىنۇرنىڭ خۇشاللىقى يۈزىگە تەپتى، — رەھمەت، رايىمدىنكا، ئەجەب ياخشى مەسلىھەت بەردىڭىز.

بۇ ئوت يۈرەك، تىنىم تاپماس جاپاكەش قىز دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىدىن بەكمۇ خۇشال چىقتى. ئۇ پەزىلەت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

## 23

ئالىنۇر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئاجايىپ خۇشاللىق ھەم پاجىئەلەر قارار تاپقان دەريابويى كوچىسىدىكى مېھرى ئىللىق ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ مومىسى گۈلسۈمخان، ئاكىلىرى ئەسقەر، ئەكبەر، يەڭگىسى ساباھەت، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئەخمەتجان، ھەبىبەلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ھويلا ئىچى شادلىق يىغا ـ زار بىلەن

تولدى. ئالىنۇر مومىسىغا ئېسىلىپ زادىلا قويۇپ بەرمىدى. مومايىنىڭ مەزگىلسىز ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا يۈزلىرىنى سۈۋاپ، ئۇنىڭ تونۇش ھىدلىرى دىمىقىغا ئۇرۇلغانسېرى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ياشلىرىنى ئۇزاققىچە توختىتالمىدى. ئۇلار ساباھەتنىڭ چۈشكە ئۇلگۇرتۇپ ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى ئىچىپ، پاراڭغا چۈشكەندىلا، ئالىنۇر ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى ھەممىسىگە تارقىتىپ بەردى. ئۆيدە باشقىدىنلا خۇشاللىق، كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى. ئالىنۇر دادىسىنىڭ نامەردلىكلىرىنى، گۈلنىسانىڭ رەسۋاچىلىقلىرىنى ئېيتىشنى خالىمىدى. پەقەت ئۇلار توغرۇلۇق سورالغان سوئاللارغا، دادىسىنىڭ بىر يىل ئالدىدا ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى، گۈلنىسانىڭ ئاشخانا ئېچىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ بىر ياقتىن ئىشلەپ ھەم ئوقۇۋاتقانلىقى قاتارلىق راست ـ يالغان سۆزلەر بىلەن كۇپايىلەندى.

— بۇ گەپچە داداڭنىڭ ئۆيدە تۇرماپسەن ـ دە، قىزىم؟ — سورىدى گۈلسۈمخان، — گۈلنىساخاننىمۇ يېقىن ئارىدا كۆرمىگەن ئوخشايسەن.

— ياق، موما، كۆرمىدىم، — ئالىنۇر گەپ ياسىدى، — ئىشلەپ ھەم ئوقۇۋاتقان يېرىمگە دادامنىڭ ئۆيى يىراق بولغاچقا، بىر دوستۇمنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن.

— ئەتىلەتىن ئاناملارنىمۇ يوقلاپ قويارسىز، — دېدى ساباھەت ئالىنۇرغا، — ئابدۇسەمەت ئاكامنىڭمۇ ئىككى بالىسى بولدى. ئانامنىڭ كەنجىسى ئېلدوسىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

— مەن ئۇن كۈنلۈكلا كەلدىم. قىلىدىغان ئازراق ئىشلىرىم بار، — دېدى ئالىنۇر، — شۇلارنى تۈگىتىۋېلىپ، ئاندىن چوقۇم بارىمەن.

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ، بالام؟ — گۈلسۈمخان نەۋرىسىگە قارىدى، — تېخى ئۇن كۈنلۈكلا كەپسەن. بىز ساڭا

www.uyghurkitap.com

قانمايلا كېتىپ قالىدىغان ئوخشايسەن.

ئالىنۇر سىڭلىسى مۇنىرەنىڭ بالا بېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەخىرسىز كەلگەنلىكى، ئۇنى نۇرتاي هاجىمنىڭ يېتىملار مەكتىپىگە ئاپىرىپ ئوقۇتماقچى ئىكەنلىكى، ئەگەر بۇ ئىش ئۇختاسىغا چىقمىغاندا ئۇزرۇمچىگە ئەكېتىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، گۈلسۇمخاننىڭ يۇزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى ھەم مۇنىرەنىڭ قەيەردە، كىمنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— ۋاي جېنىم بالام، باغرى يۇمشاق قىزىم، — گۈلسۇمخان ئالىنۇرنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيدى، — ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن، ئاپاڭ گۈلبانۇممۇ بەك كۆيۈمچان ئىدى. پاھ، پاھ، ئاۋازلىرىڭ، كۈلۈشلىرىڭ، مېڭىش - تۇرۇشلىرىڭغىچە شۇنچىۋالامۇ ئوخشىغان بارمۇ.

ئالىنۇر شۇ كۈنى كەچتىلا سىڭلىسى مۇنىرەنى قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالدى. قىسقا قوڭۇر چاچلىرى بۇدۇر، يۇمىلاق يۈز، بۇغداي ئۆڭ، ئورۇق بۇ قىز پۇتىنىڭ تاپىنىنى كۆتۈرۈپ، پەنجىسىدە ماڭغانلىقى ئۈچۈن خېلىلا ئاقسايتتى. كىچىكىدىن تارتىپ ئاپىسىنىڭ نالە - زارىنى كۆپ ئاڭلاپ، يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەنمۇ نېمە، ئۇ داۋاملىق يەر بېقىپ، يېتىرقاپلا تۇراتتى ھەم بىر كىم ئۇنلۇكرەك گەپ قىلسىمۇ چۆچۈپ، تەمتىرەپ قالاتتى.

مومىسى بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ ياتقان ئالىنۇر ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن سىڭلىسى مۇنىرەنى باشلاپ چوڭ كوچىغا چىقتى - دە، مىنىبۇسقا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. نۇرتاي هاجىمنىڭ يېتىملار مەكتىپى ئىلى دەريا كۆۋرۈكىگە يېقىن بولۇپ، كەڭ ئاسفالت يولنىڭ سول تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئانچە يىراق بولمىغان ئارىلىقتىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ، كېچىلىرى دەريا شاۋقۇنلىرى ئاڭلىناتتى. مەكتەپ ئەتراپى تۆمۈر رېشاتكا بىلەن ئىھاتە قىلىنغانىدى. ئالىنۇر دەرۋازىدىن كىرىپ، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرغاندىن كېيىن

ئالدىدىكى ئاق بىناغا يۈرۈپ كەتتى، ئۇ باشقىلاردىن سوراش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسى ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىڭلىسىنى باشلاپ كىردى. ئىشخانىدا ئوتتۇرا بويى، ئات يۈزلۈك، قىرىق ياشلار چامىسىدا بىر ئەر ئولتۇراتتى. ئۇ ئالىنۇرغا ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ، «نېمە ئىشىڭىز بار» دېگەندەك كۆزلىرىنى تىكتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن «ئەجەب بىمەھەل ۋاقىتتا كەلدى» دېگەندەك ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئالىنۇر سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلىدى، ئۇ بىر ئۆسمۈرنىڭ ئوقۇشسىز قېلىپ، كىشىلەر ئىشىكىدە خارلىنىپ يۈرۈشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى دەۋاتقان چېغىدا ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ ئولتۇردى.

— قاراڭ، سىڭلىم، سىز مەكتىپىمىزنىڭ خاراكتېرىنى راسا چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسىز، — دېدى ئۇ تەمكىن هالدا، — بىز ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، پەقەتلا قارىغۇچىسى يوق قارا يېتىملارنى ئالىمىز. سىڭلىڭىزنىڭ دادىسى تۇرسا، مومىسى بار ئىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا شەرتى توشمايدۇ.

— ئاڭلىشىمغا قارىغاندا ئاتىسى ياكى ئانىسى بار ئوقۇغۇچىلارمۇ بارئىكەنغۇ؟ — دېدى ئالىنۇر ئاڭلىغانلىرىنى ئىسپات كەلتۈرۈپ، — ئۇلارنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

— ئۇ دېگەن ئايرىم ئەھۋال، ئاتىسى ياكى ئانىسى بولغان هالەتتىمۇ بېقىش، قاراش، تەربىيەلەش ئىقتىدارى يوقلار.

— سىڭلىمنىڭ دادىسىمۇ مېيىپ تۇرسا، ئۇنىڭ بېقىش، تەربىيەلەش مادارى بولمىغاچقا بالا بېقىشقا تۇتۇپ بەرگەن - دە.

— مانا، قارىغۇدەك سىزدەك ھەدىسى بارئىكەنغۇ؟

— مەن ئۈرۈمچىدە ئوقۇيمەن.

— سىزگە گەپ توشاتقىلى بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ ئېكىنچىنى سىلاپ تۇرۇپ، — راست گەپنى قىلغاندا بىز مېيىپ بالىلارنى قوبۇل قىلمايمىز. يېتىم بولغاندىمۇ تەندۇرۇس بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەك. بۇ دارىلئاجىز ئەمەس.

ئالىنۇر قانچە يىلىنىپ ـ يالۋۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئادەم ئېرىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ قايتىپ كېتىشكە تەتىيىن بولدى. بۇ قېتىم نۇرتاي ھاجىمنى ئىزدىگەنىدى، ئۇنى تاپالمىدى. نۇرتاي ھاجىم مەكتەپكە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كېلىپ قويىمىسا، كۆپ ۋاقىتلاردا سودا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئامالسىز قالغان ئالىنۇر مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى ئىشخانىسىغا كىردى. ئىلمىي مۇدىرمۇ قىرىققا يېقىنلاشقان، بىراق چىرايىدىن تولىمۇ ياش كۆرۈنىدىغان ئىلمىي سۈپەت ئادەم ئىدى. ئۇ ئالىنۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولۇپ، سىپايىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ياقۇپ توغرا دەپتۇ. بىز مېيىپ بالىلارنى قوبۇل قىلمايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن سىز كېچىكىپ قاپسىز، ھازىر دېگەن ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالدى. بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئاۋغۇست ئاي ئىچىدىلا قوبۇل قىلىپ مۇقىملاپ بولىمىز. شۇ چاغلاردا ئەكەلگەن بولسىڭىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مۇزاكىرە قىلىپ باققان بولاتتى، گەرچە ئۈمىد چوڭ بولمىسىمۇ.

ئالىنۇر ئۈچىنچى كۈنى كەلگەندە، نۇرتاي ھاجىمنىڭ قول تېلېفونىنىڭ نومۇرىغا ئىگە بولۇپ قايتىپ كەتتى. ئەمدى ئاخىرقى قارار سىڭلىسىنى ئورۇمچىگە ئەكەتمىسە بولمايتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرى ئىدى. لېكىن، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ دەسسىمىگەن تۇرسا.

ئالىنۇر ئەتىسىلا مۇئەتتەرخان ئائىلىسىگە بېرىپ، نېغمەت، ئابدۇسەمەت ھەم ئېلدوسلار بىلەن كۆرۈشتى. مۇئەتتەرخان ئېغىر ـ بېسىق، كۆيۈمچان، گەپ ـ سۆزلىرى سىلىق بولۇپ، بۇرۇنقى خۇي ـ پەيلىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنىڭ كۆكۈچ ئاقىرىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،

ئەينى يىللاردىكى سىن - سىپاتى، لاتاپىتى يەنىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئوغلى ئەنزەرنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ چىقمىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى. بۇرۇنقى ئەخمەقلىقلىرىغا ئۆكۈنۈپ بىر ھازا ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ئالىنۇر كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا يوللۇق سوۋغاتلارنى بەردى. لېكىن، ئابدۇسەمەت: «روشەنگۈل ھەم بالىلار بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن» دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئەكەتتى. ئۇ ھېلىمۇ نىغمەتنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار بىرلا كوچىدىن ئايلىنىپ بىردەمدىلا يېتىپ باردى، لېكىن ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئالىنۇرنىڭ چىرايىدىن سېزىپ قالغان ئابدۇسەمەت:

— ئۇلار ئالدىدا شۇنداق دەپ قويدۇم. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا روشەنگۈل بالىلارنى ئېلىپ چوڭ ئۆيگە كەتكەن» دەپ كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار مۇئەتتەرخاننىڭ ئۆيىدە تاماق يېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇستەلنىمۇ تەييارلىماي، مېھمانخانىدىكى دىۋانلاردا روبىرو يېقىن ئولتۇرۇشتى. ئابدۇسەمەتنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىدىن ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئىشنى بىلمەكچى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئالىنۇر، سىز مەندىن ھېچنېمىنى يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى ئابدۇسەمەت قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئەنزەر ئاكام توغرۇلۇق ھەر تۈرلۈك گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ، بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟

— دادامغا نېمە بوپتۇ؟ ھېچنېمە بولمىدى، — ئالىنۇر دادىسىنى سېتىشنى خالىمىدى، — نېمە گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىڭىز؟

— دېگۈڭىز كەلمەيۋاتىدۇ - ھە، — ئابدۇسەمەت پوشۇلداپ قويدى، — مەن سىزدىن بىلمەي سوراۋاتقىنىم يوق، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى»دىن نېمە ئۈچۈن چېكىنگەنلىكىڭىز، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ھارپىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئۇن تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن قانداق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغانلىقىڭىز، ئاكام بىلەن گۈلنىسانىڭ مۇناسىۋەتلىرىگىچە بىلىپ بولدۇم. شۇنچە ئازاب تارتىپ تۇرۇپ يەنىلا ئاشۇ باغرى تاش دادىڭىزنى ئاياۋاتقانلىقىڭىزنى قارا!»

ئالىنۇر ئويلىنىپ قالدى. ئابدۇسەمەتنىڭ شۇنچە ئىشلارنى بىلىپ كەتكىنىگە قارىغاندا «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى»دىكى تۇرغۇنجان، رامىلەلەر خەت يازغانمىدۇ، دېگەن خىيالغا كەلدى، چۈنكى ئۇلار ئالىنۇرنىڭ ھەممە ئىشىدىن خەۋەردار ئىدى.

— مەن سىزگە ئوچۇقراق دېسەم، — دېدى ئابدۇسەمەت ئاچچىقى بىلەن، — گۈلنىسانىڭ قانداق رەزىل خوتۇنغا ئايلانغانلىقى، ئۇ سىزنى پەسكەش ئۇسۇللاردا بوي ئەگدۇرمەكچى بولغانلىقى، ئاكامنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغانلىقىدىن تارتىپ خەۋەر تاپتىم.

ئەمدى يوشۇرىدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى. ئالىنۇر بېشىدىن ئۆتكەن، ئۆزى چېلىقتۇرغان، ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىنى، تارتقان ئازابلىرىنى، دادىسىنىڭ ئىككى ھۆججەت ئارقىلىق قەرزگە بوغۇپ قويغانلىقى، تەتىللەردە ئىشلەپ بىر ھۆججەتتىكى پۇلنى تۆلىگەنلىكى، ئاچ - توق قالغان كۈنلىرىنى، قىسقىسى، ئۈچ يىلدىن بېرى سەرسانلىق ئىچىدە ياشىغان ھاياتىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى. ئابدۇسەمەت ئاڭلىغانسېرى ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ قىزارتىۋەتتى. بولۇپمۇ گۈلنىسانىڭ قىزلىق ئىپپەت - نومۇسىنى دەپسەندە قىلغان مەتنۇرى شوپۇر بىلەن قايتا تېپىشىۋېلىپ قىلغان ھاياسىزلىقلىرىنى، ئاكىسىنىڭ كېچىلەپ يوقىلىپ كېتىپ كىرمەيدىغانلىقلىرى، ئاپىسىنىڭ شەرمەندىلىكلىرىنى كۆرۈپ، ياشلىق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان ئەختەمنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىدەك بىرقاتار نومۇسسىز، ئىپلاسلىقلار ئابدۇسەمەتنىڭ غەزەپ قېپىنى يىرتىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى.

— ھەممىسى چۈشىنىشلىك، — دېدى ئابدۇسەمەت كۆزلىرى قىزارغان ھالدا، — ئاكام «ئەمدى ئىككى ئانىغا خەيرخاھ كۆزلىرى بىلەن قارىيالمايمەن» دېگەنىدى. ئۇ ئۈچ ئېلىش يولىغا قەدەم قويۇپتۇ. كىمدىن ئۈچ ئالماقچى؟ ئىككى ئانىدىنما؟! توغرا، ئۇلار نادانلىقى، كونىلىقى، مۇتەئەسسىپلىكى تۈپەيلىدىن ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزدى. لېكىن، پۇشايمان زەردابلىرىنى ئىچىپ توۋا قىلدىغۇ. بۇنداق ئاداۋەتخورلۇق، قىساسخورلۇق، نادانلىق ئاشۇ كونىلار بىلەن زاۋال تاپار دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كىم بىلسۇن، ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئۇدۇم بولۇپ قېلىشىنى؟! ئاكامدەك سەۋىيەلىك، جەمئىيەتكە كۆپ ئارىلاشقان، كۆپنى كۆرگەن بىر زىيالىي مۇشۇ يولغا ماڭغانىكەن، بالىلىرىمىزدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتۈش كېرەك؟!

ئالىنۇر ئابدۇسەمەتنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. دادىسىنىڭ قىزىنى ئىقتىسادتىن قىسقانلىقى ئۇنىڭ پۈلغا دۆم چۈشكەنلىكى، ئەلۋەتتە. خوتۇنىغا قارىماسلىقى، كۆڭلى سوۋۇغانلىقتىن كېلىپ چىققان پاجىئە. گۈلنىسانىڭ يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنىڭ پەسلىكى. بۇلار قانداقمۇ ئىككى ئانىدىن ئۆچ ئالغانلىق بولسۇن؟ بەلكىم ئابدۇسەمەت ئاچچىقىدا شۇنداق دەۋاتقاندۇ. بۇ چوقۇم ئەقىل بىلەن ئەمەس، بەلكىم ھېسسىيات تەلۋىلىكى ئارقىلىق چىقىرىلغان خاتا خۇلاسە!

ئابدۇسەمەت ئالىنۇرنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئاڭلاپ «ھىھى» دېگىنىچە دىمىقىنى قاقتى ـ دە، زەھەردەك ئاچچىق كۈلدى ھەم «كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسىز، سىڭلىم» دېيىش بىلەنلا كۈپايىلەندى. ئالىنۇر ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئۇ «قوپماڭ» دېگەندەك قول ئىشارىسى قىلىپ بۇلۇڭدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئېچىپ، ئىككى باغلام پۇلنى ئۈستەلگە قويدى.

— بۇ يىگىرمە مىڭ سوم، مېھمانخانىنىڭ بۇ يىلقى

كىرىمىدىن ئاكامغا تەئەللۇق بولغىنى، — دېدى ئابدۇسەمەت جىددىي ھالدا، — ئۇنىڭغا جاۋابنى ئۆزۈم بېرىمەن. بۇنىڭ بىلەن سىز قەرزلىرىڭىزنى ھەم ئوقۇش ئىشىڭىزنى ھەل قىلىڭ.

— كەچۈرۈڭ، ئابدۇسەمەت ئاكا، بۇ پۇل دادامنىڭكىلا ئىكەن، ھەرگىز ئالمايمەن، — ئالىنۇر پۇلنى نېرى ئىتتىرىپ قويدى، — ئۇ ئاڭلىسا ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن.

— ئەخمەق قىز، — ۋارقىرىدى ئابدۇسەمەت، — دادىڭىزنى يەنىلا چۈشەنمەيدىكەنسىز، ئۇ پۇل ئۇچۇن بۇنداق رەزىللىكلەرنى قىلغان ئەمەس.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ پۇلىنى ئىشلەتمەيمەن، دادامنىڭ ھۆججىتىنى يىرتىۋېتىپ، ئۆز نامىمدا قىلىپ بېرىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ ئۇنى قەرزدىن ئادا قىلىپ، ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سومنى ئۆزۈم تۆلەش ئۇچۇن ئىدى. مەن ئۇنى ئىشلەپ تاپىمەن.

— ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلماڭ، سىڭلىم، سىز ئۇنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگەن تۇنجى پەرزەنتى.

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ئاتا - بالىلىق. دەپ بېقىڭا، قانداق ئاتا ئۆز قېنىدىن بولغان پەرزەنتىنى يار بويىغا سۆرەپ كېلىپ تاماشا كۆرىدۇ، — ئالىنۇر ھاياجان ئاچچىقىدا تىترىمەكتە ئىدى، — ئاجىزە قىزنىڭ پىغانلىق يىغىلىرىنى، زەئىپ ئىڭراشلىرىنى، ئاچلىق گىردابىدا نالە قىلىشلىرىنى گويا شادلىق ناخشىسىدەك ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايدىغان ئاتا - ئاتا ئەمەس، بەلكى قاباھەت مەلئۇن. ئويلاپ كۆرۈڭ، ئابدۇسەمەت ئاكا، مۇشۇ پۇللار دادام سالغان خورلۇقلارنى يۇيۇپ تازىلاشقا قۇربى يېتەرمۇ؟! ئەگەر شۇ چاغلاردا ئامالسىزلىقتىن يامان يوللارغا كىرىپ كەتكەن بولسام بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟

«ئۇ چاغدا ئەنزەرنىڭ گۈلسۇمخاندىن ئۈچ ئېلىش مەقسىتىگە يېتىپ، قىساس بىلەن تولغان قەلبى ئارام تاپاتتى»

دېگەن ئوي ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى.

— ئاھ، خۇدا، قورساقلىرىم ئاچ ئاشخانىلارنىڭ ئىس چىققان تۈرخۇنلىرىغا تەلمۈرگەنلىرىم، غوجايىنلارنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئەندىشە ئىچىدە ياشىغانلىرىم، دادامنىڭ مەكتەپكە كىرگۈزۈش ھىيلىسىگە ئالدىنىپ تەڭلىك تارتقانلىرىم، گۈلنىسا دېگەن بۇزۇق دادامدىن ئالالمىغان دەردىنى مەندىن ئېلىپ ئەۋرەز كۆلچەكلىرىگە ئەكىرگەنلىرى... — ئالىنۇر تېلىقىپ - بوغۇلۇپ يىغلىماقتا ئىدى، — ئىشىنەمسىز، ئابدۇسەمەت ئاكا، كىچىككىنە بىر قىزنىڭ تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىگە، بۇلارغا زادى كىم سەۋەبچى، بۇ سىزگە ئايان!

— بۇ پۇلنى زادى ئالامسىز؟ — ئابدۇسەمەت لاسسىدە بولۇپ قالغاندى، — ئەڭ بولمىسا ئۈچ مىڭ سومنى ئېلىپ مەكتەپنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىڭ.

— خاپا بولماڭ، ئابدۇسەمەت ئاكا، — ئالىنۇر ئۇستەلدىكى پۇلغا قارىمىدى، — سىز زەھەر بەرسىڭىز ئىچىمەن، بىراق دادامنىڭ پۇلىنى ھەرگىز ئالمايمەن.

ئابدۇسەمەت بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى ئەكېلىپ، ئالىنۇرنىڭ سومكىسىغا ئاچچىق بىلەن سېلىپ قويدى.

— بۇ ئىككى مىڭ سومنى يولدا خىراجەت قىلىڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئۆزۈمنىڭ پۇلى، دادىڭىزنىڭ ئەمەس، — ئابدۇسەمەت سەل خاپا بولدى، — ياكى بۇنىمۇ ئالامسىز؟

— رەھمەت، ئابدۇسەمەت ئاكا، — ئالىنۇر ئابدۇسەمەتكە ئېسىلىپ باشقىدىنلا يىغلىۋەتتى، — سىز بۇرۇنمۇ ھىممەت قولىڭىزنى سوزغاچقا مەن ياخشى ئوقۇيالىغان.

ئالىنۇر ئابدۇسەمەت بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن مىنىبۇس بىلەن دەريابويى كوچىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

*　　　*

ئالىنۇر سىڭلىسى مۇنىرەنى ئۈرۈمچىگە ئەكەلگەندىن كېيىن يەنئەن كوچىسىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى ھەم قازان ـ چۆمۈچ، ئاشتاختا، توك ئوچاق دېگەندەك بىر قوللۇق سەرەمجانلارنى سېتىۋېلىپ، تاماقنى ئۆيدە قىلىۋالدى. ئالىنۇر ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئوتتۇرا كېچىگىچە سىڭلىسىغا خەت يېزىشنى ئۆگىتەتتى، ئېلىپبەدىن تاپشۇرۇق بېرەتتى. مۇنىرە ھەدىسى ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، ئەتىگەندىن چۈشكىچە تاپشۇرۇق ئىشلەش، خەت كۆچۈرۈپ ئۆگىنىش، ھېساب ئىشلەشتەك كۈندىلىك مەشغۇلاتنى باشلايتتى، چۈشكە يېقىن كۆكتاتلارنى ئادالاپ، گۈرۈچ دۈملەپ قوياتتى. ئالىنۇر كېلىپلا تاماقنى پىشۇرۇپ يەيتتى ـ دە، سىڭلىسىغا ئېلىپبەدىن ياكى ھېسابتىن بىر ـ ئىككى بەت ۋەزىپە بېرىپ يەنە ئىشقا ماڭاتتى. كەچتە قايتىپ كەلگەندە بولسا، سىڭلىسىدىن دەرس سوراپ «ئىمتىھان» ئالاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەنە شۇنداق چاقپەلەكتەك بىر خىلدا ئايلىنىپ رىتىمگە چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىككىسى چىرايلىق ياسىنىپ پەزىلەت دوختۇرنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشاتتى ھەم ئۈچ قىز بىرلىشىپ تازىلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئالىنۇر ئابدۇسەمەت بەرگەن ئىككى مىڭ سوم پۇلنى «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش» مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىشكە قانچە تەمشىلىپ باققان بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. بىر كۈنى غوجايىن قىز ھەممە مۇلازىم قىزلارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى، بۇ يەردە باش دىرېكتور رايىدىن ئەپەندىمۇ بار ئىدى.

— قايسىڭلار بۇرۇن تاماق ئېتىپ باققان؟ — سورىدى غوجايىن قىز، — ئوچۇقراق دېسەم لەڭمەن، مانتا، سامبۇسا، ئۆگرە، چۆچۈرە خېمىرلىرىنى يۇغۇرۇپ باققانمۇ؟

دەسلەپتە بىرمۇنچە قىزلار قول كۆتۈرگەن بولسىمۇ، غوجايىنىنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆپلىرى قوللىرىنى چۈشۈرۈۋالدى. لېكىن، ئالىنۇر قولىنى چۈشۈرمەي تۇراتتى. غوجايىن قىز ئۇنىڭغا «قېنى دەپ بېقىڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى.

— مەن ئالتە يېشىمدىن باشلاپ تاماق ئەتكەن، ھەرقانداق خېمىرنى يۇغۇرالايمەن.

ئالىنۇرنىڭ سۆزىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— بۇ ئويىنىشىدىغان گەپ ئەمەس، — دېدى دىرېكتور رايىدىن، — ئۇرۇمچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتە تاماق ئېتىپ يېيىش ئادەتكە ئايلانغان، ئەمما ۋاقىت يار بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، تەييار پىلتە خېمىر سېتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويماقچى. بۇ خېمىر شۇنداق يۇغۇرۇلۇشى كېرەككى، ئۇنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇپ كېچىكتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان، لەڭمەن، مەنپەر، قولدىما تاماقلىرىغىمۇ لايىق بولۇشى كېرەك.

— بۇ خىزمەت پوكەيدە تۇرۇپ مال سېتىشقا ئوخشىمايدۇ، — غوجايىن كونكرېت چۈشەندۈردى، — بۇ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. شۇڭا، مائاشى پەرقلىق بېرىلىدۇ ھەم ئىشچى - خىزمەتچى، كادىرلارغا ئوخشاش سائەت بەش يېرىمدا خىزمەتتىن چۈشىدۇ.

پوكەيدە ئولتۇرۇپ - قوپۇپ ئەركىن ئىش تۇزۇمىگە كۆنۈپ قالغان قىزلار بىردىنلا جىمىپ قالدى. لېكىن، خىزمەتتىن چۈشۈش ۋاقتى ھەم مائاشىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئاڭلىغان ئالىنۇر ئورنىدىن دەس تۇردى.

— مەن قىلىمەن! ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقالمىسام مېنى قانداق قارا ئىشقا سالسا پىكرىم يوق!

يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمىغاندەك، ئالىنۇر پىلتە خېمىر تەييارلاش بۆلۈمىدە يالغۇز ئىشلەشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىمدا ئون ـ ئون بەش كىلوگىرام ئۆتنى خېمىر قىلىپ ئۆتنى ئەيلەش، ئوخشاش چوڭلۇقتا كېسىپ، مايلاپ، سولىياۋ خالتىلارغا قاچىلاش ئىنتايىن ئېغىر ئەمگەك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن لەگمەن، چۆچۈرە، ئۈگرە خېمىرلىرىنىڭ قوشۇلىدىغان خۇرۇچى، سۈيى، تۇزى ھەم قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى ئوخشىمىغاچقا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۇغۇرۇلاتتى. ئالىنۇر پەشتامىنى تارتىپ، يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە تۈرۈپ، خېمىر ئەيلىگىلى تۇرسا ئاشتاختىلارمۇ غىچىرلاپ كېتەتتى. پېشانە، يۈز، بويۇنلىرىدىن ئاققان تەرنى لۆڭگىدە سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. دەسلەپتە پوكەيگە سېلىنىغان پىلتە خېمىر ئانچە سېتىلمىدى ھەم ئىشلەتكەن خېرىدارلارمۇ، «سەل قاتتىقراق يۇغۇرۇلۇپ قاپتۇ، سوزۇلمىدى، تۇزى كەممۇ نېمە، ئۈزۈلۈپ خاپا قىلدى» دېگەندەك پىكىرلەرنى قىلىشتى. بىر كۈنى رايىدىن دىرېكتور پىلتە خېمىر تەييارلاش بۆلۈمىگە كىردى. ئۇ ھەدەپ خېمىر ئەيلەۋاتقان ئالىنۇرنىڭ تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىگە قارىدى.

— خېرىدارلارنىڭ پىكرى بار، ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقالمىسىڭىز، مەن سىرتتىن ئادەم تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى دىرېكتور قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — قانداق، بولامدۇ؟

— مەن تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنەي، بۇنىڭدىن كېيىن خېرىدارلار رازى بولغۇدەك قىلىشقا كاپالەت قىلىمەن.

— قېنى يەنە بىر ھەپتىدەك كۆرۈپ باقىلى، — رايىدىن ئاشتاختىدىكى خېمىرغا بارمىقىنى پاتۇرۇپ باقتى، — سەل قاتتىقمۇ نېمە؟

— يەنە سۇ يېگۈزىمەن، — ئالىنۇر سەل دۇدۇقلىدى، — بىراق، رايىدىنكا، پىلتە خېمىر سېتىلمىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەن.

— ئەخمەق قىز، سىز نېمىنى بىلمىسىز؟ — رايىدىن مىيىقىدا كۈلدى، — خەلق ھازىرچە ئادەتلەنمىدى، كېيىنچە ئۈلگۈرەلمەيسىز.

دىرېكتورنىڭ «ئادەم تەكلىپ قىلىمەن» دېگەن سۆزىدىن ئەنسىرەپ قالغان ئالىنۇر شۇ كۈنى ئىشتىن بالدۇر چۈشۈپلا سەنشىخاڭزىدىكى تۇڭگانلارنىڭ شەخسىي ئاشخانىلىرىغا باردى. تۇڭگان ئاياللىرى چوڭ داسلارغا پىلتە قىلىۋالغان خېمىرلىرىنى بىرنەچچە كۈن ئىشلىتەلەيتتى. ئۇ قانچىلىك ئۇنغا قانچىلىك سۇ، تۇز قاتارلىق نەرسىلەر كېتىدىغانلىقى، سۇ يەيدىغان، سۇ يېمەيدىغان ئۇنلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش دېگەندەك ئىشلارنى بىلىۋالدى.

ئالىنۇر بىرنەچچە قېتىم تۇڭگان ئاشخانىلىرىغا بېرىپ، كېچىلەپ ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئەجرىنى كۆردى. پىلتە خېمىرىنىڭ بازىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ مېڭىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان دىرېكتور ئۇنىڭغا شاگىرت تەربىيەلەش ئۈچۈن ئىككى قىزنى قوشۇپ بەردى. ئالىنۇر ئۈچ يۈز سوم مائاش، ھەر ئايدىكى ئەللىك سوم مۇكاپاتقا چىن كۆڭلىدىن مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتكىنى، ئالىي مەكتەپلەردە يولغا قويۇلغان كەچ كۇرسلاردا ئوقۇش پۇرسىتى يارالغانلىقى ئىدى. چۈنكى، ئۇ ھەر كۈنى كادىرلارغا ئوخشاشلا سائەت بەش يېرىمدا ئىشتىن چۈشەتتى. شۇنداقلا شاگىرتلىرىمۇ ئۇنىڭ قولىنى خېلىلا سوۋۇتۇپ قويماقتا ئىدى. خۇددى يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە دېگەندەك، تۇرغۇنجان، ئاقسۇلۇق غوجايىن، رەخىمجان ئاشپەز، مۇھەررىر يالقۇن، رايىدىن دىرېكتور ھەم پەزىلەت دوختۇرلارنىڭ قانات يېپىشى بىلەن ئالىنۇر ئاخىرى ھايات يولىنى تاپقانىدى.

يانۋارنىڭ سوغۇق بىر كۈنى، قار باھار چېچەكلىرىدەك لەرزان لەيلىشىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن يەر بېتىگە قونماقتا ئىدى. ئالىنۇر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدا ئېچىلغان «ئالتۇن نۇر تەربىيەلەش مەركىزى» ئىنگلىز تىلى سىنىپىغا تىزىملىتىش ئۈچۈن باردى. ئۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا كىرىش بىلەن، باش چۆكۈرۈپ خەت يېزىۋاتقان بىر يىگىتنى كۆردى ـ دە، بوسۇغىدىلا توختاپ قالدى. نەپىسى

بوغۇلغاندەك بولۇپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىدى.

— سوغۇقتا ئىشىكنى نېمانچە چوڭ ئېچىۋەتتىڭىز؟ — يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — ۋۇي سىز ئالىنۇرغۇ؟! كېلىڭ، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، توۋا، چۈشۈم ئەمەستۇر - ھە!

ئالىنۇر خىزمەت ئۈستىلى ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قىزارغىنىچە يىگىتكە تىكىلدى. يالتىراپ تۇرغان چاچلىرىنى بىر يانغا تارىغان، ئاق سۈزۈك يۈزى ھەتتا قاپقارا قاشلىرىدىنمۇ بىر خىل سەممىيلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان بۇ خۇشخۇي يىگىت بەختىيار ئىدى. ئۇ «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش» مەكتىپىدىن شىئەن «چەت ئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى»غا ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن، ئالىنۇر خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنتۇيالمىغانىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىقبال - تەقدىرىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتمىگەچكىمۇ بەختىيارنىڭ يازغان خېتىگىمۇ جاۋاب يازمىدى.

— سىز راستلا ئالىنۇرمۇ، ئەمەسمۇ؟ — تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ھاياجانلانغان بەختىيارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — زادىلا ئىشىنەلمەي تۇرىمەن.

— گېپىڭىزنى قاراڭ، مەن بولماي كىم بولاي؟ — ئالىنۇر قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — قاچاندىن بېرى بۇ يەردە ئىشلەۋاتىسىز؟

— «ئالتۇن نۇر تەربىيەلەش مەركىزى» رەھبەرلىكى مېنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتىمەن. شىئەندە «توفېل» ئىمتىھانىنى بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەنىدىم. ئۇنىڭغىمۇ ئۈچ ئاي بولۇپ قاپتۇ. ھە، سىزچۇ؟

— مەن «ئۈمىد ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى»دە ئىشلەۋاتىمەن. بۇ يەرگە ئىنگلىز تىلى سىنىپىغا تىزىملىتاي دەپ كەلگەنىدىم.

— سىز نېمىدېگەن ئىرادىلىك، ئىشلەۋېتىپمۇ ئوقۇماقچى

بوپسىز.

— سىز بۇ يەردە مۇئەللىم ئىكەنسىز، ياردەم قىلارسىز؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، — بەختىيار ئالىنۇردىن كۆز ئۈزمەيتتى، — يېقىندا ئىككى قارار سىنىپ ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ. قوبۇل قىلغىنىمىزغا بىر ئاي بولغان يەنە ئۈچ سىنىپ بار، شۇلارنىڭ بىرسىدە ئوقۇڭ، كېچىكىپ قاپسىز، لېكىن سىزنىڭ يېتىشىپ كېتىشىڭىزگە ئىشىنىمەن.

— كېچىكىپ قېلىش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، — ئالىنۇرنىڭ ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ھەم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتەپلىرىگە كىرگەن كۈنلىرى كۆڭلىدىن كەچتى، — يېرىم يىللىق ئوقۇش رەسمىيەت ھەققىنى ھازىرلا تۆلىۋېتەيمۇ؟

— زۆرۈرىيىتى يوق، ھازىرچە كىرىپ ئوقۇۋېرىڭ.

— ئۇنداقتا ئوقۇمايمەن.

— سىزنىزە، — بەختىيار سەل چېچىلىپ قالدى، — مەندە باشقا غەيرىي مەقسەت يوق، ھازىر ئوقۇۋاتقان باللار ئۇرۇمچى ناھىيەسىنىڭ مەلۇم كەنتىدە قۇرۇلماقچى بولغان بىر ئالىي مەكتەپكە يۆتكىلىش ئېھتىمالى بار. لېكىن، قاچان ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئىش ئورنىڭىزدىن ئايرىلالماي قالسىڭىز ئۆزىڭىزگە زىيان.

— ئۇنداقتا كۇرس ئاخىرىدا تۆلىسەممۇ بولامدۇ؟

— مەنمۇ شۇ ئىشنى رەھبەرلىك بىلەن سۆزلىشىمەن.

— ئۇلار قوشۇلارمۇ؟

— مەن ئۆزۈمگە ئىشەنمىسەم، بۇنداق دېمەيمەن.

ئالىنۇر ئەتە كەلمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بەختىيار ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلاشقۇسى بولسىمۇ، تونجى قېتىمدىلا ئۇنى بىزار قىلىپ قويۇشتىن قورقتى، شۇڭا ئۆرلەپ تۇرغان ھاياجىنىنى بېسىۋالدى.

ئالىنۇر ئەتىسى كەچتە كېلىپ، بەختىيارنىڭ ياردىمى بىلەن

سىنىپقا ئورۇنلاشتى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ شىركەتتە ئىشلەش، سىڭلىسىنى ئۆزى ئوقۇتۇش، كەچ كۇرسقا قاتنىشىشتەك ئالدىراش ھاياتىنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا خۇشال ئىدى. ئەمما، سائەت، مىنۇتلارنى شۇنچىلىك يۈگەنلەپ ئالدىكى، بىرەر دەقىقىنىڭمۇ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

بىر كۈنى ئالىنۇر ئىشتىن چۈشۈش ئارىلىقىدا غوجايىن قىز ھەممە مال ساتقۇچى، مۇلازىمەتچى خادىملارغا «ئون مىنۇت تېلېۋىزور كۆرىمىز» دەپ ئۇقتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاقچاقلىشىپ مەجلىس زالىغا يىغىلىشتى.

— ھازىر تېلېۋىزوردا، — دېدى غوجايىن قىز سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — خىروئىن ئەتكەسچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش يۈزىسىدىن ئېچىلغان ئوچۇق سوتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كەسپىي ئۆگىنىش ۋاقتىدا تەسىراتىمىزنى سۆزلەيمىز.

تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئادەم بىلەن لىق تولغان چوڭ كۆلۈپ، سەھنە ئۈستىگە ئېسىلغان پىلاكات، پەستە مەيدىلىرىگە تاختا ئېسىلغان ئەر - ئايال جىنايەتچىلەر، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا رەت تىزىلغان قوراللىق ساقچىلار تىك تۇرغان كۆرۈنۈش نامايان بولدى. باش سوتچى كىمنىڭ جىنايىتىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ساقچى مەزكۇر جىنايەتچىنىڭ چېچىدىن تارتىپ يۈزىنى ئاممىغا قارىتاتتى. بۇ ئەسنادا جىنايەتچىلەرنىڭ مەيدىسىدىكى تاختىنى ئېكرانغا يېقىن ئەكېلىپ چوڭايتىپ كۆرسەتتى. «خىروئىن يۆتكەپ سېتىش باش جىنايەتچىسى مەتنۇرى ئەخمەت» دېگەن تاختىغا قىزىل چېلىك ئۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى دوكغىيىپ تۇرغان ئايالنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى تاختىنى يېپىۋالغاچقىمۇ خېتى ئېنىق كۆرۈنمىدى. ئۇلارنىڭ گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغاچقا يۈزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بۇ ئەسنادا باش سوتچى: «جەنۇبىي شىنجاڭ

ئارىلىقىدا قاتناپ خىروئىن ئەتكەسچىلىرىنى تەمىنلىگەن باش جىنايەتچى مەتنۇرى ئەخمەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى» دېيىش بىلەن ئارقىدىكى قورالLIق ھەربىي ئۇنىڭ بېشىنى قايرىپ كۆرسىتىشى ئالىنۇرنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، نەپەس ئالالماي قالدى. ئۇ مەتنۇرى شوپۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا: «ئاشخانىسىنىڭ قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ خىروئىنلىرىنى ساقلاپ، يۇرۇشتۇرۇش جىنايىتى سادىر قىلغان گۈلنىسا دېمىنگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى» دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن گۈلنىسانىڭ يۈزى كۆپچىلىككە كۆرسىتىلدى. ئالىنۇر ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا ـ قالدى ـ دە، ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. قۇلاق تۈۋىدىن ئېغىز جاۋغىيىغىچە تارتىلغان قىپقىزىل تاتۇق ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئالىنۇر تېلېۋىزوردىكى خەۋەر تۈگىشى بىلەنلا ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇ دەھشەت قورقۇپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئاشۇ ئۆيدە تۇرىۋەرگەن بولسا بۇ پالاكەتلەر ئۇنىڭغا يۇقماي قالارمىدى؟ گۈلنىسا ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن بولسىمۇ ئۇنى قەستەن بالاغا تىقمىشتىن يانمايتتى. بۇ زىناخورلار ئاخىر بېرىپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزلىرى پالتا ئۇرۇشتى. «فۇرقاتى مۇھەممەد»[1]تە: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» دېيىلگەن. مەتنۇرى بىلەن گۈلنىسانىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانىدى، مانا ئەمدى خۇدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرسەتتى. ئالىنۇرغا بۇ چاغقىچە مەۋھۇم سىر بولۇپ قالغان، مەتنۇرى ھەم گۈلنىسانىڭ: «ھېلىقىنى پۇل قىلىش ئاسانغا چۈشمىدى»، «دەككە ـ دۈككىدە جېنىم تۇمشۇقۇمغا كەلدى»، «ھېلىقىلار ئىچكىرىدىن يەنە ئەكەپتۇ» دەپ

① فۇرقاتى مۇھەممەد — قۇرئاننىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

شىۋىرلاشقان تېپىشماقلىرى يېشىلگەندەك بولدى.

تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەر نەچچە كۈنگىچە ئالىنۇرنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. يانۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولغاچقىمۇ راسا قارا سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ئالىنۇر دەم ئېلىش كۈنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپىگە باردى، ئۇنىڭ ئىككى مىڭ سوم بولسىمۇ تۆلەپ، قەرزىنى يېنىكلىتىش ئويى بار ئىدى. ئەمما، بوغالتىرىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— بىر بولسا تۆلىيەلمەي مەكتەپتىن چېكىنىسىز، ئەمدىزە قوش ـ قوشلاپ تۆلىمەكچىمۇسىز، — دېدى.

ئالىتۇر ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ قالدى.

— ئىككى ئاي بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن، غۇلجىدىكى ئاكىڭىز، «سىڭلىمنىڭ ئوقۇش پۇلى» دەپ ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سوم پۇل ئەۋەتىپتىكەن، سىزنىڭ خەۋىرىڭىزدە يوق ئىكەن ـ دە؟

— ئابدۇسەمەت ئاكامما؟

— شۇ، شۇ، ئىسمى يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — باشلىق تارتمىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئالىنۇرغا سۇندى، — ئەمدى بۇ ھۆججىتىڭىزنى يىرتىۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ئالىنۇر نە خۇشال بولۇشىنى، نە خاپا بولۇشىنى بىلمەي قايتىپ كەتتى.

جاپاكەش قىزنىڭ «ئۈمىد ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى»دىكى كۈنلىرى يەنىلا ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە. بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى چىقىرىپ ئىشلەپ، زېھنىياتى بىلەن ئوقۇش، قېتىرقىنىپ سىڭلىسىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ھەم بىر ئۆينىڭ ھەلەكچىلىكىدە فېۋرال ئايلىرىمۇ كىرىپ قالدى. «ئالتۇن نۇر تەربىيەلەش مەركىزى»دىكى بەختىيار مۇئەللىم بىر كەچلىكى كەچ كۇرستىكىلەرنىڭ قايتىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسى ئالدىدا تۇردى. ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. ئۇچتاشتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامال قۇلاق،

بۇرۇنلارنى ھەريەدەك چېقىپ، كۆزلەرنى ياشقا تولدۇراتتى. بەختىيار قارا خورۇم پەلتوسىنىڭ ياقىلىرىنى ئۆرۈدەپ، ئېڭەك ئۈستىدىن تۈگمىلىدى. قولىنىڭ بارماق ئۇچلىرى خورۇم پەلەي ئىچىدە تورۇپمۇ چىمىلداپ ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئالىنۇرنى كۆرۈپلا ئالدىغا باردى ھەم سەل ھودۇققاندەك بولۇپ:

— ئالىنۇر... بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېسەك بولارمۇ؟ — دېدى.

— كەچۈرۈڭ، بەختىيار، ئۆيدە سىڭلىم دەرس تەكرارلاپ قالغان، بېرىپ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرمىسەم بولمايدۇ، — ئالىنۇر بەختىيارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىككىلىنىپ قالدى، — كېيىنچە بولسا بولارمۇ؟

— كۆپ ھايال بولمايسىز، سىزگە دەيدىغان مۇھىم خەۋەر بار ئىدى.

تەڭلىكتە قالغان ئالىنۇر «خەۋەر»گە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېت ئالدىدىكى كىچىك ئاشخانىغا كىرىپ چۆچۈرە بۇيرۇتتى. تاماق كېلىپ بولغۇچە بەختىيار گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قىزىرىپ ھال رەڭ تۇسكە كىردى. ئۇنىڭ ھالىتىنى سېزىپ ئولتۇرغان ئالىنۇر گەپنى ئۆزى باشلاپ بەردى:

— سىزنىڭ مۇھىم خەۋىرىڭىز، سۇكۇت بىلەن قىزىرىپ ئولتۇرۇشمىدى؟ قېنى دېمەمسىز.

— بۇ، مۇنداق بىر خۇش خەۋەر ئىدى، قاراڭ، — بەختىيار گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى.

ئۇرۇمچى ناھىيەسىنىڭ مەلۇم رايونىدا، جۇڭغار نېفىت گورۇھى تەرىپىدىن سېلىنغان بىر يۇرۇش ئۇنىۋېرسال بىنالىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ئىنتايىن مەنزىرىلىك بولۇپ ھاۋاسى ساپ، مۇھىتى تىنچ، ئەسلىھەلىرى تولۇق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىتى قولايلىق ئالىي مەكتەپ بولالايتتى. شۇڭا، جۇڭغار نېفىت گورۇھىدىكىلەر «ئالتۇن نۇر

www.uyghurkitap.com

تەربىيەلەش مەركىزى»نى قۇرغۇچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق قارار ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەم خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن ھەرقايسى مىللەت باللىرىنى قوبۇل قىلىپ: «غەربىي دىيار مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»نى قۇرۇشنى پىلانلاپ قارارلاشتۇردى. يېقىندا ئۇلار بەختىيارنى بۇ مەكتەپنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىشتى.

— ھازىر جۇڭگار نېفىت گورۇھى ھەم ئالتۇن نۇر تەربىيەلەش مەركىزىدىكى مەسئۇل كىشىلەر مۇشۇ ئىشنىڭ رەسمىيەتلىرىنى يۇقىرى ئورگانلار بىلەن سۆزلىشىپ بېجىرىۋاتىدۇ، — دېدى بەختىيار خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، — سىزنىڭمۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئارزۇيىڭىز قانىدۇ.

— بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى ھاياجانغا سالغۇدەك خەۋەر ئىكەن، — ئالىنۇر چىنىسىدىكى چۆچۈرىگە قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى، — شۇڭا ئوبدانراق ئىشلەپ ئوقۇشقا تەييارلىق قىلسام بولغۇدەك.

خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغان ئالىنۇر چۆچۈرىنى ئىچىپ بولۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، بەختىيار يەنە ئۇن زىخ كاۋاپ بۇيرۇتتى. بەختىيارنىڭ قىزىرىپ، تاتىرىپ ھودۇقۇشلىرىدىن، دەممۇدەم كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشلىرىدىن ئۇنىڭ يەنە قانداقتۇر «خەۋەر»نى دېيەلمەيۋاتقانلىقى ئېنىقلا تۇراتتى. بۇ چاغقىچىمۇ بەختىيارنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈۋېتىپ كۆلۈمسىرەپ قويۇشى، ئالىنۇرنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەي بەزى سۆزلەرنىڭ قوش مەنىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كېتىشلىرى، ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى تەلەپپۇزىنى ماختاشلىرى، ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى سوراشتە قىلىشلىرى كۆرسانتىلارنى گۇمانغا سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا، بەزى قىسىر كېيىكتەك دېغىراپ قالغان چوكان ساۋاقداشلىرى چاقچاق قىلىپ: «ئالىنۇر ئىنگلىزچە كۆرسقا قاتناشمىسىڭىزمۇ

كېيىنچە ئۆگىنىپ كەتكۈدەكسىز» دەيتتى.

— ئەمدى، ئالىنۇر... مەن ئۇزاق بولدى... قېنى كاۋاپ سوۋۇپ قالمىسۇن ئېلىڭا، — بەختىيارغا «ئاساسىي خەۋەر»نى يەتكۈزۈش تەس كېلىۋاتاتتى، — مەن سىزگە شىئەندە تۇرغان يېرىم يىل ئىچىدە توققۇز پارچە خەت يازدىم، بىرسىگىمۇ جاۋاب ئالالمىدىم. قايتىپ كېلىپلا مەكتەپكە بارسام، سىزنى يازلىق تەتىلدىلا چېكىنىپ كەتكەن، دېيىشتى. ئۇرۇمچىدىن ئىزدىمىگەن، سورۇشتە قىلمىغان يەرلىرىم قالمىدى. مۇشۇ مەكتەپكىمۇ سىزنى ئىزدەپ كېلىپ، مۇئەللىم بولۇپ قالدىم. تېخى غۇلجىغا بېرىپ ئىزدەش نىيىتىممۇ بار ئىدى. ئاڭغىچە خۇددى يوقالغان گۆھىرىمنى قايتا تېپىۋالغاندەك سىزنى ماڭا خۇدايىم يەتكۈزۈپ بەردى... ئالىنۇر، مەن سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىزگە تەشنا...

ئالىنۇر بىردىنلا قىزىرىپ يەرگە قارىدى، «ياق» دېيىشكە تىلى بارمىدى. بەختىيارنىڭ بىلىم جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى سۆزلىمىگەندىمۇ ئۇ ھەرقانداق لاتاپەتلىك قىز ياخشى كۆرۈپ قالغۇدەك ئوبدان يىگىت. تاماكا، هاراق دېگەنلەرنى ئېغىزغا ئالمايتتى، داۋاملىق ئۆگىنەتتى، ئىزدىنەتتى. ئالىنۇرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ھۆرمەت تۇيغۇسىدىن باشقا، ئۇنى كۆرسىلا پۈتۈن تېنى ئوت ئالغاندەك بولۇپ، قاش كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان بىر خىل سىرلىق تەلپۈنۈش ئۇنى بىئارام قىلاتتى ھەم كۆڭۈل سارىيىنى يورۇتقان تالىق بىر چىراغ ۋىلىلدە يورۇتقاندەك شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلەتتى.

— بەختىيار، مەن... مەن ئويلىنىپ باقاي بولامدۇ؟ — دېدى ئالىنۇر بېشىنى كۆتۈرمەي، — مېنى قىستىماڭ.

— ئويلىنىشىڭىزنىڭ چېكى بارمىدۇ؟ يەنە نەچچە يىل، قانچە ئايلار كېتەر؟

— چاچلار ئاقىرىپ، چىشلار سارغايغىچە، — ئالىنۇر كۈلۈۋەتتى، — ساقلىيالامسىز؟

www.uyghurkitap.com

— ئاشۇ سەممىي كۆلۈمسىرىشىڭىزنىڭ سادىغىسى ئۈچۈن بولسىمۇ، بەللىرىم پۈكۈلۈپ، كۆز گۆھەرلىرىم تۆكۈلگىچە ساقلايمەن...

ئالىنۇر بەختىيار بىلەن خوشلىشىپ يولدا كەلگۈچە ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە بەدەنلىرى ئوت بولۇپ ياناتتى، يۇمىلاق يۈزلىرى قىزىپ، نۇرانە كۆزلىرىدە ئۇچقۇنلار جەۋلان قىلاتتى. ئىككى قاتار يورۇپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى ئۇنىڭغا جىلمىيىپ كۈلۈۋاتقاندەك، ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلارمۇ ئۇنى تەبرىكلەپ سالام بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مانا بۇ قىسمەن خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشكەن كۆڭۈلنىڭ تۇنجى تەۋرىنىشى ئىدى.

خۇشاللىق يار بولغان بىر ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. «ئالتۇن نۇر تەربىيىلەش مەركىزى»دىكى بەش سىنىپ كۇرسانتلار «غەربىي دىيار مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»غا يۆتكىلىپ كېتىشتى. بەختىيارنىڭ تەقەززالىق تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ «ماقۇل» جاۋاب بەرگەن ئالىنۇرنىڭ ئەمدىلا باشلانغان ئوقۇشى توختاپ قالدى. ئۇ كەچ كۇرستىن قايتىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە سىڭلىسىغا گېزىتتىكى كىچىك بىر ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى، «ئۈمىد ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى»دە بىللە ئىشلەيدىغان دوستى پاتىمە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئوغۇل بالىلاردەك ياسىتىۋالغان كىرپىدەك تىك چاچلىرى قارىقۇمچاق، بادام يۈزىگە يارىشاتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئىچىدە زادىلا گەپ ياتمايدىغان، بىرەر گەپ ئاڭلىغان ھامان باشقىلارغا دېيىشكە ئالدىرايدىغان مىجەزى بار ئىدى.

— ئالىنۇر، بىر خۇش خەۋەر بار قارا، — پاتىمە قوي كۆزلىرىنى ئويناتتى، — ئاتاقلىق سەنئەتكار ئابدۇسالام ھاشىموف بالدۇرلا دەم ئېلىشقا چىقىپ بېيجىڭدا بىر رېستوران ئېچىپتۇ. ئۇ ئەخلاقى ياخشى، ساغلام ئوخشاش چىرايلىق، كېلىشكەن قىزلاردىن ئۇنى ئالماقچىكەن. مەن ئۆزۈمنى

تىز ىلىتىپ قويۇپ كەلدىم. قانداق، سەنمۇ بارامسەن؟

— قەيەردىلا ئىشلىسەك ئوخشاش، — دېدى ئالىنۇر، — رايىدىنكامنى خاپا قىلغۇم يوق.

— نەدىكى ئوخشاش بولسۇن؟ بۇ يەردە ئايدا ئۈچ يۈز سوم ئالىسەن، ياخشى ئىشلەپ ۋەزىپىنى ئاشۇرالىساڭ ئەللىك سوم مۇكاپاتى بار، — پاتىمە دوستىنى قىزىقتۇرماقتا ئىدى، — ئابدۇسالامكامنىڭ دېيىشىچە، ئايدا يەتتە يۈز سوم بېرىدىكەن، تېخى مۇكاپاتى ئۇنىڭ سىرتىدا.

— راستما؟ — ئالىنۇر قىزىقىپ قالدى، — نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— ئابدۇسالامكامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن. بۇ گەپنى دېگەن يەردە رايىدىنكاممۇ بار.

— ھەي ساراڭ، رايىدىنكامنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق يۈزسىزلىك قىلدىڭما؟

— نەدىكىنى، رايىدىنكام ئۆزى چاقىردى. چۈنكى، ئۇ ئابدۇسالامكام بىلەن يېقىن ئۆتكەچكە، ياخشى، ئىشەنچلىك قىزلىرىمدىن بىرەي دەپ ۋەدە قىلغانىكەن.

— مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە، — ئالىنۇر تېڭىرقاپ قالدى.

— ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيمەن دەپ خام تەمەدە يۈرۈۋاتىسەن، بىر يىل ئىشلىسەڭ، مۇكاپاتلىرى بىلەن ئون مىڭ سومدەك پۇلغا ئىگە بولامسەن، قاپاقباش.

پاتىمەنىڭ گەپلىرىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئالىنۇر ئەتىسى پەزىلەت دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ رايىدىن بىلەن كۆرۈشتى. باش دىرېكتور ئىشخانىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ ئاستا سۆزلىدى:

— ئەسلىدە سىزنى بەرگۈم يوق ئىدى، — دېدى رايىدىن راست گېپىنى قىلىپ، — بوپتۇ، سىزنىڭ ئوقۇش ئارزۇيىڭىز كۈچلۈك، بۇنىڭغا ئىقتىساد كېتىدۇ. تېخى سىڭلىڭىزمۇ بار. بارسىڭىز بېرىڭ. شەھەر كۆرسىڭىز كۆزىڭىز ئېچىلىپ، نەزەر

دائىرىڭىز كېڭىيىدۇ. خۇددى بىر ئائىلىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندەك بولۇپ قالىسىز. پىلتە خېمىر مەسىلىسىدە سىز تەربىيەلىگەن شاگىرتلارمۇ يېتىشىپ قالدى.

— رەھمەت، رايىدىنكا. مەن ئۈمىدسىزلىك كوچىلىرىدا قالغىنىمدا بېشىمنى سىلىغانىدىڭىز، ھېلىمۇ ھىممەت قولىڭىزنى سۇنۇۋاتىسىز.

— ھە، سىڭلىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟

— پەزىلەت ئاپپاي «قىزىم گۈلمېھرەگە ھەمراھ بولۇپ مۇشۇ ئۆيدە تۇرسۇن، بىر ماشىنىچى دوستۇم بار، شۇنىڭغا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بېرىمەن» دەيدۇ. مەنمۇ ھەر ئايدا تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتىپ تۇرىمەن.

— ئوبدان بوپتۇ، ھەر ھالدا خاتىرجەم بولۇپ مېڭىڭ، — رايىدىن بىر ئاز توختىۋالدى، — ئابدۇسالام قىزلاردىن ئاڭلىغانمۇ نېمە، سىزنى تالاشقانىدى. لېكىن مەن ئۇنىمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىۋەتسەملا كۇپايە، ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ.

ئالىنۇر بازاردىن كۆكتات، گۆش ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يەڭلىرىنى تۈرۈپ خېمىر يۇغۇردى. ئېلىپبەنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان مۇنىرە كۆكتاتلارنى ئادالاپ، توغرىدى. ھەش - پەش دېگۈچە چۈشلۈك لەڭمەنمۇ تەييار بولدى. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ تۇرۇشىغا بەختىيار ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئالىنۇر ئۇنىڭغا لەڭمەن سېلىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ھېلىلا تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى، ئۆزىمۇ ئالدىراپ تۇراتتى.

ئالىنۇر بېيجىڭغا بېرىپ بىرەر يىل ئىشلەيدىغانلىقىنى دېيىشكە، بەختىيار لاپپىدە قاراپ، خاپا بولغاندەك جىمىپ قالدى.

— مەنچە، بارمىسىڭىز، — دېدى بەختىيار ئەنسىرەش تەلەپپۇزىدا، — ھازىر ئادەملەر ئەسكى بولۇپ كەتتى. قانداق

يامان ئىشلار يوز بېرىدۇ، دېمەك تەس.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىزگە ئىگە بولىدىغان ئادەم ھەممىگە تونۇشلۇق ئاتاقلىق سەنئەتكار. ئۇ سىز ئەنسىرىگەن ئىشلارنىڭ يوز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئەخلاقلىق قىزلارنى تاللىدى. ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئالىدىكەنمىز. شۇنداقتىمۇ، بازارغا ئويچە چىقىشىمىزغا بولىدىكەن، يالغۇز چىقىشقا رۇخسەت قىلمايدىكەن.

— رادىيو - تېلېۋىزورلاردا سىپىنتەبىردە ئوقۇش باشلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلىنۋەتتۇق، ھازىردىن باشلاپ ئادەملەر تېلېفون ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقە قىلىشۋاتىدۇ، — دېدى بەختىيار جىددىي تەلەپپۇزدا، — سىز ئوقۇماقچى ئەمەسمىدىڭىز؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن، بېيجىڭغا ئىشلەشكە باراي دەيمەن. ئوقۇش ئۈچۈن پۇل بولمىسا مەن قانداق ئوقۇيمەن؟

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، مەن بولغاندىكىن بولمىدىمۇ.

— سىزنىڭ پۇلىڭىز بىلەن ئوقۇغاندىن كۆرە، ئوقۇمىغىنىم ياخشى. سىز مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسىز، ئۇنداق باشقىلارغا يۆلىنىۋالىدىغان ئىشلارنى ياقتۇرمايمەن.

— دەرس باشلاشقا ئۈلگۈرۈپ كېلەلەمسىز؟

— مەن ئاۋغۇستتا كېلىپ سىڭلىمنى ئۇرتاي ھاجىمنىڭ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن.

بەختىيار ئالىنۇرغا ئىشەنسىمۇ، جەمئىيەتكە ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە رېستورانىدا ئىشلەشنى ئەسلا ياقتۇرمايتتى. ئىچكىرىگە ئەكەتكەن ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن قىزلارنى چىرىپ كەتكەن غوجايىنلار ھەرخىل ئاماللار بىلەن قارماققا ئىلىندۇرۇپ، ئۇلارنى كىرىپ چىقالمايدىغان خالتا كوچىلاردا ئەرزىمەس ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇنداق رەزىللىكلەرنى كىنو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، بەختىيار

www.uyghurkitap.com

قىزلارنى ئەكەتمەكچى بولغان ئاتاقلىق سەنئەتكار بىلەن يۈزتۈرا سۆزلەشمەكچى بولدى.

— بولىدۇ. مەن ھېلىقى ئاتاقلىق بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئاندىن بىر قارارغا كېلەي، — دېدى بەختىيار ئالىنۇرغا.

## 24

بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېننىڭ قاينام بازىرىغا جايلاشقان «غەربىي دىيار ئابدۇسالام ھاشىموف رېستورانى» گەرچە باشقا مېھمانساراي، كاتتا شىركەت بىنالىرىدەك ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ مىللىي مېمارچىلىق سەنئىتى بىلەن زىننەتلەنگەنلىكى ئۇچۇنمىكىن ئۆزگىچە كۆزگە چېلىقاتتى. شۇنداقلا غەربىي دىيار تائاملىرىنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك، بېيجىڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ توپ - توپ كېلىپ تاماق يېيىشتىن سىرت، تويى، مەرىكە، تۇغۇلغان كۈن، ئۇزىتىش ھەم كۈتۈۋېلىش چايلىرىنىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ساز، ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىناتتى. ھەتتا چوڭ شىركەت، داڭلىق كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، مەخسۇس ئۇيغۇر سەنئىتىنى كۆرۈش ئۇچۇنلا بىرنەچچە قىممەت باھالىق ئۇستەللەرنى زاكاز قىلاتتى.

شىنجاڭدىن مارتنىڭ باشلىرى كەلگەن قىزلار ماي ئايلىرىنىمۇ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى تاماق توشۇش، ئۇستەل يىغىشتۇرۇش، ئىچىملىك قۇيۇپ بېرىش ھەم رېستوراننىڭ تازىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. رېستوران تۈزۈمى بويىچە ئىسمىنا ئالمىشىپ دەم ئالاتتى. بازارلارغا ئىككى - ئۈچ قىز بىرلىكتە چىقىپ سودىلىقلىرىنى قىلىپ قايتىپ كېلىشەتتى. ئالىنۇر بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىنمۇ بوش ۋاقىت

تاپسىلا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەتتى، ئىشتىن چۈشۈپ ياستۇققا
باش قويۇپ بىر چاغقىچە بەختىيار سوۋغا قىلغان يانچۇق
ئۈنئالغۇسىدىن جۈملىلەرنىڭ ئېيتىلىشى، تەلەپپۇز قىلىنىشىنى
ئاڭلاپ ياتاتتى. تيەنئەنمېن، جۇڭشەن باغچىسى، هايۋانات
باغچىسى، ئۆسۈملۈك باغچىلىرىغا دوستلىرى بىلەن ئويغىنىلى
بارغاندىمۇ ئۈنئالغۇسىنى ئېلىشنى ئۇنتۇمايتتى. ئالىنۇرنىڭ
بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرى مول ئىدى.
زىيالىيلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار، ئاددىي
ئاۋامغىچە ھەممىسىلا ئالدىراشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىلىم
ئىگىلەش، ئىزدىنىش، باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلىش، جەمئىيەتنى
ئۆزگەرتىش يولىدا كۈرەش قىلاتتى. كوللېكتىپ ئورۇنلاردىن تا
شەخسىي مۇناسىۋەتلەرگىچە قۇرۇق پاراڭ، بىكارچىلىقتىن
غەيۋەت قىلىش، چېقىمچىلىق، ئەبگارلىقلاردىن ئەسەرمۇ
كۆرۈنمەيتتى، ھەرقانداق داد ـ مۇئامىلىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم
ئۆلچەم قىلىناتتى.

ئالىنۇر بېيجىڭغا كېلىپلا مەركىزىي مىللەتلەر
ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىغان بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى.
ئارىلىقتىكى بىر دەم ئېلىش كۈنىدە ئۇنىڭ ياتىقىدا قونۇپ
قېلىپ كۆڭلى سۆيۈنگۈدەك مۇڭداشتى. بىر كۈنى ئۇ قىز نورۇز
بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلمەكچى
بولغان كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىنىڭ بېلىتىنى ئەكېلىپ بەردى.
ئالىنۇر مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا داغدۇغىلىق
ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ نۇرغۇن ئىستۇدېنتلار
بىلەن تونۇشتى ھەم ئۇلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەردە بولدى.
بۇ ئىلمىي سۆھبەتلەر ئالىنۇرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى
يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئوقۇش ئارزۇسىنى تېخىمۇ
كۈچەيتىۋەتتى. ئىستۇدېنتلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن
ئانا يۇرتى شىنجاڭنى زامانىۋىلاشقان، دەۋر ئېقىمى، زامان
رىقابىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان يېپيېڭى بىر شىنجاڭ

قوروش ھەقىقىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئالىنورنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. پائالىيەت ئاخىرىدا شىنجاڭدىن كەلگەن داڭلىق كىنو ئاكتىيورلىرى ئۆزى رول ئالغان كىنو ۋەقەلىكلىرىدىن ئارىيە ئورۇنلىدى. بەزى سەنئەت چولپانلىرى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆڭۈل ئېچىش ناخشا - ئۇسسۇل، دېكلاماتسىيە، نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن داغدۇغىلىق بولدى.

ئالىنور مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىدىن شۇنى ھېس قىلدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆگىنەتتى، ئۆزئارا رىقابەتلىشىپ، ئىزدىنەتتى، ھەتتا كېچىلىرىمۇ ئىنستىتۇت بېغىنىڭ ئىچىدىكى، يول بويلىرىدىكى، بىنا ئەتراپىدىكى چىراغ ئاستىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب كۆرۈش، يېزىش، ئۆگىنىش مەيدانىغا ئايلىناتتى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئويۇن - تاماشا، كىنو - تىياتىر، تانسا، رېستورانلاردىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلارنىڭ زاماندىن ئالغان ساۋىقى شۇ ئىدىكى، بىلىمدىن ئىبارەت سېھىرلىك ئاچقۇچنى قولغا كىرگۈزمەي، مىللەتنى دۇنياغا تونۇتقىلى بولمايتتى. قىسقىسى، مائارىپنى نەزەر دائىرىسىدىن چەتتە قالدۇرغان ھەرقانداق مىللەتنىڭ بۇ رىقابەتلىك دەۋردە باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا، تاپانلىرى ئاستىدا يانجىلىپ توگىشىگە كۆزى يەتكەنىدى. ئەمما، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن ئوقۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان، ھورۇن، لايغەزەل، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن تەييارتاپلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ قان تەرىدىن كەلگەن پۇللارنى مودا كىيىملەرنى كىيىشكە، ئويۇن - تاماشىغا ئىشلىتەتتى، پۇزۇر ياسىنىپ رېستوران - تانسخانىلاردا مەست - ئەلەس يۈرۈشەتتى، ھەتتا بەزىلىرى يامان يوللارغىمۇ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بېيجىڭغا

كېلىپ ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئويناپ يايرىۋېلىشنىڭ بىر قىيتىملىق ياخشى پۇرسىتى، دەپ چۈشىنەتتى.

ئالىنۇرنىڭ «بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن كەچ كۇرسلاردا ئوقۇيمەن» دېگەن ئارزۇسىغا شارائىت يار بەرمىدى. رېستوراندىكى مېھمانلار تارقىمىغۇچە ئىشتىن چۈشكىلى بولمايتتى. بەزى خېرىدارلار بار ئىدىكى، تۈنەشكە كەلگەندەك، هارىقىنى ئىچىپ، تۇگىمەس پاراڭ، تالاش ـ تارتىشلىرىنى قىلىشىپ خۇددى چاپلاپ قويغاندەك ئولتۇرۇشاتتى. شۇڭا، ئالىنۇر كىتابخانىلاردىن تېگىشلىك كىتاب ـ ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنەمەكتە ئىدى. پات ـ پاتلا بەختىياردىن تېلېفون كېلەتتى. ئالىنۇر ئۆزىنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىزچىل ئۆگىنىۋاتقانلىقى، ئىش تۇزۇمى قاتارلىقلارنى دوكلات قىلاتتى ھەم بەختىياردىن سىڭلىسىنى يوقلاپ تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىنى سورايتتى. بەزىدە بەختىيار پەس ئاۋازدا «بەك سېغىنغان»لىقىنى دەۋالاتتى.

مانا ئىيۇن ئېيىمۇ چىقىپ كېتەي دېدى. ئاۋغۇست ئېيىنى تاقەتسىز كۈتۈۋاتقان ئالىنۇر بىر قېتىملىق دەم ئېلىشىدا دادىسىنىڭ ۋاڭفۇجىڭدىكى كاۋاپخانىسىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ كاۋاپخانىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما باللارغا ئۆزىنىڭ ئەنزەرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى دېمىدى ھەم يېگەن كاۋاپنىڭ پۇلىنى بېرىپ چىققاندىلا، باللارغا:

— ئەنزەر كېلىپ قالسا، قىزىڭىز كېلىپ كەتتى، ئۇ بېيجىڭغا ئىكەن دەپ قويۇڭلار، — دەپلا كېتىپ قالدى. كاۋاپچى باللار ئۇنىڭدىن پۇل ئالغانلىقىدىن خىجىل بولدىمۇ، ئارقىدىن ۋارقىرىشىپ كېتىشتى.

كۈنلەر خۇددى پەسكە يۇمىلانغان غالتەكتەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ شۇنچە تېز ئۆتمەكتە. رېستوراندىكى تۈگىمەس ئىشلارغا بەند بولغان ئالىنۇر كۈن ـ ھەپتىلەرنى ساناپ ئىيۇل ئايلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. ئۇ ئىيۇل ئايلىق مائاشىنى ھەم

www.uyghurkitap.com

مۇكاپات پۇلىنى ئېلىپلا ئابدۇسالامدىن يىگىرمە كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. سىڭلىسىنىڭ يات كىشىلەر قولىدا قالغانلىقىدىن خەۋىرى بولغان غوجايىنىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدى. ئالىنۇرنىڭ بۇنداق قىسقا مۇددەتلىك رۇخسەت سورىشى يېڭى قۇرۇلغان «غەربىي دىيار مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»دا بىرىنچى يىل ئوقۇشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن بولغانىدى. چۈنكى، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلى يىلىغا ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سوم بولۇپ، تاماق، ياتاق، ماتېرىيال پۇللىرى ئۇنىڭ سىرتىدا بولغاچقا ئوتتۇرا يولدا توختاپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. ئۇ بېيجىڭغا كەلگەن بەش ئايدىن بېرى تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ ئىككى مىڭ بەش يۈز سوم يىغقانىدى. ئابدۇسەمەت بەرگەن پۇلنى نېرى ـ بېرى قىلماي ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى بىر يىللىق ئوقۇش خىراجىتىگە يەتمەيتتى. شۇڭا، ئالىنۇر بېيجىڭدا يەنە بىر يىل ئىشلەش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى.

ئالىنۇر پويىزدىن چۈشۈپلا پەرىلەت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بەختىيار بىلەنمۇ كۆرۈشمەي شۇ كۈنى كەچتە مۇنىرەنى ئېلىپ غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ مومىسى گۈلسۈمخان، ئاكىلىرى ئەسقەر، ئەكبەر، يەڭگىسى ساباھەتلەر بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ، ئەتىسى چوڭ يولغا چىقىپ تۆرتاي ھاجىمغا تېلېفون بېرىۋىدى، ئۇ «ئاپىرىپ بېقىڭ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل بولغانلار بىرنېمە دېسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئالىنۇر سىڭلىسىنى ئېلىپ دەريا بويىدىكى مەكتەپكە ئاپاردى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر قاتارىسىغا تىزىلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ نۆۋىتى كەلگەن ھامان چاقىرىپ ئەكىرىپ كېتەتتى. ئىككى سائەتتەك نۆۋەت كۈتكەن ئالىنۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىدىن سولتىيىپ قايتىپ چىقتى. چۈنكى، ئۇلار «مېيىپ بالىنى قوبۇل قىلمايمىز» دەپ قەتئىي رەت قىلغانىدى.

سىڭلىسىنى نۇرتاي ھاجىم مەكتىپىگە كىرگۈزۈش ئۈمىدى پۈتۈنلەي بەربات بولغان ئالىنۇر غۇلجىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، مۇنىرەنى مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى سىنىپىغا تىزىملىتىپ، ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى. ھەدىسىدىن تىل، ھېسابتىن ساۋاق ئېلىپ، خېلىلا ئىلگىرىلەپ قالغان مۇنىرە ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتتى. ئالىنۇر سىڭلىسىنىڭ ئوقۇش، كىتاب ھەم تۇرمۇش خىراجەتلىرى ئۈچۈن مومىسىغا پۇل تاپشۇرغاندىن كېيىن، مومىسى مۇئەتتەرخاننىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قوندى. ئەتىسى ئەتىگەن ئاشخانىغا بېرىپ ئابدۇسەمەت بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇنىڭ مەكتەپتىكى قەرزىنى تۆلىۋەتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى.

— مەن تېلېۋىزوردىن يەڭگىمىز گۈلنىسانىڭ مۇددەتسىز كېسىلگەنلىكىنى كۆردۈم، — دېدى ئابدۇسەمەت خىيالغا پاتقان ھالدا، — ئاكىمىز ئىككى ئايدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىگە يەتتى. بۇ ھەممىسى پىلانلىق، مەقسەتلىك قىلىنغان سۇيىقەست.

— ئابدۇسەمەت ئاكا، سىز بەكمۇ چوڭقۇر ئويلايدىكەنسىز، ئۆتكەن يىلىمۇ مۇشۇ گەپنى قىلغانىدىڭىز، — ئابدۇسەمەتنىڭ مۇلاھىزىلىرى ئالىنۇرنىڭ يەنىلا كاللىسىدىن ئۆتمىدى، — دادامنىڭ مېنى پۇلدىن قىسىشى مەكتەپتە ئوقۇتماي ئىشقا سېلىش، گۈلنىساخان ھەدىمىزگە بولسا مەيلى چۈشمىگەنلىكتىن قارىماي قويغان گەپ. بۇنى قانداقمۇ ئىككى ئايدىن ئۆچ ئېلىش دېگىلى بولسۇن؟ سىزمۇ قارىسىغا ئەيىبلەۋېرىدىكەنسىز.

— بولدى، بولدى. دادىڭىز بولغاچقا ئۇنى ئاقلاۋاتىسىز، — دېدى ئابدۇسەمەت، — ھە، ئەختەمنىڭ نېمە پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇ ئىچكىرىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە مانا ئىككى يىلدىن ئاشتى، ھېچ خەۋىرى يوق. ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ ھازىر شىئەن شەھىرىدىكى «خۇڭشيەن» تۈرمىسىدە سولاقلىق ئىكەن.

— نېمە؟! — چۆچۈپ كەتتى ئالىنۇر، — سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ئاشۇ تۈرمىدە بەش يىل يېتىپ چىققان بىر بالىسىن ئاڭلىدىم، — ئابدۇسەمەتنىڭ چىرايىنى ئېچىنىش قاپلىدى، — ئەختەم: «غۇلجىغا بېرىپ قالساڭ، مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى تۇغقانلارغا ئېيتما» دەپتۇ. ھەي ئىسىت، ئاكام مۇشۇ بالىغىمۇ قىلىپ قويدى.

— ئۇ دېگەن دادام بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئاشۇ گۇلنىسا دېگەن خوتۇننىڭ كاساپىتى.

— بولدى، تالاشمايلى، — ئابدۇسەمەت ئېپادىسىزلا كۈلدى، — ھە، ئاڭلىسام، بېيجىڭدا بىر رېستوراندا كۈتكۈچىلىك قىلىۋېتىپسىزغۇ. قىز بالا دېگەن ئاشۇنداق يەردىمۇ ئىشلەمدۇ؟

ئالىنۇر ئۈرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن بېيجىڭدا يەنە بىر يىل ئىشلەشكە ئىرادە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئوقۇش پۇلى شۇنچە جىقمىكەن؟ — سورىدى ئابدۇسەمەت.

— تاماق، ياتاق، ماتېرىيال پۇللىرىدىن سىرت ئوقۇش پۇلىلا ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز سوم ئىكەن. تىجەپ ئىشلەتسەمغۇ يىغقان پۇلۇم بىر يىلغا يېتىپ قالار دەيمەن.

ئالىنۇر ئابدۇسەمەت بىلەن خوشلىشىپ شۇ كۈنى كەچ سائەت ئالتىدە ماڭىدىغان ئاپتوبۇستا ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا يېتىپ كېلىپ ئۈرۈمچى ناھىيەسىگە قاتنايدىغان مىنىبۇسقا چىقتى. «ئەگەر بەختىيار بېيجىڭدا يەنە ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئاڭلىسا ئۇ قوشۇلارمۇ ياكى رەت قىلارمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە قالغان ئالىنۇر يولدا بارغۇچە ئۇنى ئېرىتىشنىڭ ئامالىرىنى ئويلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ: «كەم پۇلىڭىزنى مەن غەملەپ بېرىمەن» دېيىشى ئېنىقلا ئىدى. ئەمما، بۇنداق غۇرۇرىنى، ئىززەت - نەپسىنى

كۆلگە پۇچىلاپ ئۇقۇش خورلۇق ھېسابلىناتتى. ئالىنۇر بەختىياردىن ئايرىلىپ كېتىپ ئاشخانىلاردا يۇندىپۇرۇشلۇق قىلىشقا رازى ئىدىكى، ھەرگىز بىركىمنىڭ چاپىنىدا تەرلەشنى خالىمايتتى. كونىلارنىڭ «ئېرىڭگە ئىشەنگۈچە، ئىشىكىڭنىڭ ئىلگۈچىگە ئىشەن» دېگەن گېپى بارغۇ؟ بەلكىم بۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنچسىز ئەر ـ خوتۇنلارغا قارىتىلغان تەمسىل بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ، تۇرمۇش دېگەندە قازان ـ چۆمۈچمۇ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ «تاڭ ـ تۇڭ» ئاۋاز چىقىرىدىغان گەپ. بىر كۈنلەر كېلىپ سەن ـ پەن دېيىشىپ قالسا: «بىلىپ قوي، بۇگۈنكى كۈنۈڭ كىمدىن كەلگەن؟» دېگەن ئاھانەتنى ئاڭلىغۇچە ئۆلۈۋالغان ياخشى.

ھەر خىل ئېھتىماللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئالىنۇر ئۇرۇمچى ناھىيەسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ «غەربىي دىيار مىللەتلەر ئىنستىتۇتى» ئورۇنلاشقان «ئېچىش رايونى»غا يېتىپ كەلدى. مىنىبۇس تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەن ئالىنۇر بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىگە ھەيرانلا قالدى. ئاسفالت يول بويلاپ رەتمۇرەت تىزىلغان قارىغايلار، توپسىمان زىننەت ئارچىلىرى، ھەربىر ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپ، كارخانا، شىركەت قورۇلىرىدىكى چىملىقلار مەخمەلدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. بىر ـ بىرىدىن بوي تالىشىپ تۇرغان رەڭدار بىنالار، كونسېرۋا، ھاراق، تاماكا زاۋۇتلىرى، نەپىس زىننەتلەنگەن رېستوران، مېھمانخانا ئالدىلىرى، رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈل تەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چوقچايغان تاغ تاشلىرى، پاكىز ـ رەتلىك يوللار شۇنچىلىك كۆركەم ئىدىكى، «ئېچىش رايونى» خۇددى ئىسلاھاتتىن تۇغۇلغان قىران يىگىتكە ئوخشايتتى. غايەت زور شارلاردىن ئېسىلىپ تۇرغان قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل ئېلان شەلپەرلىرى تىنىق نىل رەڭلىك سۈزۈك ئاسماندا لەرزان لەيلىشىپ، گويا ئۇچۇپ يۈرگەن پەرىزاتلارنى ئەسكە سالاتتى.

مىنىبۇس ئاخىرقى بېكەتكە كېلىپ توختىدى. ئالىنۇر

يولۇچىلاردىن ئالىي مەكتەپ ئورنىنى سورىۋىدى، ئۇلار يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنانى كۆرسىتىپ قويدى. ھازىر تەتىل بولغاچقا بىنا ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ بىرىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئۈستىدىكى سولياۋ تاختىلارغا قاراپ قويۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆرلىدى. بىردىنلا «ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتى مۇدىرى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشىكنى كۆرۈپ يۈرىكى بىردىنلا سېلىپ كەتتى. ئالىنۇر ئىشخانىغا ئۇسۇپلا كىرىۋىدى، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرغان بەختىيار ئورۇندۇقلارنى تاراقلىتىپ كەلدى ـ دە، ئۇنى قۇچاقلىغۇلدى ھەم دەرھاللا ئىستاكاننى چايقاپ ئىچىگە خالتىلىق چاي سېلىپ، ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيدى.

— سىز مەن بىلەن كۆرۈشمەيلا غۇلجىغا كېتىپسىز ـ ھە، — دېدى بەختىيار خاپا بولغان ھالدا، — مەن مۇنىرەنى يوقلاپ كېلەي دەپ، پەزىلەت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە بارسام، «تۈنۈگۈن كەتتى» دەيدۇ.

— كەچۈرۈڭ، بەختىيار، سىڭلىمنى تىزىملىتىشقا ئالدىراپ كېتىپ قالدىم. بىراق، شۇنچە ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار بولدى.

— نېمە، قوبۇل قىلمىدىمۇ؟

— شۇنداق، مېيىپ بالىلارنى ئالمايدىكەن.

— قانداق قىلدىڭىز؟

— باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ كەلدىم.

ئالىنۇرنى بىر يولىلا قايتىپ كەلدى، دەپ ئويلىغان بەختىيار ئۇنىڭ چامادان، سومكىلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ شەھەردىكى پەزىلەت دوختۇرنىڭ ئۆيىدە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. شۇڭا، ئۇ ئاشخانىغا چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانىدى، ئالدىراپ تۇرغان ئالىنۇر راست گېپىنى قىلدى:

— كەچۈرۈڭ، بەختىيار، مەن يىگىرمە كۈنلۈكلا رۇخسەت سوراپ كەلگەن، بۇگۈن كەچلىك پويىزدا ماڭمىسام، كېچىكىپ

قالىمەن.

— نىمە، سىز يەنە كېتەمسىز؟ مۇشۇ يەردە ئوقۇيمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟

— قارارىمنى ئۆزگەرتتىم. كېلەر يىلى چوقۇم ئوقۇيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

ئالىنۇر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ھەم يېرىم يولدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىينىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېغىز - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈردى. لېكىن، بەختىيارنىڭ چىرايى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۇرۇلۇشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇ «مۇدىرلىق» ھوقۇقىغا ئىشىنەتتى. ھازىر مەكتەپكە يەتتە سىدىنىپ خەنزۇ، بەش سىنىپ ئۇيغۇر بالىلىرى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار يىغىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەگەر ئالىنۇر بەختىيارنىڭ شاپائىتىنى قوبۇل قىلىشنى ھار ئالسا، ئۇ ھوقۇقىغا تايىنىپ ئوقۇش پۇلىنى مەلۇم نىسبەتتە تۆۋەنلىتىشكە ھەتتا كۆتۈرۈۋېتىشكىمۇ كۆزى يېتەتتى.

— بەختىيار، ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، مەكتەپتىكىلەر سىزگە قانداق كۆز قاراشتا بولار؟ — ئالىنۇر ئىچى تىت - تىت بولغان ھالدا سۆزلىدى، — مەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ «ھوقۇق كالتىكىگە تايىنىپ كىرگەن ئوقۇغۇچى» دېگەن ئاتاقتا يۈرگىنىمدىن ئوقۇمىغىنىم تۈزۈك.

بەختىيار ئويلىنىپ قالدى. ئالىنۇرنىڭ سۆزلىرى يوللۇق ئىدى. مەكتەپ بۇياقتىن قۇرۇلۇپ، ئۇياقتىن «ئارقا ئىشىك» قىلسا، بەختىيارنىڭ بېشىدا چاقناپ تۇرغان ھوقۇق يۇلتۇزىمۇ ئاز كۈن ئۆتمەي خىرەلەشكەن ياكى ئۆچكەن بولمامدۇ؟! ئەمدى بۇ جاھىل قىز ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشنى ھار ئېلىۋاتسا، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟

— راستلا بېيجىڭغا قايتامسىز؟

— مەن سىزگە ۋەدە بېرەي، كېلەر يىللىق قوبۇل قىلىنغان بالىلارنىڭ باش تىزىملىكىگە مېنى يېزىپ قويۇڭ. مەن سىزنىڭ

قولىڭىزدا ئوقۇشنى بەخت دەپ بىلىمەن.

بەختىيار ئۈندىمىدى، ئۇ يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تۇرمۇش تۇچاقلىرىدا پىشىپ، خورلۇق ۋە تەڭلىك دەستىدىن يۈرىكى ئېزىلگەن بۇ قىز تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرەتتى. كۆرگەن ئاشۇ رەھىمسىز كەچمىشلەرنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى خالىمايتتى.

ئالىنۇر بەختىيارنىڭ «كىچىك ماشىنىدا ئاپىرىپ قويسۇن» دېگىنىگە ئۇنىماي ئۇزاپ چىقتى ـ دە، ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېتىپ قالدى.

## 25

... بايكۆل قەبرىستانلىقى، ئەتراپ زەپىران سارغايغان. يىراقتىن كۆرۈنگەن دەل ـ دەرەخلەر، ئالمىلىق باغلار قىزغۇچ، سايسېرىق، قوڭۇر تونلارنى كىيىشكەن، ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاپ بولغان غېرىب ياپراقلار قۇياشلىق دۇنياغا تويمىغاندەك ئاستا لەيلەپ چۈشۈپ، قۇرۇغان بوستانلارنى قەبرىستانلىقتا ئايلاندۇرماقتا... قەبرىلەر ئارا چوقچىيىپ تۇرغان بىرەر تۈپ كۆچەت ھەم قاغجىرىغان تاختاي ئابىدىلەرمۇ «يەنە بىر كۈز كەلدى» دېگەندەك غېرىبسىنىپ قالغاندى. قەبرىستانلىقتا ئادەملەر خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توپلىشىپ دۇئا قىلىشاتتى، تاۋاپ قىلىپ كۆز ياش تۆكۈشەتتى. سەدىقە تىلەپ يۈرگەن دىۋانىلەرمۇ قوناق شېخىدەك ئورۇق قوللىرىنى سوزۇشاتتى. قېرىلىقتىن دۈمچىيىپ قالغان بىر بوۋاي قىسماقتەك پۈكۈلۈپ، كونا قەبرە بېشىدا «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋەئىننا ئەلەيھى راجىئۇن»① دېگەن ئايەتنى خىرىلداپ قالغان ئاۋازى بىلەن مۇڭلۇق قىرائەت قىلىشاتاتتى.

---

① بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

«بۈگۈن قۇربان ھېيت بولغاچقا، نامازدىن قايتىپ، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغىلى كەلگەنلەر ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئەنزەر. ئۇ بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى مېھرىبان بىر يۈرەك كۆمۈلگەن قەبرىنى ئىزدەپ يۈرەتتى. بۇ قەبرىستانلىق گويا لوقمىسىنى سىڭدۈرەلمەي قالغان يىرتقۇچتەك شۇنچە چوڭىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ. راست ئەمەسمۇ، يەر قاچان ئادەم يەپ تويۇپتۇ؟ كەتكەنلەر كەتتى، خەۋىرى بولمىدى، ئۇلارنىڭ بېشىدا نېچۈك كۈن بولدى، بۇمۇ قاراڭغۇلۇق ! ...

ئەنزەرنىڭ كونا جاراھەتلىرىنى پال سېلىپ بىلىۋالغاندەك، بىر دىۋانە ئاجايىپ مىسكىن ئاۋازى بىلەن ھۆكمەت ئوقۇماقتا ئىدى:

سەن ـ سەن دۇنيا، سەن دۇنيا
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن.
مەن ـ مەن دېگەن يارەنني
يەر قوينىغا ئالدىڭ سەن.
ئالدىڭ ـ ئالدىڭ، تويمىدىڭ،
بارغانلارمۇ قايتمىدى،
بارغانلارمۇ قايتمىسا،
ئاخىر مەنزىل شۇنداقتۇرا...

ئەنزەرنىڭ كۆز ياشلىرى كۆكلەم باھار يامغۇرىدەك قۇيۇلدى. ئۇ تۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن گۈلسۇمخان، مۇئەتتەرخان ئىككى ئانىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇلار داستىخانغا ئورالغان تاۋاقتىكى يىت ـ پوشكال، قۇيماقلىرىنى دىۋانە، نامرات يارەنلەرگە تارقىتىپ يۈرۈشەتتى ھەم بىرسى: «قىزىم گۈلبانۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ قويارلا» دېسە، يەنە بىرسى: «پەرىشتىدەك كېلىنىمگە بىر قىرائەت قىلىۋەتسىلە، بىز

گۇناھكار ئانىلار ئۇنى تاۋاپ قىلىپ كەلدۇق» دەيتتى. ئەنزەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى ـ يۇ، ئېغىز ئېچىپ تونۇشلۇق بېرەلمىدى. ئىككى ئانىمۇ ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى ـ يۇ، يەنە سەدىقە تارقىتىش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئەنزەر يۈرىكىنى سىيپاپ قويدى. ئۇنىڭ ئېگەك، بويۇنلىرىنى چار ئارىلاشقان قاپقارا بومبا ساقال قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىلا پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ سىياقى بىلەن ئانىلارنىڭ تونۇماسلىقى تەبىئىي ھال. ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى «ئانا... ئاپا...» دەپ چاقىرسىمۇ بولاتتىغۇ؟! ئىللا تاۋارا ئېغىزى زۇۋانغا كەلمىدى. چۈنكى، كىمدۇر بىرسى: «ھەي تۇزكور مۇناپىق، مۇشۇ ئىككى ئانىدىن ئەنت ـ قىساس ئالىمەن، دەپ قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى پايخان قىلىۋەتتىڭ ـ ھە؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن ئازدىم... ئازغاندىمۇ بەك ئۇزاپ كەتتىم، — پىچىرلىدى ئەنزەر.

— ئون ئالتە يېشىدا دەپسەندە قىلىنغان بىر ناتىۋان ساڭا ئون يىللاپ ساقلاپ، بالاڭنى چوڭ قىلدى. ئۇ ئادىمىلىك يولىنى تاپقىنىغا خۇش ئىدى. بىراق، سەن ئۇنى چوڭقۇر ھاڭ لېۋىگە سۆرەپ كېلىپ ئىتتىرىۋەتتىڭ. ئوغلۇڭ ئەختەمنىڭ گۇناھى زادى كىمگە؟ قىزىڭنى نېمە كۈنلەرگە سالمىدىڭ؟ قارىغىنا ئىككى ئانىنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكىنىنى؟!

— مەن گۇناھ قىلدىم، ئىككى ئانىغا يۈز كېلەلمەيمەن!

— بىر ئانىنىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن پەرىشتىدەك قىزى بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇپ پەرزەنتىڭ بولدى. سەندە يەنە نېمە ئارمان؟ ئاناڭ بولسا ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغۇپ، سوغۇق بۆشۈكنى قۇچاقلاپ سېنى خۇددى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كېچىپ بىر كېچە بەرگەن ئاق سۈتىنى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بېرىپمۇ

ئاقلىيالمايسەن!

— بەرھەق، بەرھەق، مەن پەقەت ۋەيران بولغان بەختىمگە پايلىماي...

— بىلىپ قوي، بەختسىزلىك — كۆپ كىشىلەر نائىل بولالمايدىغان بەختتۇر!... ئۇنىڭ شېرىن ئازابى، ئاھ... دەپ قىلغان نالىلىرى، ئېتىقادىڭنى قورام تاشتەك چىڭىتىپ، ھاياتىڭنىڭ يېڭى بۇلىقىنى ئاچىدۇ. دۇنيادا ئۆلۈپ ئايرىلمايدىغان ھەم تىرىك ئايرىلمايدىغان كىم بار؟ تاتلىق ۋىسالنىڭ جۇدالىقى، بىر ئامەتنىڭ بىر ئاپىتى، ئاچچىق ئازابنىڭ راھەت - پاراغىتى، ھاياتلىقنىڭ ئۆلۈمى. بىر غەنىيلىكنىڭ بىر گادايلىقى بىر - بىرىگە ھەمتەك بولۇپ كەلگىنىدەك، بۇ پانىي دۇنيا شادلىق ھەم پاجىئەگە تولغان! شۇڭا دانىشلىرىمىز: «كۈلكە بىلەن يىغا، خۇشاللىق بىلەن غەم - قايغۇ بىر قورساقتىن چۈشكەن قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلاردۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

ئەنزەر ياشلىرىنى سۈرتمەي يىراقلارغا قارىدى. ئىككى ئانا ھېلىھەم كەمبەغەللەرگە سەدىقە تارقىتىپ يۈرەتتى. ئۇلار كىمگىدۇر ئېگىشىپ بىرنېمە بەرسە، ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. ئەنزەر ئايلىنا - ئايلىنا «گۈلبانۇم مەرۇپ قىزى» دېگەن خەت يېزىلغان قاغجىراق تاختىنى تاپتى. كۆيۈمچان مەسۇمەنىڭ قەبرىسىگە قويۇلغان بۇ لەۋھەنى ئۇ قازا قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئەنزەر شەھەردە ياستىتىپ كېلىپ ئورنىتىپ قويغانىدى.

— بالام، ئىككى كەلىمە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بېرەيما؟

ئەنزەر «قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئەلەيھى راجىئون» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان بايىقى دۇمچەك بوۋاينى تونۇدى. ئۇنىڭ بىر تۇتام ئۇزۇن ئاق ساقىلى قاپقارا قارىداپ گەز باغلىغان كالپۇكلىرىغا ھەيران بولۇپ قاراۋاتقاندەك، ئۇچلۇق ئېڭىكىگە ئېگىلىپ تۇراتتى. ئۇچ - تۆت تال سارغايغان ئۇزۇن قاشلىرى جىيەكلىرىنى قورۇق قاپلىغان نۇرسىز كۆزلىرىگە خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ساڭگىلىغانىدى. كىچىك يۇمىلاق

قارىچۇقلىرى بولسا گوداڭغا چۈشكەن قارا مونچاقتەك گۈنسىز پارقىرايتتى.

— قېنى كەلسىلە.

ئۇلار قۇرۇغان ئوت - خەسلەر ئۈستىدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. بوۋاي ئاجىز يۆتىلىپ، كانىيىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن قىرائىتىنى باشلىۋەتتى. ئەنزەر گەرچە ئەرەبچە ئوقۇلۇۋاتقان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىسىمۇ، پەقەت ئۇنىڭ يىغلىغاندەك مۇڭلۇق ھەم سىرلىق ئاھاڭلىرىلا ئۇنى يىراق ئۆتمۈشكە ئەكەتكەندى. لەمپە ئاستىدىكى ئۆزىگە تىكىلگەن ئوتلۇق كۆزلەر، تاشقا ھارۋىنى ئىتتەرگەن ۋاقتىدىكى مارجاندەك ئۇششاق تەرلىگەن ئايدەك يۈزلەر، كاتىردا قورقۇپ قۇچاقلاشلار، كىچىك چۇقۇر بوستانلىقىدىكى باغرىغا سىڭىپ كەتكەن بىراۋلار... ۋاڭ قادىر بېغىدىكى تەلمۈرۈپ بېقىشلار... تۈن كېچىدىكى ئۆگزىگە چالما تاشلاشلار... ئەندىكىپ سۆيۈپ قېچىشلار... ئاھ، خۇدا، شۇلار بولۇپ ئۆتكەنمىدى؟ گۈلبانۇم ئاتلىق رەڭگى - رۇخسارى دائىم پاكىز يۇرىدىغان، تارتىنىپ كۈلىدىغان، ھايالىق كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچىدىغان بىر مەسۇم سەنەم بۇ دۇنيادا ياشىغانمىدى؟! ئۇنىڭ مۇشكى - ئەنبەردەك مەززىلىك ھىدلىرى باھار چېچەكلىرىدەك نەلەرگە توزۇپ كەتكەندۇ؟ «ئەنزەر... ئەنزەر... ئەنزەر...» دەپلا سوقىدىغان ئالمىدەك يۈرىكى ئانا تۇپراق باغرىدا ھېلىمۇ شۇنداق نالە قىلامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاۋاپ قىلاي دېسە، قەدەم ئىزلىرى قاچانلاردۇر ئۆچۈپ كەتكەن! گۈل سىيماغا ئېگىلەي دېسە، مۇبارەك تېنىدىن بىر سىقىم توپا قالغان! ئاھ، چەرخى پەلەك، قىلمىشلىرىڭ دائىم بۇزماق، يامانلاردىن ئەلەم تارتقۇزماق... دۇنيا ئازغىنا ياشىغان ئاشۇ ناتىۋاننىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىمۇ بولغانمۇ؟ سېنىڭدىن سۆيۈنگەن چاغلىرىنى ئەسكە ئالالامسەن؟! ياق!... سەنىڭ ئۇنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان گۈلدەك ھاياتىنى خازان قىلىپ مۇرادىڭغا يەتتىڭ، لېكىن ئۇچۇ؟ ئەنە قارا، ھەممە، ھەممە ياشلىق ئارزۇ -

ئارمانلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەتكەن ئۇ مەرھۇمە ئىككى غولاچ سوغۇق يەر تېگىدە ئاخىرەتنى كۈتۈپ يېتىپتۇ... ئاھ، خۇدا، ئۇنى ئويلىمايدىغان، سېغىنمايدىغان، ئۇنتىدا كۆيۈپ ئۆتمەيدىغان بىرەر دەقىقەممۇ بولارمۇ كاشكى! ...

ئەنزەرنىڭ ھەسرەتلىك پىغانلىرى تالڭ سۇزۇلگۇچە داۋاملاشقانمۇ بولار ئىدى، لېكىن دۇمچەك بوۋاي قىرائىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. بوۋاي كۈيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئارانلا رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى ھەم ئەنزەرنىڭ ئاتىغان سەدىقىسىنى ئېلىپ يەنە دۇئا قىلدى ـ دە، كامالچىدەك ئېگىلىپ كېتىپ قالدى. ئەنزەر قەبرە بېشىدىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق، داستىخانلىرىنى قولتۇقلىغان ئىككى ئانا قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەنزەرگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرۇشاتتى.

— قارىسىلا، قۇدام گۈلسۇمخان، — مۇئەتتەرخان ئەنزەرنى ئىما قىلدى، — بۇ ھېلىقى تۇزكور ئەمەسمۇ؟ بۇنداق تۇزكورلارنىڭ تەلەتىگە قاراشمۇ بىر گۇناھ، يۈرسىلە، بۇ يەردىن تېز كېتىلى.

— توختىسىلا، قۇدام مۇئەتتەرخان، — گۈلسۇمخاننىڭ ئىچى ئاغرىغاندەك قىلاتتى، — قارىمامىلا ئۇنىڭ بوراندەك ياش تۆكۈۋاتقىنىنى، گۇناھكەبىر، گۇناھىسەغىرلىرىگە توۋا قىلغان بولسا، ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلغاندۇر.

— توۋا دېسىلە، قۇدام، كىتابى «پەتىۋا شېرىپ»تا «تۇزكورغا يان باسقان، بولۇشقان ئەۋلادتىن، دوست ـ يارەندىن تېنىپ كەتمەكلىك، قاچماقلىق پەرزىلەتتۇر ۋە ئەڭ ئالىي مۇسۇلمان ساۋابىدۇر» دەپ ئېيتىلغان. يۈرسىلە ماڭىلى، ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولۇپ قالمايلى يەنە.

— ئانا، ئاپا، بۇ مەن ئەنزەر ئەمەسمۇ، ئوغلۇڭلار ئەنزەر بولىمەن...

— ئاغزىڭنى يۇم، — ئىككى ئانا تەڭلا ۋارقىرىدى، — سەندەك ئاداۋەت، كىنە ـ كۇدرەتلەرگە چىرمىلىپ قالغان

ئوغلىمىز يوق!... بىز ئىككىمىز سېنىڭ دۈشمىنىڭ تۇرساق... ئەنت ـ قىساسلىرىڭ تېخى تۈگىگىنى يوققۇ دېيمەن؟...

— ئانا، ئاپا، مەن كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىم، مېنى ئەپۇ ئەتسەڭلار...

— نىكاھ يېپىغا باغلاپ قويۇپ، ئەرلىك بۇرچۇڭنى ئادا قىلماي، ياشلىق ھاياتىنى زەبۇن قىلغان گۇلنىسا، ياقا يۇرت گۇندىخانىلىرىدا يىت ـ بۆرگىلەرگە يەم بولغان ئوغلۇڭ ئەختەم، سەرسانلىق كوچىلىرىدا زار قاقشاتقان قىزىڭ ئالىنۇر سېنى كەچۈرەرمۇ؟ خۇدا سېنى كەچۈرەرمۇ؟ قارىغىنا، ئىككىمىزنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاتمىش بەش ياشقا كىرە ـ كىرمەي سۈتتەك ئاقىرىپ كەتكىنىنى. گۇلنىسانى مەن ئېلىپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈنلا مېنىڭدىن ئالالمىغان ئۆچۈڭنى ئاشۇ ناتىۋاندىن، گۇناھسىز ئوغلۇڭدىن ئالدىڭ. گۇلسۇمخاندىن ئالالمىغان قىساسىڭنى ئۇ بېقىپ چوڭ قىلغان نەۋرىسىدىن، ئۆز قىزىڭدىن ئالدىڭ. سېنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن؟! ھۇ تۇزكور شاۋۇچى!

— ئانا، ئاپا، — ئەنزەر قولىنى سوزغانىدى، ئىككى ئانا تەڭلا غايىب بولدى. ئەنزەر قەبرىگىلا يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

— ئەنزەر، ئۇلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئەڭ چوڭ گۇناھكارلار ئۆزلىرى، سىز مېنىڭ قىيامەتلىك جورام، — ئەنزەرنىڭ ياشلىق يۈزلىرىنى گويا جەننەت پەرىشتىلىرىنىڭ ئىللىق، ھارارەتلىك قوللىرى سىلاۋاتقاندەك بىلىندى، — نېمانچە ساقاللىرىڭىزنى ئۆستۈرۈۋەتتىڭىز؟ مېنىڭ كويۇمدا ئاشىق دەرۋىش بولماقچىمۇ؟ بۇنداق ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە قالسىڭىز مەن قانداقمۇ خاتىرجەم ياتىمەن... تاڭلا مەھشەر كۈنى دىدارلىشىمىز ئەمەسمۇ... ئاھ، مېنىڭ نادامەتلىك ئەنزەرىم، مەن ئۈچۈن خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولغان ۋاپادارىم... باغرى قان جىگىرىم...

— گۇلبانۇم! ... — ئەنزەر ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن ئۆزى ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن

چاچراپ تۇردى – دە، كارىۋات يۆلەنچۈكىگە ئاستا يۆلەندى، پېشانىلىرى مونچاق – مونچاق تەرلىگەن بولۇپ، ئېغىر ھاسىرايتتى.

«ئۇھ... — دېدى ئەنزەر چوڭقۇر تىنغان ھالدا، — بۇنداقمۇ كارامەتلىك چۈش كۆرىدىكىنە كىشى.»

گۇاڭجۇ، نەنخەي①، ئەنزەر بۇ يەردىكى ناۋايخانىسىنى ماڭدۇرۇۋاتقىنىغا ئۇن نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۇ بىرقانچىلىغان شاگىرتلىرى بىلەن نان، سامسا يېقىش ئارقىلىق داڭ قازاندى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سودىسى جۈمە كۈنى ئىنتايىن بېسىق بولاتتى. نەنخەيدە بىرقانچە ئورۇندا مەسچىت بولۇپ، جۈمە نامىزىدىن قايتقاندا بازار قاينام – تاشقىنلىققا ئايلىناتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىزىيدىغىنى «سەيدى ۋاققاس» جامەسى ئىدى. كېچىچە ياققان نان، سامسىلار بىردەمدىلا تۈگەپ، داستىخان، تەۋەڭلەر قۇرۇقدىلىپ قالاتتى. ئەنزەر بېيجىڭ ۋاڭفۇجىڭدىكى كاۋاپخانىسىغا بىرەر ئايدا بىر قېتىم بېرىپ ھېساب – كىتاب قىلىشاتتى. لېكىن، گۈلنىسا قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئاشخانىسى مۇسادىرە قىلىنغاندىن كېيىن ئىچ ئاغرىتىش ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن قۇتۇلۇپ، ئارام تاپقاندەك بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ نەنخەي بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتناپ، ھەم ساياھەت، ھەم تىجارەت قىلىش يولىغا كىرىۋالدى. شۇڭا، شىنجاڭنى ئەسلەيدىغان كۈنلىرى تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئۇنى بىرلا ئازابلاۋاتقىنى ئوغلى ئەختەمنىڭ يانچۇقچىلار شايكىسىغا باغلىنىپ شىئەن «خۇڭشيەن» تۈرمىسىدە مەھبۇس بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاي ئىلگىرى ئابدۇسەمەتتىن بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەت ئەمەس گوياكى بىر پارچە چوغ بولۇپ، ئەنزەرنىڭ يۈرەك – باغرىنى كۆيدۈرۈپ داغ قىلىۋەتتى. ئۇ بىر – بىرىدىن ئېغىر ۋەزنىلىك سەھىپىلەرنى ئوقۇغانسېرى ئۆزىنىڭ قانداق مەخلۇققا ئايلىنىپ

① نەنخەي — جەنۇبىي دېڭىز ھەم شۇ يەردىكى شەھەرنىڭ ئاتىلىشى.

قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. مانا ئاشۇ خەتنىڭ تەسىرىمۇ تۇيۇقسىزلا ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ بىر يىلدىن بېرى كالتە يۆتىلىپ ناگان - ناگاندا قان تۈكۈرۈپ يۈرەتتى. بۈگۈن بولسا ئاشۇ خەتتىكى ئەسلەتمىلەر، تەئەددىلەر، بازغاندەك ئۇرۇلغان قاتتىق تىل - ئاھانەتلەر چۈشىدە ئەينەن نامايان بولدى. ئىككى ئاينىڭ قەبرىستانلىقتا ئېيتقانلىرى، ئابدۇسەمەتنىڭ يازغانلىرى بىلەن قوشكېزەك ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەقىل - ئىدراكىنى ئەدەپلەپ، زېھنىياتىنى پاراكەندە قىلىپ ۋىجدانىنىڭ داتلاشقان قۇلۇپىغا پالتا ئۇرغاندەك تەسىر قىلغان بۇ خەت ئۇنىڭ كېسىلىنى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى. ئىككى ئايغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، قانچىلىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ جاۋابكارى بولۇپ قالغان - ھە! گۈلنىسانىڭ ئۆمۈرلۈك ئازاب چېكىشىگە، ئوغلىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ھاياتىغا، قىزىنىڭ سەرسان بولۇشىغا ئۇ ئۆزى سەۋەبچى. سەۋەبچىلا ئەمەس، بەلكى شۇنداق بولۇشىنى تىلىدى. شۇ چاغدىلا ئانىسىدىن، قېيىنئانىسىدىن ئۆچ ئېلىپ ھاردۇقى چىقاتتى ھەم گۈلبانۇمغا تاڭلا قىيامەت كۈنى يۈزمۇ يۈز ھالدا قارىيالايمەن، دەپ ئويلايتتى. بىراق، ئورمانغا ئوت كەتسە ھۆل - قۇرۇقنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغىنىدەك، ئوغلى ئەختەمنىڭ ئاداۋەت قۇربانلىرىغا چېتىلىپ كۆڭۈلنى خىرە قىلغىنى نېمىسى؟!

ئەنزەر بۇنداق ئېغىر كېسەل بولۇپ باققان ئەمەس، يەۋاتقان، ئىچىۋاتقان دورىلىرىمۇ نەلەرگە كېتىۋاتىدىكىنتاڭ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى قىرىق سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. بىر يىلدىن بېرى يەنە قانداقتۇر لەنىتى كېسەل چاپلاشتى. ئەي مەرھەمەتتى كەڭ ئاللا، ئەنزەرنىڭ ناشۈكۈرلۈكى ئۈچۈن ئۆلۈكىنى ياقا يۇرتلاردا خار قىلماقچىمۇسەن؟ ئۇھ، نېمىدېگەن يالغۇزلۇق، تەنھالىق، غېرىبلىق! ئەنزەر جان تۇمشۇقىغا كەلگەندىلا گۈلنىسا، ئەختەم، ئالىنۇر، مۇئەتتەرخان، گۈلسۇمخانلارنى ئەسلىمەكتە، سېغىنماقتا. ئۇ ماي

ئېيىدا بىيجىڭغا بارغىنىدا كاۋاپچى باللاردىن قىزىنىڭ بىيجىڭدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئىزدىمىگەنىدى. مانا ئەمدى بېشى ياستۇققا يېتىپ ئەزرائىل قېشىدا پەيدا بولغاندىلا شاگىرتلىرىغا تېلېفون بېرىپ، ئالىنۇرنى سۈرۈشتە قىلىپ خەۋەرلەندۈرۈشنى تاپىلىدى. ئۇنىڭغىمۇ ھەپتىدىن ئاشتى. ئەنزەرنىڭ قىزىغا قىلغانلىرى ئۆزىگە ئايان. بەلكىم ئالىنۇر: «ئازابىنىڭ تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سەنمۇ تېتىپ باق» دەپ كەلمىسىمۇ يوللۇق! دادىسىنىڭ قىلغان شۇملۇقلىرىنى دۈشمەنلىشىپ قالغان كۈشەندىسىمۇ قىلماس.

... ئەنزەر كارىۋاتتىن تەستە چۈشۈپ، بېشى قايغاندەك بولدى ـ دە، يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ قوللىرىغا تايىنىپ، ئۆمىلەپ قوپتى ھەم سەنتۈرەكلەپ يۈرۈپ، توختىماي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىركايىگە قايناق سۇ قۇيدى، ئاندىن ئۈستەلدىكى خىلمۇ خىل دورىلاردىن ئالىقىنىغا ئېلىپ كاپ ئەتتى.

ئەنزەر ئارانلا قەدەم ئېلىپ كارىۋىتىغا چىقتى. ئۇ ئىككى ياستۇقنى كارىۋات يۆلەنچۈكىگە يۆلەپ ئورۇنغا كىرىشكە ئىشىك ئېچىلىپ ئالىنۇر كىرىپ كەلدى. كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان ئەنزەر قوللىرىنى سوزۇپ قىزىنى باغرىغا باسقىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

ـــ خۇدا، قىزىمغا ئىنساب ئاتا قىلغىنىڭغا مىڭ مەرتەم رەھمەت! باغرىم، قىزىم، جىگىرىم قىزىم، سېنى كۆپ قىينىدىم، داداڭنى كەچۈر، ـــ ئەنزەرنىڭ دولىسى سىلكىنىپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، ـــ سېنىڭ مېنى كەچۈرمەسلىكىڭدىن ئەندىشە قىلغانىدىم. مانا كەلگىنىڭنىڭ ئۆزى مېنى كەچۈرگەنلىكىڭ ئەمەسمۇ. رەھمەت، قىزىم، ساڭا تەشەككۈر، قىزىم.

دادىسىنىڭ «ئىنساب ئاتا قىلغىنىڭغا» دېگەن سۆزى ئالىنۇرنىڭ گەجگىسىنى قورۇدى، ئەسلىدە: «ماڭا شۇنچىلىك ئىنساب بەرگىنىڭگە» دېسە توغرا بولاتتى. خۇددى بېخىللارنىڭ

ئالىقىنىدەك، كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىقمايدىغان بۇ ئادەم ئۆمرىدە مۇشۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ باققانمىدى؟ ئۇرۇق - تۇغقانسىز، قوۋم - قېرىنداشسىز، پەرزەنتسىز ياقا يۇرتلاردا بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ قالغاندىلا پەيدا بولۇپ قالغان ئىنساب - دە، بۇ!

— دادا، بولدى يىغلىما، — ئالىنۇرنىڭ يەنىلا ئىچى ئاغرىپ قالدى، — سىزنى ئاغرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپلا كېلىشىم، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياخشى، قىزىم، خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن، — ئەنزەرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى، — سىزنى كۆرۈپ بىر ئوبدانلا بولۇپ قالدىم.

— كاۋاپچى شاگىرتىنىڭ ئىككى كۈنلا كىچىككەن بولسا رېستوراندىن كېتىپ قالغان بولاتتىم.

— نەگە كەتمەكچىدىڭ؟

— ئۇرۇمچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماقچىمەن.

— ئوبدان قىپسەن، قىز بالا رېستوراندا ئىشلىسە نامى ياخشى بولمايدۇ.

— بۇمۇ ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىش، — دېدى ئالىنۇر، — ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن يىلدا ئالتە مىڭ سومدەك پۇل كېتىدىكەن. لېكىن، ئابدۇسەمەت ئاكامنىڭ مەكتەپكە پۇل سېلىۋەتكەنلىك خەۋىرى كېلىپ قالغاچقا قايتىدىغان بولۇپ قالدىم. بولمىسا يەنە بىر يىل ئىشلىمەكچىدىم.

— ئىنىم ئابدۇسەمەت ئىنسابلىق بالا. كىچىك چېغىدىن ساڭا ئامراق ئىدى، ئاڭلىسام، غۇلجىغا بېرىپسەن.

— شۇنداق، ئاۋغۇست ئېيىدا بارغانىدىم.

— گۈلسۈمخان ئاپام، ئانىلار قانداق تۇرۇپتۇ؟ — ئەنزەرنىڭ كېچىدىن كۆرگەن چۈشىدىكى ئاپپاق چاچلىق ئىككى ئانا كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، — نېغمەتكام، ئابدۇسەمەت، روشەنگۈل،

ئەسقەر، ساباھەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟ كىچىك ئىنىمىز ئېلدوسنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

— ھەممىسى سالام ئېيتتى. ئۇلار سىنى سورىغانىدى، «ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن، بىرەر يىل بولدى كۆرمىدىم» دەپلا قويدۇم، باشقا گەپلەرنى دېمىدىم.

— رەھمەت ساڭا، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم بار.

ئالىنۇر نەنخەيدە دادىسىغا قاراپ ئون كۈن تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەنزەرنى كېيىندۈرۈپ تالا - تۈزلەرگە يېتىلەپ ئاچىقاتتى. ئارىلىقتا دوختۇرخانىغا ئۈچ كۈن ئۇدا ئاپىرىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇردى ھەم ئاغزىغا تېتىغۇدەك ئۆي تاماقلىرىنى ئېتىپ بەردى. گەرچە ئۆتكەنبىر ئايلىرى ئوتتۇرىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، نەنخەينىڭ ئەتىسى - ئاخشىمىدىكى نەم سالقىنلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۈندۈزلىرى يەنىلا ئىسسىق ئىدى، ئەتراپىمۇ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىپ كۆز يەسلىنىڭ ئەسرارىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

پەرزەنت مېھرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ ئەنزەر خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالدى، ئانچە - مۇنچە كالتە يۆتەلنى ھېسابقا ئالمىغاندا چىرايىدىن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قىزىنى تاكسىغا سېلىپ باغچىلارغا، جەنۇبىي دېڭىز ساھىللىرىغا ئاپىرىپ ئويناتتى، ئالىي رېستورانلاردا مېھمان قىلدى. بالا دېگەن يەنىلا بالا ئىكەن، ئالىنۇر دادىسىنىڭ سالغان ئازابلىرىنى ئۇنتۇدى. ئەلۋەتتە، ئاتا مېھرى دېگەنمۇ ئۇلۇغ ھەم خىسلەتلىك قۇدرەت - دە. ئەنزەرنىڭ تېنىدىكى قان قىزىنىڭ يۈرەكلىرىدە مەۋج ئۇرۇۋاتسا، پەرزەنت ئاتا تېنىنىڭ بىر پارچىسى تۇرسا، ئۇلار گويا ئوخشاش قۇتۇپلۇق ماگنىتتەك بىر - بىرىگە يېقىنلاشقاندا تارتىشماي قالامدۇ؟

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئالىنۇر جىددىيلىشىپ قالدى. «غەربىي دىيار مىللەتلەر ئىنستىتۇتى»دا دەرس باشلىنىشلى بىر ئايدىن

ئېشىپ قالغانىدى. شۇڭا مېڭىش ئالدىدا، دادىسىنىڭ كىيىم ــ كېچەك، يوتقان ــ كۆرپە تاشلىرىنى سۆكۈپ يۇدى. ئاندىن ئايال كىشىنىڭ قولى تەگمىگەن ئۆينى بىر قۇر تازىلاپ، ھەممە نەرسىنى رەتلىدى. تام ئىشكاپىدىكى توپا باسقان چىنە ــ قاچىلارنى سۈرتۈۋېتىپ بىر پارچە خەت قولىغا چىقىپ قالدى. ئالىنۇر كونىۋېرت ئۈستىدىكى ئادرېس، ئىسمىغا قاراپلا ئابدۇسەمەتنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قىزىقسىنىپ قالدى. بۇ جىگەرلىك ئاكىسى ئالىنۇر ئىككى قېتىم غۇلجىغا بارغاندا ئەنزەرنى ئەيىبلەپ غەلىتە گەپلەرنى قىلغانىدى. كىم بىلىدۇ، ئۆزى توغرۇلۇقمۇ يەنە نىمىلەر يېزىلدى. بولمىسا دادىسى بۇنداق ئىلىكتەك ئېرىپ كېتەمتى. ئالىنۇر خەتنى سومكىسىنىڭ تېگىگە سېلىۋەتتى.

ئالىنۇرنىڭ قايتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەنزەرنىڭ ئىچىدە بىر يېرى كۆيگەندەك ئېچىشتى. ئۇ ئالتە مىڭ سوم پۇلنى قىزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىر ھازا ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى.

— رەھمەت، دادا، بۇ پۇلنى ئۆزۈڭ ئىشلەت، ئابدۇسەمەت ئاكام مەكتەپنىڭ بىر يىللىق پۇلىنى تۆلىۋېتىپتۇ، — دېدى ئالىنۇر سەممىيلىك بىلەن، — كېلەر يىللىق پۇلنى بولسا ئۆزۈم ئىشلەپ تەييارلىدىم، ئەمدى بۇ پۇلۇڭ ئارتۇقچە.

— مەندىن ئاغرىنىشىڭ، نەپرەتلىنىشىڭ ھەقلىق، قىزىم، — ئەنزەرنىڭ تەلەپپۇزى بەكمۇ يۇمشاق ئىدى، — ئەمما ئاخىرىغىچە ئۆچمەنلىك ساقلىساڭ بولامدۇ؟ بىز ئاتا ــ بالىغۇ؟

— خاتا چۈشىنىپ قالما، ئۆچمەنلىك ساقلاش يامان ئىللەت. بۇ پەقەت قارا كۆڭۈل، نادان، ئەپۇنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەرگىلا خاس خىسلەت.

خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئالىنۇر تۈز كۆڭلى بىلەن بۇ گەپلەرنى قىلغاندا ئەنزەرنىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتتى. ئابدۇسەمەتنىڭ «يامان ئىللەت»، «قارا كۆڭۈل»، «نادانلىق» دېگەن

خىتابلىرى شۇئىداقلا: «قىزىڭنىڭ، سىز بەرگەن زەھەرنى ئىچمەنكى، دادامنىڭ يولىنى ئالمايمەن، دېگەن سۆزلىرىنى قانداق چۈشەندۈرسەن؟» دەپ يازغان سەھىپىلىرى يەنە بىر قېتىم قولاق تۈۋىدە جاراڭلىدى.

— راستىلا ئالماسەن، قىزىم؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئەنزەر، — مېنىڭ كۆڭلۈمنى غەلىتىلا قىلىپ قويدۇڭغۇ.

— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما، ئوقۇشۇمنىڭ ھەممە راسخوتلىرىنى غەملەپ بولدۇم. مەن دېگەن بىر قىز بالا، بۇنداق جىق پۇللارنى كۆتۈرۈپ يۈرسەممۇ خەتەرلىك.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ئالىنۇر دادىسىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى، — ئاشۇ ئادرېسىڭغا قارىتىپ خەت يازسام تېگىدىغاندۇ؟

— خەت يېزىپ يۈرمىگىن، مەن مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ساڭا تېلېفون بېرىمەن. ئاڭلىسام، ياتىقىمىزدا كارتوچكىلىق تېلېفون بار ئىكەن. ئۇنىڭ نومۇرىنى دەپ بەرسەم پات ــ پات ئالاقىلىشىپ تۇرمايمىزمۇ.

ئەنزەر قىزىنى گۋاڭجۇ پويىز ئىستانسىسىغا بارىدىغان ئەللىك ئىككىنچى يول ئاپتوبۇسىغا سېلىپ قويدى. ئالىنۇر دېرىزىدىن قول پۇلاڭلىتىپ قالغان دادىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالغۇچە قاراپ تۇردى، ئاندىن جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سومكىسىدىن ئابدۇسەمەتنىڭ خېتىنى ئېلىپ، ئاۋايلاپ ئاچتى ــ دە، قوپال سەھىپىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى.

«ئاكا! (مەن سىزنى ئاكا دېيىشكىمۇ يۈزۈم كۆيىدۇ) بەلكىم ئاڭلىغانسەن؟ گۈلنىسا مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا گىرىپتار بولۇپ، تۈرمە ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ. ئوغلۇڭ ئەختەم يات يۇرتلار گۇندىخانىسىدا نارەسىدە كۆزلىرىنى پەنجىرىدىن چۈشكەن گۈڭگا يورۇققا تىكىپ، ئەركىنلىككە تەشنا بولۇپ ياتىدىغاندۇ. قىزىڭ ئالىنۇرنى بولسا خۇددى ياۋا مۈشۈك ئۆتكۈر تىرناقلىق پەنجىلىرىدە كەپتەر باچكىسىنى ئوينىتىپ، يۇمران تېنىنى قانغا بويىغىنىدەك قىيناپ راھەتلىنىدىك... تەڭلىك ھەم پۇشايمان

ئىسكەنجىسىدە قالغان ئىككى ئانىنى ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتەپ، چاچلىرىنى مەزگىلسىز ئاقارتىۋەتتىڭ، ئەمدى ئارمانىغا يەتكەنسەن؟ ئانام نادانلىقىدىن ئەمما ياخشى كۆڭلى بىلەن گۈلنىسانى ساڭا نىكاھلاپ ئېلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، «مانا كۆرۈپ تۇر، سەن مەجبۇرلىغان خوتۇننى ئازابلاپ، سېنىڭ يۈرىكىڭنى خۇن قىلىمىسام» دېگەن غەرەزدە گۈلنىسانى ئەتەي خالتا كوچىغا باشلىدىڭ، گۈلنىسا ياش ئىدى. ئۇ ھېسسىياتسىز، تۇيغۇسىز بىرەر چالما ياكى تاش ئەمەس، خۇددى سەن گۈلبانۇم ھەدىمىزگە مەجنۇنلارچە ئاشىق بولۇپ، بوران ـ يامغۇر، قار ـ شىۋىرغان، تون ـ كېچىلەر مىسقالچە ئازاب بىلىنمىگىنىدەك ئۇمۇ ساڭا ئاشۇنداق كۆڭۈل مەيلىنى بەرگەنىدى، بۇ يولدا ھەتتا ئۆزىنى قۇربان قىلالايتتى. ئۇنى سەن توي كېچىسى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنىدىن كېيىن ئون يىللاپ سېنى كۈتتى، سېغىنىش، تەقەززالىق بىلەن ساقلىدى، بالاڭنى چوڭ قىلدى، ئەركەك چىۋىن زاتىنى بەدىنىگە قوندۇرمىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك كۆڭۈل سەيناسىدا سېنىڭدەك بىر ۋاپاسىزنىڭ چىرىغى يورۇتۇپ تۇراتتى! ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقىنى ئوتتۇنچىنىڭ ئارغامچىسىدا ئەمەس، زەرگەرنىڭ تارازىسىدا ئۆلچەش كېرەك!...

گۈلنىسادەك چىرايلىق، سۇمباتلىق ئايالنى ھەرقانداق ئەر ئۆزىگە جۈپتى ھالال قىلاتتى. سېنىڭ مەيلىڭ بولمىغانىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىگە ماقۇل دېمىدىڭ؟ بۇ خۇددى ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىق. ئۇ بەختىنى تېپىپ تاتلىق تۇرمۇشقا ئېرىشسە، ئانامدىن قىساس ئېلىپ ھۇزۇرلىنىدىغان ۋاستەڭ بولماي قالىدۇ ـ دە، خەيرىيەت، سەن كۆزلىگەن ئارزۇلىرىڭغا يەتتىڭ. ئەمدىلا بەخت بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇم، دەپ شادلانغان بىر ناتىۋان ئاجىزەنى خورلىدىڭ، ئۇنىڭ ئائىلىلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قارىمىدىڭ، تەلمۈرۈپ قارىغان كۆزلىرىگە دۈشمەنلىك نەزەردە باقتىڭ. بارا ـ بارا يۈرەك رىجىلىرى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان بۇ ياش چوكاننى

ئۆزۈڭ كۆزلىگەن گۆرى زىندانغا ئاپىرىپ سولىدىڭ!...»

... ئالىنۇر بۇ سەھىپىلەرنى ئوقۇۋېتىپ، ئابدۇسەمەتنىڭ: «ئاكام ئىككى ئاندىن ئۆچ ئېلىشتەك مۇناپىقلىق يولىغا مېڭىپتۇ»، «ئۇ ئىككى ئاندىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىگە يەتتى»، «بۇ پىلانلىق، مەقسەتلىك قىلىنغان سۇيىقەست» دېگەن سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە نېمىلەر دېيىلگەنلىكىگە قىزىقىپ خەتنىڭ داۋامىغا كۆز يۈگۈرتتى.

«ئېسىڭدىمۇ، ئاكا، سەن بىر قېتىم يېرىم كېچىدە دەريا بويى كوچىسىغا كېتىپ خامۇش قايتىپ كەلدىڭ، ئەتىسى ئەتىگەندە سەندىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىسام، چىرايىڭ قارا بوراندەك تۇتۇلغان ھالدا:

— دەججال قېرى مېنى: ‹قايسىمىز قەلەندەر ــ دىۋانە، خەلقئالەم بىلىدۇ. ھۇ زېدى پەس پېسەندى. ھالىڭغا بېقىپ ھال تارتىپ، قەشقەرلىكىڭدىن تېپىۋال...› دەۋاتامدا. خەپ بۇ تارانچى خوتۇننىڭ ھاقارەتلىرىنى كۆڭلۈمگە سېلىپ قويدۇم، بىر كۈنلەر كەلگەندە تۇيدۇرماي ئۆپكىسىگە قاقىمەن، — دېگەنىدىڭ. ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا مەن:

— ئاكا، ئانام سېنىڭ تۇتقان ئۆيۈڭگە بىر قېتىم، ئۆلارنىڭ ھويلىسىغا ئىككى قېتىم بېسىپ كىرىپ قان سىيىۋەتكۈدەك قاباھەتلىك تىللارنى ياغدۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنداق دېسەڭ دۇرۇس بولمايدۇ. گۈلسۇمخان ئانىمۇ ئانامنىڭ ھاقارىتىنى سىڭدۈرەلمەي، ساڭا تىل سالغان گەپ. بۇنىڭغا ئۆچ ئېلىش كېتەمدۇ؟ — دېگىنىمدە، سەن:

— بولدى، ماڭا تولا نەسىھەت قىلىپ كەتمە، بىر مۆرىتى كېلىدۇ، پۇخادىن چىقىمەن، ‹مەن غۇلجىلىق تارانچى› دېگىنىگە تويدۇرمىسام، — دېگەنىدىڭ. خۇلاسە كالام نېمە بولدى؟ سەن ئانام ئۈچۈن گۈلنىسانى قۇربانلىق قىلغىنىڭدەك، گۈلسۇمخان ئانا ئۈچۈن قىزىڭ ئالىنۇردىن ئەنت ــ قىساس ئالدىڭ. چۈنكى، بۇ ئەتلىمە گۆشنى تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ ئۆزى باققانلىقى ئۈچۈن

ئالىنۇر بۇ مەزلۇمنىڭ جانجىگىرى ئىدى. راست گەپنى قىلغاندا «ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەندەك، قىزىڭغا ئاتىلىق مۇھەببىتىڭ يوق! ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن مېھرىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. مېھىر ـ شەپقەتلىرىڭنى ئۆچمەنلىك ئوتلىرى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغان. ئۆچمەنلىك زەھەرلىك بىر ئوتتۇركى، ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇزارغانسېرى دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرى كۆپىيىدۇ. سېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا «كۆڭلۈڭگە سېلىپ قويغان» ئاشۇ ئۆچمەنلىكىڭ چېچەكلىدى، مېۋە بەردى، ئۇرۇق تۆكتى. نەتىجىدە قىزىڭغا رەھىم قىلماي، گۈلسۈمخان ئانىدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىدىڭ. بىچارە كىچىك قىزنى كۆرۈنۈشتە مەكتەپكە ئەكىرگەن بولدۇڭ، قەرزگە تۇتۇپ بېرىپ قېچىپ كەتتىڭ. سەندە پۇل يوق ئەمەس ئىدى. ھېچقانداق تۇتقۇدەك سەۋەبى يوق ئالىنۇر تەتىللەردە، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە قاچا يۇيۇپ، كۆل تارتىپ، يۇندى تۆكۈپ يۈرۈپ بىر قەرزنى ئاران تۆگەتتى ـ يۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشالماي مەكتەپتىن چېكىندى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي مادار قالمىغانىدى. سەن خۇددى پال سالغاندەك تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدۇڭ ـ دە، قىزىڭنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغانلىقىنى بىلگەندەك گەپمۇ سورىمىدىڭ، ئالىنۇر غۇلجىغا كېتىمەن، دېسە، ئۇنىمىدىڭ، نېمە ئۈچۈن؟ خۇددى كۆڭلۈڭ تارتمىغان خوتۇنۇڭ گۈلنىسانى قويۇپ بەرمىگىنىڭدەك، گۈلسۈمخان ئانىنىڭ مۇڭگۈزىنى سىرقىرىتىش پىلانىڭ تولۇق كامالەتكە يەتمىگەنىدى. شۇڭا، بۇ نادان، ساددا، ئاق كۆڭۈل قىز ئىككىنچى قېتىم سەن قۇرغان قاپقانغا دەسسىدى. ئۇ يەردىمۇ قەرز «كالتىكى»دە دۇمبالىنىپ مەكتەپتىن چېكىندى. بۇنىڭغا «ياق» دەپ باش چايقىيالمايسەن. قىلغان رەزىللىكلىرىڭ ئاياقتىكى قېتىقتەك ئايان تۇرسا. ئەگەر شۇ چاغلاردا قىزىڭ كوچىدا قېلىپ، ئاچلىق، ماكانسىزلىق تۈپەيلىدىن يامان يوللارغا كىرىپ كەتكەن بولسا، سېنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋەت تۈپەيلىدىن قارىيىپ كەتكەن ئالا كۆڭلۈڭ، قارا نىيىتىڭ شادلىقتىن ياشناپ كەتكەن بولاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ زەربە

گۈلسۈمخان ئانىنى قان يىغلىتىپ، سېنى كۈلدۈرىدۇ ــ دە...

... ئالىنۇر خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرى قىسىلىپ، نەگىدۇر قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ بىردىنلا پاجىئەلىك ھاياتىنىڭ يىلتىزىنى كۆرگەندەك بولدى. دەرۋەقە، ئالىنۇر تېخى پىشماپتۇ. تۇرمۇش ئۇچاقلىرىدا شۇنچە قورۇلۇپ، كۆيۈپ كۆمەچكە ئايلانغان بولسىمۇ، ھاياتلىقتا يۈز بېرىدىغان بۇنداق ھىيلە ــ مىكىرلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلىماپتۇ. يەنە كېلىپ ئۆز دادىسىدىن دەڭا!... ھېلىمۇ ياخشى ئالىنۇر ئەقلىنى جورۇپ، بېشىغا كەلگەن كۈلپەت، زۇلۇم، خورلۇقلارنى ئىككى مومايدىن پىنھان تۇتۇپ يازمىغىنى جاھان ئىش بوپتۇ. بولمىسا ئۇلار ئۆمرىدىن بۇرۇن ئازاب بىلەن كېتىپ قالسا، ئەنزەر ئۈچ ئىبلىشىنىڭ مېۋىسىنى كۆرگەن بولار ئىدى.

كۆزلىرىگە يىغا ياماشقان ئالىنۇر خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئاكا، ئالىنۇر بۇ قېتىم يەنە غۇلجىغا كەلدى. ئۇ ھەممە ئۇرۇق ــ تۇغقان، تونۇش ــ بىلىشلەرگە: ‹دادام ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، گۈلنىسا ھەدەم بولسا ئۇرۇمچىدە ئاشخانا ئېچىۋاتىدۇ، ئۇلار ئامان ــ ئېسەن› دېگەن گەپتىن باشقا سېنى ياكى گۈلنىسانى يامان كۆرسىتىدىغان بىر ئېغىز گەپ ــ سۆزلەردە بولمىدى. ئەمما، مەن خېلى بۇرۇنلا ئۇرۇمچىدىن كەلگەن تىجارەتچى ئاغىنىلەردىن بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقۇپ، تۇرغۇنجان، راملەگە خەت يېزىپ، بولغان ئىشلارنى ئىگىلەپ بولغانىدىم. شۇڭا، ئالىنۇرنى ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىپ ئايرىم گەپ سورىسام، ئۇ ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدى. ‹دادام، گۈلنىسا ھەدەملەر ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار توغرۇلۇق بولۇنغان ئۆسەك گەپلەرگە ئىشەنمەڭ› دەپلا تۇرۇۋالدى. ئامالىنىڭ يوقىدا مەن گۈلنىسانىڭ قىلمىشلىرىدىن تارتىپ، ئالىنۇرنىڭ ئون تۆتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ، ‹يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى›، ئۇچتاش ئاشخانىلىرىدىكى مەدىكارچىلىقلىرىنى ھەممىنى سۆزلەپ بەرگەندىلا ئۇ پاڭڭىدە يىغلاپ كەتتى.

ئاكا، قىز بالا ئادەتتە ئاتىغا ئامراق بولىدۇ. لېكىن، سەن قىزىڭىنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويغاتتىڭمۇ ياكى نەپرەتمۇ؟ ئۇنىڭ: «سىز زەھەر بەرسىڭىز ئىچىمەن، لېكىن دادامنىڭ پۇلىنى ئالمايمەن» دېگەن بىر جۈملە سۆزى يېتەرلىك بولسا كېرەك. قىسقىسى، سەن ئۈچ ئېلىش يولىدا ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىڭنى يوقاتتىڭ، ئېچىنىشلىقى شۇكى، قەبىھ ۋاستىلىرىڭ ئوغلۇڭ ئەختەمنىمۇ بۇ قاينامغا سۆرەپ كىردى. ئۇ بىر كۈنلەر كېلىپ ئەقلىنى تاپقاندا ئۈچ ئالماي قالارمۇ؟ چۈنكى سەن پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ قاتىلى! بۇ ئۆتنە ئالەم ئىككەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما! سەن، «مەن قانداق ئاتا، قانداق ئادەم؟» دېگەن سوئالنى ئۆزۈڭگە قويۇپ باق! ئېسىڭدىدۇر، بىر چاغلاردا «ئاق كالا، قارا كالا، سېرىق كالا» رىۋايىتىنى سۆزلەپ بەرگىنىڭ. شۇنداق، بىز بىر مىللەت، بىر دىنداش، بىر قوۋم! ئاشۇ ئاق كالا، قارا كالا، سېرىق كالا، بەربىر بىر كالا! ئويلاپ كۆر، ھازىر بىز قايسى دەۋر، قانداق زاماندا ياشاۋاتىمىز. 21 ـ ئەسىر بوسۇغىلىرىغا كېلىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ بىزدىكى ئەبگارلىق، يۇرتۋازلىق، قۇمدەك چېچىلىش، ئۈچ ـ ئاداۋەت، قىساسخورلۇق تۈگىمىسە، بىز زادى قانداق مىللەت بولۇپ قالدۇق؟! سېنىڭدەك بىر ئوقۇمۇشلۇق زىيالىي تەپرىقىچىلىك تۆپەيلىدىن ئانىلاردىن، خوتۇن ـ باللىرىدىن قىساس ئالسا، بىزدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى خۇش بولارمۇ؟ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزچۇ؟! توۋا دەيمەن، بۇ مەرەز كېسەل كۈنلار بىلەن كېتەر دېسەم، ھازىرقىلارغا ئۇدۇم بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟! مەن ساڭا خېتىمنىڭ ئاخىرىدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ھېكمىتىنى تەقدىم قىلاي:

«ئادەملەرنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسە، نادانلىق بىلەن تەپرىقىچىلىكتۇر...»

... ئالىنۇر ئاپتوبۇسنىڭ ئورۇندۇقىغا تاشلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئابدۇسەمەتنىڭ بۇ خېتى رەھىمسىز ھەقىقەتنى ئېچىپ بەرگەن ئادىل سوتچى ئىدى. ھاياتلىق يولى، ئۆمۈر مەنزىلى غايەت

زور سەھنە ئىكەن. شادلىق ھەم قايغۇلار، ۋىسال ـ جۇدالىقلار، بەخت ۋە بەختسىزلىكلەر، ھىيلە ـ مىكىر، ساختىلىقلار، مەنپەئەت كويىدا بىر ـ بىرىگە قان چىچىشلار، تەمەخورلۇق، ھەسەت، ئورا كولاشلار، قىسقىسى، خۇشاللىقىدىن خاپىلىقى تولا، ئازاب ـ ئوقۇبەت، پاجىئە، تىراگېدىيەلەر بۇ سەھنىدە قارار تاپىدىكەن. ئىجابىي قەھرىمانلار ھەسرەت ـ نادامەت رولىنى ئېلىپ قان يۇتۇپ ئۆتىدىكەن. سەلبىي پېرسوناژلار بولسا ئۆز يامانلىقلىرى بىلەن تەنتەنە قىلىدىكەن. ئەختەمگە ئوخشاش بىركىمگە يامانلىقمۇ قىلماي سەھنە ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەنلەرمۇ ھېچ سەۋەبسىزلا قۇربان بولىدىكەن!

«گۇاڭجۇدىن شىئەنگە بارىدىغان پويىز بىلىتى ئالاي، — پىچىرلىدى ئالىنۇر، — ئەختەم جاھانىنىڭ ئۇ چېتىدىكى تۈرمىدە بولسىمۇ ئىزدەپ تاپىمەن. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرىمەن. ئۇ تېخى بالا ئىدى، بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندە ئون ئالتە ياشقا ئەمدىلا كىرگەن، پاك، غۇبارسىز بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئۇۋالى زادى كىمگە؟! يانچۇقچىلار شايكىسىغا قانداق بولۇپ چېتىلىپ قالغان، بۇ ئۇنىڭ جىنايىتى ئەمەس، يەنىلا دادام ئەنزەر!...»

*  *

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ـ شىئەن پويىزىغا ئولتۇرغان ئالىنۇر پايتەخت شەھەر بېيجىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ قەلبى ئالىي مەكتەپ مۇھەببىتى بىلەن تولغانىدى. بۇ مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك بەدەللەر بەدىلىگە كەلگەنلىكى ئۇنىڭ خىيال كەپتىرىنى يەنىلا ھېلىقى سەرسانلىق يىللارغا ئېلىپ كەتتى!...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. ماي ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى.

ئۈرۈمچىدىن كېچىلەپ يولغا چىققان «سانتانا» تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن ئۈتەيدىن ئۆتۈپ كەتتى. قىزغۇچ قوڭۇر چوقچايغان بورتالا ئاسمىنى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ، چىقىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشتىن خەۋەر بەرمەكتە. قۇيۇندەك چېپىپ كېلىۋاتقان «سانتانا» خۇددى ئەجەلدىن قاچقاندەك كېلىۋاتسىمۇ، ئازراقلا ئوڭغۇل - دوڭغۇل، كاتاڭلارغا كەلگەندە ئاستىلاپ سىلىق ئۆتۈپ كېتەتتى - دە، يەنە سۈرئىتىنى تېزلىتىپ جىدەللەپ ماڭاتتى. ماشىنىدا شوپۇر يىگىتتىن باشقا يەنە ئىككى كىشى بولۇپ، ئارقىدىكى ئۈچ كىشىلىك ئورۇندا ئەنزەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئالدىدا ئولتۇرغان ئابدۇسەمەت پات - پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى ھەم ئاكىسىدىن ھال سورايتتى.

ئېغىر سىل كېسىلى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئاكىسىنى گۇاڭجۇدىن ئايروپىلاندا ئەكەلگەن ئابدۇسەمەت ئۈرۈمچىگە چۈشكەندە يەنە ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا ئەكەتمەكچى بولغانىدى. ئەنزەر «يوللارنى كۆرۈپ ماڭاي» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار مەخسۇس تاكسى كىرا قىلىپ ماڭغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئابدۇسەمەت ھېلىدىن - ھېلى ئۆزگىرىپ تۇرغان ئاكىسىدىن ئەنسىرەپ غۇلجىغا تېزرەك يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى. دېمى سىقىلىپ، نەپەس يېتىشتۇرەلمەي قالغان ئەنزەر تۇرۇپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ، خىرقىراپ قالاتتى.

— ئابدۇسەمەت، — دېدى ئەنزەر ئارقىسىغا قارىغان ئىنىسىغا، — يېنىمغا ئۆت، مېنى يۆلەپ ئولتۇر، بەللىرىم

ئاغرىپ كەتتى.

ئابدۇسەمەت ماشىنىنى توختىتىپ ئارقىغا ئۆتتى - دە، ئاكىسىنى يۆلەپ ئولتۇردى. ئىنىسىنىڭ كۆكرىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئەنزەرنىڭ نەپەس ئېلىشى ئارام بەرگەندەك بولۇپ، پۇتلىرىنى ماشىنا دېۋانىدىن يەرگە ئالدى.

— دېرىزىدىن چالا - پۇچۇق كۆرۈنگەن دەل - دەرەخ، كۆك ئاسمان، ئېتىز - ئېرىقلارنى كۆرۈپ، — دېدى ئەنزەر دەممۇ دەم توختاپ سۆزلەپ، — قەشقەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇنچە يىللار ئۆمرۈم سىرتلاردا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەجەب ئانا يۇرتۇمنى يوقلىيالماپتىمەن. ئۇنىڭ ھەربىر تاش - تۇپرىقىنى كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇم.

— سەللا ياخشى بولۇپ قالساڭ، — دېدى ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — سېنى ئۆزۈم ئاپىرىپ كۆرستىپ كېلىمەن. نېغمەتكام بىلەن ئاناممۇ بېرىپ كەلدى.

— قەشقەرنى كۆرۈش؟ — ئەنزەر ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — نېسىپ بولارمۇ؟

— ئۇنداق دېمە، ئاكا، بىر ئوبدانلا تۇرمامسەن.

— ئېسىڭدىمۇ، كىچىك چاغلىرىمىزدا سېنى يېتىلەپ نە - نەلەرگە ئەكېتەتتىم. قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تۈمەن، جەنۇبىدىكى قىزىل دەريا بويلىرىدا ئوينايتتۇق، — ئەنزەر ھاسىراپ سەل توختىۋالدى، — سەمەن، بەشكېرەمنىڭ باغلىرى جەننەت دېسە ئارتۇق كەتمەس... ھادىس چىرايلىق، ھاۋالىق يەرلەر ئىدى.

— غۇۋا ئېسىمدە بار، — ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، — مەن دەرەختىكى ئۇۋىلاردىن قۇش باللىرىنى ئېلىپ بەر دېسەم، سەن، ئۇۋال بولىدۇ، زېيىنى بار، ئۇمۇ بىر جان دەيتتىڭ.

— ھېيتگاھ جامەسى قورۇسىنىڭ ئېرىق بويلىرىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن قويغان قۇم چۆگۈنلىرىنىڭ بىرسىنى چېقىپ قويۇپ، قېچىپ كەتكىنىڭ ئېسىڭدە بارمۇ؟

— ئېسىمدە، لېكىن مەزىن ئاخۇنۇم سېنى تۇتۇۋالغانىدى.

— توۋا، قۇربان ھېيت ئەتىگەنلىكى ھېيتگاھ ئالدىدىكى ساماچىلارغا قوشۇلۇپ ئوينىدۇق. ئەمما، سېنى يىتتۇرۇپ قويۇپ، كەچكىچە ئۆيگە كىرەلمىگەنىدىم، — ئەنزەر ياش بىلەن تولغان كۆزلىرىنى يوشۇردى، — ئاھ، قەشقەر... قەشقەر... كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپراق... ئەنجۈر، ئانار، پىستە - بادام، ئەينۇلا، بېھىلىك باغلىرىڭنىڭ مۇشكى - ئەنبەردەك ھىدلىرى دىماقلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ماي ئايلىرىدا قەشقەر گۈل - چېچەكلەرگە پۈركىنىدۇ...

ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، دىمىقى زىڭگىدە ئېچىشتى - دە، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئانا يۇرت خۇمارى، ئانا يۇرت تۇپراقى ھەم سېغىنىشى ئەجەل بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس ئىدى. كونىلار: «تۇلكىمۇ ئۆلىدىغان چېغىدا، تۇمشۇقىنى ئىنى تەرەپكە قىلىپ ئۆلىدۇ» دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ، بەلكىم ئانا تۇپراقمۇ ياخشى كۆرگەن ئايالى ئۈچۈن نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغان دەردمەن ئوغلىنى كۆڭلىدە ئاقلاۋاتقاندۇ، دەرۋەقە ئەنزەر گۈلبانۇم ئۈچۈن ۋەيلۇن دوزاخقىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ كىرگەن بولاتتى.

«سانتانا» جىلغا يولىدىن بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئېگىز ئېدىر ئۈستىگە چىقىش بىلەن پەستە كۆپكۆك يالتىراپ تۇرغان سايرام كۆلى كۆرۈندى. چايقىلىۋاتقان ھەيۋەتلىك سۇ دولقۇنلىرى قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنچىلەرنى چاچرىتاتتى. كۆل ئوتتۇرىلىرىدىكى ئاق شايىدەك يېيىلغان شولىلار ئاسماندىكى بۇلۇتلارنىڭ ئەكسى ئىدى.

— قارا، ئاكا، سايرام كۆلى، — دېدى ئابدۇسەمەت دېرىزە ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ، — كۆردۈڭمۇ؟

— شوپۇرغا دېگىن، ماشىنىنى كۆل قىرغىقىدىكى ئەپلىكرەك يەرگە توختاتسۇن، مەن ماشىنىدىن چۈشىمەن.

يول بويى بىماردىن ئەنسىرەپ كەلگەن شوپۇر بالا ماشىنىنى قېلىن ئوت بىلەن قاپلانغان چىملىقتا توختاتتى - دە، ئەنزەرنى يۆلەپ چۈشۈرۈشكە ياردەملەشتى. ئەنزەر ئۇن نەچچە قەدەم



www.uyghurkitap.com

ئالدىغا مېڭىپ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن چوقچىيىپ چىققان قورام تاشلارنىڭ بىرسىدە ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئابدۇسەمەت چاپىنىنى تۆت قاتلاپ سېلىپ بەردى. ئەتراپتىكى تاغ يانباغىرلىرىدا، مەخمەلدەك ئېغىر غوللىرىدا سېرىقچېچەك، كاككۇكگۈل، چوغلۇق، ئاق لەيلىدەك ياۋا گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ھەر خىل بوياقلارنى تۆكۈۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. پەس قاپتاللاردىن تاغ چوققىلىرىغىچە ئاسمان بوي تارتقان قارىغايلارنىڭ ئۈستىلىرىدە لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار چوڭقۇر جىلغىلارغا سۆسۈن رەڭ سايىلەرنى تاشلىغانىدى. يىراقلاردا توپ ـ توپ قوي، كالىلار، ئۆيۈر ـ ئۆيۈر يىلقىلار ئوتلاپ يۈرۈشەتتى. پەسلىكتە بولسا سايرام كۆلىنىڭ زۇمرەتتەك سۈزۈك سۈيى بىردەم شاۋۇلداپ، بىردەم شاپىلداپ قىرغاقلارغا ئۇرۇلاتتى. ئەنزەر ھاياتلىقتىكى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى گويا كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭدۈرۈۋالماقچى بولغاندەك تويماي قارايتتى.

— ئابدۇسەمەت، ئىلىلىق ئاغىنىلەرنىڭ ھېلىقى ناخشىسى ئېسىڭدە بارمۇ؟

— قايسى ناخشىنى دەيسەن، ئاكا؟

— نېمىدى، ھە توغرا:

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى كەلسە،
ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ...

كۆڭلى ئۆيۈپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەن ئابدۇسەمەت نەلەرگىدۇر قارىۋالغانىدى. ئۇ «ئىككى ئانا كەلتۈرگەن ئېغىر ئازاب، دەرد ـ ئەلەملەر ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى يەپ، مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلدى» دەپ ئويلىدى.

— شۇنداق، بۇ يىل قىرىق ئالتە ياشقا كىرىپتىمەن،

نۆۋەتنىڭ ماڭا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەيدىغان، — ئاپپاق قارلىق چوققىلارغا تىكىلىپ قالغان ئەنزەر ئىنساننىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ياش تۆكۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى دەپ سالغانلىقىنى ھېس قىلىپ زورمۇزور كۈلدى. — ئابدۇسەمەت، ئەسلىيەلەمسەن؟ بىز قەشقەردىن يۆتكىلىپ چىققاندا ئاشۇ تەلكە داۋىنى ئۈستىدە گۈرۈچتەك يالتىراپ تۇرغان قار يېگەنىدۇق.

— قارغا خالتىدىكى قېتىقنى ئارىلاشتۇرۇپ، دوغاپ قىلىپ ئىچكىنىمىزنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن، ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئىيول ئېيىدا قار يېدۇق دېسەڭ قەشقەرلىكلەر ئىشىنەرمۇ» دېگەنىدى.

— راست، ھەممىمىز ھەيران - ھەس بولۇشقانىدۇق. ئاستى ياپيېشىل ئوتلاق، چىمەنزار، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان، ئەمما ئۈلارنىڭ ئۈستىدىلا ئاپپاق قار.

سايرام بويىنىڭ ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان سالقىن شامىلى تەسىر قىلدىمۇ ئەنزەر يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتقان ئاق لۆڭگىسىدە بىر پارچە قان ئۇيۇتمىسى لىغىرلاپ تۇراتتى، كالپۇكلىرىمۇ قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنىدى. ئابدۇسەمەت مىنېرال سۇ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى چايقاتقۇزۇپ، قولتۇقىدىن يۆلىدى:

— ئاكا، سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن، ماشىنىغا چىقايلى.

— ھەي... دەرىخا، بىر چاغلاردا گۈلبانۇم ئىككىمىز: «ياشاش نېمىدېگەن مەنىلىك» دېيىشكەنىدۇق. شۇنداق، ئادەمنىڭ كۆزى قىيمايدىكەن... ھايات قانچىلىك ئازابلىق بولسىمۇ يەنىلا كۆزى قىيمايدىكەن.

«سانتانا» ئىلگىرىلەپ تەلكىنىڭ يىلان باغرى داۋان يولىدىن بارغانسېرى پەسلەپ، كەڭساي يولىغا چۈشتى. سول تەرەپتىكى چوڭقۇر جىلغىدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ شاۋقۇنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپتىكى تىك تاغلار، قورام تاشلار، چېقىللار، قاراڭغۇ قاپتاللار كۆرۈنمىگۈدەك

قاپلاپ كەتكەن قارىغايزارلىقلار قارا بولۇتتەك چېكى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار كەڭ ساينى ئارقىدا قالدۇرۇپ گوزىگۇدىن ئۆتكەندىلا ئەنزەر بارغانسېرى بوشىشىپ كەتتى. ئۇ جانسىز قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن ئاغزى چاپلانغان كونۋېرتنى ئۈزىنى يۆلەپ ئولتۇرغان ئىنىسىغا تۇتقۇزدى، ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامە ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئابدۇسەمەتنىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا ئەلەمزەدە بولۇپ، ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

— ئۇكام ئابدۇسەمەت، — دېدى ئەنزەر بىردەم تىنىۋې- لىپ، — مەن ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، غۇلجىدىكى مېھمانخانىدىن قىلىنىدىغان كىرىم، هازىرغىچە يىغقان پۇلۇم- نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مۇشۇنىڭغا يېزىلغان. ئالىنۇر بىلەن ئەختەمگە كۆپرەك بولدى. گۈلنىسانىمۇ ئۇنتۇپ قالمى- دىم، ئاڭلىسام، ئۇ تۈرمىدە ئېلىشىپ قاپتىمىش.

— ئاكا، نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن؟ — ئابدۇسەمەتنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى، — سەن... چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن...

— ۋۇي يىغلاۋاتامسەن؟ يۈزۈمگە ئىسسىق بىرنېمە تامىدىغۇ، ئالىنۇر بەك ئوبدان بالا بولدى. ئۇ شىئەن خۇڭشيەن تۈرمىسىگە بېرىپ ئىنىسىنى يوقلاپتۇ هەم يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قىلىپ بېرىپ كەپتۇ. ئەختەممۇ يەنە بىر يىلدا تۈرمىدىن چىققۇدەك.

— ئالىنۇر ماڭىمۇ تېلېفون بەرگەن. مەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇپ ئەختەم تۈرمىدىن چىققان هامان ئۆزۈم بېرىپ ئەكېلىۋالىمەن.

— رەهمەت، ئۇكام، ئارىمىزدا سەن ئەجەب بىر تۇغۇلۇپ قاپتىكەنسەن، هەممىگە يېتىشلىك، هەممىگە ساخاۋەتلىك، — ئەنزەر نەپەس يېتىشتۈرەلمەي، يۇقىرىغا تىنغىنىچە خېلىغىچە گەپ قىلالمىدى، — هە راست، تۈرمىدە ئېلىشىپ قالغان ئېغىر كېسەللەرنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ، جازاسىنى تۈرمە سىرتىدا ئۆتەشكە قويۇپ بېرىدىكەن. مۇمكىن بولسا گۈلنىسانى قايتۇرۇپ

كېلىپ، مېنىڭ پۇلۇم بىلەن داۋالاتقىن. ئۇنى ھېچنېمىسى يوق ناتىۋان يېتىم...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئاكا، ئەختەم بىلەن ئانا ـ بالا ئىككىسىنى جەم قىلىمەن.

— خۇدا ئويلىغانلىرىڭىزغا يەتكۈزسۇن، ئۇھ ۋاي، كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ، دېرىزىنى ئاچ...

ئەنزەر ئارقا ـ ئارقىدىن قان ياندۇردى. ئابدۇسەمەت ئاكىسىنىڭ ئاغزىنى چايقاپ بولۇپ يەنىلا يېنىدا ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى. «سانتانا» سۈرئىتىنى تېزلىتىپ غۇلجىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— ئاكا، چىڭقىسىخوزىدىن غۇلجىغا قايرىلدۇق، — ئاكىسىنىڭ بىر خىلدا خىرقىراپ قالغىنىدىن قورقۇپ قالغان ئابدۇسەمەت قەستەن ئۇنىنى كۆتۈرۈپ دېدى، — قارىغىنا، غۇلجىغا كىردۇق.

— بېشىمنى... يۆلە... — زەئىپ ئىڭرىدى ئەنزەر ھەم نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىنى سىرتقا تىكتى، — ئاھ، مېنىڭ ئىككىنچى يۇرتۇم غۇلجا... بوستان غۇلجا... جەننىتىم غۇلجا...

ئەنزەر ئىنىسىنىڭ قۇچىقىغا باش قويغىنىچە جىمىپ كەتتى. بىر چاغدىلا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇسەمەت قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى ـ دە، مۇنۇ سۆزلەرنى ئارانلا ئاڭقىرالىدى:

— گۈلبانۇم: «بىر كۈنلەردە مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كېلىسىز» دېگەنىدى، مېنى ئۇنىڭ قېشىغا قويۇڭلار...

— ئاكا! ... — ئابدۇسەمەت ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

ماشىنا ئۆچقاندەك چاپماقتا... باياندايىنىڭ بۆك قارىياغاچلىق يوللىرىدىن ئۆزاپ شەھەر بوسۇغىسىغا كىرىپ كەلگەندە ئەنزەر ئىنىسى ئابدۇسەمەتنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلىمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ روھى گۈلبانۇم تامان ئۇچۇپ كەتكەنىدى...

2002 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى ـ غۇلجا

# ناتىۋانلار

( رومان )


**ئاپتورى:** جالالىدىن بەھرام

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** زىلەيخا ئەزىز

**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئارزۇگۈل كېرىم

**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**تېلېفون:** 0991 - 2827472

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 17.5

**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 3001 - 6000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16874 - 3

**باھاسى:** 48.00 يۈەن